# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14237-8

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

## (ئوتتۇرا ئەسىر قىسمى)

## (1)

تۈزگۈچى: ليۇ مىڭخەن

يىمىت ئېلى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: سانىيە قەمبەر
گۈلزار نىياز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界通史，中世纪卷：维吾尔文/ 刘明翰著；伊米提·艾力等译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4

ISBN 978 - 7 - 228 - 14237 - 8

Ⅰ.①世... Ⅱ.①刘... ②伊... Ⅲ.①世界史：中世纪 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K10

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第056204号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 热依汗古丽·库尔班 |
| 责任校对 | 阿依古丽·沙比提 |
| 特约校对 | 亚森·扎伊莫夫 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 37 |
| 版　　次 | 2011年10月第1版 |
| 印　　次 | 2011年10月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 90.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ........................................ 23
1 ـ بۆلۈم غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يوقىلىشى ۋە گېرمان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 24
2 ـ بۆلۈم فرانك پادىشاھلىقى ........................ 38
3 ـ بۆلۈم 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپا ........................ 59
ئىككىنچى باب غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ........................................ 84
1 ـ بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى ........................ 84
2 ـ بۆلۈم 11 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى فىرانسىيە ........................ 119
3 ـ بۆلۈم 11 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى ئەنگلىيە ........................ 140
4 ـ بۆلۈم 12 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە پاپا ئوردىسى ........................ 161
5 ـ بۆلۈم بىرلىككە كەلگەن ئىسپانىيە دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ........................ 191
6 ـ بۆلۈم 5 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان

مەزگىللىدىكى خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ۋە
غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى ................................ 202

ئۈچىنچى باب شەرقىي ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبى ياۋروپادىكى
هەرقايسى دۆلەتلەردىكى فېئوداللىق جەمئىيەت .................. 229
1 ـ بۆلۈم ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ........................ 231
2 ـ بۆلۈم شەرقىي جەنۇبى ياۋروپا دۆلەتلىرى .......... 256
3 ـ بۆلۈم چېخ ۋە پولشا ...................................... 288
4 ـ بۆلۈم رۇسىيە .............................................. 314

تۆتىنچى باب غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئوداللىق
ئىمپېرىيەلەر .................................................. 353
1 ـ بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران ........................ 353
2 ـ بۆلۈم ئەرەب ئىمپېرىيەسى ............................. 379
3 ـ بۆلۈم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غەربكە تاجاۋۇز
قىلىشى ۋە ئىلخانلىقى، تۆمۈرىيلەر
ئىمپېرىيەسى .................................................. 420
4 ـ بۆلۈم ئوسمان ئىمپېرىيەسى ........................... 452

بەشىنچى باب جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى
فېئوداللىق جەمئىيەت ........................................ 469
1 ـ بۆلۈم ھىندىستان ........................................ 471
2 ـ بۆلۈم شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ...... 506

ئالتىنچى باب شەرقىي ئاسىيادىكى فېئوداللىق دۆلەتلەر .............. 554
1 ـ بۆلۈم چاۋشيەن ........................................... 554
2 ـ بۆلۈم ياپونىيە ............................................ 607

يەتتىنچى باب ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسى ..... 653
1 ـ بۆلۈم 5 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى ـ

لىرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى ئافرىقا .............. 653
2 ـ بۆلۈم 16 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئامېرىكا قىتئەسى ... 721

سەككىزىنچى باب غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىق ........................................ 754
1 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى .................................. 755
2 ـ بۆلۈم يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى .......... 767
3 ـ بۆلۈم غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دەسلەپكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقى ........................... 788
4 ـ بۆلۈم ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشى .... 808

توققۇزىنچى باب ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ................ 825
1 ـ بۆلۈم ئىتالىيەدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى .............................................. 826
2 ـ بۆلۈم ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ... 855
3 ـ بۆلۈم ياۋروپادىكى تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ يېڭى تەرەققىياتى .............................. 880

ئونىنچى باب دىنىي ئىسلاھات ۋە گېرمانىيەدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى ... 901
1 ـ بۆلۈم دىنىي ئىسلاھات ھارپىسىدىكى گېرمانىيە .... 901
2 ـ بۆلۈم گېرمانىيەدىكى دىنىي ئىسلاھات ۋە بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشى ................................ 916
3 ـ بۆلۈم ياۋروپادا دىنىي ئىسلاھاتنىڭ كېڭىيىشى ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتقا قارشى پائالىيەتلىرى ................................ 947

www.uyghurkitap.com

ئون بىرىنچى باب  فېئوداللىق تۈزۈم پارچىلانغان دەۋردىكى غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ........................................ 965
1 - بۆلۈم  ئەنگلىيەدە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ........................................ 966
2 - بۆلۈم  فىرانسىيەدىكى فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ........................................ 987
3 - بۆلۈم  ئىسپانىيەنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ........................................ 1007
4 - بۆلۈم  نىدېرلاندىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ............ 1022
5 - بۆلۈم  ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى غەربىي ياۋروپانىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋىتى ۋە 30 يىللىق ئۇرۇش ........................................ 1049

ئون ئىككىنچى باب  ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ........................................ 1071
1 - بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 1071
2 - بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 1087
3 - بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 1106
4 - بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتى ..................... 1120
5 - بۆلۈم  جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئە- لىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 1137

چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ........................................ 1152

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

«ئوتتۇرا ئەسىر» ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «ئوتتۇرا ئەسىر» دېگەن سۆز ئەڭ بۇرۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە بارلىققا كەلگەن. ئۇنى 15 ـ ئەسىر بىلەن 16 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ئىتالىيەلىك گۇمانىزم تەرەپدارلىرىدىن تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناس بىئاندو قاتارلىق كىشىلەر ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار كىلاسسىك گىرېك، رىم مەدەنىيىتىگە چوقۇنغۇچىلار بولغاچقا، غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغان دەۋر بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مەزگىلنى مەدەنىيەت خارابلاشقان ۋە «ياۋايىلىق» دەۋرى دەپ قارىغان، ئۇلار يەنە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋرنى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان كىلاسسىك مەدەنىيەت «گۈللەنگەن» دەۋر دەپ قاراپ، كىلاسسىك مەدەنىيەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋاقىتتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى «ئارىلىقتىكى ئەسىر»، يەنى «ئوتتۇرا ئەسىر» دەپ ئاتىغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گېرمانىيەلىك تارىخشۇناس كرىستوف كېللېر «تارىخ مۇساپىسى» («ئومۇمىي تارىخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىدە، ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى تۇنجى قېتىم قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زاماندىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە بۆلگەنىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيەلىك تارىخشۇناس ژىباچىست ۋىك تارىخنى دەۋرلەرگە بۆلۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇ «مىللىي ئورتاقلىققا ئائىت يېڭى ئىلمىي قائىدە توغرىسىدا» (1725 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىنى ئىلاھىيەت دەۋرى،

قەھرىمانلىق دەۋرى ۋە ئاددىي ئادەم دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە بۆلگەن. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئوخشاش تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنى ئۇلار نادانلىق، ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، كىشىلەر ھامان «قەھرىمانلىق دەۋرى» نى باشتىن كەچۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋىك بۇ يەردە قەيت قىلغان «قەھرىمانلىق دەۋرى» ئاساسلىق فېئوداللار سىنىپى ھەربىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن «ئوتتۇرا ئەسىر» نى ياكى «ئوتتۇرا قەدىمكى زامان» نى كۆرسىتىدۇ. «ئوتتۇرا ئەسىر» دېگەن ئۇقۇم غەرب ئىلىم - پەن ساھەسىدە 18 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇزاق مەزگىل قوللىنىلدى.

ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش تەرەپدارلىرى ئىجتىمائىي فورماتسىيە — قانۇنىيەتلىك ھالدا تەدرىجىي ئالمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جەريان، دەپ قارايدۇ. ماركس، ئېنگېلس ۋە لېنىنلار ئۆزلىرىنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «ديۇرىڭغا قارشى»، «سوتسىيالىزمنىڭ ئۇتوپىيەدىن ئىلمىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشى»، «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، «ئائىلە، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ۋە دۆلەت»، «دۆلەت توغرىسىدا» قاتارلىق بىر مۇنچە كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە «ئوتتۇرا ئەسىر» دىن ئىبارەت بۇ خاس ئۇقۇمنى ناھايىتى ئېنىق نەقىل كەلتۈرگەن، بىراق ئۇنىڭغا يېڭى ئىلمىي مەزمۇن ئاتا قىلغان، ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرنى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى دۇنيا مىقياسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋر، دەپ قارىغان. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرى — قەدىمكى زامان بىلەن يېقىنقى زامان ئارىلىقىدىكى دۇنيا تارىخى جەريانىدىكى مۇھىم باسقۇچ، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى دۇنيا ئومۇمىي تارىخىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى. كونكرېت ئېيتقاندا، قەدىمكى زامان تارىخى ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى بىلەن قۇللۇق جەمئىيەت تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىدۇر، يېقىنقى زامان تارىخى كاپىتالىستىك جەمئىيەت تارىخىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىر

www.uyghurkitap.com

تارىخى قەدىمكى زامان تارىخى بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان ئىنتايىن مۇھىم تارىختۇر. ئادەتتە، مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغان ۋاقىت قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ ئاخىرلىشىش، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. 17 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىغان ۋاقىت ئوتتۇرا ئەسىر ئاخىرلاشقان ۋاقىت، دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەخمىنەن 12 ئەسىر داۋام قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى — قەدىمكى زامان تارىخى، يېقىنقى زامان تارىخىغا ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس مەزمۇن، ئالاھىدىلىك ۋە سىستېمىغا ئىگە بىر پەن.

دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا فېئوداللىق ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ پەيدا بولۇش، شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش ۋە يىمىرىلىشىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريان تەتقىق قىلىنىدۇ، فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، كەڭ دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىنىپىي كۈرەش تارىخى شەرھلىنىدۇ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ فېئودالىلىق دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىمۇ تەھلىل قىلىنىدۇ. قەدىمكى زامانغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەلدى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالغا قاراپ زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، فېئوداللىق جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيەتتىن ئىلغار. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ مەزمۇنى ھەم كۆپ، ھەم مۇرەككەپ، ئۇزاق قەدىمكى زاماندىلا شەرقتە بارلىققا كەلگەن جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق قەدىمىي دۆلەتلەر 15 - ئەسىردىن بۇرۇن ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئىزچىل تۇردە دۇنيانىڭ ئالدىنقى

قاتارىدا تۇرۇپ، ناھايىتى زور تارىخىي رول ئوينىغانىدى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە شەكىللەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئالايلۇق، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئەنگلاند، گوللاندىيە، شۋېيتسارىيە، رۇسىيە، چېخ، پولشا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى شۋېتسىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، شۇنىڭدەك تۈركىيە، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئافرىقىدىكى مەغرىب قاتارلىق دۆلەتلەر.

بۇ تارىخىي دەۋردە دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بەكلا تەكشى بولمىدى. ئالايلۇق، ئافرىقىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى بەزى رايونلاردا فېئوداللىق تۈزۈم ئورنىتىلدى ھەمدە راۋاجلاندى، ئەمما كۆپىنچە رايونلار يەنىلا قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ياكى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرۇپ قالدى. شەرقىي ياۋروپادىكى سلاۋيانلار قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىغا بىۋاسىتە قەدەم قويدى. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىيان ئاھالىلىرىنىڭ ئاز سانلىق رايوندىكىلىرى قۇللۇق تۈزۈم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدە ياشاۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئوكيانىيە، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان ئاراللىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئىپتىدائىي كوممۇنا جەمئىيىتى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى.

دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا ھەرقايسى مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش شارائىتى، يولى ۋە ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىمۇ پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈملىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ ئاساسى بولۇش دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ

ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ــ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسىيا، ياۋروپادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق دۆلەتلەردە ۋە ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن دەۋرنىڭ تارىخىدۇر.

**فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى** دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تىپى ۋە ئالاھىدىلىكى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق پەرق ناھايىتى زور بولسىمۇ، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئوخشاش. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كىچىك كۆلەملىك، يەككىلىك خۇسۇسىيىتى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئېنگېلس فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتى ــ يەككە، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى شەخسلەر ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ئىپتىدائىي، كېلەڭسىز، كىچىك، ئۈنۈمىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن. مەيلى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلسۇن ياكى ئۇلارنىڭ فېئودال غوجايىنلىرى ئىستېمال قىلسۇن، ئىشلەپچىقىرىشتا بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. پەقەت ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەر بۇ ئىستېمالنى قاندۇرۇپ ئېشىپ قالغان چاغدىلا، ئاندىن بۇنداق ئېشىندىلار سېتىلىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ شۇڭا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرا ئەسىردە ئەمدىلا يېتىلىش جەريانىغا قەدەم قويغان؛ بىراق بۇ چاغدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

ھۆكۈمەتسىز ھالىتى بىخلىنىپ بولغانىدى.»① بۇ يەردە فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى تۆۋەن ئىكەنلىكى، شۇڭا تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكىنىڭ بىر قەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

لېنىن فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈمنى سېلىشتۇرۇپ، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ناتۇرال ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇش؛ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە، بولۇپمۇ يەرگە قاراشلىق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان بولۇش؛ ئىقتىسادتىن ھالقىغان مەجبۇرلاش تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇش؛ تېخنىكا ئىنتايىن ناچار ۋە بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشتىن ئىبارەت تۆت ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن②.

ستالىن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلغان ھەمدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بۇرۇنقى قۇلدارلىق تۈزۈمگە قارىغاندا بىر زور ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «فېئوداللىق تۈزۈمدە فېئوداللار ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلار — يانچىلارغا تولۇق ئىگىدارلىق قىلالماسلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، فېئوداللار يانچىلارنى ئۆلتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ئېلىپ ـ ساتالايدۇ. ئۇنىڭدا فېئوداللىق مۈلۈكچىلىكتىن سىرت، يەنە دېھقانلار بىلەن قول

① ئېنگېلس: «سوتسىيالىزمنىڭ ئۇتوپىيەدىن ئىلمىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 758 ـ بەت.

② «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرىنىڭ 161 — 162 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆز ئەمگىكىنى ئاساس قىلغان يەككە مۇلۇكچىلىكىمۇ مەۋجۇت، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىغا ۋە ئۆز ئىگىلىكىگە ئىگىدارلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ. تۆمۈر تاۋلاش ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشى پىششىقلاپ ئىشلەش، تۆمۈر ساپان ۋە رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ ئومۇملىشىشى، يېزا ئىگىلىك، تېرىقچىلىق، ھاراق چىقىرىش ۋە جۇۋازچىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدىن باشقا، قول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى — مانا بۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.»① يۇقىرىدىكى بايانلار ئارقىلىق فېئوداللىق يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەت بىر يېڭى ئىجتىمائىي ئىقتىساد تۈزۈمىدۇر.

فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى يەر بولۇپ، ئۇنىڭغا فېئودال شەخسلەر ياكى فېئوداللار سىنىپىنىڭ دۆلىتى ئىگىدارلىق قىلاتتى. ئىشلەپچىقارغۇچىلار — بېقىندى دېھقانلار ياكى يانچىلارغىمۇ فېئوداللار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىگىدارلىق قىلاتتى. فېئوداللار ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلارغا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. يەرلەرنى فېئوداللار ئىگىلىۋېلىش بىلەن مۇستەقىل، يەككە ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئۆزئارا بىرلىشىش، شۇنىڭدەك دېھقانلار جىسمانىي جەھەتتە فېئوداللارغا بېقىنىش ۋە بۇنداق بېقىنىش تۈپەيلىدىن ئىقتىسادتىن ھالقىغان مەجبۇرلاش ۋاستىسى پەيدا بولۇش — فېئوداللىق ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تېپىك

① ستالىن: «لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، 650 — 651 - بەتلەر، خەلق نەشرىياتى 1971 - يىلى.

ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار يەككە ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى فېئوداللار سىنىپى فېئوداللىق يەر ئىجارىسى ۋە ھەرخىل نامدىكى باج ـ سېلىق، ئۆشرە (دىنىي جەمئىيەتكە تۆلەيدىغان سېلىق) قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يۇتۇۋالاتتى. فېئودالىلىق ئېكسپلاتاتسىيە ئاساسلىق فېئوداللىق يەر ئىجارىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشاتتى. فېئوداللىق جەمئىيەت مەزگىلىدىكى فېئوداللىق يەر ئىجارىسى ئاساسلىق ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى، ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن، ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە يەر ئىجارىسىنىڭ بىرخىل شەكلى جەزمەن ئاساسلىق يەر ئىجارىسى بولىدۇ.

فېئودالىلىق تۈزۈم شەكىللەنگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى كۆپىنچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. سەل كېيىنرەك ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى، ئاخىرىدا پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. ماركس تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يەر ئىجارىسىنىڭ مەيلى قانداق خاس شەكلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بارلىق شەكىللىرى مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە: يەر ئىجارىسىگە ئىگە بولۇش ئىقتىسادنىڭ يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان شەكلى. يەر ئىجارىسى بولسا يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى، بەزى شەخسلەرنىڭ بەزى يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، بارلىق يەر ئىجارىسى قوشۇمچە قىممەتتۇر، قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ ھاسىلاتىدۇر.»[①]

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ،

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 25 ـ توم، 714 ــ 715 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانىمۇ شۇنداق، غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى فېئوداللىق يەر ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ شەكلى، ئىجارە، باج ـ سېلىق فورماتسىيەسى، بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ فېئوداللارغا بېقىنىش شەكلى، شەھەر، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، جۇغلانما ۋە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىكى تەرەققىياتى تەڭپۇڭ ئەمەس ھەمدە ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي قۇرۇلمىسى ۋە سىنىپىي كۈرەش**

فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق قۇللۇق جەمئىيەتتىكى قۇللارغا ئوخشاشلا تارىخنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدا، ئاچارچىلىقتا تىرمىشىپ ـ تىركىشىپ كېلىۋاتقان دېھقانلار سىنىپى بىلەن پارازىت فېئوداللار سىنىپى ئاساسلىق قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ سىنىپ ھېسابلىنىدۇ. كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدىكى باش ئېپىسكوپ، ئېپىسكوپ ۋە ئارخىماندرىت (مۇناستىر باشلىقى) قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مىسسىيونېرلار كۆپ مىقداردىكى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىدىغان روھانىي فېئودال بولۇپ، ئۇلار دىنىدىن پايدىلىنىپ فېئوداللىق ئېزىشنى ھىمايە قىلاتتى. ۋاھالەنكى، شەھەر ـ يېزىلاردا ياشايدىغان تۆۋەن قاتلامدىكى مىسسىيونېرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى نامرات، كىرىمى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە دېھقانلارنىڭ كۈرىشىنى قوللايتتى. شەھەر ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى مۇرەككەپلەشتى. شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىۋېلىپ، شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ ئاھالىلەرنى باستى. كەڭ ئاۋام، قول ھۈنەرۋەنلەر شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ جاپاكەش ئامما بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئېچىنىشلىق ئىدى، ئۇلار

فېئوداللارغا قارشى چىقىش پائالىيەتلىرىنى قوللايتتى. شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا تەبىقىگە مەنسۇپ ئاھالىلەرنىڭ گەرچە ئاجىزلىق تەرىپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشتە مۇھىم كۈچ ھېسابلىناتتى. فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ــ فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە فېئوداللىق ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى؛ يەنە كېلىپ بۇ زىددىيەتلەر دېھقانلار سىنىپى بىلەن فېئوداللار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەشتە مەركەزلىك ئىپادىلەندى، ئۇلار فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئىدىيولوگىيە ساھەسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئەكس ئەتتى ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتتى. دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىل ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا كۆپىنچە ئۆزىگە خاس نىقابى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ.

فېئوداللىق تۈزۈم شەكىللەنگەن ۋە ئورنىتىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، غەربىي ياۋروپادىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە بىر قىسىم رايونلار بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. ھۆر دېھقانلارنىڭ يانچىلاشتۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىنغان شەرقىي ياۋروپادا بولسا ۋىزانتىيەدىكى پائۇلچىلار ھەرىكىتى بىلەن سلاۋيانلارنىڭ توماس قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەنىدى. غەربىي ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرى 10 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە گۈللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، سىنىپىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى.

جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشكە يېڭى مەزمۇن — شەھەرلەردىكى سىنىپىي كۈرەش قوشۇلدى. ئۇ، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى، يەنى شەھەرلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان فېئوداللارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى؛ شەھەر ئىچىدىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى؛ شەھەرلەردىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ شەھەر يۇقىرى تەبىقىلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە ئېزىشىگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى قاتارلىقلار. 14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشى تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپىيىشى ۋە فېئوداللىق ئېزىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمى ۋە تەسىرى كېڭەيدى.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى، كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىخ سۈرۈشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئىجتىمائىي سىنىپ — پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، غەربىي ياۋروپا فېئوداللىق جەمئىيىتى گۇمران بولۇش دەۋرىگە كىردى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىدە يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئەنگلىيەدە قانلىق قانۇنغا ۋە «يەرنى قاشالاپ ئىگىلىۋېلىش ھەرىكىتى» گە قارشى كېيىن قوزغىلىڭى يۈز بەردى، فرانسىيەدە ئېغىر باج ـ سېلىققا قارشى «كلوككان» قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مەركەزلەشكەن ھەمدە كەسكىنلەشكەن گېرمانىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابىي خاراكتېرىگە ئىگە دىنىي ئىسلاھات ۋە دېھقانلار ئۇرۇشى پارتلىدى، ھالبۇكى، نېدېرلاندىيە ئىنقىلابى بولسا ياۋروپا فېئودالىلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇرژۇئا ئىنقىلابى

بولۇپ، ئۇ گوللاندىيە جۇمھۇرىيىتىنى تىكلىدى. بۇ چاغدا شەرقىي ياۋروپا رايونىدا يانچىلىق تۈزۈمى كۈچىيىۋاتاتتى. رۇسىيەدىكى مەشھۇر بولوتنىكوف قوزغىلىڭى بىلەن ستېپان رازىن قوزغىلىڭى يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانىدى. شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۈزۈكسىز ئۇچرىغانلىقتىن، شەرقىي ياۋروپا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپىنچە فېئوداللارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن يات مىللەتلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشى بولۇپ ئىپادىلەندى.

ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دېھقانلار ھەرىكىتى ئومۇمەن كۆلىمى زور، ۋاقتى ئۇزاق، تەسىرى چوڭقۇر ۋە كەڭ بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن دېھقانلار ئۇرۇشى داغدۇغىسى زور بولۇش ۋە قېتىم سانى كۆپ بولۇش جەھەتتە دۇنيا تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىكى مۇقەننا قوزغىلىڭى، بابەك قوزغىلىڭى، نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى، چاۋشيەندىكى سىللا دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى ۋە كورىيە دەۋرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، شۇنىڭدەك ياپونىيەدىكى يامانا رىكوكو قوزغىلىڭى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق. شەرقتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلىرى گەرچە ئۇزاق مۇددەت خېلى تەرەققىي قىلغان، تاشقى سودىسى جانلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى فېئوداللىق دۆلەت قاتتىق كونترول قىلغانلىقتىن تاۋار - پۇل ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچراپ، شەھەر ئاھالىلىرى قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلىنالمىغانىدى. شۇڭلاشقا، شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دېھقانلار ئۇرۇشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ئەگىشىپ،

ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە قوزغالغان دېھقانلار ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش كۈرەشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ تيېنوچىدتلاند قەلئەسىنى قوغداش جېڭى، «بۈيۈك ئىنكا» نىڭ جەڭگىۋار تۇغى قاتارلىق جانلىق تارىخىي پاكىتلار ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق دۆلەتلەر** فېئوداللىق ئىقتىساد ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەش فېئوداللىق جەمئىيەت سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق دۆلىتى — فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغداپ، دېھقانلار سىنىپىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرىدىغان ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر. ئەمما، فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىدە ئوخشاش بولمىغان مەزگىل ۋە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە روشەن پەرق مەۋجۇت.

شەرقتىكى ھەر قايسى رايونلاردىكى فېئوداللىق دۆلەتلەردە يەر ـ زېمىنغا فېئوداللىق دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى دۆلەت مەركەزلىك باشقۇرۇش دېھقانچىلىقتا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان، بولۇپمۇ قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى دۆلەت تەشكىلاتى ۋە بىيۇروكرات ئورگىنىغا ۋارىسلىق قىلىنغاچقا، فېئوداللىق جەمئىيەت شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ھەممىشە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق شەكلى يولغا قويۇلغان. ئالايلۇق، جۇڭگودىكى چىن سۇلالىسى ۋە چاۋشيەندىكى سىللا دۆلىتى. ۋاھالەنكى، ھاكىمىيەت شەكلى تامامەن ئوخشىمىغان ئەھۋاللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئەرەب خەلىپە ئىمپېرىيەسى بولسا

ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت ئىدى، ياپونىيەدىكى باكۇفۇ (بۇرۇن شوگۇنلۇق دەپ ئېلىنغان) ھاكىمىيىتى بولسا ساماۋى پادىشاھ (تېننو) بىلەن شوگۇن (سانغۇن) دىن ئىبارەت بولۇپ، ماھىيەتتە تەڭ دەرىجىلىك ئىككى فېئودال خاندانلىقنىڭ بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىدى.

ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەت شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تارقاقلىقلىقى كىنەزلىك، ماركىزلىق ۋە گىرافلىق قاتارلىق سىياسىي جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىك ـ تەپرىقىچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى بەلگىلىدى. ھەربىي ۋە ھاكىمىيەت جەھەتتە بىرلەشكەن كارولۇس ماگنۇس ئىمپېرىيەسى مۇستەھكەملەنمىگەنلىكتىن ئۇزاق داۋاملاشالمىدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىچكى بازارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر، ئالايلۇق، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيەدە پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئورگىنى ـــ پارلامېنتلىق پادىشاھلىق تۈزۈمى، يەنى «دەرىجىلىك پادىشاھلىق تۈزۈمى» بارلىققا كەلدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ بىرلىككە كېلىپ، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلاندى. شەرقىي ياۋروپادىكى رۇسىيە موڭغۇللارنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى جەريانىدا، بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. فېئوداللىق دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، يېزا ئىگىلىك، سودا ـ سانائەت ۋە

شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ دۆلەتنى قۇرغۇچى مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئاساسەن قەدەمداش بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئالايلۇق، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيەدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق، تارقاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، سودا - سانائەت مەركەزلىرى كۆپىنچە چېگرا رايونلاردا بولغانلىقى ھەمدە تاشقى سودىنى ئاساس قىلغانلىقى، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىچكى بازار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. پولشادا بولسا ئاقسۆڭەكلەر جۇمھۇرىيىتى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى. ئاقسۆڭەكلەر پارلامېنتلىق تۈزۈمدىكى پارلامېنتتا شەھەر ۋەكىللىرى يوق بولۇپ، بۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايتتى.

15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 17 - ئەسىرگىچە ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتلەردە مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى «دەرىجىلىك پادىشاھلىق تۈزۈم»نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. مۇتلەق مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت فېئوداللىق دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ئىدى. پادىشاھلار بارلىق قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشتە رىم قانۇنىدىكى «ئومۇمەن پادىشاھقا پايدىلىق بولسىلا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر پىرىنسىپنى سۈيىئىستېمال قىلدى. مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئىپتىدائىي جۇغلانما دەۋرىدە سىنىپىي كۈرەش مۇرەككەپلەشكەن، ئۆتكۈرلەشكەن، فېئوداليزمغا قارشى

تۇرۇش ھەرىكەتلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەنىدى. ئەينى چاغدا، گەرچە بۇرژۇئازىيە بارلىققا كەلگەن ھەمدە ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. غەربىي ياۋروپادىكى مۇستەبىت پادىشاھلىق دۆلەتلەر بىپايان زېمىننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، مېركانتىلىزم (سودىغا ئېتىبار بېرىش) سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بەزى شارائىتلارنى ياراتتى. بۇ مەزگىلدە شەرقتىكى بەزى دۆلەتلەر، ئالايلۇق ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيەسى بىلەن ياپونىيەدىكى توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىدا گەرچە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي شارائىت ئوخشاش بولمىغانلىقى ۋە بۇرژۇئازىيە شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلمەستىن، پادىشاھ ـ بەگ ۋە ئاقسۆڭەكلەر ياكى غەربىي فېئودallar سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسى يولغا قويۇلغانىدى.

**ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىن، دىنىي جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت** فېئودallıق جەمئىيەتتە دىن ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. دىنىنىڭ ئىلاھىيەت سىستېمىسى بىلەن دىنىي جەمئىيەت تەشكىلاتى — فېئوداللار سىنىپىنىڭ خەلقنى مەنىۋى جەھەتتە قۇل قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ قورالى ئىدى. ئەلۋەتتە، ھەر قايسى دىنلارنىڭ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلىرىدىكى تارىخىي رولى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىردەك ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشىنى ئالغا سۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە، ئىسلام دىنى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىشىشىنى تېزلىتىش جەھەتتە

ئاكتىپلىق تارىخىي رول ئوينىغانىدى. بىراق، توپ نېگىزدىن قارىغاندا، فېئودالىق جەمئىيەتتە فېئودالالار سىنىپى ئىلكىدىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي نىشانى فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش بولدى؛ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ھەر قانداق بىر دىندا فېئودالارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇتلەق توغرا دەپ قارىلىپ، ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش تەڭرى ئاتا قىلغان ئىلاھىي نۇر دەپ پەردازلاندى. ھەر قانداق بىر دىن كىشىلەرنى فېئودالىق ھۆكۈمرانلىق تەرتىپكە باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىش كېرەك دەپ تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىدۇ؛ يەنە كىشىلەرنى سەۋرچان بولۇش، زاھىتلىق قىلىش ۋە پەرھىز تۇتۇشقا چاقىرىدۇ، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىنى، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئىجرا قىلىشىنى تەكىتلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە دىنىي جەمئىيەتنىڭ زوراۋانلىقى ۋە بىمەنە خۇراپىيلىقى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇتلەقچىلىكى ۋە جاھالەتپەرەسلىكىكى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە كەسكىن كۈرەش بولدى. ئومۇمەن، ھەر قايسى دىنلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە قارشى چىقىش ياكى ئۇلاردىن نارازى بولۇش، دىنىنىڭ ئىلاھىيەت سىستېمىسىغا خىلاپلىق قىلىش «بىدئەتلىك» دەپ ئەيىبلەندى. ھەر خىل «بىدئەت» مەزھەپلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دىن ۋە دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرىشى ئەمەلىيەتتە، سىنىپىي كۈرەشنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى «بىدئەت» ھەرىكەتلەر ـــ فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپا ۋە ئاسىيادا تۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن زور كۆلەملىك فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلەردە دىنىي نىقاب دائىم ئاممىنى تەشكىللەش ۋە قوزغاش قورالى قىلىنغانىدى.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئاساسەن ئىككى خىل مەدەنىيەت مەۋجۇت: بىر خىلى، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان فېئوداللىق مەدەنىيەت، يەنە بىر خىلى بولسا، خەلقنىڭ مەدەنىيىتى. ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن ئەكسىيەتچىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا كەسكىن كۈرەش بولۇپ كەلدى. فېئوداللىق مەدەنىيەت مەيلى ئۇ دىندىن خالىي ياكى دىنغا مەنسۇپ بولسۇن، فېئوداللار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ياۋروپادا خىرىستىيان دىنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ئۇزاق مۇددەت مونوپول قىلغان، روھانىيلار مائارىپنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، چېركاۋ - موناستىرلاردا قەدىمكى ئەسەرلەر كۆچۈرۈلدى ھەمدە تارىخىي دەۋرلەر ئۆزگەرتىلدى ياكى قايتا تۈزۈلدى، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلار ئىلاھىيەتكە بېقىندۇرۇلدى. گەرچە فېئودال رىتسارلار ئەدەبىياتىدا پۈتۈنلەي رىۋايەت ۋە مۇھەببەت ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى فېئودال پادىشاھقا سادىق بولۇش روھى ۋە تەڭرىگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىش ئىدىيەسى تەرغىب قىلىندى. سخولاستىك پەلسەپە (مەدرىسە پەلسەپىسى) فېئوداللار سىنىپى ھۆكۈمىتىنىڭ ئورتودوكسىيە پەلسەپىسىدۇر. ياۋروپادا ئىلگىرى - كېيىن بارلىققا كەلگەن رىم ۋە گوت ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى ئاساسلىق چېركاۋ - موناستىر ئىمارەتلىرىنىڭ شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئېزىشى ئاستىدا، يەنىلا خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەسەل، ئاغزاكى ئېپوس، خەلق قوشاقلىرى - بېيىتلىرى ۋە پىروزا، قاپىيەلىك ئەسەر قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇنداق قىممەتلىك خەلق مىراسلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز.

ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئىدىيەدە ئازاد

بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىنىڭ ئىلاھىيەت كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنى، گۇمانىزم پېنى (ئىجتىمائىي پەنلەر) نىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈۋالدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىكى ئۇستا ھۈنەرۋەنلەردىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردىكى گىگانتلارغىچە، ھەممىلەن ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

**ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ سىستېمىسى ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى** دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ مەزمۇنى مول ۋە تەسىرلىك بولۇپ، ئۇ نەچچە ئون دۆلەت، بىر قانچە قىتئەگە چېتىلىدۇ. ۋاقىت دائىرىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەخمىنەن 1200 يىلغا توغرا كېلىدۇ.

دۇنيا تارىخى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى دەۋرگە بۆلۈشتە ياۋروپادا ئاساسەن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى چەك قىلىنىپ غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەت گۈللەنگەن دەۋر ۋە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋردىن ئىبارەت ئىككى دەۋرگە بۆلۈندى. ئالدىنقى دەۋر ــ فېئوداللىق جەمئىيەت شەكىللەنگەن، راۋاجلانغان ۋە گۈللەنگەن دەۋر، كېيىنكى دەۋر ــ كاپىتالىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، فېئوداللىق جەمئىيەت خارابلاشقان ۋە يىمىرىلگەن دەۋردۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى باشقا رايونلارنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنمەستىن بايان قىلىنىدۇ. قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدىكى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخىغا ئۇلاش، فرانك پادىشاھلىقىدا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەش ئۈچۈن، يەنىلا

ئالدى بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدىنقى دەۋردىكى تارىخى بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەرتىپ بويىچە شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، ھىندىستان، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەلىرىنىڭ تارىخى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ، ئاخىرىدا غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ بىخ سۈرۈشى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دىنىي ئىسلاھات، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ، شۇنداق قىلغاندا رايونلار بىلەن تىپىك مەخسۇس تېما بىرلەشتۈرۈلگەن سىستېما بويىچە شەرھلىگىلى بولىدۇ.

دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ئايرىم - ئايرىم دۆلەتلەر تارىخلىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلمىسىمۇ، يالغۇز بىر قانچە چوڭ دۆلەتلەردىكى خاندانلىقلار تارىخىنىڭ يىغىندىسىمۇ ئەمەس. ئۇ مۇھىم دەپ قارالغان دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى كۆپرەك ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ئۇنىڭدا دۇنيا تارىخىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. مەزكۇر كىتابتا شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، ئاسىيا - ئافرىقا - ئامېرىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان دەسلەپكى كۈرەشلىرى مەخسۇس پاراگرافقا ئاجرىتىلىپ بايان قىلىندى ھەمدە پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئۈچ چوڭ دىنغا ئائىت مەزمۇنلار مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى، رىم پاپاسى ۋە خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى يولغا قويغان مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە ئائىت پاكىتلار ئاشكارىلاندى، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر تارىخىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. جۇڭگو بىلەن دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس باب داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىنىش

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىللە، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن دائىرىسى يەنىمۇ تولۇقلاندى ۋە كېڭەيتىلدى. كونكرېت تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن ھەر قايسى دۆلەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋە دوستانە مۇناسىۋەتلەر ئەينى چاغدىكى تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىكەنلىكى نۇقتىلىق شەرھلەندى.

ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشنى ئاساس قىلغان تارىخ ئىلمىدە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا قارىتا ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىلدى. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ زۇلمەتلىك بىر تەرىپى بار، ئالايلۇق ئەكسىيەتچىل يانچىلىق تۈزۈمى، دىنىي جاھالەتپەرەسلىك، تەركىدۇنياچىلىق ۋە فېئودال مۇستەبىتچىلىك مەۋجۇت، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق تۈزۈمنى قۇلدارلىق جەمئىيەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق بولدى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. دېمەك، فېئوداللىق جەمئىيەت تارىختا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەت ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدا جەزمەن بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچلارنىڭ بىرى، دۇنيادىكى كۆپ سانلىق دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىيات مۇساپىسىدە بۇ تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، بۇ تارىخىي باسقۇچ بولمىسا، يېقىنقى زامان كاپىتالىزمى دۇنياغا كېلەلمەيتتى. دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ئۆز ئالدىغا مەزمۇنى، سىستېمىسى بولغان دەۋرلەرگە بۆلۈنمىسە، سەل قارالسا بولمايدىغان بىر پەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىرگە دائىر بىلىملىرىمىز بولمىسا، ھازىرقى دەۋرنى چوڭقۇر چۈشىنەلمەيمىز.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن

دۇنيا تارىخىغا ئائىت بەزى زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلىۋالغىلى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ؛ تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، چەت ئەللەرنىڭ تارىخىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىي پاكىتلارنى ئۆگىنىش — ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى بايانلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە، فېئوداللىق دەۋردىكى ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈشكە، خەلقنىڭ سەمىمىيلىكى، ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى ۋە گۈزەللىكىنى مەدھىيەلەشكە، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ساختىپەزلىك، رەزىللىك، ياۋۇزلۇقىنى قامچىلاشقا پايدىلىق؛ تارىخىي پاكىتلارغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا فېئودالىزمنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل ـ تەنقىد قىلغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش بىلىمىمىزنى موللاشتۇرىدۇ. نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ، ساپايىمىزنى ئۆستۈرىدۇ، بۇمۇ كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋەزىپە ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى

مىلادىيە 476 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى هالاك بولدى. بۇ غەربىي ياۋروپانىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈشىنىڭ مۇهىم بەلگىسى بولۇپ قالدى. مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىشىش جەريانى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. بۇ نەچچە يۈز يىل جەريانىدا، بىر تەرەپتىن گېرمانلارنىڭ يېزا كوممۇناسى پارچىلاندى ۋە بېقىندى دېهقانلار پەيدا بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. بۇ غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىشىش جەريانىدىكى بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىكى بولۇپ، غەربىي ياۋروپادا دەسلەپ قۇرۇلغان فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئائىت مۇهىم يىپ ئۇچىنىڭ تەركىبىي قىسمى هېسابلىنىدۇ.

شەرقتىكى بەزى مەدەنىي دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، غەربىي ياۋروپا فېئوداللىق جەمئىيىتى خېلىلا قالاق بولۇپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى دۇنيادىن خىرىستىيان دىنى بىلەن بەزى ۋەيرانە شەهەرلەر مىراس قالغانىدى. تەرەققىي قىلمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئاجىز، تاۋار ئوبوروتى ۋە بېكىنمە هالەتتىكى يانچىلار قورۇقى ئەينى چاغدىكى مۇهىم ئىقتىسادىي هۆجەيرە ۋە ئاساسىي قاتلام سىياسىي تەشكىلات هېسابلىناتتى. فېئوداللىق تەپرىقىچىلىك، پادىشاهلىق هاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشى، پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت ساهەسىنى روهانىيلار تەبىقىسى مونوپول قىلىۋېلىش ۋە مېهنەتكەش

ئاممىنىڭ يانچىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈزۈكسىز يۈز بېرىش قاتارلىقلار دەسلەپكى مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپا فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 1 ـ بۆلۈم غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يوقىلىشى ۋە گېرمان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

**غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ كرىزىسى ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىخلىنىشى** 3 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدە ئومۇميۈزلۈك كرىزىس كۆرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئودالىزم ئامىللىرى ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى. گاللىيە بىلەن ئىسپانىيەنى قاپلىغان باگائۇدا ھەرىكىتى، شەرقىي ئافرىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاگونىست قۇللار قوزغىلىڭى دەل مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەردى. بۇ قوزغىلاڭلار قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. ئېتىز ـ ئېرىق، باغباراڭلار قاقاسلىشىپ، شەھەرلەر خانىۋەيران بولدى، قۇللارنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلار توختاشقا مەجبۇر بولدى. قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، باھاسى بەك قىممەتلىشىپ كەتتى. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە بىر قاۋۇل قۇلنىڭ باھاسى 300 كۇمۇش تەڭگىدىن 500 كۇمۇش تەڭگىگىچە ئىدى. قۇل ئەمگەكچىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىش نەپ ئالغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قورۇقنىڭ يەرلىرىنى كىچىك ـ كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىپ، كولونىست (لاتىنچە Coloni بولۇپ، بېقىندى دېھقان قۇل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) لارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا ئىجارىگە بېرىش ئەينى چاغدىكى بىردىنبىر پايدىلىق تېرىقچىلىق شەكلى ھېسابلىناتتى.

www.uyghurkitap.com

كولونىستلار رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن باشلاپلا مەۋجۇت بولۇپ، دەسلەپتە ئەركىن ئىجارىكەشلەرنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار بەلگىلىك دەرىجىدە مۇئەييەن يەر ئىجارە ھەققى تاپشۇرغاندىن سىرت، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل، قانۇن جەھەتتە ھۆر كىشىلەر ئىدى. بىراق مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قۇللۇق تۈزۈم كىرىزىسى ئېغىرلاشقانلىقتىن، كولونىستلىق تۈزۈمىمۇ راۋاجلاندى. مىلادىيە 98 ـ يىلى كىچىك پۇلىنى رىم ئىمپېراتورى ترايانغا يازغان خېتىدە، ئۇ ئېتروريىيەنىڭ تىفىلىن دېگەن يېرىدىكى خوجىلىق زېمىنىدىن ھەر يىلى جەمئىي 800 مىڭ سېستېرتىئۇس① كىرىم قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ يېرىمى كولونىستلار تاپشۇرغان ئىجارە ھەققىدىن، قالغان يېرىمى قۇللارنىڭ ئەمگىكىدىن كىرىم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان. بۇنىڭدىن كولونىستلارنىڭ قۇلدارلارنىڭ قورۇق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا كولونىستلارنىڭ تەركىبىدىمۇ زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، رىم قۇلدارلىرى يەرلىرىنى ھۆر ئىجارىكەشلەردىن باشقا، قۇللارنىڭمۇ ئىرىقچىلىق قىلىشىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇنداق ھوقۇق بېرىلگەن قۇللار ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشەلەيتتى، ئۇلار گەرچە قانۇن جەھەتتە كولونىستلار ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى كولونىستلارغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئىمپېرىيەنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى رىم قۇلدارلىرى يەرلىرىنى «ياۋايى» كۆچمەنلەرگە ئىرىقچىلىق قىلىشقا ئىجارىگە بېرەتتى. كېيىن بۇ كۆچمەنلەرمۇ پەيدىنپەي كولونىستلارغا ئايلاندى. يەنە زور بىر تۈركۈم ھۆر يەككە دېھقانلار ئۆرۈش مالىمانچىلىقى ۋە باج ـ سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي، نائىلاج چوڭ قورۇق غوجايىنلىرىدىن «پاناھلىق» تىلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇمۇ كولونىستلارنىڭ مۇھىم مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

---

① قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى كۈمۈش تەڭگە. ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى مىس تەڭگە.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە ئىتالىيەنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە مىراسلىق كولونىستلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيدى. ئەمما، بەزى ھۆججەت ـ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋردە كولونىستلار بىلەن يەر ئىگىدارلىرى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا باراۋەر ئاساسقا ئورنىتىلغان توختام مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ كەلگەنىدى. 259 ـ يىلى ئىمپېراتور ۋالېرىئان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى گارىيېننىئۇ يېفوروسنىڭ ئىلتىماسىغا جاۋاب قايتۇرغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەگەر يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى سېنى خوجىلىق زېمىنىدىن قوغلىۋەتسە، سەن كېلىشىمنامىگە ئاساسەن ئەرز قىلساڭ ھەمدە تۆلەم تەلەپ قىلساڭ بولىدۇ...»

مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ كولونىستلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ناچارلاشتى، ئىمپېرىيە بىر قاتار قانۇن ـ پەرمانلارنى ماقۇللاپ، كولونىستلارنى ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلدى. 332 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىمپېراتور كونستانتىن ئېلان قىلغان يارلىقىدا: «ھەرقانداق ئادەم كولونىستلارنى ئەسلىدىكى غوجايىنىغا قايتۇرۇپ بېرىپلا قالماي، يەنە كولونىستلارنىڭ شۇ چاغدىكى (ئۇنىڭ ئىگىدارلىقى مەزگىلىدىكى) جان بېجىنى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كولونىستلار غوجايىنلىرىنىڭ يېرىگە باغلىنىپلا قالدى. 356 ـ يىلى ئىمپېراتور يەر بىلەن بىرلىكتە سېتىشقا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. 365 ـ يىلى ئىمپېرىيە يەنە كولونىستلارنىڭ غوجايىنلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز مال ـ مۇلكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 396 ـ يىلى ئىمپېراتور ئاركادىئو كولونىستلارنىڭ غوجايىنلىرى ئۇستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلىشىنى چەكلەش، كولونىستلارنىڭ بارلىق مال ـ مۇلكى غوجايىنلىرىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش توغرۇلۇق يارلىق ئېلان قىلدى. 422 ـ يىلى ئىمپېرىيە يەنە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، كولونىستلارنىڭ ھەر قانداق كېلىشىم ۋە توختام تۈزۈش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ۋالېنتىنىئان III ھۆكۈمرانلىق قىلغان

مەزگىللەر (425 — 455) دە قانۇندا، كولونىستلارنىڭ سالاھىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئۇ سوتچىغا جىنايەت ئۆتكۈزگەن كولونىستلارنى قۇللارنى ئۇرغانغا ئوخشاش ئۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. كولونىستلارنىڭ نىكاھلىنىشى قۇللارنىڭ نىكاھلىنىشىغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئاشنا تۇتۇش دەپ قارالدى. بۇ پاكىتلاردىن قۇللۇق تۈزۈم ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ كولونىستلىق تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىغا ھەدەپ توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى ھەمدە كولونىستلارنى قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىلا، يېڭى فېئوداللىزم ئامىلى — كولونىستلىق تۈزۈم ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالايدۇ، گېرمانلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بۇ جەرياننىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

**قەدىمكى گېرمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى** قەدىمكى گېرمانلار ئاساسەن رېين دەرياسىنىڭ شەرقى، دوناي دەرياسىنىڭ شىمالى، شىمالىي دېڭىز، بالتىق دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا تارقالغانىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 325 - يىلى ئەتراپىدا قەدىمكى گرېك ئاسترونومى پىتىياس ساياھەت خاتىرىسىدە ياۋروپانىڭ غەربىي شىمال دېڭىز بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان گوتونلار بىلەن تېئوتونلارنى تىلغا ئالغان، بۇ، قەدىمكى گېرمانلارغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كائېسار (قەيسەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يازغان «گاللىيە جەڭنامىسى» ۋە مىلادىيە 98 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تاسىتۇس يازغان «گېرمانىيە تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەرلەردە قەدىمكى گېرمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى تەپسىلىيرەك خاتىرىلەنگەن.

كەئېسار (قەيسەر) دەۋرىدە كۆپ سانلىق گېرمانلار يەنىلا ئۇرۇقداشلىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى.



www.uyghurkitap.com

كەئېسار مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۇلار ئارىسىدا خۇسۇسىي مۈلۈك، بۆلۈۋالغان يەر مەۋجۇت ئەمەس، بىر جايدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئۇلار ئاشلىقنى ئانچە كۆپ ئىستېمال قىلمايدۇ، ھايات كەچۈرۈشتە كۆپىنچە سۈت يېمەكلىكلىرى بىلەن ئۆي ھايۋانلىرىغا تايىنىدۇ، بولۇپمۇ ئوۋچىلىققا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.»① بىراق، 150 يىلدىن كېيىنكى تاستۇ دەۋرىدە كۆپ سانلىق گېرمانلار كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايتتى. ئۇلار بىر مۇنچە ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئالايلۇق، ئارپا، سۇلۇ ۋە قارا بۇغداي قاتارلىقلار. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىمۇ ياخشىلاندى. ئېغىر ساپان يەڭگىل ياغاچ ساپاننىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەرلەرنى كۆپچىلىك كوممۇنا بويىچە تېرىيدىغان بولدى. تاستۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «يەرلەرگە كوممۇنا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدۇ، يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى تېرىغۇچىلارنىڭ جان سانىنى ئاساس قىلىدۇ؛ كوممۇنا ئىچىدە يەر ھەر بىر كىشىگە مەرتىۋىسى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.»② ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياخشىراق يەرلەرنى كۆپرەك ئىگىلىۋالدى. بۇ گېرمانلارنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تاستۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: گېرمانلار ئىچىدە قۇللار مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسىر قۇللار، ئاز ساندىكىلىرى بولسا قەرزدار بولغاچقا قۇل بولۇپ قالغانلار ئىدى. بىراق، گېرمانلار قۇللارغا بىر قەدەر مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدۇ، «ھەر بىر قۇلنىڭ ئۆيى، ئائىلىسى بار، خۇددى بىز ئىجارىكەش دېھقانلارغا مۇئامىلە

① كەئېسار: «گاللىيە جەڭنامىسى»، سودا باسمىخانىسى 79 ـ بەت.
② تاستۇ: «ئاگرىكولانىڭ تەرجىمىھالى. گېرمانىيە تەزكىرىسى»، 68 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1977 ـ يىلى.

www.uighurkitap.com

قىلغانغا ئوخشاش قۇلدار قۇلىدىن پەقەت مەلۇم مىقداردا دانلىق زىرائەت، كالا ۋە كىيىم ـ كېچەك ئالىدۇ؛ قۇللارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇنداقلا، خالاس.»①

گېرمانلار بىلەن رىم ئىمپېرىيەسى پات ـ پات ئۇرۇش قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ھەربىي سەردار كەم بولسا بولمايدىغان شەخسكە ئايلانغانىدى. ئۇرۇشخۇمار خاس ئەسكەرلەر سەردارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دەرىجىلىك بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. سەردارلارنىڭ ھوقۇقى ھەممىشە ئادەتتىكى ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭكىدىن چوڭ ئىدى، تاسىتۇ ئۇلارنى پادىشاھ دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ھوقۇقىدەك ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، تاسىتۇس تەسۋىرلەپ ئۆتكەن گېرمانلار ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇراتتى. يۇقىرىلار قۇرۇلتىيى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان ئىدى، بىراق ئاقسۆڭەكلەر يىغىنى ئەمەلىي ھوقۇقنى پەيدىنپەي ئىگىلىدى. تەكلىپ لايىھەسى ئاقسۆڭەكلەر يىغىنىدا تۈزۈلىدىغان بولدى، دائىمىي ئىشلارمۇ ئاقسۆڭەكلەر يىغىنىدا ھەل قىلىنىدىغان بولدى. ھەربىي سەردارنىڭ پادىشاھ بولۇش پەيتى يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان باشقۇرۇش تەشكىلى بولۇپ، چەكتىن ئېشىپ كەتسە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيتتى.

**مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشى ۋە گېرمان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى**

مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشى — ھۇنلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىن باشلاندى. مىلادىيە 374 ـ يىلى ھۇنلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كاسپىي دېڭىزى ئارقىلىق دون دەرياسى، دېنېپىر دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئالانلار بىلەن شەرقىي گوتلارنى بويسۇندۇردى، ئارقىدىنلا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى غەربىي گوتلارغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي گوتلاردىن 15 مىڭ ئادەم رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن

---

① تاستۇ: «ئاگرىكولانىڭ تەرجىمىھالى، گېرمانلار تەزكىرىسى» 67 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1977 ـ يىلى.

376 ـ يىلى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ بالقان يېرىم ئارىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، رىمدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى، ئۇلار رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ «ئىتتىپاقدىشى» سۈپىتىدە ئىمپېرىيە چېگراسىنى مۇھاپىزەت قىلدى. 378 ـ يىلى، غەربىي گوتلار رىملىقلارنىڭ قۇل قىلىشىغا چىدىماي قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئادرىيانوپول جېڭىدە رىم قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى يوقاتتى، رىم ئىمپېراتورى ۋالېنس يارىلىنىپ كەيىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندا، ئۇنى گوتلار كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى.

401 ـ يىلى غەربىي گوتلار سەردار ئالارىكنىڭ رەھبەرلىكىدە بالقان يېرىم ئارىلىدىن ئىتالىيەگە باستۇرۇپ كىردى. رىم ئىمپېراتورى ئالارىكقا 5000 قاداق ئالتۇن، 30 مىڭ قاداق كۈمۈش، يەنە 4000 توپ يىپەك، 3000 خۇرۇم كىيىم ۋە 3000 قاداق قىزىلمۇچ ھەدىيە قىلىپ، ئۇنى رىمغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتۈردى. كېيىن ئالارىك رىمنىڭ 40 مىڭ قۇل ۋە نەچچە 10 مىڭ «ياۋايى»لاردىن كېلىپ چىققان قوشۇنىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق، ئاخىر 410 ـ يىلى رىم شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئۈچ كۈن بولۇشچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. 419 ـ يىلى غەربىي گوتلار گالىلىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئىسپانىيە رايونىدا تۇنجى قېتىم رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تورۇسنى مەركەز قىلغان «ياۋايى» لار پادىشاھلىقى — غەربىي گوت پادىشاھلىقىنى قۇردى.

غەربىي گوت پادىشاھلىقىدىن كېيىن، شىمالىي ئافرىقىدا ۋانداللار پادىشاھلىقى قۇرۇلدى. ۋانداللار ئەڭ دەسلەپتە ئودېر دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشىغانىدى. مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشى جەريانىدا، ئۇلار گاللىيە ئارقىلىق ئىسپانىيەگە كىردى، كېيىنچە غەربىي گوتلار بۇ يەرگە كەينى ـ كەينىدىن كەلگەنلىكتىن، ۋانداللار ئاتامان گېنسېرىكنىڭ باشلامچىلىقىدا دېڭىز بوغۇزى (ھازىرقى گىبرالتار بوغۇزى)نى كېسىپ ئۆتتى. 439 ـ يىلى شىمالىي ئافرىقىنىڭ مەركىزى

كارفاگېن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ۋانداللار پادىشاھلىقىنى قۇردى، ئەينى چاغدا ۋانداللارنىڭ 8000 ـــ 10,000 ئەسكىرى بار ئىدى. بىراق ئاگونىستلار ھەرىكىتىنىڭ ماسلىشىشى، قۇللار ۋە كولونىستلارنىڭ قوللىشى بىلەن ۋاندالار پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقىنى ناھايىتى تېز ئىشغال قىلدى، رىم ئېكسپلىزادىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى ۋە شەرقتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كەتتى. 455 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاندالار دېڭىزدىن ئۆتۈپ رىم شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن قۇل ۋە زور تۈركۈمدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بۇلاپ، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئافرىقىغا قايتتى. ۋاندالار پادىشاھلىقى 534 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گالىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا يەنە بۇرگۇندى پادىشاھلىقى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇرگۇندىلار ئەڭ دەسلەپتە ئودېر دەرياسى بىلەن ۋىستۇلا دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلاردا ياشىغانىدى. 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رېين دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە كۆچتى. ئۇلار ۋامسىنى مەركەز قىلىپ گالىيە رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، 436 ـ يىلى رىمنىڭ مەشھۇر قوماندانى ئائېتىس تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ساۋويەگە چېكىندى، ئالاھازەل 457 ـ يىلى دۆلەت قۇرۇپ، لىگدۇنۇم (ھازىرقى لىئون) نى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى، 532 ـ يىلى فرانكلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى، 613 ـ يىلى فرانك پادىشاھلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالدى.

مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشى جەريانىدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى يالغۇز گېرمانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپلا قالماي، يەنە ھۇنلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغىمۇ ئۇچرىدى. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋولگا دەرياسىدىن رېين دەرياسىغىچە بولغان بىپايان زېمىن ھۇنلارنىڭ قاغانى ئاتتىلانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. 451 ـ يىلى ئاتتىلا 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، پاننونىيەدىن گالىيەگە ھۇجۇم قىلدى. رىمنىڭ مەشھۇر قوماندانى

ئائېتىن غەربىي گوتلار، بۇرگۇندلار ۋە فرانكلار بىلەن بىرلىشىپ، هۇنلارنىڭ هۇجۇمىغا بىرلىكتە قارشى تۇردى، ئىككى تەرەپ كاتالوۋۇن تۈزلەڭلىكىدە ئۇچراشتى، ئاتتىلا مەغلۇپ بولدى. كېيىنكى يىلى ئاتتىلا يەنە بىر قېتىم ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلدى، ئىمپېراتور ۋالېنتىنىئان III پاپا لېئو I بىلەن ئىككى نەپەر سېناتورنى ئاتتىلا بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئەۋەتتى، كېيىن هۇنلارنىڭ ئارىسىدا ۋابا تارقالغانلىقتىن قوشۇنلىرى نائىلاج چېكىندى. 453 ـ يىلى ئاتتىلا كېسەل بولۇپ ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن هۇن ئىتتىپاقى پارچىلاندى.

455 ـ يىلى رىم شەهىرى ۋاندالالارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىمپېرىيە ئەسلىگە كېلەلمىدى. 476 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى رومولۇ ئاۋگۇستۇلۇنى گېرمان ياللانما قوشۇنىنىڭ ئاتامانى ئودوكېر تەختتىن چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى هالاك بولدى. بۇ شۇم خەۋەر شەرققە تارقالغاندا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ هۆكۈمرانلار گۇرۇھى لەرزىگە كەلدى. ئۇلار شەرقىي گوتلارنى ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىشقا قۇتراتتى. 493 ـ يىلى، شەرقىي گوتلارنىڭ پادىشاھى تېئودورىك راۋېننانىڭ ئېپىسكوپى يوهاننىڭ ياردىمىدە سۆھبەتلىشىشنى باهانە قىلىپ ئودوكېرنى ئالداپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيەگە هۆكۈمرانلىق قىلىش هوقۇقى شەرقىي گوتلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شەرقىي گوت پادىشاھلىقى ئىتالىيەگە 60 يىل (493 ـــ 555) ئۆپچۆرىسىدە هۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاخىر ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى هالاك بولۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئەسلىدە رېيىن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا ياشاۋاتقان فرانكلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گاللىيەنى ئىستىلا قىلدى. كلوۋىس دىنىي جەمئىيەت ۋە فرانكلار، رىملىقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، 481 ـ يىلى فرانك پادىشاھلىقىنى قۇردى. 486 ـ يىلى فرانك

پادىشاھى كلوۋىس رىمنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى سىئاگرىئۇنى سوئىسسون (پارىژنىڭ شەرقىي شىمالى)دا مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، كلوۋىس سوئىسسوننى پايتەخت قىلىپ، فرانك پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى.

5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئانگلو ـ ساكسونلار ۋە جۇدىلارمۇ رىم ئىمپېرىيەسىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە رىم مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى چېكىنگەندىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرىتانىيەگە بېسىپ كىردى. ئارىلاردا نۇرغۇن كىچىك پادىشاھلىقلار قۇرۇلۇپ، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بارلىققا كەلدى.

مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشىنىڭ ئاخىرقى پەردىسى 568 ـ يىلى لومباردلارنىڭ ئىتالىيەگە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن ئېچىلدى. لومباردلار دەسلەپتە ئېلبا دەرياسى ئېغىزىدا ياشايتتى، 6 ـ ئەسىردە پاننونىيەدە ئولتۇراقلاشتى. 568 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لومباردلار پادىشاھ ئالبوئىن (568 — 572)نىڭ باشچىلىقىدا ئىتالىيەگە بېسىپ كىردى، ئۇلار قۇللار بىلەن كولونىستلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئىتالىيەنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارنى ناھايىتى تېز ئىشغال قىلدى، ئۇزۇنغا قالماي يەنە ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى سپولېتو بىلەن بېنافانتونى بويسۇندۇردى. رىم ئېپىسكوپلىرى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى ياكى قۇل قىلىندى، يەر ـ زېمىنلىرى پۈتۈنلەي دىگۇدەك مۇسادىرە قىلىندى. بىراق، ئالبوئىن ئۆلگەندىن كېيىن لومباردىيە پادىشاھلىقى پارچىلىنىشقا باشلىدى، تەخمىنەن 36 كىنەزلىك ئۆز ئارا ئۇستۇنلۇك تالاشتى، 774 ـ يىلى لومباردىيە پادىشاھلىقى فرانك پادىشاھلىقى يۇتۇۋالدى.

**غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى** غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاك بولۇشى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، يېڭى ئىستېلاچىلارنىڭ رىملىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۆرۈقىغا قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا

گېرمانلارنىڭمۇ كوممۇنا تۈزۈمىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قالالىشى، ئاددىي ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى ئارقىلىق رىملىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەرگەنلىكتىن ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى دۆلەت تەشكىلىگە، ھەربىي داھىي پادىشاھقا، خاس ئەسكەرلەر ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى ھەمدە رىمنىڭ تەرەققىي تاپقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا بارا ـ بارا فېئوداللىق تۈزۈمگە قاراپ ئۆزگەردى.

«بەدەۋى» ھۆكۈمرانلار ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ خاس ئەسكەرلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە ئېپىسكوپلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. مەسىلەن، شەرقىي گوتلار رىملىقلارنىڭ يەرلىرىنى بۆلگەندە، سىياسىي ھوقۇقى ۋە ھەربىي ھوقۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئاساس قىلدى. شەرقىي گوت ئاقسۆڭەكلىرى ئېرىشكەن يەرلەر ئەڭ ياخشى بولۇپ، كۆلىمىمۇ چوڭراق بولدى. باشقا «بەدەۋى»لەر پادىشاھلىقىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى، مەسىلەن، ۋانداللار پادىشاھلىقى رىملىقلاردىن مۇسادىرە قىلغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ياخشى يەرلەرنى ئاقسۆڭەكلەر ۋە پادىشاھ جەمەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى. بۇنداق «ئىنئام» ۋە «بۆلۈشۈۋېلىش» گېرمانلارنىڭ يېزا كوممۇناسىنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

«بەدەۋى» لەر ھۆكۈمرانىمۇ بىر قىسىم رىم ئاقسۆڭەكلىرىنى يېڭى ھاكىمىيەتكە قوبۇل قىلدى، بۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىشىۋېلىشى ئىدى. شەرقىي گوت پادىشاھى تېئودورىك رىملىق ئاقسۆڭەك كاسسىئودورۇنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى، يەنە رىم سېناتورى لىبېرىنى يەر تەقسىملەش كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلدى. لىبېرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشى بىلەن، ئومۇمەن يەر تەقسىملەش كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىسىز قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەر تامامەن ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى. بۇنىڭ رىملىق چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش تەدبىرى ئىكەنلىكى دېمىسىمۇ چۈشىنىشلىك.

493 ـ يىلى تېئودورىك ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، پەقەت ئۆدوئاكىر ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئىنئام ۋە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، رىملىق چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە قايتا تەسىر يەتكۈزمىدى، يەنى رىم قۇلدارلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم يەر ـ زېمىنىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىدى. 506 ـ يىلى غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى ئالارىك II (484 ــ 507) قايتا قانۇن تۈزگەندە، رىم ئاقسۆڭەكلىرىنى قانۇن تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمپېرىيەنىڭ كولونىستلار قانۇنىنى قانۇنلار توپلىمىغا كىرگۈزدى. قانۇندا چوڭ يەر ئىگىدارلىرى كولونىستلارنى بىر خوجىلىق زېمىنىدىن يەنە بىر خوجىلىق زېمىنىغا كۆچۈرسە بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنغان كولونىستلارنى جازالاپ قول قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلگەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئەگەر رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەر ـ مۈلۈك، باغىراڭلىرىنى باشقىلار قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان بولسا، ئۇلار يېڭى پادىشاھلىقنىڭ چېگراسى سىرتىدا ياشىغان تەقدىردىمۇ تۆلەمگە ئېرىشەلەيتتى. مەسىلەن، بېلاپائولىن بوردو ئەتراپىدىكى يەر ـ مۈلكىنى بىر گوت مەجبۇرىي ئىگىلىۋالغاندا، بۇ مۈلكى ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇلغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتقان.

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشقانلىقى دىنىي جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، «بەدەۋى» لەر پادىشاھىنىڭ جەمەتى ئىلگىرى ئارىئان مەزھىپىگە① ئېتىقاد قىلاتتى. بىراق، ئۇلار رىم دىنى جەمئىيىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئېتىقادىدىن بەس ـ بەستە ۋاز كېچىپ، خىرىستىيان دىنى (رىم

① ئارىئان مەزھىپى ئۇنىڭ ئاساسچىسى ئارىئاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئارىئان خىرىستىيان دىنىنىڭ «ئىيسا بىلەن تەڭرى بىر گەۋدە» دېگەن ئەقىدىسىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، نىتسىيە دىن يىغىنىدا مەزكۇر مەزھەپ بىدئەت دەپ بېكىتىلگەن.



www.uyghurkitap.com

كاتولىك دىنى)غا كىردى. ئەڭ بۇرۇن فرانك پادىشاھى كلوۋىس خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. 496 ـ يىلى، ئۇ 3000 خاس ئەسكىرىنى باشلاپ، چوقۇنىدۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. 589 ـ يىلى غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى لېكالىد (586 ـــ 601) مۇ خرىستىيان دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. شەرقىي گوتلارنىڭ پادىشاھى تېئودورىك گەرچە ئارىئان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەن بولسىمۇ، لېكىن رىم دىنىي جەمئىيىتىگىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر ئىككى مەزھەپ روھانىيلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى. رىم دىنىي جەمئىيىتىگە بولغان غەمخورلۇقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 507 ـ يىلى كاتولىك دىنى چېركاۋلىرىنى يەر بېجى بىلەن دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى تەستىقلىدى.

غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىشىشى جەريانىدا ھۆكۈمران سىنىپلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي جەھەتتە بىرلىشىۋالغاندىن باشقا، يەنە بىر خىل ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى قوشۇلۇش، يەنى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ بىرلىشىشىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، «بەدەۋى» لەر غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنى بويسۇندۇرغاندا، غەربىي گوتلار 150 مىڭدىن، شەرقىي گوتلار 200 مىڭدىن، بۇرگۇندىلار 80 مىڭدىن ئاشمايتتى، گالىيەگە كىرگەن فرانكلار تەخمىنەن 30 مىڭ ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، گېرمان ئىستىلاچىلىرىنىڭ سانى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تەخمىنەن 5% نى تەشكىل قىلاتتى①.

بەزى «بەدەۋى» لەر دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلىرىدا، بىر تەرەپتىن

---

① پوۋنىدس: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئىقتىساد تارىخى»، 43 ـ بەتكە قاراڭ. ئا. ل كورسونسكىينىڭ قارىشىچە، 6 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە پىرىنېئوس يېرىم ئارىلىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە گوتلار ئاران 5% نى تەشكىل قىلىدىكەن، «ئوتتۇرا ئەسىر» ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، 10 ـ توم، 29 ـ، موسكۋا 1957 ـ يىلى.

كومموۇنادىكى هۆر دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىشى ۋە قانۇنىي ئورنى جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك روشەن هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلاردىن ئازاد قىلىنغان قۇللار، كولونىستلار ۋە يېرىم هۆر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى، قانۇنىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلىمۇ بولىدۇ، ئۇلار ۋەيران بولغان هۆر دېھقانلار بىلەن بارا ـ بارا بىرلىشىپ، بېقىندى دېھقانلار سىنىپىغا ئايلاندى. مەسىلەن، بۇرگۇندىيە قانۇنىدا ئالىي دەرىجىلىك هۆر كىشىلەرنىڭ خۇن ھەققى 300 سورىد، ئوتتۇرا دەرىجىلىك هۆر كىشىلەرنىڭ خۇن ھەققى 200 سورىد، تۆۋەن دەرىجىلىك هۆر كىشىلەرنىڭ خۇن ھەققى 150 سورىد دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما سالىك قانۇنىدا بولسا ئازاد قىلىنغان قۇللار بىلەن يېرىم هۆر كىشىلەرنىڭ خۇن ھەققى 100 سورىد دېيىلگەن، بۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىلىك هۆر كىشىلەر بىلەن ئازاد قىلىنغان قۇللار، يېرىم هۆر كىشىلەرنىڭ ئورنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فرانك پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىدىكى قۇللارنىڭ كۆپىنچىسى يانچىلارغا ئايلاندى. كېيىن چىقىشى قۇل بولغان بۇنداق يانچىلار «سېرفلار» دەپ ئاتالدى. كارولىن خاندانلىقى تۈزگەن «يەر قانۇنى» نىڭ 67 ـ ماددىسىدا: «سېرفلار» ئادەتتىكى دېھقانلارغا ئوخشاش بىر ئۇلۇش يەرگە ئىگە بولىدۇ، دېيىلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، غەربىي ياۋروپانىڭ قۇللۇق جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشى رىم ئامىلى بىلەن گېرمان ئامىلىنىڭ ئۆز ئارا ئۇنۇۋېرسال تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسى، لېكىن ئاساسلىق رىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

# 2 ـ بۆلۈم فرانك پادىشاھلىقى

**فرانك پادىشاھلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى ــ كلوۋىس** غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر قاتار «بەدەۋى»لەر دۆلىتى ئىچىدە، فرانك پادىشاھلىقى ئەڭ قۇدرەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي ياۋروپادا كېيىن يېتىشىپ چىققان ھەر قايسى دۆلەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئەڭ چوڭقۇر.

فرانكلار دەسلەپ رېين دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى (ھازىرقى بېلگىيە چېگراسى ئىچىدە) ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان. ئۇلار ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، دېڭىزغا يېقىن رايونلاردا ئولتۇراقلاشقانلىرى سالىئانلار، رېين دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلىرى رىيۇرىئانلار دەپ ئاتىلاتتى. 6 ـ ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈش ئېقىمى جەريانىدا فرانكلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ گاللىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا باستۇرۇپ كىردى. كلوۋىس دەۋرى (481 ــ 511) گە كەلگەندە، فرانكلار تەرەققىي قىلىپ بىر قۇدرەتلىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى.

486 ـ يىلى كلوۋىس باشقا ھەربىي سەردارلار بىلەن بىرلىشىپ، سوئىسسونس جېڭىدە سىئا گرىئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، رىملىقلارنىڭ گاللىيەدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە زېمىنىنى تارتىۋالدى. سىئاگرىئۇ غەربىي گوت پادىشاھلىقىغا قېچىپ كەتتى. كلوۋىس غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى ئالارىكقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇنلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئالارىك فرانكلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئاخىر سىئاگرىئۇنى تاپشۇرۇپ بەردى، كلوۋىس ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى.

ئارقىدىنلا كلوۋىس يەنە شەرققە جازا يۈرۈشى قىلىپ، 496 ـ يىلى شەرقتە ئالېمانىنلارنى بويسۇندۇردى، 507 ـ يىلى يەنە جەنۇبتىكى غەربىي گوت پادىشاھلىقىغا يۈرۈش قىلدى. پوئىتىېرس

www.uyghurkitap.com

جېڭىدە غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى ئالارىك II ئۆلدى، كلوۋىس ئاكۋىتائىن رايونىنى فرانك پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋالدى. كلوۋىس تووۇرىسقا زەپەر قۇچۇپ قايتىدىغان چاغدا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى ئاناستاسئۇ (491 ــ 518)نىڭ كونسۇللۇققا تەيىنلىگەن يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇستىگە بىنەپشە رەڭ تون كىيگەن، مۇرىسىگە ناكىدكا ئارتقان كلوۋىس سان مارتىن چېركاۋىدا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان تەنتەنىسىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن كلوۋىس پۈتكۈل فرانكنىڭ پادىشاھى دەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى.

كلوۋىس ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا تۆت چوڭ ئىشنى قىلدى:

بىرىنچى، رىم ئىمپېرىيەسىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، كلوۋىس يەر ـ زېمىننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس ئەسكەرلىرى، ئوردا ئەمەلدارى ۋە ئېپىسكوپلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. بىراق، ئۇ مۇسادىرە قىلغان يەر ـ زېمىنلار ئاساسلىق رىم ئىمپېراتورى جەمەتىنىڭ يېرى ۋە خەزىنە يېرى بولغاچقا، گاللىيە رايونىدا تۇرغۇن رىملىق چوڭ يەر ئىگىلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە فرانك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، يېڭى پومېشچىكلار سىنىپىنى شەكىللەندۈردى، بۇ كلوۋىسنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

ئىككىنچى، كلوۋىس خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار) غايەت زور يەر مۈلكىگە ئىگە بولۇپ، ئالاھىدە سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. رىم ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، دىنىي جەمئىيەت تۈرلۈك يوللار بىلەن «بەدەۋى»لەر ھۆكۈمرانىغا يېقىنلاشتى. ھالبۇكى، «بەدەۋى»لەر ھۆكۈمرانمۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. كلوۋىس ئالدى بىلەن ھەرىكەت قوللاندى، ئۇ 496 ـ يىلى 3000 خاس ئەسكىرىنى باشلاپ، رىنىسدا مۇقەددەس ئېپىسكوپ

رىمچىئۇنىڭ چوقۇندۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كلوۋىس دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇزۇكسىز غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلدى. 507 ـ يىلى غەربىي گوتلارغا قارشى جەڭدە، رويال دەرياسى بويىدىكى شەھەرنىڭ ئېپىسكوپى كلوۋىسنى قوللىغانلىقتىن، ئۇ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىدى. دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، كلوۋىس 511 ـ يىلى ئورلېئانىستا دىن يىغىنى چاقىرىپ، قەدىمكى رىم قانۇنىدا بەلگىلەنگەن چېركاۋلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى، ئومۇمەن قاتىللىق، ئوغرىلىق ۋە زىنا قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر چېركاۋغا پاناھلىق تىلەپ كىرىۋالسا، ھەر قانداق كىشىنىڭ چېركاۋغا كىرىپ ئاختۇرۇش ـ تۇتۇش ھوقۇقى يوقلۇقىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. دىنىي جەمئىيەت ۋە روھانىيلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن باج ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى. دىنىي جەمئىيەت قانۇنى بىلەن دۆلەت قانۇنى ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە قىلىندى، شۇنداق قىلىپ، دىنىي جەمئىيەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، يېڭى فېئوداللىق ئۈستقۇرۇلما پەيدىنپەي ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتى.

ئۈچىنچى، سىياسىي دۈشمەنلىرىنى يوقاتتى. كلوۋىس تۆرلۈك سۈيىقەستلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي دۈشمەنلىرىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن فرانكلار بىرلىككە كېلىشكە قاراپ ماڭدى. رىپۇرىئان فرانكلىرىنىڭ سەردارى زىگبېرت كلوۋىسنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي رەقىبى بولۇپ، ئۇ رېين دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كولۇنىنى مەركەز قىلغان كەڭ رايوننى ئىگىلىۋالغانىدى. زىگبېرت ئالېمانىنىلارنى بويسۇندۇرۇش جېڭىگە قاتنىشىپ تىزى يارىلىنىپ توكۇر بولۇپ قالغانىدى. كلوۋىس زىگبېرتنىڭ ئوغلىنى ئاستىرتىن قۇترىتىپ، ئاتاڭ قېرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توكۇر بولۇپ قالدى، ئەگەر ئاتاڭنى يوقاتساڭ ھوقۇق ۋە مال ـ دۇنيا پۈتۈنلەي ساڭا تەئەللۇق بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىگبېرتنىڭ ئوغلى ئادەم ئەۋەتىپ، ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ھوقۇق

تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. زىگبېرت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كلوۋىس يەنە باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ زىگبېرتنىڭ ئوغلى كلودېرىكنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن رېين دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى زېمىن كلوۋىسنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئارقىدىنلا كلوۋىس بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان ھەربىي سەردار كالارىك بىلەن لاگناكارىمۇ ئۇنىڭ سۇيىقەست قىلىشى بىلەن ئۆلدى. كلوۋىس مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىقنى پۈتكۈل گاللىيەگە كېڭەيتتى.

تۆتىنچى، مەشھۇر سالىك قانۇنىنى تۈزدى. كلوۋىسنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئىدى. جەمئىي 418 ماددىلىق بۇ قانۇننىڭ 343 ـ ماددىسى جىنايەتنى چەكلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوغرىلىق قىلغان، قاتىللىق قىلغان، ئوت قويغان ۋە باشقىلارنىڭ يەر پاسىلىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلار قانۇنىي جازاغا تارتىلاتتى. ئالايلۇق، مەزكۇر قانۇننىڭ 27 ـ باب، 13 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئۈزۈم ئوغرىلاپ تۇتۇلغانلارغا 600 كۈمۈش تەڭگە ياكى 15 تىللا جەرىمانە قويۇلىدۇ». قانۇندا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئەگەر بىر كىشى تۇرالغۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بىنالارغا ئوت قويغان بولسا، 2500 كۈمۈش تەڭگە ياكى 63 تىللا جەرىمانە قويۇلىدۇ». (ئەينى چاغدا ئىككى تىللاغا بىر كالا سېتىۋالغىلى بولاتتى). بۇلارنىڭ ھەممىسى فېئوداللىق تەرتىپنى قوغدايدىغان تەدبىرلەر ئىدى.

سالىك قانۇنىدىكى بەزى ماددىلاردىن فرانك پادىشاھلىقىدا يېزا كوممۇناسىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز، ئالايلۇق، تېرىلغۇ يەر ۋە ئوتلاقلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى توختىتىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولاتتى، لېكىن دەسلەپتە ۋارىسلىق قىلىش پەقەت بىۋاسىتە ئەر تۇغقانلار بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. بۇ قانۇننىڭ 19 ـ باب، 4 ـ ماددىسىدا دەسلەپتە مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ يەر ـ زېمىننى ئاياللارغا مىراس قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، بارلىق يەر ـ زېمىن ئەرلەرگە، يەنى ئاكا ـ ئۇكا

قىرىنداشلارغا مىراس قالدۇرۇلۇشى كېرەك».

كلوۋىس يەنە يۇقىرى سوممىلىق جەرىمانە قويۇش ئارقىلىق يېڭى گۈللىنىۋاتقان فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىنى قوغدىدى. مەسىلەن، قانۇندا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «دۆلەت پەرمانىغا بويسۇنمىغانلارغا، سوتقا بېرىشنى رەت قىلغانلارغا 600 كۈمۈش تەڭگە ياكى 15 تىللا جەرىمانە قويۇلىدۇ». «كۆچمەنلەر ۋە كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشقا قارشى چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئۇنداق قىلمايدىكەن 200 تىللا جەرىمانە قويۇلىدۇ». بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ھوقۇقى روشەن ھالدا كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇن ھەققىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىمۇ فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قانۇندا، ھۆر فرانكنى ئۆلتۈرگۈچىگە 200 تىللا، پادىشاھنىڭ خاس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگۈچىگە 600 تىللا جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئېپىسكوپنى ئۆلتۈرگۈچىگە بولسا 900 تىللا جەرىمانە قويۇلىدۇ، بۇ ھۆر كىشىنىڭ خۇن ھەققىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىدى.

**6 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى** مىلادىيە 511 ـ يىلى كلوۋىس ئۆلگەندىن كېيىن، فرانك پادىشاھلىقى پارچىلىنىپ، پەيدىنپەي ئۈچ مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرۇلدى. فرانك پادىشاھلىقى زېمىنىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا ئاۋستراسىيە پادىشاھلىقى، غەربىي شىمال قىسمىدا نېۋستىرىيە پادىشاھلىقى، شەرقىي جەنۇب قىسمىدا بۇرگۇندى پادىشاھلىقى قۇرۇلۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ فېئوداللار ئارىسىدا ئۇزۇنغىچە قالايمىقان ئۇرۇش يۈز بەردى، بارلىق ئېغىر يۈك يانچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن يېزا كوممۇناسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە فېئودال چوڭ زېمىندارلارنىڭ بارلىققا كېلىشى تېزلەشتى. بۇ ئالدى بىلەن يەرگە يېزا كوممۇناسى ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ھىلپېرىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (561 ـــ 584) دە، ئايالار كۆچمەس

مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ھېلپېلىكنىڭ يارلىقىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئەگەر ئوغۇللىرى ئۆلۈپ كېتىپ، قىزلىرى ھايات بولسا، قىزلار ئوغۇللارغا ئوخشاشلا بۇ يەر ـ زېمىنلارغا ئىگە بولسا بولىدۇ.»① ئايالLارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنىڭ بېكىتىلىشى يەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنى تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، چۈنكى ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ۋارىسلىق قىلغان بىر ئۈلۈش مىراس باشقا جەمەتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، بۇ ماھىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن بۆلۈپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈلۈشلۈك يەردە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ يېڭى باسقۇچقا، يەنى يەر ئىختىيارىي بۆلۈپ بېرىلىدىغان ۋە سېتىلىدىغان ـ سېتىۋېلىنىدىغان باسقۇچقا كىردى، ۋاھالەنكى يەرلەرنىڭ مەركەزلىشىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالدى.

ھۆر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىدا ئەركىن سودا ۋە بۆلۈپ بېرىشتىن باشقا، فېئودال زوراۋانلىقىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ئېنگېلس يەر مۈلكىنىڭ مەركەزلىشىش سەۋەبى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق كۆرسەتكەن: «بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۇرۇش ۋە مۇسادىرە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن تەڭدىن تولىسى ۋەزىيەت قىستىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىخەتەر بولۇشنى كۆزلەپ يەرلىرىنى چېركاۋ ـ موناستىرلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.»②. 7 ـ ئەسىردە چېركاۋ ـ موناستىرلار چوڭ زېمىندارلارغا ئايلاندى، ئۇلار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى دىگۈدەك ئىگىلىۋالدى. خېلى كۆپ چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ 7000 — 8000 ئورۇندا قورۇقى بار ئىدى. 2000 غا يەتمەيدىغان قورۇقى بار چېركاۋ ـ موناستىرلار كىچىك مۈلۈكدارلار ھېسابلىناتتى. فرانك پادىشاھى دىنىي

① «ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، 1953 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 1 ـ توم، 121 ـ بەت.

② ئېنگېلس: «فرانك دەۋرى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 547 ـ بەت.

جەمئىيەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، نۇرغۇن يەرنى دىنىي جەمئىيەتكە سوۇيۇرغال قىلىپ بەردى. پادىشاھ ھىلپېرىكنىڭ قورققىنىدىن: «قاراڭلار، خەزىنە قانچىلىك قۇرۇقدىلىپ قالغان! قاراڭلار، بىز بارلىق مال ـ دۇنيايىمىزنى چېركاۋ ـ موناستىرلارغا ئىنئام قىلىۋەتتۇق!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن. پادىشاھ داگبېرت I (692 ــ 739) ھەتتا دۆرنۆرنىڭ بارلىق كىرىمىنى سان مارتىن چېركاۋىغا ھەدىيە قىلغان.

613 ـ يىلى نېۋستىرىيە پادىشاھى لوتار II چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا فىرانكلارنى بىر مەزگىل بىرلىككە كەلتۈردى، شۇڭلاشقا ئۇ روھانىيلار، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرگە يول قويغان يارلىقنى جاكارلاپ، ئەجدادلىرى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرگە ئىنئام قىلغان بارلىق سوۇيۇرغال زېمىن ۋە ئەدلىيە، مەمۇرىي ئىمتىيازلارنى ئېتىراپ قىلدى. پادىشاھ ھەرقايسى گىرافلارنىڭ قارىمىقىدىكى رايونلاردىكى چوڭ پومېشچىكلار ئىچىدىن گىراف تەيىنلەيدىغان بولدى، بۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەمەلىي ھوقۇق ئوردا ۋەزىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئوردا ۋەزىرى ئەسلىدە پادىشاھ جەمەتىنىڭ يەر مۈلكىنى باشقۇرىدىغان ئوردىنىڭ باش غوجىدارى بولۇپ، پادىشاھنىڭ مۈلكى بىلەن كىرىم ـ چىقىمىنى باشقۇراتتى، كېيىن بارا ـ بارا ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىلكىدە تۇتقان كىشىگە ئايلاندى. 687 ـ يىلى ئاۋستراسىيەنىڭ ساراي ۋەزىرى خېستار پېپىن نېۋستىرىيەلىك ساراي ۋەزىرىنى يېڭىپ، پۈتكۈل فىرانكلارنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى، ھالبۇكى پادىشاھ بولسا قورچاق بولۇپ قالدى، پادىشاھنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي بىكار يۈرگەن مەزگىلى «ھۇرۇن پادىشاھ» دەۋرى (639 ــ 751) دەپ ئاتالدى.

**چارلىز مارتېلنىڭ ئىسلاھاتى** 714 ـ يىلى خېستار پېپىن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئوغلى چارلىز مارتېل ئوردا ساراي ۋەزىرلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە 717 ـ يىلى يۈز ئۆرۈگەن نېۋستىرىيە

ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ساكسىنلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى.
720 ـ يىلى ئەرەبلەر ئىسپانىيەنى بازا قىلىپ، ئاكۋىتائىن كىنەزى ۋە بۇرگۇندى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن جەنۇبىي گاللىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. چارلېز مارتېل ئەرەبلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلدى، 732 ـ يىلى پوئىتىئېرس ئەتراپىدىكى جەڭدە ئەرەبلەرنى ھەل قىلغۇچ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئەرەبلەرنىڭ ياۋروپاغا داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى توستى. ئارقىدىنلا ئاكۋىتائىن كىنەزى بىلەن پروۋېنسىنىڭ يەرلىك ئاقسۆڭەكلىرىنى بويسۇندۇردى.

737 ـ يىلى مېروۋىن جەمەتىدىن چىققان پادشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، چارلېز يېڭى پادىشاھنى تىكلىمەي، مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

چارلېز مارتېل ئوردا ساراي ۋەزىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىل (714 ـــ 741) دە يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش شەكلى ئۈستىدە زور ئىسلاھات ئېلىپ باردى. مېروۋىن خانىدانلىقى پۈتۈنلەي خۇسۇسىيلاشقان يەر ئىنئام قىلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، پادىشاھلىقنىڭ بارلىق يېرىنى تۈگىتىپ، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتە فېئودال تەپرىقىچىلىكنى پەيدا قىلغانىدى. شۇڭلاشقا، چارلېز مارتېل «سۈيۈرغاللىق يەر» تۈزۈمىنى قوللاندى، سۈيۈرغاللىق يەرگە ئىگە بولغۇچىنىڭ سۈيۈرغال قىلىنغان يەرگە ئادەتتە ۋارىسلىق قىلىشىغا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى شەرت ئىدى.

بۇ خىل تەدبىر ئارقىلىق فېئوداللار كۈچلىرىنىڭ زورىيىشى ۋە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ كۈچىيىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ھۆر دېھقانلار ۋەيران بولغانلىقتىن، ئاتلىق ئەسكەرلەر پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ جەڭگىۋار كۈچكە ئايلاندى. شۇڭلاشقا، چارلېز سۈيۈرغال قىلغاندا ئاساسلىق ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئوبيېكت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنچە رىتسارلار تەبىقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە

ئاساس سېلىندى. سۈيۈرغال قىلىنغان يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى نىسپىي ھالدا مۇستەھكەملىدى ۋە دېھقانلارنى تېخىمۇ يانچىلاشتۇردى. سۈيۈرغال ئىگىدارلىرى تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەرنى ھاشارغا چىقىشقا ياكى ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئىجارە ھەققىنى تۆلەشكە مەجبۇرلايتتى. بارونلۇققا تەيىنلەنگەنلەر بېقىندى دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ ھايات كەچۈرەتتى. سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى سۈيۈرغالغا ئىگە بولغۇچىنىڭ سۈيۈرغال تارتۇق قىلغۇچىغا بولغان بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، يەرنى ۋاستە قىلغان فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. چارلېز مارتېلنىڭ ئىسلاھاتى فرانكلارنىڭ فېئوداللىشىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر، يەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا يەنە فرانكلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر راۋاجلاندۇردى.

چارلېز مارتېل چېركاۋ ـ موناستىر ۋە ئاسىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، بۇنداق ئىش مېروۋىن پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن چارلېزدەك بۇنداق كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بارمىغانىدى. مەسىلەن، چارلېز رېيمىس ۋە ترىفستىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئېپىسكوپ رايونىنى تامغاچ مايروغا؛ پارىژ، رۇئېن ۋە بارونىنا قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ ئېپىسكوپ رايونلىرى بىلەن چېركاۋلارنى جىيەنى خۇگقا ئىنئام قىلىپ بەرگەچكە، رىم پاپاسى نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پىسەنت قىلمىدى.

چارلېز مارتېل رىتسارلار، خاس ئەسكەرلەرنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ۋاقتىنچە كۈچەيتىپ، ئۆز ۋارىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇشىغا ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

**پەتەك پىپىن ۋە پاپا دۆلىتى** 741 ـ يىلى چارلېز مارتېل كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا زېمىنىنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن بولۇپ، چوڭ ئوغلى كارلومان ئاۋستراسىيە بىلەن بېلمام قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

جايلاردىكى گىرافلارغا قاراشلىق زېمىنلارغا ئىگىدارلىق قىلاتتى، ئىككىنچى ئوغلى پېپىن نېۋستريىيە بىلەن بۇرگوندىغا ئىگىدارلىق قىلاتتى. 747 ـ يىلى كارلومان مۇناخ بولغاندىن كېيىن، پەتەك پېپىن پۈتكۈل فرانكقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بىراق ئۇ نامدا يەنىلا ئوردا ۋەزىرى ئىدى. پەتەك پېپىن تەختنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشىپ، دىنىي جەمئىيەت بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋىتىنى پەسەيتتى، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ سۆيۈرغال قىلىۋېتىلگەن يەر ـ زېمىنلىرىنى يەنىلا ئۇلارنىڭ مۈلكى، بارۇنلۇققا تەيىنلەنگەنلەر چېركاۋ ـ موناستىرلارغا بەلگىلىك ھەق تۆلىمىشى كېرەك، دەپ ئېتىراپ قىلدى. لېكىن بارۇنلۇققا تەيىنلەنگەنلەر دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى شەرت ئىدى، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ پادىشاھنىڭ ئىجازىتىسىز يەر زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، بۇنداق يەرلەر «پادىشاھ ھەدىيە قىلغان يەر» دەپ ئاتالدى. بۇ كېلىشىم دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋاقتىنچە پەسەيتىپ، پېپىننىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا پايدىلىق بولدى. 751 ـ يىلى، پېپىن ئەلچى ئەۋەتىپ، پاپا زاكالىدىن كىم پادىشاھ بولۇشى كېرەك، دەپ سوراتقۇزدى. مانا بۇ پاپاغا پادىشاھلارنى تەختكە چىقىرىش ۋە چۈشۈرۈش ئىمتىيازىنى ئاتا قىلىپ، دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ پادىشاھلىق ھاكىمىيەتتىن ئۈستۈن تۇرۇشىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى تېپىپ بەردى. شۇ يىلى سىۋاسسونستا ئۆتكۈزۈلگەن فرانك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يىغىنىدا پېپىن فرانكنىڭ پادىشاھلىقىغا سايلاندى، بۇ كارولىن خانىدانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

پېپىن رىم پاپاسىنىڭ قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىككى قېتىم ئىتالىيەگە جازا يۈرۈشى (754 ـ يىلى ۋە 757 ـ يىلى) قىلىپ، لومباردىيە پادىشاھى ئېستوفنى بېسىۋالغان رىم رايونىدىكى شەھەرلەرنى ۋە راۋېننا باش ۋالىي رايونىنى پاپانىڭ

ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاپا يەنە «كونستانتىنىنىڭ ھەدىيەسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، 6 ـ ئەسىردىلا ئىمپېراتور كونستانتىنىنىڭ «رىم شەھىرى، ئىتالىيە ۋە غەربتىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنى» پاپاغا ھەدىيە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن پىپىننىڭ ياردەم بېرىشى تۈپەيلىدىن ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر «پاپا دۆلىتى» پەيدا بولدى.

**كارلوس ماگنۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى** 768 ـ يىلى پىپىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فرانك پادىشاھلىقىغا ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى كارلومان بىلەن كارولوس ئايرىم ـ ئايرىم تەخت ۋارىسى بولدى، 771 ـ يىلى كارلومان ئالەمدىن ئۆتتى، كارلوس پۈتكۈل فرانك پادىشاھلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى. كارلوس ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (768 ـــ 814)دە فرانك پادىشاھلىقى ناھايىتى گۈللەندى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان 46 يىل ئىچىدە 53 قېتىم جەڭگە قاتناشتى. ئۇ شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، تېررىتورىيەسىنى بىر ھەسسىگە يېقىن كېڭەيتتى، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ھازىرقى فىرانسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيەنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن فرانكلارنىڭ تارىخىدا ئۇ، كارلوس ماگنۇس، يەنى ئىمپېراتور كارلوس دەپ ئاتالدى.

ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئىتالىيەگە لەشكەر تارتتى، 774 ـ يىلى لومباردىيە پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىپ، ئۆزىنى فرانك ۋە لومباردىيەنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىدى. ئارقىدىنلا ئەرەبلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، 778 ـ يىلى، ئۇ پىرىنېئوس تېغىدىن ئۆتۈپ، بارسېلونانى ئىشغال قىلىپ، ئىسپانىيە ماركى (ئىسپانىيە چېگرا رايونىدىكى ئورگان ـــ تەرجىماندىن)نى قۇردى (801 ـ يىلى). بۇ قېتىمقى جەڭدە كارلوسنىڭ سانغۇنى رولاند باشچىلىقىدىكى ھىماتچى قوشۇن پىرىنېئوس تېغىدا باسكىلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ،

تامامەن دېگۈدەك يوقىتىلدى، رولاندمۇ جەڭدە قۇربان بولدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئېپوس «رولاند داستانى» مەزكۇر ۋەقەلىك ئاساسىدا يېزىلغان.

كارلوسنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم جەڭ ساكسېنلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشتۇر، ئۇ 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت (772 ـــ 804) سەرپ قىلىپ، 18 قېتىملىق مۇھىم جەڭ ئارقىلىق ساكسېنلارنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدە 782 ـ يىلى ۋېردۇن جېڭىدە، كارلوس بىر كۈندە 4500 نەپەر ساكسېنلىق تۇتقۇننى ئۆلتۈردى، كېيىن ئىسيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ساكسېنلىق 10 مىڭ نەپەر ياشنى ھەر قايسى جايلارغا تارقاقلاشتۇردى. 780 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، كارلوس ساكسېن رايونىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ساكسېنلارنى خىرىستىيان دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. يارلىقنىڭ 11 ـ ماددىسىدا يەنە: «ئومۇمەن پادىشاھقا خىيانەت قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. كېيىن كارلوس بويسۇندۇرۇلغان ساكسېنلار زېمىنىنى بىر قانچە گىرافقا خوجىلىق زېمىن قىلىپ بۆلۈپ بېرىپ، ئىمپېرىيەنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى.

785 ـ يىلى ساكسېن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى، ساكسېنلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ۋىدۇكىندمۇ كارلوسقا ئەل بولدى ھەمدە چوقۇندۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارلوس جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ باۋارىيەنى ئىستېلا قىلدى، فرانك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن سابىق باۋارىيە كىنەزىنىڭ ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، باۋارىيەنى ئۆزى تەيىنلىگەن گىراف ئارقىلىق باشقۇردى.

فرانكلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئۈزۈكسىز شەرققە كېڭەيدى، 796 ـ يىلى دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئاۋارلار تارمار قىلىندى. كارلوس بىر قاتار ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى ئارقىلىق تېررىتورىيەسىنى شەرقتە ئېلبې دەرياسى بىلەن دوناي دەرياسىغىچە، جەنۇبتا پىرىنېئوس تېغى بىلەن ئىتالىيەگىچە، غەربتە ئاتلانتىك

ئوكيانغىچە، شىمالدا شىمالىي دېڭىزغىچە سوزۇلغان غايەت زور ئىمپېرىيەنى بارلىققا كەلتۈردى.

كارلوس پادىشاھ دېگەن نامغا قانائەت قىلمىدى، ئۇ ئىمپېراتورلۇق تاجىنى كىيىشكە پايدىلىق پۇرسەتنى كۈتۈۋاتاتتى. 799 - يىلى رىم ئاقسۆڭەكلىرى رىم پاپاسى لېئو Ⅲ نىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇش، تىلىنى كېسىشتەك شەپقەتسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، پاپا ئالمان - تالمان رىمدىن قېچىشقا مەجبۇر بولدى. كارلوس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە لېئو Ⅲ نى مۇھاپىزەت قىلىپ رىمغا قايتۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش چىقىپ كەتكۈچە رىمدا تۇردى. پادىشاھنىڭ يار - يۆلەك بولغىنىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، 800 - يىلى روژدېستۋو بايرىمىدا، لېئو Ⅲ رىمدىكى ساينىت پېتىر چېركاۋىدا كارلوسقا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئىمپېراتور ۋە ئاۋگۇست دېگەن ناملارنى بەردى. بۇ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ۋىزانتىيە ھۆكۈمرانى ئۆزىنى قەدىمكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى دەپ قارايتتى. 814 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مىكائىل Ⅰ كارلوسنىڭ ئىمپېراتورلۇق نامىنى نائىلاج ئېتىراپ قىلدى.

بىراق، كارلوس ماگنۇس ئىمپېرىيەسى قورال كۈچىگىلا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئىرق مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە فرانكلاردىن باشقا، يەنە بۇرگۇندىلار، لومباردىلار، ساكسىنلار، رىملىقلار ۋە باشقا ئىرقلار بار ئىدى. بۇ قەبىلە ياكى ئۇلۇسلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تىلدا سۆزلىشەتتى ھەمدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا تۇراتتى. بەزى قەبىلە - ئۇلۇسلاردا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا قويۇق ساقلانغان بولسا، بەزى قەبىلە - ئۇلۇسلار فېئوداللىشىشقا باشلىغانىدى، فرانكلارنىڭ ئىستېلاسى ۋە

ۋەھشىيلەرچە ئېزىشى تۈپەيلىدىن ئۇلار دائىم قوزغىلاڭ كۆتۈرەتتى، بۇلارمۇ ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈردى.

كارلوس ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى 98 ئىشتاتقا بۆلۈپ، گىراف تەيىنلەپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. كۆپىنچە يەرلىك ئەڭ چوڭ فېئوداللار گىرافلىققا تەيىنلىنەتتى. ئۇلار ئىمپېراتورغا ۋاكالىتەن باج يىغىش، ئەدلىيە، ئەسكەر ئېلىش، ئامانلىق ساقلاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. دۆلەتنىڭ ئۈچتىن بىر باج كىرىمىنى گىرافلار ئىدارە قىلاتتى. چېگرا رايونلاردا مارك تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى چېگرا مەركىزى باشقۇراتتى. جايلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش، گىرافلارنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كارلوس رېۋىزورلۇق تۈزۈمىنى ئورناتتى، مەركەز دائىم ھەر قايسى جايلارنى تەكشۈرۈشكە رېۋىزىيە ئۆمىكى ئەۋەتەتتى. 802 – يىلى، ئۇ رېۋىزىيە ئۆمىكىگە دائىر يارلىق چاكارلاپ، رېۋىزىيە ئۆمىكى روھانىي فېئوداللاردىن، جۈملىدىن باش ئېپىسكوپ، ئېپىسكوپ، ئارخىماندرىتلاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى، يەنى ئىمپېراتورغا سادىق دەھرىي ئەمەلدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. يارلىقتا يەنە ئومۇمەن، 12 ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق ئادەم ئىمپېراتورغا سادىق بولۇش ھەققىدە قەسەم قىلىشى بەلگىلەندى.

كارلوس يەنە مەكتەپ قۇرۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. ئۇ ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئالىم ئاركۇنىنى ئوردا مەكتىپىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، پادىشاھ جەمەتى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەش ھەمدە مەملىكەتتىكى دىنىي جەمئىيەتلەر باشقۇرۇۋاتقان مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاركۇن كارلوسنىڭ مۇددىئاسىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، تۇۋرستا دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ قۇرغاندا كارلوسقا خەت

يېزىپ : «مېنىڭ ئۆز كۈچۈمنى بىر مۇنچىلىغان خىزمەتكە ئاكتىپلىق بىلەن بېغىشلىشىم ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، دىنىي جەمئىيەت، مۇقەددەس تەڭرىگە خىزمەت قىلىش ھەمدە ئىمپېرىيە ھاكىمىيىتىڭىزگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن ئاتا قىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن.

گەرچە كارلوس ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىدىغان بىرمۇنچە چارە ـ تەدبىر قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن فېئودال ئىمتىيازلىق سىنىپىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى بىلەن ھۆر دېھقانلارنىڭ يانچىلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىمپېرىيەنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان قوراللىق كۈچلەر پارچىلاندى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى تەپرىقچى يەرلىك زومىگەرلەر ئىگىلىدى، ئۇلار ئىمپېرىيەنى كۈندىن ـ كۈنگە پارچىلاپ تاشلىدى.

**فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ بۆلۈنۈشى**

ئىمپېراتورغا كارلوس كەينى ـ كەينىدىن جازا يۈرۈشى قىلغاچقا، ھەربىي مەجبۇرىيەت بىلەن باج ـ سېلىق كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئېغىر يۈكىگە ئايلاندى. ئۈچ خۇفىدىن بەش خۇفىگىچە① يېرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. پۈتۈنلەي يېرى يوق بولسىمۇ، قىممىتى بەش سورىدا ② لىق كۆچمە مۈلكى بار ھەر ئالتە ھۆر كىشىنىڭ بىرسى ئەسكەر بولۇشى، قالغان بەش كىشى ئۇنىڭغا بىر سۇرىدادىن ياردەم قىلىشى شەرت ئىدى. جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغان جەڭچى يېرىم يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئۆزى تەييارلايدىغان بولغاچقا، كوممۇنا ئەزالىرى ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ياكى كەنت بويىچە دىنىي جەمئىيەت ۋە روھانىي فېئوداللاردىن پاناھلىق

---

① دېھقانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان بەزى يەرلىرى «خۇفى» دەپ ئاتىلىدۇ.

② فرانك دۆلىتىدە ئىشلىتىلگەن رىم پۇلى. سورىدا تىللا دېگەنلىك بولۇپ، بىر سورىدانىڭ ئېغىرلىقى 1/72 قاداق كېلىدۇ، بىر سورىدا 40 كۈمۈش تەڭگە (دىنار) گە تەڭ.

www.uyghurkitap.com

تىلەشكە مەجبۇر بولدى.

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 820 ـ يىلى نېۋفېيلدلىق 14 هۆر كىشى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى سېپىنت زېمىن چېركاۋىغا هەدىيە قىلىۋېتىپ يانچى بولغان. چۈنكى، ئۇلاردا ئۇرۇشتا هەربىي خىزمەت ئۆتەپ پادىشاھنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالىغۇدەك ئىقتىدار يوق ئىكەن. شۇڭلاشقا ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەجەبلىنىشنىڭ قىلچە هاجىتى يوق، كارلوس دەۋرىدىلا بەش كىشى ئىچىدىن ئەمەلىيەتتە، هەقىقىي تۇردە هەربىي خىزمەت ئۆتىيەلەيدىغان بىر ئادەمنىمۇ تېپىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.» ①.

811 ـ يىلى ئىمپېراتور كارلوس: «قوشۇنلارنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى توغرىسىدىكى پەرمان » دىمۇ ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «نامراتلار باراۋەرسىزلىكتىن غەزەپلىنىپ، بىزنى يەرلىرىمىزدىن هەيدەپ چىقاردى دېيىشىدۇ. ئۇلارنى ئېپىسكوپلار، ئارخىماندرىتلار ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى قوغلاپ چىقارغان، شۇنىڭغا ئوخشاش گىرافلار ۋە ئۇلارنىڭ يۈز بېشىلىرىمۇ قوغلاپ چىقارغان، ئۇلار يەنە، ئەگەر بىرەر نامرات ئۆز يېرىنى ئېپىسكوپ، ئارخىماندرىت ياكى گىرافقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمىسا، بۇ كاتتىباشلار خىلمۇ خىل باھانىلەرنى تېپىپ بىزنى سوتقا تاپشۇرىدۇ ياكى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت هەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇرلايدۇ، هەتتا بىزلەرنى خانىۋەيران قىلىمىغۇچە توختىمايدۇ، شۇڭلاشقا بىزدە يېرىمىزنى تاپشۇرۇش ياكى ساتماقتىن باشقا چارە يوق دەيدۇ.»

دېھقانلار هۆر يەر ئىگىدارلىرىدىن هۆر ئىجارىكەشلەرگە ئايلاندى، ئۇلار يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى، پەقەت يەر ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش هوقۇقىنىلا ساقلاپ قالدى، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى ـــ فېئودال يەر ئىگىسىگە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بىرنەچچە ئەۋلاد

---

① ئېنگېلس: «مارك»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 19 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 362 ـ بەت.

ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ، فېئوداللارغا بېقىنىدىغان يانچىلارغا ئايلاندى.

ئىمپېراتور كارلوس ھايات ۋاقتىدىكى پارىژ ساينت ژېرمايىن موناستىرىنىڭ يەر مۈلكىنى تىزىملاش دەپتىرىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر موناستىرنىڭ خوجىلىق زېمىنىدا جەمئىي 2788 تۇتۇن ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ ئىچىدە 2080 تۇتۇن كولونىست، 35 تۇتۇن يېرىم ھۆر پۇقرا، 220 تۇتۇن قۇل بولۇپ، پەقەت سەككىز تۇتۇنىلا ھۆر ئىجارىكەش دېھقان ئىكەن، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كولونىستلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىسىمۇ، بىراق يېرىم ھۆر ئادەملەر، قۇللار ۋە ھۆر يەككە دېھقانلارنىڭ سانى ناھايىتى تېز ئازايغان، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بېقىندى دېھقانلار سېپىگە قوشۇلغان.

ئىمپېراتور كارلوس ئىلاھىي ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇ ھاياتىدا 16 قېتىملىق دىن يىغىنىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. 789 ـ يىلى دىن يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جەمئىي 82 بابلىق ئومۇمىي بۇيرۇقنى تارقىتىپ، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە روھانىيلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈرمۇش پىرىنسىپلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى. 802 ـ يىلى يەنە يارلىق ئېلان قىلىپ: «ھەر قانداق كىشىنىڭ چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مۈلۈكىنى بۇلۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئومۇمەن، چېركاۋ ـ موناستىرلارغا ھەدىيە قىلىنغان مۈلۈكلەر ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق مۈلكى بولىدۇ، قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئومۇمەن، پۇقرىدىكى پەرمانغا خىلاپلىق قىلغانلار زىياننى تۆلەپ بېرىشى ھەمدە قانۇن بويىچە جازالىنىشى شەرت» ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مۈلكى ئىنتايىن تېز كۆپەيدى. 810 ـ يىلى ئاخىرىدا ئېچىلغان دىن يىغىنىدا چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مۈلكى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى، 3000 — 8000 ئورۇندا خوجىلىق زېمىنى بارلىرى بىرىنچى

دەرىجىلىك، 1000 — 3000 ئورۇندا خوجىلىق زېمىنى بارلىرى ئىككىنچى دەرىجىلىك، 1000 غا يېقىن ئورۇندا خوجىلىق زېمىنى بارلىرى ئۈچىنچى دەرىجىلىك چېركاۋ ـ موناستىر ھېسابلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىدىكى مەشھۇر فۇلدا موناستىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە، 15 مىڭ ئورۇندا تەئەللۇقاتى بار ئىدى. ئىمپېراتور كارلوس ئۇلۇش ئالدىدا بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئۈچكە بۆلگەن: بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئۇلۇشنى يەنە 21 ئۇلۇشكە بۆلۈپ، 21 باش ئېپىسكوپىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى شەھەرلەرگە ئىنئام قىلغان①.

دىنىي جەمئىيەت فېئوداللىرى دەھرىي فېئوداللارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە خىلمۇخىل ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار باج يىغقاندىن سىرت، يەنە ئاھالىلەرنى سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرگىمۇ ئېپىسكوپ ۋە ئارخىماندرىتلار قوماندانلىق قىلاتتى. چېركاۋ ـ موناستىرلار يەنە دىنىي خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى قورقۇتۇش، قاقتى سوقتى قىلىش ئارقىلىق غايەت زور بايلىققا ئېرىشەتتى. پاپا باشچىلىقىدىكى رىم دىنىي جەمئىيىتى غەربىي ياۋروپادىكى ئېرىلغۇ يەرنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، يەر ئىجارىسى يىغقاندىن سىرت، يەنە دېھقانلاردىن ئۆشرە يىغىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، ئۇ پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانى بىرلەشتۈرۈپ بىر غايەت زور سىياسىي سىستېمىغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن يۈز بەرگەن ھەرقانداق فېئوداللىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ دىنىي جەمئىيەتنىڭ مەركىزىگە تاقالماي قالمايتتى.

814 ـ يىلى ئىمپېراتور كارلوس ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تەقۋادار لوئى (814 — 840) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، دىنغا بېرىلىپ كەتكەچكە، مىسسىيونېرلار ئۇنى ئەخمەق قىلىپ «تەقۋادار» دېگەن

① «ئىمپېراتور كارلوسنىڭ تەرجىمىھالى»، 34 ـ بەت سودا باسمىخانىسى 1979 ـ يىلى.

لەقەم قويۇپ قويدى. ئۇ غايەت زور بايلىقنى تۇرلۇك «خەير ــ ساخاۋەت» ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى، ھەر قېتىملىق دىنىي بايراملاردا ئوردا ئەمەلدارلىرىغا سوۋغا تەقدىم قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ تەختكە ئولتۇرغىنىغا ئەمدىلا ئۇچ يىل بولغاندا، دۆلەت زېمىنىنى ئۇچ ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى، چوڭ ئوغلى لوتائىر ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىغا، ئىككىنچى ئوغلى پىپىن ئاكۇيتائىنغا، ئۇچىنچى ئوغلى لوئى گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى باۋارىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ئىگە بولدى. ئۇ يەنە چوڭ ئوغلى لوتائىرنى ئىمپېراتور ۋارىسى دەپ جاكارلىدى. 829 ـ يىلى تەقۋادار لوئى 817 ـ يىلىدىكى تەقسىماتنى بىكار قىلىۋېتىپ، كېيىنكى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان كەنجى ئوغلى ــ تاقىر باش چارلېزغا بىر قىسىم زېمىننى ئايرىپ بەردى. ئالدىنقى ئۇچ ئوغلى ئۇنىڭ بۇ قارارىغا قارشى چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئارىسىدا ئون يىلغا يېقىن ئىچكى ئۇرۇش بولدى، 840 ـ يىلى تەقۋادار لوئى ئۆلۈپ، لوتائىر تەختكە ئولتۇردى. 843 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ۋېردۇن شەرتنامىسى تۇزۇلدى. بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، گېرمان لوئى فرانكىنىڭ شەرقىدىكى رېين دەرياسى بىلەن ئېلبې دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلارغا؛ تاقىرباش چارلېز فرانكىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەنى رېين دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا؛ لوتائىر فرانكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارغا، جۈملىدىن ئىتالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تار ئۇزۇن بەلباغ رايونغا ئىگە بولدى، مانا بۇ كېيىنكى گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيەدىن ئىبارەت ئۇچ دۆلەتنىڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىدى.

ئىمپېرىيە پارچىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ يات مىللەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاجىزلىدى. ئەرەبلەر ئىسپانىيەدىن فىرانسىيە، ئىتالىيەلەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ پۈتكۈل غەربىي قىسمىنى كونترول قىلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى چوڭ ـ كىچىك ئاراللارنى ئىشغال قىلىۋالدى. ماجارلار (ھاجارلار،

ۋېنگىرلار) دوناي دەرياسى بويىدا ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇردى ھەمدە شەرقىي فرانكلار بىلەن سلاۋيانلارغا ئۈزۈكسىز پاراكەندىچىلىك سالدى. ئەڭ ئېغىر بولغىنى شۇكى، نورمانلار سىكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن ياۋروپاغا ئۈشتۈمتۇت باستۇرۇپ كىردى. 9 ـ ئەسىردە نورمانلار فرانكنىڭ غەربىي قىسمىغا تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 853 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ نانتېس شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، شەھەر مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل ئېپىسكوپىنى ئۆلتۈرۈپ، تەپ تارتماستىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. 885 ـ يىلى 40 مىڭ نورمان 700 كېمىگە ئولتۇرۇپ پارىژنى قورشاۋغا ئالدى. پادىشاھ سېمىز چارلېز (884 ـــ 887) تۇرغۇن پارا بەرگەنلىكتىن، نورمانلار قايتىپ كەتتى. 911 ـ يىلى فىرانسىيە پادشاھى نائىلاج فىرانسىيەنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايوننى نورمانلارغا بۆلۈپ بەردى، مانا بۇ نورماندىيە دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدۇر.

فېئودالىق ئىچكى نىزا بىلەن يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ھۆر دېھقانلارنىڭ يانچىلىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 847 ـ يىلى غەربىي فرانكنىڭ پادشاھى تاقىر باش چارلېز مولسون قارارىدا: «ھەر قانداق ھۆر كىشى ياكى پادىشاھنى، ياكى پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىگە غوجايىن قىلىپ تاللىشى كېرەك» دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. 877 ـ يىلى تاقىر باش چارلېز يەنە كرېسىيدا يارلىق ئېلان قىلىپ، غوجىلىق زېمىننى مىراس قالدۇرۇشنى قانۇنلاشتۇردى. يارلىقتا: «فېئودالار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى بىلەن شەرەپ نامى (ئۇنۋانى) نى ئۆز ئوغلىغا ياكى يېقىن تۇغقانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ھۆر دېھقانلارنىڭ يانچىلىشىشى بىلەن فېئودالىق ئالاھىدە ئىمتىيازنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى، خوجىلىق زېمىننى مىراس قالدۇرۇش

www.uyghurkitap.com

تۇزۇمىنىڭ ئورنىتىلىشى فرانك پادىشاھلىقىنىڭ فېئوداللىشىش جەريانىنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىراق، بۇ تەرەققىيات جەريانى تىنچ ئۆزگىرىش جەريانى بولماستىن، بەلكى قۇل قىلىش بىلەن قۇل قىلىشقا قارشى شەپقەتسىز ئۇرۇش جەريانى ئىدى. ئىمپېراتور كارلوس 805 ـ يىلىدىكى بىر يارلىقىدا، ھەر قانداق شەكىلدىكى مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىنى چەكلىگەن ھەمدە بۇنداق تەشكىلاتلارغا قاتناشقانلار ئىچىدە ھۆر كىشىلەرمۇ، سېرف (يانچى)لارمۇ بار، مەخپىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇشنى پىلانلىغۇچى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر قامچىلىنىدۇ، بۇرنى، پۇت ـ قولى كېسىلىپ دەھشەتلىك جازالىنىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن قوزغىلاڭنىڭ ھۆكۈمرانلارغا غايەت زور تەھدىت بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. 822 ـ يىلى تەقۋادار لوئى پەرمان جاكارلاپ، فلاندېرنىڭ دېڭىز بويى رايونىدىكى «سېرفلارنىڭ سۇيىقەستى»نى تەتقىقلىدى. بۇ مەزگىلدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭ 841 ـــ 842 ـ يىلىدىكى ساكسېن رايونىدا كۆتۈرۈلگەن «ستىرىنگا» ـــ («قەدىمكى فرانك ئوغلى» دېگەن مەنىدە) قوزغىلىڭى ھېسابلىنىدۇ. سالنامەشۇناس نىتارد بۇ قوزغىلاڭ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: قوزغىلاڭچىلار ئاقسۆڭەكلەر، ھۆر كىشىلەر ۋە يېرىم ھۆر كىشىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ، ۋاھالەنكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى تەبىقىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېھقانلار ئۇزۇكسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھۆكۈمران سىنىپنى يانچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. 8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە كارولىن خانىدانلىقى دەۋرىدە يانچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئادەت بويىچە ئىجارە ھەققى ۋە باج تاپشۇرۇش، ھاشارغا چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدە يەر رويخېتى دەپتىرىگە خاتىرىلىنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3 ـ بۆلۈم 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپا

**فېئودال تەپرىقچىلىك ئەۋج ئالغان فرانسىيە** 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈم ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە فرانسىيە ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ. 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى پارىژ سائىنت ژېرماين موناستىرىنىڭ يەر مۈلكى رويخېتىگە ئاساسلانغاندا، تىپىك فېئوداللىق چوڭ يەر مۈلكى تۈزۈمى فرانسىيەدە ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلغان. سائىنت ژېرماين موناستىرىنىڭ 36 مىڭ 500 گېكتار يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەخمىنەن يېرىمى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەر، يېرىمى يانچىلارنىڭ ئۈلۈشلۈك يېرى ئىكەن. مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىدىن باشقا، يەر ئىجارىسى يەنە ماددىي بۇيۇم شەكلىدە يىغىۋېلىناتتى، مەزكۇر موناستىردا يىلىغا يالغۇز مېكىياندىنلا 5887 نى تاپشۇرۇۋالىدىكەن، 30 مىڭ 865 دانە تۇخۇمغا ئىگە بولىدىكەن. فېئوداللىشىش تاماملانغانلىقتىن، قۇللار، كولونىستلار بىلەن ۋەيران بولغان ھۆر دېھقانلار بىرلىشىپ كەڭ بېقىندى دېھقانلار تەبىقىسىگە ئايلاندى. «سېرف» دەپ ئاتالغان يانچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى قۇللارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار يالغۇز يەرگىلا باغلىنىپ قالماستىن، يەنە تېخى جىسمانىي ۋە قانۇن جەھەتتە فېئوداللارغا بېقىناتتى، ئۇلارنى يەر بىلەن بىرلىكتە سېتىۋېتىشقا بولاتتى، يانچىلار خوجايىنى رۇخسەت قىلمىسا نىكاھلىنالمايتتى. نىكاھلىنىشقا ئىجازەت بېرىلگەن يانچىلار «نىكاھلىنىش بېجى» تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىسىمۇ باج تاپشۇراتتى، مانا بۇ ئاتالمىش «مېيىتنىڭ ھەدىيەسى» دۇر. فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى «ۋىللان» دەپ ئاتىلىدىغان

بېقىندى دېھقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كوممۇنا ۋەيران بولغانلىقتىن دېھقانغا ئۆزگەرگەن كوممۇنا ئەزالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى سېرفلارنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى. ۋىللانلار جىسمانىي جەھەتتە ئەركىن بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىلكىدىكى يەرگە ۋارىسلىق قىلالايتتى، ئۇلارغا يۈكلەنگەن ھاشارنىڭمۇ بەلگىلىك ئۆلچىمى بولۇپ، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىللانلار ھاشارغا بىر يىلدا 80 كۈندىن ئارتۇق ئىشلىمەيتتى.

فېئوداللىق ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىدىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ياخشىلىنىش بولدى. بۇ چاغدا ئۈچ كاندۇكلۇق (بۆلەككە بۆلۈپ) تېرىش تۈزۈمى ئومۇملاشقان بولۇپ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇجۇپىلەپ تېرىشقا، ئوت ئوتاشقا، ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى، نەچچە جۈپ ئۆي قېتىلغان ساپانلارنى ئىشلىتىشمۇ ئومۇملاشتى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيدى، ئاشلىق ھوسۇلى تېرىش مىقدارىنىڭ تۆت ھەسسىسىدىن ئالتە ھەسسىگىچە يەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە پايدىلىق بولدى، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالغان جايدا مۇستەقىل ھاكىمىيەت ئورنىتىۋېلىپ خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلاتتى. ئەينى چاغدا فىرانسىيە شەرقتىن غەربكىچە، جەنۇبتىن شىمالغىچە نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك كىنەزلىك، گىرافلىقلارغا بۆلۈنگەنىدى. ئالايلۇق، نورماندىيە كىنەزلىكى، بۇرگۇندى كىنەزلىكى ۋە ئاكۇيتائىن كىنەزلىكى؛ فاراندېس گىرافلىقى، چامپاگنى گىرافلىقى، تۇلۇس گىرافلىقى ۋە بارسېلونا گىرافلىقى قاتارلىقلار. 887 ـ يىلى كارولىن خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى سېمىز چارلېز تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىككى خاندانلىق (كارولىن خاندانلىقى بىلەن روبېرت خاندانلىقى) ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. روبېرت خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى كۈچلۈك روبېرت نورمانلارغا زەربە بېرىشكە تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، فرانكىي ئارىلىنىڭ كىنەزلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى پارىژنىڭ گىرافى ئېد

پارىژنى قورشىۋالغان نورمانلارنى چېكىندۈرگەندى، شۇڭلاشقا فرانك پادىشاھى سېمىز چارلېز تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم فېئودالار ئۇنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلدى. بىراق يەنە بىر قىسىم فېئودالار پادىشاھلىق تەختىگە يەنىلا كارولىن خاندانلىقىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، شادادا چارلېزنى فرانك پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھ نامزاتلىقىغا سايلىدى، بۇ ئىككى خاندانلىق بىر ئەسىرگە يېقىن ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلدى. كېيىنچە روبېرت خاندانلىقىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيدى، ۋاھالەنكى كارولىن خاندانلىقىنىڭ ئىگىدارلىقىدا پەقەت لائون شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارلا قالدى. 987 ـ يىلىدىكى دىنىي جەمئىيەت ۋە روھانىي فېئودالار قۇرۇلتىيىدا روبېرت خاندانلىقىدىن چىققان سۇي گاپې پادىشاھلىققا سايلاندى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بەش گىرافلىق زېمىن بولۇپ، ئۇلار سېينا دەرياسى بىلەن رويال دەرياسى ئارىسىدىكى ئۇزۇن تار بەلباغقا تارقالغانىدى، ئومۇمىي كۆلىمى 6816 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ زېمىندا پەقەت پارىژ ۋە ئورلېئانستىن ئىبارەت ئىككىلا شەھەر بار ئىدى. گاپې خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. پادىشاھ نامدا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بېقىندى ئەمەلدار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلاتتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مەنسىپى ۋە خوجىلىق زېمىنىنى پادىشاھ بەرگەن، دەپ قارايتتى. پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغان چاغدا ئېپىسكوپمۇ ئۇنىڭغا مىرو (خاسىيەتلىك ياغ)نى سۈرۈپ، تەۋفىق ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ پادىشاھى بولاتتى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلار خوجىلىق زېمىنلىرى ئىچىدە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە سۈلھى قىلىش ھوقۇقىغا، ئۆز پۇلىنى قۇيۇش، قانۇن تۈزۈش ھەمدە يۇقىرىلىرىنى سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار پادىشاھنى ئۇلپەتداشلىرى ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئادەم دەپ قارايتتى. فېئودال يەر ئىگىسى مۇنتىلىنىڭ

قەلئەسى پادىشاھنىڭ پارىژدىن ئورلېئانسقا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى، شۇڭلاشقا پادىشاھ ئۆزىنى قوراللىق نۆكەرلىرى ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلغانىدىلا، ئاندىن خوجىلىق زېمىنىنىڭ بۇ بېشىدىن - ئۇ بېشىغا بارالايتتى. گاپې خانىدانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پادىشاھ بىلەن ئادەتتىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مۇقىم تۇرۇشلۇق جايى يوق بولۇپ، ھەمىشە ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر قورۇقتىن يەنە بىر قورۇققا يۆتكىلىپ، دېھقانلاردىن شىلىۋالغان ئاشلىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى سەرپ قىلاتتى. بەزىدە ئۇلار ھەتتا يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، كىرىمىنى كۆپەيتەتتى. مەسىلەن، فىلىپ I (1060 — 1108) چېگرادىن ئۆتكەن ئىتالىيەلىك سودىگەرلەرنى بۇلىغان. لېكىن، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت جەھەتتە، گاپې خانىدانلىقى ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى جېنىنىڭ بارىچە نامايان قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە ۋىزانتىيە پادىشاھلىرى بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئالماشتۇرغان. پادىشاھ ھېنرى I (1031 — 1060) كىيېۋ كىنەزى ياروسلاۋنىڭ قىزى ئاننا بىلەن توي قىلغان، ئۇنىڭ مەقسىتى خەلقئارادىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش ئىدى. 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەھەرلەر گۈللەنگەنلىكتىن، ھېنرى I شەھەر ئاھالىسى سىنىپىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق فېئودال تەپرىقىچىلەرنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى ئۈزۈكسىز مەغلۇپ قىلىپ، فرانسىيەنى پەيدىنپەي بىرلىككە كېلىشكە قاراپ يۈزلەندۈردى.

سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىمۇ بىر قىسىم فېئوداللارنى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە بېقىنىشقا مەجبۇر قىلدى. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياش چارلېز II تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ نورماندىيەنىڭ كىنەزى بولغاندا، بارلىق گىرافلىق رايونلاردىكى دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزدى، ئۇلار تۈرلۈك چەكلەش پەرمانلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئورمان ۋە سۇ مەنبەسىنى ئىشلىتىشكە دائىر يېڭى قانۇن بېكىتىشنى قارار

قىلدى. 997 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئېتىزلىقتا يىغىلىش ئۆتكۈزمەكچى بولدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىنەز دەرھال ئورۇنباسارى گىراف رائۇلغا دەرھال رىتسارلار چوڭ ئەترىتىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. رائۇل دېھقانلار ۋەكىللىرىنى دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈشكە قەستەن يول قويغان بولۇپ، ئۇلارنى ئالداپ بىر يەرگە يىغقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلىدى، قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلدى. 1024 ـ يىلى برېتاگنېدا يەنە بىر قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بىر سالنامىچى بۇ قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ داھىيسىمۇ، قورال ـ ياراغلىرىمۇ يوق ئىدى»، بۇ قوزغىلاڭ پۇتۇنلەي فېئوداللارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىستىخىيەلىك قوزغىلاڭدۇر. فىرانسىيە فېئوداللىرى نۇرغۇن رىتسارنى توپلىغاندىن كېيىن قوزغىلاڭنى باستۇردى.

دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى فېئوداللارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىگە مۇئەييەن دەرىجىدە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى فېئوداللىق يەر ئىجارىسىنى «رەسىم ـ قائىدە» بويىچە يىغىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ دېھقانلار كۈرەشنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭلاشقا دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى سەل ـ پەل ياخشىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا مۇئەييەن دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرۈلدى، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

**گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە پاپا دۆلىتى** 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە پاپا دۆلىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولدى. گېرمانىيەنىڭ ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىش بىلەنلا-قالماي، يەنە گېرمانىيە ھاكىمىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. پاپا

دۆلىتى ئىتالىيە دۆلىتى ئىچىدىكى بىر دۆلەت بولۇپ، ئۇ ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگىمۇ توسالغۇ بولاتتى، گېرمانىيەنىڭ قۇدرەت تېپىشىغىمۇ پۇتلىكاشاڭ بولاتتى. ئېپىسكوپلار ئارىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى پادىشاھنىڭ روھانىي فېئوداللارنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇردى، ئىمپېرىيەنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئازايدى، دىنىي ھاكىمىيەت پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن سادا ئارقىمۇئارقا كۆتۈرۈلدى. ئىننوسېن III نىڭ دەۋرى (1198 — 1216) دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ تەسىر كۈچى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

843 ـ يىلى ۋېردون شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي فرانك پادىشاھلىقى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كېيىنكى گېرمانىيەگە ئايلاندى. 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە گېرمانىيەمۇ بۆلۈنمە ھالەتتە بولۇپ، پادىشاھنىڭ قۇرۇق نامىلا بار ئىدى. ئەينى چاغدا بەش كىنەزلىك (ساكس، فرانكونىيە، سىۋابىيە، باۋارىيە ۋە لوررائىن)نىڭ ئۆز ئارا تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى.

911 ـ يىلى شەرقىي فرانك پادىشاھى لۇئى ئۆلگەندىن كېيىن، كارولىن خانىدانلىقىنىڭ شەرقىي فرانك پادىشاھلىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى. بۇ تارىخىي ۋەقە ئادەتتە، گېرمانىيەنىڭ مۇستەقىل فېئوداللىق دۆلەت بولغانلىقىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىلىدۇ. 911 — 919 ـ يىللىرى فرانكونىيەنىڭ كىنەزى كونراد I ئۆزىنى گېرمانىيە پادىشاھى دەپ ئاتاپ قىسقا مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، ئارقىدىنلا ساكسېن خانىدانلىقىنى قۇرغۇچى قۇش تۇتقۇچى① ھېنرى I (919 — 936) گېرمانىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ بەش كىنەزلىك ئاقسۆڭەكلىرى قۇرۇلتىيىدا پادىشاھلىققا سايلانغانىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلىققا سايلاندىكى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن كونراد I ئۇنى

① قۇش ئوۋلاشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، قۇش تۇتقۇچى دېگەن لەقەم قويۇلغان.

www.uyghurkitap.com

نائىلاج تەخت ۋارىسلىقىغا بەلگىلىگەن ھەمدە پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان مەرتىۋە ھاسىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سايلام پەقەت بىر خىل شەكىللىنىلا ئىبارەت ئىدى.

ھېنرى I دىنىي جەمئىيەتنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تەختكە ئولتۇرغان چاغدا مىرو سۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزمىگەنىدى، شۇڭا دىنىي جەمئىيەت ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا «سېپى يوق شەمشەر» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. شۇڭلاشقا، ھېنرى تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا نۆكەرلەرگە تايانغاندىن باشقا، بەزىدە روھانىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكىمۇ ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇ ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى نەزىرىدىن قىلچە ساقىت قىلمىدى.

919 ـ يىلى شىۋابىيە كىنەزى بۇلكگارد ئاسىيلىق قىلماقچى بولغاندا، ھېنرىنىڭ نۆكەرلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. ھېنرى I قارشىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇلكگاردقا شىۋابىيە چېگراسى ئىچىدە موناستىر ـ ئىبادەتخانا سېلىش ئىمتىيازىنى بەردى، بۇ موناستىر ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ كىرىمى ئۇلارنى ياساتقۇچىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولاتتى. بۇلكگارد سىۋابىيەنىڭ كىنەزى سالاھىيىتىدە ئۆزىنىڭ بىپايان زېمىنىدا بۇ ئىمتىيازنى يۈرگۈزۈپ ھەم كىرىمنى كۆپەيتتى، ھەم جەمئىيەتتىمۇ شۆھرەت قازاندى، ئەمما دىنىي جەمئىيەتتىكىلەر ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، بۇلكگاردنى «ئۆز كىنەزلىكىنى گۇمران قىلغان زالىم كىنەز» دەپ ئاتىدى.

ھېنرى I باۋارىيەنىڭ كىنەزى يانۇرف بىلەن قىلغان كۈرەشىدىمۇ ئوخشاش ئىستراتېگىيەنى قوللاندى. 921 ـ يىلى ھېنرى رېگېنسبۇرگنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يانۇرفقا مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلدۇردى. بىراق ھېنرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلىدى، ئۇ يانۇرفنىڭ باۋارىيەدىكى چېركاۋ ۋە موناستىرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يانۇرف ئېپىسكوپلارنى

ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. يانۇرف يەنە دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ بېقىندىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. سالنامىچى ئوتتو خۇرسىنگېن مۇنداق دېگەن: «يانۇرف باۋارىيەدىكى چېركاۋلارغا ناھايىتى ۋەھشىيلىك بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ يەر مۈلكىنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.» يانۇرفنىڭ باۋارىيەدىكى سىياسىي مۇستەقىللىقلىقى ھۆججەت ـ خەت ـ ئالاقىلەردە ھېنرى I نىڭ يىلنامىسىنى ئىشلەتمەي (پەقەت 931 ـ يىلىدىكىدىن باشقا)، ئۆزىنىڭ يىلنامىسىنى ئىشلىتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ رېگېنسبۇرگ ۋە سالزبۇرگدا ئۆز پۇلىنى قۇيدۇرغانلىقىدا ئىپادىلەندى.

ھېنرى I ۋېنگىرىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن فېئودال چوڭ يەر ئىگىلىرىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. فېئودال چوڭ يەر ئىگىلىرىمۇ ۋېنگىرلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن قورقۇپ، ھېنرى I بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە چارە ـ تەدبىر قوللاندى. 924 ـ يىلى ۋېنگىرلار گېرمانىيەگە كەڭ كۆلەمدە گۇمران قىلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم قىلدى، ئەمما ھۆكۈمران سىنىپلار ئىتتىپاقلاشقانلىقى ۋە خەلق پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەسىر ئېلىنغان ۋېنگىر سەردارلىرىنى قايتۇرۇش ھەمدە ۋېنگىرلارغا ئولپان تاپشۇرۇش، ئىككى تەرەپ توققۇز يىل ئىچىدە بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتى ئاستىدا، ۋېنگىرلار سۈلھى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ھېنرى I ۋاقىتلىق ياراشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەربىي ئىشلاردا ئىسلاھات ئېلىپ باردى. چېگرادا مۇداپىئە پونكىتلىرىنى تەسىس قىلىش، نۆكەرلەرنىڭ توققۇزدىن بىرى چېگرانى مۇداپىئە قىلىش، چەۋەندازلىق مەشقى قىلىش، توققۇزدىن سەككىزى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە ياردەم بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى

نەتىجىسىدە ساكسېنىنىڭ جەنۇبى بىلەن تۇرېنگىيەنىڭ شىمالى چېگراسىدا بەزى مەھەللىلەر پەيدا بولدى، بۇ قەلئەسىمان مەھەللىلەر تەرەققىي قىلىپ سودا شەھەرلىرىگە ئايلاندى، ئالايلۇق، كائۇخسىلا، مېرسېبۇرگ قاتارلىقلار، گېرمانىيەنىڭ دۆلەت كۈچى تەدرىجىي كۈچەيدى. 933 ـ يىلى سۇلھى شەرتنامىسىنىڭ قەرەللى توشتى، گېرمانىيە پادىشاھى ھېنرى I چېگرا مۇداپىئەسى كۈچەيگەنلىكتىن ۋېنگىرلارغا يەنە ئولپان تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋېنگىرلار گېرمانىيەگە يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، 933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھېنرى I باۋارىيە كىنەزى ۋە باشقا كىنەزلىكتىكى ئاقسۆڭەكلەر قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكتىن رىياد دېگەن يەردە ۋېنگىرلارنى مەغلۇپ قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھېنرى I 923 — 925 ـ يىللىرى يەنە لوررائىننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. شەرقتە ئۇ، سلاۋيانلارغا كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى، 928 ـ يىلى براندېنبۇرگنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئېلبې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا مېيسېنبۇرگنى بىنا قىلدى، بەزى سلاۋيان ئۇلۇس قەبىلىلىرىنى ئولپان تاپشۇرۇش ھەمدە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 929 ـ يىلى ئۇ يەنە باۋارىيە كىنەزى يانۇرف بىلەن بىرلىكتە چېخقا جازا يۈرۈشى قىلىپ، چېخ كىنەزى ۋېنتسېسلاۋنى (928 — 936)نى ھېنرى I نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 936 ـ يىلى ھېنرى I جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن گېرمانىيە كىنەزلىرىنىڭ چوڭ يىغىنىنى ئاچتى، ئۇ يىغىندا ئوتتو I نى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىدى.

ئوتتو I (936 — 973) ھېنرى I نىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندا ئاتىسىدەك قىلماي، ماينزنىڭ باش ئېپىسكوپى ھىردىبېرتنىڭ تاج كىيدۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى، ھىردىبېرت ئۇنىڭ بەدىنىگە مىرونى سۈردى، بۇ پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېڭىباشتىن ياراشقانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. ئەمما، ئوتتو I نىڭ بۇنداق قىزىقارلىق ئۆزگىرىشى دەھرىي فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئوتتو I پادىشاھلىقىقا سايلىنىپ بىر يىل بولمايلا فرانكونىيە كىنەزى ئېبگافا بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى، ئېبگافا ئوتتو I نىڭ ئىنىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئوتتو I نىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى.

940 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتو I ئېلبې دەرياسى بىلەن ئودېر دەرياسى ئارىسىدىكى بىپايان زېمىننى ئىستېلا قىلدى، سلاۋيانلارنىڭ زېمىنلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى، چېگرا رايون ماركى ۋە خاۋىربېرگ بىلەن براندېبۇرگدىن ئىبارەت ئىككى ئېپىسكوپ رايونىنى قۇردى. ئوتتو I نىڭ تەسىركۈچى جوتلاند يېرىم ئارىلىغىچە يېتىپ باردى ھەمدە بۇ يەردە ياخۇز، شلېسۋىگ ۋە رىپاندىن ئىبارەت ئۈچ باش ئېپىسكوپ رايونى قۇرۇلدى.

950 ـ يىلى ئوتتو I چېخقا جازا يۈرۈشى قىلىپ، چېخ پادىشاھى بولېسلاۋنى ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ قوشۇنلىرى تىسسا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ۋېنگىرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشتى.

ئوتتو I ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئېپىسكوپ ۋە ئارخىماندرىتلاردىن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ۋە پۇقرالىق بۇرچىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئېپىسكوپلار ۋە ئۇلارنىڭ بېقىندىلىرى ئوتتو I نىڭ ھەرقايسى جايلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشلىرىگە قاتنىشاتتى (بۇ ئىمپېراتور كارلوس دەۋرىدە چەكلەنگەنىدى).

ئوتتو I ئۇزۇندىن بېرى ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى بايلىقى مول ۋە ئادىمى زىچ شەھەرلەرگە كۆز تىكىپ يۈرگەنىدى. 950 ـ يىلى ئىتالىيە ھۆكۈمرانى لوتخائىرنىڭ تۇل خوتۇنى ئادرىگېند ئوتتو I نىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئوتتو I سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۇكنىڭ يېتىشىغا بېقىپ، 951 ـ يىلى

www.uyghurkitap.com

زور قوشۇننى باشلاپ ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيە فېئودالللىرىنىڭ ئىچكى ماجىراسىغا بىۋاسىتە ئارىلاشتى. بۇ قېتىملىق ئۆزۈن سەپەرگە سۋابىيە، باۋارىيە ۋە لورئىن كىنەزلىرى، ماينز، كولۇن ۋە ترىئېرنىڭ باش ئېپىسكوپلىرى قاتناشتى. ئوتتو I 951 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لومباردىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پاۋىيەدە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا لومباردى پادىشاھى دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەردى. بىراق، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى پۈتكۈل ئىتالىيە دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىپ كەتمىدى، مەسىلەن، راۋىننانىڭ باش ئېپىسكوپى ئوتتو I گە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقتى. رىم پاپاسمۇ ئوتتو I نىڭ دىپلوماتىيە ئۆمىكىگە ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ئىتالىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويدى. شۇڭلاشقا ئوتتو I ئىتالىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە تېخى پاپانى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. 952 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئوتتو I لوتخائىرنىڭ تۇل خوتۇنى ئادرىگېيند بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ساكسېنغا قايتتى. 953 ـ يىلى ئىنىسى بورۇنونى كولۇننىڭ باش ئېپىسكوپلىقىغا، 954 ـ يىلى ئوغلى ۋىلىيامنى ماينزنىڭ باش ئېپىسكوپلىقىغا، كېيىنكى يىلى پادىشاھ جەمەتىنىڭ تۇغقىنى ھېنرىنى ترىئېرنىڭ باش ئېپىسكوپلىقىغا تەيىنلىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەندىشە قىلىشنى ئازايتىپ، ئىككىنچى قېتىم رىمغا ئاتلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 960 ـ يىلى پاپا يوھان Ⅻ رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئوتتو I دىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. گېرمانىيە رېگېنسبۇگ (960 ـ يىلى) ۋە ۋورمىس (961 ـ يىلى) تا ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق پادىشاھلىق يىغىنىدا رىمغا يۈرۈش قىلىش ماقۇللاندى. 962 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئوتتو I زور قوشۇننى باشلاپ رىمغا كىردى ھەمدە پاپا ساينت پېتىر چېركاۋىدا ئۇنىڭغا كىيدۈرگەن «مۇقەددەس رىم

ئىمپېرىيەسى»نىڭ ئىمپېراتورى [1] دېگەن تاجنى قوبۇل قىلدى. ئوتتو I پاپانىڭ ئىتالىيەدىكى يەر مۈلكى ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئىمپېراتورنىڭ يەر مۈلكىگە قارىتا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. پاپا ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىمپېراتورغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم بېرىشى كېرەك ئىدى، ئوتتو I نىڭ ئىتالىيەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلىنىڭ ئىمپېراتورغا بىۋاسىتە مەلۇماتنامە يوللاش ھوقۇقى بار ئىدى. ئوتتو I پاپانىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماستىنلا راۋېننانىڭ باش ئېپىسكوپىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى، بۇ ئىش يوھان XII نىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇ يەنە كىنەز ئادالبېرتنى باشچىلىقىدىكى ئىتالىيە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، نەتىجىدە ئوتتو I يوھان XII نى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېراتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ پاپانى سايلاشقا بولمايدىغان بولدى. بۇ كۈرەشتە ئوتتو I يەنە جەنۇبىي ئىتالىيەدىكى كاپۇيا ۋە بېنافانتودىن ئىبارەت ئىككى جاينىڭ كىنەزى (ئاكا ـ ئۇكا پاندۇرف بىلەن لاندۇرق) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى، ئۇلار ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ئەرەبلەرگە قارشى كۈرەشتە ئوتتو I نىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى.

ئوتتو I ئىتالىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلدى، 972 ـ يىلى ئۇ ساكسېنىغا قايتقاندا پۈتۈنلەي كۈچ ـ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى، كېيىنكى يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

ئوتتو I ئىتالىيەنى ئىستېلا قىلىش ۋە پاپا ئوردىسىنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغانىدى، قورال كۈچىگە تايىنىپ بەرپا قىلىنغان بۇ «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى» گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ ناھايىتى كۆپ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى خورىتىپ، گېرمانىيەنىڭ

---

[1] 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ نامنىڭ ئالدىغا «گېرمانىيە مىللىتىنىڭ» دېگەن سۆز قوشۇلغان.

بىرلىككە كېلىشىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىتالىيە مىللىي دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى.

ئوتتو I نىڭ ئوغلى ئوتتو II (973 ــ 983) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باۋارىيە كىنەزى ھېنرى گېرمانىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. 976 ـ يىلى ئوتتو II ھېنرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇردى ھەمدە ئۇنىڭ خوجىلىق زېمىنىنى سىۋابىيەدىكى ئوتتو ۋە دىنىي جەمئىيەتكە ئۆتۈنۈپ بەردى. 970 ــ 980 ـ يىللىرى ئوتتو II غەربىي فرانك پادىشاھى لوتائىر بىلەن لوررىننى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى، لوتائىر بىر مەزگىل ئاخېن شەھىرىگىچە يېتىپ كېلىپ، ئوتتو II نى تىرىك ئەسىرگە ئېلىشقا ئۇرۇندى، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. 980 ـ يىلى ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزدى، لوتائىر لوررىنغا بولغان بارلىق تەلەپىدىن ۋاز كەچتى، ئوتتو II غەلىبە قازاندى.

ئارقىدىنلا، ئوتتو II ئاتىسىنىڭ ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 981 ـ يىلى جەنۇبىي ئىتالىيەگە لەشكەر تارتتى. گەرچە تارېنونى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 987 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى كالابرىيە جېڭىدە ئەرەبلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئوتتو II نىڭ داڭلىق ئادەملىرى، يەنى ئاۋگۇسبۇرگنىڭ باش ئېپىسكوپى ھېنرى، چېگرا رايون ماركىزى باخرىتورت ۋە گوۋمىتپىز قاتارلىق ئېسىلزادىلەر ئۇرۇشتا ئۆلدى، ئوتتو II مۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى.

983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوتتو II ۋېرونادا ئىمپېرىيە يىغىنى ئېچىپ ئۆزىنى ئوغلىنى ئورۇنلاشقا ئۇرۇندى. يىغىنغا ساكسېن، فرانكونىيە، سىۋابىيە، باۋارىيە ۋە لوررىننىڭ دىنىي ۋە دەھرىي ئاقسۆڭەكلىرى، چېخ كىنەزىنىڭ ئەلچىسى، لومباردى ۋە رىم رايونىنىڭ ئېپىسكوپلىرى كەلدى. بىراق، مىلان شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە ۋېنىتسىيە فىلوتىنى ئوتتو II نىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن،

ئەرەبلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىش پىلانى ۋۇجۇدقا چىقمىدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئوتتو II رىمدا ئۆلدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى ئوتتو III ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بولغاچقا ئوتتو III نىڭ ئانىسى تېئوفىننو، مومىسى ئادرىگېند ۋە ماينىزنىڭ باش ئېپىسكوپى ۋىلىگىس نايىبلىق قىلدى، 996 - يىلىغا كەلگەندىلا ئوتتو III ئاندىن مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى (996 — 1002). ئۇ نۇرغۇن ئېپىسكوپىنىڭ ھەمراھلىقىدا يەنە ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلدى، جىيەنى برۇنو (گرېگورى V )نى پاپالىققا بەلگىلىدى ھەمدە يېڭى پاپادىن ئۆزىگە تاج كىيدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، رىم، بېنافانتو، كاپۇيا، ناپلېسلار ئۇنىڭ ھۆقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى. ئوتتو III نىڭ دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرۇش مۇددىئاسىمۇ بەربات بولدى.

گېرمانىيەدە پادىشاھلىق ھاكىمىيەت كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلۈشسىزلىققا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقى پەيدىنپەي كۈچەيدى. 921 - يىلىدىن باشلاپ، گېرمانىيەنىڭ ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلغان چاغدىكى قورال كۈچىنىڭ 70 % تىن كۆپرەكىنى دىنىي جەمئىيەت تەمىنلىگەنىدى. گېرمانىيەنىڭ باش ئېپىسكوپى پاپاغا ۋاكالىتەن گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا تاج كىيدۈرسە بولاتتى. 10 - ئەسىردىن باشلاپ فىرانسىيەدە دىنىي جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كلۇنى ھەرىكىتى باش كۆتۈردى. كلۇنى موناستىرى 910 - يىلى ياسالغان بولۇپ، فىرانسىيەدىكى بۇرگۇندىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. كلۇنى مەزھەپىدىكى روھانىيلار نامراتلىق، بويتاقلىقنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، دىنىي ۋەزىپە سودىسىغا چېركاۋ - موناستىرلار مۈلۈكلىرىنى دەھرىيلەشتۈرۈشكە قارشى تۇراتتى، قاتتىق قائىدە - مىزان ۋە پەرھىزلەرنى بېكىتىپ، پاپا باشچىلىقىدىكى مەركەزگە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مانور (948 — 994) كلۇنى موناستىرىنىڭ باش ئېپىسكوپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن چاغدا،

كلۇنى ھەرىكىتى بىر قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلانغان بولۇپ، بۇرگۇندى، فىرانسىيەنىڭ شەرقىي ۋە ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 40 نەچچە ئىبادەتخانىدىكى موناخلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلاتتى. ئوتتو II ئۇنىڭ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى، ھەتتا مانورنى پاپالىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغۇزۇش تەكلىپىنىمۇ بەردى.

سىلۋېستىر II (999 — 1003) پاپا بولغان مەزگىلدە دىنىي ھوقۇقنى تەڭرى ئاتا قىلغان، دىنىي ھاكىمىيەت دەھرىي ھاكىمىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەھرىي ھاكىمىيەتكە ئوچۇق - ئاشكارا ئىنراگەرچىلىك قىلدى.

لېئو IX (1049 — 1054) پاپا بولغان مەزگىلدە دىنىي ھاكىمىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى. لېئو IX كلۇنى مەزھىپىدىكى روھانىي بولۇپ، پاپا ئورگىنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ۋەزىپىلەرنى كلۇنى مەزھىپىدىكى روھانىيلار ئۈستىگە ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى، ھەر دەرىجىلىك مىسسىيونېرلاردىن بويتاقلىق تۈزۈمىنى قاتتىق يولغا قويۇش، چېركاۋ - موناستىرلار مۈلكىنىڭ دەھرىيلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى، چېركاۋ - موناستىرلارنىڭ بارلىق مۈلكى پاپاغا مەنسۇپ بولۇشى، پاپا ئورگىنىغا باج تاپشۇرۇشى كېرەك، دەپ جاكارلىدى.

ئۇنىڭ ۋارىسى نىكولاي II (1058 — 1061) 1059 - يىلى رۇتلاند سارىيىدا ئېچىلغان دىن يىغىنىدا پەقەت پاپا ئورگىنىدىكى باش پوپلارنىلا پاپالىققا سايلاشقا بولىدۇ، دەھرىي پادىشاھلارنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن پاپا بىلەن ئىمپېراتور ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. پاپا گرېگورى VII (1073 — 1085)نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ساھە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا گېرمانىيە ئىمپېراتورى ھېنرى IV (1056 — 1106) ئىچكى سىياسىي ئىشلاردا قاتمۇ قات

قىسىمچىلىقتا دۆچ كەلدى، 1073 ــ يىلىنىڭ بېشىدا يەرلىك ساكسېن ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاددىي پۇقرالار ھېنرى IV نىڭ رەزىل سىياسەتلىرىدىن نارازى بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئىمپېراتور گاتسبۇرگدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن گېرۋلىيېتقا قېچىپ كەتتى. پاپا گرېگورى VII بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، 1074 ــ ۋە 1075 ــ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق دىن يىغىنىدا ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ دىنىي ۋەزىپە سودىسىنى چەكلەش ۋە مىسسىيونېرلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، دەھرىيلەرنىڭ دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھېنرى IV نىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بەش كىشىگە دىنىي ۋەزىپە سودىسى قىلغان دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. دەھرىيلەرنىڭ دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مال ــ مۈلكى بىۋاسىتە پاپاغا تەۋە بولدى، ئېپىسكوپلار ئىمپېراتورغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ ئارقا ــ ئارقىدىن قالدى، بۇلار گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە تەھدىت بولدى. 1076 ــ يىلى 1 ــ ئايدا ھېنرى IV ۋورمىستا ئېچىلغان ئىمپېرىيە يىغىنىدا پاپا بىلەن ئاشكارا قارشىلاشتى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى باشلاندى، بۇ كۈرەش يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملىشىپ، 1122 ــ يىلى ۋورمىس كېلىشىمنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن توختىدى.

1076 ــ يىلى چاقىرىلغان ئىمپېرىيە يىغىنى ھېنرى IV نى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. يىغىنغا دەھرىي كىنەزلەر ئىچىدىن لورىنىڭ كىنەزى كاۋېتېفېلىدتىن باشقا كىنەزلەر كەلمىدى. يىغىنغا پەقەت 26 نەپەر ئېپىسكوپ كەلگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئېپىسكوپلار سانىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى، قالغان 24 نەپەر ئېپىسكوپ ۋە ئىككى باش ئېپىسكوپ يىغىنغا قاتناشمىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، گەرچە رىم پاپاسىغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم

تاپشۇرۇلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاخىرىغا: «كەمىنە ھېنرىغا پادىشاھلىقنى تەڭرى ئاتا قىلغان، مەن بارلىق ئېپىسكوپلار بىلەن بىرلىكتە ساڭا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن: يوقال !» دېيىلگەنىدى. ئەمما ھېنرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىگەنىدى، پاپا گرېگورىي VII تەھدىتتىن قورقماي قايتۇرما زەربە بېرىپ، ھېنرىنىڭ دىنىي مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ئىمپېراتورغا سادىق بولۇشىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. چۈنكى، پاپاغا قارشى چىققانلىق تەڭرى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلىگە قارشى تۇرغانلىق ھېسابلىناتتى، بارلىق خىرىستىيان مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېنرى IV كە ئەگەشكەن مايىنزنىڭ باش ئېپىسكوپى كىگو فورلدىنىڭمۇ دىنىي مۇرىتلىق سالاھىيىتىمۇ ئېلىپ تاشلاندى. گېرمانىيە كىنەزلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ھېنرىغا قارشى چىقتى. 1076 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى روھانىي ۋە دەھرىي فېئوداللار ھېنرىغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، ئەگەر بىر يىل ئىچىدە دىنىي مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسە، پاپا گېرمانىيەنىڭ ئەڭ ئالىي ئاربىتراتورى (كېسىم قىلغۇچى) بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ھېنرى IV تەنھا ـ ياردەمچىسىز قالغاچقا، پاپادىن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنۈشكە مەجبۇر بولدى. 1077 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھېنرى IV ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كانوسساغا يېتىپ كەلدى ۋە توۋا قىلغۇچىلار كىيىمىنى كىيىپ، قەلئە ئالدىدا ئۈچ كۈن (1077 ـ 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىن 28 ـ كۈنىگىچە) كۈتكەندىن كېيىن ئاندىن پاپا ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «كانوسساغا بېرىش» دېگەن سۆز «باش ئېگىپ تەسلىم بولۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولدى.

بىراق، ھېنرى IV نىڭ ۋاقىتلىق خورلۇققا بەرداشلىق بېرىشى ۋاقىتلىق ھەل قىلىش چارىسى بولۇپ، ئۇ قىساس ئېلىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتقانىدى. ئۇ گېرمانىيەگە قايتقاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئېپىسكوپلارنى يىغىۋېلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ھەمدە

رىتسارلار، ئوّكەرلەر ۋە جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، 1080 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يەنە گرېگورى Ⅶ نى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ھەمدە يەنە كلېمېنتنى پاپالىققا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

1084 ـ يىلى ھېنرى Ⅳ يەنە بىر قېتىم ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتتى، ئۇ شىمالىي ئىتالىيەدىكى شەھەرلەر ۋە ئېپىسكوپلارنىڭ قوللىشىغا ۋە ۋىزانتىيەنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ رىم شەھىرىگە كىردى، گرېگورى Ⅶ سالېرنوغا قېچىپ باردى ھەمدە نورمانلارنىڭ ياردىمىدە گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ قوشۇنلىرىنى رىم شەھىرىدىن قوغلاپ چىقاردى، بىراق نورمانلار رىم شەھىرىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويدى، گرېگورى Ⅶ رىمدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي نورمانلارغا ئەگىشىپ ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەتتى. 1085 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سالېرنودا ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يەنە 35 يىل ئەتراپىدا داۋاملاشتى. ئەڭ ئاخىر ئىمپېراتور ھېنرى Ⅴ بىلەن پاپا كاررىكېست Ⅱ (1119 ـــ 1124) ۋورمىستا سۈلھى كېلىشىمى تۈزدى. كېلىشىمنامىدە، ئېپىسكوپ ۋە موناستىر باشلىقى مىسسىيونېرلاردىن سايلىنىدۇ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى ئىگىلىۋالغان چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايتۇرىدۇ، پاپا ئۇنىڭغا ئۇزۇك ۋە مەرتىۋە ھاسىسى ئىنئام قىلىدۇ، بىراق گېرمانىيە ئېپىسكوپلىرى بىلەن موناستىر باشلىقىنى سايلاش ئىمپېراتور ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى قاتناشقان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئالدى بىلەن ئىمپېراتور ئىنئام قىلغان مەرتىۋە ئۇزۇكى دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئېپىسكوپلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى ۋاقىتلىق ئاخىرلاشتى.

**11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇنقى ئېنگلاند** مىلادىيە 43 ـ يىلى رىم ئىمپېراتورى كلاۋدى بىرىتانىيەنى ئىمپېرىيەنىڭ بىر ئۆلكىسى

www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىغاندىن تارتىپ، 442 ـ يىلى رىم مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىققانغا قەدەر رىملىقلار بىرىتانىيەگە 400 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئاساسلىق ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبى رىملىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولدى. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلار ئارقىلىق بايقالغان يۈزدىن ئارتۇق رىم دېھقانچىلىق قورۇقى خارابىلىكىنىڭ 90% ى شەرقىي جەنۇب رايونىدا ئىدى. رىملىقلار بىرىتانىيەدە يەنە 50 نەچچە شەھەر ـ قەلئەنى قۇرغانىدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى لوندون بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ 15 مىڭدەك ئاھالىسى بار ئىدى.

5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رىمنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدە كىرىزىس يۈز بەرگەنلىكتىن، رىم مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى بىرىتانىيەدىن چېكىنىشكە باشلىدى، كېلتىكلار بىر مەزگىل ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئەركىن تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلبې دەرياسى، رېين دەرياسى ۋە ۋېسېر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئولتۇراقلاشقان جۇتېلا، ئانگلو ـ ساكسونلار بىرىتانىيەگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ باستۇرۇپ كىردى، كېلتىكلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى ياكى قۇل قىلىندى، ئاز بىر قىسمى غەرب تەرەپتىكى تاغلىق رايون ۋە فىرانسىيەدىكى برېتاگنې قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتتى. بۇنداق ئىستېلا قىلىش جەريانى بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتى. 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ بىرىتانىيەدە ئېسېكس، ۋېسېكس، سۇسېكس، كېنت، شەرقىي ئانگلويە، مېرسىيە، نورسيۇمبىرىيەدىن ئىبارەت يەتتە كىچىك پادىشاھلىق بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

تۇنجى بولۇپ كېنت پادىشاھلىقى زومىگەرلىك قىلدى. بۇنى ئۇنىڭ چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. كېنت پادشاھى ئېسسېبېرت (560 ـــ 616) ئانگلو ـ ساكسونلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان پادشاھتۇر. 597 ـ يىلى رىم پاپاسى گرېگورى ئاۋگۇستىننى 40 روھانىي بىلەن گاللىيە ئارقىلىق كېنتقا

ئەۋەتكەن. ئېسسېبېرت ئۇلار ئۇچۇن كانتېبارىي چېركاۋىنى قايتا ياسىتىپ بەرگەن. 601 ـ يىلى ئاۋگۇستىن ئەنگلىيەنىڭ پاپا تەيىنلىگەن تۇنجى باش ئېپىسكوپى بولۇپ قالغان. ئېسسېبېرت ئىككى جىيەنىنىمۇ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا نەسىھەت قىلغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئېسسېكس پادىشاھى، يەنە بىرى شەرقىي ئانگلو پادىشاھى ئىدى. 625 ـ يىلى ئېسسېبېرتنىڭ كۈيۈئوغلى، نورزۇمبېرىيەنىڭ پادىشاھى ئېدۋىن (616 — 632) مۇ خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئالاھازەل 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئانگلو ـ ساكسونىدىكى ھەر قايسى پادىشاھلىقلار خىرىستىيان دىنىنى تامامەن ئېتىراپ قىلدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي ياۋروپادىكى دىنىي جەمئىيەتتىكىلەر مەنىۋى جەھەتتە يانچىلىق تۈزۈمنى ھەدەپ مەدھىيىلەپلا قالماي، يەنە تېخى ھاكىمىيەت بىلەن دىننىڭ تىل بىرىكتۈرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ يېڭىدىن گۈللەنگەن فېئودال چوڭ يەر ئىگىلىرىگە ئايلاندى. پادىشاھلار دىنىي جەمئىيەتلەرگە نۇرغۇن يەرنى ئىنئام قىلدى. 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى پادىشاھلارنىڭ يەر ئىنئام قىلغانلىقىغا ئائىت ھۆججەتلەر ئىچىدە پەقەت 29 پارچىسىلا چېركاۋ ـ موناستىرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئەنگلىيەدە ھازىر بار بولغان ئەڭ بۇرۇنقى يەر ئىنئام قىلىشقا ئائىت ھۆججەت 679 ـ يىلى كېنت پادىشاھى خىلوسېر (673 — 685)نىڭ بۇلىخۇوت موناستىرىنىڭ باشلىقىغا بەرگەن ھۆججەتتۇر. پادىشاھ تانېت دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق، سازلىق ۋە بېلىق بېقىش كۆلىنى بۇ موناستىر باشلىقىغا ئىنئام قىلغان. بۇ كوممۇنا ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنىڭ پادىشاھنىڭ قولى ئارقىلىق چېركاۋ ـ موناستىرلاردىكى فېئوداللارنىڭ ئىلكىگە يۆتكىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، يېزا كوممۇنا يەرلىرىگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنئام قىلىنغان يەردىكى دېھقانلار فېئودال

يەر ئىگىلىرىگە باج تاپشۇرۇشنى ۋە تۈرلۈك ھاشارلارغا چىقىشنى قوبۇل قىلىشى شەرت ئىدى.

دىنىي جەمئىيەتتىكىلەر سىياسىي جەھەتتىمۇ ئورغۇن ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. كېنت پادىشاھىنىڭ باش مىرزىسىلىق (باش كاتىپى) ۋەزىپىسىنى پادىشاھ چېركاۋنىڭ پوپى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، ئېپىسكوپلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكرى ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەتتى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكى ئالاھىدە قوغدىلاتتى. ئېسسېبېرت قانۇنىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «ئىلاھنىڭ ۋە چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى» ئوغرىلىغانلار ئەسلىي باھاسىنىڭ 12 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان تۆلەم تۆلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمما، خرىستىيان دىنىنىڭ ئەنگلىيەدە تارقىلىشى ۋە ھۆر دېھقانلارنىڭ قۇل قىلىنىشىمۇ مۇرەككەپ جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. 616 ـ يىلى ئېسسېبېرت ئۆلگەندىن كېيىن كېنت پادىشاھلىقىدا ئۆز ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت غەيرىي ئېتىقاد ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. 632 ـ يىلى نورزۇمبرىيە پادىشاھى ئېدۋىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غەيرىي ئېتىقادچىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى بىر مەزگىل ئەسلىگە كەلدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئانگلو ـ ساكسون پادىشاھلىقىنىڭ فېئوداللىشىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خرىستىيان دىنى پەيدىنپەي ھۆكۈمران ئورۇنىنى ئىگىلىدى.

پادىشاھ ۋايتلېد (691 ــ 725) دەۋرىدە دىنىي جەمئىيەتتىكىلەر باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىدى. 8 ـ ئەسىردە مېرسىيە پادىشاھلىقى زومىگەرلىك قىلغان دەۋردە پادىشاھ ئوۋا (757 ــ 796) «باج ـ سېلىق دەپتىرى» تۈزۈپ، باج ـ سېلىقنى يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئېلىش پەرمانىنى چۈشۈردى. «باج ـ سېلىق دەپتىرى»نىڭ تۇرغۇزۇلۇشى فېئوداللىق دۆلەتنىڭ دېھقانلارنى ئېزىشىنىڭ بىر مۇھىم ۋاستىسى، شۇنداقلا فېئوداللىق دۆلەت فۇنكسىيەسىدىكى



www.uyghurkitap.com

زور كەشپىيات بولۇپ قالدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دانىيەلىكلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى (تۇنجى قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق سالنامىدە 787 ـ يىلى دېيىلگەن) پادىشاھلىقلارنىڭ بىرلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. 825 ـ يىلى ۋېسسېكس پادىشاھى ئېگبېرت (802 ــ 839) ئېللاندۇنى جېڭىدە مېرسىيەنى مەغلۇپ قىلدى، باشقا پادىشاھلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنى «بىرىتانىيەنىڭ ھۆكۈمرانى» دەپ ئېتىراپ قىلدى، ئەنگلىيە بىرلىككە كېلىشكە باشلىدى. «ئېنگلاند» دېگەن ناممۇ ئالاھازەل شۇ چاغدىن باشلاپ قوللىنىلغانىدى.

ئەنگلىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشى ئىمپېراتور ئالفرېد (871 ــ 899) بولۇپ، ئۇ ھاياتىدا تۆت چوڭ ئىشنى قىلدى: بىرىنچى، دانىيەلىكلەر بىلەن 30 يىلغا يېقىن كۈرەش قىلدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئېنگلاند پۈتۈنلەي دېگۈدەك دانىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئالفرېد 100 ئۇرۇش كېمىسىدىن تەركىب تاپقان كېمە ئەترىتى تەشكىللەپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دانىيەلىكلەرنى 879 ـ يىلى ۋېدمىل كېلىشىمنامىسىگە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. تايمىس دەرياسىنىڭ شىمالى «دانىيەلىكلەر رايونى»، تايمىس دەرياسىنىڭ جەنۇبى بىلەن لوندون ئالفرېدنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا ئايرىلدى. ئىككىنچى، مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يەر ئىنئام قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قوشۇننى تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى، بۇ كېيىنكى فېئودال رىتسارلارنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، فرانك پادىشاھلىقىدىكى چارلېز مارتېلنىڭ ئىسلاھاتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسلاھات ئىدى. ئۈچىنچى، ئاقسۆڭەكلەر پەرزەنتلىرى مەكتىپىنى قۇرۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلىدى. ئۇ ئىلىم ـ پەن مۇكاپاتى تارقاتتى، چەت ئەللىك ئالىملارنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئوردىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. ئالفرېد يەنە ئەنگلىيە

ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى بىد (673 ـ 735) نىڭ «ئېنگلاند مىللىتىنىڭ دىنىي جەمئىيەت تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن پۇتىئۇسنىڭ «پەلسەپىنىڭ تەسەللىسى» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ شېۋىسىدە تەرجىمە قىلىشنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەدىمكى ئېنگېلس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ سالنامە تۈزۈش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئانگلو ـ ساكسون سالنامىسىگە ئاساس سېلىندى. تۆتىنچى، قانۇن تۈزدى، بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئانگلو ـ ساكسون پادىشاھلىقىنىڭ قانۇنلىرىنى رەتلەپ توپلاپ چىقتى، مانا بۇ ئەنگلىيە تارىخىدىكى مەشھۇر «ئالفرېد قانۇنى»دۇر. قانۇندا فېئوداللار ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقى تەكىتلەندى، ئۇنىڭ تۆتىنچى ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «كىمكى (كوممۇنا دېھقانلىرى) ئۆزىنىڭ فېئودال يەر ئىگىسىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ۋە مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك ياكى ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن فېئودال يەر ئىگىسىگە خۇن ھەققى بەرسىمۇ بولىدۇ.» قانۇندا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: بېقىندى دېھقانلارنىڭ ئىختىيارىي كۆچۈشىگە يول قويۇلمايدۇ، ۋالىينىڭ ئىسپاتى بولغاندىلا ئاندىن كۆچۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئودال يەر ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە تەۋە كىشىلەرگە نىسبەتەن قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر پاناھلانغۇچى ئىلگىرى باشقا جايدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنى ھازىر پاناھىغا ئالغان كىشى پادىشاھقا 120 شىللىڭ جەرىمانە تۆلىشى شەرت.

ئالفرېدنىڭ ۋارىسى ئېدۋارد (899 — 924) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت ۋە غايىبتىن كەلگەن بالا ـ قازا تۈپەيلىدىن ھۆر دېھقانلار ناھايىتى تېز ۋەيران بولدى. 991 ـ يىلىدىن 1014 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەدە جەمئىي يەتتە قېتىم 158 مىڭ فوند ستېرلىڭ (ھازىرقى

پۇلغا سۇندۇرغاندا 10 مىلىيون فوند ستېرلىڭ) «دانىيە ئالتۇنى» تاپشۇردى. 1018 - يىلى كانىيۇت پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە 82 مىڭ 500 «دانىيە ئالتۇنى»نى قاقتى - سوقتى قىلدى. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى ھۆر دېھقانلارغا ئارتىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېزلەتتى. 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھۆر دېھقانلارنىڭ بېقىندى دېھقانلارغا ئايلىنىش جەريانى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. «ياسىېرىتىدان قانۇنى»نىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئىگىدارى (فېئودال يەر ئىگىسى) يوق كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىكىلەر سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىشى ھەمدە ئاممىۋى يىغىلىشتا ئۇنىڭغا بىر ئىگىدار تېپىپ بېرىشى كېرەك.»

11 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەنگلىيەدە ھۆر دېھقانلار بارا - بارا يوقىلىپ، فېئودال يەر ئىگىلىرىگە يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ئازراق ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل تۆلەيدىغان، بەزىدە يەنە ھاشارغا ئىشلەيدىغان خىلمۇخىل سالاھىيەتكە ئىگە بېقىندى دېھقانلار پەيدا بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆر دېھقانلىق سالاھىيىتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار پادىشاھ ئۈچۈن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى شەرت ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا «گوبل» لار، يەنى ھوقۇقسىز دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار فېئودالLارنىڭ يېرىگە باغلىنىپ قالغانىدى، ھەر ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ كۈن ھاشارغا ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر باج - سېلىق ۋە تۈرلۈك ئالۋان - ياساقلارنى تاپشۇراتتى. مەسىلەن، سان مىخائىل بايرىمى (9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) دا 10 پېنس ئىجارە ھەققى تۆلەيتتى. سان مارتىن بايرىمى (10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)دا 23 بوشېل (بوشىل — ھەجىم بىرلىكى، خاند دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئارپا، ئىككى مېكىيان قاتارلىقلارنى تاپشۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «كاتېل» دەپ ئاتىلىدىغان «كەپىدە ئولتۇرىدىغان دېھقان»لار بولۇپ، ئۇلار ئاران بەش ئاكر(بەش ئىنگلىز موسى 4046.86 كىۋادرات مېتىرغا باراۋەر) يەرنى تېرىيتتى، كۈزلۈك يىغىمنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا فېئودال يەر ئىگىلىرى ئۈچۈن ھەپتىدە ئۈچ كۈن ئەمگەك

قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئالۋان ـ ياسىقىمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 1066 ـ يىلى نورمانلار ئىستېلا قىلىشتىن ئىلگىرى يەنىلا %12 ھۆر دېھقان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىق «دانىيە رايونى»غا مەركەزلەشكەنىدى.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىككىنچى باب

# غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى

## 1 ـ بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئەھلىسەلىبنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى

### 1. غەربىي ياۋروپادا شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

**شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى** غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى شەھەرلەر خارابىلىشىپ، قېلىپ قالغان شەھەرلەر، ئالايلۇق، رىم، مىلان، پارىژ، لىئون، لوندون، كولۇن ۋە ترىئېر قاتارلىقلار ئىقتىساد مەركىزىلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ، فېئودال كىنەزلەر، دىنىي جەمئىيەت ئېپىسكوپلىرىنىڭ سىياسىي مەركىزىلىك ئورنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپانىڭ سودا ـ سانائەت مەركىزىي شەھەرلىرى قەدىمكى تارىختىن تەييار مىراس قالمىغان، بەلكى 10 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە قاچقۇن يانچىلار قايتا قۇرۇپ چىققان، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى يانچىلاردىن دەسلەپكى شەھەرلەرنىڭ شەھەر ئەتراپى ئاھالىلىرى پەيدا

بولغان»①. پەيدا بولۇشى كېيىن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولۇش ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ شەھەر ئاپتونومىيەسىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ فېئودال تەپرىقىچىلىككە قارشى تۇرۇشى — غەربىي ياۋروپادا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنى تېزلەتتى.

غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق جەمئىيەت شەكىللەنگەن دەۋردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك زىچ بىرلەشتى. 10 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇكسەلدى. تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىنىشى، بولۇپمۇ ئات بىلەن تارتىدىغان چاقلىق تۆمۈر ساپان بىلەن ئىككى كاندۇكلۇق ۋە ئۈچ كاندۇكلۇق تېرىش تۈزۈمىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى، شۇنىڭدەك بوز يەرلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىمۇ ئۆستى. ئاساسلىق دانلىق زىرائەتلەر، ئالايلۇق، ئارپا، بۇغداي ۋە كۆك پۇرچاقنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىش سەۋىيەسى ئىككى ھەسسىدىن بەش ھەسسىگە، ھەتتا ئالتە ھەسسىگە يەتتى. ئۈزۈم، مېۋىلىك دەرەخ قاتارلىق باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىقمۇ راۋاجلاندى. توگمەننىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ كەڭ ئومۇملاشتى، 1086 ـ يىلى ئەنگلىيەدىلا 5000 توگمەن بار ئىدى. بۇ چاغدا نېدىرلاندىيەدە

① ماركس، ئېنگېلس: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 273 ـ بەت.

يەنە شامال تۈگمەنى كەشىپ قىلىندى. ئاتنىڭ تېرە بويۇنتۇرۇقى① بىلەن تاقىسى قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى ياخشىلىنىپ، ئات ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان ھايۋان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە ئاتنى قاتار قوشۇپ ئېغىر ساپاننى تارتىشقا ياكى ھارۋىغا قوشۇشقا بولىدىغان بولدى. شامال تۈگمەنى بىلەن ئات كۈچى ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى②. 10 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە غەربىي ياۋروپادا كانچىلىق، مېتال تاۋلاش، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئاشلاش، ساپالچىلىق، ئۇن تارتىش ۋە بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مۇكەممەللەشتى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەلىكىلىك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مەخسۇس تارماققا ئايلاندى، ئادەتتە دېھقانلار قوشۇمچە ئىشلىمەيدىغان بولغاچقا، قورۇقتىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشلەپچىقارغان ئېشىندى مەھسۇلاتلار ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن تاۋارلارنىڭ سالمىقى ئېشىشقا باشلىدى، ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان يەككە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت ئۇزۇن جەريان تەدرىجىي باشلاندى. دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ يانچىلار ۋە باشقا بېقىندى دېھقانلارنىڭ فېئوداللارغا قارشى سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭمۇ نەتىجىسىدۇر. كەسىپلەشكەن قول ھۈنەرۋەن

① بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاتنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان بويۇنتۇرۇق ئاتقا ئېغىر يۈك ئارتىلغاندا ئاتنىڭ بوغۇزىنى ئاسانلا قىسىۋالاتتى.

② پالمېر، جول كولتۇن بىرلىشىپ يازغان «يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 23 ـ بېتىگە قاراڭ، نيۇيورك، 1978 ـ يىلى.

www.uyghurkitap.com

يانچىلار فېئوداللارنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن فېئوداللارنىڭ قورۇقلىرىدىن كېتىشكە باشلىدى①. قېچىش فېئوداللارغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر، يانچىلار قورۇقلاردىن قېچىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ئەپلىك بولغان يەرلەرگە باراتتى، ئالايلۇق، فېئوداللارنىڭ قەلئەلىرى، ئېپىسكوپلار تۇرۇشلۇق جايلار، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ ئەتراپى ۋە قاتناش قولايلىق بولغان كېچىك پورت، مۇھىم يول، مۇھىم ئۆتكەل قاتارلىق يەرلەر. بۇ قول ھۈنەرۋەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە ئاھالە تەدرىجىي كۆپەيدى، ئۆتكەن ـ كەچكەن سودىگەرلەر ۋە ئالماشتۇرۇش كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرلەر پەيدىنپەي سودا ـ سانائەت مەركەزلەشكەن شەھەرلەرگە ئايلاندى. غەربىي ياۋروپادا: «شەھەرنىڭ ھاۋاسى كىشىگە ھۆرلۈك ئاتا قىلىدۇ»، دەيدىغان بىر تەمسىل بار. 1168 ـ يىلى سانتوتومېل شەھىرى شەھەرگە كىرگەن يانچىلارنى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ تۇتۇپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1227 ـ يىلى ئەنگلىيە پادشاھى ھېنرى III كلاۋچېست شەھىرىگە ئالاھىدە ئىجازەتنامە بېرىپ، شەھەردە بىر يىل بىر كۈن تۇرغان يانچى ھۆر كىشىگە ئايلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەرلەر يانچىلار ۋە باشقا بېقىندى دېھقانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلار بەس ـ بەستە شەھەرلەرگە قاچتى.

11 ـ ئەسىردىكى رېين دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى شەھەر كولۇن ئانچە چوڭ بولمىغان سودىگەر مەھەللىسى ئىدى، ئۇ

---

① بەزى يانچىلار ئىجارە تاپشۇرۇش ۋە سېتىۋېلىش ئارقىلىق قورۇقلاردىن ئايرىلاتتى، ئالايلۇق، ئەنگلىيەنىڭ «ئاخىرقى زامان ھۆكۈمنامىسى» ناملىق كىتابىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەزى قول ھۈنەرۋەنلەر ئەسلىي قورۇق ئىگىسىگە ئالۋان ـ ياساق ئورنىدا «ئالتە دانە خورما بېرەتتى» ياكى «20 تۆمۈر نۆكچە بېرەتتى»، بەزىلىرى بىرنەچچە پېنس بېرەتتى، بەزىلىرى ھەتتا ئەسلىي قورۇق ئىگىسىگە ھاشارغا ئىشلەپ بېرەتتى.

1180 ـ يىلىغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ داڭلىق سودا ـ سانائەت شەھىرىگە ئايلاندى، ئۇنىڭ كۆلىمى رىم دەۋرىدىكى كونا شەھەرنىڭ كۆلىمىدىن ئىككى ھەسسە كېڭەيدى. مەزكۇر شەھەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى قورۇقلاردىن قېچىپ چىققان يانچىلار ئىدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، غەربىي ياۋروپادا نۇرغۇن يېڭى شەھەرلەر ئۇزۇكسىز بارلىققا كەلدى، بەزى كونا شەھەرلەرنىڭمۇ ئاھالىسى كۆپەيدى، سودا ـ سانائەتنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىدىن فېئودال يەر ئىگىلىرى قەلئەلىرىنىڭ ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەنلىرىنىڭ نامى «بۇرگ» بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئالايلۇق، ستراسبۇرگ قاتارلىقلار، لېكىن پۈتۈنلەي شۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. چېركاۋ ـ موناستىرلار ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن شەھەرلەرنىڭ نامى «ساينت» بىلەن باشلىنىدۇ، ئالايلۇق، ساينت زېمىن، ساينت ياربان قاتارلىقلار؛ دەريا ـ كېچىكلەر ئەتراپلىرىدا بارلىققا كەلگەن شەھەرلەردىن ئەنگلىيەدە ئوكسفورد، گېرمانىيەدە ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇد، فىرانسىيەدە سېينا دەرياسى بويىدىكى پارىژ شەھىرى قاتارلىقلار بار.

غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرى ئالدى بىلەن ئىتالىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەم قەدىمكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسى ساقلىنىپ قالغان، ھەم شەرق بىلەن سودا قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىتالىيەنىڭ ۋېنىتسىيە، ژېنوۋا، فلورېنسا ۋە فىرانسىيەنىڭ مارسېل، ناپېڭئاررى قاتارلىق شەھەرلىرى دەسلەپكى تۈركۈمدە قايتىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەرلەردۇر. سەل كېيىن نېدېرلاندىيە ۋە رېين دەرياسى بويىدىكى جايلاردا برۇژې، گېنت، ئانتۋېرپ قاتارلىق شەھەرلەر پەيدا بولدى ۋە گۈللەندى.

**شەھەرلەردىكى فېئودال يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۈرەش ۋە شەھەر**

ئاپتونومىيەسى غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دەھرىي فېئودال يەر ئىگىلىرى شەھەرلەردىكى سودا ـ سانائەتنىڭ ئۆزلىرىگە كىرىم مەنبەسى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەممىشە قاچقۇن يانچىلارنى ئۆز تەۋەسىگە كېلىشكە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۆزى ياكى تەيىنلىگەن ئەمەلدارلىرى شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىيىتى ۋە ئەدلىيەسىنى باشقۇرۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى خىلمۇخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلدى. فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ قايتا ئېزىشىگە ئۇچرىغان شەھەر ئاھالىلىرى فېئودال يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۆرەشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى.

شەھەرلەردىكى فېئودال يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۆرەش شەھەرلەر يېڭى پەيدا بولغان چاغدا باشلىنىپ، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەۋجىگە چىقتى. شەھەر ئاھالىلىرى كۆرەش جەريانىدا «كومموُنا» قۇردى؛ فېئودال يەر ئىگىلىرى كومموُنانىڭ ھەرىكىتىنى قورallىق باستۇردى. فېئودال يەر ئىگىلىرى پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، بەزى بىر قەدەر باي شەھەرلەردە فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشتا سېتىۋېلىش چارىسى قوللىنىلدى؛ بەزى شەھەرلەردە قورallىق كۆرەش قىلىش ۋاستىسى قوللىنىلدى؛ يەنە بەزى شەھەرلەردە بولسا بۇ ئىككى ئۇسۇل نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلدى. مەسىلەن، لائون قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر ئۇزۇن مۇددەت تەكرار كۆرەش قىلىش ئارقىلىق شەھەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مىلاندا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ باش ئېپىسكوپ ئالبېرتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرىشى پارتلىدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مىلاندىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن سودىگەرلەر يەنە باتالىيېن① ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دەھرىي

① «باتالىيېن» مىلان شەھىرىدىكى رەخت توقۇش ئىشچىلىرى، يەككە يۇڭ توقۇلما سودىگەرلىرى ۋە تىككۈچىلەر رايونىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

فېئودال يەر ئىگىلىرىگە، بولۇپمۇ روھانىي فېئودال يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مىلان شەھىرىدىكى ئاھالىلەر كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشتى. لائون فىرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئەڭ باي شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق مەركىزى ئىدى. لائونغا نەپسى يامان ئېپىسكوپ گوۋدرى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. 12 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، لائون شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئىنتايىن نۇرغۇن پۇل تۆلەپ ئېپىسكوپ بىلەن پادىشاھ لوئى VI (1108 — 1137)دىن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى سېتىۋالغانىدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا گوۋدرى ئەھدىدىن يېنىۋېلىپ، لائونغا قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولدى، 1112 - يىلى غەزەپلەنگەن شەھەر ئاھالىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، «كوممۇنا» شوئارىنى ياڭرىتىپ، گوۋدرى ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنى ئۆلتۈردى. لوئى VI ۋە فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى قوشۇن ئەۋەتىپ لائوننى ئىشغال قىلىپ، كوممۇنانى مەجبۇرىي ئەمەلدىن قالدۇردى. لائون شەھىرىدىكى ئاھالىلەر كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، 1128 - يىلى يەنە بىر قېتىم لوئى VI نىڭ ئالاھىدە ئىجازىتى بىلەن قايتىدىن كوممۇنا قۇرۇلدى. لائون كوممۇناسى دەھشەتلىك مۇھىتتا ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

باشقا نۇرغۇن شەھەرلەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۈرەشلەر بولدى.

ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى ۋېنىتسىيە، ژېنوۋا، فلورېنسا قاتارلىق شەھەرلەردە مۇستەقىل شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلدى. تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن شەھەرلەر پەقەت پادىشاھ ياكى فېئودال يەر ئىگىسىگە نورمىسى بېكىتىلگەن باج - سېلىق تۆلىسىلا بولاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى سايلىغان شەھەر پارلامېنتى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، ئۇ سىياسەت بەلگىلەش، قانۇن - پەرمانلارنى تۈزۈش ۋە پۇل قۇيۇش

ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. شەھەرلەردە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن شەھەر باشلىقى، سوتچى قاتارلىق باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مالىيە قاتارلىق چوڭ ھوقۇقلارنى يۈرگۈزەتتى. شەھەرلەرنىڭ بۇنداق ئاپتونومىيەلىك تەشكىلىي شەكلى ئەسلىدىكى ماركتىن كېلىپ چىققان① بۇنىڭدىن باشقا بەزى شەھەرلەر، ئالايلۇق، فىرانسىيەنىڭ پارىژ، ئورلېئان، لىئون ۋە ئەنگلىيەنىڭ لىنكولن، ئوكسفورد قاتارلىق شەھەرلىرى پەقەت تولۇق بولمىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى پادىشاھ ۋە شەھەر ۋەكىللىرى بىرلىكتە باشقۇراتتى. يەنە بەزى كىچىك شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا مادارى يەتمىگەنلىكتىن، يەنىلا فېئودال مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايتتى.

كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى كۆرىشى شەھەرلەردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورنى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدۇر. دۇكان غوجايىنى (كاسىپ، ئۇستا)نىڭ قول ئاستىدا ئىككى ـ ئۈچ مەدىكار ۋە شاگىرت بولاتتى. دۇكان غوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى، مەدىكارلار، شاگىرتلار بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، يەككە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. دۇكان غوجايىنىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بار بولۇپ، دۇكان غوجايىنى بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدا پاترىئارخاللىق ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. شاگىرت ئۇستىسىنىڭ قول ئاستىدا ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە شاگىرتلىقتا ئىشلەپ، قەرەلى توشقاندىن كېيىن، ئۇستىسىنىڭ دۇكىنىدا مەدىكار سۈپىتىدە يەنە بىر نەچچە يىل ئىشلىشى شەرت ئىدى. مەدىكارغا ئازراق ئىش ھەققى بېرىلەتتى.

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 19 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 361 ـ بەتكە قاراڭ.

مەدىكار كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىپ غوجايىن بولاتتى. ئالايلۇق، گېرمانىيەنىڭ لۇبېك شەھىرىدىكى زەرگەرلەر ئۇيۇشمىسى مۇنداق بەلگىلىگەن: ئۇستا دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بىرىنچىسى، نەپىس ئۈزۈك ياسىيالىشى؛ ئىككىنچىسى، توي بىلەزۈكى (ئەنگلىيەچە نەقىشلەنگەن) ياسىيالىشى؛ ئۈچىنچىسى، شەمشەر سېپىغا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر كۆكى رەڭلىك ھالقا ياسىيالىشى، كاسىپلاردىن تەركىب تاپقان باھالاش كومىتېتى تەستىقلىغاندىن كېيىن، يەنە زىياپەت بېرىشى كېرەك. ئومۇمەن، ئۇستا دېگەن نامغا ئېرىشىش ئىنتايىن تەس ئىدى. شاگىرتلارنىڭ ھالى ئېچىنىشلىق بولۇپ، قاچقۇن شاگىرتلارنى باشقا كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى قوبۇل قىلمايتتى.

قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش، فېئودال كۈچلەرنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇش، شەھەرلەرگە قېچىپ كىرگەن يانچىلارنىڭ رىقابىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ تەشكىلات كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتىلاتتى. كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى شەھەر بىلەن تەڭ دېگۈدەك بارلىققا كەلگەنىدى. كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىغا قاتناشقان دۇكان غوجايىنلىرى غوجايىنلار دەپ ئاتىلاتتى. كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشمىغان قول ھۈنەرۋەنلەر دۇكان ئاچالمايتتى، كېيىن ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەردە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ئالايلۇق، يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسىپىدىن يىپ ئېگىرىش، توقۇش، بوياقچىلىق، يۇڭ تىتىش قاتارلىق كەسىپلەر ئايرىلىپ چىقىپ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى، تۆمۈرچىلىك كەسىپىدىن قورال ـ ياراغ ياساش، قازانچىلىق، پىچاقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر ئايرىلىپ چىقىپ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. بىر شەھەردە كۆپ ھاللاردا نەچچە ئون ياكى يۈز نەچچە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى بار

ئىدى.

كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان سورۇنى بار ئىدى. ئۇنىڭ كاتتىباشلىرى، ئالايلۇق ئۇيۇشما رەئىسى، نازارەتچىسى قاتارلىقلار ئەزالارنىڭ چوڭ يىغىنىدا سايلىناتتى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ دۇكان ئۈسكۈنىلىرى، مەھسۇلاتىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى، خام ئەشيا ـ ماتېرىيال ۋە مەھسۇلات ئۆلچىمى، مەھسۇلاتنى سېتىش باھاسى، دۇكاندىكى ئادەم سانى، شاگىرتلىق مۇددىتى، شاگىرت، مەدىكارلارنىڭ تەمىناتى ۋە ئەمگەك كۈنىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى قاتارلىقلارغا دائىر قاتتىق بەلگىلەنگەن نىزامنامىلىرى بار ئىدى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتىلا ئەمەس، ئۇ يەنە ھەربىي تەشكىلاتلىق، دىنىي تەشكىلاتلىق ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيۇشما ئەزالىرىغا پايدىلىق بولغان پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان فوندلىرى بار ئىدى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئالدامچىلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇشتا ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەر قايسى ئەزالارنىڭ باراۋەر مەنپەئەتىنى ساقلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى كۈچلۈك بولغان شەھەرلەردە كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىغا ئەزا بولۇش ـ بولماسلىقنىڭ شەھەر ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن مۇكەممەل شەھەر ئاھالىسى ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ـ بولماسلىق بىلەن ناھايىتى زور مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

دەسلەپتە شەھەرلەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەر كۆپىنچە سودا

بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان، يەنى دۇكاننى ئارقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدى تەرەپتە تاۋار ساتىدىغان ماگىزىن ئاچاتتى. سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كەسپىي سودىگەرلەر پەيدا بولدى. دەسلەپتىكى سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇقىم سودا قىلىدىغان ئورنى يوق سودىگەرلەر ئىدى. سودىگەرلەر بازاردىكى مونوپوللۇق ئورنى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزدى، بۇ ئىتتىپاق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى. ھەر بىر شەھەردە ئادەتتە بىر سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بولاتتى، بەزى شەھەرلەردە بولسا تىجارەت تۈرى بويىچە يۇڭ توقۇلما سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىسى، مىلىچ مال سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىسى ۋە يېمەكلىك سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغانىدى. يەنە بىر قانچە شەھەردىكى سودىگەرلەر خەلقئارالىق شەھەر ئىتتىپاقى — سودىگەرلەر بىرلەشمىسى قۇردى. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ داھىيلىرى ۋە جازانىخورلار، شەھەرلەردىكى چوڭ ئۆي - زېمىن خوجايىنلىرى قاتارلىقلار شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار شەھەر پارلامېنتى بىلەن شەھەردىكى بارلىق چوڭ ھوقۇقلارنى كونترول قىلىۋېلىپ، تاشقى سودىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، ھەتتا باجدىن پايدىلىنىپ ئاشلىق، تۇز، گۆش سېتىشنى مونوپول قىلىۋېلىپ قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىدىن شەھەر ھاكىمىيىتىنى تالىشىش كۈرىشىنى پەيدا قىلدى، مانا بۇ «كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى ئىنقىلابى»دۇر.

بۇ كۈرەش 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، بەزى شەھەرلەردە قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلاندى. 1293 ـ يىلى فلورېنسادىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، چوڭ سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆرنىاتتى. كولۇن،

ئاۋگوسبۇرگلاردىكى كۆرەشلەرنىڭ نەتىجىلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ئەڭ چوڭ كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، يەنە كېلىپ ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىۋالغان يۇقىرى تەبىقىدىكى ئۇنسۇرلار ھەمىشە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، چوڭ غوجايىنلار ۋە چوڭ سودىگەرلەرگە پايدىلىق سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلدى. بەزى شەھەرلەردە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە كۈچىنى ساقلاپ قالدى، كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شەھەر پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەش ھوقۇقىنىلا قولغا كەلتۈرەلىدى، ئالايلۇق، گېرمانىيەدىكى ستراسبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەر. بۇنىڭدىن باشقا بەزى شەھەرلەردە باي سودىگەرلەرنى ئاساس قىلغان شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى، ئالايلۇق، ھامبۇرگ، ۋېنېتسىيە ۋە ژېنوۋا قاتارلىقلار.

**كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئاۋام پۇقرالارنىڭ شەھەر ئېكسپلاتاتورلىرىغا قارشى كۈرىشى** 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك پائالىيەتلىرىنى يەككە ئىشلەپچىقىرىش ۋە كونا تېخنىكا دائىرىسىدە تۈزۈلگەن كونا ئۇيۇشما نىزامنامىسى بىلەن چۈشەپ قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئۈزۈكسىز كېڭىيىۋاتقان بازارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاز ساندىكى چوڭ دۇكان غوجايىنلىرى كونا بەلگىلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مەشغۇلات تېخنىكىلىرىنى قوللاندى، مەدىكارلار بىلەن شاگىرتلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى، ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتتى. ئۇلار ۋە بەزى سودىگەرلەر يەنە خام ئەشيا سېتىۋېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان بەزى كىچىك دۇكان غوجايىنلىرىنى خام ئەشيا ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەشكە مال زاكاز قىلىش، پۈتكەن مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن

ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كىچىك دۇكان غوجايىنلىرى كۆنسېرى نامراتلىشىپ، ئاخىرىدا ياللانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. بەزى بېيىغان باي غوجايىنلار بىلەن سودىگەرلەر كاپىتالىستقا ئايلىنىشقا باشلىدى.

رىقابەت كەسكىنلەشكەندىن كېيىن، ئادەتتىكى غوجايىنلارمۇ مەدىكار، شاگىرتلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتتى. ئۇلار شاگىرتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتتى، بەزىلىرى ھەتتا 10 يىلدىن ئاشۇرۇۋەتتى. غوجايىنلار ھەتتا شاگىرتلارنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىپ پايدا ئالدى. ئۇلار ھەر خىل ئېغىر شەرتلەرنى قويۇپ مەدىكارلارنىڭ دۇكان غوجايىنى بولۇشىنى چەكلىدى، مەسىلەن، مەلۇم دەرىجىدە مۈلكى بولغاندىلا ئاندىن دۇكان ئېچىشقا ئىلتىماس قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىش، تېخنىكىلىق سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مەھسۇلاتنى تەجرىبە قىلىشقا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش، ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇشقا يۇقىرى سوممىلىق ھەق ئېلىش ۋەھاكازالار. يەنە بەزى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئەزالارنىڭ سانىغا چەك قويدى، پەقەت بىرەر ئەزا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنى بوشىغاندا، ئاندىن يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە غوجايىنلارنىڭ ئوغلى، كۈيئوغلىدىن باشقا، ئادەتتىكى مەدىكارلار «مەڭگۈلۈك ياللانما مەدىكار» بولۇشقا مەجبۇر بولدى. مەدىكارلار كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ۋاقتىنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» تەشكىللەپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلدى.

ۋەيران بولۇپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دۇكان غوجايىنلىرى، مەدىكارلار، شاگىرتلار ۋە ھامباللار، كۇنلۇكچىلەر، شۇنىڭدەك شەھەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن باشقا نامراتلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغان، سىياسىي جەھەتتە شەھەر ئاھالىسىلىق ھوقۇقى بولمىغان شەھەر ئاۋام پۇقرالىرى

تەبىقىسىنى شەكىللەندۈردى. باي سودىگەرلەر بىلەن باي قول ھۈنەرۋەنلەر بولسا شەھەر ئاھالىسى ستىنىپىنى[1] شەكىللەندۈردى.

14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە، لوندون، ستراسبۇرگ ۋە فرىيبۇرگلاردا مەدىكارلارنىڭ كۆرىشى يۈز بەردى. بەزى شەھەرلەردىكى ئاددىي پۇقرالار قورallıق كۆرەشنى قانات يايدۇردى، 1378 ـ يىلى فلورېنسادا كۆتۈرۈلگەن «يۇڭ تىتىش ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى» بۇنىڭ بىر گەۋدىلىك مىسالىدۇر.

**تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى** ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەرلەر ھەم قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركىزى ھەم سودا مەركىزى ئىدى. قول ھۈنەرۋەنلەر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار كۆپەيگەنسېرى نورمال سودا پائالىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇقەررەر ھالدا كېڭەيدى. 11 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە غەربىي ياۋروپا سودىگەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھەممە يەردە قاتراپ يۈرىدىغان سودىگەرلەردىن شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ماگىزىنى، سودا سارىيى بار سودىگەرلەرگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ تىجارەت دائىرىسى بارا ـ بارا ئۆزلىرىنىڭ رايون دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، ئۇلار ئۆز رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزگىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى باشقا جايلارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆز رايونىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ئېھتىياجلىق بولغان خام ئەشيالارنى، باشقا جايلارنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆز رايونىغا ئەكېلىپ ساتتى.

رايونلار ئارا سودا بىلەن خەلقئارا سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە غەربىي ياۋروپادا ئىككى مۇھىم سودا رايونى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، قەدىمدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا دېڭىز سودا

[1] يەنى، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە. ئۇ ئىلگىرىكى بارلىق شەھەر ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدىغان شەھەر ئاھالىسى دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئوخشىمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

رايونىدۇر. ئىتالىيەنىڭ ۋېنىتسىيە قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى سودىگەرلەر شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار شەرقتىن خۇش پۇراق ماتېرىياللار، يىپەك، پاختا رەخت، پاختا، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ، شەرققە ياغاچ ماتېرىياللىرى، يۇڭ توقۇلما، مېتال چىقىراتتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا تەتۈر بالانسنى قىممەتلىك مېتاللار ئارقىلىق تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. ئىككىنچى مۇھىم رايون شىمالىي ياۋروپا، يەنى شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزى سودا رايونىدۇر، بۇ رايوندا فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى كېيىنرەك ئورنىتىلغان بولغاچقا، شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئوتتۇرا دېڭىز بويى رايونىدىكى شەھەرلەردىن سەل كېيىن باشلانغانىدى. بۇ يەردە فلاندرىدىكى شەھەرلەر، بولۇپمۇ بىرۆژې مەركەز قىلىنغانىدى. رۇسىيەنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى، يۇڭلۇق تېرىسى، ھەسلى، نورۋېگىيەنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى، شۋېتسىيەنىڭ مېتاللىرى، گېرمانىيەنىڭ ئاشلىقى، زىغىرى ۋە ئەنگلىيەنىڭ قوي يۇڭى، فلاندرنىڭ يۇڭ توقۇلمىسى شىمالىي ياۋروپا رايونىنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت بۇيۇملىرى ئىدى. 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلغان ھانزا ئىتتىپاقى شىمالىي ياۋروپا سودا رايونى تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

بۇ ئىككى چوڭ دېڭىز بويىدا سودا رايونىنىڭ ئالاقىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئىككى يول بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ئالپ تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ياۋروپانى كېسىپ ئۆتۈپ شىمالغا ياكى فلاندرغا بارىدىغان يول؛ يەنە بىرى، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى گىبرالتار بوغۇزىدىن چىقىپ، ئاندىن ئەنگلىيەگە ۋە شىمالىي دېڭىزدىكى ھەر قايسى پورتلارغا بارىدىغان يول. 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە ئالدىنقىسى ئاساسلىق يول ئىدى. ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن شىمالىي دېڭىزدىكى ھەر قايسى پورتلارنىڭ قاتناش

تۇگۇنگە جايلاشقان فىرانسىيە چامپاگنى كىنەزىنىڭ خوجىلىق زېمىنى تاۋار توپلىنىدىغان ـ تارقىتىلىدىغان مۇھىم بازار بولۇپ، بۇ بازارنىڭ خەلقئارادا داڭقى بار ئىدى. 12 ـ ئەسىردە چامپاگنېدا 50 تىن ئارتۇق كەسپىي بازار بار بولۇپ، بۇ يەردە يىل بويى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى، ئالايلۇق، مىلاننىڭ قىلىچ ـ شەمشىرى، فىرېنزېنىڭ سوكنىسى، شىمالىي ياۋروپانىڭ كۆن ـ خۇرۇم ماللىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنىڭ سودىسى بولۇپ تۇراتتى. كېيىن چامپاگنى كىنەزىنىڭ خوجىلىق زېمىنى فىرانسىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن پادىشاھنىڭ ئېغىر باج ـ سېلىقى، فېئوداللىق ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن سودىگەرلەر ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. كېيىن جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى سودا رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسلىق دېڭىز يولى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلدى. جۇڭگو قاتارلىق شەرق دۆلەتلىرىنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن فارفور بۇيۇملىرى، يىپەكى، ئۈنچە ـ مەرۋايىتى ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى سۇ يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇلۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ تاۋار ـ پۇل ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

خەلقئارا سودا تەرەققىي قىلغانلىقتىن غەربىي ياۋروپادا ئالاھىدە كارخانا بولغان بانكا بارلىققا كەلدى. پۇل ئالماشتۇرغۇچى سودىگەرلەر بانكا كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئەينى چاغدا ياۋروپادىكى ھەر قايسى پۇل سىستېمىلىرى قالايمىقان، پۇللارنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ، پۇل ئالماشتۇرغۇچى سودىگەرلەر پۇلنى رەڭگىگە قاراپ تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى ھەمدە پۇل ئالماشتۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. پەرقلەندۈرۈش، ئالماشتۇرۇش ۋە ساقلاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كېيىن پۇل ئالماشتۇرىدىغان

سودىگەرلەر تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە تۇرۇشقا ۋاكالەتچىلىرىنى ئەۋەتتى، چەتكە سودا قىلىشقا چىقماقچى بولغان سودىگەر پۇللىرىنى پۇل ئالماشتۇرغۇچى سودىگەرگە تاپشۇرۇپ دوكومېنت ئېلىۋالسىلا، كۆزلىگەن جايغا بېرىپ پۇل ئالماشتۇرغۇچى سودىگەرنىڭ ۋاكالەتچىسىدىن پۇل ئالالايتتى. بۇنداق دوكومېنت پېرېۋوت چېكى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ چاغدا كرېدىت كەسپىمۇ راۋاجلاندى، ئالماشتۇرۇش كەسپى بىلەن كرېدىت كەسپى بانكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. بانكا ئەڭ بۇرۇن شىمالىي ئىتالىيەنىڭ لومباردى رايونىدا بارلىققا كەلدى. دەسلەپكى بانكىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتالىيەلىكلەر ئىدى. شۇڭلاشقا، «بانكا»، «كرېدىت»، «ۋەيران بولۇش» دېگەن سۆزلەر ئىتالىيە تىلىدىن كەلگەن بولسىمۇ، پۈتكۈل ياۋروپادا ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولدى. ياۋروپا بويىچە تۇنجى بانكا ئەڭ دەسلەپتە 1346 ـ يىلى ژېنوۋادا قۇرۇلدى. بانكا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى دەسلەپتە 60% — 100% بولغانىدى. ئىتالىيەدىكى فلورېنسانىڭ بانكىلىرى رىم پاپاسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردىن پاپا ئوردىسىغا ۋاكالىتەن تۈرلۈك باجلارنى ئالغانىدى. پاپانىڭ كونۋېرگېنسىيەسى (يىغىۋېلىش دائىرىسى) كېڭەيگەنلىكتىن، بانكا كەسپىمۇ ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا فلورېنسالىق تارىخشۇناس ۋىلانى مۇنداق دېگەن: فلورېنسالىق بانكىرلاردىن ئىبارەت بۇ چوڭ جەمەت «ئۆزلىرىنىڭ سودىسى ئارقىلىق خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسىم سودىسى بىلەن قاتناش ـ تىرانسپورتىنى قوللاۋاتىدۇ.»① بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى فلورېنسانىڭ بانكا كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

① خېر خارت، د. پو. ۋالېي: «ئىتالىيەنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 139 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1975 ـ يىلى.

## 2. ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى

ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ سەۋەبى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ رىم پاپاسى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قولىدىن «مۇقەددەس جاي»نى تارتىۋېلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، غەربىي ياۋروپادىكى روھانىي فېئوداللار بىلەن چوڭ سودىگەرلەرنى قوزغاپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا 200 يىلغا يېقىن (1096 ــ 1276) تاجاۋۇزچىلىق يۈرۈشى قىلدى. «غازات» نامىدىكى بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرى بىلەن سودا تەرەققىي قىلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، غەرب فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرى گۈللەنگەندىن كېيىن، فېئودالارنىڭ نەپسى يوغىناپ، سىرتقا قارىتا زېمىننى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ بايلىق توپلىماقچى بولدى. 11 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغانىدى، فېئودال خوجىلىق زېمىنغا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلاتتى، قالغان ئوغۇللار يەرسىز رىتسارلارغا ئايلىناتتى، ئۇلار راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئۆگىنىپ قالغان تەييارتاپلاردىن بولغاچقا، ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۇلار سودىگەر ـ ساياھەتچىلەرنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى، يېڭى زېمىن ئىشغال قىلىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. شەھەرلىك سودىگەرلەر، بولۇپمۇ ۋېنىتسىيە، ژېنوۋالىق سودىگەرلەر سودىدا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي رايونىدىكى سودىنى مونوپول قىلىشقا، ئەرەبلەر بىلەن ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي رايونىدىكى سودا پورتلىرى بىلەن بازارلارنى تارتىۋېلىشقا

www.uyghurkitap.com

ئۆرۈندى، شۇڭا ئۇلار ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنى قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ھەتتا كىمە ئەۋەتىپ قوللىدى.

11 ـ ئەسىردە زۇلۇم ـ سىتەم ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن غەربىي ياۋروپا دېھقانلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. فىرانسىيەدە 11 ـ ئەسىردە جەمئىي 26 يىل قەھەتچىلىك يۈز بەردى. 1089 ـ يىلىدىن 1095 ـ يىلىغىچە غەربىي ياۋروپادا ئۇدا يەتتە يىل قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، قەھەتچىلىكتىن كېيىن ۋابا كېسىلى تارقالدى، ئاچارچىلىقتا جان تالىشىۋاتقان دېھقانلار مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى شەرقتىن تېپىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇلار فېئوداللىق كىشەندىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئەھلىسەلىپكە قاتناشتى.

رىم پاپاسى بىلەن غەربىي ياۋروپا كاتولىك دىنى جەمئىيىتى غەربىي ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ فېئودال يەر ئىگىلىرى بولۇش سۈپىتىدە سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا بەك ئىنتىلەتتى، ئۇلار يەرسىز رىتسارلار بىلەن نامرات دېھقانلارنىڭ دىققىتىنى شەرققە قارىتىپ، غەربىي ياۋروپا فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى يوقاتماقچى بولدى. پاپا كاتولىك دىنى جەمئىيەتىدىكىلەرنىڭ مەۋقەسىنى چىقىش قىلىپ، شەرققە تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق گىرېك پراۋوسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتىنى رىم پاپاسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئېلىپ، بىرلىككە كەلگەن خىرىستىيان دۇنياسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. يەنە تەسىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلام دۇنياسىغىچە كېڭەيتىشنى خام خىيال قىلدى.

11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئوبيېكتىپ ۋەزىيىتى غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولدى. 1055 ـ يىلى باغداد خەلىپىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سەلجۇق تۈركلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ

تاشلاندى. يەنە بىر چوڭ دۆلەت — ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى: ئۇنىڭغا شىمالىدىن پېچېنەكلەر، پولوۋسلار ھۇجۇم قىلغان بولسا، غەربتىن سىسىلىيەدىكى نورمانلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەمما، سەلجۇق تۈركلىرى ئىمپېرىيەگە تېخىمۇ زور تەھدىت سېلىۋاتاتتى. 1071 - يىلى مانسكېت (ئەرمېنىيە چېگراسى ئىچىدە) جېڭىدە سەلجۇق تۈركلىرى ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئىمپېراتور رومۇل IV نى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەلجۇق تۈركلىرى تېز ئىلگىرىلەپ كىچىك ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە كونستانتىنوپول بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىرلا كېلىدىغان نىتسىيەنى پايتەخت قىلغان رۇم سۇلتانلىقىنى قۇردى؛ يەنە فاتىمە خاندانلىقىنىڭ خوجىلىق زېمىنى بولغان سۈرىيە بىلەن پەلەستىنىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئىستېلا قىلدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا سەلجۇق تۈركلىرى بوسپورۇس بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، پېچېنەكلەر ۋىزانتىيەدىكى بىدئەتچىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ، 1086 - يىلى، 1088 - يىلى دوناي دەرياسى ئەتراپىدا ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى ھەمدە تراسقا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، كونستانتىنوپولغا قىستاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، سەلجۇق تۈركلىرى پېچېنەكلەر بىلەن بىرلىشىپ كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ئىمپېرىيەنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئالېكسىي I (1081 — 1118) بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى بىلەن رىم پاپاسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سەلجۇق تۈركلىرى 1092 - يىلى رۇم سۇلتانلىقىدىن باشقا، موسۇل، دەمەشىق، ھەلەب، ئانتاكىيە ۋە ترىپولىدىن ئىبارەت مۇستەقىل باش ۋالىي رايونلىرىغا بۆلۈنۈپ

كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى، غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقىمۇ مادارى يەتمەيتتى.

غەرب روھانىي فېئوداللىرى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ياردەم سورىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرققە تاجاۋۇز قىلىش تەييارلىقىنى تېزلەتتى ھەمدە تەپ تارتماستىن سەلجۇق تۈركلىرى «ئەيسانىڭ قەبرىسى»نى بۇلغىدى، تاۋاپ قىلغۇچىلىرىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدى دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. پاپا «غازات» قىلىپ، سەلجۇق تۈركلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقتىكى خىرىستىيانلارنى «قۇتقۇزۇش»قا چاقىرىق قىلدى. ئەمەلىيەتتە، «ئەيسانىڭ قەبرىسى» گە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزۈلمىگەنىدى، كىچىك ئاسىيادىن ئۆتىدىغان تاۋاپ قىلغۇچىلار گەرچە يەرلىكنىڭ تەرتىپى قالايمىقان بولۇپ، سەپەردە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىيىنچىلىقلار دىنىي بوزغۇنچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئېرۇسالېمغا بارىدىغان دېڭىز يولى راۋان بولۇپ، پەقەت ئازراقلا باج تۆلەشكە توغرا كېلەتتى.

ئەھلىسەلىپنىڭ بىرىنچى قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى پاپا ئۇربان II (1081 — 1099) ئەسلىدە كلۇنى مەزھىپىنىڭ روھانىيسى ئىدى. 1095 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كلېرمونتتا ئېچىلغان دىن يىغىنىدا قۇترانقۇلۇق قىلىپ، كلېرمونتتىكى ھەر قايسى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكىنى قوزغىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى فېئوداللارنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زوراۋانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن فىرانسىيەلىكلەرنىڭ شەرەپلىك نەتىجىلىرىدىن مىسال كەلتۈردى، ئۇ فېئودال يەر ئىگىلىرى، رىتسارلار ۋە دېھقانلاردىن قولىغا قورال ئېلىپ، «ئەيسانىڭ قەبرىسى» نى ئازاد قىلىش، «مۇقەددەس جاي» ئېرۇسالېمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشنى «كىرېستنىڭ ھىلال ئايغا قارشى تۇرۇشى» دىن ئىبارەت غازات دەپ ئاتىدى، جازا يۈرۈشىگە قاتناشقانلارنى «گۇناھتىدىن مەغپىرەت قىلىش» قا ۋەدە قىلىدى، جەڭدە قازا قىلغانلار ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە شەرقتىكى ماددىي مەنپەئەتنى يەمچۈك قىلىپ، «ئېرۇسالېم يەر ـ جاھاننىڭ مەركىزى، ئۇ مۇنبەتلىك ۋە مەمۇرچىلىقتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، شاد ـ خۇراملىققا تولغان يەنە بىر جەننەت»؛ «ھەممىلا يېرىدە سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدۇ»؛ «بۇ يەردە پەقەت غەم ـ قايغۇ بىلەن نامراتلىقلار بار، ئۇ يەردە بولسا، پەقەت شادلىق ۋە باياشاتچىلىقلار مەۋجۇت» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلۈدى. پاپانىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەر «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى» دەپ تۇۋلاشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كىيىمىگە قىزىل «كىرېست»نى جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تىكتى، شۇڭلاشقا ئەھلىسەلىپ (كىرېست بەلگىلىك ئارمىيە — تەرجىماندىن) دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاپا تۇۋرس، بوردېئاۋكس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ داۋاملىق قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

1096 ـ يىلى باھاردا، فىرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن گېرمانىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋەيران بولۇپ قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ كەتكەن 60 — 70 مىڭ دېھقان زور قوشۇن بولۇپ، قېرى ـ چۈرىلەرنى يۆلەپ، بالىلارنى يېتىلىگىنىچە رېين دەرياسى، دوناي دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ سۈرۈلدى. ئاشلىق يېتىشمىگەنلىكتىن ئۇلار يول بويى تىلەمچىلىك قىلىپ ماڭدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى كاللا كېسەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. بۇ قوشۇن يول بويى تۈيۈقسىز زەربىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. كىچىك ئاسىياغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى سەلجۇق تۈركلىرى ئاسانلا تارمار قىلدى، قېلىپ قالغان 3000 دېھقان كونستانتىنوپولغا قېچىپ كېلىۋالدى.



www.uyghurkitap.com

شۇ يىلى كۈزدە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ غەربىدىكى رىتسارلاردىن تۈزۈلگەن 30 ـــ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن شەرققە بىرىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىدى. ئۇلار لوررائىن، لىئون، تۇلۇس ۋە بلېندىن تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ئاتلاندى، 1097 ـ يىلى باھاردا كونستانتىنوپولدا ئۇچراشتى. ئەھلىسەلىپ ۋىزانتىيەنىڭ مول بايلىقىنى كۆرۈپلا بۇلاڭچىلىق قىلىشنى باشلىۋەتتى. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئالېكسىئۇ I (1081 ـ 1118) ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئامال قىلىپ قايىل قىلىش، سېتىۋېلىش ياكى بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەھلىسەلىپنىڭ بىر قىسىم سەردارلىرىنى ئۆزىگە سادىق بولۇشقا، ئەسلىدە ۋىزانتىيەگە تەئەللۇق بولغان ھەر قانداق شەھەر، رايونلارنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئىمپېراتور رەسمىي ئەۋەتكەن باش ۋالىيغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى①. شۇنىڭ بىلەن، ئىمپېراتور ئەھلىسەلىپنىڭ بوسپورۇس بوغۇزىدىن تېز ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەملەشتى. ئەھلىسەلىپ كىچىك ئاسىياغا كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نىتسىيەگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، نىتسىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا تەسلىم بولدى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنى سۇرىيەگە قاراپ ئاتلانغاندا، ۋىزانتىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى قايتۇرۇۋالدى. 1098 ـ يىلى ئەھلىسەلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېدېسا، ئانتاكىيەنى ئىشغال قىلدى. 1099 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەھلىسەلىپنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى (بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭى سەرخىل ئەسكەر ئىدى) ئېرۇسالېم شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. شەھەرنى قوغداۋاتقان قوشۇننىڭ ① سانى 1000 غا يېتەتتى، ئەھلىسەلىپ قوشۇنى بىر

① رافىن: «ياۋروپا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، 1 ـ توم، 577 ـ بەت».

ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار بۇ «مۇقەددەس جاي» دىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، شەھەردىكى تەخمىنەن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلدى، بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەتكە قاتناشقان فوركېرى چارتىر «ئېرۇسالېم تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەگەر سىز ئۇ يەردە تۇرسىڭىز، تىزىڭىزغىچە ئۆلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن بويىلىسىز»، شەھەرنىڭ ھەر قايسى چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرى ۋە مەيدانلىرىدا، ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا دۆۋە ـ دۆۋە كاللا ۋە پۇت ـ قوللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەھلىسەلىپ «ئۆلگەنلەرنىڭ قورسىقىنى يېرىپ... جەسەتلەرنى بىر جايغا دۆۋىلەيتتى، ئاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇراتتى، بۇنداق قىلسا، يۇتۇۋېتىلگەن ئالتۇنلارنى ئاسان تاپقىلى بولاتتى.» ② ئەرەب سالنامىچىسى ئەھلىسەلىپ، ئۈستىدە توختالغاندا دەل جايىغا تەگكۈزۈپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئۇلار بىر توپ ۋەھشىي بۆرىلەر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ھايۋانلار.»

ئەھلىسەلىپنىڭ كاتتىباشلىرى ئىشغال قىلغان رايونلاردا تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى. پەلەستىن بىلەن سۈرىيەنىڭ جەنۇبىدا ئېرۇسالېم پادىشاھلىقىنى قۇردى، تۆۋەن لوتارىنگىيەنىڭ گېرتسوگى گوتۇۋورى «ئەيسانىڭ قەبرىسىنى قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئېرۇسالېم پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. ئىككىنچى يىلى گوتۇۋورى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى بالۋىن پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق

① ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغان سەلجۇق تۈركلىرى ئەھلىسەلىپ ئېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىشتىن بىر يىل بۇرۇن مىسىر فاتىمە خاندانلىقى تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەنىدى. بۇ چاغدا ئېرۇسالېمنى فاتىمە خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانىدى.

② «دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، 124 ـ بەت، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى 1959 ـ يىلى.

قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئانتىئوك كىنەزلىكى، ئېدېسسا گرافلىقى ۋە ترىپولى گىرافلىقى ئاتاقتا ئېرۇسالېم پادىشاھلىقىغا بېقىناتتى. بۇ دۆلەتلەر تۆت چوڭ بارونىنىڭ خوجىلىق زېمىنىغا ئايرىلغان بولۇپ، بارونىنىڭ خوجىلىق زېمىنى يەنە نۇرغۇن رىتسار سۇيۇرغاللىقلىرىغا ئايرىلدى ھەمدە غەربىي ياۋروپا فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە «ئېرۇسالېم پەرمانلىرى توپلىمى» تۈزۈلۈپ، فېئودالىق ۋارىسلىق تۈزۈمى ۋە فېئودالىق يەر ئىگىلىرى بىلەن بېقىندىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەلگىلەندى. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مىللىتى، دىنىي ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۈملىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر، تۈركلەر، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سۈرىيەلىكلەر ۋە يۇنانلىقلار بىر دەك يانچى ۋە بېقىندى دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بېيرۇت، سىدون، ئاكرې، تىرۇس قاتارلىق مۇھىم پورتلار ئىتالىيەنىڭ ۋېنېتسىيەلىك، ژېنوۋالىق سودىگەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇلار ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سودىنى كونترول قىلىۋالدى.

ئىستېلا قىلىنغان جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش، ئەھلىسەلىپنىڭ خوجىلىق زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن، رىم پاپاسى دىنىي خاراكتېرگە ئىگە بىر قانچە ھەربىي تەشكىلات ــ دىنىي رىتسارلار پولكى (دىنىي ئوردېر ــ تەرجىماندىن)، يەنى «ئىبادەتخانا رىتسارلار پولكى» (ئاساسلىق فىرانسىيەلىك رىتسارلاردىن تەركىب تاپقان)، داۋالاش ۋە پەرۋىش رىتسارلار پولكى (ئاساسلىق ئىتالىيەلىك رىتسارلاردىن تەركىب تاپقان) ۋە تېئوتون رىتسارلار پولكى (ئاساسلىق گېرمانىيەلىك رىتسارلاردىن تەركىب تاپقان) نى قۇردى. پىرىنسىپ جەھەتتە، رىتسارلار پولكى بىۋاسىتە پاپاغا قارايتتى، ئۇلار قائىدە ـ تۈزۈملەرگە قاتتىق

ئەمەل قىلىشى شەرت ئىدى، بىراق ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئوخشاشلا بۇلاڭچى تەبىئەتلىك بولۇپ، باشقىلارنىڭ يەر مۈلكىنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىشى، سودا ۋە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئىستېلا قىلىنغان جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ فېئوداللىق ئېزىلىشى، مىللىي ئېزىلىش ۋە دىنىي ئېزىلىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

1144 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ موسۇلدىكى باش ۋالىيسى ئېدېسسا گىرافلىقىنى ئىشغال قىلىپ، ئانتىئوكقا قىستاپ كەلدى. غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرى يەنە بىر قېتىم ئەھلىسەلىپ (1147 — 1149) تەشكىللىدى. بۇ قېتىملىق ئەھلىسەلىپكە گەرچە فىرانسىيە پادىشاھى لوئى Ⅶ بىلەن گېرمانىيە پادىشاھى كونراد Ⅲ قوماندانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە يەنىلا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

1187 ـ يىلى مىسىر ئەييۇبىيە خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سالاھىددىن يۈسۈف ئىبنى ئەييۇب رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن سۈرىيە، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالى ۋە مىسىرنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە ئەھلىسەلىپكە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا سالاھىددىن 60 مىڭ كىشىلىك مىسىر ۋە سۈرىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى باشلاپ تىبىرىيە كۆلى بويىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەھلىسەلىپنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى خاردىندا مۇھاسىرىگە ئالدى. 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى خاردىن جېڭىدە ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرنى ھېسابلىمىغاندا ئەھلىسەلىپنىڭ 20 مىڭ ئادىمى تامامەن دېگۈدەك ئەسىرگە چۈشتى. ئېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ۋە تېمپلى رىتسارلار پولكىنىڭ باشلىقى تىرىك تۇتۇلدى. سالاھىددىن غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋالدى، شۇنداقلا جەڭ نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ دېڭىز بويىدىكى نۇرغۇن شەھەرنىمۇ قايتۇرۇۋالدى. پەقەت ئانتاكىيە، ترىپولى، تىرۇس ۋە باشقا بىر

نەچچە كىچىك شەھەر ـ بازارلارلا ئەھلىسەلىپنىڭ كونتروللۇقىدا قالدى.

سالاھىددىن رەھبەرلىكىدىكى ئەھلىسەلىپكە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ غەلىبىسى پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. گېرمانىيە پادىشاھى قىزىل ساقال فرېدرىخ I ، فىرانسىيە پادىشاھى ئاۋگۇست فىلىپ II ۋە ئەنگلىيە پادىشاھى شىر يۈرەك رىچارد بىرلىشىپ ئۈچىنچى قېتىم ئەھلىسەلىپ قوشۇنى (1189 ـــ 1192) تەشكىللەپ، ئېرۇسالېمنى قايتا ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇندى. گېرمانىيە پادىشاھى كىچىك ئاسىيادىكى كىرسىيەدە دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەنلىكتىن، گېرمانىيە ئەھلىسەلىپ قوشۇنى قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ زىددىيىتى كۆپىيىپ، ئۆزئارا پۇت تېپىشتى، 1191 ـ يىلى گەرچە ئاق شەھىرىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن فىرانسىيە پادىشاھى دەرھال ياۋروپاغا قايتىپ، گېرمانىيە پادىشاھى ھېنرى VI بىلەن ئەنگلىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىشقا مادارى يەتمىگەچكە سالاھىددىن بىلەن شەرتنامە تۈزدى، سالاھىددىن خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئېرۇسالېمغا تاۋاپ قىلىش ۋە سودا قىلىشقا ئەركىن كېلىپ ـ كېتىشىگە ئۈچ يىللىق ئىجازەت بەردى.

**تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ۋە لاتىن ئىمپېرىيەسى**

ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تۆتىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى (1202 ـــ 1204) ئەھلىسەلىپنىڭ بۇلاڭچىلىق ماھىيىتىنى ئىنتايىن تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ رىم پاپاسى ئىننوسېن III (1198 ـــ 1216) نىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مىسىرغا، يەنى ئەييۇب خاندانلىقىنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. غەربىي ياۋروپالىق رىتسارلار ۋېنېتسىيەگە توپلانغان چاغدا، ۋېنېتسىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئېنرىك داندورو ئەھلىسەلىپنىڭ

33 مىڭ 500 ئادىمى بىلەن 4500 تۇياق جەڭ ئېتى[1] توشۇلىدىغان كېمە بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە 85 مىڭ كۈمۈش مارك ۋە ئەھلىسەلىپ بېسىۋالغان مال - دۇنيا ۋە زېمىننىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلدى.

داندورو ئەھلىسەلىپنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشتى خالىمايتتى، چۈنكى ۋېنىتسىيە بىلەن مىسىرنىڭ سودا مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، بىراق ئۇ ئەھلىسەلىپنىڭ ۋېنىتسىيەنىڭ سودا رەقىبى ۋىزانتىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، ۋىزانتىيەنى تالان - تاراج قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ شەرق پراۋۇسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنى يۇتۇۋېلىش ئەسلىدىلا غەرب فېئوداللىرى بىلەن كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن داندورو ئەھلىسەلىپنىڭ سەردارى، شىمالىي ئىتالىيەدىكى مىمفىلانىڭ ماركىزى بونىفاس ۋە گېرمانىيە پادىشاھى سىۋابىيەلىك فىلىپنىڭ ئەلچىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، ئەھلىسەلىپنىڭ مىسىرغا يۈرۈش قىلىشىنى كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ چاغدا ۋىزانتىيەنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگەن ئىمپېراتورى ئىساك II نىڭ ئوغلى ئالېكسىي غەربكە قېچىپ كېلىۋالغانىدى، ئۇ ۋىزانتىيە شەرق پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنى غەرب كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قوشۇۋېتىشنى شەرت قىلىپ، پاپادىن ئۇنىڭ ئىمپېراتورلۇق تەختىنى تارتىۋالغان ئالېكسىي III كە قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى؛ ئالېكسىي يەنە يەزنىسى، يەنى گېرمانىيە پادىشاھى شىۋابىيەلىك فىلىپقا ئەھلىسەلىپنى ۋىزانتىيەگە ئاتلاندۇرۇپ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى، مانا بۇلار ۋېنىتسىيەلىكلەر بىلەن ئەھلىسەلىپ سەردارلىرىنىڭ يۈرۈش

[1] يەنى، 4500 رىتسار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتى، 9000 رىتسار ۋە 20 مىڭ پىيادە ئەسكەر توشۇلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

قىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە باھانە بولدى.

ئەھلىسەلىپ 1202 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۆتىنچى قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلدى. 70 نەچچە ئۇرۇش كېمىسى ۋە تەخمىنەن 150 يۈك كېمىسى بىلەن ۋېنىتسىيەدىن ئاتلانغان ئەھلىسەلىپ 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋېنگىرىيە قوشۇنلىرى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سارا شەھىرى (دالماتىيە قىرغىقىغا جايلاشقان) نى ئىشغال قىلدى. 1203 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەھلىسەلىپ ئاندروس ئارىلىدىن كونستانتىنوپولغا قاراپ ئاتلاندى.

1203 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەھلىسەلىپ قىلوتى ۋىزانتىيە قىلوتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا كونستانتىنوپول مۇداپىئە سېپىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەركىزى ئالتۇن تۇمشۇق قولتۇقىغا يېتىپ كەلدى.

ئەھلىسەلىپ كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا، ئالېكسىي III ئوردا ئەھلىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋىزانتىيە خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى قالدۇرماي ئېلىپ، تراسقا قاچقاندىن كېيىن، ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان ئىساك II گەرچە ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىمپېراتورلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى. ۋېنىتسىيە بىلەن ئەھلىسەلىپ ۋاىزانتىيەنى بۆلۈۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

1204 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەھلىسەلىپ كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئەسلىدە 400 مىڭ ئاھالىسى بار شەھەر ئىدى. ئەھلىسەلىپ كونستانتىنوپولغا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئوت قويدى، ئىنتايىن كۆپ كىتاب ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كونستانتىنوپول كۇتۇپخانىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئەھلىسەلىپ ھەدەپ قىرغىنچىلىق قىلىپ، خالىغىنىچە بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئۇلار مۇقەددەس سوفىيە

www.uyghurkitap.com

ئىبادەتخانىسىنىڭ گۆھەر ـ ياقۇتلار بىلەن نەقىشلەنگەن مۇقەددەس مۇنبىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى يەنە قەدىمكى مىس ھەيكەللەرنى پۇل قۇيۇشقا ئىشلەتتى، ئۇچرىغانلىكى قەبرىنى قېزىپ، كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلارنى ئوغرىلىدى، ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى توشۇپ كەتتى، چېركاۋلارغا تەپ تارتماستىن ئات ـ قېچىرلىرى بىلەن كىردى. كېيىن ۋېنتسىيەدە ساينت مارك ئىبادەتخانىسىنى بېزەشكە ئىشلىتىلگەن برونزا ئۈستىدىن ئالتۇن يالىتىلغان تۆت تۇلپارنىڭ ھەيكىلى ئالېكساندىر دەۋرىدىكى ئەڭ بۈيۈك سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەينى يىلى كونستانتىنوپولنىڭ بەيگە مەيدانىدىن ۋېنتسىيەگە يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. قوشۇندىكى ئۈستىگە جۇببە كېيگەن ئارخىماندرد (موناستىر باشلىقى) ۋە موناخلارمۇ رىتسارلارغا ئوخشاشلا ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر ـ ياقۇت، يىپەك، تېرە ۋە نورغۇن مۇقەددەس بۇيۇملارنى بۇلاپ كەتتى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئەھلىسەلىپنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئەپت ـ بەشىرىسى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاندى. ئەھلىسەلىپ كونستانتىنوپولنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، پاپا ئىننوسېن III گەرچە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ئۈچۈن غەزەپلەنگەنلىكىنى[1] بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئەھلىسەلىپنىڭ قىلمىشىنى پەردازلىدى ۋە ئاقلىدى. ئاخىرىدا كازازاپلىق قىلىپ، بۇ: «تەڭرىنىڭ ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ خىرىستىيان دىنىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىغا بەرگەن جازاسى !» دېدى.

كونستانتىنوپول قولدىن كېتىشى بىلەنلا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى ئىشغال قىلىندى. ئىمپېرىيەنىڭ قالغان زېمىنلىرى بەزى مۇستەقىل كىچىك

---

[1] ماركس: «سالنامە تەسىراتلىرى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 5 ـ توم، 198 ـ بەت.

دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، كىچىك ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدا نىتسىيە ئىمپېرىيەسى، قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ترابزون دۆلىتى، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئېپىرۇس پادىشاھلىقى قۇرۇلدى.

ئەھلىسەلىپ ئىستېلا قىلغان زېمىندا «لاتىن ئىمپېرىيەسى» (1204 — 1261)نى قۇردى، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە تېسسالونىكا پادىشاھلىقى، ئافېنا كىنەزلىكى، ئاگائېيا (پېلوپونېسوس) كىنەزلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ بېقىندى دۆلەت بار ئىدى. ھەر بىر دۆلەت يەنە بىر نەچچە فېئوداللىق زېمىنغا بۆلۈنەتتى.

ۋېنېتسىيەلىك سودىگەرلەر ۋىزانتىيەنىڭ نۇرغۇن زېمىنىغا، جۈملىدىن كونستانتىنوپولنىڭ بىر قىسمى ۋە ئېگېي دېڭىزىدىكى ئاراللاردىن تارتىپ ئادرىئاتىك دېڭىزىدىكى ئاراللارغىچە بولغان نۇرغۇن ئارالغا ئېرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن ۋېنېتسىيەلىكلەر يەنە كرىتس ئارىلىغا ئىگە بولدى. ۋېنېتسىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئۆزىنى «ۋىزانتىيەنىڭ سەككىزدىن ئۈچ قىسىم زېمىنىنىڭ پادىشاھى» ① دەپ ئاتىۋالدى. ئەمما، ۋېنېتسىيەنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىگىلىگەن زېمىنى بۇ ئوخشىتىشتىكىدىنمۇ چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋېنېتسىيەلىكلەر لىفانتتا بىر مەزگىل سودا زومىگەرلىكىگە ئايلاندى. ماركس مۇنداق دېگەن: «ۋېنېتسىيەلىكلەر پادىشاھنىڭ بوش قالغان ئورنىنى ئەھلىسەلىپتىكى ھاماقەتلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى، ئۆزلىرى بولسا ‹يىراققا سەپەر قىلىش ئىشلىرىدا ئەمەلىي نەپكە) ئېرىشتى.» ② ژېنوۋالىقلار چەتكە قېقىلغاچقا،

① زابروف: «ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە جازا يۈرۈش قىلىشى»، 221 ـ بەت، سەنلىيەن نەشرىياتى 1959 ـ يىلى.

② ماركس : «سالنامە تەسىراتلىرى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 5 ـ توم، 99 ـ بەت.

نىتسىيە ئىمپېرىيەسىنى دېڭىز ئارمىيەسى ۋە پۇل بىلەن قوللىدى. 1261 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، نىتسىيە پادىشاھى مىخائىل بالىئاۋلو كونستانتىنوپولنى قايتۇرۇۋالدى، 57 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان لاتىن ئىمپېرىيەسى گۇمران بولدى.

**ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى**

ئەھلىسەلىپ تۆتىنچى قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، شەرق خەلقىنىڭ ئەھلىسەلىپكە قارشى ھەققانىي كۈرىشى غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنى بىتچىت قىلدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن كېيىن شەرقتىكى يات دىندىكىلەرگە قارشى غازات قىلىپ مول ئولجىغا ئېرىشىش چاقىرىقىمۇ بارا ـ بارا جەلپ قىلىش كۈچىدىن قالدى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا كۈچىيىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقىنىڭ فېئوداللارغا قارشى كۈرشى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى بىلەن رىم پاپاسىمۇ غەم ـ ئەندىشىگە پېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھلىسەلىپ ھەرىكىتى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى.

ئەھلىسەلىپ ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن مەزگىلدە، غەربىي ياۋروپادا چوڭلارنىڭ گۇناھى بار، مۇقەددەس جاينى تارتىۋالالمايدۇ، پەقەت سەبىي بالىلارلا تەڭرىنى «تەسىرلەندۈرەلىگەن» بولغاچقا، ئېرۇسالىمنى تارتىۋالالايدۇ، دېيىلگەن بىر سەپسەتە ئوتتۇرىغا چىقتى، 1212 ـ يىلى فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئايرىم ـ ئايرىم نەچچە 10 مىڭ بالىنى توپلىدى. فىرانسىيەلىك بالىلار ماسسايىدىن دېڭىز ئارقىلىق سەپەرگە ئاتلانغاندى، ئىككى كېمىدىكى بالىلارنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ بوران ـ چاپقۇنى يۇتۇپ كەتتى، قالغان

باللارنى كېمە غوجايىنلىرى مىسىردىكى قۇل بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ قۇللۇققا سېتىۋەتتى. گېرمانىيەلىك باللار جەنۇبىتىكى ئىتالىيەگە باردى، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يول ئۈستىدە ئۆلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بەشىنچى قېتىملىق (1217 ـ 1221)، ئالتىنچى قېتىملىق (1228 ـ 1229)، يەتتىنچى قېتىملىق (1248 ـ 1254)، سەككىزىنچى قېتىملىق (1270 ـ يىلى) ئەھلىسەلىپنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولۇپ، ھارغان ئوق شايىنى تېشىپ ئۆتەلمەپتۇ دېگەندەك ئىلگىرىدىكى قۇدرەتلىك كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى.

رىم پاپاسى گەرچە قارا نىيىتىدىن يانماي، يەنە بىر نەچچە قېتىم ئەھلىسەلىپ ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ھېچقايسىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. 1291 ـ يىلى ئەھلىسەلىپ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ نۇقتىسى ئاققىنى قولدىن بېرىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى.

ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە ئىككى يۈز يىلغا يېقىن تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن يېقىن شەرقتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە ۋىزانتىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا جاي ئىنسۇ جىنسىز قاقاسلىققا ئايلاندى. مىليونلىغان خەلق ئۆلۈپ ۋە يارىلىنىپ مەزكۇر رايوننىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتى زور دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

شەرق خەلقىنىڭ ئەھلىسەلىپكە قارشى كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ، ۋەيران قىلىنغان مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالدى ۋە داۋاملىق راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. سالاھىددىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشتە قولغا كەلتۈرگەن

تۆھپىلىرى پارلاق سەھىپە ياراتتى.

رىم پاپاسى بىلەن غەربىي ياۋروپا فېئودال‌لىرى ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاشتىكى جىنايى مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئادىمى بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى، سانسىزلىغان بايلىق ئۇرۇشتا سورۇلۇپ تۈگىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رىم پاپاسىنىڭ زومىگەر بولۇش پىلانى بەربات بولدى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلدى، بىدئەتلىك ھەرىكىتى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆتۈرۈلدى، فېئودال‌لار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەت نىشانىنى بۇراشقا ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ئاقمىدى.

ئەھلىسەلىپنىڭ زوراۋانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ئەھلىسەلىپ شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ خىرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىغا چېچىۋەتكەن ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى ئاپەت مەنبەسىگە ئايلاندى، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق رايونلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئەھلىسەلىپنى شەرققە تاجاۋۇز قىلىشقا پائال قۇتراتقۇلۇق قىلغان غەربىي ياۋروپا سودىگەرلىرى، بولۇپمۇ ۋېنېتسىيە، ژېنوۋا، پىسا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ سودىگەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يېقىن شەرقتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش سۇيىقەستى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيدى. ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىدىكى ئىتالىيە، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبى ۋە ئىسپانىيەنىڭ شەرقىدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ شەرق بىلەن بولغان سودىسى گۈللەندى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بېرىش ـ كېلىش

بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقنىڭ نۇرغۇن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى (ئالايلۇق، توقۇمىچىلىق، يىپەكچىلىك، گۈل بېسىش ۋە بوياقچىلىق، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار) بىلەن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك زىرائەت مېۋىلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرى (شال، شېكەر قومۇشى، كۈنجۈت، قوغۇن، ئۆرۈك قاتارلىقلار) بىۋاسىتە غەربكە تارقىلىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە غەربنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇئەييەن رول ئوينىدى. بىراق، شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ ئاساسلىقى خەلق ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە سودىنىڭ پەيدا قىلغان تەسىرى بولۇپ، ئەكسىچە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغۇچىلارنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىمۇ بۇ ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ تەسىرلەرنى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان مىليونلىغان ئاھالىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىشى ۋە ئۆلۈشى بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى غەربىي ياۋروپادىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خىرىستىيان دىنى ئېڭى بىلەن «رىتسارلىق روھى» نىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى، فېئوداللارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلار شەرقنىڭ يېنىك، يۇمشاق ۋە نەپىس توقۇلما بۇيۇملىرىدىن كىيىم كىيىشنى، مەززىلىك تائاملىرى بىلەن غىزالىنىشنى ئۆگىنىۋالدى. تۇرمۇشتا راھەت ـ پاراغەتنى قوغلىشىدىغان غەربىي ياۋروپا فېئودالىرىنىڭ يانچىلارغا سالىدىغان زۇلمى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، 13 ـ ئەسىردىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى ۋە مۇرەككەپلەشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 2 - بۆلۈم 11 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى فىرانسىيە

**فىرانسىيەدە پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىشى** 11 - ئەسىردە، شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تاۋار - پۇل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فىرانسىيە گاپې خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى فېئودال تەپرىقىچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا، ئۆزىنى قوللىغۇچى قۇدرەتلىك كۈچ — شەھەر ئاھالىلىرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى. سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇردى. ئۇلار پادىشاھنىڭ فېئودال تەپرىقىچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پۇل ۋە قورال كۈچى بىلەن قوللىدى، پادىشاھ بولسا شەھەرلەرگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەردى ھەمدە سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بەزى چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى.

پادىشاھ بىلەن شەھەرنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى 10 - ئەسىردىلا باشلانغانىدى، لېكىن دەسلەپتە بۇ ئىتتىپاق ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمىشە بۇغۇنچىلىققا ئۇچراپ تۇراتتى. مەسىلەن، فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى لائون شەھىرىدىكى ئاھالىلەر نۇرغۇن پۇل تۆلەپ فېئودال يەر ئىگىسىدىن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى سېتىۋالغانىدى. 1112 - يىلى ئېپىسكوپ گوۋدرى پۇلنى خەجلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، لائوننىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شەھەر ئاھالىلىرى پادىشاھ لوئى VI گە تەشەببۇسكارلىق بىلەن 400 رىفىل تەقدىم قىلغان، ئەمما ئېپىسكوپ گوۋدرى پادىشاھقا 700 رىفىل پارا بەرگەن، شۇنىڭ

بىلەن كوممۇناغا بېرىلگەن ئالاھىدە ئىجازەتنامە بىكار قىلىنغانىدى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە باستۇرۇۋېتىلگەن ھەمدە لائون شەھىرىنى پادىشاھ قوشۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قۇرۇقداپ قويغانىدى. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن فىرانسىيە پادىشاھى شەھەر ئاھالىلىرىدىن مەقسەتلىك پايدىلىنىپ فېئودال يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. لوئى Ⅶ (1137 ــ 1180) شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 25 قېتىمدىن ئارتۇق ئاپتونومىيە ئىجازەتنامىسى ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى فىلىپ Ⅱ (1180 ــ 1223) مۇ شەھەرلەرنىڭ پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم رولىنى تونۇپ يېتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 41 كونا شەھەر بىلەن 43 يېڭى شەھەرگە ئاپتونومىيە ئىجازەتنامىسى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيەلىك كوممۇنا قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. 1185 ـ يىلى ئۇ پارىژ شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى تۈزەش، يوللىرىغا يىرىك شېغىل ياتقۇزۇش پەرمانىنى چۈشۈرگەندە، يەر سودىگىرى 11 مىڭ كۈمۈش مارك ئىئانە قىلىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى.

فىلىپ Ⅱ شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، 1202 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى جوننى ۋاسساللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ فىرانسىيەدىكى بارلىق خوجىلىق زېمىنىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن نورماندىيە، ئانجۇ، ماين، تۇرايىن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى، پلانتا گېنېت خاندانلىقىنىڭ لوئىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى پۈتۈنلەي فىلىپنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئەنگلىيە پادىشاھى جون ۋە گاپې ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشتە 1214 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى

بوئۇۋىنس جېڭى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. فىلىپ II گېرمانىيەنىڭ يېڭى پادىشاھى فرېدرىخ II بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئەنگلىيە پادىشاھى جون ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى — گېرمانىيەنىڭ سابىق پادىشاھى ئوتتو IV نىڭ قوشۇنلىرى تامامەن دېگۈدەك يوقىتىلدى، بەش گىراف، 20 دىن ئارتۇق بارون ئەسىرگە چۈشتى. بۇ جەڭدە فىرانسىيە زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ فىرانسىيەدىكى كۆپ قىسىم خوجىلىق زېمىنىنى ئىشغال قىلدى، فلاندرمۇ فىرانسىيەنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. فىرانسىيە غەربىي ياۋروپادا قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن فىلىپ II «ئاۋگۇست» دېگەن ھۆرمەت نامغا ئېرىشتى.

فىلىپنىڭ نەۋرىسى لوئى IX ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1226 — 1270)دە، شەھەرلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە پەقەت بىر يېڭى شەھەرگە ئالاھىدە ئىجازەتنامە بەردى (ئېگموت پورتىغا بەرگەن). لوئى بوۋىسىنىڭ تۇتقان يولى بويىچە ئۆزىنى داۋاملىق پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش خىزمىتىگە بېغىشلىدى. لوئى IX ئالدى بىلەن ئەدلىيەنى ئىسلاھ قىلدى، ئۇ، ئەڭ ئالىي سوتچى دېگەن مەن، ھەر قانداق چوڭ دېلو پادىشاھ سوتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلۇشى شەرت، دەپ قارىدى. ئۇ سەييارە تەپتىش ئەمەلدارى تەسىس قىلىپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلدى. ئۇ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، «پادىشاھ كېسىم چىقىرىدىغان40 كۈن»نى بەلگىلىدى، يەنى فېئودال يەر ئىگىسى ھېسابلىنىدىغان ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشتىن 40 كۈن بۇرۇن قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇش قىلىشى شەرت ئىدى، ئۇرۇش ئېلان قىلىنغۇچى بۇ ۋاقىت ئىچىدە پادىشاھقا ئەرز قىلسا، پادىشاھ ئەھۋالغا ئاساسەن كېسىم

چىقىراتتى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىچكى ماجىرا ئازايتىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پادىشاھنىڭ ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

لوئى IX نىڭ پۇل ئىسلاھاتى پادىشاھ جەمەتىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ۋە پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ. 987 ـ يىلى گاپې خانىدانلىقى قۇرۇلغاندا، فىرانسىيەدە جەمئىي 150 خىل پۇل بار ئىدى. 1226 ـ يىلى لوئى IX تەختكە ئولتۇرغان چاغدا يەنە تەخمىنەن 80 نەپەر فېئودال يەر ئىگىسى پۇل قۇيۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، بۇ ئەھۋال دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

لوئى IX پادىشاھ جەمەتى زېمىنىدا پادىشاھ قۇيدۇرغان پۇلدىن باشقا ھەر قانداق پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈردى. نۇرغۇن خوجىلىق زېمىنلار پادىشاھ جەمەتىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىنغانلىقتىن، سۈپەتسىز پۇللارنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى زور دەرىجىدە ئازايدى. پادىشاھ پۇلىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئۆتۈشى ئىقتىسادنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى.

لوئى IX ھەربىي ئىشلاردا يالانما ئەسكەر قوبۇل قىلىشنى باشلىدى، پادىشاھنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق قوشۇنى بار بولدى، لوئى IX يەتتىنچى، سەككىزىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىراق ئۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدى. يەتتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندا، ئۇ مىسىردا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ (1249 ـ يىلى)، ناھايىتى كۆپ پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىندى. سەككىزىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يىراققا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ شىمالىي ئافرىقىدىكى تۇنىسقا ھۇجۇم قىلغانىدى، 1270 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى.

ئۇنىڭ نەۋرىسى فىلىپ IV (1285 ـ 1314) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى. فىلىپ IV سىياسىي قۇدىلىشىش ئارقىلىق ناۋاررې پادىشاھلىقى بىلەن چامپاگنې گىرافلىقىنى قوشۇۋالدى. 1300 ـ يىلى، ئۇ يەنە سودا ـ سانائىتى تەرەققىي قىلغان فلاندر رايونىنى پۈتۈنلەي يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى، بىراق يولغا قويغان ئېغىر باج سىياسىتى فلاندردىكى ھەر قايسى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1302 ـ يىلى برۇژې شەھىرىدىكى ئاھالىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تەخمىنەن 3000 فىرانسىيەلىك قىرغىن قىلىندى، فىلىپ IV ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كۇلترېدىكى جەڭدە فىلىپنىڭ قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، 6000 نەپەر رىتسار ۋە 200 نەپەر چوڭ ئاقسۆڭەك جەڭدە قازا قىلدى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئۇرۇشتا 4000 جۈپ ئالتۇن ئۈزەڭگە جەڭ مەيدانىدا تاشلىنىپ قالغاچقا، ئۇ «ئالتۇن ئۈزەڭگە جېڭى» دەپ ئاتالغانىكەن. فىلىپ IV بۇ ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن فلاندرنى يۇتۇۋېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

فىلىپ IV پاپا بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، فىلىپ IV 1296 ـ يىلى چېركاۋ ـ موناستىرلار مۈلكىدىن 20% تاپاۋەت بېجى ئېلىش پەرمانىنى چۈشۈردى، بۇ پاپا بونىفاس VIII نىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، چۈنكى ئۇ ئەسلىدە پاپانىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ 12 ئورۇندىكى خوجىلىق زېمىنىنىڭ يەتتە ئورۇندىكىسى فىرانسىيەدە ئىدى، تاپاۋەت بېجى ئېلىش ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە زىيان يەتكۈزەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ دەرھال «پاپا يارلىقى» ئېلان قىلىپ، پاپانىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماستىن مىسسىيونېرلارنىڭ پادىشاھقا باج تاپشۇرۇشىنى مەنئى قىلدى، ئۇنداق قىلمىغانلارنىڭ خىرىستىيان مۇرتلىق سالاھىيىتىنى

ئېلىپ تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. فىلىپ IV مۇ بوش كەلمىدى، ئۇ بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئەتىۋارلىق ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىرىلىشىنى چەكلەش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى، بۇنداق قىلغاندا دىنىي جەمئىيەت فىرانسىيەدىن ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيتتى، كېيىنكى يىلى پاپا يارىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، فىلىپ IV نىڭ باج ئېلىش ھوقۇقىنى ئۈن ـ تىنسىز ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا، پاپا يەنە «مۇقەددەس بىرگەۋدە يارلىقى» ئېلان قىلىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش، پاپا پادىشاھ بىلەن ئىمپېراتوردىن ئۈستۈن تۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، 1302 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فىلىپ IV پاپانىڭ يارلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتتى ھەمدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان «ئۈچ دەرىجىلىك يىغىن» چاقىرىپ، پاپا بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلاشتى. فىلىپ IV يەنە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى نوگارىنى ئاز ساندىكى ھەمراھلىرى بىلەن ئىتالىيەگە ئەۋەتىپ، رىم ئاقسۆڭەكى كولوننا بىلەن تىل بىرىكتۈردى. 1303 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پاپا ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىردى، بۇنىفاسنى ئۈچ كۈن نەزەربەند ئاستىغا ئالدى، 75 ياشلىق رىم پاپاسى بەك قورقۇپ كېتىپ، غەزەپ ـ نەپرەت ئىچىدە ئۆلدى. 1305 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى پورتدونىڭ باش ئېپىسكوپى پاپالىققا سايلاندى، ئۇ كلېمېنت V (1305 ــ 1314) دەپ ئاتالدى. فىلىپ IV پاپا ئوردىسىنى ۋاتىكاندىن فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي چېگراسىدىكى ئاۋىگنون شەھىرىگە كۆچۈردى، فىرانسىيە پادىشاھى پاپانى 70 يىل (1308 ــ 1378) دىن ئارتۇق «تۇتقۇن» قىلدى، بۇ تارىختا «ئاۋىگنون مەھبۇسى» دەپ ئاتالدى. بۇ مەزگىلدە كاردىنال ئۆمىكىنىڭ 134 نەپەر ئەزاسى ئىچىدە فىرانسىيەلىكلەر 113 ئورۇننى ئىگىلىدى، بۇنىفاس VIII دىن كېيىن پاپا بولغان يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسى فىرانسىيەلىك

ئىدى، بۇنىڭدىن ئەمەلىيەتتە پاپانى فرانسىيە پادىشاھى تىزگىنلىۋالغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، فىلىپ IV ئۆزىنىڭ قەرز بەرگۈچىسى تېمپلىي رىتسارلار پولكىنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. 1307 - يىلى رىتسارلار پولكىنىڭ كۆپ قىسىم ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىتسارلار پولكىنىڭ پارىژدىكى خەزىنىسىدىلا 150 مىڭ دانە تىللا (ئالتۇن - كۈمۈش قاچا - قۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) ساقلانغانىكەن. 1312 - يىلى فىلىپ IV پاپانى تېمپلىي رىتسارلار پولكىنى تارقىتىۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە پادىشاھ قەرزىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە تېخى رىتسارلار پولكىنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلكىمۇ پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. «ئۈچ دەرىجىلىك يىغىن» تەسىس قىلىش فىلىپ IV نىڭ تارىخىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ، گەرچە ئۇ ئالىي دەرىجىلىك مىسسىيونېرلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، دېھقانلار بىلەن ئاددىي شەھەر ئاھالىلىرىنى دەرىجە سىرتىدا قالدۇرغان ئورگان بولسىمۇ، لېكىن دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئورگىنىنىڭ بەرپا قىلىنىشى فېئوداللىق دۆلەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم باسقۇچى بولۇپ، ئۇ فرانسىيەنىڭ سىياسىي بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

**100 يىللىق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى** 1328 - يىلى گاپېت خاندانلىقى ئاخىرلاشتى. يېڭىدىن ۋالۇيا خاندانلىقى فرانسىيەنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئۇنىڭ تۇنجى پادىشاھى فىلىپ VI (1328 — 1350) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق داۋاملاشقان 100 يىللىق ئۇرۇش پارتلىدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ زېمىن تالىشىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. فرانسىيە پادىشاھى ئەنگلىيەنىڭ فرانسىيەدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە

www.uyghurkitap.com

يېرى بولغان ئاكۇيتائىننى قايتۇرۇۋالماقچى بولغانلىقتىن، ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد III ئۆزىنىڭ فىلىپ IV نىڭ نەۋرىسى (فىلىپ IV نىڭ قىزىنىڭ ئوغلى) ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ بايلىقى مول فلاندرنى يۇتۇۋالماقچى بولغانلىقى بۇ ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇردى. 1336 ـ يىلى فلاندرنىڭ گىرافى لۇئى (ئۇ فىرانسىيە پادىشاھ جەمەتىنىڭ تۇغقىنى) ئەنگلىيەلىك سودىگەرلەرنى قولغا ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، فلاندر بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى چەكلىدى. ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋاد III بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قىساس ئېلىش تەرىقىسىدە فلاندرغا قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلىشنى دەرھال توختىتىش ھەمدە بىر قىسىم فلاندرلىق سودىگەرلەرنى قولغا ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئىش مەيدانلىرى ئىشتىن توختىدى، ئىشچىلار ئىشسىز قالدى، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1337 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد III فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ VI كە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يۈز يىللىق ئۇرۇش باشلاندى. 1338 ـ يىلى گېنت شەھىرىدىكى ئاھالىلەر توقۇمىچىلىق كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيسى فان ئاتېۋېردىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى، گىراف لوئى پارىژغا قېچىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بروژې، ئىپىرې قاتارلىق شەھەر ئاھالىلىرىمۇ ھەرىكەت قوللاندى.

1337 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى فىرانسىيە پادىشاھى تەدبىر قوللىنىپ، ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ فىرانسىيەدىكى خوجىلىق زېمىنىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئەسكەرلىرى ئاكۇيتائىنغا كىرىپ بىر قانچە قەلئەنى ئىشغال قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق جەڭ 1340 ـ

يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يۈز بەردى، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ فىلوتلىرى فلاندرنىڭ شىمالىدىكى ئېكلۇس پورتىدا توقۇنۇشتى، فىرانسىيەنىڭ 172 ئۇرۇش كېمىسىنىڭ 142 سى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنگلىيە ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە بوغۇزىنى كونترول قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى فىرانسىيە قۇرۇقلۇقىغا ئوڭۇشلۇق توشۇدى.

پاپا كېلمېنت Ⅵ نىڭ سالا قىلىشى بىلەن تىنچلىق 1346 ـ يىلى باھارغىچە داۋاملىشىپ، ئۇرۇش يەنە باشلىنىپ كەتتى، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ كرېستا جەڭ قىلدى، ئەنگلىيەنىڭ يېڭىچە پىيادە ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى ئوقياچىلار① ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرى ناچار فىرانسىيە رىتسارلىرى بىلەن يالالنما ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، فىرانسىيە قوشۇنىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 1500 چوڭ ـ كىچىك فېئودال يەر ئىگىلىرى بار ئىدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە قوشۇنى يەنە 1347 ـ يىلى گالەينى ئىشغال قىلدى، بۇ چاغدا گالەي سودا پورتى، شۇنداقلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك بازا ئىدى.

1355 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە قوشۇنى يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. 1356 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ ئىتئېرېستا جەڭ قىلدى، فىرانسىيە پادىشاھى جون 1500 نەپەر رىتسار بىلەن بىرلىكتە 7000 نەپەر ئەنگلىيە ئەسكىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن بەرگەن زەربىسىگە ئۇچرىدى، جون ۋە ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى فىلىپ، يەنە 17 نەپەر گىراف بىرلا ۋاقىتتا ئەسىرگە چۈشتى. ئەنگلىيە قوشۇنى بولۇشىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىقتىسادىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

**پارىژ شەھەر ئاھالىلىرى قوزغىلىڭى ۋە جاككۇس قوزغىلىڭى 1356 ـ**

① يېڭىدىن ياسالغان بۇنداق ئوقيا بىلەن 170 يارد يىراقلىقتىكى رىتسارنىڭ يوتىسى ۋە ئېگىرىنى تېشىۋەتكىلى بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

يىلى فىرانسىيە بوئىتىرېس ئۇرۇشىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، 18 ياشلىق ۋەلىئەھدى چارلېز دۆلەتكە نائىبلىق قىلدى، ئۇ ئۇرۇش خىراجىتى ۋە پادىشاھنى قايتۇرۇۋېلىش سوممىسىنى غەملەش ئۈچۈن ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى چاقىردى. 800 ۋەكىلنىڭ يېرىمى شەھەر ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە نازارەت قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى بەجا كەلتۈرمىگەن مەنسەپدارلارنى جازالاش ھەمدە مالىيە ۋەزىرى روبېرت باشلىق يۇقىرى دەرىجىلىك 22 مەنسەپدارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى يۇتۇۋالغان ھۆكۈمەت پۇلىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاشنى تەلەپ قىلدى. ۋەلىئەھدى چارلېز بەك قورقۇپ كېتىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يىغىننى تارقىتىۋەتتى، بۇنىڭدىن شەھەر ئاھالىلىرى تېخىمۇ نارازى بولۇپ پۈتكۈل پارىژدا ئالتوپىلاڭ باشلاندى. چارلېز 1357 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. يىغىندا پارىژ سوكنا سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئېتىېن مارسېلنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا «مارت پەرمانى» دەپ ئاتالغان بىر قاتار ئىسلاھات قارارى ماقۇللاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل 39 كىشىلىك ئىجرائىيە كومىتېتى (ھەر بىر دەرىجىلىكتىن 13 ئادەم بار ئىدى) نىڭ تەسىس قىلىنىشى بولۇپ، پادىشاھ ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشى، ھەر يىلى ئۈچ قېتىم قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشى كېرەكلىكى قارار قىلىندى. ئەگەر پادىشاھ يىغىننىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلسا، شەھەر ئاھالىلىرى پۇل تەييارلاپ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قوراللاندۇرۇپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىشكە قوشۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىجارە ھەققى ۋە باج كىرىم ـ چىقىمىنى نازارەت قىلىش ۋە نامراتلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىقلار

قارار قىلىندى.

ۋەلىئەھدى چارلېز ئىسلاھات قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشنى قايتا ـ قايتا كېچىكتۈرگەچكە، ئاخىر شەھەر ئاھالىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1358 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېتىېن مارسېل باشچىلىقىدىكى 3000 قوزغىلاڭچى ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ۋەلىئەھدىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەنئەنچى ھەربىي ئاقسۆڭەك روبېرت كىلمان، لورد كومفۇرلان، سوتچى لورد سىمپئون بۇسى قاتارلىق ئۈچ ئاقسۆڭەكنى ئۆلتۈردى. ۋەلىئەھدى چارلېزنى ئېتىېن مارسېل قانات ئاستىغا ئېلىپ قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ پارىژدىن قېچىپ چىقىپ، شەھەر ئەتراپىدا قوشۇننى توپلاپ، ئىستىھكام ياساپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن شەھەر ئاھالىلىرىنى قورشاۋغا ئالدى.

بۇ چاغدا فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى دېھقانلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە ئېغىر باج ـ سېلىق تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندى. ئەينى چاغدا فىرانسىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خىلمۇخىل نامدىكى باج ـ سېلىق 7000 خىلدىن ئاشاتتى، پەقەت بىۋاسىتە باجلا دېھقانلار كىرىمىنىڭ 40% ــ 50% نى، نوپۇس بېجى 5% نى ئىگىلەيتتى. چېركاۋ ـ موناستىرلارغا تاپشۇرىدىغان ئۆشرە دېھقانلار كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 15% نى ئىگىلەيتتى. 1348 ـ يىلى پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالغان «چۇما كېسىلى» فىرانسىيەگىمۇ تەسىر قىلدى. 375 نەپەر ئېپىسكوپنىڭ 207 سى، 64 نەپەر باش ئېپىسكوپنىڭ 25 ى ئۆلدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن قالغان 28 نەپەر كاردىنالنىڭ توققۇزى ئۆلدى. ئۆلگەن دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنى بىلىپ بولغىلى بولمايتتى. 100 يىللىق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەلىك فېئوداللار بىلەن ياللانما ئەسكەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فىرانسىيە دېھقانلىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى، بولۇپمۇ فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىنىشلىق

بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. ئۇ يەردە ھەممىلا جاينى ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئىزلىرى قاپلىدى. گەرچە دېھقانلارنىڭ ھېچقانداق چارۋا ـ مېلى قالمىغان بولسىمۇ، فېئودال يەر ئىگىلىرى يەنىلا ئەسلىدىكى سانى بويىچە باج تاپشۇرۇشنى، ھەر بىر كالىغا 10 تىللا، ھەر بىر قويغا تۆت ياكى بەش تىللا پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەۋە پۇقرالارنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى ۋە تالان ـ تاراجىدىن قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە زادىلا باش قاتۇرمايتتى. ئەينى چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق ئىدى: ئىقتىساد ۋەيران بولغان، ئېتىز ـ ئېرىقلار چۆلدەرەپ قالغان، ھەممىلا جاي خارابىلىككە ئايلانغان، دېھقانلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ئېغىر دەرىجىدە ياماناشقان بولغاچقا، ئۇلار خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1358 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژنىڭ شىمالىدىكى بوۋې ئېپىسكوپ رايونىدا ياشايدىغان دېھقانلار ۋەلىئەھدىنىڭ قاتىللىق قىلغان ياساۋۇلىدىن بىر نەچچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، قوزغىلاڭ مانا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن قوزغالدى. ئارقىدىنلا كلېرمونت شەھەر ئەتراپى قاتارلىق جايلاردا ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان دېھقانلارمۇ قولىغا قورال ئېلىپ ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى ھەمدە ئىشلاردا تەجرىبىسى مول گۈيىللام كالېنى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي سەردارى قىلىپ سايلىدى، ئۇلار 5000 كىشىلىك قوشۇن بولۇپ، دېكۇرتوۋرى دەپ ئاتىلىدىغان مۇستەھكەم قەلئەنى بىتچىت قىلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا دېھقانلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن شەھەرلىك نامراتلار بار ئىدى. ئۇلار: فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى، رىتسارلىرى تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالمايدۇ، ئۇلار خەلقنى بوزەك قىلىش، تالان ـ تاراج قىلىشنىلا بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئەڭ نەپرەتلىك دۈشمەن ئاقسۆڭەكلەر بىلەن فېئودallar، دەپ قارايتتى. قوزغىلاڭچىلار: «بارلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقىتايلى!» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھقا قارىتا

خەلقنى قوغدايدۇ دېگەن خاتا تونۇشتا بولدى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ بايرىقىغا پادىشاھنىڭ گېربى بولغان پىياز گۈلىنىڭ سۈرىتى سىزىلغانىدى. ئاقسۆڭەكلەر قاباھەتلىك چۈشىدىن ئويغىنىپ، قايتىدىن كۈچ توپلاپ، فىرانسىيە پادىشاھى جون II نىڭ كۈيئوغلى، ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىكى ناۋاررا پادىشاھى «ياۋۇز» چارلېزنى سەردارلىققا سايلىدى، چارلېز 1000 دەك قوراللىق ئەسكىرىنى باشلاپ باۋىل رايونىغا ئاتلاندى، ئەينى چاغدا دېھقانلار قوشۇنى ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر تارمىقىدا 3000 ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا 600 چەۋەنداز بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قوراللانغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ياۋۇز» چارلېز يالغاندىن «سۆھبەت» ئۆتكۈزىمىز دەپ، ئۈچ رىتسارغا ئاق بايراق كۆتۈرتكۈزۈپ گۇيىللام كالېنى كېلىپ سۆھبەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى، گۇيىللام كالې بىخەستەلىك قىلىپ، دۈشمەن بارگاھىغا ئۆزى يالغۇز باردى، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان «ياۋۇز» چارلېز ئۇنى دەرھال قولغا ئالدى. ئەسلىدە فىرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان روبېرت سېكاۋت قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە ياللانما قوشۇنىمۇ دېھقانلار سەردارىدىن ئايرىلىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭچىلارغا سول قاناتتىن ھۇجۇم قىلدى، قوماندانىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلار قوشۇنى قالايمىقانلىشىپ ئىلگىرى ـ كېيىن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. گۇيىللام كالې رەھىمسىزلەرچە جازالاندى. ئاقسۆڭەكلەر قىزدۇرۇلغان تۆمۈر ھالقىنى ئۇنىڭ بېشىغا تاج ئورنىدا كىيدۈردى. ئۇ خىلمۇخىل خورلۇق ۋە قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچراپ، ئاخىر مەردلەرچە قۇربان بولدى. قوزغىلاڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جەمئىي 100 مىڭ كىشىدىن ئاشقانىدى. فىرانسىيە فېئوداللىرى دېھقانلارنى كەمسىتىپ «جاككۇس» (سەھرالىق) دەپ ئاتايدىغان بولغاچقا، تارىختا بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ جاككۇس قوزغىلىڭى دەپ

ئاتالدى.

جاككۇس قوزغىلىڭى ئوتتۇرا ئەسىردىكى فىرانسىيە تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ بولۇپ، ئۇ فېئودال كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. فىرانسىيەنىڭ يانچىلىق تۈزۈمى 14 ـ ئەسىردىن كېيىن ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەڭشىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولۇپ، تارىخىي تەرەققىياتى ئالغا سۈرۈلدى، فىرانسىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە فىرانسىيە مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە شارائىت ھازىرلاندى.

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى پارىژ شەھەر ئاھالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ماتەم قوڭغۇرىقىنى چالدى. ۋەلىئەھدى چارلېزنىڭ قوشۇنى پارىژنى قاتمۇ قات قورشاۋغا ئالدى، 1358 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پارىژدا كوچا ئۇرۇشى باشلاندى، ئېتېن مارسېل جەڭدە ئۆلدى، 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋەلىئەھدى چارلېزنىڭ قوشۇنى پارىژنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا قوزغىلاڭچى شەھەر ئاھالىلىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.

**جېناد ياركىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۆرەش قىلىشى ۋە 100 يىللىق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى** 1359 ـ يىلى 11ـ ئايدا ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد Ⅲ فىرانسىيەگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى، ۋەلىئەھدى چارلېزنىڭ يەنە ئۇرۇش قىلغۇدەك مادارى بولمىغانلىقتىن 1360 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن برېتىگنى سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، فىرانسىيە جاسكونى، جەمۇنى قاتارلىق جايلارنى ئەنگلىيەگە بۆلۈپ بېرىش، 3 مىليون كىلون ① تۆلەم بېرىش بەدىلىگە فىرانسىيە پادىشاھى جوننى قايتۇرۇۋېلىشقا قوشۇلدى.

1364 ـ يىلى فىرانسىيە پادىشاھى جون كېسەل بولۇپ ئۆلدى، ۋەلىئەھدى چارلېز تەختكە ئولتۇرۇپ، چارلېز V

① بىر كىلون تەخمىنەن بەش شىللىڭغا تەڭ.

(1364 — 1380) دەپ ئاتالدى. ئۇ سۇلھى شەرتنامىسى ئاتا قىلغان ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى، ئۇچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، تاموژنا بېجى، تۇز بېجى ۋە نوپۇس بېجىنى مۇقىم باج كىرىمىگە ئايلاندۇردى، مالىيەنى تەرتىپكە سالدى؛ قەلئە - قورغانلارنى قايتا ياساتتى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، چوڭ پوزىتسىيە ئۇرۇشلىرىدىن ساقلاندى ھەمدە دائىمىي ياللانما قوشۇن قۇردى، زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتتى. 1374 - يىلى يەنە ھەربىي ئىشلار ئىشتابى تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى ھەمدە 120 ئۇرۇش كېمىسىگە ئىگە قۇدرەتلىك فىلوت بەرپا قىلدى. مەشھۇر قوماندان دوگكراننىڭ قوماندانلىقىدا فىرانسىيە قوشۇنى 1369 - يىلىدىن 1380 - يىلىغىچە دۆلەت ئىچىدىكى 200 دىن ئارتۇق قورغاندىن دۈشمەننى قوغلاپ چىقاردى، ئەنگلىيە كالائىس، بوردېئاۋكس، چېربوۋرگ ۋە بلۇست قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، فىرانسىيە قوشۇنلىرى بارلىق زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. 1369 - يىلى ئىككى تەرەپ 28 يىل ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى.

1380 - يىلى چارلىز V ئۆلدى، ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 12 ياشلىق ئوغلى چارلىز VI تەختكە ئولتۇردى (1380 — 1422)، دۆلەت ئىچىدىكى ئىككى چوڭ فېئودال گۇرۇھ — ئورلېئانسچىلار بىلەن بۇرگۇندچىلار پادىشاھنىڭ گۆدەك ۋە كېسەلچانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ، ھۆكۈمەتنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى.

1381 - يىلى لانگۇ ئېدوكتا «تىچام» (ئورمانلىقتا يوشۇرۇنغان ئادەم دېگەن مەنىدە) قوزغىلىڭى پارتلىدى، 1382 - يىلى 5 - ئايدا پارىژدا «بازغانچىلار» قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئۇلار بازغاننى قورال قىلىپ، تۈرمىگە ھۇجۇم قىلدى، خىيانەتچى، پارىخور

ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. 1413 ـ يىلى پارىژدا يەنە «كاپاس قوزغىلىڭى» يۈز بەردى. ئۇنىڭغا قاسساپلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى كاپاس رەھبەرلىك قىلدى، قوزغىلاڭچىلار بۇرگۇندىچىلارنى ئاشكارا قوللىدى، بىراق ئورلېئانسچىلارنى قوللايدىغان كىنەز ئالمانىياكىنىڭ قوشۇنى بىلەن شەھەر يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. شۇڭلاشقا بۇرگۇندىچىلار ئەنگلىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى V بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، 1415 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 1300 ئۇرۇش كېمىسى، 60 مىڭ ئەسكەرگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ سېينا دەرياسى ئېغىزىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى، ئازىنكۇرت ئەتراپىدىكى جەڭدە فىرانسىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ئورلېئانس كىنەزىنىڭ باشچىلىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ 10 مىڭغا يېقىن ئادىمى تالاپەتكە ئۇچرىدى، ئەمما ئەنگلىيە قوشۇنى 1600 ئادىمىدىن ئايرىلدى. ئارقىدىنلا فىرانسىيەنىڭ شىمالى بىلەن پەيتەخت پارىژمۇ ئىشغال قىلىندى. ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى V ئۆزىنىڭ فىرانسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1422 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى V بىلەن فىرانسىيە پادىشاھى چارلېز VI كەينى ـ كەينىدىن ئۆلدى. ئەنگلىيە تەرەپ ھېنرى V بىلەن فىرانسىيە مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان يېشىغا توشقان بوۋاق — ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى VI فىرانسىيەنىڭ پادىشاھلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، دەپ جاكارلىدى. فىرانسىيەنىڭ شىمالىي يېرىمى ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدە تۇرغان، جەنۇبىي يېرىمىدا فىرانسىيەنىڭ ۋەلىئەھدى چارلېز بوۋرگېسنى تايانچ بازا قىلغان تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

1428 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ئورلېئانس شەھىرىگە ئاتلاندى. ئورلېئانس جەنۇبىي فىرانسىيەنىڭ بوغۇزى بولۇپ، ئىستىراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە

ئىگە ناھايىتى مۇھىم جاي ئىدى. ئورلېئانىنى قوغداپ قېلىش ـ قالالماسلىق پۈتكۈل فىرانسۇز مىللىتىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بۇ چاغدا، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى فىرانسىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەققانىي ئۇرۇشقا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مىللەتنى قوغداش ئۇرۇشىغا ئايلانغانىدى.

خەلق ئاممىسى پاجىئەلىك رېئاللىقتىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. جېننىاد يارك فىرانسۇزلارنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى سۈپىتىدە، ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشتە ئىسسىق قېنى بىلەن قەھرىمانلىق زەپەر مارشىنى يازدى. جېننىاد يارك 1410 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فىرانسىيەنىڭ چامپاگېنى شەھىرى بىلەن لوررىن شەھىرى چېگراسى كېسىشكەن جايدىكى دومرېمى كەنتىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1425 ـ يىلى يازدا ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بۇرگوندىچىلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن جېننىاد ياركنىڭ يۇرتىغا باستۇرۇپ كېلىپ ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىشى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇشقا ئىرادە باغلىدى. لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن ساددا ـ سەممىمىي دېھقانلارغا ئوخشاشلا، پادىشاھنىڭ فېئودال ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ باش ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئۇ پادىشاھنى مۇقەددەس، دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشكە بولمايدىغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران دەپ بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ۋەلىئەھدى بىلەن قەتئىي كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىنى ۋەلىئەھدى چارلېزغا باغلىدى. 1428 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى جېننىاد يارك ۋوگولېر شەھىرىگە كېلىپ شەھەر مۇداپىئە قوماندانى پۇدرىكۇلنى ئۇچراتقاندا: «تەڭرى مېنى فىرانسىيەنى قۇتقۇزۇش، چارلېزغا تاج كىيدۈرۈشكە ئەۋەتتى» دېدى، جېننىاد ياركنىڭ

ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ناھايىتى زور سادا پەيدا قىلدى، پۈدرىكۇل جىنناد ياركىنى ۋەلىئەھدى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چىنونغا ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 1429 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېچىسى ۋەلىئەھدى سىياسىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن جىنناد ياركىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتىنى سورۇشتۇردى، بۇ چاغدا ئورلېئانس خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. شۇڭلاشقا جىنناد يارك: «ماڭا قوشۇن بېرىڭ، مەن دەرھال بېرىپ ئورلېئانس شەھىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن!» — دېدى. خېلى ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن، ۋەلىئەھدى ئاخىر جىنناد ياركىنىڭ ئورلېئانسقا لەشكەر تارتىشىغا قوشۇلدى. 1429 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جىنناد يارك ۋەلىئەھدى سوۋغا قىلغان شەمشەرنى ئېلىپ بىر ئاق ئاتقا مىنىپ، 7000 كىشىلىك فىرانسۇز ئەسكىرىنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن ئاتلاندى. 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كېچىسى ئورلېئانس شەھىرىگە ئوڭۇشلۇق كىرىپ، قورشاۋدا قالغان خەلققە ئىشەنچ، ئىلھام ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئورلېئانس شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى، ئۈچ سائەتلىك كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، فىرانسىيە قوشۇنى سانرو قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ 167 ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى، 40 ئادەمنى ئەسىر ئالدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۇئارائىننى ئىشغال قىلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. 209 كۈن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان ئورلېئانس شەھىرى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاخىر قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ، مىللەتنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى قوزغالدى. خەلق جىنناد ياركىنى مەدھىيەلەپ: «ئورلېئانس قىزى» دەپ ئاتىدى. 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئورلېئانسنىڭ غەربىي شىمالىدىكى باتاي ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە قوشۇنى يەنە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ، 2500 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى، ئەنگلىيە

قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى تالپومۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. جېنناد ياركنىڭ قوشۇنى زورىيىپ ئادەم سانى 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رېيمىسنى ئازاد قىلدى، ئەتىسى رېيمىس چوڭ چېركاۋىدا چارلېزغا تەنتەنىلىك تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ۋەلىئەھدى تەختتە ئولتۇرۇپ، چارلېز VII دەپ ئاتالدى. پادىشاھ جېنناد ياركقا ئاقسۆڭەكلىك نامى بەردى ۋە نۇرغۇن پۇل ۋە يىپەك رەخت ئىنئام قىلدى، لېكىن ئۇ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى ۋە پادىشاھتىن دەرھال پارىژغا يۈرۈش قىلىشنى كەسكىن تەلەپ قىلدى. جېنناد ياركنىڭ ئابرۇيى بارغانسېرى ئۆستى، فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ۋەزىرلەر بۇنىڭدىن ھەم ۋەھىمە يېدى، ھەم ھەسەت قىلىپ، جېنناد ياركقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زىيانكەشلىك ۋە سۇيىقەست قىلىش نىيىتىدە بولدى. 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جەڭ ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن پادىشاھ قوشۇننى چېكىندۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى، جېنناد يارك يالغۇزلا قارشى چىقىپ تۇرۇۋالدى. ھەممە بىر ئېغىزدىن قوشۇننى ئىلگىرىلەيلى دەپ تەلەپ قىلسىمۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي قوشۇننى تائىلاج چېكىندۈردى. 1430 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كومپېن خەۋپتە قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى، جېنناد يارك قوشۇننى باشلاپ كومپېنغا يېتىپ باردى. شەھەر مۇداپىئە قوماندانى فلاۋى ساتقىنلىق قىلىپ، جېنناد ياركنى قەستەن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويغاچقا، ئۇ بەختكە قارشى تۇتۇلۇپ قالدى. ئالتە ئايدىن كېيىن بۇرگۇندى كىنەزى جېنناد ياركنى 10 مىڭ تىللاغا ئەنگلىيەلىكلەرگە سېتىپ بەردى. گالۋاڭ پادىشاھ چارلېز VII مۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ، جېنناد ياركنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالمىدى. جېنناد يارك دۈشمەننىڭ تەھدىتى، ئازدۇرۇشى ۋە قاتتىق قىيىن - قىستاق ئالدىدا، مەردانىلىك بىلەن ئۆلۈمگە تىز پۈكمىدى. 1431 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دىنىي سوت ئۇنىڭغا ئايال داخان دەپ بوھتان چاپلاپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بەردى، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى

جىنناد ياركىنى روۋېن مەيدانىدا تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا ئۇ جىننىڭ بارىچە: «سىلەر چوقۇم جازاغا تارتىلىسىلەر»، «ياشىسۇن فىرانسىيە!» دەپ توۋلىدى. جىنناد يارك مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۇنىڭ هاياتى قىسقا، ئەمما شەرەپلىك هايات. فىرانسىيە خەلقى جىنناد يارك ئۇچۇن قىساس ئېلىش شوئارى ئاستىدا، ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش قىلدى؛ 1436 ـ يىلى پارىژدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممى چارلېز Ⅶ گە پايتەخت دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. 1447 ـ يىلىدىن كېيىن، رۇئېن بىلەن نورماندىيە ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. 1453 ـ يىلى كېيىن ئازادلىققا ئېرىشتى. ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى گالەي دېڭىز پورتىدىن باشقا، فىرانسىيە زېمىنىنىڭ بىرلىككە كېلىشى تاماملاندى.

**فىرانسۇز دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى** ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە 100 يىللىق ئۇرۇشى فىرانسىيە مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى جەريانىدا ئاخىرلاشتى. جىنناد ياركنىڭ مەردلەرچە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روهى فىرانسۇزلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش فىرانسىيەنىڭ سىياسىي بىرلىكى ۋە فىرانسۇز مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق شارائىت هازىرلاپ بەردى. چارلېز Ⅶ نىڭ ۋەلىئەهدى لوئى پادىشاهلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، لوئى Ⅺ (1461 — 1483) دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە جەهەتتىكى ئىستراتېگىيەسىمۇ فىرانسىيەدە بىرلىككە كەلگەن، هوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ياخشى ئاساس هازىرلاپ بەردى.

لوئى Ⅺ نىڭ تارىخىي تۆهپىسى شۇكى، ئۇ هەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي بارلىق تەپرىقىچى كۈچلەرنى يوقاتتى. بۇرگۇندى كىنەزى قاپ يۈرەك چارلېز تارىخ چاقىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە قارشى هەرىكەت قىلماقچى بولۇپ، بەزى

فېئودال يەر ئىگىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، «جامائەت مەنپەئەتى ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، لوئى XI بىلەن قارشىلىشىپ فىرانسىيەنى پارچىلاش سۇيىقەستىدە بولغانىدى. لوئى XI دۈشمىنىنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد IV نى پارىژغا كېلىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر قېتىمدىلا 125 مىڭ كلون پۇل بېرىپ، ئېدۋارد IV قاپ يۈرەك چارلېز بىلەن ئىتتىپاقداش بولمىسىلا، ئۇنىڭغا يەنە ھەر يىلى 50 مىڭ كلون بېرىشكە ۋەدە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قاپ يۈرەك چارلېز خەلقئارادا ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. لوئى XI يەنە شۋېتسارىيەنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قاپ يۈرەك چارلېزنى ئازدۇرۇپ شۋېيتسارىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا سېلىپ قويدى، 1477 - يىلىدىكى نانسى جېڭىدە قاپ يۈرەك چارلېز ئۆلدى، لوئى XI پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇرگوندى كىنەزىنىڭ زېمىنىنى قولغا كەلتۈرۈپ، فىرانسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى بىر چوڭ ئاپەتنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا يەنە پروۋېنسىي، روسسىللون قاتارلىق جايلارنى قوشۇۋالدى، 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھەر قايسى فېئوداللارنىڭ زېمىنىنى پادىشاھ جەمەتى قوشۇۋالدى، سىياسىي بىرلىكنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى، پادىشاھلىق ھوقۇقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، 1484 - يىلىدىن باشلاپ 70 يىلىغىچە ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىلمىدى، فىرانسىيە دەرىجىلىك پادىشاھلىق تۈزۈمىدىن مۇتلەق مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئۆتۈشكە باشلىدى. فىرانسىيە مىللىتىنىڭ ئىككى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە سىياسىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا شەكىللىنىشكە باشلىدى. فىرانسىيەدە پارىژ شېۋىسى ئاساسىدا فىرانسىيەنىڭ دۆلەت تىلى — فىرانسۇز تىلى تەدرىجىي شەكىللەندى، فىرانسىيەنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىدى. پروۋېنسىي ئۇلۇسى قاتارلىق ئۇلۇسلار

بىلەن شىمالىي فىرانسىيەدىكى ئۆلۈسلار ئۆزئارا سىڭىشىپ فىرانسۇزلارغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، فىرانسىيە سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەتكە ئايلاندى.

## 3 ـ بۆلۈم 11 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى ئەنگلىيە

**نورمانديەنىڭ ئىستېلاچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى** ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد 1066 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆلدى. فىرانسىيە نورمانديە كىنەزى ۋىلىيام تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمىز بولغانلىقتىن ئېدۋارد مېنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىمغا قوشۇلغان دېگەننى باھانە قىلىپ، پاپانىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئەنگلىيەنى ئىشغال قىلدى، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا لوندوندا تاج كىيىپ، ۋىلىيام I (1066 — 1087) دەپ ئاتالدى، مانا بۇ ئەنگلىيە نورمانديە خانىدانلىقىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

نورمانديەنىڭ ئىستېلاچىلىقى ئەنگلىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. 1069 ـ يىلى ۋە 1071 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدا نورمانديەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ پارتلىدى، ئەمما ھەر ئىككىسىنى ۋىلىيام I باستۇردى، بايلىقى مول، ئادىمى زىچ يورك تۈزلەڭلىكى بىلەن دۇخام رايونى ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ھۆر دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى يانچىلارغا ئايلىنىپ، بۇ رايوننىڭ فېئوداللىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى. قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەرلىرىنى بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە مۇسادىرە قىلىندى، ۋىلىيام پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ تەخمىنەن يەتتىدىن بىرىنى ئىگىلىۋالدى، بۇنىڭدىن سىرت، پادىشاھ جەمەتىنىڭ

ئىگىدارلىقىدا مەملىكەت بويىچە 69 ئورمانچىلىق رايونى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئورمان كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى. ۋىلىيام ئىستېلا قىلىنىش ئالدىدىكى بىر نەچچە مىڭ خوجىلىق زېمىننى بىرلەشتۈرۈپ 180 خوجىلىق زېمىن قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 10 خوجىلىق زېمىن ئومۇمىي خوجىلىق زېمىن كۆلىمىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش خوجىلىق زېمىن ۋىلىيامنىڭ ئىنىسى ۋە نەۋرە ئىنىسىغا تەئەللۇق ئىدى، قالغان بەشى نورماندىيەلىك چوڭ ئاقسۆڭەكلەرگە تەۋە ئىدى، ۋىلىيامنىڭ ئىنىسى ئاتو كېنت رايونىدىكى 200 قورۇققا ئىگە بولغانىدى، ئۇنىڭ باشقا رايونلاردا يەنە 200 قورۇقى بار ئىدى. ئۇرۇشتا تۆھپە ياراتقان ئېپىسكوپ ئافرىمۇ 280 قورۇققا ئىگە بولغانىدى. ۋىلىيام دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆتتىن بىر قىسىم زېمىنىنى ئۇلارغا ئىنئام قىلدى، ئۇ يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار (باش ئېپىسكوپ، موناستىر باشلىقى) نى فىرانسىيەلىك پوپ ـ موناخلاردىن تەيىنلەشنى بەلگىلىدى. ۋىلىيام چوڭ ـ كىچىك فېئوداللار بىلەن رىتسارلار، جۈملىدىن بېقىندىلىرىنىڭ بېقىندىلىرىدىن بىۋاستە پادىشاھقا سادىق بولۇش قەسىمى بېرىش ۋە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ ـ كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ۋىلىيامنى 4000 ئاتلىق ئەسكەر، دىنىي جەمئىيەت 700 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تەمىنلەيتتى، شۇڭا، ۋىلىيامنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان 5000 غا يېقىن ئاتلىق ئەسكەرلىرى بار ئىدى.

1086 ـ يىلى ئىستېلاچى ۋىلىيام يەر بېجى يىغىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، نوپۇس ۋە يەر تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، «يەر تەكشۈرۈشنامىسى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ھۆر دېھقانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەت 12% ىنىلا ئىگىلەيتتى. بۇ ئەنگلىيەنىڭ فېئوداللىشىش جەريانىنىڭ تېزلەشكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ. 20 ئاكر (4046.86 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ) يەر ئىگىلىگەن يانچىلار 38% نى، بەش ئاكر ئەتراپىدا يەر ئىگىلىگەن يانچىلار 32% نى ئىگىلەيتتى. ئۇلار ھەر ھەپتىدە فېئودال يەر ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن تۆت كۈنگىچە مەجبۇرىي ئىشلەيتتى. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ئەتىيازدىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتىدا يەنە بىر كۈن ئارتۇق ئىشلەپ بېرەتتى، يەنە ماددىي بويۇم ۋە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى، دىنىي جەمئىيەتكە ئۆشرە تاپشۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ساينت مىخائىل بايرىمى (2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) دا 10 پېننى ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇشى، ساينت مارتىن بايرىمى (11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)دا 23 جاند ئارپا، ئىككى مېكىيان ۋە ھەرخىل نامدىكى باج ـ سېلىقلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. يەر ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېنىقلايدىغان ئەمەلدارلار ناھايىتى قەبىھ بولۇپ، ئېنىقلايدىغان تۈرلەرگە ئۆششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي كىرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسى نوپۇس ۋە يەر تەكشۈرۈشنى خىرىستىيان دىنىدا دېيىلگەن ئاخىر زاماندىكى «قىيامەت سوتى»غا ئوخشىتاتتى، شۇڭلاشقا بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنى تىزىملاش دەپتىرىنى «قىيامەت ھۆكۈمنامىسى» دەپ ئاتىغانىدى.

ئوكسفورد، كامبرىج، بېرمىڭخام قاتارلىق بەش ۋىلايەتنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئېغىر باج ـ سېلىق دەستىدىن ھۆر دېھقانلارنىڭ سانى 1% كە چۈشۈپ قالغان، ۋىللان (يانچى)لار 50% نى ئىگىلىگەن، ھەرخىل نامرات دېھقانلار 32%نى ئىگىلىگەن، ئۇلار فېئودال يەر ئىگىلىرىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بېقىندىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يانچىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانىدى. مەسىلەن، كاتىل (كەپىدە ياشايدىغان دېھقان) نىڭ بەش ئاكر ئۈلۈش يېرى بولۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن مەجبۇرىي ئەمگەك قىلاتتى، كۈزلۈك يىغىمنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە مەجبۇرىي ئەمگەك ئۈچ كۈنگە كۆپەيتىلەتتى،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن باشقا، ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ۋە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بار ئىدى، دىنىي جەمئىيەتكە ئۆشرە تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى.

12 ـ ئەسىردە فېئوداللارنىڭ قورۇقلىرى بارلىققا كەلدى، ھەر خىل بېقىندى دېھقانلار قوشۇلۇپ كەڭ يانچىلار تەبىقىسىگە ئايلىنىپ، جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى، ئۇلارنى فېئودالار سوتى بىۋاسىتە سوت قىلىدىغان بولدى.

**ھېنرى II نىڭ ئىسلاھاتى** 1135 ـ يىلى ھېنرى I ئۆلگەندىن كېيىن تەخت ۋارىسى بولمىغاچقا، نورماندىيە خاندانلىقى ئاخىرلاشتى. 20 يىلغا يېقىن ئىچكى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، 1154 ـ يىلى پادىشاھلىق تەختى ئىستېپلاچى ۋىلىيامنىڭ نەۋرە قىزىنىڭ ئوغلى — فىرانسىيە ئانجۇ گىرافىنىڭ ئوغلى ھېنرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ تارىختا ئانجۇ خاندانلىقى (يەنە بىر نامى پلانتا كېنېت خاندانلىقى) دەپ ئاتالدى. ھېنرى II ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1154 — 1189)دە پادىشاھلىق ھوقۇق تېخىمۇ كۈچەيدى. بىرىنچىدىن، ئۇ غايەت زور زېمىنغا ئىگە بولدى، ئېنگلاندىن باشقا، فىرانسىيەنىڭ نورماندىيە، ئاكۇيتائىن ۋە ئانجۇ قاتارلىق زېمىنلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. ھېنرى II ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى فىرانسىيە پادىشاھىغا بىۋاسىتە قارايدىغان زېمىندىن تەخمىنەن يەتتە ھەسسە چوڭ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور ئىدى. ئىككىنچىدىن، سودا ـ سانائەت گۈللەندى ۋە شەھەرلەر تېز كۆپەيدى. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيەدىكى شەھەرلەرنىڭ سانى 80 دىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن شەھەر پادىشاھ جەمەتىگە تەۋە زېمىندا بولۇپ، ئۇلارنى پادىشاھ بىۋاسىتە باشقۇراتتى. ھېنرى II يەنە لىنكولن شەھىرىگە ئۆز قولى بىلەن ئالاھىدە ئىجازەتنامە بېرىپ، شەھەر ئاھالىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئەركىنلىك ۋە

ئىمتىيازنى ئېتىراپ قىلدى. ھېنرى II پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، فېئودال بېقىندىلارنىڭ ھەر يىلى 40 كۈنلا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھېنرى II ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى كەچۈرۈم قىلىش پۇلى («قالقان پۇلى») تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى، ھەر بىر چەۋەندازنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەردىن 10 ـــ 20 شىللىڭ باج ئالدى. ھېنرى II يەنە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق پادىشاھ جەمەتى زېمىنىنىڭ كىرىمىنى 180 مىڭ فوند ستېرلىڭغا يەتكۈزدى، ئۇ بۇ پۇللارنى ئىشلىتىپ خىل قوراللانغان دائىمىي قوشۇن تۇپلىدى. 1181 ـ يىلى «ھەربىي ئىشلار نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلدى. فېئوداللىق ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشتىن قۇتۇلغان رىتسارلار تىنچ قورۇق غوجايىنلىرىغا ئايلاندى، ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇردى، پەرزەنتلىرىنى شەھەرلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، تۇرمۇش جەھەتتە پەيدىنپەي شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىغا يېقىنلاشتى، ئۇلار ئەنگلىيەدە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

ئەدلىيە جەھەتتە، ھېنرى II پادىشاھ سوتىنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتتى، 1178 ـ يىلى مەركىزىي دائىمىي سوتنى تەشكىللىدى، رىتسارلار بىلەن ھۆر يۇقرالار چوڭ ـ چوڭ دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ھەققىدە بىۋاستە پادىشاھ سوتىغا نارازىلىق ئەرزى سۇنالايدىغان بولدى، ئۇ يەنە سەييارە سوت ۋە زاسېداتېللىق تۈزۈمى تەسىس قىلدى، سەييارە سوت ئۆز قەرەلىدە ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ، يۇقرالارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالاتتى، ئەينى دەۋردىكى رىتسارلار ۋە باي دېھقانلارنىڭ ۋەكىللىرى زاسېداتېللىققا قوبۇل قىلىنىدى (ئادەتتە

12 ئادەم بار ئىدى). پادىشاھ سوتى پۇقرالار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يەرلىك تەپرىقچى كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇردى. ھېنرى II يەنە فېئوداللارنىڭ 300 دىن ئارتۇق قەلئە ـ قورغانلىرىنى چېقىپ تاشلاشقا پەرمان قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كانتېربۇرىنىڭ تېرىسىگە سىغماي قالغان ئېپىسكوپى توماس بېكېتنى سوتقا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئېپىسكوپ رايونىنىڭ 44 مىڭ مارك كىرىمىنى خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. كېيىن بېكېت ھېنرى II بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان بىر نەچچە ئېپىسكوپنىڭ دىنىي مۇرتىلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، ھېنرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغاچقا، ئۇ تۆت رىتسارنى بېكېتنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ھېنرى II زامانىدا پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يولغا قويغان چارە ـ تەدبىرلەر ۋارىسىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا ئەنگلىيەنىڭ غەربى ۋە شىمالىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زىيادە كۈچىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن يوققا چىقىرىلىپ، بىر مەزگىل پادىشاھنىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ كەتتى.

**«ئەركىنلىك ئاساسي نىزامى» ۋە پارلامېنت** 1189 ـ يىلى ھېنرى II ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى «شىر يۈرەك پادىشاھ» رىچارد تەختكە ئولتۇردى (1189 — 1199). رىچارد تەختتە ئولتۇرغان 10 يىلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چەت ئەللەردە ئۆتكۈزدى (ئەنگلىيەدە تۇرغان ۋاقتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر يىلغىمۇ يەتمەيدۇ). ئۇ 1189 ـ يىلى ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى. 1192 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ دۆلىتىگە قايتىش يولىدا ۋېنادىن ئۆتكەندە ئاۋستىرىيە كىنەزى لېئوپولد تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، 100 مىڭ فوند ستېرلىڭ قايتۇرۇلۇش سوممىسى بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، 1194 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، فرانسىيە پادىشاھى فىلىپ II بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلدى، 1199 ـ يىلى جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى.

رىچارد تۇيۇقسىز ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ئۇنىڭ ئىنىسى جون ئولتۇردى (1199 ــ 1216)، جون ھېنرى II نىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ فىرانسىيەدە سۇيۇرغاللىق يېرى بولمىغاچقا، «يەرسىز پادىشاھ» دەپ ئاتالدى. سالنامىچى كامبورېنسىس (تەخمىنەن 1146 ــ 1220)نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ پەسكەش، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلگەن، «تارىختا ئۆتكەن بارلىق زالىم پادىشاھلار ئىچىدىكى ئەڭ ياۋۇزلىرىنىڭ بىرى» ئىكەن. جون ۋەزىرلەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، دائىم فېئوداللىق رەسىم ـ قائىدىلەرنى بۇزۇپ، بېقىندىلارنىڭ يەرلىرىنى خالىغىنىچە مۇسادىرە قىلدى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئۇزۇكسىز ئۆستۈردى. 1202 ـ يىلدىن 1204 ـ يىلغىچە بولغان فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، رويال دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلارنى، جۈملىدىن نورماندىيەنى پۈتۈنلەي فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ II ئىشغال قىلدى. 1205 ـ يىلى كانتېربۇرى باش ئېپىسكوپىنىڭ سايلىمىغا ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن پاپا بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئىننوسېن III جوننىڭ خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. 1212 ـ يىلى يەنە ئۇنى پادىشاھلىقتىن قالدۇردى، ئۇ ئىچكى ۋە تاشقى ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن نائىلاج ئۆزىنى پاپانىڭ بېقىندىسى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ھەر يىلى پاپاغا 1000 فوند ستېرلىڭ ئولپان تاپشۇرىدىغان بولدى. يەنە تېخى پاپا دىنىي جەمئىيەتلەرگە سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەر ئارقىلىق ھەر يىلى ئەنگلىيەدىن 76 مىڭ فوند ستېرلىڭ يۇلۇۋالاتتى. بۇنداق كۆپ پۇل ئەنگلىيە خەزىنىسى كىرىمىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. 1214 ـ يىلى بوئىۋىنېس ئۇرۇشى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى، زىددىيەتنىڭ ئۇقتىسى جونغا مەركەزلەشتى. 1215 ـ

يىلى ئاقسۆڭەكلەر رىتسارلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا كۆپچىلىك قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈردى، پادىشاھ جون ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نائىلاج ئاتالمىش «ئەركىنلىك ئاساسىي نىزامى»غا قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھۆججەت جەمئىي 61 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 25 ماددىسىدا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن رىتسارلارنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش بەلگىلەنگەن، پەقەت 6 ـ 7 ماددىسىدىلا شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن ھۆر پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. پادىشاھ دىنىي جەمئىيەتنىڭ سايلام ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، رەسىم ـ قائىدە بويىچە مىراس بېجى تاپشۇرىدۇ؛ پادىشاھقا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، چوڭ ئوغلى رىتسارلىق سالىمى بەرگەن، چوڭ قىزى ياتلىق بولغاندا تولۇقلىما ياردەم بېرىلگەندىن باشقا، ئاقسۆڭەكلەر ۋە رىتسارلاردىن «قالقان پۇلى» ۋە ئولپان يىغىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پادىشاھ ھۆر كىشىلەرنى خالىغىنىچە قولغا ئالسا، قامىسا، سۈرگۈن قىلسا ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلسا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «نىزامنامە» نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 25 نەپەر ئاقسۆڭەكتىن تەركىب تاپقان نازارەت قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، نىزامنامە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا بۇ كومىتېت پادىشاھقا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوزغاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

ئاساسىي نىزام — پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇپ، روھانىي ئاقسۆڭەك فېئوداللارنىڭ ئىمتىيازى قېلىپلاشتۇرۇلغان ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدا بەزى يېڭىلىقلار بار ئىدى، گۈللىنىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ مەلۇم ئېتىبار بېرىلگەندى، ئالايلۇق، ئۇنىڭ 13 ـ ماددىسىدا لوندون ۋە باشقا شەھەرلەر ئىلگىرىكىدەكلا ئەركىنلىك ۋە ئادەتلەردىن بەھرىمەن



www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنداقلا ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سودىدىكى ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئورمان قانۇنىنى يېڭىلاش، سوتنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن، 39 ـ ماددىسىدىمۇ جىسمانىي ئەركىنلىكنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەر ئاھالىلىرى تەبىقىسىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان تەبىقىلەرگە قارىتا ئېيتىلغان. پۈتكۈل ئاساسىي نىزامدا كەڭ يانچىلار تەبىقىسىگە ھېچقانداق ئىمتىياز بېرىلمىگەن.

جون ئاساسىي نىزامغا قول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. پاپا ئىننوسېين III مۇ جوننى قوللاپ، ئاساسىي نىزامنى ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيەدە يەنە ئىچكى ئۇرۇش قوزغالدى، 1216 ـ يىلى جون ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلدى، ئۇنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى ھېنرى III (1216 ــ 1272) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭغا گىراف ۋىليام مارشال ھامىيلىق قىلدى. 1227 ـ يىلىدىن كېيىن ھېنرى III ھاكىمىيەتنى بىۋاسىتە ئۆزى سورىدى. ھېنرى III فىرانسىيە پرووۋېنس گىرافىنىڭ قىزى ئېلىلارنو بىلەن توي قىلغانلىقتىن، نۇرغۇن فىرانسىيەلىك نۆكەرلەر ئەنگلىيەگە كەلدى، ئۇلار ھېنرى III نىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتى، فىرانسىيەلىك ئېپىسكوپ، ھېنرىنىڭ ئۇستازى بىت دى روش دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، ئۇ ھېنرى III ئاقىللار كېڭەشنىڭ يادرولۇق ئەربابى ئىدى. ھېنرى III رىم پاپاسىنىڭ بۇيرۇقىغىمۇ قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلدى. پاپانىڭ دۆلەتتىن باج ئېلىشنى چەكلىمىدى، ئىتالىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، پاپانى ئەسكەر ۋە 140 مىڭ فوند ستېرلىڭ بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغاندا، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1258 ـ يىلى ئۇ يەنە ئەنگلىيە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى پاپاغا يۆتكەپ بەرمەكچى

بولغاندا، ھەممىيلەننىڭ غەزىپى قوزغالدى، ئاقسۆڭەكلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ھېنرىنى «ئوكسفورد نىزامنامىسى»گە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ نىزامغا ئاساسەن، 15 كىشىلىك دائىمىي يىغىن (بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى ئاقسۆڭەكلەر ئىدى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ قارارىنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا 12 كىشىلىك كومىتېت قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ۋە 15 كىشىلىك دائىمىي يىغىن ئەزالىرى ھەر يىلى ئۈچ قېتىم باش قوشۇش يىغىنى ئاچاتتى، بارلىق تەدبىرلەر ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتەتتى، باش ۋەزىر، باش سوتچى، مالىيە ۋەزىرى قاتارلىق بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئۇلار ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى. دېمەك، ئۇلار مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ قالغانىدى. پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار «ئوكسفورد نىزامنامىسى»گە ئەمەل قىلىش توغرۇلۇق قەسەم بېرىشى شەرت ئىدى. بارونلارنىڭ دوكارلىق ھۆكۈمرانلىقى رىتسارلار، شەھەر ئاھالىلىرى، بولۇپمۇ لوندون ۋە ئوكسفورد شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بارونلارمۇ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشمىدى، مەسىلەن، ئاقسۆڭەكتىن كېلىپ چىققان سىمون دې مونتفور رىتسارلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى بىرلىشىپ دۆلەتنى بىرلىكتە تۈزەشنى تەشەببۇس قىلدى. ھېنرى III مۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئوكسفورد نىزامنامىسى»نىڭ ئۆزىنى چەكلەش كۈچى يوقلۇقىنى جاكارلىدى. ئاخىر ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. 1264 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مونتفورنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى پادىشاھ قوشۇنىنى رىيوۋستا مەغلۇپ قىلدى. ھېنرى III ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئېدۋارد ئەسىرگە چۈشتى. 1265 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە مونتفورچىلار ئەنگلىيە تارىخىدىكى تۇنجى پارلامېنت يىغىنىنى ئاچتى، بۇ قېتىملىق پارلامېنت يىغىنىغا ئاقسۆڭەكلەر ۋە پوپ ـ موناخلارلا قاتنىشىپلا قالماي، ھەر بىر ۋىلايەتتىن ئىككى

رىتسار، ھەر بىر شەھەردىن ئىككى نەپەر شەھەر ئاھالىلىرى ۋەكىلىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇ، ئەنگلىيەدە دەرىجىلىك پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى پارلامېنتنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىنىشى ئىدى.

مونتفورنىڭ غەلىبىسى قىسقا مەزگىللىك بولدى. چۈنكى، پادىشاھقا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى شەھەر ــ يېزىلاردىكى خەلق كۈرىشىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى، دېھقانلار فېئوداللار ئارىسىدىكى ماجىرالاردىن پايدىلىنىپ، فېئوداللارنىڭ قورۇقلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلدى. ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭىدىن قورقۇپ، يەنە پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى، 1265 ــ يىلى 8 ــ ئايدىكى ئېۋېشام جېڭىدە مونتفور قۇربان بولدى. ھېنرى Ⅲ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بىراق ھېنرى Ⅲ مۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئېدۋارد Ⅰ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى (1272 ــ 1307)، ئۇ ئىلگىرى ــ كېيىن ۋالېس، شوتلاندىيە ۋە فىرانسىيە بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلدى، ئۇرۇش خىراجىتى توپلاش ئۈچۈن شەھەر ئاھالىلىرىدىن توققۇز قېتىم كۆچمە مۈلۈك بېجى ئالدى، بۇنىڭ ئوتتۇرىچە باج سوممىسى كۆچمە مۈلۈك قىممىتىنىڭ ئونبەشتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا سەككىزدىن بىر قىسمىغا يەتتى (1297 ــ يىلى). 1291 ــ يىلى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مال ــ مۈلكىدىن قىممىتىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان باج ئالدى. 1294 ــ يىلى يەنە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ يېرىمىنى مەجبۇرىي ئېلىۋالدى. 1295 ــ يىلى ئاتالمىش «ئۈلگىلىك پارلامېنت يىغىنى» چاقىردى، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ تەركىبى 1265 ــ يىلى ئېچىلغان پارلامېنت يىغىنىنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش ئىدى. بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئېپىسكوپلار بىر يەردە، رىتسارلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يەنە بىر يەردە يىغىن ئاچتى.

كېيىن پارلامېنت دائىم يىغىن ئاچقاندا، 1295 ـ يىلىدىكى يىغىننى ئۈلگە قىلدى، 1296 ـ يىلى پارلامېنت باج ـ سېلىقنى تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. 1343 ـ يىلىدىن باشلاپ پارلامېنت ئىككى پالاتاغا ئايرىلغان بولۇپ، يۇقىرى پالاتا (ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسى) روھانىي چوڭ فېئوداللاردىن تەركىب تاپقانىدى؛ تۆۋەن پالاتا (ئاۋام پالاتاسى) رىتسارلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ماھىيەت جەھەتتە، ئۇنىڭ فىرانسىيە ئۈچ دەرىجىلىكلەر يىغىنىدىن پەرقى يوق ئىدى، ئۇ قانۇن ئېلان قىلىش، باج ئېلىش ھوقۇقىنى تەستىقلاش ھوقۇقىغا، يەنە سىياسىي دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. دېھقانلار بىلەن شەھەرلەردىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ پارلامېنتتا ۋەكىلى يوق ئىدى. ئەمما ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئەنگلىيە پارلامېنتى رىتسارلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىگەنىدى، رىتسارلار ئەنگلىيە يېڭى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىش قېتىم سانى شەھەر ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولدى، 1272 ـ يىلىدىن 1307 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە ۋىلايەت رىتسارلىرىنىڭ ۋەكىللىرى 22 قېتىم يىغىنغا قاتناشقان بولسا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى جەمئىي 14 قېتىم يىغىنغا قاتناشتى.

**ۋات تايلېر قوزغىلىڭى** 13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە، ئەنگلىيەنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا پۈتۈنلەي ئۈچ كاندوكلۇق تېرىش تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلدى. تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىمۇ كەڭ ئىشلىتىلدى، ئادەتتىكى يىللاردا ئېلىنغان ھوسۇل سېلىنغان ئۇرۇقنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆت ھەسسىگىچە توغرا كەلدى. تېرىقچىلىقتىن

باشقا قويچىلىقمۇ ناھايىتى راۋاجلاندى، بولۇپمۇ قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان يورك ۋىلايىتى بىلەن ۋىلىس تاغلىق رايونىنىڭ ھەممىلا يېرىدە توپ - توپ ئوتلاپ يۈرگەن قويلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. 1285 - يىلى ئېدۋارد I ئىككىنچى ۋېستمىنستېر قانۇن لايىھەسىنى ئېلان قىلىپ، يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى قاشالىشىغا يول قويدى، يالغۇز ۋاررېن گىرافىلا 40 مىڭ ئاكىر يەرنى قاشالاپ ئىگىلىۋالدى، يېزىلاردىكى سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەردە سودا - سانائەت تېخىمۇ گۈللەندى. 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە شەھەرلەر كۆپىيىپ 166 غا يەتتى، 1307 - يىلى يەنە كۆپىيىپ 278 گە يەتتى. نوپۇسى 1086 - يىلى 1 مىليون 250 مىڭ بولغان بولسا، 1348 - يىلىغىچە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 4 مىليونغا يەتتى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 13 - ئەسىردە ئەنگلىيەدىكى يۈزدىن ئارتۇق شەھەردە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بارا - بارا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بىلەن ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، بۇ جەريان ئەنگلىيەدە «سۇندۇرۇپ ھېسابلاش» دەپ ئاتالدى. ئىجارە ھەققىنى پۇل بىلەن تۆلەشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلار مۈلكىنىڭ پارچىلىنىشىمۇ ئەدەپ كەتتى. 13 - ئەسىردە ئەنگلىيە يېزىلىرىدا دېھقانلارنىڭ مۇنداق ئۈچ تىپى پەيدا بولدى: بىرىنچىسى، تولۇق ئۈلۈشلۈك يەرگە ئىگە ۋىلانلار، ئۇلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 20% — 25% ىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئۈلۈشلۈك يەر كۆلىمى تەخمىنەن 30 — 40 ئاكىر ئىدى.

ئىككىنچىسى، يېرىم ئۈلۈشلۈك يەرگە ئىگە ۋىلانلار، ئۇلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 40% — 60% ىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۈلۈشلۈك يەر كۆلىمى 15 ئاكر ئىدى، ئۈچىنچىسى، كارتېل (كەپىلىك دېھقان)لار، ئۇلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 15% — 20% ىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئۈلۈشلۈك يېرى ئاران ئىككى ئاكىردىن بەش ئاكىرغىچە كېلەتتى، ئەگەر بۇلارنى 11 - ئەسىردىكىگە سېلىشتۇرساق، ھەر قايسى تىپتىكى دېھقانلارنىڭ ئۈلۈشلۈك يېرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەنىدى، بۇمۇ يېزىلاردا سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشىنىڭ بىر سەۋەبىدۇر.

1348 - يىلى ياۋروپانى قاپلىغان چۇما كېسىلى ئەنگلىيە ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنىڭ دېگۈدەك جېنىغا زامىن بولدى، شەھەر - يېزىلاردا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئېغىرلاشتى، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۇزۇكسىز ئۆرلىدى، بۇنداق ئەھۋالدا، شەھەر - يېزىلاردىكى ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ھەقلىق ئىش ئىدى. بىراق، پادىشاھ بىلەن پارلامېنت كۆپ قېتىم پەرمان چۈشۈرۈپ ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنى ياللىنىشقا مەجبۇرلىدى. 1349 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد Ⅲ (1327 — 1377) ئەمگەكچىلەر پەرمانىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا 12 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەر - ئاياللارنىڭ ئومۇمەن يېرى ۋە باشقا تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ مەنبەسى بولمىغانلار چۇما كېسىلى تارقىلىش ئالدىدىكى ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە ياللىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. 1351 - يىلى پارلامېنت يەنە ئىشچىلار پەرمانىنى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا ئومۇمەن ياللىنىشتىن باش تارتقانلار كىشەن سېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، دېيىلگەنىدى. 1361 - يىلى يەنە يېڭىباشتىن ئەمگەكچىلەر قانۇنى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن، ياللانغۇچى ئۆز مەيلىچە خوجايىنىدىن ئايرىلىدىكەن تۈرمىگە تاشلىنىش بىلەن بىللە،

قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن بەدىنىگە تامغا بېسىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇنداق پەرمانلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى شەھەر ــ يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، يېزىلاردا ياللانما ئىشچىلار ئىتتىپاقى بارلىققا كېلىپ، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. مەسىلەن، سۇففولك دېھقانلىرى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئىككى شىللىڭدىن ئۈچ شىللىڭغىچە بولغان كۈنلۈك ئىش ھەققىگە قارشى چىقىپ، كۈنلۈك ئىش ھەققىنىڭ ئالتە شىللىڭدىن سەككىز شىللىڭغىچە بولۇشىنى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولماسلىقىنى تەلەپ قىلدى.

كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان نامرات مىسسىيونېر جون بال فېئوداللارنىڭ ئىمتىيازىنى ئاشكارا ھالدا سۆكۈپ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن چېركاۋ ــ موناستىرلارنىڭ مال ــ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ دېھقانلارغا: «ئاقسۆڭەكلەر بىزگە يەنىلا غوجايىن بولىدىكەن، ئەنگلىيەنىڭ ئەھۋالى مەڭگۈ ياخشىلانمايدۇ !» دېدى. ئۇ يەنە: «ئادەم ئاتىمىز تېرىقچىلىق قىلغان، ھاۋا ئانىمىز توقۇمىچىلىق قىلغان چاغدا، قايسى بىرسى ئاقسۆڭەك ئىدى؟» دەپ تەشۋىق قىلدى. خەلققە تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ ئاۋازى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارىتا نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. جون بال ئەكسىيەتچى دائىرىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى، كېيىنچە ئۇ دېھقانلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلار داھىيلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جان بېجى ئېلىشى قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇرۇشى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدىكى ئەمگەكچى

خەلقققە ئېغىر ـ بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. 1377 ـ يىلى، ئەنگلىيە پادىشاھى رىچارد Ⅱ تەختكە ئولتۇردى، ئۇ ھەربىي خىراجەت توپلاش ئۈچۈن، 14 ياشتىن ئاشقان ئەر ـ ئاياللار باي ـ نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جان بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك دەپ بەلگىلىدى. دەسلەپتە ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن تۆت پېنىنى باج ئېلىنىغان بولسا، 1380 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ بىر شىللىڭغا يەتتى. 1381 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەنگلىيەدە مۇنداق بىر خەلق ناخشىسى تارقالغان: «باج ـ سېلىقنىڭ دەستىدىن قالدۇق جاچاغا، كەتمەكتىمىز بىئەجەل باقىي ئالەمگە، قالغىنى پادىشاھقا قۇرۇق سۆڭەك، قاپتۇ گۆش ـ يېغى ئاچ كۆز غوجامغا». دېھقانلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ھازىرلىق كۆرگەن چوڭ قوزغىلىڭى ئاخىر پارتلىدى.

1381 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئەنگلىيەنىڭ ئېسېكس ۋە كېنت دېگەن جايلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جان بېجى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، پادىشاھ ئەۋەتكەن باجگىرنى ئۆلتۈردى، قورۇقلارنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ دېھقانلىرى ئاۋاز قوشتى. ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئەنگلىيەنىڭ باشقا رايونلىرىغا تارقالدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 40 ۋىلايەت ئىچىدە 25 ۋىلايەتنىڭ دېھقانلىرى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى قوزغىلاڭغا قاتناشتى. قوزغىلاڭچىلار 1381 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى روچېستېر تۈرمىسىنى ئىگىلەپ، مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى، تامچى ۋات تايلېرنى داھىيلىققا سايلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كېنت ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى كانتېربۇرىنى ئىگىلەپ كانتېربۇرى باش ئېپىسكوپىنىڭ سارىيىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ماندېرسدوننى ئىگىلەپ، جون بالنى قۇتۇلدۇردى. ۋات تايلېر، جېك ستراۋ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىلىك دېھقانلار قوشۇنى ئېنگلاندنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي رايونلىرىدىن لوندونغا قاراپ يول ئالدى، لوندون شەھىرىدىكى

تەخمىنەن 30 مىڭ نامرات ئاھالە قوزغىلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئاۋاز قوشتى، ئۇلار دېھقانلار قوشۇنىغا لوندون كۆۋرۈكى بىلەن ئاردېس دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى، ئەنگلىيە پادىشاھى رىچارد II قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي، مالىيە ۋەزىرى، موناستىر باشلىقى خېلىس ۋە باش ئېپىسكوپى سوۋتېبېركا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە لوندون مۇنارىغا يوشۇرۇندى، قوزغىلاڭچى ئامما لوندون مۇنارىغا باستۇرۇپ كىرىپ، كىشىلەر قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان سوۋېتبېرى، خېلىس، شۇنىڭدەك جان بېجى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان رېگ ۋە پادىشاھنىڭ تۇۋۋا قوبۇل قىلغۇچى پەدەرى ئاپېدۇلنى قەتلى قىلىپ كالىلىسىنى لوندون قوۋۇقىنىڭ دەرۋازىسىغا ئاستى. ئەنگلىيە پادىشاھى دېھقانلار ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تۈرلۈك تەلەپكە مەجبۇرىي قوشۇلدى؛ بۇ تەلەپلەر تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، پانچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ئىككىنچى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۈچىنچى، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، بىر ئاكىر يەرنىڭ ئىجارە ھەققى تۆت شىللىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ تۆتىنچى، ھاشارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەركىن سودىغا رۇخسەت قىلىش. پادىشاھ 30 نەپەر پۈتۈكچىگە ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانىنى يېزىپ چىقىپ ئىجازەتنامە تارقىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. قىسمەن باي دېھقانلار قۇرۇق قەغەزگە ئىشىنىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرماي، ئالدىنىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ۋات تايلېر باشچىلىقىدىكى نامرات جاپاكەش دېھقانلار داۋاملىق لوندوندا قېلىپ، چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، ئەمگەكچىلەر پەرمانىنى بىكار قىلىش، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرى ۋە قاشالاپ ئىگىلىۋالغان يەرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ كۈرەش پىروگراممىسى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار فېئوداللارنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە پادىشاھ

ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتمىگەنىدى. 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىلى پادىشاھ بىلەن شەھەر سىرتىدىكى سىمىسفىئېلد مەيدانىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى، پادىشاھ ساۋۇت – دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، ئۆتكۈر خەنجىرىنى يوشۇرغان 200 مۇلازىمى بىلەن؛ ۋات تايلېر بولسا بىر مۇھاپىزەتچىسى بىلەنلا باردى. سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، لوندون شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋارۋىتس كۈتۈلمىگەندە خەنجىرىنى چىقىرىپ ۋات تايلورنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇھىم رەھبىرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقانلار يالغان – ياۋىداق ۋەدىگە ئىشىنىپ يەنە بىر قېتىم ئالدىنىپ يۇرتلىرىغا قايتىشتى. بۇيرۇققا بىنائەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىن لوندونغا يىغىلغان رىتسارلار جاللاتلىق قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئىز قوغلاپ قاتتىق قىرغىن قىلدى، ئاق تېررورلۇق پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى، بىگۇناھ دېھقانلار قان دېڭىزىغا تاشلاندى. جون بالمۇ جەڭدە تۇتۇلۇپ، مەردلەرچە قۇربان بولدى.

1381 – يىلىدىكى قوزغىلاڭ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيە تارىخىدا بىر پارلاق سەھىپە قالدۇردى. قوزغىلاڭنىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن يانچىلىق تۈزۈم تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 14 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن دۆلەتكە ئايلاندى.

**مىللىي دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى** يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ پەيدىنپەي يوقىلىشى بىلەن ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى. بىر قىسىم ھاللىق ھۆر دېھقانلار يېرىنى ئادەم ياللاپ تېرىيدىغان بولدى ۋە قوي بېقىپ بېيىدى، ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى 20 فوند ستېرلىڭغا يەتسىلا «رىتسار» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، كەنتتىكى يېزا تۆرىلىرى تەبىقىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى. ئۇلار پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى قوللاپ،

تەپرىقچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پارلامېنتتىكى بىر يېغىندىن گۇللەنگەن كۈچ بولۇپ قالدى. «باستون مەكتۇپلىرى توپلىمى» دىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 15 ـ ئەسىر ئەنگلىيەنىڭ يېڭى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يېتىلىش جەريانىدۇر. مەكتۇپلاردا جون فاستورىۋ جەمەتى بىلەن باستون جەمەتىنىڭ بېيىش ئەھۋالى تىلغا ئېلىنغان. فاستورىۋنىڭ ئاتىسى يېزىدىكى ئاددىي زېمىندار (يومېشچىك) بولۇپ، 1413 ـ يىلى «100 يىللىق ئۇرۇش» قا قاتناشقان، ئۇ 30 يىللىق ئەسكەرلىك ھاياتىدا نۇرغۇن بايلىق توپلىغان. ئۇنىڭ نوۋكىتا 20 قورۇقى بار ئىدى. ئۇ ئارىپا ئۇندۇرمىسى دۆكىنى ۋە يىۋا دۆكىنى ئاچقان ھەمدە قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1495 ـ يىلى ئۇنىڭ نوۋك، سېفوك قاتارلىق جايلاردىكى قويلىرىنىڭ سانى 2500 تۇياققا، ئومۇمىي قىممىتى 1432 فوند ستېرلىڭ بەش شىللىڭ توت پېنىنىغا يەتكەن، يەنە قىممىتى 45 فوند ستېرلىڭغا توغرا كېلىدىغان 6000 توشقىنى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇقلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلار، جۈملىدىن قوي يۇڭى، ئارىپا ئۇندۇرمىسى، يىۋا قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئىچكى ۋە تاشقى سودا پائالىيىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. 1441 ـ يىلى ئۇ «بوناۋانچىل» ناملىق سودا كېمىسى سېتىۋالغان. 1443 ـ يىلى يەنە پادىشاھ ھېنرى Ⅵ نىڭ ئىجازىتى بىلەن ئىشلىتىشتىن قالدۇرۇلغان ئالتىدىن ئارتۇق ئۇرۇش كېمىسىگە ئىگە بولغان. فاستورىۋ جازانىخورلۇق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، پادىشاھ ھېنرى Ⅵ مۇ ئۇنىڭغا قەرزدار (ھېنرى Ⅵ تاج كىيىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىن 100 فوند ستېرلىڭ ئۆتنە ئالغان) بولۇپ قالغان. كېيىن فاستورىۋ پادىشاھنىڭ قانۇن مەسىلىلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى ۋە ئىشەنچلىك پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ قالغان.

باستون جەمەتىنىڭ ئەجدادلىرىمۇ دېھقان ئىدى، كىرېمېنت باستوننىڭ 100 ــ 120 ئاكر يېرى بولۇپ، ھاللىق تۇرمۇش

كەچۈرەتتى. ئۇ ئوغلى ۋىليامنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇپ، ئۇنىڭ بىرەر ئەمەلگە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد IV ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1461 — 1483) لەردە باستون جەمەتى ياللانمىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ بېيىغانىدى، ۋىليام باستون مەشھۇر ئادۋوكات ۋە سوتچى، يېزا تۆرىلىرىنىڭ سەركىسى ۋە پارلامېنت ۋەكىلى بولۇپ، ئېدۋارد مۇشۇنداق قوللىغۇچىلارغا موھتاج ئىدى. 1429 — 1444 ـ يىللاردا، ئۇ پادىشاھ سوتىنىڭ سوتچىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، ئۇنىڭ يىللىق مائاشى 110 فوند ستېرلىڭغا يېتەتتى. ۋىليام باستون ھوقۇقىغا تايىنىپ پارا يەپ، يەر مۈلكى سېتىۋالدى، ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 800 فوند ستېرلىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە سىياسىي قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق نۇرغۇن يەر مۈلكىگە ئېرىشتى. 1463 ـ يىلى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىغا رىتسارلىق نامى بېرىلدى، 1487 ـ يىلى كەنجى ئوغلىمۇ رىتسار بولدى. پادىشاھ ھەمىشە مانا مۇشۇنداق يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى.

بەزى زور سىياسىي ۋەقەلەرمۇ پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىيىشى ۋە مىللىي دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1453 ـ يىلى 100 يىللىق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيەدە يەنە 30 يىلغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش، يەنى ئاتالمىش «ئاق ۋە قىزىل ئەتىرگۈل ئۇرۇشى» (1455 — 1485) پارتلىدى. ئەينى چاغدا، ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان شىمالدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىر گۇرۇھ بولۇپ، قىزىل ئەتىرگۈلنى جەمەت گېربى قىلغان لانگاست جەمەتىنى قوللاپ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان جەنۇبتىكى ئاقسۆڭەكلەر بىر شايكا بولۇپ ئاق ئەتىرگۈلنى جەمەت گېربى قىلغان يورك جەمەتىنى قوللاپ، پادىشاھلىق تەختىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالاشتى. ھالبۇكى، ئاقسۆڭەكلەر ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىپ ئاقىۋەتتە بىر ـ

بىرىنى قىرغىن قىلىشتى، ئاقسۆڭەك جەمەتىدىن پەقەت 28 ىلا قالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىگە ئايلانغان بولۇپ، پادىشاھنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغانلار ئىدى. ئاسىيلىق قىلغانلار ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلاتتى. پادىشاھ ئېدۋارد IV ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بىر شاھزادە، ئۇچ كىنەز، بىر ۋىكونت ۋە سەككىز بارونىنىڭ نامى ئېلىۋېتىلىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدى. ئەڭ كۈچلۈك كىنەز كراۋلۇئانسمۇ قەتلى قىلىندى.

15 ـ ئەسىردە، پايتەخت لوندون پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لوندوننىڭ قوي يۇڭى ئېكسپورتى مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، ئىمپورت قىلغان ھارىقى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي ئىمپورت مىقدارىنىڭ 1/4دىن 1/3نى ئىگىلەيتتى. پادىشاھ ھېنرى IV (1399 ــ 1413) يېرىمىدىن كۆپ قەرزنى لوندون سودىگەرلىرىدىن ئالغانىدى. لوندون شەھىرىنىڭ باشلىقى بارۇن بىلەن ئوخشاش دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولاتتى. لوندون شېۋىسى ئېنگلاند تىلىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى لوندون شېۋىسى ئاساسىدا راۋاجلانغان.

1362 ـ يىللار ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد III دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەن. 1399 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد III ئوردىدا مودا بولغان فىرانسۇز تىلىنى ئىشلەتمەي، پارلامېنتتا ئىنگلىز تىلى بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن. ئەنگلىيەلىك دىنىي ئىسلاھاتچى جون ۋىكلىف (1320 ــ 1384) مىللىي تىلدا دىن تارقىتىشنى تەشەببۇس قىلغان، «ئىنجىل»نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شائىر چاۋسېر (1340 ــ 1400)نىڭ «كانتېربۇرى ھېكايىلىرى توپلىمى»مۇ ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان. ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى مەملىكەت بويىچە

ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئىقتىساد مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك مىللىي تىل - يېزىق ۋە مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنگلىز مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «كۆنسېرى ئېنىق ۋە ئاڭلىق ھالدا مىللىي دۆلەت قۇرۇشقا يۈزلىنىش — ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلغارلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم پىشاڭلىرىدىن بىرى.»① 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىنگلىز مىللىي دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ روشەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى.

## 4 - بۆلۈم 12 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە پاپا ئوردىسى

### 1. گېرمانىيە

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى گېرمانىيەدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت شەكىللەنمىگەنىدى.

962 - يىلى ئوتتو I قۇرغان مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى ماھىيەتتە فېئوداللىق خوجىلىق زېمىنلارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئىمپېرىيە ئىمپېراتورىنىڭ قۇرۇق نامىدىنلا ئىبارەت

① ئېنگېلس: «فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مىللىي دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 21 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 452 - بەت.

ئىدى. 12 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە گېرمانىيە فېئودال تەرىقچىلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇنداق ھادىسىنى گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا يېزا كوممۇناسى تۈزۈمى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ساقلىنىپ قالغانىدى. گېرمانىيەدىكى شەھەرلەر ئاساسلىق ئۇنىڭ شىمالى، غەربى ۋە جەنۇبىدىكى چېگرا رايونلارغا تارقالغانىدى، ئۇلار پەقەت يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە ئاز سانلىق شەھەرلەر بولۇپ، ۋاستىچى خاراكتېرلىك تاشقى سودىنى ئاساس قىلاتتى، ئۆز ئارا ئىقتىسادىي باغلىنىشى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، ئەنگلىيەدىكى لوندون، فىرانسىيەدىكى پارىژغا ئوخشاش مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي، سىياسىي مەركەزلەر ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللىي بازار شەكىللەنمىگەنىدى. گېرمانىيەدىكى كۆپ قىسىم شەھەرلەر پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولماستىن، يەنىلا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئاقسۆڭەك تەرىقچى كىنەزلەرگە تەۋە ئىدى. گېرمانىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىنەزلەر، گېرتسوگلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى فېئودالлар دىققىتىنى شەرققە كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرگەن بولسا، گېرمانىيە پادىشاھى زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى ئىتالىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا سەرپ قىلدى، بۇ گېرمانىيەدە ھوقۇقنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. گېرمانىيەدە ئەزەلدىن پادىشاھنى سايلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ كەلگەچكە، ھەر قايسى جايلاردىكى نوپۇزلۇق ئەمەلدارلار بىر ـ بىرى بىلەن پادىشاھلىقنى تالىشىپ قاتمۇ قات زىددىيەتكە پېتىپ قالغانىدى. پادىشاھلىققا سايلىنىش ئۈچۈن كىنەزلەرگە نائىلاج يول قويۇشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭلاشقا بىر قېتىملىق سايلامدىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھوقۇقى نىسپىي ھالدا بىر قېتىم ئاجىزلايتتى. بۇ ئەنگلىيە ۋە

فىرانسىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىگە ئوخشىمايتتى.

فرېدرىخ I نىڭ ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى 1138 ــ يىلى خوخېنستائوفېن خانىدانلىقى گېرمانىيەنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقتى، قىزىل ساقال فرېدرىخ① ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1152 ــ 1190)دە خوخېنستائوفېن خانىدانلىقى روناق تاپتى.

فرېدرىخ I ئىنتايىن قارانىيەت ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇ 1153 ـ يىلىدىن 1186 ـ يىلىغىچە ئىتالىيەگە ئىلگىرى ـ كېيىن ئالتە قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىتالىيەنىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن رىم پاپاسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ پادىشاھلىق ئابرۇيىنى ئۆستۈردى. 1153 ـ يىلى ئۇ ئىتالىيەگە تۇنجى قېتىم لەشكەر تارتىش بىلەن بىللە، ئارقا تەرىپىدىكى ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نوپۇزلۇق ئەمەلدارلارنى خاتىرجەم قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، گېرمانىيەدىكى ئەڭ كۈچلۈك ساكسونىنىڭ كىنەزى «ئارسلان» ھېنرى بىلەن ياراشتى، باۋارىيەدىكى خوجىلىق زېمىنلارنى «ئارسلان» ھېنرىغا قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭ ئېلبې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى يېڭىدىن ئىستېلا قىلغان رايونغا بولغان ئىمتىيازىنى، جۈملىدىن ئېپىسكوپ تەيىنلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق، بۇنىڭ بىر شەرتى شۇكى، «ئارسلان» ھېنرى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى. فرېدرىخ I ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە رىم پاپاسى ئېۋگېن III نىڭ شىكايەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. چۈنكى ئەينى چاغدا برېسىيەنىڭ مىسسىيونېرى ئارنولد خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ شەھەر ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، 56 نەپەر سېناتور (خىزمەت كۆرسەتكەن پېشقەدەم

---

① I بابا روسا (قىزىل ساقال دېگەن مەنىدە) كېيىنكى مەزگىلدە ئىمپېراتور فرېدرىخ دەپ ئاتالغان، ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى بىر مەزگىل ئوتتو I دەرۋرىدىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

پارلامېنت ئەزاسى) بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئىككى نەپەر ئەمەلدارنى يېڭىباشتىن سايلاپ چىقتى، ھەتتا دىنىي جەمئىيەتنىڭ خوجىلىق زېمىنىدىن ۋاز كېچىپ، دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. رىم پاپاسى گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا تېز ئەسكەر ئەۋەتىپ ئارنولد رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى، فرېدرىخ I ئەسكەر باشلاپ كېلىپ توپىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەرھال تاج كىيدۈرۈپ، ئۇنى «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى»نىڭ ئىمپېراتورى، دەپ ئاتاشقا ۋەدە بەردى. گېرمانىيە پادىشاھى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن رىمغا يۈرۈش قىلدى. بەزى رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خائىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى، ئارنولد قېچىپ كېتىۋېتىپ توسكىيا چېگراسىدا قولغا چۈشۈپ، پاپاغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن «بىدئەتلىك» جىنايىتى ئارتىلىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىندى. بۇ چاغدا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن پاپا ئادرىئان IV فرېدرىخقا بىر ھاقارەتلىك شەرتنى، يەنى پاپا ئاتتىن چۈشكەندە ئىمپېراتور ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، فرېدرىخ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. شۇڭلاشقا، تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى كېچىكتۈرۈلۈپ، 1155 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلدى.

1158 ـ يىلى فرېدرىخ ئاساسلىق شىمالىي ئىتالىيەدىكى مىلان قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئىتالىيەگە ئىككىنچى قېتىم بېسىپ كىردى. ئۇ لۇنگارىيە چوڭ يىغىنىدا ئىمپېراتور باج ئېلىش، ئەسكەر تۇرغۇزۇش، پۇل قۇيۇش ۋە شەھەرلەرگە باش ۋالىي ئەۋەتىش ئىمتىيازىغا ئىگە، دەپ جاكارلىدى ھەمدە شەھەرلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ

www.uyghurkitap.com

تەدبىرلەر ئىمپېرىيەگە 30 مىڭ فوند سىتېرلىڭ كىرىم يارىتىپ بەردى.

1159 ـ يىلى ئىمپېراتور مىلان شەھىرىگە شەھەر باشلىقى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئىمپېراتور شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش پەرمانى چۈشۈردى، ئىككى يىل جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق 1162 ـ يىلى مىلان شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. سەككىز نەپەر سېناتور بىلەن نەچچە يۈز ئاقسۆڭەك فرېدرىخنىڭ بارگاھىغا يېرىم يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى سۆيۈپ گۇناھلىرىنى تىلىدى. فرېدرىخ كۆپ سانلىق شەھەر ئاھالىلىرىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئەمر قىلدى ھەمدە شەھەر مەركىزىدىكى مەيداننى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تۈز چېچىپ، ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ يەنە ئەسكەرلىرىگە ئەسىرلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ توپقا ئوخشاش تېپىپ ئويناشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. فرېدرىخ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، بايانامە تارقاتقاندا ئۆزىنى: «تەڭرى تاج كىيدۈرگەن، بۈيۈكلۈك ۋە تىنچلىق ئەلچىسى، شەرەپلىك زەپەر قۇچقۇچى ۋە ئىمپېرىيەنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكۈچى، رىملىقلارنىڭ ئىمپېراتورى فرېدرىخ» دەپ ئاتىدى.

ۋاھالەنكى، بۇنداق غەلىبە قازىنىش ۋەزىيىتى ئۇزاققا بارمىدى. 1159 ـ يىلى ئالېكساندىر Ⅲ پاپالىققا سايلانغاندىن كېيىن، دىنىي ھاكىمىيەت پادىشاھلىق ھاكىمىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى. ئىتالىيە شەھەر ئاھالىلىرىمۇ پاپا بىلەن بىر مەيداندا تۇردى. پاپانىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا بىرىنچى قېتىم لومباردى شەھەر ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. فرېدرىخ غەزىپىنى باسالماي 1160 ـ يىلى بابىيەدە ئېچىلغان دىن يىغىنىدا ئالېكساندىر Ⅲ نى پاپالىقتىن قالدۇرۇپ، ۋىكتور Ⅳ نى پاپالىققا تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئالېكساندىر Ⅲ مۇ بوش كەلمەي، فرېدرىخنىڭ

خىرىستىيان مۇرتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلاپ، فىرانسىيەگە چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي جەمئىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىككى پاپانىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. فرېدرىخ 1163 ــ 1164 ـ يىللىرى ئىتالىيەگە ئۈچىنچى قېتىم جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى. 1164 ـ يىلى ئىتالىيەدىكى پاپا ۋىكتور IV ئۆلدى، يەنە بىر پاپا ئالېكساندىر III رىمغا قايتىپ كەلدى. 1166 ـ يىلى فرېدرىخ تۆتىنچى قېتىم ئىتالىيەگە لەشكەر تارتتى. پاپا ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىپ كەتتى، رىم يەنە ئىشغال قىلىندى. ئەمما لومباردى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ باتۇر ئاھالىلىرى 1168 ـ يىلى لومباردى ئىتتىپاقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھەرقايسى شەھەر ئاھالىلىرى قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاتلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، فرېدرىخنىڭ 2000 دىن ئارتۇق رىتسارى ئۆلدى، قىزىل ساقال فرېدرىخ ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدى، ھەتتا قوشۇن بايرىقى ۋە قالقانلىرىنىمۇ دۈشمەنلىرى ئولجا ئالدى، ئۇ دېھقان قىياپىتىدە ياسىنىپ دۆلىتىگە قېچىپ كەتتى.

1174 ـ يىلى فرېدرىخ قايتا باش كۆتۈرۈپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىتالىيەگە بەشىنچى قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، مىلانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا لومباردى ئىتتىپاقىغا قاتناشقان شەھەرلەر 15 تىن كۆپىيىپ 22 گە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مىلان، ۋېرونا، كرېمونا، پالما، برېسىيە، فىرالا قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1176 ـ يىلى ئىككى تەرەپ مىلاننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى لېنيانودا جەڭ قىلدى، بۇ جەڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر جەڭلەرنىڭ بىرىدۇر. تاجاۋۇزچىلار ھالاكەت خاراكتېرلىك زەربىگە ئۇچرىدى، گېرمانىيە پادىشاھىمۇ ئېغىر يارىلاندى. ئۇ نائىلاج بىرلەشمە قوشۇنغا تەسلىم بولدى. فرېدرىخ تارتىۋالغان بارلىق زېمىننى قايتۇرۇپ بەردى. ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى،

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاپا دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىققا ۋەدە بەردى. 1158 ـ يىلى لونگارىيە يىغىنىنىڭ بارلىق قارارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1178 ـ يىلى فرېدرىخ گېرمانىيەگە قايتىپ كېلىپ «ئارسلان» ھېنرى بىلەن ھېسابلاشماقچى بولدى، چۈنكى ھېنرى گېرمانىيە ئىمپېراتورىغا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانىدى. فرېدرىخ ھېنرىنىڭ ساكسوندىكى زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، باشقا فېئودال يەر ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھېنرىنى ئەنگلىيەگە مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلدى، ئۇ بىر مەزگىل قېيىنئاتىسى، پلانتا كېنېت خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى ھېنرى II نىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى.

فرېدرىخ ئىتالىيەنى يۇتۇۋېلىش قارانىيىتىدىن ئۆلگۈچە ۋاز كەچمىدى. ئۇ ئۆلۈشتىن تۆت يىل (1186 ـ يىلى) ئاۋۋال 19 ياشلىق ئوغلى ھېنرى VI نى سىسىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئايال تەخت ۋارىسى 34 ياشلىق كونستانس بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەسىر دائىرىسىنى ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتتى. 65 ياشلىق فرېدرىخ ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپكە قاتنىشىپ شەرققە تاجاۋۇز قىلىش سەپىرىدە، 1190 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كىچىك ئاسىيادىكى سېلىف دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تاجاۋۇزچىنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشتى.

فرېدرىخنىڭ ئوغلى ھېنرى VI (1190 — 1197) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن «ئارسلان» ھېنرى بىلەن ياراشتى، ئىچكى زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئىتالىيەنى دادىللىق بىلەن تالان ـ تاراج قىلىشقا قولايلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن «ئارسلان» ھېنرىنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنى قايتۇرۇپ بەردى. 1194 ـ يىلى ئۇ كۈيئوغۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن سىسىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۈچ يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى،

گېرمانىيە فېئودallىرى ئارىسىدا شۇئان ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەردى، 1212 - يىلىغا كەلگەندىلا، ئۇنىڭ ئوغلى فرېدرىخ II (1212 — 1250) ئىمپېراتورلۇق تەختىگە، قوشۇمچە سىتسىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. پاپا ئىننوسېن فرېدرىخ II تېخى گۆدەك دېگەننى باھانە قىلىپ، ھامىيلىق سالاھىيىتى بىلەن سىتسىلىيە پادىشاھلىقىغا 15 يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

فرېدرىخ II سىتسىلىيەدىكى پالېرمودا چوڭ بولغان، ئۇ ئەرەب ۋە ۋانرانتىيە مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، شەرق پەلسەپىسى بىلەن تەبىئىي پەنلەرنى چوڭقۇر تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ ناھايىتى بىلىملىك ئىمپېراتور ئىدى.

ئىتالىيە فرېدرىخ II نىڭ سىياسىي مەركىزى بولدى، سىتسىلىيە ئۇنىڭ جان تومۇرىغا ئايلاندى. ئۇ ھاياتىدا گېرمانىيەگە بىر نەچچە قېتىملا باردى، 1237 - يىلدىن كېيىن گېرمانىيەگە زادىلا بېرىپ باقمىدى. 1220 - يىلى فرېدرىخ II تاج كىيىپ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيەگە قارىتا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇ گېرمانىيە كىنەزلىرىگە نۇرغۇن يول قويدى، بولۇپمۇ 1231 -، 1232 - يىللىرى كىنەزلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان بىر قاتار پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، كىنەزلەر ئەدلىيە، پۇل قۇيۇش، باج ئېلىش ۋە يەرلىكتىكى يول، دەريالارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى؛ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىمپېرىيە شەھەرلىرىدىكى مۇسادىرە قىلىنغان سۇيۇرغاللىق يەرلىرىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خوجىلىق زېمىنىدىكى يانچىلارنىڭ پادىشاھقا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ سىتسىلىيەگە قارىتا

www.uyghurkitap.com

هۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى، ئالدى بىلەن فېئوداللارنىڭ قەلئە ـ قورغانلىرىنى چېقىپ تاشلىدى، ئىتالىيەدىكى شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ سىسىلىيەدىكى سودا ئىمتىيازىنى تارتىۋالدى، سىسىلىيە فىلوتىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. 1226 ـ يىلى ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمى (پاپانىڭ خوجىلىق زېمىنى بۇنىڭ سىرتىدا) نى ئىمپېرىيەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1227 ـ يىلى پاپا گرېگورى IX فرېدرىخ II نىڭ خرىستىيان مۇرتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىتالىيەگە غوجا بولۇشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. 1238 ـ يىلى فرېدرىخ II يەنە لومباردى شەھەر ئىتتىپاقىنى تارمار قىلدى، پۈتكۈل ئىتالىيە بىر مەزگىل ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئۇ مالىيە جەھەتتە ئاشلىق، تۇز، تۆمۈر، يىپەك قاتارلىقلارنىڭ سودىسىنى دۆلەت مونوپول قىلىشنى يولغا قويدى، خۇسۇسىي تۇز مەيدانلىرىنىڭ غوجايىنلىرى 8.3% تۆلەمگە ئېرىشىدىغان بولدى، فرېدرىخ II تۇزنى توپ سېتىش باھاسىنى تۆت ھەسسە، پارچە سېتىش باھاسىنى ئالتە ھەسسە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق دۆلەت كىرىمىنى كۆپەيتمەكچى بولدى، بىراق ئىستېمالچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 1231 ـ يىلى، ئومۇمەن ئىمپورت قىلىنىدىغانلىكى مال بولسا 3.3% باج تاپشۇرۇش شەرت ئىدى. سودا جەھەتتىكى پاتېنت ھوقۇقى گېرمانىيە خەزىنىسىنى 13 مىڭ ئۇنسىيە ئالتۇن كىرىمگە ئىگە قىلدى. فرېدرىخ II نىڭ قارانىيىتى پاپانى ئاللاقزەدە قىلىۋەتتى، ئۇ 1239 ـ يىلى فرېدرىخ II نىڭ خرىستىيان مۇرتلىق سالاھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېلىپ تاشلىدى ھەمدە رىمدا پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە باش ئېپىسكوپلارنىڭ چوڭ يىغىنى ئېچىشقا پەرمان چۈشۈردى. فرېدرىخ II فىلوتىنى ژېنوۋادىكى ئوچۇق دېڭىزدا فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن كېمىلەرگە توسۇپ زەربە بېرىپ، 100 دىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىينى، (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر كاردىنال بار ئىدى) تىرىك ئەسىر ئالدى. پاپانىڭ

تۇسكىيادىكى خوجىلىق زېمىنىمۇ ئىمپېرىيە زېمىنىغا قوشۇۋېتىلدى، گرېگورى IX ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلدى (1241 ـ يىلى). 1250 ـ يىلى فرېدرىخ II ئۇشتۇمتۇت ئۆلدى، پاپا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، فرېدرىخ II نىڭ ۋارىسى سىسىلىيەدىن ئىبارەت بۇ ئورۇنغا قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلالمىدى. 1268 ـ يىلى خوخېنستائۇفېن جەمەتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى كونراد ئىتالىيەدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ جەمەتنىڭ سىسىلىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭغا قاراشلىق 400 دىن ئارتۇق قەلئە ـ قورغاننى كىنەزلەر بۆلۈشۈۋالدى.

**گېرمانىيەدىكى سىياسىي بۆلگۈنچىلىك ۋە شەھەرلەر ئىتتىپاقى**

خوخېنستائۇفېن خانىدانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيە چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. 1254 ـ يىلىدىن 1273 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىت گېرمانىيەدە ئىمپېراتور بولمىغان «تەخت بوش قالغان دەۋر» ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيە ئىمپېراتورى فرېدرىخ II نىڭ ئوغلى كونراد IV (1250 — 1254) تەختتە تۆت يىل ئولتۇرۇپلا ۋاپات بولدى. بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا گوللاندىيە گىرافى ۋىلىيامس گېرمانىيە ئىمپېراتورلىقىغا سايلاندى، بىراق ئۇ 1256 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى. 1257 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كولۇندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىمپېراتور سايلىمىدا، ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان رېين گىرافى قاتارلىقلار ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى III نىڭ ئىنىسى كونۋورد رىچاردنى گېرمانىيە ئىمپېراتورلىقىغا سايلىدى؛ 4 ـ ئايدا فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ترىئېرنىڭ باش ئېپىسكوپى قاتارلىقلار كاستىلىنىڭ پادىشاھى ئالفائونس IX (خوخېنستائوفېن جەمەتىگە تەۋە فرېدرىخ I نىڭ چەۋرىسى)نى گېرمانىيە ئىمپېراتورلىقىغا سايلىدى. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق سايلىمىدا بىرلا ۋاقىتتا ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن فىرانسىيە

پادىشاھى ئايرىم ـ ئايرىم قوللايدىغان ئىككى ئادەم ئوخشاشلا گېرمانىيەنىڭ ئىمپېراتورى بولدى. تەخت بوش قالغان دەۋردە گېرمانىيە پارچىلىنىپ 300دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك كىنەزلىك، ماركىزلىققا پارچىلىنىپ كەتتى. رىچارد ئۆلگەن (1272 ـ يىلى) دە ھەر قايسى كىنەز، ماركىزلار ئالفونس X نى ئېتىراپ قىلمىدى. رىم پاپاسىنىڭ ۋائىزلىق قىلىشى ئارقىلىق، 1273 ـ يىلى فرانكفۇردتا ئۆتكۈزۈلگەن ئىمپېراتور سايلاش يىغىنىدا خابسبۇرگ جەمەتىدىن چىققان گىراف رودولف ئىمپېراتورلۇققا سايلىنىپ تەخت بوش قېلىشتەك دەۋر ئاخىرلاشتى. رودولف پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋستىرىيەنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىمپېرىيەدە ئۇزۇنغىچە ئىمپېراتور بولدى. خابسبۇرگ جەمەتىدىن باشقا، لىيۇكسېمبۇرگ جەمەتى بىلەن ۋىيتېلساخ جەمەتىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن نۆۋەتلىشىپ ئىمپېرىيەنىڭ تەختىدە ئولتۇردى، بىراق ھېچقايسىسى قۇدرەتلىك مەركىزىي ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى، ئۇلار نائىلاج رېئاللىققا يۈزلىنىپ، كىنەزلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. 1347 ـ يىلى لىيۇكسېمبۇرگ جەمەتىدىن چارلېز IV (1347 ـ 1378) ئىمپېراتورلۇققا سايلاندى. ئۇ 1356 ـ يىلى «ئالتۇن تامغىلىق يارلىق»① نى ئېلان قىلدى، ئۇ ئۇزۇن مۇقەددىمىدىن باشقا، 31 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، لاتىن يېزىقىدا يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى 23 بابى بىلەن كېيىنكى سەككىز بابى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم نۇرنبېرگ بىلەن مەسدە ئېچىلغان ئىمپېرىيە پارلامېنتىدا جاكارلانغان. تەخت بوش قالغان دەۋردە يۈز بەرگەن سايلامدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش، پاپانىڭ گېرمانىيەنىڭ ئىمپېراتور سايلىمىغا ئارىلىشىشىدىن

① يارلىققا ئالتۇن تامغا بېسىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «ئالتۇن تامغىلىق يارلىق»، «ئالتۇن تامغىلىق يارلىق» دەپ ئاتالغان. مەزكۇر يارلىقنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋېيېنا دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا.

ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىمپېراتور سايلاش ئۇسۇلى بەلگىلەندى. ئىمپېراتورنى ئەينى چاغدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يەتتە نەپەر كىنەزدىن تەركىب تاپقان سايلىغۇچى فرانكفورد شەھىرىدە سايلاپ چىقىدىغانلىقى بېكىتىلدى①. ماينزنىڭ باش ئېپىسكوپى سايلام يىغىنىنى چاقىرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، سايلامدا كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىش چارىسى قوللىنىلىدىغان بولدى. ھەر قايسى كىنەزلەر ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنلىرىدا ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، ھەربىي ئىشلار، پۇل قۇيۇش ۋە تۇز، تۆمۈر رۇدىسى كانلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولدى. خوجىلىق زېمىنغا چوڭ ئوغۇل يالغۇز ۋارىسلىق قىلىش بەلگىلەندى. شەھەرلەرنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى چەكلەندى. شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ ھەر قايسى چوڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىگە تەۋە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. شۇڭلاشقا، ماركس «ئالتۇن تامغىلىق يارلىق»نى: «گېرمانىيە كۆپ تەرەپلىمە سىياسىيسىنىڭ تۈپ قانۇنى»② دېگەن. يارلىقتا سايلىغۇچى كىنەزلەر كومىتېتى بىر يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئاچىدۇ، ئۇنىڭ قەرەلى بىر ئاي (پاسخا بايرىمىدىن كېيىن) بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى كېڭىشىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭلاشقا، سايلىغۇچى كىنەزلەر كومىتېتى دۆلەتنى باشقۇرىدىغان دائىملىق ئورگانغا، سايلىغۇچى كىنەزلەر دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ نازارىتىدىن ئۆتۈپ ماقۇللانغاندىن كېيىن يولغا قويۇلدى.

① يەتتە نەپەر سايلىغۇچى كىنەزلەر ماينز، ترىئېر، كولۇندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئېپىسكوپ رايونىنىڭ باش ئېپىسكوپى ۋە بوخېمىرۋالد پادىشاھلىقى، رېين رايونىدىكى بارادىننىڭ گىرافى، ساكسېن كىنەزى ۋە براندېنبۇرگ چېگرا رايونىنىڭ مەركىزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

② «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 6 ـ توم، 28 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈش گېرمانىيە شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان قۇدرەتلىك پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بولمىغاچقا، ئۇلار رايونلار بويىچە ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە سودا يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. بۇ شەھەر ئىتتىپاقلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى «ھانزا ئىتتىپاقى» ① ئىدى. 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ، گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەردە ياشايدىغان سودىگەرلەر ئەنگلىيە، فلاندىر بىلەن سودا قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ «ھانزا» سىنى قۇرغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، گېرمانىيەدىكى «ھانزا» شەھەرلىرى ئىتتىپاق تۈزۈشكە قاراپ يۈزلەندى. 1241 ـ يىلى لۈبېك شەھىرى بىلەن ھامبۇرگ شەھىرى سودا ئىمتىيازىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش كېلىشىمى تۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى دەسلەپتە دېڭىز قاراقچىلىرى، باندىتلىرىنى باستۇرۇپ، سودىنى قوغداشنى نەزەردە تۇتقانىدى، كېيىن يەنە دېڭىزغا ماياك ئورنىتىش، دېڭىزدا يول باشلىغۇچىلارنى تەربىيەلەش ۋە دېڭىز سەپىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللاندى. 1260 ـ يىلى ئىتتىپاق ماقۇللىغان تۇنجى نىزامنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «ھەر بىر شەھەر دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىپ، دېڭىز قاراقچىلىرى ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قىلىدىغانلارغا قارشى تۇرۇپ، دېڭىزغا سەپەرگە چىققان سودىگەرلەرنى ئەركىن سودا قىلىش شارائىتىغا ئىگە قىلىشى كېرەك» دېيىلگەن. 1258 ـ يىلىدىن باشلاپ، نورۋېگىيەنىڭ مۇھىم ئېكسپورت ئەشيالىرى،

---

① «ھانزا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشما»، «جەمئىيەت»، «گۇرۇھ» دېگەنلىك بولىدۇ. «ھانزا ئىتتىپاقى» دېگەن سۆز ئەڭ بۇرۇن 1344 ـ يىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان.

ئالايلۇق، ترېسكا بېلىقى، ياغاچ ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى هانزا سودىگەرلىرى تىزگىنلىۋالغانىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، هانزا ئىتتىپاقى پەيدىنپەي بەزى ئىمتىيازلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان «سودا ئىتتىپاقى»غا ئايلاندى. ئىتتىپاققا گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى دېڭىز بويى شەھەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋە دېڭىز بويىدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي دېڭىز، بالتىق دېڭىزى ئارقىلىق ئۆتىدىغان سودا يولىغا بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان رېيىن قاتارلىق دەريا بويلىرىدىكى شەھەرلەر قاتناشتى. لۇبېك، هامبۇرگ، برېمېن شەھەرلىرى هانزا ئىتتىپاقىنىڭ يادروسى بولۇپ، كېيىنچە بۇ ئىتتىپاققا كولۇن، پرۇسسىيەدىكى دانزىگ، كونسبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەر قاتناشتى. 1358 ـ يىلى فلاندرغا قارىتا سودا خىتابنامىسى ئېلان قىلغاندا، بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رىگا، لېۋېر قاتارلىق شەھەرلەرمۇ هانزا ئىتتىپاقىغا كىردى. ئىتتىپاق شەرقىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپانىڭ دېھقانچىلىق، كانچىلىق خام ئەشيا ـ ماتېرىياللىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى، ئۆي هايۋانلىرى، مويلۇق تېرە قاتارلىقلار بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ سوكنا، مېتال قاچىلار، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە قول هۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ ۋاستىچىلىك سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى. شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزى ئەتراپلىرىدا باشقا سودىگەرلەرنى ھەدەپ چەتكە قاقتى. 1367 ـ يىلى هانزا ئىتتىپاقىغا ئەزا 77 شەھەرنىڭ ۋەكىللىرى كولۇندا يىغىلىپ، هانزا ئىتتىپاقىغا ئەزا شەھەرلەرنىڭ جامائەت مالىيەسى، مەنسەپدارلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيەسى بولۇش، مۇستەقىل دىپلوماتىيە، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، شەرتنامە تۈزۈش ھوقۇقى بولۇشنى ئېنىق بېكىتتى ھەمدە دانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1370 ـ يىلى دانىيەنى «ستىرالسۇند سۈلھى شەرتنامىسى»نى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتتىپاقنىڭ بالتىق دېڭىزى ۋە شىمالىي

دېڭىزدىكى سودا ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلدۇردى. بۇ ۋاقىت ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى ئىدى.

ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي پائالىيىتى ۋاستىچىلىك سودىسى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تۇرغۇن دۆلەتلەردە سودا پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە لوندون، بىرۇژې، پىلگېن ۋە نوۋگورودلاردىكى سودا پونكىتلىرى ئەڭ مەشھۇر ئىدى. سودا پونكىتىنىڭ خادىملىرى ئادەتتە يەرلىك قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى، ئىتتىپاق قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى. ئىتتىپاقداش شەھەرلەردە چوڭ سودىگەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاۋامنىڭ قارشىلىقىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇراتتى.

ھانزا ئىتتىپاقى دېڭىزدىكى سودا يولىدا بىر ئەسىردىن ئارتۇق زومىگەرلىك قىلدى، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن ئۇ مۇنداق ئۈچ تارىخىي ئامىل تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا زاۋاللىققا يۈزلەندى: بىرىنچى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ بايقىلىشى بىلەن سودا يولىنىڭ مەركىزى ئاتلانتىك ئوكيانىغا يۆتكەلدى، ئىتتىپاقنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ئەنگلىيە، نېدېرلاندىيە، ئىسپانىيەلەر ئىگىلىۋالدى. ئىككىنچى، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى، مېركانتىلىزم (سودا ھېرىسلىقى)نى تەشەببۇس قىلدى. ۋاھالەنكى، گېرمانىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە يۆنىلىش بويىچە راۋاجلاندى، ھانزا سودىگەرلىرىنىڭ تارىختىكى بۇ كۈلپەتلىك تەقدىرگە قارشىلىق قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىدى. 1494 ـ يىلى ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ نوۋگورودتىكى سودا پونكىتى تاقالدى. 1548 ـ يىلى ئۇنىڭ شۋېتسىيەدىكى سودا ئىمتىيازى بىكار قىلىندى. 1563 ـ يىلى ئۇنىڭ پىگېندىكى سودا پونكىتى تاقالدى، ئارقىدىنلا لوندوندىكى سودا پونكىتىمۇ تىجارىتىنى توختاتتى. ئۈچىنچى، ھانزا ئىتتىپاقىغا ئەزا شەھەرلەردە قاتمۇ قات زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى، شەھەرلەردە



www.uyghurkitap.com

ئاۋام خەلقىنىڭ شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى كۈرىشى تېز ئۆلغايدى. لۈبېك شەھىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى سەككىز ئاقسۆڭەك جەمەتى قولغا كىرگۈزۈۋالغانىدى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لۈبېك شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى دىنىي ئىسلاھاتنى نىقاب قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن خىرىستىيان دىنى روھانىيلىرىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر پارلامېنتىنى شەھەر كوممۇناسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي ئىختىيارىچە باج ئالماسلىققا مەجبۇر قىلدى. ھانزا ئىتتىپاقىغا ئەزا شەھەرلەر ئارىسىدىمۇ زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، دانزىگ شەھىرىدىكى سودىگەرلەر گۇرۇھى ئىتتىپاقنىڭ قانۇنىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تاۋارلىرىنى ئوغرىلىقچە گوللاندىيە كېمىلىرى بىلەن توشۇدى، شۇڭلاشقا ئىتتىپاق جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. 1669 ـ يىلى ھانزا ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى (ئالتە شەھەر قاتناشقان)، ئىتتىپاق ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىپ كەتكەنىدى.

ھانزا ئىتتىپاقىدىن باشقا، 1254 ـ يىلى رېين دەرياسى بويىدىكى ماينز، ۋورمىس ۋە باسېل قاتارلىق شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن رېين ئىتتىپاقىنى قۇردى. ئەينى چاغدا رېين دەرياسىدا 62 دىن ئارتۇق ئۆرۈندا ئۆتكەل بار ئىدى. سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تەخمىنەن 70 شەھەر رېين ئىتتىپاقىغا قاتناشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى بەرپا قىلدى. 1331 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدا يەنە سۋابېيە ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭغا ئاۋگسبۇرگ، نۇرنبېرگ قاتارلىق 90 دەك شەھەر قاتناشتى، 1381 ـ يىلى رېين ئىتتىپاقى بىلەن سۋابېيە ئىتتىپاقى رىتسارلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىنى مەغلۇپ قىلىش مەقسىتىدە بىرلەشتى، نەتىجىدە ھەر ئىككىسىلا زىيانغا ئۇچرىدى، چوڭ كىنەزلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىلىشىپ،

1388 ـ يىلى ئىتتىپاقنى يوْتوْۋالدى.

**گېرمانىيە فېئوداللىرىنىڭ شەرقتە كېڭىيىشى** گېرمانىيە فېئودال-لىرى شەھەرلەر ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، يەنە ھەدەپ شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1160 ـ يىلى «ئارسلان» ھېنرى ئوپودرىتلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، موْشوْ ئاساستا 1170 ـ يىلى مېكلېنبوْرگ كىنەزلىكىنى قوْردى. ئوْ، سلاۋيانلارنى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبوْر-لىدى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈردى، شوْنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيەدىكى يەنە بىر چوڭ فېئودال ئابروْھىت يەنە ريوْتىزلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلدى، ئوْنىڭ ۋارىسى «ئارسلان» ھېنرىنىڭ قولىدىن غەربىي سلاۋيانلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، براندېنبوْرگ ماركىزلىقىنى بەرپا قىلدى. 1244 ـ يىلى بېرلىن شەھىرى بوْ يەردە سېلىنىشقا باشلىدى.

گېرمانىيەنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى (يەنە «شەرققە ئوْشتوْمتوْت بېسىپ كىرىش» دەپموْ ئاتىلىدۇ) رىم پاپاسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1202 ـ يىلى پاپا ئىننوسېن III موْقەددەس شەمشەر رىتسارلار پولكىنى قوْروْپ، كاپىر سلاۋيانلارغا جازا يوْروْشى قىلىشقا ئەمر قىلدى، ئوْزوْن ئۆتمەي بوْ پولك ئېستونىيە بىلەن لاتۋىيەنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئاھالىلەرنى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ھەمدە چېركاۋ ـ موناستىرلارغا ئۆشرە تاپشوْروْشقا مەجبوْرلىدى.

1226 ـ يىلى پولشا پادىشاھ، كىنەزلىرى تېئوتون رىتسارلار پولكىنى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پروْسسىيەلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستوْروْشقا تەكلىپ قىلدى، نەتىجىدە پروْسسىيەنى بوْ رىتسارلار پولكى يوْتوْپ كەتتى. 1237 ـ يىلى تېئوتون رىتسارلار پولكى بىلەن موْقەددەس شەمشەر رىتسارلار پولكى بىرلىشىپ، داۋاملىق شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلدى، 1308 ـ يىلى دانزىگنى ئىشغال قىلىپ، پولشانىڭ



www.uyghurkitap.com

دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى قامال قىلىپ، پولشانىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. 1386 ـ يىلى پولشا بىلەن لىتۋا بىرلەشتى. 1410 ـ يىلى پولشا بىلەن لىتۋا، رۇسىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى گرۇنۋالدتا رىتسارلار پولكىنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ رىتسارلار پولكى ئەسلىگە كېلەلمىدى. 1466 ـ يىلى رىتسارلار پولكى پولشاغا بېقىندى بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. گېرمانىيەنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى توختىدى.

## 2. ئىتالىيە

**سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى** 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، خوخېنستائۇفېن خانىدانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىتالىيە ئەمەلىيەتتە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى، ئەمما ئۇ يەنىلا بۆلۈنمە ھالەتتە ئىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، بىرلىككە كەلگەن بازار ھەمدە مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزىنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكىدىن بولغانىدى. ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا سودا ـ سانائەت بىر قەدەر راۋاجلانغان بولۇپ، شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرى خېلى بۇرۇنلا قۇرۇلغانىدى. بەزى ئىلغار رايونلاردا يانچىلىق تۈزۈمى 14 ـ ئەسىردىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلغانىدى. 14 ـ ئەسىردە ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىخلىرى پەيدا بولدى. بىراق شىمالىي ئىتالىيەدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە تاشقى سودا ئاساس قىلىنغاچقا، دۆلەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن بازارغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى. ھەر قايسى شەھەرلەر بازارنى تالىشىپ ھەمىشە

ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىپ، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى خورىتىۋەتكەنىدى. ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئاساسلىق پاپا دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ، ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، تۇرمۇش ئېستېمال بۇيۇملىرى ۋە زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ئاساسەن شىمالىي ئىتالىيەدىكى شەھەرلەر تەمىنلەيتتى. پاپا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر پەدەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئىنتايىن قورقاتتى؛ ئۇلار ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى. پاپا دۆلىتىگە فىرىنزى، پىسا قاتارلىق شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرى قوشنا ئىدى. ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غوجايىنلىرى ناھايىتى تېز ئالمىشىپ تۇردى. ئۇنى 11 ـ ئەسىردە نورمانلار ئىشغال قىلدى. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گېرمانىيە خوخېنستائۇفېن جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. خوخېنستاۋفېن خانىدانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت يەنە فرانسىيەلىك فېئودال، ئانجۇ جەمەتىدىن چارلىز (1269 ـ يىلى) نىڭ قولىغا ئۆتتى. سىسىلىيە خەلقى فرانسىيە فېئوداللىرىنىڭ ئېزىشىگە چىداپ تۇرالماي، 1282 ـ يىلى كەچلىك ئىبادەت قوڭغۇرىقىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ سىگنالى قىلىپ، فرانسىيەلىكلەرنى قوغلاپ چىقاردى. بىراق يەرلىك فېئوداللار ئۆزلىرىنى يەنە ئىسپانىيەنىڭ ئاراگون پادىشاھلىقىنىڭ قوينىغا ئاتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىتالىيەنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي قىسمى ئۇزۇن مەزگىل ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. بۇ ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تېخىمۇ قاتتىق توسالغۇ بولدى.

**ۋېنېتسىيە ۋە فلورېنسا** 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئىتالىيەدە شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرى ناھايىتى گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، بۇنىڭغا ۋېنېتسىيە بىلەن فلورېنسا ئەڭ تىپىك مىسال

بولالايدۇ. ۋېنېتسىيەنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ئۇ ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى رايونلاردىن باشقا، يەنە ئىستىرىيە، دالماتىيە، كرېتې ئارىلى بىلەن سىپرۇس ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋېنېتسىيەنىڭ 300 سودا كېمىسى، 10 ــ 200 «ئامفىرا» (سىغىم بىرلىكى 0.6 تونىغا باراۋەر) يۈك كۆتۈرىدىغان كىچىك تىپتىكى كېمىسىدىن 3000 ى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 46 ئۇرۇش كېمىسى، 36 مىڭ دېڭىزچىسى بار ئىدى. كېمە ئەترىتى كونستانتىنوپول، ئالېكساندىرىيە، ئەنگلىيە ۋە نىدېرلاندىيەگە قەرەللىك ھالدا بېرىپ كېلەتتى. 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ۋېنېتسىيە خەلقئارالىق چوڭ مەركىزى شەھەرگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ شەھەردە سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 200 مىڭ ئاھالە ياشايتتى. يىللىق كىرىمى تەخمىنەن 1 مىليون دۇكات بولۇپ، بۇ پۈتكۈل فىرانسىيەنىڭ كىرىمىگە تەڭ ئىدى، ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، بورگۇندى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى كىرىمى (900 مىڭ دۇكات) دىن ئېشىپ كەتكەنىدى. مىلان، فلورېنسا، ھەتتا ۋاتىكانىنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ۋېنېتسىيەدە 1284 ـ يىلى قۇيۇلغان تىللا دوكات ياۋروپادا بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان پۇل ئىدى. ۋېنېتسىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئەينەكتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ پۈتكۈل ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە بازىرى ئىتتىك ئىدى. دېڭىز يولى سودىسىنى قوغداش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت يەنە 24 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 15 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى قوراللاندۇرغانىدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 3300 كىشىلىك بېقىندى قوشۇنى بار ئىدى. ۋېنېتسىيە رەقىبى ژېنوۋا شەھەر جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى سودا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۇزۇن مەزگىل ئۇرۇش قىلدى. 1378 ـ يىلى ئىككى تەرەپ پوللا پورتىدا بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك دېڭىز ئۇرۇشى قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ۋېنېتسىيەنىڭ 15 ئۇرۇش كېمىسى ۋە 2000 دېڭىز ئارمىيەسى زىيانغا ئۇچرىدى. 1379 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋېنېتسىيە قايتىدىن كۈچ توپلاپ، 34 ئۇرۇش پاراخوتى، 60 ئۇرۇش كېمىسى ۋە 400 كىچىك كېمە تەييارلاپ، پىسانىڭ باشلامچىلىقىدا ژېنوۋا دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن چىئاۋگىيەدە جەڭ قىلدى. ژېنوۋا دېڭىز ئارمىيەسى تامامەن يوقىتىلدى، مەزكۇر فلوتنىڭ قوماندانى دورلىيا جەڭدە قۇربان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى زومىگەرلىك ۋېنېتسىيەنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدا ۋېنېتسىيەنىڭ سودا پونكىتى ـــ تانا پەيدا بولدى.

ۋېنېتسىيە جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتالسىمۇ، ھاكىمىيەت ئاز سانلىق شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. دۆلەت باشلىقى باش ۋالىي دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنى ۋېنېتسىيەدىكى دۆلەتمەن ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن سايلاپ چىقاتتى، ۋەزىپىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇراتتى. چوڭ پارلامېنت جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇن تۈزۈش ۋە تەپتىش قىلىش ئورگىنى ھېسابلىناتتى. 1297 ـ يىلى قانۇن تۈزگۈچىلەر ئارقىلىق نامى پەقەت «ئالتۇن دەپتەر»گە كىرگۈزۈلگەن ئاز سانلىق دۆلەتمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭلا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلىنالايدىغانلىقى بەلگىلەندى. چوڭ پارلامېنتنىڭ 480 نەپەر ئەزاسى بولۇپ، ئەمما جۇمھۇرىيەتنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى 120 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان سېنات ئىگىلىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ يېرىمىنى چوڭ پارلامېنت سايلاپ چىقاتتى، قالغان يېرىمىنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك سېنات سايلاپ چىقاتتى، ئۇلار چوڭ پارلامېنتنىڭ ئىبتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. سېنات دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى ھەققىدىكى يېتەكچى پرىنسىپلارنى بەلگىلەيتتى، ئۇرۇش ئېلان قىلىشمۇ، سۈلھى قىلىشمۇ بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان كىچىك پارلامېنت بولۇپ، ئۇلار باش ۋالىينىڭ كۈندىلىك

مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملىشەتتى. 1310 ـ يىلى پارلامېنتنىڭ سىرتىدا قالغان ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر تاپورونىڭ رەھبەرلىكىدە شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دوكار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا ئۇلار پاجىئەلىك باستۇرۇلدى. بۇ ئىش ئاقسۆڭەك دوكارلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇلار «10 كىشىلىك كومېتېت» قۇردى، ئۇ دەسلەپتە ۋاقىتلىق دەپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، 1335 ـ يىلىغا كەلگەندە دائىمىي ئورگانغا ئايلاندى، بۇ كومىتېت ھەر قانداق ئىشقا ئارىلىشالايتتى، ھەتتا باش ۋالىيسىمۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرالايتتى. 1457 ـ يىلى شۆھرەتپەرەس باش ۋالىي فوسكارى (1373 ـــ 1457) نى 10 كىشىلىك كومېتېت ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، ئاقىۋەتتە ئۇ قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆلدى. بۇ كومېتېت جىنايەتچىلەرنى مەخپىي مەلۇم قىلغان، پاش قىلغانلارنى ئۆمۈرۋايەت يىلىغا 60 تىللا بېرىپ مۇكاپاتلايتتى.

ۋېنېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يېڭى دېڭىز يولى بايقالغۇچە داۋاملىشىپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئاخىرلاشتى.

فلورېنسامۇ ئىتالىيەدىكى مەشھۇر شەھەر جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، ئۇ ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۇزلەڭلىككە جايلاشقان، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر خىرىستىيان دىنىنىڭ مەركىزى رىمغا بېرىشتا جەزمەن بۇ يەردىن ئۆتەتتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ «ئىتالىيەدىكى ئافىنا» دېگەن نامى بار ئىدى. فلورېنسا 1115 ـ يىللى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 1289 ـ يىلى يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىندى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى پاچاقلاپ تاشلاندى، 1293 ـ يىلى تۇزۇلگەن «ئادالەت قانۇنى» غا ئاساسەن، ھاكىمىيەتنى باي سودىگەرلەر، بانكىرلار ۋە قىسمەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىگىلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى — «پرىسبىتېرئاللار يىغىنى» ئاساسلىق يەتتە چوڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىردىن ۋەكىلى، باشقا 14 كىچىك كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پەقەت ئىككى ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقانىدى، ئۇلاردىن باشقا يەنە سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى بولمىغان 72 تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى.

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فلورېنسا پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە سوكنا سانائىتى ۋە كۆمۈش پۇل ئالماشتۇرۇش كەسپىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. 1306 — 1308 ـ يىللىرى فلورېنسا شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئورنىدىن 300 ى بار بولۇپ، يىلىغا 100 مىڭ توپ سوكنا ئىشلەپچىقىراتتى، ئۇنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 600 مىڭ فلورىنغا توغرا كېلەتتى. 1343 ـ يىلى فلورېنسا شەھىرىدە 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، تەخمىنەن 30 مىڭ ئادەم سوكنا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، بۇ پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى. بانكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 80 جەمەت بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى باردى جەمەتى بىلەن پىروۋزى جەمەتى 1338 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد Ⅲ كە 1 مىليون 365 مىڭ فلورىن قەرز پۇل بەرگەن، 1345 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى تېنىۋېلىپ قەرزنى قايتۇرمىغاچقا، بۇ ئىككى جەمەت ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

ھاكىمىيەت «سېمىز كىشىلەر» نىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئەمگەكچى ئامما ئات ـ ئېشەكتىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرەتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ھوقۇقى يوق بولۇپ، ئۇلار ھاكىمىيەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانىدى. ئۇلار كۈنىگە 14 سائەتتىن 16 سائەتكىچە ئىشلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئاران بەش سورىد ئىدى. ئەمما باردى، پېرۇز، مېدىچى قاتارلىق جەمەتنىڭ ئىلكىدە 100 تىللالىق

ناھايىتى نۇرغۇن پۇل بار ئىدى. شۇڭلاشقا يۇڭ تىتىش ئىشچىلىرىنى ئاساس قىلغان شەھەر نامراتلىرى نائىلاج قولىغا قورال ئېلىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1378 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرقى دېكاسىدا قوزغىلاڭچىلار «سېمىز كىشىلەر» ئىگىلەپ تۇرغان سوكىنىچىلىق - كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىغا ئوت قويۇپ، قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى 20 يىلغا ئۇزارتىش، ئىش ھەققىنى 50% ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قوزغىلاڭچىلار پرىسبىتېرىئاللار يىغىنى بىناسىنى ئىگىلەپ، يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى. يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نازارەتچىسى مىكائىل راندوۋ «ئادالەت بايراقدارى» لىققا سايلاندى، ئارقىدىنلا يېڭىدىن ئۈچ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر يۇڭ تىتىش ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇ دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن يالانما ئىشچىلار قوزغىلىڭىدۇر. بىراق، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئۇستىخانا غوجايىنلىرىنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇلار ئۇستىخانىلارنى تاقاش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىشچىلارغا تەھدىت سالدى، شەھەردە ئاچارچىلىق ۋە ئىشسىزلىق يۈز بەردى. ئارقىدىنلا راندوۋ «سېمىز كىشىلەر»گە سېتىلىپ كېتىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىلمىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئىشچىلار يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قەرزنى بىكار قىلىش، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئەرزان باھادا سېتىش، بانكا ئۆسۈم بېرىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشچىلارنىڭ يوللۇق تەلىپىنى قوللاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە راندوۋ «سېمىز كىشىلەر»نىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقتىن، يېڭى ھاكىمىيەت ئاخىر بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. قوزغىلاڭ

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى قۇرۇلغان ئۈچ كېسەپداشلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھاكىمىيەت يەنە «سېمىز كىشىلەر» نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇرژۇئازلار ئىشچىلار قوزغىلىڭىدىن ۋەھىمە يېگەنلىكتىن، 15 ـ ئەسىردە چوڭ بانكىر مېدىچىنىڭ دىكتاتورىسى بارلىققا كەلدى. 1434 ـ يىلىدىن 1464 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، بانكىر كوسىمو مېدىچى قارىماققا ھېچقانداق مەنسەپ تۇتمىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە فلورېنسا جۇمھۇرىيىتىنىڭ يولباشچىسى ئىدى، پرسىبتېرئال يىغىنى ھەمىشە ئۇنىڭ داچىسىدا ئېچىلاتتى، پەقەت ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلارلا ھەرخىل مەنسەپلەرگە ئولتۇرالايتتى. ئۇ ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد IV بىلەن پاپا نىكولاي V كە قەرز بەرگەچكە چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئۇ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن نامراتلارنىڭ باج ـ سېلىق يۈكىنى يەڭگىللەتتى ھەمدە 400 مىڭ تىللانى دىنىي جەمئىيەتنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. كوسمونىڭ ئوغلى لورېنسو دەۋرى (1469 ـــ 1492)گە كەلگەندە فلورېنسا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى، ئۇ سىياسىينى بېزەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە ئاممىۋى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ھەشەمەتلىك سارايلارنى سالدۇردى، تەنتەنىلىك نامايىش قىلىش، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، يەنە ئىلىم ئەھلىلىرى، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنى يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىپ ئىشلەتتى. مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى تەشەببۇس قىلدى، شۇڭلاشقا فلورېنسا ئىتالىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەركىزىگە ئايلاندى، گۇمانىزم ئىدىيەۋى ئېقىمى بۇ يەردىن پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالدى.

**دولكىنو قوزغىلىڭى** ئىتالىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقتىن، شەرقىي شىمالدىكى بەزى شەھەرلەر،

www.uyghurkitap.com

ئالايلۇق، ۋېرونا، فېررارا، پارما قاتارلىق شەھەرلەر يەنىلا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئەتراپتىكى ياتچىلار تاۋار ئېگىلىكىنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچراۋاتاتتى. شەھەرلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. 1260 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، سېگارېللى پارما رايونىدا سېگارېللى «ھاۋارىيون قېرىنداشلار مەزھىپى» (ئەسھابىلەر)نى قۇردى، ئۇلار ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۆزئارا ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل بولۇشۇپ ياشىغاچقا، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ مۇرىتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇ ئەكسىيەتچى كۇچلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، پاپا ھاۋارىيون قېرىنداشلار مەزھىپىنى تارقىتىۋېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە سېگارېللىنى پارمادىن قوغلاپ چىقاردى، بىراق ئۇ قەتئىي تىز پۈكمىدى، ئۇ پۈتكۈل شىمالىي ئىتالىيەنى كېزىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى پائال تەشۋىق قىلدى، 1300 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

سېگارېللىنىڭ ۋارىسى دولكىنو ۋە ئۇنىڭ جورىسى مارگارېت قۇتلۇق مىڭ يىل (خىرىستىيان دىنىدا كۆرسىتىلىشىچە، قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدىكى مىڭ يىلدا خىرىستوس پەرشكە چۈشۈپ پادىشاھ بولىدىكەن)غا ئازلا قالدى دەپ تەشۋىق قىلىپ، مۇرىتلىرىنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق يوقىتىشقا چاقىردى، چۈنكى ئۇلار مال ـ دۇنيا بارلىق جىنايەتنىڭ يىلتىزى، دەپ قارايتتى. 1303 ـ يىلى دولكىنو 6000 دىن ئارتۇق قوراللىق مۇرىتىغا باشلامچىلىق قىلىپ، پىيېدمون تاغلىق رايونىدا كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ئۇلار چېركاۋ ـ موناستىرلارنى پاچاقلاپ تاشلىدى، فېئودالLارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. مارگارېتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن

ئاياللارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. پاپا كلېمېنت V ئەھلىسەلىپ تەشكىللەپ دېھقانلار قوشۇنىنى باستۇردى، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار نائىلاج ئورمانلىق تاغقا چېكىندى، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا مارگارېت مەردلەرچە قۇربان بولدى، 1307 ـ يىلى دولچىنومۇ ۋەھشىيلەرچە قىيىن ـ قىستاق ئازابىدىن ئۆلدى.

تۆت يىل داۋاملاشقان دولچىنو قوزغىلىڭى پاپا باشچىلىقىدىكى ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ئۇ 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي ياۋروپا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3. پاپا ئوردىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

12 ـ ئەسىردە، غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى فېئوداللىق ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غايەت زور خەلقئارالىق مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ھەر بىر كاتولىك دىنى دۆلىتىدە ئىگىلىگەن نۇرغۇن يېرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق مۇرىتلاردىن كۆپ ئۆشرە (ئاشلىق)، كىچىك ئۆشرە (كۆكتات) ۋە قان ئۆشرىسى (ئۆي ھايۋانلىرى) يىغاتتى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمى بويىچە دىنىي تەبىقە تۈزۈمىنى ئورناتتى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى رىم پاپاسى دەھرىي دۇنياغا غوجا بولماقچى بولدى. پاپانىڭ فېئودال مۇستەبىتلىك ھوقۇق تەلىماتى پاپا گرېگورى VII نىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پاپا ئىننوسېن III نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن مۇقىملاشتى.

پاپا ئىننوسېن III (1198 — 1216) نىمىس قان

www.uyghurkitap.com

سىستېمىسىدىن بولغان ئىتالىيەلىك مەشھۇر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ئالىي مەلۇماتلىق، بىلىملىك بولۇپ، سىياسىي تاكتىكىغا ماھىر ئىدى، ئۇ كاردىنال بولغاندىن كېيىن پاپالىققا سايلانغان. ئىننوسېن III نىڭ زامانىدا دىنىي ھاكىمىيەت ئىنتايىن گۈللەندى. ئۇ دىنىي ھاكىمىيەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش تەلىماتىنى تەرغىب قىلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، دىنىي جەمئىيەت «بىر يېگانە مۇكەممەل جەمئىيەت»، ئۇنىڭدا دەھرىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ئورگانلار بولۇشى كېرەك. ئىننوسېن پاپانىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنىنى تۇنجى قېتىم تۆت تارمىقى بولغان، تۈزۈملەشتۈرۈلگەن تەشكىلاتقا ئۆزگەرتتى. ئىككىنچى، پاپا تەڭرىنىڭ پانىي دۇنيادىكى ۋەكىلى ھاۋارىيۇنچى پېترنىڭ ۋارىسى. دىنىي ھاكىمىيەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئىمپېراتور بىلەن پادىشاھ پاپاغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك. بۇ نەزەرىيە ئوبرازلىق ھالدا مۇنداق بايان قىلىنغان؛ پاپانىڭ ھوقۇقى قۇياش نۇرىغا، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ئاي نۇرىغا ئوخشايدۇ، ئاينىڭ نۇرى قۇياشتىن كەلگەن، شۇڭلاشقا پاپا سايلانغان پادىشاھنى تەستىقلاش ھوقۇقىغا، ئىمپېراتور، پادىشاھلارنىڭ تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ دىنىي مۇرىتلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش، پۇقرالىرىنىڭ ئۇلارغا بويسۇنۇشىنى ئاشكارا بىكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئىننوسېن III دىپلوماتىيە سىياسىتىگىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ گېرمانىيە پادىشاھى فرېدرىخ II نىڭ گۆدەك چاغلىرىدىكى ھامىيسى ئىدى، يەنە ئەنگلىيەنىڭ «يەرسىز پادىشاھى» جوننى بويسۇندۇرغان، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا ئارىلاشقان، نۇرغۇن پادىشاھلار پاپاغا ئىتائەت قىلىشنى ئېتىراپ

قىلغان، پاپا يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كېلىپ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئىننوسېن ۋىزانتىيەگە تاجاۋۇز قىلغان تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ بىلەن «بىدئەت» ئالىپچىلارنى باستۇرغان ئەھلىسەلىپنى قورۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دىنىي كېسىمخانا بىلەن قەلەندەر راھىبلار ئۆمىكى قۇرغان. دىنىي كېسىمخانا بىدئەتلەر سوتخانىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ «جىنايەتچىلەر»نىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك قاماقتا ھۆكۈم قىلىش، ھەتتا ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. قەلەندەر راھىبلار ئۆمىكى يېڭىچە موناخلار ئۆمىكى ئىدى. ئۇ ئىككى مەزھەپكە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنى ئىتالىيەلىك موناخ فرانسىس قۇرغان بولغاچقا، ئۇ فرانسىس مەزھىپى دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىرىنى ئىسپانىيەلىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان مىسسىيونېر دومىنكا (1170 — 1221) قۇرغان بولغاچقا، ئۇ دومىنكا مەزھىپى دەپ ئاتالغان، بۇ يېڭى موناخلار ساڭگول - سۇڭگۇل كىيىنىپ، تەرەپ - تەرەپتە ۋەز ئېيتىپ، خەلقنى نامراتلىق ھالىتىگە شۈكۈر قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇلار سەدىقىگە تايىنىپ جان باققاچقا «تىلەمچى» موناخلار ياكى قەلەندەر راھىبلار دەپ ئاتالغان. دومىنكا مەزھىپىدىكىلەر ۋەز ئېيتىشتىن باشقا، يەنە ئىلاھىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، دىنىي كېسىمخانىلارنىڭ كېسىم ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

1115 - يىلىدىكى تۆتىنچى قېتىملىق روتلاند يىغىنى دىنىي جەمئىيەتنىڭ روناق تاپقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى. يىغىنغا 400 نەپەر ئېپىسكوپ، 800 نەپەر موناستىر

باشلىقى ۋە تىلەمچى موناخ، شۇنداقلا دەھرىي پادىشاھلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا «كاتولىك دىنى جەمئىيىتى دۇنيا بويىچە بىردىنبىر دىنىي جەمئىيەت» دېگەن قارار چىقىرىلدى.

14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە غەربىي ياۋروپادا پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنىڭ روناق تېپىشى ۋە خەلقنىڭ فېئوداللىق دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلاھىي ھاكىمىيەتنى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى. پاپا بونىفاس Ⅷ نىڭ فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ Ⅳ كە قارشى كۈرەشتە مەغلۇپ بولۇشى بۇ بۇرۇلۇشنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. «ئاۋىگنون مەھبۇسى» (1308 — 1378) دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي خىرىستىيان كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ «چوڭ بۆلۈنۈش» دەۋرى (1378 — 1417) باشلاندى. بۇ چاغدا ئىككى پاپا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بىرى رىمدا، يەنە بىرى ئاۋىگنوندا تۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى قارغاشتى، بىر ـ بىرىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ تۆكۈلدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شەرقىي ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە «دىن يىغىنى ھەرىكىتى» ئەۋج ئالدى، ئۇنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرىدە بارلىق دىن يىغىنلىرى پاپادىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. 1409 ـ يىلىدىكى پىسا دىن يىغىنى ۋە 1414 — 1417 ـ يىللاردىكى كونستانتىسىي دىن يىغىنلىرىدىن كېيىن، گەرچە بىر نەچچە پاپانىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىراق كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان دىنىي ھاكىمىيەت قايتا باش كۆتۈرەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

# 5 ـ بۆلۈم بىرلىككە كەلگەن ئىسپانىيە دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

گوتلار دەۋرىدىكى ئىسپانىيە 419 ـ يىلى غەربىي گوتلار گاللىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن ئىسپانىيە رايونىدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، رىم قۇلدارلىرىنىڭ يېرىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى مۇسادىرە قىلدى. پادىشاھ كۆپ قىسىم يەرنى ئۆزى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنسەپدارلىرى بىلەن ئېپىسكوپلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمى دەل مۇشۇ ئاساستا بەرپا قىلىندى.

غەربىي گوتلار رىملىقلارنىڭ يەرلىرىنى بۆلۈۋېلىپ، ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش شەكلىنى قوللانغاندى، رىمنىڭ يەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدە يېزا كوممۇناسى تېز پارچىلاندى. پادىشاھ ئېئۇرىك ھۆكۈمرانلىق دەۋر (466 ــ 484)دە يەرگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئېلىش ـ سېتىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولغانىدى. نامرات كوممۇنا ئەزالىرى بايلاردىن ئات ئۆتنە ئېلىپ باشقىلارنىڭ پادىلىرىنى باقاتتى. پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بەزى يېزا كوممۇنا ئەزالىرى نائىلاج پەرزەنتلىرىنى قۇللۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى. مۈلكى يوق گوتلارنىڭ توختام ـ كېلىشىملەرگە قول قويۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن خاس ئەسكەرلەرنىڭ قىزلىرىنىڭ مۈلۈكسىز كىشىلەرگە ياتلىق بولۇشى ھاقارەتلىك ئىش، دەپ قارىلاتتى. ھۆر گوتلارنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى رولىمۇ بارغانسېرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەربىي ئىشلار يىغىنى خەلق

يىغىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇرۇش ئېلان قىلىش ياكى سۈلھى قىلىش قاتارلىق چوڭ ئىشلارنى ھەمىشە پادىشاھ قارار قىلىدىغان بولدى. بۇ چاغدا غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى لوئىر دەرياسىدىن گىبرالتار بوغۇزىغىچە كېڭەيگەنىدى.

دەسلەپتە رىملىقلار بىلەن گوتلار ئارىسىدا ئېنىق چېگرا بار ئىدى. رىملىقلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشىگە، گوتلار بىلەن نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى، فېئوداللىشىش جەريانىغا ئەگىشىپ بۇنداق چېگرا بارا - بارا يوقالدى. پادىشاھ لېئوۋىگىلد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (573 — 586)دە، گوتلار بىلەن رىملىقلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا يول قويۇلىدىغانلىقى جاكارلاندى. 587 - يىلى پادىشاھ رېكارېد (586 — 601) دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئارىئان مەزھىپىدىن ۋاز كېچىپ، ئورتودوكس خىرىستىيان دىنى (رىم كاتولىك دىنى)نى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي گوت پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خىرىستىيان پوپ - موناخلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا فېئوداللىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى.

7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۆر دېھقانلار مال - مۈلكىنىڭ پارچىلىنىشى قانۇندىمۇ ئەتتۇرۇلدى. پادىشاھ سىنداسۋىت (646 — 652) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تۈزگەن قانۇنلاردا ھۆر كىشىلەر ئىككى تۈرگە، يەنى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە ئايرىلغانىدى. ئۇلار قانۇن جەھەتتە باراۋەر ئەمەس ئىدى. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ساختا گۇۋاھلىق بەرسە، پەقەت زىيان تارتقۇچىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بەرسىلا بولاتتى؛ ئەمما تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ساختا گۇۋاھلىق بەرسە قۇل قىلىناتتى. جازانىخورلۇقمۇ دېھقانلارنى ۋەيران قىلدى ۋە ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلدى. غەربىي گوتلارنىڭ قانۇنىدا پۇلنىڭ ئۆسۈمى 12.5%، نەرسە - كېرەكنىڭ ئۆسۈمى 50% گىچە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشى، بۆلگۈنچىلىك قىلىشى فېئودالىلىشىشنىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. بەزىلەر ھەتتا تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پادىشاھقا قارشى تۇردى. 631 ـ يىلى چوڭ ئاقسۆڭەك سىزىبەنت فرانكلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پادىشاھ سۋىنگىراغا قارشى تۇردى. 711 ـ يىلى گىراف ئېۋرىئان ئەرەب سەردارى تالىخ باشچىلىقىدىكى 12 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا ماسلىشىپ غەربىي گوت پادىشاھى رودېرىك باشچىلىقىدىكى 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا توسۇپ زەربە بەردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېپىسكوپ ئوپاس خائىنلىق قىلدى، نەتىجىدە غەربىي گوتلار گۋادالاۋىر دەرياسى جېڭىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسپانىيە ئەرەب دۆلىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

**ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى** 750 ـ يىلى ئەرەب ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئاقسۆڭەك ئابباس ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى، ئۇ ئۇمەۋىيلەر جەمەتىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاشقا ئەمر قىلدى، 90 دىن ئارتۇق جەمەت ئەزالىرى ئىچىدە پەقەت شاھزادە ئابدۇراھمانلار تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ باشقىچە ياسىنىپ شىمالىي ئافرىقا ئارقىلىق ئىسپانىيەگە قېچىپ بارغاندا، بىر قىسىم ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بېربېرلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى ھەمدە 756 ـ يىلى مۇستەقىل كېيىنكى ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئابدۇراھمان ھەر خىل دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش جەريانىدا 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن قۇردى، بۇ قوشۇن ئاساسلىقى شىمالىي ئافرىقىدىن قوبۇل قىلىنغان بېربېرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باتۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر، ئىنتىزامى قاتتىق ئىدى. ئۇ يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مائاش ئارقىلىق قوشۇننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئابدۇراھمان III (912 ــ

961)نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خانىدانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئابدۇراھمان Ⅲ 929 ـ يىلى ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلىپ، كوردوۋانى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. ئەرەبلەر شەرقنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى بىلەن پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىسپانىيەگە ئېلىپ كەلدى. ئالايلۇق، قانال قېزىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياساش، پىلە بېقىش ۋە شال، كېۋەز، شېكەر قومۇشى تېرىش، ئاپېلسىن پەرۋىش قىلىش قاتارلىقلار، كان قېزىش، توقۇمىچىلىق ۋە مېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلارمۇ ئىسپانىيەدە ئومۇملاشتى. 10 ـ ئەسىردە پايتەخت كوردوۋادا 500 مىڭ ئاھالە، 700 مەسچىت، 300 مۇنچا بار بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدا ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ھېسابلىناتتى. چاڭئەن، كونستانتىنوپول، باغداد بىلەن بىرلىكتە دۇنيادىكى تۆت چوڭ پايتەخت دەپ ئاتالغانىدى. خەلىپە ئوردىسى پۈتكۈل ياۋروپا بويىچە ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئوردىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەشەمەتلىكتە باغداد بىلەن كونستانتىنوپولدىكى ئوردىلاردىنلا كېيىن تۇراتتى. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ۋە گېرمانىيە، ئىتالىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادشاھلىرى بۇ يەرگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ تۇراتتى. كوردوۋا كۇتۇپخانىسىدا 400 مىڭ پارچە كىتاب ساقلانغان بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ھەمىشە بۇ يەرگە كىتاب كۆرۈشكە كېلىپ تۇراتتى. ئابدۇراھمان Ⅲ دەۋرىدە قۇرۇلغان كوردوۋا ئالىي بىلىم يۇرتى ياۋروپادىكى مەشھۇر مەكتەپ بولۇپ، كىشىلەر ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىن كېلىپ بۇ يەردە ئوقۇيتتى.

ئەمما، بۇنداق گۈللىنىش ئەمگەكچى خەلقنى ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى خىرىستىيان دىنى بىلەن يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن جان بېجى ئالاتتى، باج نورمىسى 12، 24 ۋە 40

دەرھەمدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇ باج تاپشۇرغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلەتتى، بىر يىلدا بىر قېتىم باج تاپشۇرۇلاتتى. تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يانچىلار ھوسۇلىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى يېڭى كەلگەن مۇسۇلمان زېمىندارغا تاپشۇراتتى. ئابدۇراھمان III ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي سېلىش ئۈچۈن، 10 مىڭ ھۈنەرۋەنتى ھاشارغا سالغان، 1500 ئات ـ ئۇلاغنى ماتېرىيال توشۇشقا ئىشلەتكەن بولۇپ، ئوردا سارىيى جەمئىي 20 يىلدا پۈتكەن. خەلىپە قەستكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئوردىنىڭ تۆت ئەتراپىغا 3750 نەپەر قۇلدىن تەشكىللەنگەن ياساۋۇلنى ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە 100 مىڭ كىشىلىك دائىمىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. دۆلەتنىڭ يىللىق كىرىمى 6 مىليون 245 مىڭ دىنار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن، ئۈچتىن بىر قىسمى قۇرۇلۇش ـ ئىمارەتلەرنى ياساشقا ئىشلىتىلەتتى، قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى زاپاس قالدۇرۇلاتتى. ئابدۇراھمان III گەرچە ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ئىچىدە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن كۈن بويى غەم ـ ئەندىشىدە ياشايتتى، خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن بەك قورقاتتى. ئۇ ۋەسىيەتنامىسىدە، ھاياتىمدا پەقەت 14 كۈن خۇشال ـ خۇرام ياشاپتىمەن، دېگەن.

**خىرىستىيان پادىشاھلىقلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى** 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چوڭ فېئوداللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش كۈچەيدى. 1031 ـ يىلى كېيىنكى ئۇمەۋىيىلەر خاندانلىقىنىڭ ئىسپانىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى. كوردوۋا خەلىپە دۆلىتى خارابىلىكى ئۈستىدە 23 كىچىك پادىشاھلىق بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساراگوزا، تولدو، كوردوۋا، سېۋىر ۋە گرانادا قاتارلىقلار چوڭراق ئىدى. بۇ كىچىك پادىشاھلىقلار ئۆز

ئارا تەپرىقچىلىك قىلىشىپ، ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ قىرغىن قىلىشتى. مانا بۇ ئەھۋاللار ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىكى خىرىستىيان دۆلىتىگە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

711 ـ يىلى ئەرەبلەر ئىسپانىيەنى ئىشغال قىلغاندا، ئىسپانىيە ئاقسۆڭەكلىرى يېرىم ئارالنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاستۇرىياس تاغلىق رايونىغا بەس ـ بەستە قېچىپ بېرىۋالغانىدى، 718 ـ يىلى ئۇلار پېلاگئونى پادىشاھلىققا سايلاپ، ئاستۇرىياس پادىشاھلىقىنى قۇردى. 873 ـ يىلى پايتەختىنى لېئونغا كۆچۈرۈپ، لېئون پادىشاھلىقى دەپ ئاتالدى. ئەرەبلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا لېئون پادىشاھلىقى قەدەمدە بىر بارگاھ ـ ئىستىھكام قۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، پەيدىنپەي جەنۇبقا كېڭەيدى، دورو دەرياسى ۋادىسىدا نۇرغۇن قورغانلارنى سالدى، شۇنداق قىلىپ، لېئون پادىشاھلىقى تەۋەلىكىدە يەنە كاستىلىيە پادىشاھلىقى① بارلىققا كەلدى. 1037 ـ يىلى لېئون بىلەن كاستىلىيە بىرلىشىپ كۈچى بارغانسېرى زورايدى. 1085 ـ يىلى ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ قولىدىن تولېدو شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە ئۇنى تايانچ نۇقتا قىلىپ داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلىدى، كاستىلىيە پادىشاھلىقى پەيدىنپەي ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەنە ناۋاررا پادىشاھلىقى، ئاراگون پادىشاھلىقى ۋە بارسىلونا گىرافلىقى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاراگون پادىشاھلىقى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىدى. رامىرو I ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1035 ــ 1063) دە ئۇنىڭ تەسىرى ئېبرو دەرياسىغىچە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەريانىڭ جەنۇبىدىكى زاراگوزانى ئىشغال قىلدى (1118 ـ يىلى). 12 ـ ئەسىرنىڭ

---

① قورغان دېگەن سۆز ئىسپان تىلىدا «كاستىل» دېيىلىدۇ، كاستىلىيە دېگەن سۆز «قورغان دۆلىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوتتۇرىلىرىدا يەنە بارسېلونا گىرافلىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئاراگون ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىككىنچى مەركىزىگە ئايلاندى.

ئەرەبلەر ئىسپانلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى توسماقچى بولۇپ، شىمالىي ئافرىقىدىكى بېربېر مىللىتىگە تەۋە مورابىتلاردىن ياردەم سورىغانىدى، 1086 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تەخمىنەن 20 مىڭ مورابىت سەردار ئىبنى يۈسۈفنىڭ باشچىلىقىدا باداخوز ئەتراپىدا كاستىلىيە پادىشاھى ئالفونسو VI بىلەن جەڭ قىلدى، ئالفونسو پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ، ئاران 300 ئادىمى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئىبنى يۈسۈف كېسىلگەن 40 مىڭ باشنى ئولجا سۈپىتىدە شىمالىي ئافرىقىغا ئېلىپ كەتتى. 1090 - يىلى ئىبنى يۈسۈف ئىسپانىيەنىڭ كۆپ قىسمىغا دېگۈدەك بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. پەقەت تولدو قاتارلىق شەھەرلەرلا يەنىلا خرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ ئىلكىدە قالدى.

مورابىتلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى مىللىي قەھرىمان لودرىگو دىياس (تەخمىنەن 1043 — 1099) ئەپسانىۋى ئادەمگە ئايلاندى، كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى ھىت (گىلادىئاتورلارنىڭ سەردارى) دەپ ئاتايتتى. 1094 - يىلى ئۇ بالېنسىيانى ئىشغال قىلدى، مورابىتلارنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ھۇجۇملىرىغا پەرۋا قىلماي، 1099 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ شەھەرنى قەتئىي قوغدىدى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئېپوس «ھىت داستانى»نىڭ خام ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

1147 - يىلى مورابىت خاندانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالموخادىس خاندانلىقى ئىگىلىدى. بۇ خاندانلىقنىڭ يادروسىمۇ بېربېرلار ئىدى. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پادىشاھلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئەھلىسەلىپنىڭ ياردەم

بىرىشى ئارقىسىدا لاسناۋاس دېتوروزا جېڭى (1212 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) دا ئالموخادىس خانىدانلىقىنىڭ تەخمىنەن 600 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ھەل قىلغۇچ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بىرىبىرلاردىن ئاز بولغاندىمۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. 1236 ـ يىلى كاستىلىيەلىكلەر كوردوۋانى ئىشغال قىلدى، 1248 ـ يىلى يەنە سېۋىرنى قايتۇرۇۋالدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، پەقەت يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىدىكى گراناادىن ئىبارەت بىر كىچىك پادىشاھلىقلا ئەرەبلەرنىڭ ئىلكىدە قالدى.

قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى بىر تەرەپتىن، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش تۈپەيلىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقىدىن تېز مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئىسپانىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەر بۇ كۈرەشنى قوللىدى، دېھقانلار بىلەن شەھەرلەردىكى ئاددىي خەلق بۇ كۈرەشنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بولۇپ، بۇ ئەرەبلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىدى. شۇڭلاشقا، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ مىللىي ئېڭى كۈچىيىپ، ئىسپانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئاساس سېلىندى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسپانىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەر كۈرەشكە تەڭ ئاتلىنىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى تېز مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**بىرلىككە كەلگەن ئىسپانىيە دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى** 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پىرىنېئوس يېرىم ئارىلىدا كاستىلىيە، ئاراگون ۋە پورتۇگالىيەدىن ئىبارەت ئۈچ خىرىستىيانلار دۆلىتى بارلىققا كەلدى. 1095 ـ يىلى

پورتۇگالىيە كاستىلىيەنىڭ بېقىندىسى ئىدى، 1143 ـ يىلى مۇستەقىل بولۇپ پادىشاھلىق بارلىققا كەلدى.

كاستىلىيە پادىشاھلىقى ئىسپان پادىشاھلىقلىرى ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك بولۇپ، ئۇ پىرىنېي ئارال ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ يەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. پادىشاھ بىلەن روھانىي فېئوداللار قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا، يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ قۇدرەتلىك فېئوداللار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. كاستىلىيە كەڭ تاغلىق رايون بولغاچقا، دېھقانچىلىقنى ئەمەس، بەلكى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى، فېئوداللار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قوي باقتى ھەمدە «چارۋىدارلار ئىتتىپاقى» نى قۇردى، بۇ تەشكىلات پادىشاھتىن نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئېرىشتى. چارۋىدارلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز خەزىنىسى، مەمۇرىي ئورگىنى ۋە سوتى بار بولۇپ، ئۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تىزگىنلىۋالغانىدى.

ئەرەبلەرگە قارشى كۈرەشتە شەھەرلەر پەۋقۇلئاددە رول ئوينىدى. ھەر بىر شەھەر مۇستەھكەم مۇداپىئە قورغىنى بولدى. ھەربىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىش شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئۆز قانۇنى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئىمتىيازى بار ئىدى. كاستىلىيە پارلامېنتىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بار ئىدى. ھەر قايسى شەھەرلەر ئۆز ئارا ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ئورتاق قوغدايتتى، «14 ـ ئەسىردىلا شەھەر ۋەكىللىرى پارلامېنتتا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ۋەكىللەرگە ئايلانغانىدى». ①

دېھقانلار قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش

---

① ماركس: «ئىنقىلاب قىلىۋاتقان ئىسپانىيە»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 10 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 459 ـ بەت.

ھەرىكىتىدىكى ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، ئۇلار قايتۇرۇۋېلىنغان رايونلاردا يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرغاندىن باشقا، جىسمانىي ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە كۆچۈش ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى. دېھقانلار يەنە پارلامېنت يىغىنىغا ۋەكىللىرىنى سايلاپ قاتناشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، 15 - ئەسىرگە كەلگەندە پالىنسىيەدە ئېچىلغان پارلامېنت يىغىنىدا دېھقانلار ۋەكىلىنىڭ پارلامېنت يىغىنىغا قاتنىشىشى چەكلەندى.

ئاراگون — يېرىم ئارالدىكى ئىككىنچى چوڭ پادىشاھلىق ئىدى. ئۇ ئاساسلىق ئۈچ رايوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاراگوننىڭ ئۆزىدىن باشقا، يەنە دېڭىز بويىدىكى كاتالونىيە ۋە ۋالېنسىيەدىن ئىبارەت ئىككى رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئاراگون ئىسپانىيە بويىچە ئەڭ ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىسپانىيە ماركى (ئىسپانىيە چېگرا رايونىمۇ دېيىلىدۇ — تەرجىماندىن) دىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، فرانك پادىشاھلىقىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. روھانىي فېئوداللارنىڭ غايەت زور سۇيۇرغاللىق زېمىنى بولۇپ، ئۇلار كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولاتتى. دېھقانلارنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنىمۇ فېئودال يەر ئىگىلىرى تارتىۋالغاچقا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. فېئوداللار توي قىلغان يانچىلارنىڭ تۇنجى كېچىلىك تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇش، يانچىلارنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. 1462 - يىلى كاتالونىيەنىڭ شىمالىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەھەر، قەلئە - قورغان ۋە چېركاۋ - موناستىرلارغا ھۇجۇم قىلدى، كۈرەش ئون يىلغىچە داۋاملاشتى. پادىشاھ خۇئان II (1458 — 1489) نائىلاج بىر نەچچە خىل «قائىدە - يوسۇن»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە ئالۋان - سېلىقنى يەڭگىللىتىشكە مەجبۇر بولدى. 1474 - يىلى پادىشاھ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا باج - سېلىقنى يەنە ئۆستۈردى. شوڭلاشقا،

1484 ـ يىلى دېھقانلار يەنە پېترو خوئان زاراتنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1486 ـ يىلى ئاراگون پادىشاھى يەنە بىر قېتىم بىمەنە قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىكار قىلىش، جىسمانىي بېقىندىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ ئازراق قايتۇرۇۋېلىش سوممىسى تاپشۇرسىلا غوجايىنىدىن قۇتۇلۇپ، ھۆر ئادەم بولالايدىغانلىقى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى.

ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش ۋە قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى كاستىلىيە بىلەن ئاراگوننىڭ بىرلىشىشىنى تەلەپ قىلاتتى، بۇنداق بىرلىشىش پادىشاھ جەمەتلىرىنىڭ قۇدىلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. 1469 ـ يىلى ئاراگون شاھزادىسى فېرناندو بىلەن كاستىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى مەلىكە ئىزابېللانىڭ توي قىلىشى بىلەن، ئىككى پادىشاھلىقنىڭ قوشۇلۇشىغا ئاساس سېلىندى. 1474 ـ يىلى ئىزابېللا كاستىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى، 1479 ـ يىلى فېرناندومۇ ئاراگوننىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى، ئىككى پادىشاھلىق رەسمىي قوشۇلۇپ، ئىسپانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ تاماملانغانلىقى جاكارلاندى.

پادىشاھ شەھەر ئاھالىلىرى، ئوتتۇرا، كىچىك فېئوداللار ۋە چېركاۋلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە قارشى چىققان بارلىق كۈچلەرنى باستۇردى. 1480 ـ يىلى رىم پاپاسى سېكستو Ⅳ ئىسپانىيەدە دىنىي كېسىمخانا قۇرۇشقا ئالاھىدە ئىجازەت بەردى. تۇنجى باش كېسىمچى توكۋېمادا (1420 — 1498) 17 يىل ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا 105 مىڭ 294 نەپەر ئادەمگە جازا ھۆكۈم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر 8800 گە يەتتى. شۇڭلاشقا، دىنىي كېسىمخانا ئىسپانىيەدىكى مونارخىيەلىك (مۇستەبىت) پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندى.

1483 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىسپانىيە گراناداغا ھۇجۇم قىلدى. 1487 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گرانادانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مالاگا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، پۈتكۈل شەھەردىكى 20 مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى قۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئافرىقىغا ئەۋەتىلىپ، ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە ئالماشتۇرۇلدى؛ ئۈچتىن بىرى ئاشكارا سېتىلىپ، ئۇرۇش خىراجىتى تولۇقلاندى؛ قالغان ئۈچتىن بىرى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قەلەمدار ـ ئەلەمدارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. يەنە 100 نەپەر قاۋۇل قۇل پاپا ئىننوسېن Ⅷ گە ئەۋەتىپ بېرىلدى. 1492 ـ يىلى ئاخىر گرانادا ئىشغال قىلىندى، يەتتە ئەسىرگە سوزۇلغان قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتى ئىسپانىيەنىڭ تولۇق غەلىبە قازىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. 1512 ـ يىلى ئىسپانىيە يەنە پىرېنېي تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ناۋاررا پادىشاھلىقىنى قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پورتۇگالىيەدىن باشقا، پۈتكۈل پىرېنېئوس يېرىم ئارىلىدا پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## 6 ـ بۆلۈم 5 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ۋە غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى

غەربىي ياۋروپانىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەرەققىياتى مەدەنىيەتسىز ئىپتىدائىي ھالەتتىن باشلاندى. ئۇنىڭدا زاۋال تاپقان دۇنيادىن قېلىپ قالغان بىردىنبىر شەيئى — خىرىستىيان دىنى بىلەن خانىۋەيران بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەتتىن تامامەن مەھرۇم بولغان شەھەرلەرلا بولۇپ، قەدىمكى مەدەنىيەت، قەدىمكى پەلسەپە، سىياسىي ۋە قانۇندىن قىلچە ئەسەر

www.uyghurkitap.com

قالمىغانىدى، ھەممە نەرسە تامامەن باشتىن باشلانغانىدى». ①
بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، رىم كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئەينى زاماندىكى فېئوداللىق تۈزۈمدە پۈتكۈل غەربىي ياۋروپالىقلار ئېتائەت قىلىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، فېئودالىزىم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غايەت زور خەلقئارالىق مەركىزىگە ئايلاندى. خىرىستىيان دىنى غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىشىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ روھانىيلىرى پەن - مائارىپنى ئۆزۈن مەزگىل مونوپول قىلىۋالغانلىقتىن، تېئولوگىيە (ئىلاھىيەتشۇناسلىق) فېئودالىق ھۆكۈمرانلىقنى قوغدايدىغان مەنىۋى تۈۋرۈككە ئايلاندى. 11 -، 12 - ئەسىرلەردىن كېيىن فېئوداللىق تۈزۈمدىكى شەھەرلەردە تاۋار ئىگىلىكى بىلەن سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ۋە بىدئەتلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن ياۋروپانىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

## 1. 5 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى

خىرىستىيان دىنى ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىشىشى «ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىن پەقەت بىر خىل شەكىلدىكى ئىدېئولوگىيە، يەنى دىن ۋە تېئولوگىيىلا مەلۇم.»② غەربىي ياۋروپادىكى ئۇستقۇرۇلما ئامىللىرىنىڭ بىرى بولغان خىرىستىيان دىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىي جەمئىيىتى فېئوداللىشىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئاندىن تارىخ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەمەس، بۇنداق

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 - توم، 400 - بەت.

② ئېنگېلس: «لۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ خاتىمىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە 2 - نەشرى، 4 - توم، 225 - بەت.

تەسىرمۇ باشلانغاندىلا پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچىلمۇ ئەمەس ئىدى. تارىخنى پاكىت شۇكى، گېرمان پادىشاھلىقلىرىنىڭ فېئوداللىشىش جەريانى بىلەن خرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىش جەريانى ماس قەدەمدە دېگۈدەك راۋاجلانغان. خرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ دەھرىي فېئوداللار بىلەن بىرلىكتە رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا تالان ـ تاراج قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن يەرنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشى — غەربىي ياۋروپادا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئالدى بىلەن، گېرمان پادىشاھلىقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى جەريانىدا خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ئۇلارنىڭ مۇھىم سىياسىي تۈۋرۈكى سۈپىتىدە، پادىشاھلىقلارنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلدى. غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ئۇزۇكسىز ھالدا «بارلىق ھوقۇق تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن بولىدۇ» دەپ تەرغىب ـ تەشۋىق قىلدى. دىنىي جەمئىيەت «تەڭرى ھامان كلوۋىسنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۇنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ» دەپ فرانكلارنىڭ ئىستېلاسىغا مەدھىيە ئوقۇدى. ئەمەلىيەتتە، ئىستېلا قىلىنغۇچىلار بىلەن گېرمانلارنىڭ قەلبىدە فرانكلارنىڭ پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ، كلوۋىسنىڭ بىر ھەربىي ئاتامانىدىن پادىشاھقا ئايلىنىش جەريانىنى تېزلەتتى. پاپا گرىگورى I (590 — 604) «پوپ رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلەر» ناملىق ئەسىرىدە، بېقىندى خەلق بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، دائىرىلەرنىڭ قىلمىشى ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك بولغان تەقدىردىمۇ، دائىرىلەرگە زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى چىقىشقا يول قويۇلمايدۇ، دېگەن. دىنىي جەمئىيەت غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىلىكىدىكى ئېپىسكوپ رايونىنى ئاساسىي

بىرلىك قىلىپ بۆلۈنگەن تەشكىلىي سىستېمىسىنى ساقلاپ قېلىپ، گېرمان پادىشاھلىقلىرىنى رىمنىڭ مەمۇرىي رايون تۈزۈمىنىڭ خەرىتىسى بىلەن تەمىنلىدى. رىم دىنىي جەمئىيىتى تۈزگەن دىنىي جەمئىيەت قانۇنى فېئوداللىق دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىنىدىغان قانۇنىغا ئايلاندى. ئۇزاقتىن بۇيان، قۇل ۋە يانچىلارغا «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە كېسىم قىلىش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە گۇناھكار ياكى گۇناھسىزلىقنى بېكىتىمىز، دەپ جار سالدى. غەربىي گوت پادىشاھلىقىدا ئېپىسكوپلار قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە يارلىق ـ پەرمان يېزىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلدى. بەزى ئېپىسكوپلار دىنغا مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى سوراپلا قالماستىن، يەنە سوتچىلارنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى. غەربىي ياۋروپادىكى پادىشاھلىقلاردا ئېپىسكوپلار باج ـ سېلىق يىغىش ـ تاپشۇرۇش خىزمەتلىرىگە پائال قاتناشتى، ھەتتا بەزى رايونلاردا ئۇلار مەخسۇس باجنى تەكشۈرۈش ۋە بېقىندى خەلقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى.

خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى پادىشاھلىقلاردىكى ئەڭ چوڭ فېئودال زېمىندار ئىدى. رىم دىنى جەمئىيىتى ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن يەر مۈلۈكىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئالتۇن دەۋرى فرانكلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن باشلاندى. فرانكلارنىڭ مېرروۋىڭ خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى كلوۋىيدىن كېيىن دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار)نىڭ ئەسلىدىكى مال ـ مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا بەس ـ بەستە يەر، ئالتۇن، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى. 810 ـ يىلىدىكى ئاخېندا ئېچىلغان دىن يىغىنىدا دىنىي جەمئىيەت بىلەن روھانىيلار مال ـ مۈلكىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈندى:

3000 دىن 8000 غىچە ئورۇندا زېمىنى بارلار بىرىنچى دەرىجىگە؛ 1000 دىن 3000 غىچە ئورۇندا زېمىنى بارلار ئىككىنچى دەرىجىگە؛ 1000 غا يەتمىگەن ئورۇندا زېمىنى بارلار ئۈچىنچى دەرىجىگە ئايرىلدى. ئومۇمەن، دىنىي جەمئىيەت غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى پادىشاھلىقلاردىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بىراق ھەرقايسى جايلاردا ئىگىلىگەن يېرى تەكشى ئەمەس ئىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئالساستىكى 435 كەنت ئىچىدە 399 كەنت دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىدى. دىنىي جەمئىيەت يەر مۈلكىنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشىدە، ئۇلار ئىئانە قىلىنغان يەرلەردىن سىرت، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋېلىش، تارتىۋېلىش، كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىغا تايىنىپ، يەككە دېھقانلارنى ھىمايىسىگە ئېلىشقا قىزىقتۇرۇپ «يەرلىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش» ۋە دېھقانلارنىڭ نادانلىقى، خۇراپىيلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالداپ قاقتى ـ سوقتى قىلىشنى مەنبە قىلدى. دىنىي جەمئىيەت كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئۇلۇشلۇك يېرىنى ئۆزى مۇستەقىل غوجا بولىدىغان يەرگە ئايلاندۇرۇش جەريانىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنى يەرلىرىنى ئىختىيارىي ساتالايدىغان، سەدىقە قىلىۋېتىدىغان ھالەتكە ئەكېلىشكە ئۇرۇندى. پاپا باشچىلىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك روھانىيلار خالىغىنىچە ھۆججەت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، يەرلەرنى ئىگىلەپ، دېھقانلارنى قۇل قىلدى.

خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي تەبىقە تۈزۈمى دەھرىي فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىنى نەزەرىيەۋى ئاساس ۋە ئەندىزە بىلەن تەمىنلىدى. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ئىمپېرىيەنىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجە تۈزۈلمىسىدىن پايدىلىنىپ دىنىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈردى. دىنىي دەرىجە ئېپىسكوپ، پوپ، دېئاكوندىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى. ئېپىسكوپ يەنە پاپا، كاردىنال

بىشوپ (كاردىنال ئېپىسكوپ)، باش ئېپىسكوپ ۋە ئادەتتىكى ئېپىسكوپ قاتارلىق دەرىجىلەرگە ئايرىلىدى. بۇ دەرىجە قائىدىسى بويىچە، پاپادىن باشلاپ تۆۋەنگە قارىتا دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە بولاتتى. بۇنداق دەرىجىدە تۈزۈمى بويىچە تەشكىل قىلىنغان دىنىي ئەمەل سىستېمىسى ۋە دىنىي تەشكىلاتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئوتتۇرا ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن تەدرىجىي راۋاجلىنىپ مۇقىملاشتى. دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئولجا تەقسىم قىلغانغا ئوخشاش ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنداق سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش بىلەن «بەدەۋى»لەرنىڭ سەردارلىرىغا ئېتىبار بىلەن قاراش تۈزۈمى بىرلىشىپ، فېئوداللىق دەرىجە بويىچە يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

فېئوداللىق يەرلەرنى باشقۇرۇش جەھەتتە، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بار. 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ، خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى فرانك، ئىتالىيە، ئېنگلاندلارنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا موناستىر سېلىشقا باشلىدى. ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بېنېدىكت باشقۇرىدىغان موناستىر تۇرمۇشتا تايانچسىز قالغانلىقتىن نائىلاج دىنىي جەمئىيەتكە بېقىنىشقا مەجبۇر بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق قىلىش، ئۈزۈمزارلىقنى پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا سالدى. «مۇقەددەس بېنېدىكت نىزامى» كېيىنچە ھەر قايسى جايلاردىكى موناستىرلارنىڭ نىزامى بولۇپ قالدى. موناستىرلاردىن باشقا، تېخىمۇ كۆپ دىنىي جەمئىيەتلەر ئىلكىدىكى يەرلىرىنى كىچىك ـ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھەر خىل دېھقانلارغا تېرىشقا بېرىپ، ئۇلارنى ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇشقا، ھاشارغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، پاپا گرىگورى I «ئالاقە خاتىرىلەش دەپتىرى» دە، ھەر قايسى قورۇقلارنىڭ غوجىدارلىرىغا قورۇقلارنى قانداق

www.uyghurkitap.com

بىردىن پايدىلىنىش، بىر ـ بىرىگە تايىنىش، ھاكىمىيەت بىلەن دىن تىل بىرىكتۈرۈش خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى بىلەن دەھرىي ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. كلوۋىسنىڭ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى، پاپا دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، كارولوسقا تاج كىيدۈرۈلۈش ۋە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق پاكىتلار بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كارلوس ماگنۇسنىڭ 796 ـ يىلى لېئو III كە يازغان خېتىدە بۇنىڭ ئېچىدىكى سىر ئېچىپ تاشلانغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «دىنىي جەمئىيەتنى قوراللىق قوغداش، ئۇنى كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىدىن، ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن ساقلاش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ساپ ئېتىقادقا كاپالەتلىك قىلىش مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم. ھالبۇكى پەدەرىم، سىز دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن ھاكىمىيەتنى قوللاشقا مەسئۇل بولىسىز». بۇ چاغدا، پاپا ھاكىمىيىتى قۇدرەتلىك پادىشاھنىڭ ھىمايىسىگە موھتاج بولغان بولسا، دەھرىي پادىشاھلىق ھاكىمىيەتمۇ خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. ئەمما دەھرىي ھاكىمىيەت مۇئەييەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. 549 ـ يىلى ئورلېئانستا ئېچىلغان دىن يىغىنىدا فرانك پادىشاھلىقىنىڭ ئېپىسكوپلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى.

10 ـ ئەسىرلەردە فېئوداللىق تەرەققىي قىلىپ، جىنايەتچى كۆچلەر گۈللىنىپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىدى، دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن يەر ۋە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، خەلقئارادىكى ئەڭ چوڭ فېئودال زېمىندارغا ئايلاندى. دىنىي جەمئىيەتكە تەۋە قورۇقلاردا دانلىق زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىلىپلا قالماي، يەنە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، توگمەن بار ئىدى، ھاراق، تۇز ئىشلەپچىقىرىش، دېڭىز، قۇرۇقلۇق ترانسپورتى، رەڭگە

قويۇش، قەرز بېرىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار يەنە چوڭ ـ كىچىك ئۆشرە يىغىش، دىنىي ئەمەل سودىسى، ئىندۇلگېنتىيە (يەنە مەغپىرەتنامە ـ گۇناھىنى كەچۈرگەنلىك ئىسپاتى)، شىكايەت خىراجىتى قاتارلىق ھەرخىل ناملاردىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى ھەدەپ شىلىۋالاتتى. پاپا ئوردىسى نۇرغۇن مال ـ دۇنيا يىغىۋالغان بولۇپ، يىللىق كىرىمى غەربىي ياۋروپادىكى پادىشاھلىقلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ ئىدى.

دىنىي جەمئىيەت ئىلاھىي ھاكىمىيەتنى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، «ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش» كېرەك، دەپ تەرغىب قىلدى، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىلگىرى ـ ئاخىر «ئىككى قىلىچ» سەپسەتىسىنى زورغا كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئۇلار «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» دىكى خىرىستوسنىڭ مۇرىتلىرىغا ئىككى قىلىچ ئېلىۋالسا بولىدىغانلىقىنى تاپىلىغان سۆزىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت بىلەن پادىشاھلىق ھاكىمىيەت دىنىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ، دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلىق ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت قىلىچنى ۋاقىتىنچە پادىشاھقا تاپشۇرىدۇ، شۇڭلاشقا پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئىلاھىي ھاكىمىيەتتىن كەلگەن، دەۋالىدى. پادىشاھنىڭ دەھرىي ھاكىمىيىتى پەقەت پاپانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىشى لازىم ئىمىش. پاپا ئوردىسى ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنى قوزغىغۇچى ۋە تەشكىللىگۈچى ئىدى. پاپا ئىننوسېن III تەختتە ئولتۇرغان چاغلاردا، پاپا ئوردىسى گۈللىنىپ غەربىي ياۋروپانى ئىدارە قىلىدىغان زور خەلقئارالىق مەركەزگە ئايلاندى. پاپا ئوردىسى ھەر قايسى ئەل ـ يۇرتلارنى ئۆزىگە قاراتقان تەڭداشسىز ئورۇنغا ئىگە بولدى.

پاپا ئوردىسىنىڭ كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ھەممىنى ئىدارە قىلىدىغان دۇنيا بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشى غەربىي ياۋروپادىكى

هەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە توسالغۇ بولدى، غەربىي ياۋروپانىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ قاتتىق توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمما پاپانىڭ غالجىر قارانىيىتى ۋە ئەكسىيەتچىل قىلمىشى تارىخنىڭ تەرەققىيات چاقىنى توسىيالمىدى. 14 - ئەسىردىكى «ئاۋىگنون مەھبۇسى» لىقىدىن كېيىن، دەھرىي پادىشاھلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى دىنىي جەمئىيەتنى (چېركاۋ - موناستىرلارنى) كونترول قىلىش ۋەزىيىتى بارغانسېرى روشەنلەشتى، مانا بۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر.

«بىدئەت» ھەرىكەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى خرىستىيان دىنى فېئودالىق ھۆكۈمرانلىقنى قوغدايدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭلاشقا، «ئادەتتە فېئودالىق تۈزۈمگە بېرىلگەن ھەر قانداق زەربە مۇقەررەر ھالدا ئالدى بىلەن دىنىي جەمئىيەتكە بېرىلگەن زەربە ئىدى، ھالبۇكى شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق ئىنقىلاب خاراكتېرىنى ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي نەزەرىيەلەر ئومۇمەن ئالغاندا، تېئولوگىيەگە (ئىلاھىيەتكە) نىسبەتەن مۇقەررەر بىدئەتچىلىكتۇر».① بىدئەتچىلىك ئەقىدىسى فېئودالىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر خىل ئىدىيەۋى قورالىدۇر، بىدئەت ھەرىكەتلەر دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان فېئودالالارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدۇر.

بىدئەت ھەرىكەتلەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئىمپېراتور كونستانتىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن زاماندىن تارتىپ بار ئىدى. ئومۇمەن، خرىستىيان دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن رەت قىلىش

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 - توم، 401 - بەت.



www.uyghurkitap.com

ئورتودوكس دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن بىدئەتلىك دەپ ھۆكۈم قىلىناتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى پاپا ئوردىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، دىنىي ھاكىمىيەت بېكىتكەن قائىدىلەردىن گۇمانلىنىش، پاپاغا قارشى چىقىش، دىنىي ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتلىك ھېسابلىناتتى. 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ غەربىي ياۋروپادىكى فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ كۆلىمى چوڭراق بىدئەت ھەرىكەتلەر بارلىققا كەلدى.

12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئالبى شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئالبىچىلارنىڭ بىدئەت ھەرىكىتى يۈز بەردى. ئالبىچىلار يەنە خۇالدوچىلار بىلەن پاكلاشتۇرغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە ئايرىلغانىدى. خۇالدوچىلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن مال ـ دۇنيا توپلىشىغا قارشى تۇردى، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ چىرىكلىشىپ كەتكەن روھانىيلارنى قاتتىق سۆكتى. نامراتلىقنىڭ روھنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى، بايلىقلارنى تەڭ تەقسىم قىلىشنى، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ھەممە كىشىنىڭ دىن تارقىتىش ھوقۇقى بارلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەزھەپ شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەر كۆپ قاتناشتى. پاكلاشتۇرغۇچىلار مانى دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، دۇنيادا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، تەڭرى بىلەن ئىبلىستىن ئىبارەت ئىككى زىت ئامىل مەۋجۇت، فېئوداللىق تەرتىپ بىلەن خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىگە گۇناھ مۇجەسسەملەنگەن، پاپا بولسا ئىبلىسنىڭ گۇماشتىسى، شۇڭلاشقا، ئۇلار رەزىل كۈچلەرگە مەنسۇپ، دەپ قارايتتى؛ مۇرىتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس پاكلىق بىلەن گۇناھلىق دۇنيادىن

چەك ـ چېگرا ئاجرىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. بۇ مەزھەپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تەلىپىنى ياپتا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى، نامراتلار ۋە بەزى رايونلاردىكى دېھقانلار ئالبى مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەيۋىتى ۋە تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئىننوسېن III فىرانسىيە پادىشاھى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 1208 ـ يىلى ئالبىچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەھلىسەلىپ تەشكىللىدى. ئۇنىڭغا جەنۇبىي فىرانسىيەنىڭ مول بايلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى كۆزلەپ يۈرگەن رىتسارلارمۇ قاتناشتى. 20 يىل قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئالبىچىلار ھەرىكىتى ئاخىر پاجىئەلىك باستۇرۇلۇپ، 1229 ـ يىلى مەغلۇپ بولدى. 1220 ـ يىلى پاپا خونورىيو III (1216 — 1227) بىدئەت ۋە بىدئەت گۇماندارلارنى باستۇرۇش نامى بىلەن، دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرغان بارلىق كىشىلەرگە ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلاردا پاپاغا بىۋاسىتە قاراشلىق «بىدئەت سوتخانىسى» (دىنىي كېسىمخانا، دىنىي سوت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەسىس قىلىش توغرۇلۇق ئومۇمىي بۇيرۇق ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ۋارىسى پاپا گرېگورى IX يەنە بۇ قارارنى قايتا تەكىتلىدى. بىدئەتچىلەرنى سوت قىلغاندا، ھەر قانداق ئادەم مەيلى ئۇ گۇناھكار، مۇشتۇمزور بولغان تەقدىردىمۇ ئەيىبلىگۈچى، گۇۋاھچى بولالايدۇ، ئەگەر جاۋابكار «گۇناھى»نى بويىنىغا ئالمىسا، قايتا ـ قايتا تەن جازاسى بېرىلىپ سوراق قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. جاۋابكار سوراق قىلىنماستىنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيە، ئىسپانىيە، نېدېرلاندىيەدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىدئەت سوتخانىسى تەسىس قىلىندى. ئالبىچىلار ھەرىكىتى

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بايلىقى مول ۋە ئادىمى زىچ جەنۇبىي فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئەھلىسەلىپ گىراف تۇرۇسنىڭ خوجىلىق زېمىنىدىكى بۇسستىئې شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا، شەھەردىكى 20 مىڭ ئادەمنى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دەپ ئايرىماي، بىدئەتچى ياكى كاتولىك مۇرىتى ئىكەنلىكىگىمۇ قارىماي پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى.

گەرچە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىدئەت ھەرىكەتلەر يەنىلا داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا دىنىي جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىشىشىگە قارشى تۇرىدىغان «قۇتلۇق مىڭ يىلنىڭ چوقۇم كېلىدۇ» غانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، مال ـ مۈلۈككە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىشنى، باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان «ھاۋارىيون قېرىنداشلار مەزھىپى» ئومۇملاشتى، ئۇنىڭ شىمالىي ئىتالىيەدىكى نامرات دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى ئاددىي خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ مۇرىتلىرى بار ئىدى. 1300 ـ يىلى بۇ مەزھەپنىڭ قۇرغۇچىسى كاسىپ سېگارېللى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ۋارىسى دولكىنو قاتارلىقلار 1303 ـ يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈپ، كۆرەشنى تۆت يىل داۋاملاشتۇرۇپ، 14 ـ ئەسىردە ھەر قايسى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

14 ـ ئەسىردە ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جون ۋىكلىف مۇستەقىل ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇپ، پاپانىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۆۋەن تەبىقە مىسسىيونېرى جون بال ۋەكىللىكىدىكى لولارد مەزھىپى بارلىققا كەلدى. ئۇلار فېئوداللىق تۈزۈمگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى چىقىپ،

ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلدى. بالىنىڭ ئىدىيەسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلار بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ بىدئەتلىكىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

دېھقانلار، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ئاددىي خەلقنىڭ بىدئەت ھەرىكىتى رىم دىنىي جەمئىيىتىگە ئېغىر زەربە بېرىپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلىدىغان بىر مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

## 2. 5 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى

**غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى** گېرمان پادىشاھلىقلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى خېلى ئۇزۇنغىچە قالاق ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەرخىل:

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي ياۋروپادا ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر.

ئۇدا بىر نەچچە ئەسىر داۋام قىلغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن كىلاسسىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قايتا ـ قايتا تالان ـ تاراج قىلىندى (ئالايلۇق، غەربىي گوتلار، ۋاندانلارنىڭ رىمنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قىلغان يوقىتىش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى)، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تاشقى سىياسەتلىرى رىم مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ خاراب قىلىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى. بۇ

نۇقتىنى كارولوس ماگنۇس ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئەجدادلىرىمىز سەل قارىغانلىقتىن، مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمىتىنى كىشىلەر ئۇنتۇپ قالدى، «مىسسىيونېرلار خەت يازالمىسا، (ئىنجىل) نى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس»، «خاتا چۈشەنچە ئىنتايىن خەتەرلىك» دېگەن.

بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرى ئىلىم ساھەسى، مائارىپنى مونوپول قىلىۋالدى. خىرىستىيان دىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپادا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ئىدېئولوگىيە ساھەلىرى قويۇق تېئولوگىيە تۈسىنى ئالغانىدى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەقىدىلىرى ھەم دىنىي ئەقىدە، ھەم سىياسىي ئەقىدە بولۇپ، «ئىنجىل» نىڭ سۆزە ـ ئايەتلىرى ھەر قايسى سوتلاردا قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئىدى.

غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر تەپرىقىچىلىك ھالىتىدە تۇرغاندا، رىم دىنىي جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى كونترول قىلىۋېلىپ، پەلسەپە، پەن، مائارىپ، ئەدەبىياتنى تېئولوگىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. دىنىي جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاخىرەتپەرەسلىك، زاھىتلىق ۋە جاھالەتپەرەسلىكنى تەرغىب قىلدى، «ئېتىقادتىن بىلىم ھاسىل بولىدۇ»، دەپ داۋراڭ سالدى. قەدىمكى گىرېك ـ رىم مەدەنىيىتىنى «بىدئەت» گەپ ـ سۆزلەر دەپ قاراپ، خالىغىنىچە نابۇت قىلدى. گرېگورى I قانداقتۇر: «بىلىمسىزلىك ـ نادانلىق ھەقىقىي تەقۋادارلىقنىڭ ئانىسى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، رىمدىكى ناھايىتى كۆپ كىتاب ساقلانغان بىر قەدىمكى كۇتۇپخانىغا ئوت قويۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئۇ كىشىلەرنى قەدىمكى ئەسەرلەرنى

ئوقۇشقا يول قويمىدى، ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشنى چەكلىدى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ قۇتراتقۇچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن قەدىمكى قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە كىتابلار ۋەيران قىلىندى، بەزى روھانىيلار قوي تېرىسىگە يېزىلغان قەدىمكى قوليازمىلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئىلاھىي رىۋايەتلەرنى ۋە موناستىرلارنىڭ سالنامىسى قاتارلىقلارنى كۆچۈرۈپ يازدى.

فېئودال ھۆكۈمرانلار «تەڭرى» ۋە پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خادىملارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇردى. مەكتەپلەر موناستىرلاردا ئېچىلىپ، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، لوگىكا، ئارىفمېتىكا، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە، مۇزىكا قاتارلىق يەتتە پەن تەسىس قىلىندى. كارلوس ماگنۇس ئىمپېرىيەنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارغا موھتاج بولغانلىقتىن، مەدەنىيەت ـ مائارىپنى تەشەببۇس قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ئوردا ئىنستىتۇتىنى باشقۇرۇشقا ئىتالىيە، بىرىتانىيەلەردىن بەزى بىلىملىك مىسسىيونېرلارنى تەكلىپ قىلدى. بىرىتانىيەدىن كەلگەن ئالكىن، مېنىڭ ئوردا ئىنستىتۇتىنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسىتىم، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۇقەددەس تەڭرىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەمدە ئىمپېرىيە ھاكىمىيىتىنى پەردازلايدىغان خادىملارنى تەربىيەلەش، دېگەن.

11 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە فېئودالىلىققا قارشى كۆرەشنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ قاتمال ھالىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. يېڭى گۈللەنگەن شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە بولغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر قاتار ئۇنىۋېرسىتېتلار قۇرۇلدى. ئىتالىيەنىڭ بولىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، پارىژ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار 12 ـ ئەسىردىلا رەسمىي قۇرۇلغانىدى. 13 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەنىڭ كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسپانىيەنىڭ سالامانكا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. 14 ـ ئەسىردە چېخ (پراگا ئۇنىۋېرسىتېتى 1348 ـ يىلى قۇرۇلغان)، گېرمانىيە (خېيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتى 1386 ـ يىلى قۇرۇلغان) قاتارلىق بىر قانچە دۆلەتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىۋېرسىتېتلار بارلىققا كەلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە يېڭى قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ سانى فىرانسىيەدە 16 گە، ئىتالىيەدە 18 گە يەتكەن، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئالىي تېخنىكوملار جەمئىي 15 كە يەتكەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ سانى 80 گە يېقىنلاشقان. دىنىي جەمئىيەت ئۇنىۋېرسىتېتلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ، تېئولوگىيەنى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى مۇھىم پەنلەر قاتارىغا كىرگۈزدى، ھەتتا تېئولوگىيەنىڭ نوپۇزىغا قارشى تۇرغان ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا زىيانكەشلىك قىلدى. 12 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر نومىنالىست، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى پېتر ئابېرات (1079 ـــ 1142) بىلىم ئېتىقادنىڭ ئاساسى بولۇش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن بىدئەتچى دەپ ئەيىبلىنىپ، ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئارنولد بىر شەھەر ئاھالىلىرى بىدئەت ھەرىكىتىنىڭ داڭلىق رەھبىرى بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم رىم دىنىي جەمئىيىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى.

خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپنى مونوپول قىلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولدى. ئەمما دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار)

تە ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان مەكتەپلەر گەرچە تېئولوگىيەلىك دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا ئېچىلغان ھەر خىل مەكتەپلەرگە ئاساس سالغۇچى مەكتەپلەر بولۇش سۈپىتىدە كېيىن قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنى زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بىلەن تەمىنلىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بەزى مەشھۇر مەدەنىيەت ئەرباپلىرى دىنىي جەمئىيەتتىن چىققانىدى. غەربىي ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە يۈز يىللىق مەدەنىيەت - مائارىپىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ - موناستىرلار)نىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدا بولمىغانىدى. شىمالىي ئىتالىيەدە ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بويان، ئىزچىل تۈردە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. 10 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىتالىيەنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ - موناستىرلار)كە قارىمايدىغان مەكتەپلەر فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەقلىد قىلىپ قۇرۇلغانىدى. 13 - ئەسىردە پاپا ھاكىمىيىتى تازا گۈللەنگەن دەۋردە، پاپا گرېگورى IX 1231 - يىلى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا «دىنىي سوت ئارىلاشماسلىق» ئىمتىيازىنى بەردى. ئەلۋەتتە، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئەركىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلغان.

**سكولاستىك پەلسەپە (مەدرىسە پەلسەپىسى)، نومىنالىزم بىلەن رېئالچىلىقنىڭ كۈرىشى** سكولاستىك پەلسەپە (سكولاستىكىزم) ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان خىرىستىيان دىنى پەلسەپىسى، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ پەلسەپىسىدۇر. تېز ئەۋج ئالغان بىدئەت ھەرىكەتلەر بىلەن خەلقنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرىشى ئالدىدا ئۇ ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى، خۇراپىي رىۋايەتلىرىدىن تارتىپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان

پاترىستىك پەلسەپىسىمۇ خەلقنى پۈتۈنلەي ئالدىيالمايدىغان، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ۋەزىيەتنىڭ مانا مۇشۇنداق ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سكولاستىك پەلسەپە بارلىققا كەلدى.

سكولاستىكىزمچىلار ھەقىقەت «ئىنجىل» دا ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، پەلسەپىچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى «ئىنجىل» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتنى شەرھلەش، ئېتىقادنىڭ مۇۋاپىق ئاساسىنى تېپىش، دەپ قارايتتى. ئۇلار يىل بويى ئىبادەتخانا، ئىنستىتۇتلاردا ئىنجىلنى مۇھاكىمە قىلاتتى. تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىمۇ تەتقىق قىلمايتتى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەنمۇ ئۇچراشمايتتى، ئۇلار ھېسسىي بىلىشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆمرى «ئىنجىل» نىڭ سۆز - ئىبارىلىرى بىلەن ھەپىلىشىش، ئۇلارنى بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇش، دىنىي ئەقىدىلەرگە تەپسىر ئېيتىش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئۇلار كىشىلەرنى دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئارستوتېلدىن قېلىپ قالغان ئىدېئالىزمنىڭ شاكىلى بىلەن لوگىكىلىق بايان ئۇسۇللىرىنى تېرىۋېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ، فېئودallىق تۈزۈمنى ئىلاھىيلەشتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تالاش - تارتىشلارمۇ مەۋجۇت ئىدى، بىراق ئۇلار بەزى بىمەنە، كۈلكىلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتى، ئالايلۇق، «پەرىشتىلەر نېمە يەيدۇ؟»، «ئۇخلامدۇ - يوق؟»، «بىر تال يىڭنىنىڭ ئۇچىدا قانچە پەرىشتە تۇرالايدۇ؟»، «جەننەتتىكى ئەتىر گۈلنىڭ تىكىنى بارمۇ - يوق؟» ۋەھاكازالار.

سكولاستىكىزمچىلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى توماس ئاكۋىنا (1225 — 1274) ئالەمدە غەيرىي جانلىقلاردىن باشلاپ، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، ئادەم، ئەۋلىيا، پەرىشتە ۋە تەڭرىگىچە ھەممە نەرسە تائىپە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تەڭرى ھەممىدىن

يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىن يۇقىرىغا رىتى بويىچە بويسۇنىدۇ ھەمدە ھەر بىر تائىپە ئۆزىدىن يۇقىرى بولغان تائىپىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىنتىلىش مەقسىتى قىلىدۇ، تەڭرى ھەممىگە قادىردۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق زېمىندىكى تەرتىپتە ئەرشتىكى تەرتىپكە ئەمەل قىلىش، پانىي ئالەم باقىي ئالەمگە بويسۇنۇش، پەلسەپە تېئولوگىيەگە بېقىنىش، ئىلىم ئېتىقادقا ئورۇن بېرىش زۆرۈرلۈكىنى دەلىللىمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى دەرىجىلىك مۇناسىۋەت تەبىئىي، مۇۋاپىق مۇناسىۋەت ئىمىش، ئەگەر كىم تەڭرى دەرىجە بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەن، گۇناھ بولارمىش.

سكولاستىك پەلسەپە غەربىي ياۋروپادىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇنبىرىدە ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى. ئەمما شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەر خىل بىدئەتلىكنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ سكولاستىك پەلسەپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ نومىنالىزم (نامچىلىق) بىلەن رېئالچىلىق (چىنلىق نەزەرىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ — تەرجىماندىن) ئىبارەت ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قانات يايدى. بۇ كۈرەشتە پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت، شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپى بىلەن فېئوداللار سىنىپىنىڭ كۈرىشى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. ئىككى تەرەپ بەس ـ مۇنازىرىسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر پەلسەپە مەسىلىسى، يەنى ئومۇمىيلىق (ياكى ئورتاقلىق) زادى ئايرىم كونكرېت شەيئىلەردىن تاشقىرى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەنىۋى سۇبستانسىيەمۇ ـ قانداق؟ ئومۇمىي ئۇقۇم پەقەتلا كونكرېت شەيئىلەرنىڭ نامىمۇ ـ قانداق؟ ئومۇمىي ئۇقۇم ئايرىم شەيئىلەردىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغانمۇ ياكى

ئايرىم شەيئىلەر ئومۇمىي ئۇقۇمدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغانمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. نومىنالىستلار پەقەت ئايرىم شەيئىلەرلا ھەقىقىي رەۋىشتە مەۋجۇت، ئومۇمىي ئۇقۇم بىر ئاتالغۇدىن ئىبارەت خالاس، دەپ قارايدۇ. رېئالىزمچىلار بولسا، ئومۇمىي ئۇقۇم ھەقىقىي رەۋىشتە مۇستەقىل مەۋجۇت، ئايرىم شەيئىلەر ئومۇمىي ئۇقۇمنىڭ ھاسىلىسى، شۇڭلاشقا ئومۇمىي ئۇقۇم ئايرىم شەيئىلەردىن تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ چىن بولىدۇ، ئۇ تەڭرى ئايرىم شەيئىلەرنى ياراتقاندا ئاساسلانغان ئەندىزە، دەپ قارايدۇ. رېئالىزمچىلار ئومۇمىي ئۇقۇمنى بىرلەمچى نەرسە، ماددىي دۇنيانى ئىككىلەمچى نەرسە دەپ قارىغاچقا، چىنلىق نەزەرىيەسى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم ھېسابلىنىدۇ. نومىنالىزم دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە قاراشتا بولىدۇ، مەشھۇر نومىنالىزمچى پەيلاسوپ، فىرانسىيەلىك رۇسېلىن (تەخمىنەن 1050 ــ 1112) ۋە پېتىر ئابېلارد، ئەنگلىيەلىك دونىس سكوتۇس (1256 ــ 1308) ۋە ۋىلىيام ئوكام (تەخمىنەن 1300 ــ 1350) قاتارلىقلار ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئايرىم شەيئىلەر ئومۇمىي ئۇقۇمدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت؛ كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشى شەيئىدىن سەزگۈگە، سەزگۈدىن ئۇقۇمغا ئايلانغاندىلا ئاندىن توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سكولاستىكىزمچىلارنىڭ ئۇقۇمدىن ئۇقۇمغا ئۆتىدىغان بىر يۈرۈش ساپ لوگىكىلىق ھۆكۈمى پۈت تىرەپ تۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭرى دۇنيانى ياراتقان دېگەن سۆزلەر ۋە ئەسلىي گۇناھ تەلىماتى قاتارلىقلار ئىنكار قىلىندى. نومىنالىستلارنىڭ كىشىلەرنى ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندىشى، تەجرىبە ـ سىناق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى تەبىئىي پەنلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولدى. 13 ـ ئەسىردىكى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى روگېر باكون (1214 ــ 1294) ئەينى زاماندا تەجرىبە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇ تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇئەييەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى

ئوينىدى. ياكون يەنە پاپا بىلەن روھانىيلارنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، دىنىي جەمئىيەتنى ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ مەنبەسى دەپ ئەيىبلىدى، شۇڭلاشقا ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، تۈرمىگە 14 يىل قامالدى.

نومىنالىزم تەرەپدارلىرىنىڭ پەلسەپىسى چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى، ئۇلار يەككە جىسىملارنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئومۇمىيلىقنىڭ ئايرىملىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى كۆرەلمىگەنىدى، ئومۇمىيلىقنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى، ئاخىرىدا ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئىدېئالىزمچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، سكولاستىك پەلسەپىدە ئۇزاق مەزگىل ئۇزۇلۇپ قالغان كىلاسسىك مىراسلار تەتقىقاتى ئەسلىگە كەلدى (گەرچە ئارستوتېل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاز سانلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىلا تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ)؛ نومىنالىزم تەرەپدارلىرى بىلەن چىنلىق نەزەرىيەسى تەرەپدارلىرىنىڭ كۈرىشى يېقىنقى زاماندىكى ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن بېشارەت بەردى.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت**

خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ مونوپولىيەسى ئاستىدا، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي ياۋروپادا ئاساسلىق دىنى جەمئىيەت ئەدەبىياتىغا دائىر ئەدەبىي ئەسەرلەر — مىسسىيونېرلار يازغان تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان قەسىدىلەر، زاھىتلىقنى تەرغىب قىلىدىغان مۇناجات ۋە خۇراپىي رىۋايەتلەر، شۇنىڭدەك مىسسىيونېرلار لاتىن تىلىدا يازغان شېئىر ـ

قوشاقلار ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قېلىپ قالدى ①.

12 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە دەھرىي فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رىتسارلار ئەدەبىياتى بىر مەزگىل گۈللەندى. ئالايلۇق، فىرانسىيەنىڭ «روللان داستانى»، ئىسپانىيەنىڭ «ھىت داستانى»، گېرمانىيەنىڭ «نىبلۇڭگىن داستانى» ۋە ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھ ئارتورغا دائىر ئەپسانىۋى ھېكايە «ئارتور»، «ئارتور ۋە مېرىن»، «ئارتورنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىقلار شۇ خىلدىكى ئەدەبىياتقا تەۋەدۇر. رىتسارلار ئەدەبىياتى داستان، ھېكايە ۋە نەسر (پىروزا) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدا ھەمىشە رىتسارلارنىڭ فېئودال خوجىلىق زېمىن ئىگىلىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، ئاجايىپ ـ غارايىپ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى، ئالىۋاستىلار ۋە كاپىرلار بىلەن قىلغان جەڭلىرى، شۇنىڭدەك رىتسارلارنىڭ ئاقسۆڭەك خانىم ـ قىزلارغا ئىشقىۋازلىق قىلغانلىقلىرى ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىرى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، رىتسارلىق تۈزۈمىنى غايىۋىلەشتۈرگەندىن سىرت، زاھىتلىقتا خىلاپ خاھىشلارمۇ كۆرۈنۈپ قالىدۇ، ئۇلاردا ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

رىتسارلار ئەدەبىياتى رىتسارلىق تۈزۈمىنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ كۈندىن ـ كۈنگە چېكىنىدى، شەھەر ئەدەبىياتى شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ گۈللىنىشكە باشلىدى. شەھەر ئەدەبىياتىنىڭ ماقال ـ تەمسىل، ھېكايە، لەتىپە، شېئىر ـ قوشاق، كومېدىيە قاتارلىق خىلمۇ خىل شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلاردا شەھەر خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە تەلەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدا

① لاتىن تىلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپادا مۇنتىزىم ئىشلىتىلىدىغان تىل بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھۆججەتلىرى، شۇنىڭدەك تېئولوگىيە، (ئىلاھىيەت-شۇناسلىق قانۇن ۋە پەلسەپىگە ئائىت ئەسەرلەر لاتىن تىلىدا يېزىلاتتى.

فېئودالىلارغا، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش تۈسى قويۇقراق ئىدى. فىرانسىيە داستانى «تۈلكە رىنات ھەققىدە قىسسە» بىلەن كۆلكىلىك تىياتىر «باتلاندىنىڭ ئادۋوكاتى» قاتارلىقلار شەھەر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. «تۈلكە رىنات ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسەردە، ئەخمەق ئېيىق، پوپ ـ موناخلارغا، ھىيلىگەر تۈلكە شەھەر ئاھالىلىرىگە، كىچىك ھايۋانلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە تەقلىد قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «تۈلكە رىنات ھەققىدە رىۋايەت»، «تۈلكە رىناتنىڭ تاج كىيىشى»، «يېڭى تۈلكە رىنات» ۋە «ساختا تۈلكە رىنات» قاتارلىق تۆت خىل ۋارىيانتى بار. بۇ تۆت كىتاب ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇلاردا فېئودال خوجىلىق زېمىن ئىگىلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن تارتىپ، پاپا باشچىلىقىدىكى پوتكۈل دىنىي جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلىشقىچە بولغان مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەن «ساختا تۈلكە رىنات»تا تۈلكە رىناتنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنى ئەدەپلەپ ئېيتقان بىر ئابزاس سۆزى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈلكە رىنات فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىمتىيازىنىڭ مۇۋاپىقلىقىغا قارىتا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

تەڭرىنىڭ سىلەرگە نەزەرى چۈشكەنمىش،
ئەزەلدىن مال ـ دۇنيا سىلەرگە يارىمىش.
تاللىماپتۇ، ئەمما تەڭرى سىلەردىن،
ئەۋلىيا ياكى مىسسىئونېرنى.
ئۇ پاتىي ئالەمدە تۇرغان كۆڭلەردە،
قىلغان ئاددىي ئاۋامنى ئۆزىگە ھەمراھ.
يەنە تۇتقاندا ياغاچچىنى پەدەرى پاناھ،

تۈلكە رىنات يەنە مۇنداق بىر پاجىئەلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بىر نامرات قىز ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇ قەبرىگە 15 گەز كاناپقا

ئورنلىپ كۆمۈلۈپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاقسۆڭەك ناملاتلار قەبرىگە بۇنداق ئابرۇيلۇق كۆمۈلسە بولمايدۇ، دەپ جار سېلىپ، قەبرىنى ئېچىپ جەسەتنى قاقاس دالاغا تاشلىۋېتىپتۇ، 15 گەز كاناپنى ئېتىغا يوپۇق قىپتۇ. بۇ ھېكايىدە رېئال تۇرمۇشتىكى سىنىپىي ئېزىش بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا 1358 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب خارپىسىدىكى كەسكىن ئىجتىمائىي قارشىلىقنىش بايان قىلىنغان.

دىنىي جەمئىيەت ئەدەبىياتى بىلەن رىتسارلار ئەدەبىياتىدىن پەقەت ئاز سانلىق ئىمتىيازغا ئىگە تەبىقىلەرلا ھوزۇر ئالالايتتى، شەھەر ئەدەبىياتىنىڭ شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئەسىر باشلانغاندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئەدەبىياتى ــ فولكلورى غەربىي ياۋروپانىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىغا كەڭ تارقالغان. بۇنداق ئەدەبىياتقا دىنىي جەمئىيەت دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغاچقا، ناھايىتى كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. خەلق قوشاقچىلىرى، ناخشىچىلىرى ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك شەكىللەر ئارقىلىق خەلقنىڭ شاد ـ خۇراملىقى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئەسەرلەر ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىش، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا يوقىلىپ، مەزمۇنىدا ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگىرىش بولۇپ، بەلكىم خەلق ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەزى قىسمى ئۇزاققىچە تارقالغان بولسا كېرەك. ئالايلۇق، ئەنگلىيەنىڭ «كوكېست پادىشاھلىقى»، «دېھقان ناخشىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ئاستىدا نالە ـ پەرياد چېكىۋاتقان خەلقنىڭ ئازابلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىراق، فىرانسىيەنىڭ «روللان داستانى» بىلەن ئەنگلىيەنىڭ «روبىنخام ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەسلىدە خەلق ئىچىدە

دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن فېئوداللار ئەدەبىيات قايتا ئىشلەش جەريانىدا، ئۇلارغا دىنىي كۆز قاراش، پادىشاھقا سادىق بولۇش ئىدىيەسى قاتارلىق فېئوداللىزمنىڭ ئەخلاقلىرىنى قوشۇپ قويغان.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشتىن بۇرۇنقى غەربىي ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى دىنىي خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى تەڭرىگە ئىخلاس قىلىپ، خىيالىي جەننەتكە باشلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇ چاغدا رەسساملىقتا ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ۋىجىك، جانسىز، روھسىز يارىتىلغان، ئەندىزىچىلىك، مەبۇدچىلىق ئومۇملاشقان. بەزى جانلىق ئىشلەنگەن قاپارتما نەقىشلىك تاش ئويمىلاردا دىنىي رىۋايەتلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار چېركاۋ ـ موناستىرلارنىڭ قوشۇمچە بېزەك بۇيۇملىرى قىلىنغان. بىناكارلىق سەنئىتى بىر مەزگىل خارابلاشقاندىن كېيىن، 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە يەنە گۈللەندى. ئۇ چاغدا رىمچە ئىمارەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. بۇنداق چېركاۋ ئىمارەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، چېركاۋ ئىشىكلىرىنىڭ ئەگمىسى يېرىم چەمبەرسىمان، تاملىرى قېلىن، ئۆگزىسى گۈمبەزسىمان، تۈۋرۈكلىرى ھەم پاكار، ھەم يوغان، دېرىزىلىرى تار، ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ بولۇپ، كىرگەن كىشىنى ئاسانلا سۈر باساتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە فرانسىيەدىكى پوئىتېرس چېركاۋى، گېرمانىيەدىكى ۋورمىس چېركاۋى ۋە ئىتالىيەدىكى پىسا چېركاۋى ئەڭ مەشھۇر. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، فرانسىيەنىڭ شىمالىدا ئەڭ ئاۋۋال گوتچە ئىمارەت بارلىققا كەلدى، كېيىنچە ئۇلار غەربىي ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇملاشتى. گوتچە بىنالارنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئەگمىسى كامالەكسىمان، ئۆگزىلىرى ئېگىز ئۈچلۈق مۇنارسىمان، تاملىرى نېپىز، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى يوغان، ئۇلارغا رەڭلىك ئەينەك سېلىنغان، ئىچى يورۇق، تۈۋرۈكلىرى ئىنچىكە بولۇپ، تۆت ئەتراپى ۋە ئىشىك ئالدىغا

نۇرغۇن ھەيكەللەر ئورنىتىلاتتى. بۇلۇتقا تاقاشقان بۇنداق ئېگىز گوتچە ئىمارەتلەرنى سېلىشتا كىشىلەرگە دىنىنىڭ سىرلىقلىقى، چېركاۋلارنىڭ نوپۇزىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باقىي ئالەمگە — جەننەتكە تەلپۈنۈشىنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. گوتچە ئىمارەتلەر ئىچىدە فىرانسىيەدىكى پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى، ئەنگلىيەدىكى كانتېر بۇرى چېركاۋى، ئىتالىيەدىكى مىلان چېركاۋى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار رىمچە ئىمارەتلەردىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باب

# شەرقىي ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى فېئوداللىق جەمئىيەت

غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن قۇللۇق تۈزۈم ۋاقتىنچە ساقلىنىپ قېلىش بىلەنلا قالماي، فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش ئارقىغا سۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي تەرەققىيات، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، سىياسىي تۈزۈم ۋە مەدەنىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە غەربىي ياۋروپادىكى فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئوخشىمايتتى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىن ھالقىغان مۇھىم جاي بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەربىي ئاسىيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ غەربنىڭ كلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە مەدەنىيەتنى ياراتتى، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ رۇسىيەگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ۋىزانتىيە ئۇزاقتىن بۇيان شەرق بىلەن غەربنىڭ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكى بولۇپ كەلدى.

سلاۋىيانلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن كېيىنكى دەسلەپكى بىر نەچچە ئەسىردە شەرق، غەرب، جەنۇبتىن ئىبارەت

ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى. 6 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە سلاۋيانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتى پارچىلاندى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە سىرتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدا، سلاۋيانلار فېئودالىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بەزى فېئودالىق دۆلەتلەرنى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي سلاۋيانلارغا تەۋە كىيېۋرۇس كىنەزلىكى كېيىن تەرەققىي قىلىپ روسىيە دۆلىتىگە ئايلاندى؛ غەربىي سلاۋيانلار چېخ پادىشاھلىقى ۋە پولشا پادىشاھلىقىنى قۇردى؛ بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا كىرگەن سلاۋيانلار بولغارىيە پادىشاھلىقى ۋە سېرۋىيە پادىشاھلىقىنى قۇردى. فېئودالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇ دۆلەتلەردە پەيدا بولۇش ۋاقتى ئومۇمەن كېيىنرەك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىياتى ئاستا، فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشمۇ غەربىي ياۋروپانىڭكىدىن كېيىن بولدى. شەرقىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە يانچىلىق تۈزۈم ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالدى. شەرقىي ياۋروپا ئاھالىلىرى ئىچىدە ھەر قايسى تارماقتىكى سلاۋيانلاردىن باشقا، يەنە گرېكلار، رىملىقلار، رومىنىيەلىكلەر، ۋېنگىرلار، ئالبانلار بار ئىدى. غەربىي ياۋروپا فېئوداللىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا كېڭىيىشى، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇپ كىرىشى، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستېلاسى شەرقىي ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇساپىسىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى مۇھىم تاشقى سەۋەبلەردۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار شەرقىي ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ فېئودالىق جەمئىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بەزى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1 ـ بۆلۈم ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى

ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى 395 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيەسى ئاخىر ئەڭ ئاخىرىدا ھېسابتا شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسى بالقان يېرىم ئارىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېگېي دېڭىزىدىكى ئاراللار، كىچىك ئاسىيا، ئەرمەنىيە، سۇرىيە، پەلەستىن، شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر، لىبىيە، شۇنىڭدەك مېسوپوتامىيەنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە جەنۇبىي كاۋكازنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىمپېرىيەنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپول — قەدىمكى گىرېك كۆچمەنلىرى بىنا قىلغان شەھەر ۋىزانتىيەنىڭ كونا ئورنى بولغاچقا، ئۇ يەنە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ۋىزانتىيە قەدىمكى رىم دەۋرىدە سودا ـ سانائەت روناق تاپقان، شەھەرلەر كۆپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان رايون ئىدى. غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى گۇمران بولغان چاغدا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن يەنە داۋاملىق مىڭ يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قۇلدارلارنىڭ قورۇقلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، سانىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى، قۇللارنىڭ ئەمگىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم رول ئوينىمايتتى. 4 ـ ئەسىردىن كېيىن قۇللارنىڭ ئورنى بىر ئاز ياخشىلاندى، ئۇلار كىچىك بىر پارچە يەرگە ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلالايدىغان بولدى، لېكىن

ئۇلارنىڭ ئۆز مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، يېرىنىمۇ تاشلاپ كېتەلمەيتتى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدە كولونىستلىق تۈزۈم غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئومۇملاشقانىدى، دېھقانچىلىقتا ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار كولونىستلار بولۇپ، ئۇلار «ھۆر كولونىست» بىلەن «مۇقىم كولونىست»قا ئايرىلغانىدى. «ھۆر كولونىست» نىڭ غوجايىنى بەرگەن يېرىدىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ كىچىك بىر پارچە يېرى بولاتتى. ئات ـ ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆزى ھازىرلايتتى، ئۇلارنى ئىختىيارىي يۆتكەش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. «مۇقىم كولونىست» قا غوجايىنى يەر تەقسىم قىلىپ بېرەتتى ھەمدە يەرگە مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلەتتى. كېيىنچە كۆپ سانلىق كولونىستلار «مۇقىم كولونىست» لارغا ئايلاندى. 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىدىكى كولونىستلارنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، قۇللۇق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغۇدەك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدە كولونىستلىق تۈزۈم كەڭ كۆلەمدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋىزانتىيەدە يېزا كوممۇناسىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ئىمپېرىيەنى ئەمگەك كۈچى، باج تاپشۇرغۇچى ۋە ئەسكەر بىلەن تەمىنلىدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدە قۇللار بىلەن ھۆر خەلق ئوتتۇرىسىدا غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىدىكى قۇللار بىلەن ھۆر خەلق ئوتتۇرىسىدىكىدەك ئېنىق چېگرا يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى زاماندا شەرقتە قۇللار بازىرى بولۇپ، قۇلدارلار قۇللارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق قورۇقلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇقلايتتى. شۇڭلاشقا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دېھقانچىلىقىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بوھرانى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىگە قارىغاندا يەڭگىلرەك ئىدى. ۋىزانتىيەنىڭ دېھقانچىلىقى بىر قەدەر گۈللەنگەن بولۇپ، مىسىرنىڭ دانلىق زىرائەت مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغاچقا، ئەزەلدىن ئاشلىق ئامبىرى دېگەن نامى بار ئىدى.

ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنىڭ يەنە

بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىمپېرىيەدە قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە سودا - سانائەتتى گۈللەنگەن چوڭ شەھەرلەر ساقلىنىپ قالغانىدى، ئالايلۇق، كونستانتىنوپول، ئانتاكىيە، ئالېكساندىرىيە ۋە نىتسىيە قاتارلىقلار. ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردە توقۇمىچىلىق ۋە مېتالچىلىق، ياساش كەسىپلىرى تەرەققىي قىلغان، غەربىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردە كانچىلىق ۋە مېتال تاۋلاش كەسىپلىرى روناق تاپقانىدى. ۋىزانتىيەنىڭ كاناپ، سوكنا، يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش، قورال - ياراغ ياساش، ئەينەك بۇيۇملىرى، شۇنىڭدەك مىسىر، فىنىتسىيەنىڭ پاپىرۇس قەغەز ئىشلەپچىقىرىش كەسىپىنىڭ خېلى داڭقى بار. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى دۆلەت باشقۇرۇپ، ئوردا بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. ۋىزانتىيەنىڭ تاشقى سودىسىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق يىراقتىكى شەرق دۆلەتلىرىدىن يىپەك، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ياقۇت قاتارلىق ئەتىۋارلىق تاۋارلارنى، سۈرىيەدىن توقۇلما بۇيۇملار بىلەن كەشتە بۇيۇملارنى، سلاۋيانلاردىن يۇڭلۇق تېرە ۋە سېرىق موم قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىتالىيە، گاللىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق جايلارغا ئاپىراتتى. ئۇ قارا دېڭىز بويىدىكى ھەر قايسى جايلارغا خۇش پۇراق ماتېرىياللار، توقۇلما بۇيۇملار، ھاراق ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقىرىپ، تېرە ۋە قۇللارنى ئەكېلەتتى. كونستانتىنوپول غايەت زور سودا بازىرى ئىدى. 6 - ئەسىردە ئۆتكەن يازغۇچى بال سېرىيانچىئارى «مۇقەددەس سوفىيە ھەققىدە ھېكايە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «كونستانتىنوپولدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كېمىلەر لەڭگەر تاشلاپ توختايتتى.» ماركس كونستانتىنوپول

شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى «ئالتۇن كۆۋرۈك» ① دەپ ئاتالغان، دېگەن. ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ سودا ـ سانائەت مەركەزلىرى كونستانتىنوپول بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ سودا ـ سانائىتى تەرەققىي تاپقانلىقتىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن نۇرغۇن باج كىرىمىگە ئېرىشىپ خەزىنىسىنى تولدۇراتتى، ئۇنى ياللانما ئەسكەر توپلاش ۋە غايەت زور بيۇروكرات ئورگاننى ساقلاپ قېلىشقا سەرپ قىلاتتى. ھالبۇكى، تەرەققىي قىلغان شەھەرلەر نۇرغۇن مىقداردىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك خام ئەشيا ـ ماتېرىياللىرىغا موھتاج بولغاچقا، يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، ھەتتا چوڭ قورۇق غوجايىنلىرى، چوڭ سودىگەرلەر قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. دۆلەتتىن ئۆزلىرىنىڭ سودىسىنى قوغداشنى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ بىر قەدەر مۇقىم بولۇشى، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋاقتىنچە داۋاملىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

**يۇستىنىئاننىڭ رىم ئىمپېرىيەسىنى قايتا قۇرۇشتىكى ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرى** ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى يۇستىنىئان (527 — 565) ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ھەمدە غەربتە قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رىم ئىمپېرىيەسىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى.

قانۇن تۈزۈش يۇستىنىئاننىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ترىبونىئان باشچىلىقىدىكى 16 كىشىلىك

① ماركس: «ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مەسىلىسىدىكى مەغلۇبىيىتى — ھارۋىكەش — رۇسىيە مەسىلىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 9 ـ توم، 263 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

قانۇن تۈزۈش كومىتېتى تەشكىللەپ، قانۇن تۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ تۆۋەندىكى تۆت نەتىجىگە ئېرىشتى: بىرىنچى، «يۇستىنىيان قانۇنى»، بۇ 529 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىندى، 534 ـ يىلى يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئۇ جەمئىي 10 توملۇق توپلام بولۇپ، خادرىيان (117 ـــ 138) دىن تارتىپ، 534 ـ يىلغىچە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى رىم ئىمپېراتورلىرى ئېلان قىلغان قانۇن ـ پەرمانلارنى، جۈملىدىن يۇستىنىيان 534 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئېلان قىلغان قانۇن ـ پەرمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، 50 توملۇق «قانۇننىڭ مۇھىم نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى» ناملىق كىتاب 533 ـ يىلى پۈتتى، ئۇنىڭغا رىمنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ياشىغان مەشھۇر قانۇنشۇناسلىرىنىڭ قانۇن مەسىلىلىرىنى شەرھلەپ يازغان ماقالىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن؛ ئۈچىنچى، تۆت توملۇق «قانۇنشۇناسلىق توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، يەنە «قانۇنشۇناسلار كۆرسەتكۈچى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئوقۇشلۇقمۇ 533 ـ يىلى پۈتتى؛ تۆتىنچى، يۇستىنىيان 534 ـ يىلىدىن كېيىن ئېلان قىلغان قانۇن ـ پەرمانلار (تاكى يۇستىنىيان ۋاپات بولغۇچە ئېلان قىلغان قانۇن ـ پەرمانلار كىرگۈزۈلگەن) جەملەنگەن «يېڭى تۈزۈلگەن قانۇن ـ پەرمانلار» ناملىق كىتابنى تۈزۈش قارار قىلىندى. بۇ كىتاب «يۇستىنىيان قانۇنى»نىڭ تولۇقلىمىسى ئىدى. يۇقىرىدىكى تۆت كىتاب بىرلەشتۈرۈلۈپ «ھەق تەلەپ ئىشلىرى قانۇنى قامۇسى» دەپ ئاتالدى. رىم ئىمپېرىيەسى قانۇنىغا دائىر ئىنتايىن مۇھىم قانۇنشۇناسلىق ماتېرىياللىرى جەملەنگەن بۇ كىتاب ياۋروپانىڭ تۇنجى سىستېمىلىق، مۇكەممەل بولغان قانۇن توپلىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئالايلۇق، ئادەملەر ھۆر ئادەم ۋە قۇل دەپ ئىككىگە ئايرىلغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدە بىخ سۈرۈۋاتقان فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئامىللىرىنىڭ ئالامەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئالايلۇق، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا يول

قويۇش، كولونىستلارغا قارىتا تۈزگەن قانۇنلارنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار. قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قانۇن توپلىمىدا قۇللار بىلەن كولونىستلارنىڭ ھوقۇقسىزلىق ئورنى، ئۇلارنىڭ جەزمەن خوجايىنلىرىغا بويسۇنۇش كېرەكلىكى قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەن. قانۇنلار توپلىمىدا تەڭرىنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقنى ئاتا قىلغانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇلۇپ، «ئىمپېراتورنىڭ ئىرادىسى قانۇننىڭ مەنبەسىدۇر» دەپ تەرغىب قىلىنىپ، پادىشاھلارنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. قانۇندا يەنە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈك كېلىشىملىرىگە دائىر بەلگىلىمىلەر تەپسىلىي تۈزۈلگەن، ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «رىم قانۇنى ئاددىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، يەنى كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر مۇكەممەل قانۇندۇر، بىراق ئۇ يەنە كاپىتالىزم دەۋرىدىكى خېلى نۇرغۇن قانۇنلۇق ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» ①

غەربىي ياۋروپادا 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ رىم قانۇنىنى تەتقىق قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، رىم قانۇنىنىڭ «ئىناۋىتى قايتىدىن تىكلەندى» ②، 12 ـ ئەسىردىن كېيىن غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن تۈزۈش ئاساسىغا ئايلاندى③، ھەتتا يېقىنقى زامان غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قانۇن تۈزۈشىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى.

---

① ئېنگېلس: «كارل كائۇتسكىغا خەت (1884 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 36 ـ توم، 169 ـ بەت.

② ماركس، ئېنگېلس: «فېيېرباخ»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 70 ـ بەت.

③ ئەنگلىيەدىن باشقا دۆلەتلەردە. ئەمما ئەنگلىيەمۇ خۇسۇسىي ئىشلارنى (بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆچمە مۈلۈككە مۇناسىۋەتلىك قىسمى) تۈزگەندە، يەنىلا رىم قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان.

يۇستىنىئان ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، ناھايىتى چوڭ بيۇروكرات ئورگانغا ۋە ئادەم سانى ناھايىتى كۆپ ياللانما قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئۇ يەنە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى، كونستانتىنوپولدا ئىنتايىن كاتتا خان سارىيى ۋە كۆركەم ـ ھەيۋەتلىك مۇقەددەس سوفىيە چېركاۋىنى سالدۇردى. چىقىم كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن ھۆكۈمەت پۇقرالارغا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋالدى. يۇستىنىئان 527 ـ يىلى بارلىق بىدئەت كىشىلەرنى ئۈچ ئاي مۆھلەت ئىچىدە پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى شەرت ئىكەنلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يۇستىنىئاننىڭ ئەمەلدارلىرى ياۋۇز، چىرىك بولغاچقا، ئىمپېرىيەدە خەلق قوزغىلاڭلىرى كېلىپ چىقتى. 529 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پەلەستىن ئۆلكىسىدىكى خەلق پراۋۇسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئېزىشىگە چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈردى. كېيىنكى يىلى يۇستىنىئان ئىككى ئۆلكىدىكى قوراللىق قوشۇننى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئاقىۋەتتە 20 مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى پېرسىيەدە سېتىلىپ قۇل قىلىندى، نۇرغۇن ئادەملەر ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. ھەر قايسى جايلاردا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار ئىچىدە 532 ـ يىلى كونستانتىنوپولدا پارتلىغان «نىكا»① قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولدى.

نىكا قوزغىلىڭى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدۇر. ئەينى چاغدا ھارۋا مۇسابىقىسى ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار «گىم» ② نى بىرلىك قىلغان ھالدا ھارۋا

① «نىكا» يۇنان تىلىدا «غەلىبە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنى قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ شوئارى قىلغان.

② «گىم» يۇنان تىلىدا «خەلق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كوچا تەشكىلاتى بولۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالاتتى ھەمدە شەھەرلىكلەرنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا پائال ئىشتىراك قىلاتتى، ئالايلۇق، ئامانلىق باشقۇرۇش قاتارلىقلار.

ئەترىتىنى ئۇيۇشتۇراتتى. گىملار ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان پىكىر ـ ئىختىلاپى تۇپەيلىدىن پەيدىنپەي ئوخشاش بولمىغان سىياسىي پىرقىلەر شەكىللەندى، ئۇلار مۇسابىقە مەيدانىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان ھارۋا ئەترەتلىرىنى قوللايتتى ھەمدە قوللىغان ھارۋا ئەترەتلىرى تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن، «كۆك پىرقە»، «يېشىل پىرقە»، «قىزىل پىرقە» ۋە «ئاق پىرقە» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ كۆك پىرقە بىلەن يېشىل پىرقىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. كۆك پىرقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى چوڭ زېمىندارلار بىلەن سېنات ئاقسۆڭەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كۆك پىرقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى دۆلەتمەن سودىگەرلەر، جازانىخورلار ۋە باج كۆتۈرە ئالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ زىددىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ھارۋا مۇسابىقىسى يىغىلىشىدىن پايدىلىنىپ بىر ـ بىرى بىلەن سىياسىي كۈرەش قىلاتتى. ئوتتۇرا، تۆۋەن تەبىقىدىكى شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئادەتتىكى ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا تۈپ مەنپەئەت توقۇنۇشى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇلار بەزىدە بىرلىشىپ ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇراتتى. نىكا قوزغىلىڭى دەل مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پارتلىغان.

532 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۇستىنىئان بىر قېتىملىق ھارۋا مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى بارغاندا، ئامما غەزەپ بىلەن ھۆكۈمرانلارنى ئەيىبلەپ، ئەمەلدارلارنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە يۇستىنىئاننىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىشقا يول قويغان سىياسەتلىرىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، ھۆكۈمەتكە قارشى كەيپىيات ئۆلغايدى. يۇستىنىئان ئىككى پىرقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، كۆك پىرقىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، يېشىل پىرقىنى باشقۇرماقچى بولۇۋىدى، نەتىجىدە مەغلۇپ بولدى. كۆك پىرقىنىڭ

يۇقىرى تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا، ھەر ئىككى پىرقىنىڭ ئەزالىرى قوزغىلىپ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇردى. ئۇلار ئىباگىي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە سوت مەھكىمىسىنى قورشاپ، تۈرمىلەرنى ۋەيران قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەردى، يەنە مەھكىمىلەرگە ئوت قويۇپ، خان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى. نوپۇزلۇق ئەمەلدار ترىپو بىلەن شەھەر باشلىقى قاتارلىقلارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. كۆرەش سەككىز كۈن داۋاملاشتى، پۈتكۈل شەھەردە ئوردىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىنى قوزغىلاڭچىلار كونترول قىلدى، يۇستىنىئان شەھەرنى تاشلاپ دېڭىز ئارقىلىق قاچماقچى بولدى. كېيىن خانىش، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە سانغۇن بېلسارىئۇس بىلەن مونتې قاتارلىقلار سۇيىقەست ئىشلىتىپ كۆك پىرقىدىكىلەرنى سېتىۋېلىپ، ياللانما قوشۇندىن پايدىلىنىپ 30 مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى ئۆلتۈردى، بۇ قېتىمقى داغدۇغىلىق قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلدى.

يۇستىنىئان نىكا قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، غەربىتە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىمەكچى بولدى. ئۇ 533 ـ يىلى سانغۇن بېلسارىئوس باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋاندال پادىشاھلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. 535 ـ يىلى قىشتا بېلسارىئوس يەنە قوشۇن باشلاپ شىمالغا ئاتلىنىپ، سىسىلىيە ئارىلى بىلەن ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 536 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۇنيادىكى قەدىمكى پايتەخت رىمنى ئىشغال قىلدى. شەرقىي گوتلار تېز يۇكۇشنى خالىماي پادىشاھ توتىلا (541 ـــ 552)نىڭ رەھبەرلىكىدە زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ۋىزانتىيە بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلدى، يۇستىنىئان تەخمىنەن 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 554 ـ يىلى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى

شەرقىي گوت پادىشاھلىقىنى يوقاتتى. يۇستىنىئان ئىتالىيەنى ئىستىلا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە غەربىي گوت پادىشاھلىقىدا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسپانىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونىنى ئىشغال قىلدى. كورسىكا، ساردىنىيە، بالىئارىي تاقىم ئاراللىرى ۋە دالماتىيە قاتارلىق جايلارمۇ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

يۇستىنىئان ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردا قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. 554 ـ يىلى، ئۇ «ھۆكۈمەت ئىشلىرى توغرىسىدا يارلىق» چۈشۈرۈپ، شەرقىي گوت پادىشاھى توتىلا دەۋرىدە تۈزۈلگەن تۇختام ـ كېلىشىم ۋە ھەدىيە قىلىش گۇۋاھنامىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى؛ بۇرۇن قۇللار، كولونىستلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئىقتىسادىي چارە ـ تەدبىرلەرنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇردى. يەنە ئەسلىدىكى قۇلدارلارنىڭ مۈلكى ۋە بارلىق ئىمتىيازلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئومۇمەن ئەسلىدىكى يېرىدىن ئايرىلغان قۇللار ۋە كولونىستلار بۇرۇنقى قۇلدارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلىدى. يۇستىنىئاننىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل چارە ـ تەدبىرلىرى ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردىكى خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئىمپېرىيە غەربتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. 568 ـ يىلى، لومباردلار قۇللار ـ كولونىستلار قوزغىلىڭىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئىتالىيەگە شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي رايونلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. 6 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا غەربىي گوتلار ۋىزانتىيە ئىشغالىيىتىدىكى ئىسپانىيەنى تارتىۋالدى. ۋىزانتىيەنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقى سەل ـ پەل

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئەرەبلەر تەرىپىدىن گۇمران قىلىندى. يۇستىنىئاننىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، رىم ئىمپېرىيەسىنى قايتىلا قۇرۇشتىن ئىبارەت خام خىيالى بەربات بولدى.

**ۋىزانتىيەدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى**

6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدە قۇللار، كولونىستلار ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. مىسىرنىڭ ئېكەر رايونىدا كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىدى، شۇ ۋەجىدىن ھۆكۈمەت پۈتكۈل مىسىر ۋە نۇبىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇننى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى. قوزغىلاڭچىلار ئىساكىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى. سۇرىيە، پەلەستىن قاتارلىق شەرقىي ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پەيدا بولدى. دوناي دەرياسى ھاۋزىسىدا يەنە يېڭىباشتىن «سكامار»① لار ھەرىكىتى قوزغالدى. 602 ـ يىلى دوناي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەمدە يۈز بېشى فوكاسنىڭ ئىمپېراتور بولۇشىنى ھىمايە قىلىپ، كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلدى، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مورىس ئۆلتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار 602 ـ يىلىدىن 610 ـ يىلىغىچە دۆلەت مېخانىزمىنى قولدا تۇتۇپ تۇردى. سېناتورلار، چوڭ قۇلدارلار، ئېسىلزادىلەر مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئىمپېرىيەنى ئىچكى ئۇرۇش قاپلىدى. ئاخىرىدا فوكاس مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇللۇق تۈزۈمدىكى ۋىزانتىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى پاچاقلاپ تاشلاندى. 610 ـ يىلى يەرلىك ئېسىلزادىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئافرىقا ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ھېراكلىئوس (610 — 641) پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ھېراكلىئوس خاندانلىقى

---

① قۇلدارلار قوزغىلاڭچى قۇللار بىلەن كولونىستلارنى ھاقارەتلەپ «سكامار» دەپ ئاتىغان، ئۇ «قاراقچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(610 — 711) نى قۇردى.

6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىغىچە ئىمپېرىيە يەنە يات مىللەتلەر تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئىمپېرىيەنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سلاۋيانلار 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بالقان يېرىم ئارىلىغا كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىردى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سلاۋيانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيدى. 577 ـ يىلى تەخمىنەن 100 مىڭ سلاۋيان دوناي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ①، تراس بىلەن ئىللادوسقا باستۇرۇپ كىردى. 581 ـ يىلى ئۇلار يەنە تراس، ماكېدونىيە ۋە تېسسالىيەگە كىردى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سلاۋيانلار بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالدى. بەزىلىرى يەنە كىرىتس ئارىلى بىلەن كىچىك ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە قۇلدارلارنىڭ قورۇقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى، شۇڭلاشقا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. «سكامار» قوزغىلاڭچىلىرى سلاۋيانلار قوشۇنىنىڭ يۇرۇشىگە ياردەم بەردى. سلاۋيانلارنىڭ كۆچۈشى بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلق ھەرىكىتى ئۆز ئارا بىرلىشىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى. قۇلدارلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى، قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى قورۇقلار ۋەيران قىلىندى، ئاز ساندىكى قۇلدارلار نائىلاج ۋاقتى ئۆتكەن ئېكسپىلاتاتسىيە فورماتسىيەسىدىن ۋاز كەچتى.

كۆچۈپ كەلگەن سلاۋيانلار ئارىسىدا كوممۇنا تۈزۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، ئۇلار ئىمپېرىيە زېمىنىدا يېزا كوممۇنالىرىنى كەڭ تۈردە بەرپا قىلدى. ئىمپېرىيە تەۋەلىكىدىكى

① لېۋچېنكو: «ۋىزانتىيەنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 137 ـ بەت، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1959 ـ يىلى.

قالدۇق يېزا كوممۇنالىرىمۇ شۇ ۋەجىدىن مۇستەھكەملەندى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن «دېھقانچىلىق قانۇنى» ۋىزانتىيە قانۇنى بىلەن سلاۋيانلار رەسىم ـ قائىدىسىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋىزانتىيەدىكى يېزا كوممۇنالىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يېزا كوممۇناسى ئەينى چاغدىكى يېزىلاردىكى ئاساسلىق تەشكىلات بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ھۆر دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولدى، ھوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەرلەرنى جامائەت ئوتلىقى سۈپىتىدە بارلىق ئەزالار ئورتاق ئىشلەتتى؛ ئوتلاق، چارۋىچىلىق مەيدانى، ئورمان قاتارلىقلار يېزا كوممۇناسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولدى. ھۆر دېھقانلارمۇ بۆلۈنۈشكە باشلىدى، بەزى دېھقانلارنىڭ ئۇلۇشلۇك يېرىنى تېرىشقا مادارى يەتمىگەچكە يەرلىرىنى باي دېھقانلارغا سېتىپ بېرىپ، ئۆزلىرى مەھسۇلاتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئورتاقچىلارغا ئايلاندى. يېرى كۆپەيگەن باي دېھقانلار قۇللار ۋە ياللانمىلارغا ئىگە بولدى. يېزا كوممۇنالىرىنىڭ پارچىلىنىشى، يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن يەر ئىجارە بېرىش ـ ئېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ فېئودالLIQ جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ فېئوداللىشىشى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا تەدرىجىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ھەربىي، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، «ھەربىي رايون تۈزۈمى» نى يولغا قويدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى ئەرەبلەر ئىشغال قىلىۋالدى، كونستانتىنوپول تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرگە قىستاپ كېلىشتەك تەھدىتكە دۇچ كەلدى. دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقان بولغارلار بىلەن سلاۋيانلار

679 ـ يىلى بىرىنچى 1 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە شىمال تەرەپتىن تەھدىت سالدى. يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا ئىمپېرىيەدىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بارا ـ بارا كۈچەيدى. ئىمپېراتور لېئو Ⅲ زامانى (717 ــ 741)دا ئۇ ھاكىمىيەتنى يېڭى گۈللەنگەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ مۇستەھكەملىدى، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئۆلكىلەرنى 11 ھەربىي رايونغا بۆلدى، ھەربىي باشلىق يەرلىك ئەمەلدارغا ئايلاندى، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. ھەربىي رايوننىڭ باشلىقلىرى ۋە سەركەردە ـ سەردارلارغا مائاش ئۇچۇن نەق پۇل بېرىلگەندىن باشقا، يەنە بىر پارچە يەر سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلەتتى. كەڭ كۆلەملىك ھەربىي سۇيۇرغاللىق ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى تىپتىكى ھەربىي فېئوداللار پەيدا بولدى. ھەربىي رايونلار ۋە پراۋۇسلاۋىيە چېركاۋلىرىمۇ مۇناسىپ يەرگە ئىگە بولدى. ئەسكەرلەر ھەربىي ئۈلۈشلۈك يەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەسكەرلەر تەشكىل قىلىندى، ئۇلار دۆلەتكە يەر بېجى، جان بېجى تاپشۇراتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھاشارغا چىقىش مەجبۇرىيىتى كەچۈرۈم قىلىنغانىدى. يېڭى گۈللەنگەن ھەربىي فېئوداللارنىڭ يەرلىرىدە ۋەيران بولغان ھۆر دېھقانلار، كولونىستلار ۋە قالدۇق قۇللار تېرىقچىلىق قىلاتتى. كونا ئاقسۆڭەكلەر ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىشىپ «زومىگەر» («گىنات») دەپ ئاتىلىدىغان فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنى شەكىللەندۈردى. ۋاھالەنكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دېھقانلار كۆك «نامرات» لارغا ئايلاندى. ئۆكتەملەر ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېزا كوممۇنالىرىغا قاراشلىق يەرلەرنى، تېرىقچى ئەسكەرلەر ۋە «نامرات»لارنىڭ ئۈلۈشلۈك يەرلىرىنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋالدى. پراۋۇسلاۋىيە چېركاۋلىرىمۇ يەر بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا

ئىشتىراك قىلدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى دىگۇدەك دىنىي جەمئىيەت ۋە چېركاۋلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دىنىي ۋە دەھرىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى تېز راۋاجلاندى. دىنىي جەمئىيەت نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولۇۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە باج كەچۈرۈم قىلىنىش ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولغاچقا، دۆلەتنىڭ باج ـ سېلىق كىرىمىگە تەسىر يەتتى، ھۆكۈمەت بىلەن دىنىي جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلاشتى. ئىمپېراتور لېئو Ⅲ ۋە كونستانتىن V (741 ـــ 775) بۇتقا سەجدە قىلىشنى چەكلەش، چېركاۋلارنى تاقاش، چېركاۋلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، راھىب ـ روھانىيلارنى دەھرىي بولۇشقا قىستىدى. مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىۋالدى. بۇ كۈرەش ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى، 100 يىل داۋاملاشتى، «ئەۋلىيا ھەيكىلىنى تەرك ئېتىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى، ئۇ دىنىي نىقاب قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي كۈرەشتۇر. ئەۋلىيا ھەيكىلىنى تەرك ئېتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق، فېئودال ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى، ھۆر دېھقانلارنىڭ يانچىلىشىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى.

فېئوداللارنىڭ قول قىلىشقا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ۋىزانتىيە دېھقانلىرىنىڭ كۈرىشى كۆپىنچە بىدئەت مەزھەپ شەكلىدە ئىپادىلەندى. 8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە كىچىك ئاسىيا دېھقانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان پائۇلچىلار ھەرىكىتى بىدئەت شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. پائۇلچىلار ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكنى تەرغىب قىلدى، ئۇلار رېئال دۇنيادىكى گۇناھ يامانلىقنىڭ نامايەندىسى دەپ قارايتتى. ئۇلار مەركەزلىك ھالدا دىنىي ھوقۇقدارلار تەيىنلىسىدىكى راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىشكە قارشى

تۇرۇپ، دىنىي تەبىقە تۇزۇمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دەسلەپكى خىرىستىيان دىنىدىكى باراۋەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دىنىي مۇراسىملارنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ۋە بۇت - ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى 821 - يىلىدىكى سلاۋىيان توما رەھبەرلىكىدىكى كىچىك ئاسىيا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى بولۇپ ئىپادىلەندى. توما قۇل قىلىنغان دېھقانلارغا، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغان ئەسكەرلەر بىلەن قۇللارغا ۋە شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. پائۇلچىلار بىلەن بەزى قوشۇنلارمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇزاق ئۆتمەي پۈتكۈل كىچىك ئاسىيانى بويسۇندۇردى ھەمدە پايتەختكە يۈرۈش قىلدى، ئۇلار تراس بىلەن ماكىدونىيەگە يېتىپ بارغاندا، يەنە يەرلىك سلاۋىيانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پايتەختنى بىر يىل قورشىغاندىن كېيىن 823 - يىلى باستۇرۇلدى. ئايرىم قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۈرەشنى 825 - يىلىغىچە داۋاملاشتۇردى.

ۋىزانتىيەدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ئاساسەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىل — بىرىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئەركىن يېزا كوممۇنالىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن، كونا قۇللۇق تۈزۈم پارچىلىنىۋاتقان، فېئوداللىشىش ئەمدىلا باشلانغانىدى؛ 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تېز راۋاجلاندى، دېھقانلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق بېقىندىلىق ئورنى پەيدىنپەي شەكىللەندى، چوڭ فېئوداللارنىڭ يەر مۈلكى ۋە فېئوداللارنىڭ ئىمتىيازى تەدرىجىي مۇستەھكەملەندى. 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋىزانتىيەدە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر

ئاخىر ئورنىتىلدى. تۇما قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئومۇمەن بىرىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.
9 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ۋىزانتىيە فېئوداللىشىش جەريانىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا، يەنى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھۆر دېھقانلار بىلەن تىرىنچى ئەسكەرلەرنىڭ يەرلىرى ئۇستىلىق بىلەن قاقتى -سوقتى قىلىنغانلىقتىن، ئۇلار پومېشچىكلارغا ماددىي بويۇم بىلەن ئىجارە تاپشۇرۇشقا، ئالۋان – ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ، «باللىك» (بېقىندى دېھقان) لارغا ئايلاندى. باللىكلار بىلەن زومىگەر گىناتلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن – كۈنگە كەسكىنلەشتى. 10 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىچىك ئاسىيادا يەنە «مىس قوللۇق ۋاسلىي» رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. ۋاسلىي ماكېدونىيەلىك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ جەڭدە بىر قولىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مىس قول سالغاندىن كېيىن ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغاچقا «مىس قوللۇق ۋاسلىي» دەپ ئاتالغان. خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ۋىزانتىيە ماكېدونىيە خانىدانلىقى (867 — 1056) يارلىق ئېلان قىلىپ، فېئودالارنىڭ يەر مۇلكىنى كېڭەيتىشنى چەكلىدى، بىراق ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلمىدى. 11 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بارا – بارا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىپ، چوڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ كومنېن خانىدانلىقى (1081 — 1185) نى قۇردى. يېڭى خانىدانلىق «پرونىيە» (خوجىلىق زېمىننى نازارەت قىلىش) تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى يەر (قەلئە – قورغان، تېرىلغۇ يەر ۋە ئوتلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لەرنى ۋە يېزا كوممۇنالىرىنىڭ يەرلىرىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت نازارەت قىلىشىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. نازارەت قىلىنىدىغان



www.uyghurkitap.com

يەرلەردىكى دېھقانلار نارازەت قىلغۇچىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئىجارە ھەققى ۋە باج تاپشۇراتتى، ھاشارغا چىقاتتى؛ نارازەت قىلغۇچى يىغىۋالغان ئىجارە ھەققى بىلەن باجنىڭ بىر قىسمىنى دۆلەتكە تاپشۇراتتى. پرونىيە تۈزۈمى دېھقانلارنىڭ يەردىن ۋە ھۆرلۈكتىن مەھرۇم بولۇش جەريانىنى تېزلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيەدە فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پرونىيە تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئۆمۈرۋايەت نارازەت قىلىنىدىغان يەرلەر بارا ـ بارا مىراسلىق نارازەت قىلىنىدىغان يەرگە ئايلاندى. مىراسخور ئاقسۆڭەكلەر غەربىي ياۋروپادىكى كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىغا ئوخشاش ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى بارغانسېرى كۈچەيدى، خوجىلىق زېمىندىكى ناتۇرال ئىگىلىك ئامىللىرىنىڭ كۆپىيىشى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

**ۋىزانتىيەنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى** تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ۋىزانتىيەدە قۇرغان لاتىن ئىمپېرىيەسى 57 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1261 ـ يىلى نىسېيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى مىكائىل Ⅷ (1259 ــ 1282) خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا لاتىن ئىمپېرىيەسىنى يوقىتىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكى، تراسىنىڭ بىر قىسمى، ماكېدونىيەنىڭ بىر قىسمى، تېسسالونىكا، پېلوپونېسوستىكى بەزى مۇھىم جايلار، ئېگېي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى بەزى ئاراللار ۋە رودېرس ئارىلى قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلەندى. ئېپىروس ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە بېقىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق بېقىنىش تازا مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى①. ترابزون يەنىلا مۇستەقىللىقىنى

① لېۋچېنكو: «ۋىزانتىيەنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 318 ـ بەت، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1959 ـ يىلى.

ساقلاپ قالغانىدى. لاتىن رىتسارلىرى، ژېنوۋالىقلار ۋە ۋېنىتسىيەلىكلەرنىڭ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسىدە ئىگىلىگەن زېمىنلىرى بولۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى چاك – چېكىدىن پارچىلىنىپ، دۆلەت كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى.

14 – ئەسىردە، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر يىمىرىلىشكە باشلىدى. ئەينى زاماندا ۋىزانتىيەلىكلەر غەربكە يۆتكەيدىغان ئاساسلىق تاۋار — ئاشلىق ئىدى، چوڭ خوجىلىق زېمىنلاردىكى ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى كېڭەيتىلگەن بولۇپ، تېسسالونىكا، رودېرستو قاتارلىق شەھەرلەر خېلى چوڭ ئاشلىق سودىسى مەركىزىگە ئايلانغانىدى. تاۋار – پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنىڭ بارا – بارا ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى كۈچەيتىۋەتتى، دېھقانلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمى يېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يېزىلاردا ياللانما ئەمگەكچىلەر پەيدا بولدى. ئاز سانلىق باي دېھقانلار نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، ئۈزۈمزارلىق ۋە ئۆي هايۋانلىرىغا ئىگە بولدى. يېزىلاردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ بىخلىنىشىغا پايدىلىق ئىدى. دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر، ئالايلۇق، كونستانتىنوپول قاتارلىقلاردا ئايرىم قول هۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرى بارلىققا كەلدى. بىراق، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدىكى فېئوداللارنىڭ ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلىقى ۋە فېئوداللىق تەرەققىچىلىك ئىچكى سودىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئىچكى بازارلارنىڭ شەكىللىنىشىگە توسالغۇ بولدى؛ ۋېنىتسىيەلىك ۋە ژېنوۋالىق سودىگەرلەر ۋىزانتىيەدىن نۇرغۇن جەهەتلەردە ئالاهىدە ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ هەرقايسى جايلاردا سودا پونكىتلىرى بار بولۇپ، ۋىزانتىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىشى قىيىن ئىدى؛ ۋىزانتىيەنىڭ سودا كاپىتالى ئاساسلىقى ئىتالىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى؛ 1261 –

يىلىدىكى نىفى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ژېنوۋالىقلار كونستانتىنوپول شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا گالاتىيە مۇستەملىكە رايونىنى قۇردى، گالاتىيە ۋېنېتسىيە دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى، ژېنوۋانىڭ گالاتىيە تاموژنىسىدىن قىلىدىغان يىللىق كىرىمى 200 مىڭ تىللاغا يېتەتتى، ئەمما ۋېنېتسىيە ئىمپېراتورىنىڭ كونستانتىنوپول تاموژنىسىدىن قىلىدىغان يىللىق كىرىمى ئارانلا 30 مىڭ تىللاغا يېتەتتى. ۋېنېتسىيە فېئوداللىرى شەھەرلەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار دانلىق زىرائەتلەرنى ئىتالىيە بىلەن دۇبرووۋنىكقا بەرسە پايدىلىق دەپ قاراپ، ئۆز دۆلىتىدىكى شەھەرلەرگە قارىتا قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويماستىن، ئەكسىچە ژېنوۋالىقلار بىلەن ۋېنېتسىيەلىكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغدىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋېنېتسىيەدە يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى.

فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق ۋە چەت ئەللىك باي سودىگەرلەرنىڭ قاتمۇ قات شىلىۋېلىشى ئارقىسىدا شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنلاشتى. فېئوداللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ توختىماسلىقى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تۈگىمەسلىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 1432 ــ 1439 ـ يىللاردا تېسسالونىكادا «زېئالوت»[1] قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ نىشانى شەھەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى، ئۇلار شەھەر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، بەزى ئىجتىمائىي ئىسلاھات سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىجرا قىلدى. قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى، ھەتتا

① زېئالوت يۇنانچە «خەلقنىڭ دوستى» دېگەن سۆز بولۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى مېھنەتكەش خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تۈركىيەدىن ئەسكەر ئارىيەت ئالدى. فېئوداللارنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ۋىزانتىيەنى تېخىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى تېزلەتتى.

ئوسمان تۈركلىرى ۋىزانتىيە زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىنىۋالغانلىقتىن، 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ ۋىزانتىيەنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى بولۇپ قالدى. 1331 ـ يىلى تۈركلەر ۋىزانتىيەنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى بارلىق زېمىنلىرىنى بېسىۋالدى. 1354 ـ يىلى تۈركىيە يەنە ۋىزانتىيە فېئوداللىرى ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، داردانېل بوغۇزىدىن ئۆتۈپ بالقان يېرىم ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1430 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى پەقەت كونستانتىنوپول ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تار رايونلارنىلا ساقلاپ قالالىدى. دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق پەيتتە ۋىزانتىيە فېئوداللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا توختىمىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر لاتىنپەرەسلەر، يۇنان پراۋۇسلاۋىيە دىنى تەرەپدارلىرى ۋە تۈركپەرەسلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى. ئىمپېراتور جون Ⅷ (1425 ـــ 1448) باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم لاتىنپەرەس فېئوداللار غەربىي ياۋروپادىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، 1439 ـ يىلى جون Ⅷ ئىتالىيەگە بېرىپ، پاپانىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە پراۋۇسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتىنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە قوشۇۋېتىش بەدىلىگە قوشۇلۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ باش پوپى ۋە قىسمەن ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى باشچىلىقىدىكى گېرىك پراۋۇسلاۋىيە دىنى تەرەپدارلىرى فلوت قوماندانى لۇكانوتالانىڭ رەھبەرلىكىدە پاپاغا تىز پۈكۈشكە قەتئىي قارشى تۇردى. كەڭ خەلق ئاممىسى ئىلگىرىكى «لاتىن ئىمپېرىيەسى» ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ساۋاقلىرىنى نەزەردە تۇتقاچقا، ئۇلارمۇ شەرق ۋە غەربتىكى دىنىي

جەمئىيەتنىڭ بىرلىشىشىگە بىر دەك قارشى تۇردى. بىراق يۇنان پىراۋۇسلاۋىيە دىنى تەرەپدارلىرىنىڭ داھىيسى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرالىمىدى ۋە ئۇلارنى تەشكىللىيەلمىدى، دۇشمەنگە ئاكتىپلىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان سىياسەت - تەدبىرى كەمچىل ئىدى. تۈركىيە ۋە ئۇنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار تۈركپەرەس فېئوداللار ۋە باي سودىگەرلەر بولسا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا تۈركلەرگە تەسلىم بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

1425 - يىلى كۈزدىن 1453 - يىلى ئەتىيازغىچە كونستانتىنوپول تۈرك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. ۋېنىتسىيە نۇرغۇن مۇھىم قەلئە - قورغانلىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئىسپانىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ياللانما ئەسكەرلەرگە تاپشۇرغانىدى. 1453 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۈرك سۇلتانى مۇھەممەد Ⅱ زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، شەھەرگە دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭ ھۇجۇم قىلدى. سۇلتاننىڭ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى، 300 ئۇرۇش كېمىسى بار ئىدى. ۋاھالەنكى بۇ چاغدا شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان 3000 چەت ئەللىك ياللانما ئەسكەردىن باشقا، ۋېنىتسىيەنىڭ ئاران 6000 سەركەردە - لەشكىرى بار ئىدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچى جەھەتتىكى پەرق بەك چوڭ بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنى قوغداۋاتقان قوشۇن بىلەن خەلق باتۇرلۇق بىلەن 53 كۈن قارشىلىق كۆرسەتتى. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كونستانتىنوپول شەھىرى قولدىن كەتتى، تۈركلەر ئۇدا ئۈچ كۈن كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى، 60 مىڭ ئاھالە ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل بولدى، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى پايتەختىنى كونستانتىنوپولغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئىستانبۇل (ئىسلام شەھىرى دېگەن مەنىدە)غا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن، مىڭ يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋېنىتسىيە ئىمپېرىيەسى ئاخىر ھالاك بولدى.

www.uyghurkitap.com

**ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى** ئوتتۇرا ئەسىردە ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى ياۋروپادا مۇھىم ئورۇندا تۇردۇ. ئۇ يۇنان رىم دەۋرى (يۇنانلىشىش دەۋرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىمۇ ساقلاپ قالدى، مىسىر، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى شەرق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ۋىزانتىيە مەدەنىيىتىنى مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل، ئۇنىۋېرسال تۈسكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەينى چاغدىكى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەن بولۇپ، كىيېۋرۇس، بۇلغارىيە ۋە سېرۋىيىلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

خىرىستىيان دىنى ۋىزانتىيەنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بۇ دىن بىلەن كىلاسسىك پەن ۋە پەلسەپە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى. 4 ـ ئەسىردىكى باش ئېپىسكوپ تىئافېلو مەشھۇر ئالېكساندرىيە كۇتۇپخانىسىنى كۆيدۇرۇپ، بىدئەتلەرنىڭ ئىلىم مەركىزىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. 415 ـ يىلى ئەسەبىي روھانىيلار مەشھۇر پەلسەپە ۋە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىپاتىيە (ئايال) نى قەتلى قىلدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، دىنىي ھاكىمىيەت باشتىن ـ ئاخىر ۋىزانتىيەنىڭ دەھرىي ھاكىمىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرالمىدى، ۋىزانتىيە پراۋۇسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەتكە قاراتقان ئاسارىتى ھەر ھالدا مۇئەييەن چەك ئىچىدە بولغاچقا، ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى يەنىلا ئۈزۈكسىز راۋاجلاندى.

پەلسەپىدە يېڭى ئەپلاتونچىلىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭغا ستوئىكوئى ئېقىمى، ئېپىكورۇس ئېقىمى، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىسى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇ گەرچە خىرىستىيان دىنى ئىلاھىيەتچىلىكى تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى پەقەت بىر ئىدېئالىستىك پەلسەپە سىستېمىسى بولۇپ، تېئولوگىيە سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. يېڭى ئەپلاتونچىلىقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى پروكلوس دىيارخ تېخى بىر ماتېماتىك بولۇپ، ئىۋكىلىدنىڭ

«گېئومېتىرىيە قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىنى ئىزاھلىغان.

ۋىزانتىيەنىڭ بىناكارلىقى، سەنئىتى ۋە رەسساملىقى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. مەشھۇر ئالىم، ئارخىتېكتور ئىسدوروس بىلەن ئانتېمىس 532 ـ يىلىدىن 537 ـ يىلىغىچە ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ لايىھەلەپ ياسىغان كونستانتىنوپولدىكى مۇقەددەس سوفىيە چېركاۋى ۋىزانتىيە سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى غەربىي ياۋروپانىڭ ئەنئەنىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسى گۈمبەز شەكىللىك. چېركاۋ ھەم ئېگىز، ھەم يورۇق بولۇپ، ناھايىتى چوڭ گۈمبەز تۆت ئەگمە تەگلىك كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆت ئەگمە ئىشىك ئۈستىگە ئورنىتىلغانىدى، ئۇ مەرمەر تاشقا ئويۇلغان نەپىس نەقىشلىرى، ھەرخىل رەڭلىك ئەينەكلەر بىلەن ياسالغان تام رەسىملىرى بىلەن كۆزنى چاقنىتاتتى. ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك ياسالغان ئادەم ھەيكەللىرى ۋە ئۇلارغا ماسلاشتۇرۇلۇپ سىزىلغان ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، زىياپەتتە ئولتۇرغان ئادەم ۋە ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەينەن كۆرۈنىدىغان جانلىق رەسىملىرى ئەينى زاماندىكى مېھنەتكەش خەلقنىڭ يۇقىرى سەنئەت ماھارىتىنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ.

جۇغراپىيە ۋە تارىخشۇناسلىقتا ئائىت ئەسەرلەردىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. 6 ـ ئەسىردە ۋىزانتىيەلىك سودىگەر ۋە ساياھەتچى سىم ئىنگىكوپ يازغان «شەرقتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىش خاتىرىسى» ناملىق ئەسەر، 10 ـ ئەسىردە ئىمپېراتور كونستانتىن Ⅶ تۈزگەن «ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسەر مول پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە تارىخ، جۇغراپىيەگە ئائىت ئەتتۋارلىق ماتېرىياللاردۇر. تارىخقا ئائىت ئەسەرلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن قەدىمكىگە تەقلىد قىلىنغان ئەسەرلەر ۋە سالنامىگە ئائىت ئەسەرلەردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. مەشھۇر تارىخشۇناس پروكوپىيۇ ۋىزانتىيەنىڭ 6 ـ ئەسىردىكى ئەڭ

ئۇلۇغ تارىخشۇناسى بولۇپ، ئۇنىڭ يۇنان تارىخشۇناسى ھېرودوت بىلەن تۇسىدىدېسنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ يازغان «يۇستىنىئاننىڭ ئۇرۇش تارىخى» ناملىق سەككىز توملۇق ئەسىرىدە، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋانداللار، گوتلار ۋە پېرسىيەلىكلەر بىلەن قىلغان بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان؛ «مەخپىي تارىخ» ناملىق ئەسىرى 550 ـ يىلى ۋىزانتىيە شەرقىي گوتلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىدە يۇستىنىئاننىڭ سىياسەتلىرىنى دادىللىق بىلەن سۆكۈپ، ئەينى چاغدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا بەرگەن قۇربانلىرى ۋە تارتقان كۈلپەتلىرىنى بىر قەدەر توغرا تەسۋىرلەپ، يۇقىرى تەبىقىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ياۋۇزلۇقى، چىرىكلىكىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئېچىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ئەسىرىدىن باشقا يەنە «يۇستىنىئان دەۋرىدىكى ئىمارەتلەر توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن، چېركاۋ، خەلق ۋە ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ـ چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ بىرىمۇ قالدۇرۇلماي بايان قىلىنغان. 11 ـ ئەسىردىكى ئايال يازغۇچى ئاننا كومنېننىڭ «ئالېكسىينىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدە ئاتىسى ئالېكسىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تارىخ بايان قىلىنغان. ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تارىخشۇناسلىقتا بەزى يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. شاھزادە، كىنەز، مەنسەپدارلار، ھەتتا ئىمپېراتورلارمۇ ھەممىشە ئەسلىمە تىپىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان، ئالايلۇق، ئىمپېراتور جون IV (1347 — 1354) تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئەسلىمە يازغان. بۇ ئەسەرلەردە ئەينى زاماننىڭ ئەھۋالى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى، تارىخشۇناسلىقىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

10 ـ ئەسىردە، ۋىزانتىيەدە يەنە لۇغەت، نەسرىي ئەسەرلەردىن تاللانما ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى باھالاش، ئىزاھلاشقا ئائىت

قورال كىتابلار تۈزۈلدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا كونستانتىنوپول ئۇنىۋېرسىتېتى (1045 ـ يىلى قۇرۇلغان) ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىلمىي مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرغان بولۇپ، بۇ جاي شەرقىي ياۋروپادىكى مەشھۇر ئىلىم ـ پەن مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

## 2 ـ بۆلۈم شەرقىي جەنۇبى ياۋروپا دۆلەتلىرى

### 1. رومىنىيە

رومىنىيەنىڭ ئۇزاق قەدىمكى زاماندىكى ئاساسلىق ئاھالىسى داكىيەلىكلەر[①] بولغاچقا، رومىنىيە تارىختا يەنە داكىيە دەپمۇ ئاتالغان، ئۇ ترانسىلۋانىيە، ۋالاچىئا، مولداۋىيە (مولدوۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) [②] ۋە باشقا زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەدىمكى يۇنان رومىنىيەنىڭ قارا دېڭىز قىرغىقىدىكى دوبروگېئا دېگەن يېرىدە مۇستەملىكە شەھەر دۆلىتى قۇردى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە ترانسىلۋانىيەنىڭ جەنۇبىدا بىر قۇدرەتلىك داكىيە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەرەققىي قىلىپ، قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتكە ئايلاندى. تۇنجى مەشھۇر پادىشاھ برېبىستا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 482 ــ 441)

---

① قەدىمكى يۇنان يازغۇچىلىرى رومىنىيەنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئاھالىلىرىنى گېتېلار دەپ ئاتىغان، قەدىمكى رومىنىيە يازغۇچىلىرى داكىيەلىكلەر دەپ ئاتىغان، شۇڭلاشقا كېيىن ئۇلار گېتې داكىيەلىكلەر ياكى داكىيە ـ گېتېلار دەپ ئاتالغان.

② قەدىمكى زاماندا مولداۋىيە يەنە پرۇت دەرياسى بىلەن دېنىستر دەرياسى ئارىلىقىدىكى چوڭ بىر پارچە زېمىننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇ بېسسارابىيە دەپ ئاتالغان، 1812 ـ يىلى چاررۇسىيە بېسسارابىيەنى يۇتۇۋالغان.

دەۋردە داكىيەنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، غەربتە دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى تۈزلەڭلىكتىن شەرقتە قارا دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە، شىمالدا شىمالىي كارپاتىيان تېغىدىن جەنۇبتا بالقان تاغلىرىغىچە يەتكەنىدى. بىراق، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 441 - يىلى بىرېبىستا تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، داكىيە ئىلگىرى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغان رايونلاردىن تېز مەھرۇم بولدى، ھەتتا داكىيەنىڭ ئۆز زېمىنىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، رىم ئىمپېرىيەسى رومىنىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 28 - يىلى ئوكتاۋئىان قول ئاستىدىكى سەركەردە كراسسۇنى دوبروگېئانى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. مىلادىيە 46 - يىلى رىم دوبروگېئانى داكىيە ئۆلكىسىگە قوشۇۋەتتى. 101 -، 102 -، 105 -، 106 - يىللىرى رىم ئىمپېراتورى ترايان داكىيەگە ئىككى قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ پادىشاھ دېكويبارۇسنى مەغلۇپ قىلىپ، داكىيەنى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر ئۆلكىسى — داكىيە ئۆلكىسىگە[①] ئايلاندۇردى. رىم داكىيەدە تۇرۇشقا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، قەلئە - قورغانلارنى سېلىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. رىم داكىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 160 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا رىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى كەڭ تارقىلىپ، داكىيەنىڭ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، داكىيەلىكلەر بارا - بارا رىملىقلارغا ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كەتتى، ئۇلار لاتىن تىلىنى قوللىنىپلا قالماستىن، يەنە رىمنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە فامىلىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى. داكىيەلىكلەر بىلەن

① 113 - يىلى ترايان رىم مەيدانىغا مەرمەردىن ياسالغان بىر تۈۋرۈك ئورنىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن، تۈۋرۈككە ترايانىڭ داكىيەگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان چاغدىكى جەڭ كۆرۈنۈشلىرى نەقىشلەنگەن. بۇ ترايان تۈۋرۈكى داكىيەنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

رىملىق كۆچمەنلەر ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەندىن كېيىن داكىيەلىك ـــ رىملىقلار دەپ ئاتالدى.

3 ـ ئەسىردە، رىم قۇللۇق تۈزۈمى ئېغىر بوھرانغا دۇچ كېلىپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ داكىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا مادارى يەتمىدى. 271 ـــ 272 ـ يىلى ئىمپېراتور ئاۋلېرىئانوس رىم قوشۇنلىرىنى داكىيەدىن چېكىندۈرۈپ چىقتى.

4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنىدا گوتلار، ھۇنلار، ئاۋرلار داكىيەدە ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. 6 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە سلاۋيانلار داكىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، داكىيەلىك ـ رىملىقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. سلاۋيانلار دەسلەپتە ئىستېلاچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن داكىيەلىك ـ رىملىقلارغا سىڭىشتۈرگەندە ئۇلارنىڭ سانى ئاز، يەنە كېلىپ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەنرەك بولغاچقا، داكىيەلىك ـ رىملىقلار تەرىپىدىن تەدرىجىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى، ئاللاھازەل 11 ـ ئەسىردە بۈگۈنكى رومىنىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رومىنىيە تىلى (لاتىن تىلى سىستېمىسىغا تەۋە ھەمدە نۇرغۇن سلاۋيان سۆزلۈكلىرى قوبۇل قىلىنغان) بارلىققا كەلدى.

رومىنىيە ئۇزاق مەزگىل يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى باشتىن كەچۈردى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، 1 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقى ۋالانىيە، مولداۋىيە ۋە ترانسىلۋانىيەنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. 1 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مولداۋىيە كيېۋرۇس تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى، 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋېنگرىيە پادىشاھلىقى ترانسىلۋانىيەنى قوشۇۋالدى. 1241 ـ يىلى باتوخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى كېلىپ،

ترانسىلۋانىيە بىلەن ۋالاچىئانى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى. ئارقىدىنلا مولداۋىيەنى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قوشۇۋالدى. 1350 ـ يىلى مولداۋىيە يەنە ۋېنگىرىيەگە ئەل بولدى. ۋالاچىئامۇ 13 ـ ئەسىردىلا ۋېنگىرىيەگە ئەل بولغانىدى.

رومىنىيەدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى 9 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلدى. ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە سىنىپلارغا ئايرىلىشنىڭ تېزلىشىشى تۈپەيلىدىن ئەسلىدە جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق بىرلىك ھېسابلىنىدىغان يېزا كوممۇناسى ئاستا ـ ئاستا پارچىلىنىشقا باشلىدى. ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر يېزا كوممۇنالىرىنىڭ يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى، يېزا كوممۇناسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى بېقىندى دېھقانلارغا ئايلاندى. ئارقىدىنلا رومىنىيە زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقان بۇلغارىيە، ۋېنگىرىيە ۋە كىيېۋرۇس فېئوداللىرىمۇ ھەممىلا جايدا يەرلەرنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. رومىنىيەدىكى فېئودال تۈزۈم ئالاھازەل 14 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلدى.

ترانسىلۋانىيە، ۋالانىيە ۋە مولداۋىيەلىك فېئودالار خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئۇزۇكسىز قانات يايدۇردى. 1324 ـ يىلى ۋالاچىئانىڭ تۇنجى ئەۋلاد كىنەزى باساراب I ئۆزىنى «پۈتكۈل رومىنىيە (ۋالانىيە كۆرسىتىدۇ) نىڭ كىنەزى ۋە پادىشاھى» دەپ ئاتىدى. 1330 ـ يىلى، ئۇ ۋېنگىرىيە پادىشاھى چارلېز روبېرتنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇستەقىللىق جاكارلاپ ۋالانىيە كىنەزلىكىنى قۇردى. 1359 ـ يىلى مولدا ۋىيەمۇ كىچىك ئاقسۆڭەك بوگداننىڭ رەھبەرلىكىدە ۋېنگىرىيەنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، مولداۋىيە كىنەزلىكىنى قۇردى. 1364 — 1365 ـ يىللىرى مولداۋىيە يەنە ۋېنگىرىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇستەقىللىقىنى

قوغدىدى، بىراق بوگدان ئۆلگەندىن كېيىن، مولداۋىيە پولشاغا ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ترانسىلۋانىيە ۋېنگرىيە پادىشاھلىقىنىڭ قولىدىن چوڭراق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر بىر مۇستەقىل كىنەزلىككە ئايلىنالمىدى.

14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە رومىنىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى تېز راۋاجلاندى. تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى، ئىككى ۋە ئۈچ كاندوكلۇق تېرىقچىلىق ئۇسۇلى تەدرىجىي ئومۇملاشتى، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر ئاساس قىلىنىپ، ئۈزۈمچىلىك، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشمۇ كېڭەيدى. چارۋىچىلىقتا مولداۋىيەنىڭ يىلقىچىلىقىنىڭ داڭقى بار ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە مېتالچىلىق، كۆمۈش ۋە ياغاچ ئەسۋابلارنى ياساش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئاشلاش قاتارلىق كەسىپلەر بار ئىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى رايونلار بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت، ئۇلار يەنە پولشا، ۋېنگرىيە، رۇسىيە، چېخ قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەندى ھەمدە بەزى يېڭىدىن گۈللەنگەن شەھەرلەر بارلىققا كەلدى.

رومىنىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى راۋاجلانغان بولسىمۇ، بىراق دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلاشتى. 14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە دېھقانلار ئاساسەن يانچىلىشىپ بولدى. ئۇلار فېئوداللارغا ماددىي بويۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى، ھاشارغا چىقاتتى، يەنە دۆلەتكە باج، دىنىي جەمئىيەتكە ئۆشرە

www.uyghurkitap.com

تاپشۇراتتى. دېھقانلارنىڭ قىلچە سىياسىي ھوقۇقى يوق بولۇپ، فېئودال يەر ئىگىلىرى خالىغىنىنى قىلالايتتى. 1437 ـ يىلى ئەتىيازدا ترانسىلۋانىيەلىك دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇنىڭغا بىر قىسىم ۋېنگرىيەلىك دېھقانلارمۇ پائال ئاۋاز قوشتى، شەھەرلەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەر قوزغىلاڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار فېئوداللارنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، ترانسىلۋانىيەنىڭ مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە قەلئە ـ قورغانلارنى ئىگىلىۋالدى. 7 ـ ئايدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ باج سوممىسىنى چەكلەش، دېھقانلارنىڭ ئەركىن كۆچۈشىگە يول قويۇش، قوزغىلاڭچىلارنى ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ترانسىلۋانىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ترانسىلۋانىيەدە ئولتۇراقلاشقان ۋېنگرىيەلىك، گېرمانىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاق (ئاتالمىش «ئۈچ مىللەت ئىتتىپاقى») تۈزۈپ، قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. 1438 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا دېكابىردا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى، كۆرمىگەلغان دېھقان بۇرنى، قۇلىقى، كالپۇكى ۋە قولى كېسىلىش، كۆزى ئويۇلۇشتەك دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1490 ـ 1492 ـ يىللىرى مولداۋىيەلىك دېھقانلار مۇخنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭغا 90 مىڭدىن 100 مىڭغىچە دېھقان قاتناشتى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار فېئودالارنىڭ قورۇقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن مولداۋىيەلىك ۋە پولشالىق فېئودالارنى ئۆلتۈردى. پولشا پادىشاھى ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەرنى توپلاپ، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، رومىنىيە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا ئوسمان تۈركلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. ۋالانىيەنىڭ كىنەزى لامىرچا (1386 ـ

1418) 1389 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى كوسوۋو جېڭىدە ئەسكەر ئەۋەتىپ، سېرۋىيە، بۇلغارىيە بىلەن بىرلىكتە تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغانىدى، بىراق بەختكە قارشى مەغلۇپ بولدى. كوسوۋو جېڭىدىن كېيىن، تۈرك قوشۇنلىرى ۋالاخىيەنىڭ چېگراسىغا يېتىپ كەلدى. 1394 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋالاخىيەنىڭ غەربىي رايونىدا يۈز بەرگەن «ئوقلار ئاسماننى قارا قاغىدەك قاپلىغان» ① جەڭدە، لامىرچا تۈرك قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. بىراق، 1396 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى نىكبۇرگدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە، ۋالاخىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە ۋېنگرىيە بىرلەشمە قوشۇنى تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ۋالاخىيە نائىلاج تۈركىيە سۇلتانىغا ئەل بولدى.

مولداۋىيە كىنەزى ستېفان Ⅲ (1457 ـــ 1504) نىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت جاپاغا چىداپ باتۇرلارچە كۆرەش قىلدى. ئۇ 40 ـــ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى، بۇ قوشۇندا مونتىزىم ئەسكىرىي كۈچ ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇ كىنەزنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتى (تەخمىنەن مىڭ كىشى) ۋە چوڭ ـ كىچىك فېئوداللاردىن تەركىب تاپقان مۇنتىزىم ئەسكەرلەر (تەخمىنەن 3000 كىشى)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆپىنچىسى تاياق ـ توقماق، پالتا، ئورغاق بىلەن قوراللانغان خەلق ئەسكەرلىرى ئىدى. كىنەز ستېفان چېگرا رايوندا قورغانلارنى مۇستەھكەملىدى ياكى كۆپلىگەن قەلئەلەرنى سالدى.

1474 ـ يىلى، تۈرك سۇلتانى مۇھەممەد Ⅱ سۇلايمان پاشانى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مولداۋىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا ستېفاننىڭ قول ئاستىدا 40

① تارىخىي كىتابلاردا ئەسلىي سۆز مۇشۇنداق يېزىلغان بولۇپ، جەڭنىڭ كۆلەمىنىڭ چوڭلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ جەڭدە تۈركىيەنىڭ بايازد قوشۇنى تامامەن ھالاك بولغان.

www.uyghurkitap.com

مىڭدىن كۆپرەك ئادەم بار ئىدى. 1475 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ستېفان تۈرك قوشۇنلىرىنى راكوۋا دەرياسى بىلەن پارلا دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدىكى بىر پارچە سازلىق يەرگە ئالداپ ئەكەلدى، ئۈچ كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق تۈركلەرنى تامامەن يوقىتىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. تۈرك قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىدىغان پاشا، نائىبخان ۋە باشقا مەشھۇر سەككىز باش ۋالىي نەق مەيداندا قولغا چۈشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋاسلۇئىدىكى بىر ئېگىز كۆۋرۈك ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، «ئېگىز كۆۋرۈك جېڭى» دەپ ئاتالدى. 1476 ـ يىلى يازدا، مۇھەممەد Ⅱ 150 — 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ، مولداۋىيەگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ستېفان سىپىلنى پۇختىلاپ تەييارلىقنى ياخشى قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرك قوشۇنلىرى «ئۇدا بىر نەچچە كۈن قاياققا يۈرۈش قىلىشنى بىلەلمەي قالدى، ئوزۇق ـ تۈلۈك تاپالمىدى، خاتىرجەم ئۇخلاشقىمۇ ئامالسىز قالدى». بىراق، شۇ يىلى 7 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ پەرقى بەك چوڭ بولغاچقا، مولداۋىيە مەغلۇپ بولدى. 1487 ـ يىلى ستېفان نائىلاج تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغاچقا، ئۇزاققىچە پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

## 2. سېربىيە

6 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە جەنۇبىي سلاۋىيانلارنىڭ غەربىي تارمىقىدىكى ئۈچ قەبىلە گۇرۇھى، يەنى سېربىيەلىكلەر، سلوۋېنىيەلىكلەر ۋە كرودىيەلىكلەر بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلدى. يەرلىك ئاھالە ئىلىييەلىكلەر (ئالبانلاردىن باشقا) پەيدىنپەي سلاۋىيانلار بىلەن ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ

مىللەت تەركىبى ئۆزگەردى.

سېربىيەلىكلەرنىڭ مەركىزىي رايونى راشكا بولۇپ، ئۇلار ساۋا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنىڭ جەنۇبىدىن ئادرىئاتىك دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە تارقالغان، بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە خۇم، ترابۇنىيە ۋە زېتا قاتارلىق بىر قانچە رايونغا تارقالغانىدى. سېربىيە دۆلىتى كۈچلۈك قوشنا دۆلەت بۇلغارىيە ۋە ۋىزانتىيەگە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەنىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇلغارىيە سېربىيەگە لەشكەر تارتتى. سېربىيەنىڭ راشكا كىنەزى ۋلاسدىمىر ئۈچ يىل جەڭ قىلىپ، ئاخىر بۇلغارلارنى مەغلۇپ قىلدى. ۋلاسدىمىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى مودىمىر، ستلامىر ۋە كونىك بۇلغارلار ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلدى ھەمدە بۇلغارىيە كىنەزى بورىسنىڭ ئوغلى ۋلادىمىرنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سېربىيە ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ، دۆلەت كۈچى ئاجىزلىدى، بۇنىڭدىن بۇلغارىيە بىلەن ۋىزانتىيە پايدىلىنىپ كەتتى. ئالاھازەل 872 ـ يىلى مودىمىر ۋىزانتىيەنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇلغارىيەدىن پاناھلىق تىلىگەن ئىككى ئىنىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ئالاھازەل 891 ـ يىلى مودىمىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى پېتىر كونىكوۋىچ سېربىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋالدى. 917 ـ يىلى بۇلغارىيە كىنەزى سىمىيون قوشۇن چىقىرىپ پېتىر كونىكوۋىچنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 927 ـ يىلى سىمىيون سېربىيەنى بىرىنچى بۇلغارىيە پادىشاھلىقىغا قوشۇۋالدى.

سىمىيون ئۆلگەندىن كېيىن تۇتقۇن سۈپىتىدە بۇلغارىيەدە تۇرۇۋاتقان راشكالىق ئاقسۆڭەك چېسلاۋ كلونىمىروۋىچ ئالاھازەل 927 ـ يىلى سېربىيەگە قېچىپ كەلدى، ئۇ ۋىزانتىيەنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ راشكانى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە

بوسنىيە بىلەن ترابۇنىيەنى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزدى. ئەمما 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سېربىيە يەنە بىر مەزگىل بۇلغارىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى.

1018 ـ يىلى ۋىزانتىيە بىرىنچى بۇلغارىيە پادىشاھلىقىنى مۇنقەرز قىلدى، ئارقىدىنلا سېربىيەنى ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سېربىيەنىڭ سىياسىي مەركىزى راشكادىن زېتاغا يۆتكەلدى. ۋويىسلاۋنىڭ ئوغلى مىخائىل تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (1050 ـــ 1082) دە راشكانى قوشۇۋەتتى. مىخائىل سېربىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1077 ـ يىلى رىم پاپىسى گرېگورى Ⅶ نىڭ تاج كىيدۈرۈش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولۇپ، پادىشاھ دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى بودىن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل (1082 ـــ 1101)دە يەنە بوسنىيەنى قوشۇۋالدى. لېكىن بودىن ئۆلگەندىن كېيىن، سېربىيە يەنە بىر مەزگىل پارچىلىنىپ كەتتى، بوسنىيە ۋېنگرىيەگە بېقىنىشقا مەجبۇر بولدى، باشقا رايونلار بولسا ۋىزانتىيەنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى.

12 ـ ئەسىردە راشكا قايتىدىن سېربىيەنىڭ سىياسىي مەركىزىگە ئايلاندى. 1169 ـ يىلى ستېفېن نىمانيا راشكانىڭ كىنەزى بولۇپ، سېربىيەگە 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان نىمانيا خانىدانلىقىنى قۇردى. نىمانيا 1186 ـ يىلى ربتانى، جۇملىدىن ئادرىئاتىك دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى كوتور، ئۇرجىنى بار، سكاتارى قاتارلىق بىر قانچە چوڭ شەھەرلەرنى قوشۇۋالدى. 1185 ـ يىلى بۇلغارىيە ۋىزانتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، نىمانيا دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزدى. 1190 ـ يىلى نىمانيا ۋىزانتىيەنى سېربىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

نىمانيا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، سېربىيەنىڭ

فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى راۋاجلاندى، فېئوداللارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى كۈچەيدى، شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شۇكى، بۇلغارىيەدىن تارقالغان بوگومىلچىلار① ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار ئاساسلىق كەڭ دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، يەنە ھۆكۈمەتتىن نارازى بولغان ئاز سانلىق فېئودداللارمۇ قاتناشقاندى. نىمانىيا بوگومىلچىلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. بوگومىلچىلارنىڭ بەزىلىرى كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بەزىلىرى تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىندى، يەنە بەزىلىرى دۆلەتتىن قوغلاندى. ئۇلارنىڭ ئۆي - جاي ۋە باشقا مال - مۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىپ، موخو كېسىلى بىمارلىرى بىلەن قەلەندەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارچە ئورۇن قالدۇرۇلمىدى. ئەمما، بوگومىلچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي ئۈجۈقتۇرۇۋېتەلمىدى.

1196 - يىلى، نىمانىيا تەختنى ئوغلى ستېفېن نىمانىيا Ⅱ (1196 — 1227) گە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر موناستىردا تۇردى. 1217 - يىلى نىمانىيا Ⅱ گە پاپا پادىشاھلىق تاجىنى ئىنئام قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ بىلەن گەرچە كاتولىك دىنىنىڭ سېربىيەدىكى تەسىرى كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن سېربىيەدە پراۋۇسلاۋىيە دىنى يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. 1219 - يىلى نىمانىيا Ⅱ سېربىيە دىنىي

① «بوگومىل» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىككى مەنبەسى بار: بىرىسىدە، مەزكۇر مەزھەپنىڭ ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان پوپ بوگومىلنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن دېيىلىدۇ؛ يەنە بىرىسىدە، بوگومىلچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى «تەڭرى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر» دەپ ئاتىغان، بوگومىل دەل شۇ سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىلىدۇ.

جەمئىيىتىنى ئوخرىد باش ئېپىسكوپىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنىسى ساۋانى سېربىيەنىڭ مۇستەقىل دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى باش ئېپىسكوپلىقىغا تەيىنلىدى. ساۋا مەملىكەت بويىچە يەتتە ئېپىسكوپلۇق ئەمەلىي خىزمەت ئورنى تەسىس قىلدى.

ستېفېن ئۇروس II ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1282 — 1321) دە، سېربىيە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ۋىزانتىيەنىڭ قولىدىن ماكېدونىيە بىلەن ئالبانىيەنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى تارتىۋالدى. ستېفېن ئۇروس III ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1321 — 1331)دە داۋاملىق ماكېدونىيەنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا بۇلغارىيەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1330 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چېئۇستېندىل (سوفىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) ئەتراپىدا سېربىيەلىكلەر بۇلغارىيە بىلەن ۋىزانتىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە بۇلغارىيە پادىشاھى مىخائىلنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇلغارىيە مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، سېربىيەنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندى.

ستېفېن دۇشان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1331 — 1355) دە سېربىيە ئىنتايىن روناق تېپىپ، شەرقىي جەنۇبى ياۋروپا بويىچە بىر قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. دۇشان بالىلىق دەۋرىدە ۋىزانتىيە ئوردىسىدا يەتتە يىلنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ۋىزانتىيەنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى پىششىق بىلەتتى. كېيىن ئۇ ئاتىسى ئۇروس III كە ئەگىشىپ، چېئۇستېندىل جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ 23 يېشىدا تەختتە ئولتۇردى. ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەستىن، يەنى 1334 - يىلى قوشۇنلىرىنى تۇپتوغرا ماكېدونىيەنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتىپ، ئوخرىد، سترومىتسا، پرىلېپ قاتارلىق

شەھەرلەر (ھەممىسى ماكېدونىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگراسى ئىچىدە) نى ئىشغال قىلدى. 1345 ـ يىلى پۈتكۈل ئالبانىيەنى ۋە ماكېدونىيەنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇردى. 1346 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سكوپجې شەھىرىدە سېربىيەنىڭ باش ئېپىسكوپى دۇشانغا تەنتەنىلىك تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا «سېربىيەلىكلەر بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ ئىمپېراتورى» دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزىنىمۇ راشكادىن سكوپجېغا يۆتكىدى. دۇشان ئىمپېرىيەنى ئىككىگە ئايرىدى، ماكېدونىيە، گىرېتسىيە، ئالبانىيەنى ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇردى، سېربىيە زېمىنىنى ئوغلى ئۇروسنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا پادىشاھلىق نامىنى بەردى. 1348 ـ يىلى دۇشان يەنە گىرېتسىيەنىڭ ئىپىرۇس، تېسسالى ۋە ئاكارنانىيە دېگەن يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. دۇشان يەنە ۋېنىتسىيە بىلەن بىرلىشىپ كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

دۇشان دۆلەت ئىچىدە چوڭ فېئوداللارنى تىزگىنلەپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتمەكچى بولدى. 1332 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئۇ زېتا ۋە ئالبانىيەنىڭ شىمالىدىكى قارشىلىق كۆرسەتكەن بەزى فېئوداللارنى باستۇردى. فېئوداللىق تەرتىپنى قانۇن بويىچە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1349 ـ يىلى دىنىي ۋە دەھرىي ئاقسۆڭەكلەر قاتناشقان سكوپجې يىغىنىدا «ستېفېن دۇشان قانۇنى» نى ماقۇللىدى. 1354 ـ يىلى يەنە تولۇقلىما قانۇن تۈزدى. بۇ قانۇندا سېربىيەنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى تۈرغۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋىزانتىيەنىڭ «يۇستىنىئان قانۇنى»نىڭ بەزى ماددىلىرىدىن پايدىلىنىلدى ۋە بەزى ماددىلىرى قوبۇل قىلىندى.

دۇشان قانۇنىدا سېربىيەنىڭ 13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە سىنىپلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئەينى زاماندا سىرىيەنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا روشەن ئىلگىرىلەش بولغان، ئىككى ياكى ئۈچ كاندوكلۇق تېرىقچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. چېركاۋ ياكى دەھرىي فېئودالالار باستىنىيا دەپ ئاتىلىدىغان مىراسلىق خوجىلىق زېمىنغا ئىگىدارلىق قىلىدىغان بولۇپ، فېئودال يەر ئىگىلىرى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى، ئۇنى ئىختىيارىي سېتىش - سېتىۋېلىشقا ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولاتتى، پەقەت فېئودال يەر ئىگىسى پادىشاھقا خائىنلىق قىلغاندا پادىشاھ تەرەپ قايتۇرۇۋالاتتى. پرونىيە دەپ ئاتىلىدىغان، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان يەنە بىر خىل يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش شەكلى، يەنى ئاتالمىش ھەربىي سۇيۇرغاللىق بولۇپ، بۇ تۈزۈم بويىچە يەرگە ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ، يەرنى سېتىش - سېتىۋېلىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشكىمۇ بولمايتتى. فېئودالالار ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنى ۋە سۇيۇرغاللىقىدا ئىجارە ھەققى، باج ئېلىش، ئادەتتىكى ئەدلىيە دېلولىرىنى سوراش ۋە ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى.

بېقىندى دېھقانلار بىر قانچە تۈرگە ئايرىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى تۈرى: «مىلوپۇخ»لار دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار بىر پارچە كىچىك ئۇلۇشلۇك يەرگە ئىگە بولۇپ، دۆلەتكە باج، چېركاۋغا ئۆشرە، فېئودال خوجىلىق زېمىن ئىگىلىرىگە ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى. ئىجارە ھەققىدە ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بىلەن ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. دۇشان قانۇنىدا مىلوپۇخلار ھەر يىلى فېئودال خوجىلىق زېمىن ئىگىلىرى ئۈچۈن يىلدا 106 كۈندىن ئارتۇق ھاشار ئىشلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككىنچى تۈرى: «ئوتتېرلوك» لار دەپ ئاتىلىدىغان بېقىندى دېھقانلار

بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مىلوپۇخلارنىڭكىگىمۇ يەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى يوق ئىدى، كۆپىنچە ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى، مالايلىق قىلاتتى، بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى. ئوتتېرلوكلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنى پەيدىنپەي مىلوپۇخلارنىڭكىگە يېقىنلاشتى. ئۇچىنچى تۈرى: «فلاخ»لار دەپ ئاتىلىدىغان بېقىندى دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار تاغلىق رايونلاردا ياشايتتى، كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭلاشقا، كېيىن فلاخ دېگەن سۆز چارۋىچى دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ قالدى. فلاخلار ئۇچرايدىغان ئېكسپلاتاتسىيە مىلوپۇخلارنىڭكىدىن يەڭگىلرەك ئىدى. دۇشان قانۇنى دېھقانلارنى يەرگە مەھكەم باغلاپ قويغان بولۇپ، قاچقانلار تامغا بېسىش قاتارلىق ۋەھشىيلەرچە جازالىناتتى. دېھقانلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىگىمۇ يول قويۇلمايتتى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىككى قۇلىقى كېسىلەتتى. ئەمما، كەڭ دېھقانلار فېئوداللارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىلا تۈرلۈك شەكىللەردە قانات يايدۇردى.

13 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە سېربىيەدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىر قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدى بىلەن كانچىلىق ئومۇملاشتى. كان بايلىقلىرىغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ئىمپېراتورغا مەنسۇپ ئىدى. كان غوجايىنى پادىشاھقا باج تاپشۇراتتى. كانچىلىقتىن كىرگەن كىرىم خەزىنىنىڭ مۇھىم بايلىق مەنبەسىنىڭ بىرى ئىدى. سېربىيەدە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ئۈچ خىل پۇل قويۇلغان بولۇپ، بۇ پۇللار دۆلەت ئىچىدە ئوبوروت قىلىنىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردىمۇ ئىناۋىتى بار ئىدى. سېربىيە شەھەرلىرىدە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سانى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئالاھىدە

بەلگىلەنگەن مۇھاجىرلار رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار سېربىيەدە خىلمۇخىل ئىمتىيازغا ئېرىشكەنىدى. سېربىيەنىڭ تاشقى سودىسىمۇ خېلى جانلانغان بولۇپ، مېتال، ئۆي هايۋانلىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى، يۇڭلۇق تېرە، خورۇم قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىپ، ئاشتۇزى، هاراق، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلاتتى.

سېربىيە پادىشاهلىقى قورallىق ئىستېلا قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، هەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە سىياسىي تۈزۈمى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ئۆزئارا ئالاقە كەمچىل بولغاچقا، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنالمىغانىدى. دېمەك، بۇ ئىمپېرىيە مۇستەهكەم ئەمەس ئىدى. 1355 ـ يىلى دۇشان ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۇروس V (1355 — 1371) تەختتە ئولتۇردى، ئىمپېرىيە شۇ هامان چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. 1356 ـ يىلى ئۇروس V نىڭ تاغىسى ئېپىرۇستا ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ مۇستەقىل هاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئارقىدىنلا تېسسالى، ئالبانىيە، ماكېدونىيەلەرمۇ ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. سېربىيەنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى يەرلىك فېئوداللار ئۆز ئالدىغا يۈرت سوراپ، مەركەزگە بويسۇنمىدى. ۋېنگرىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سېربىيەنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم زېمىنلىرىنى بېسىۋالدى. سېربىيەگە ئەڭ زور تەهدىت ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئوسمان تۈركلىرىدىن كەلدى. 1389 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كوسوۋو دالاسىدا تۈركلەر سېربىيە كىنەزى لازار قوماندانلىقىدىكى سېربىيە، بۇلغارىيە، ۋالانىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سېربىيە تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە ئايلىنىپ، ئۇزاق مۇددەتكىچە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىدىن مەهرۇم بولدى.

## 3. بۇلغارىيە

7 ـ ئەسىردە، دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى جەنۇبىي سلاۋيانلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى «يەتتە قەبىلە ئىتتىپاقى»نى قۇردى. سەل كېيىن تۈرك قەبىلىلىرىگە تەۋە بولغان بىر قىسىم بۇلغارلار ئازوۋ دېڭىزىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە كۆچتى، ئاندىن كېيىن دوناي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى بۇلغارىيەنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا ماكانلاشتى. ۋىزانتىيەگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يەرلىك سلاۋيانلار بىلەن يېڭى كەلگەن بۇلغارلار ئىتتىپاق تۈزدى. 679 ـ يىلى بۇلغارلارنىڭ سەردارى ئاسپارۇخ (تەخمىنەن 664 ــ 700) بۇلغارلار بىلەن سلاۋيانلارغا قوماندانلىق قىلىپ ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى؛ 681 ـ يىلى ۋىزانتىيە ئاسپارۇخ بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، بۇلغارلار ــ سلاۋيانلار دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ دۆلەت تارىختا بىرىنچى بۇلغارىيە پادىشاھلىقى (679 ــ 1019) دەپ ئاتالدى. بۇلغارلارنىڭ سانى ئاز، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيەسى تۆۋەنرەك بولغاچقا، بىر ـ ئىككى ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار پەيدىنپەي سلاۋيانچە سۆزلىشىدىغان بولۇپ، سلاۋيانلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتتى، ئەمما «بۇلغارلار» دېگەن بۇ نام ئىزچىل تۈردە قوللىنىلىپ كەلدى، بىراق ئۇنىڭ مەنىسى ئەسلىدىكى بۇلغارلارنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى بۇلغارلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن سلاۋيانلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلغارىيە دۆلىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھۆر دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار يېزا كوممۇناسىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، تېرىلغۇ يەرلەر ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ،

ئۆتنگغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىناتتى. ئەمما سىنىپلارغا ئايرىلىش روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر كوممۇنانىڭ يەرلىرىنى خالىغىنىچە ئىگىلىۋېلىپ، ئەسىرلەرنى قۇل قىلاتتى. كىنەز كرۇم ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (802 ـــ 814)[1] دە بۇلغارىيەنىڭ تېررىتورىيەسى ھازىرقى بۇلغارىيەنىڭ بارلىق زېمىنى بىلەن رومىنىيە ۋە ۋېنگرىيەلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇزۇلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇشلار ۋە باج سېلىق، ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئېغىر بېسىمى ھۆر دېھقانلارنى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ۋەيران قىلدى. ئالاھازەل 865 ـ يىلى كىنەز بورىس (852 ـــ 888) يۇنان پراۋۇسلاۋىيە دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن دىنىي جەمئىيەت بىرلىشىپ، فېئودالىلىشىش جەريانىنى تېزلەتتى. سىمېيون ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (893 ـــ 927) دە ھۆر دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى يېرىدىن مەھرۇم بولۇپ يانچىلارغا ئايلاندى، فېئوداللىق تۈزۈم ئاساسەن بارلىققا كەلدى. بۇلغارىيە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بىر چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى بۇلغارىيەنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىدىن باشقا، يەنە سېربىيە، ماكېدونىيە ۋە تراكىيېنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سىمېيون يەنە نۇرغۇن قېتىم كونستانتىنوپولغىچە باستۇرۇپ بارغانىدى. 925 ـ يىلى سىمېيون ئۆزىنى «پۈتكۈل بۇلغارلار ۋە يۇنانلىقلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىل 1 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى ئەڭ كېڭەيگەن ۋە دۆلەت كۈچى ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ

---

[1] ئەنگلىيەلىك ستانلېي جورجى ئېۋانسىنىڭ «بۇلغارىيەنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 51 ـــ 55 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىلى.

چوڭقۇرلىشىشى، بولۇپمۇ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تۈۋرۈكى بولغان خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە زوراۋانلىقى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار فېئوداللارغا، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى داغدۇغىلىق كۈرەشنى بىدئەت بوگومىلچىلار شەكلىدە قانات يايدۇردى. بوگومىلچىلار، دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبە بار، جەننەت بىلەن ئىنساننىڭ روھى ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى، پانىي دۇنيا بىلەن ئىنساننىڭ جىسمى يامانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى. مەزكۇر مەزھەپ يۇنان پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا، دىنىي تەبىقە تۈزۈمى ۋە بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇراتتى، چېركاۋ - موناستىرلارنىڭ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە تەقسىم قىلىشنى، دەسلەپكى خىرىستىيان دىنى كوممۇناسىدىكى ئومۇميۈزلۈك باراۋەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھۆكۈمران سىنىپلار گويا كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك، بوگومىلچىلارنى قانلىق باستۇردى. 11 - ئەسىردە بوگومىلچىلار ۋىزانتىيە بىلەن سېربىيەگە تارقالدى، 12 -، 13 - ئەسىرلەردە يەنە ئىتالىيەنىڭ شىمالى بىلەن فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

سىمېيون ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ فېئوداللار پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، تەپرىقىچىلىك قىلىپ، بىر مۇنچە مۇستەقىل فېئودال خوجىلىق زېمىنلارنى پەيدا قىلدى. ۋىزانتىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلغارىيەگە ھۇجۇم قوزغىدى. 1014 - يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئەسىرگە چۈشكەن 14 مىڭ، بۇلغارىيەلىكنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. 1018 - يىلى، ۋىزانتىيە 1 - بۇلغارىيە پادىشاھلىقىنى مۇنقەرز قىلدى.

ۋىزانتىيەنىڭ بۇلغارىيەدە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى زورلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سالدى، بۇلغارىيە خەلقى كونا باجلارنى

تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە يېڭى باج ـ سېلىقلارنىمۇ تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان باج پۇل تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، دېھقانلار پۇلغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، مەھسۇلاتلىرىنى نائىلاج بەلگىلەنگەن باھا بويىچە ۋىزانتىيە دائىرىلىرىگە ساتاتتى. ۋىزانتىيەنىڭ بۇلغارىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈكىمۇ ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىن يىغىۋېلىناتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ۋىزانتىيە يەنە بۇلغارىيەدە ھەربىي سۈيۈرغاللىقنى يولغا قويۇپ، ئازلا قالغان بىر قىسىم ھۆر دېھقانلارنىمۇ يانچىلارغا ئايلاندۇردى.

1185 ـ يىلى بۇلغارىيەنىڭ شىمالىدا ۋىزانتىيەگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىككى ئاقسۆڭەك ــ ئاسېن بىلەن پېتېر رەھبەرلىك قىلدى. ئىككى يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر 1187 ـ يىلى ۋىزانتىيەنى بۇلغارىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن 2 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقى (1187 ــ 1196) بەرپا قىلىندى.

13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بۇلغارىيەنىڭ زېمىنى ئۇزۇكسىز كېڭەيدى، ئۇ بەزىدە تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ قۇرغان لاتىن ئىمپېرىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، ۋىزانتىيەنىڭ كىچىك ئاسىياغا ماكانلاشقان قالدۇق كۈچى نىتسىيە ئىمپېرىيەسىگە قارشى تۇرسا، بەزىدە نىتسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن بىرلىشىپ لاتىن ئىمپېرىيەسىگە قارشى تۇرۇپ، ئەپچىللىك بىلەن ماكىدونىيە، تراكىيېتس ۋە ئالبانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى.

ئەمما، 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بۇلغارىيە پادىشاھلىقى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1242 ـ يىلى باتوخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى بۇلغارىيەنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. گەرچە ئۇزاق ئۆتمەي باتۇخان كېتىپ قالغان بولسىمۇ، موڭغۇل قوشۇنى يەنىلا پات ـ پات ھۇجۇم

قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلغارىيە يېڭىباشتىن ھۆكۈمەتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، 1277 ـ يىلى پادىچى ئىۋايلو بۇلغارىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تىغ ئۇچىنى موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قاراتتى. بۇلغارىيە پادىشاھى كونستانتىن ئاسېن (1257 — 1277) قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتتى. نەتىجىدە پادىشاھ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن يىتچىت قىلىندى، يەنە بىر قىسمى قوزغىلاڭچىلارغا بەيئەت قىلدى. ئارقىدىنلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كونستانتىن ئاسېننى ئۆلتۈرۈپ، ئىۋايلونى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. 1278 ـ يىلى باھاردا ئىۋايلو پايتەخت تۇرنوۋۇغا كىردى. بۇ چاغدا نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇندى، ھالبۇكى، چار پادىشاھ قىلىپ تىكلەنگەن ئىۋايلومۇ ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ، ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى مارىيەنى ئەمرىگە ئېلىپ خانىشلىققا تەيىنلىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپ قىسمى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلەشتى، ئۇلار ۋىزانتىيە ۋە موڭغۇللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى. 1280 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئىۋايلو بۇلغارىيەدىن قېچىپ كەتتى، كېيىن ئۇ موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇلغارىيە ئاۋۋالقىدەك بۆلگۈنچىلىك ـ تەپرىقىچىلىك ھالەتتە تۇردى، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بەك ئاجىزلاپ كەتتى. 1330 ـ يىلى، بۇلغارىيە سېربىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى. 1355 ـ يىلى سېربىيە ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇلغارىيە قايتا مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. لېكىن، ئالاھازەل 1365 ـ يىلى

بۇلغارىيە يەنە دوبرۇشكا، دىنوۋا ۋە ۋىدىندىن ئىبارەت ئۈچ كىنەزلىككە بۆلۈندى. 1371 ـ يىلى تۈركلەر مارىتزا دەرياسى ئەتراپىدا بۇلغارىيە، سېربىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، 1382 ـ يىلى سوفىيەنى ئىشغال قىلدى، 1393 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تورنوۋۇنى ئىشغال قىلدى، 1396 ـ يىلى بۇلغارىيەنىڭ پۈتكۈل زېمىنى تۈركلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن 2 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقى مۇنقەرز بولدى.

## 4. ۋېنگرىيە

ۋېنگىرلار ئەسلىدە فىننو ـ ئۇگرلارغا تەۋە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلار 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئىلگىرى ئورال تاغلىرى بىلەن كاما، ۋولگا دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى. كېيىن ئۇلار شەرق تەرەپتىكى قوشنىسى پېچېنەكلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 900 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەنۇبىي رۇسىيە ئوتلاقلىرى ئارقىلىق دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ۋە تىسسا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ باردى. ۋېنگىرلار يەتتە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە ماجار قەبىلىسى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ۋېنگىرلار يەنە ماجارلار دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ يەتتە قەبىلىدىكى ۋېنگىرلار مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈش مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە كۆچۈپ، دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا ماكانلىشىپ قالغان ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ۋېنگىرلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

906 ـ يىلى، ۋېنگىرلار ماجار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئارپادنىڭ باشچىلىقىدا غەربىي سلاۋيانلارنىڭ بۈيۈك موراۋىيە كىنەزلىكىنى يوقىتىپ، سلوۋاكىيەنى ئىشغال قىلدى. 10 ـ

ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ۋېنگىرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى، ئەمما گېرمانىيەنى تېخىمۇ كۆپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ۋېنگىر ئاقسۆڭەكلىرى ھەر قايسى جايلاردىن نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشتى ھەمدە ئەسىرلەرنى قۇل ئورنىدا ئىشقا سالدى. 955 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ ئاۋگوستبۇرگ ئەتراپىدا ۋېنگىرلارنى گېرمانىيە ئىمپېراتورى ئوتتو I مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ۋېنگىرلار بارا ـ بارا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان تۇرمۇشقا كۆچتى.

ۋېنگىرلار ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر نۇرغۇن يەرنى ئىگىلىۋېلىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا ئايلاندى، ئەسلىدىكى قۇللار يانچىلارغا ئايلاندى، ۋېنگىر يېزا كوممۇناسىنىڭ ئاددىي ئەزالىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن يېرىدىن مەھرۇم بولۇپ، پەيدىنپەي يانچى بولۇپ قالدى.

ستېفېن I ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (997 — 1038) دە پاپانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، 1000 ـ يىلى تاج كىيىپ پادىشاھ بولۇپ، ئارپاد خاندانلىقى (1000 — 1301)نى قۇردى. ئۇ كاتولىك دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى، ئىككى باش ئېپىسكوپ رايونى ۋە سەككىز ئېپىسكوپ رايونى تەسىس قىلدى، دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار)غا نۇرغۇن يەر ئىنئام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي جەمئىيەت پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىغا ئۇزۇل ـ كېسىل زەربە بېرىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغان يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى قۇردى، ستېفېن پۈتۈن مەملىكەتنى 40 مەمۇرىي رايون — ئوبلاستقا بۆلۈپ، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ھەربىي، ئەدلىيە ۋە مالىيە جەھەتتە چوڭ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولغان نۆكەرلەرنى تەيىنلىدى. يۇقىرىدىكى تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرى ۋېنگىرىيەدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا

كېلىشىنى تېزلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىنىپنى زىددىيەتلەرمۇ كەسكىنلەشتى.

ستىفېن I ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى يىللاردا، ۋېنگرىيەنىڭ شەرقىدە كوپپانى رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار كاتولىك دىنى چېركاۋلىرىنى بۇزۇپ، فېئوداللارنىڭ قورۇقلىرىنى تۇپتۇز قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى تەۋرىتىۋەتتى. ستىفېن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى گېرمانىيەلىك يالانما ئەسكەرلەرگە تايىنىپ باستۇردى. 11 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ دىنىي ۋە دەھرىي فېئوداللارغا قاتتىق زەربە بەردى، ئەمما غەلىبە مېۋىلىرىنى بەزىدە ئاقسۆڭەكلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، بېللا I (1061 — 1063) خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەختكە چىققاندى، لېكىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى بىلەنلا، ئۇ قانلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بارلىق رەھبەرلىرىنى ئۆلتۈردى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ۋېنگرىيە ئۈزۈكسىز سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلدى، شەرق تەرەپتە ترانسىلۋانىيە، غەربىي جەنۇب تەرەپتە كرودىيە بىلەن دالماتىيەنى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋېنگرىيە ئادرىئاتىك دېڭىزىغا يېقىنلىشىپ قالغان چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. جەنۇب تەرەپتىكى ۋىزانتىيەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ۋېنگرىيە گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان گېرمانىيەلىك فېئوداللار ۋېنگرىيە بىلەن ترانسىلۋانىيەگە كۆچۈپ كېلىپ، چوڭ ـ چوڭ يەرلەرنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولدى.

پادىشاھ ئۇزاق مۇددەت چەت ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، يەرلەرنى رىتسارلارغا ئىنئام قىلغانلىقتىن ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، چوڭ فېئودال خوجىلىق زېمىن ئىگىلىرىمۇ ھۆر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئۇزۇكسىز بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق زېمىنلىرىنى كېڭەيتتى. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋېنگرىيەدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تورغۇزۇلدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق تەرىقىچى كۈچلەر بارغانسېرى كۈچەيدى، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ئاجىزلىدى. 1222 ـ يىلى چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەر بىرلىكتە پادىشاھ ئاندرىي II (1205 — 1235) بەشىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپكە قاتنىشىپ مەغلۇپ بولغان، دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئاتالمىش «ئالتۇن يارلىق» ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ يارلىقتا ھەم چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازلار كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ھەم ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتى خېلى زور دەرىجىدە قوغدالدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: خوجىلىق زېمىن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مىراسلىق مۈلكى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار) نىڭ بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان، ۋىلايەت باستىرى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئەمەلدارلار يەرلىك ئاقسۆڭەكلەردىن تاللىنىدىغان، دۆلەت دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇقلىرىغا ئىجازەتسىز كىرەلمەيدىغان، پادىشاھ ھەر يىلى بىر قېتىم پارلامېنت مەجلىسى چاقىرىدىغان، ئۇنىڭغا ئاقسۆڭەكلەر چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلماستىن قاتنىشىدىغان بولدى. ئەگەر پادىشاھ يۇقىرىدىكى ماددىلارنى ئىجرا قىلمىسا، ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا، ھەتتا قورال كۆچى ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. ئالتۇن يارلىقنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋېنگرىيەنىڭ فېئوداللىق تەرىقىچىلىك

ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

1301 - يىلى پادىشاھ ئاندرىي III تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئارپاد خانىدانلىقى ئاخىرلاشتى، گېرمانىيە، ئىتالىيە، پولشا ۋە چېخنىڭ خان جەمەتلىرى ئارپاد جەمەتى بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ۋېنگرىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى بەس - بەستە تالاشتى. نەتىجىدە، ناپلېس پادىشاھلىقىنىڭ ئانژۇ خان جەمەتىدىن بولغان چارلېز روبېرت ۋېنگرىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، چارلېز I (1308 — 1342) دەپ ئاتالدى. چارلېز ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لوئى I (1342 — 1382) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنى تىزگىنلەپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دېھقانلارغا قارىتا ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، لوئى 1351 - يىلى قانۇن ئېلان قىلىپ، پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭلا يەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز خوجىلىق زېمىنىدىكى يانچىلارغا قارىتا ئەدلىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. قانۇندا يەنە دېھقانلارنىڭ باج - سېلىقنى كۆپەيتىلىدىغانلىقى، دېھقانلار رەسمىي ئىجارە ھەققى، باج - سېلىقتىن باشقا، يەنە نورمىدىن ئارتۇق ھوسۇلنىڭ توققۇزدىن بىرىنى تاپشۇرۇش كېرەكلىكى بەلگىلەندى. لوئى يەنە ۋېنگرىيەنىڭ كرودىيە بىلەن دالماتىيەدىكى ئىشغالىيىتىنى مۇستەھكەملىدى، مولداۋىيە بىلەن ۋالاچىئانى بويسۇندۇردى ھەمدە بىر مەزگىل سېربىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

14 - ئەسىردە، ۋېنگرىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى بىر قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇداپېست شەھىرى ئىنتايىن گۈللەندى. ۋېنگرىيەنىڭ پولشا، چېخ، گېرمانىيە، ئىتالىيەلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىمۇ كۈچەيدى. ۋېنگرىيە ئانژۇ خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىر مەزگىل روناق تاپتى ۋە كۈچەيدى. ئەمما، لوئى I ئۆلگەندىن كېيىن دالماتىيە

ۋېنگرىيەدىن ئايرىلىپ چىقتى. 1387 ـ يىلى ۋېنگرىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختى لوئى I نىڭ كۈيئوغلى ليۇكسېمبۇرگلۇق سىگىسمۇندنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1410 ـ يىلى ئۇ يەنە گېرمانىيەگە پادىشاھ بولۇپ سايلاندى. 1436 ـ يىلى قوشۇمچە چېخ پادىشاھلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. سىگىسمۇند يەنە ناپكېس، پولشا ۋە بوسنىيەگە لەشكەر تارتىپ باردى.

1396 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سىگىسمۇند گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، چېخ، بولغارىيە، ۋالانىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئاتلىق بىرلەشمە قوشۇنىنى باشلاپ، بايازد باشچىلىقىدىكى تۈركىيە قوشۇنى بىلەن نىكوپول (دوناي دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى جاي) دا جەڭ قىلدى. نەتىجىدە بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ، سىگىسمۇند ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇلغارىيە بىلەن ۋالاچىئا تۈركىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى. تۈركىيە قوشۇنى ۋېنگرىيە چېگراسىغا قىستاپ كەلدى.

سىگىسمۇند ئۆلگەندىن كېيىن، 1440 ـ يىلى پولشا پادىشاھى ۋىلادىسلاۋ قوشۇمچە ۋېنگرىيەنىڭ پادىشاھى بولدى. ئۇ رومىنىيەلىك ئاقسۆڭەك يانۇش ھۇنيادىنىڭ تەسىرىگە خېلىلا ئۇچرىغانىدى. 1441 ـ يىلى، ۋىلادىسلاۋ ھۇنيادىنى ۋېنگرىيەنىڭ ترانسىلۋانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. ھۇنيادى باشچىلىقىدىكى دېھقانلاردىن قوبۇل قىلىنىپ تەشكىللەنگەن قوشۇن تۈركلەرنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. 1444 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋارنا (بۇلغارىيەنىڭ قارا دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان) دىكى جەڭدە ھۇنيادى تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ۋىلادىسلاۋ جەڭدە قۇربان بولدى. ئەمما، قوشۇن دەم ئېلىپ تولۇقلانغاندىن كېيىن، 1456 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا ھۇنيادى باشچىلىقىدىكى ترانسىلۋانىيە، ۋېنگرىيە، پولشا، چېخ ۋە گېرمانىيە رىتسارلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بېلگراد ئۇرۇشىدا تۈرك سۇلتانى مۇھەممەد باشچىلىقىدىكى تەخمىنەن 100 كىشىلىك زور

قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

1458 ـ يىلى، ھۇنيادىنىڭ ئوغلى ماتىياس كولۋىن (1458 ـ 1490) ۋېنگرىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتتى، تۈركىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇردى، يەنە چېخنىڭ موراۋىيە ۋە سىلىسى دېگەن يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. بىراق، 1467 ـ يىلى مولداۋىيەگە قارشى ئۇرۇشتا كىنەز ستېفېن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ماتىياس كولۋېن ئۆلگەندىن كېيىن تەسىرى خېلىلا زورايغان چوڭ ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي جەھەتتە تامامەن دېگۈدەك مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشقان ۋېنگرىيە دېھقانلىرى ۋېنگرىيە تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ، يەنى گېئورگىي دوزسا قوزغىلىڭىنى كۆتۈردى.

1514 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پاپا لېئو X ۋېنگرىيە باش ئېپىسكوپىنىڭ تەلىپى بويىچە، تۈركلەرگە قارشى ئەھلىسەلىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەھلىسەلىپنى تەشكىللەشكە ۋېنگرىيەلىك كىچىك ئاقسۆڭەك گېئورگىي دوزسا مەسئۇل بولدى. ئەھلىسەلىپكە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كۈلپىتىدىن قۇتۇلۇشقا تەشنا بولۇپ تۇرغان كەڭ دېھقانلار بىلەن شەھەرلەردىكى نامراتلار بەس ـ بەستە قاتناشقانلىقتىن، ئەھلىسەلىپنىڭ ئادەم سانى ناھايىتى تېزلا 40 مىڭغا يەتتى. بىراق، ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلارنىڭ قورۇقلىرىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېتىشىدىن نارازى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇنداق ئاساسەن دېھقانلاردىن تەركىب تاپقان قوراللىق قوشۇندىن ۋەھىمە يېدى، شۇڭلاشقا ئۇلار پادىشاھ ۋىلادىسلاۋ II (1490 ــ 1516)دىن يارلىق چۈشۈرۈپ،

ئەھلىسەلىپكە قاتناشقان دېھقانلارغا ئەسلىدىكى قورۇقلىرىغا قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. دېھقانلار چوڭ ئاقسۆڭەكلەرگە تۈركىيەگە قارشى تۈرىدىغان ئەھلىسەلىپنى بىۋاسىتە ئۆز دۆلىتىدىكى ھۆكۈمرانلارغا قارشى قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. دوزسا ئاقسۆڭەكلەرنى يوقىتىش، ئۆشرىنى، ھاشارنى، نەق پۇل تاپشۇرۇلىدىغان باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يەر ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى مۇۋاپىقراق تەقسىم قىلىش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوزسا پۈتكۈل ۋېنگرىيەدىكى دېھقانلارغا ئاشكارا يازما بويرۇق چىقىرىپ، ئۇلارنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا چاقىردى ھەمدە ئۇنداق قىلمىسا، ئاقسۆڭەكلەر «سىلەرنى ئەتىتەك نابۇت قىلىدۇ ۋە قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ۋېنگرىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭغا بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئون نەچچىگە يەتتى. ترانسىلۋانىيەدىكى دېھقانلارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى، دوزسا ۋېنگرىيەنى جۇمھۇرىيەت، دەپ جاكارلىدى. ساراسىمىگە چۈشكەن ئاقسۆڭەكلەر ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەرنى توپلاپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى. تۆت ئاي ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق 1514 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى، دوزسا قولغا ئېلىندى. 50 — 60 مىڭ قوزغىلاڭچى دېھقان قىرغىن قىلىندى، دوزسا قىپقىزىل قىزىتىلغان تۆمۈر تەختتە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، بېشىغا قىزىتىلغان تۆمۈر تاج كىيدۈرۈلۈپ، تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

1514 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋېنگرىيە ئاتالمىش «بەدەۋىلەر يىغىنى» چاقىرىپ قارار ماقۇللاپ، دېھقانلارنىڭ ئەركىن كۆچۈشكە يول قويۇلمايدىغانلىقى، ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلارنىڭ ئالۋان ـ سېلىقىنى كۆپەيتسە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى، دېھقانلارنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشى چەكلىنىدىغانلىقى، خىلاپلىق

قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1526 ـ يىلى موخاس جېڭىدە، تۈركىيە ۋېنگرىيە ـ چېخ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ۋېنگرىيە مۇنقەرز بولدى ھەمدە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ بۆلۈۋېلىندى: ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىنى تۈركلەر ئىشغال قىلدى، شەرقىي قىسمى تۈركىيەگە بېقىنغان ترانسىلۋانىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى، غەربىي قىسمى خابسبۇرگ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاۋستىرىيەگە قوشۇۋېتىلدى.

## 5. ئالبانىيە

ئالبانىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئىللىرلاردۇر. تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىللىرلار بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەلگەن، كېيىن بۇ ئەتراپ ئىللىرىيە دەپ ئاتالغان. ئەينى زامانلاردا، ئىللىرلار مىس قوراللار دەۋرىدىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كۆچكەن، ئىپتىدائىي كوممۇنا پارچىلىنىپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بارلىققا كەلگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە قەدىمكى يۇنان ئالبانىيەنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، مۇستەملىكە شەھەر دۆلىتى قۇرۇپ، سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەرلىك ئىللىرلار بىلەن سودا قىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردىن 2 ـ ئەسىرگىچە ئىللىرلارنىڭ قەبىلە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارچىلىنىشى تېزلەشتى، ئالبانىيەدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بىر نەچچە قۇللۇق تۈزۈمدىكى كىچىك دۆلەت پەيدا بولدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 168 — 167 ـ يىللىرى قەدىمكى رىم ئالبانىيەنى ئىستىلا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، رىم كۆچمەنلىرى ئالبانىيەگە لاتىن تىلى بىلەن رىم مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلدى. 395 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئالبانىيە ۋىزانتىيە

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولدى.

مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنىدا، غەربىي گوتلار، ھۇنلار، شەرقىي گوتلار ئىلگىرى ـ كېيىن ئىللىرىيەدىن ئۆتتى. 6 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە جەنۇبىي سلاۋىيانلارنىڭ غەربىي تارمىقى دوناي دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئىللىرىيەدە ماكانلاشتى. كېيىن ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە تېررىتورىيەسى ئىچىدە سلاۋىيانلارنىڭ نوپۇسى كۆپ بولغانلىقتىن يەرلىك ئىللىرلار بارا ـ بارا سلاۋىيانلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى. ئەمما، ئالبانىيەدە ئىللىرلار كۆپ سانلىق بولغاچقا ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىزچىل ساقلاپ قالغاچقا، ئۇلار تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى ئالبانلارغا ئايلاندى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇلغارلار ئالبانىيەنى ۋىزانتىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، زېمىنىنى 1 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقىغا قوشۇۋالدى. 1018 ـ يىلى، 1 ـ بۇلغارىيە پادىشاھلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئالبانىيە قايتىدىن ۋىزانتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى، 11 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە ئالبانلار يەنە نورمانلار بىلەن ئەھلىسەلىپنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدى.

12 ـ ئەسىردىن كېيىن ئالبانىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى راۋاجلاندى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يۇكسەلدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە مېتالدىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مېتال زىننەت بۇيۇملىرى، توقۇمىچىلىق، تېرە ئاشلاش، كېمىسازلىق قاتارلىق كەسىپلەر بارلىققا كەلدى. سودا ـ سانائەت مەركىزىي شەھەرلىرى ئىچىدە دۇررېست شەھىرى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، نوپۇسى 25 ـ مىڭغا يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالبانىيەدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەدرىجىي بارلىققا كەلدى، فېئوداللىق يەر ئىگىلەش تۈزۈمى مىراسلىق خوجىلىق زېمىن بىلەن ھەربىي سۇيۇرغاللىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى،

دېھقانلار فېئوداللارغا ھاشارغا ئىشلەيتتى، يەنە ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ياكى پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بىلەن باجنى تاپشۇراتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى.

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سېربىيە ئىمپېراتورى ستېفېن ئۇروس II ئالبانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن ستېفېن دوشان 1343 ــ 1347 ـ يىللىرى پۈتكۈل ئالبانىيەنى سېربىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى. 1355 ـ يىلى سېربىيە ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئالبانىيە چېگراسى ئىچىدە بىر قانچە فېئودال كىنەزلىكلەر پەيدا بولۇپ، ئۆزئارا قالايمىقان ئۇرۇش قىلىپ توختىمىدى.

1388 ـ يىلى تۈركىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئالبانىيەگە بېسىپ كىردى. كېيىنكى يىلى كوسوۋو جېڭىدىن كېيىن تۈركىيە تېخىمۇ زور كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلدى. ئالبانىيە خەلقى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قوزغىدى. شىمالدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى ئىسكەندەر بىي① (1403 ــ 1468) 1443 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئالبانىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، كرۇيا شەھىرىنى ئىگىلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئالبانىيەنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلاپ، شەھەر سېپىلى ئۈستىگە كاستىرىئوت جەمەتىنىڭ تېگى قىزىل قوش باشلىق قارا بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايرىقىنى قادىدى. 1444 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسكەندەر بىي باشچىلىقىدىكى ئالبانىيە ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئالبانىيەنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1443 ـ يىلدىن 1467 ـ يىلغىچە ئىسكەندەر بىي ئالبانىيە خەلقىگە رەھبەرلىك

① ئەسلىي ئىسمى گېئورگې كاستىرىئوت، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىسكەندەر دەپ ئىسىم قويغان، «بىي» فېئودال ئەمەلدارلىق ئۇنۋانى.

قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن تۈركىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سەككىز قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 1444 ـ يىلى، 20 مىڭ كىشىلىك تۈركىيە قوشۇنى ئالبانىيەنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئىسكەندەر بېي دۈشمەننى تاغ بىلەن ئورالغان ھەمدە قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان تار تۈزلەڭلىك تورۋئولاغا ئېزىقتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنى تامامەن يوقىتىپ، زور غەلىبە قازاندى. 1450 ـ يىلى، تۈركىيە سۇلتانى مۇھەممەد II نىڭ 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى كىرۇيا شەھىرىنى قورشاۋغا ئالدى، ئەمما تۈركىيە قوشۇنى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. 1464 — 1467 ـ يىللىرى ئالبانىيە خەلقى ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا يەنە غەلىبە قازاندى. ئىسكەندەر بېي ئۆلگەندىن كېيىن، ئالبانىيە خەلقى لاكې دۇگالېنىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر بىر كەنت ۋە تايانچ نۇقتىنى قوغداش ئۈچۈن، 1479 ـ يىلىغىچە داۋاملىق قان كېچىپ جەڭ قىلدى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا زور بەدەل تۆلەنگەنلىكى، پاپا بىلەن ناپلېس پادىشاھى فېرناندونىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ياردەم بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىر ئالبانىيەنى ئوسمان ئىمپېرىيەسى يۇتۇۋالدى.

## 3 ـ بۆلۈم چېخ ۋە پولشا

### 1. چېخ

**چېخ دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى** چېخلار — سلاۋيانلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە ئېلبې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بوخېمىيە ۋە موراۋىيەلەردە ماكانلاشقان. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چېخ قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلگەن. چېخ سالنامىسىدە تۇنجى بولۇپ سامو كىنەزلىكى خاتىرىلەنگەن. 623 ـ يىلى كىنەز سامو غەربىي سلاۋيانلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە فرانك پادىشاھى داگىبېرت I (629 ــ 639) بىلەن كۈرەش قىلىپ، زېمىنى كەڭ سامو كىنەزلىكىنى قۇردى. بىراق، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت تازا مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى، ئۇ ئاران 35 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى، 658 ـ يىلى كىنەز سامو ئۆلگەندىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتتى.

9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنە بۈيۈك موراۋىيە دۆلىتى (830 ــ 906) بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى چېخ، موراۋىيە، سلوۋاك قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. گېرمانىيە فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، موراۋىيەنىڭ كىنەزى روستىسلاۋ (846 ــ 870) ۋىزانتىيەدىن ياردەم سورىدى ھەمدە يۇنان پراۋوسلاۋىيە دىنىنى قوبۇل قىلدى. 863 ـ يىلى ۋىزانتىيەلىك مىسسىيونېر سىرىل بىلەن مېتودىئوسلار موراۋىيەگە كېلىپ دىن تارقىتىش جەريانىدا، لاتىن ھەرپى ئاساسىدا سلاۋيان يېزىقى («گراكول يېزىقى» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئىجاد قىلدى ھەمدە «ئىنجىل»نى قەدىمكى سلاۋيان تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

سۋياتوبورك (870 ــ 894) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە موراۋىيە كىنەزلىكى بىر مەزگىل قۇدرەت تاپتى، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى كېڭىيىپ سىلىزىيە، روژچا ۋە ئوپودىل قاتارلىق جايلارغىچە يەتتى، پايتەختى ۋېلېگرو بولدى. ئەمما ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىچكى توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن دۆلەت پارچىلىنىپ كەتتى، 906 ـ يىلى ۋېنگرلار تەرىپىدىن مۇنقەرز

بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن چېخلار بوخېمىيەنى مەركەز قىلىپ، بارا ـ بارا مۇستەقىل چېخ پادىشاھلىقىنى بارلىققا كەلتۈردى.

**فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى** چېخنىڭ فېئوداللىشىش جەريانى 7 ـ ئەسىردە باشلىنىپ، 10 ـ ئەسىردە ئاخىرلاشتى. تەرەققىي قىلغان قۇللۇق جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرمەيلا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش چېخنىڭ فېئوداللىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، 6 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە، چېخ ــ موراۋىيە قەبىلىلىرى تېرىقچىلىقتا تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتكەن، موراۋىيەدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن ياغاچ ساپان، ئورغاق، ئوتىغۇچ قاتارلىقلار بايقالغان، بۇلاردىن باشقا يەنە تۆمۈردىن ياسالغان ئايپالتا، شەمشەرمۇ بار ئىكەن، بۇ تۆمۈر تاۋلاش ۋە يېششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭا ئەسىر ئېلىنغان قۇللار ۋە قەرزدارلارغا ئىگە بولغان ئېسىلزادىلەر قۇللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇللارغا ئۇلۇشلۇك يەر تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ئالدى ۋە ئۇلارنى ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇرلىدى. بۇنداق قۇللار مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى جەھەتتە بولسۇن، يانچىلارغا ئوخشايتتى، چېخنىڭ فېئوداللىشىش جەريانى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكى ئىلغار فېئوداللىق دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ۋىزانتىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ تەسىرى چېختا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بولېسلاۋ I ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (929 ــ 967) دە ئۇرۇقداش قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى يوقىتىلىپ، پادىشاھ كوممۇنا دېھقانلىرىنىڭ

يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، خاس ئەسكەرلىرىگە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ھەققى سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇنداق سۈيۈرغال قىلىنغان يەلەر باشتا سۈيۈرغال قىلىنغۇچىغا ئۆمۈرۋايەت سۈيۈرغال قىلىنغان بولسا، كېيىن مىراسلىق يەرلەرگە ئايلاندى.

مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىگە ئۇزاق مەزگىل مەجبۇرىي بېقىنىش چېخ فېئوداللىق دۆلىتى تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. 1086 ـ يىلى مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى ھېنرى Ⅳ (1056 ــ 1106) چېخ كىنەزى ۋىلادىسلاۋ Ⅱ (1062 ــ 1092)غا پادىشاھلىق نامىنى بەردى، شۇنىڭدىن باشلاپ چېخ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چېخ پادىشاھى ئىمپېرىيەدىكى يەتتە چوڭ سايلىغۇچى كىنەزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

گېرمانىيە فېئوداللىرى خېلى بۇرۇنلا چېخنىڭ زېمىنى ۋە كان بايلىقلىرىغا چىشىنى بىلەپ يۈرگەنىدى. ئۇلار 12 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە چېخنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېخ پادىشاھى كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن گېرمانىيە سودىگەرلىرى بىلەن كارخانىچىلىرىنى چېخقا كېلىشكە جەلپ قىلىش، ئۇلارنى شەھەرلەرنى قۇرۇش، كان بايلىقلىرىنى ئېچىشقا رىغبەتلەندۈردى. پادىشاھ بېللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1172 ــ 1196) دە كۈمۈش كانى قېزىلغانلىقتىن، پادىشاھنىڭ كىرىمى ھەر يىلى 60 مىڭ تەڭگە كۆپەيدى. مۇشۇنداق بولغاچقا گېرمانىيەلىكلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە كان غوجايىنلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلار كارخانىلارنى مونوپول قىلىپ، پارلامېنتنى كونترول قىلىۋالدى. 1350 ـ يىلىدىن ئىلگىرى پايتەخت پراگا شەھىرىدىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بىرسىمۇ چېخلاردىن ئەمەس ئىدى. گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرى قۇرغان شەھەرلەر

ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولاتتى، باج كەچۈرۈم قىلىنىپلا قالماي، چېخ قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرىمايتتى. چېخنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى گېرمانىيە شەھەر كوممۇناسى ماگدېبۇرگنىڭ قانۇنى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلىرىدىكى شەھەرلەردە بولسا نۇرنېبېرگنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش قىلىناتتى، ئۇلار خۇددى دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتكە ئوخشايتتى.

گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەمەلىيەتتە، چېخ شەھەرلىرىدىكى «تۆھپە ياراتقان ئېسىلزادىلەر» گە ئايلاندى. ئۇلار ئۆز تىلى ۋە رەسىم – قائىدىسىنى ساقلاپ قالدى، يۇقىرى تەبىقىدىكى چېخلارمۇ ھە دەپ ئۇلارنى دورىدى، گېرمان تىلى چېخ ئوردىسىدا ئەڭ مودا تىل بولۇپ قالدى. چېخ ئاقسۆڭەكلىرىمۇ بارا – بارا نېمىسلاشتى.

شەھەرلەردىكى گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى يېزىلارغىچە كېڭەيتتى، 15 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پراگا بىلەن گۇدېنبۇرگ شەھەر ئەتراپىدىكى 115 يانچىلار كەنتى پراگا شەھىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۈلكى ھېسابلىناتتى[1] ئۇلار چېخنىڭ شەھەر – يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، چېخ مىللىتىدىن بولغان شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىغا جەبىر – زۇلۇم سېلىپ، چېخنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. 14 – ئەسىردىن 15 – ئەسىرگىچە چېخ شەھەرلىرىدە تۇركۇم – تۇركۇملەپ نامراتلار بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى شەھەر نوپۇسىنىڭ 40% — 50% نى ئىگىلەيتتى. برنو شەھىرىنىڭ 1365 – يىلىدىكى باج تاپشۇرۇش تىزىملىك دەپتىرىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر شەھەردە پىرولېتارلارنىڭ سانى شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40% نى

[1] ماچېك: «خوس ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى تابورچىلار»، رۇسچە نەشرى، 141 – بەت.

ئىگىلەيتتى، ئەڭ نامرات كىشىلەر يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى[1] ئىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پراگادىكى پىرولېتارلار 40% كە يەتكەن. شۇڭا، شەھەرلەردىكى سىنىپىي كۈرەش چوڭقۇر مىللىي زىددىيەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن مىللەت كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىدى.

چېخ خەلقىنى ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان يەنە بىر تاغ گېرمان روھانىيلىرى ئىگىلىۋالغان كاتولىك دىنى چېركاۋ ـ موناستىرلىرىدۇر. 12 ـ ئەسىردىلا، گېرمانىيەلىك روھانىيلار نۇرغۇن خوجىلىق زېمىنىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. مەسىلەن، ئولوموۋتس رايونىنىڭ چېركاۋى بۇ چاغدا 82 يېزا ـ كەنت بىلەن 261 قورۇقنى ئىگىلىۋالغانىدى، 13 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تېز كېڭىيىپ، 1000 يېزا كەنت ۋە 600 قورۇققا ئىگە بولدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، رىم دىنىي جەمئىيىتى چېختىكى ئەڭ چوڭ زېمىندارغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى زېمىن چېخ زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. پراگا ئېپىسكوپ رايونىنى مىسالغا ئالساق، رىم دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنى بارلىق يەرنىڭ يېرىمىدىن ئاز ئەمەس ئىدى، ئەينى چاغدا پادىشاھ پەقەت پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىغىلا ئىگىدارلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئورمانلىق يەلباغ ئىدى. پراگانىڭ باش ئېپىسكوپى ئەينى چاغدا ئەڭ داڭ چىقارغان ئەرباب بولۇپ، 900 كەنت، 14 شەھەر ۋە بەش قەلئەگە ئۆزى يالغۇزلا ئىگىدارلىق قىلاتتى.

دىنىي جەمئىيەت تۆرىلىرى خەلقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر سىنىت پۇلىنىمۇ تارتىۋېلىش ئۈچۈن نەيرەڭۋازلىق قىلاتتى. مەسىلەن، ساختا ھۆججەت ياساش، مۇقەددەس روھنىڭ

① «سلاۋىيانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 11 ـ توم، 278 ـبەت، 1955 ـ يىلى.

كارامىتىنى ئۇيدۇرۇپ چىقىش ۋە ئىندۇلگېنتىيە (مەغپىرەتنامە — گۇناھىنى كەچۈرگەنلىك ئىسپاتى) نى قالايمىقان تارقىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روھانىيلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشتا ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن ۋاستىلىرى ھېسابلىنىدۇ. پاپا كېلېمېنت Ⅵ نىڭ دەۋرى (1342 — 1352) دە بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى قاقتى - سوقتى قىلىش 500 قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، گېرمانىيەلىكلەر ئىلكىدىكى دىنىي جەمئىيەت كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى روھىي جەھەتتىن قۇل قىلىپلا قالماي، ياۋۇزلۇق بىلەن ئەزدى. 1378 - يىلىدىكى چېختىكى تىرجىپون چېركاۋىنىڭ يەر تىزىملاش دەپتىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، دېھقانلارنىڭ چېركاۋغا تاپشۇرىدىغان يەر ئىجارىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن. ھەر بىر لان (لان — چېختىكى يەر بىرلىكى، بىر لان تەخمىنەن 20 گېكتارغا باراۋەر) يەرگە ئىككى يېرىم سېغىن كالا بىلەن ئالتە چوشقىنىڭ قىممىتىگە توغرا كېلىدىغان 74 تىن 75 كىچە تەڭگە تاپشۇرۇشى شەرت ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھاشار ۋە ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان باج - سېلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن. كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرى ئەڭ چوڭ فېئودال خوجىلىق زېمىن ئىگىدارلىرى بولغاچقا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى تامامەن گېرمانىيەلىكلەر ئىگىلىگەنىدى، شۇڭلاشقا دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مۇقەررەر ھالدا بىر مەيدان كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ھېسابلىنىدۇ، چېختىكى بۇ كۈرەش يەنە مىللىي ئازادلىق كۈرىشى خاراكتېرىگە ئىگە.

خۇسنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا، چېخ خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى پراگا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جون خۇس (1369 — 1415) [1]ئالدى بىلەن دىنىي جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ

---

[1] بەزى چېخ تارىخشۇناسلىرى خۇس 1371 - يىلى تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ، مەسىلەن، ف كاۋكا: «چېخوسلوۋاكىيە تارىخى پىروگراممىسى»، 47 - بەت، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1973 - يىلى.

چىركىنلىكى بىلەن ئاچ كۆزلۈكىنى ئەيىبلىدى، ئۇ باشقا ئوتتۇرا بۇرژۇئا بىدئەتچىلەرگە ئوخشاش، «ئەرزان باھالىق دىنىي جەمئىيەتنىڭ بولۇشىنى، يەنى چاكىنا، ھەشەمەتلىك دىنىي مۇراسىملارنى، قاتتىق دىنىي تەبىقە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، روھانىيلارنىڭ دەھرىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇشىنى، روھانىيلار بىلەن دەھرىيلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ «ئىككى خىل مۇقەددەس غىزا» (شاراب بىلەن بولكا)دىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. خۇس يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دىن تارقاتتى، «ئىنجىل»نى چېخ تىلىغا تەرجىمە قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چېخ خەلقىنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە تۈرتكە بولدى.

خۇس دەسلەپتە دىنىي جەمئىيەت بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشنى ئويلىمىغانىدى، ئەمما خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولدى.

1412 - يىلى پاپا يوھان XXIII ناھايىتى زور چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە چېختا ئىندۇلگېنتىيە تارقاتتى، خۇس ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە دىنىي جەمئىيەت بىلەن ئادا - جۇدا بولدى، ئۇ خەلقنى قوزغىلىپ رەسگە ئورنىتىۋالغان بۇ «تۆلكىلەر» گە قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى، ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى شەمشەر بىلەن قوغدايدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى، دەپ قارىدى. 1412 - يىلى خۇس ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى ئىلونىمنىڭ چاقىرىقى ئارقىسىدا پراگادىكى نامراتلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار پاپاغا قارشى نامايىش قىلدى. شۇڭا، پاپا خۇسنى ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەن دەپ قاراپ، ئۇنى پراگا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى ۋە پىروفېسسورلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىشىنى چەكلىدى، ئۇنى پراگادىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى.

1412 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خۇس چېخنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا چېخ تىلىدا دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ، پاپانى خىرىستوسقا قارشى چىققان ئۇنسۇر دەپ ئەيىبلەپ، دېھقانلارنى قوزغىلىپ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىپ، كەلگۈسىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى.

رىم پاپاسى چېختىكى بىدئەتچىلەرنى ۋە ياۋروپادا كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، 1414 ـ يىلى كونستانستا دىن يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنغا پاپا بىلەن ئىمپېراتوردىن باشقا، يەنە ئۈچ نەپەر ئارخ ئېپىسكوپ، 29 نەپەر كاردىنال، 33 نەپەر باش ئېپىسكوپ، 150 نەپەر ئېپىسكوپ، 100 دىن ئارتۇق موناستىر باشلىقى ۋە 300 نەپەر ئۇنىۋېرسىتېت پىروفېسسورى قاتناشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئەينى چاغدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چوڭ ئۇچرىشىشى، تارىختىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر تەتۈر ئېقىم ئىدى.

رىم پاپاسى يوھان XXIII يىغىندا بىدئەتلىكنى ئاشكارا ئەيىبلىدى ھەمدە خۇسقا كونستانسقا كېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. خۇس چېختىن ئايرىلىش ئالدىدا مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى سگىسمۇند ئۇنىڭغا خالىغان چاغدا ۋەتىنىگە قايتسا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق، خۇس كونستانسقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قولغا ئېلىندى، يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ ئەرز قىلىشىغا زادىلا يول قويمىدى. ئىمپېراتور سگىسمۇند ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، خۇسنى قاتتىق جازالاشنى تەشەببۇس قىلدى.

قاراڭغۇ تۈرمە، ئېغىر كىشەن بۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر مەشھۇر دىنىي ئىسلاھاتچىنى ئۆز كۆز قارىشىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىدى. خۇس دىنىي سوتتا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ پوپوزا ۋە ھەيۋە

قىلىشىغا قارىماي، تەمكىنلىك بىلەن: «ئىنجىل، ماڭا ئىچىپ بەرگەن ھەقىقەتنى قوغداش ئۈچۈن، مەن ئۆلۈمنى تاللاشقا رازىمەن!» دەپ جاكارلىدى.

1415 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خۇس كونستانس شەھىرى ئەتراپىدا كۆيدۈرۈلۈپ، جەسەت كۈلى رېين دەرياسىغا چېچىۋېتىلدى.

**خۇس ئۇرۇشى** خۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى چېخ خەلقىنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە قارشى غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى. ۋەھشىي روھانىيلار غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، چېخ خەلقى خۇس ئۈچۈن قىساس ئېلىش شوئارى ئاستىدا، خۇسنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىنى بايراق قىلغان داغدۇغىلىق خۇسچىلار ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك، ئېلىپ بېرىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىدۇر، شۇنداقلا بىر مەيدان كەسكىن مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدۇر. ئۇنىڭ ھەيۋىتى ۋە تەسىرى پۈتكۈل چېخقا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

1415 ــ 1419 ـ يىللىرى، چېخ خەلقىنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە، گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تېز ئۆلغايدى. ئەڭ قاتتىق ئېزىلگەن دېھقانلار بىلەن شەھەردىكى نامراتلار بۇ قېتىملىق ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ئىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلغان ئوتتۇرا، كىچىك رىتسارلار ۋە چېخ شەھىرىدىكى خورلانغان ئاھالىلەرمۇ بۇ كۈرەشكە قاتنىشىپ، خەلق ئىنقىلابى بىلەن ۋاقىتلىق سەپەرداش بولدى.

1419 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، تەخمىنەن 42 مىڭ دېھقان ۋە شەھەردىكى نامراتلار چېخنىڭ جەنۇبىدىكى تابور تېغىغا يىغىلىپ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلار مەزكۇر تاغنى بازا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تابورچىلار دەپ

ئاتالدى. قوزغىلاڭچىلار گېرمانىيەلىك ئاقسۆڭەكلەرنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق قوغلاپ چىقىرىش، دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋلار)نىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، دېھقانلار بىلەن شەھەردىكى نامراتلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

تابور تېغىدىكى قوزغىلاڭغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، 1419 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جون تېرۋىسكى رەھبەرلىكىدە پراگا شەھىرىدىكى نامراتلار شەھەر ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، سەككىز نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدىن پەسكە تاشلىغاندا، ئۇلارنىڭ سېمىز تېنىنى ئىنقىلابىي ئامما نەيزىلەر بىلەن قارشى ئالدى.

1419 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى تابور تېغى قوزغىلىڭى بىلەن پراگا قوزغىلىڭى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ خۇسنىڭ دىنىي ئىسلاھات دائىرىسىدىن خېلىلا ھالقىپ، بۈيۈك دېھقانلار ئۇرۇشىغا ئايلاندى.

ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چېخ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن شەھەردىكى بايلار مۆتىدىل گۇرۇھنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار ئىنقىلاب لاگېرىدىكى ئوڭچىلار بولۇپ، تىنچ ئىسلاھات ۋاسىتىسى ئارقىلىق دىنىي جەمئىيەتنىڭ (چېركاۋلارنىڭ) مال ـ مۈلكىنى ئىگىلەش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار دىنىي تەبىقە تۈزۈمىگە قارشى تۇردى، روھانىيلارنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئادەتتىكى مۇرىتلار مۇقەددەس غىزانى ئالغاندا، ئۇلارنىڭ روھانىيلارغا ئوخشاش مۇقەددەس جامدا شاراب ئىچىش ھوقۇقى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى، شۇڭا، مۆتىدىل گۇرۇھ «كالىكس مەزھىپى» (مۇقەددەس جامچىلار) دەپ ئاتالدى.

چېخ خەلقىنىڭ بۇنداق زور قوزغىلىڭى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قاتتىق چۆچۈتتۈۋەتتى، ئۇلار چېخ

خەلقىنىڭ ئىنقىلابىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، رىم پاپاسى مارتىن V نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1420 ـ يىلى باھاردا ئەھلىسەلىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇقەددەس رىم ئىمپېراتورى سىگىسمۇند 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چېخقا ھۇجۇم قوزغىدى، پراگا شەھىرىدىكى ئاھالىلەر قەسەم بېرىش يىغىنى ئېچىپ، ئەھلىسەلىپ تاجاۋۇزچىلىرىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گېرمانىيەلىك 1400 ئاقسۆڭەك ۋە روھانىينى پراگادىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. تابورچىلارنىڭ رەھبىرى جون ژىشكا 9000 ئادەمنى باشلاپ ياردەمگە كەلدى. 1420 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، پراگا شەھەر ئەتراپىدىكى ۋىتكوۋ تېغىدا كەسكىن جەڭ بولدى، ژىشكا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى، چېخ خەلقى ژىشكانىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ۋىتكوۋ تېغىنىڭ نامىنى ژىشكا تېغىغا ئۆزگەرتتى، بۇ نام ھازىرغىچە شۇنداق قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

1421 ـ يىلى كۈز ۋە 1422 ـ يىلى يازدا، دۈشمەنلەر يەنە ئىككى قېتىم زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. تابور قوشۇنى ئۇرۇش ھارۋىلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىش قاتارلىق تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، بۇ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمنىمۇ بىتچىت قىلدى. 1424 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ژىشكا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، چۇما كېسىلى بۇ مەشھۇر قوماندانىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇ چېخنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى شەرەپ بىلەن تەقدىم قىلدى. ماركس بۇ مەشھۇر ھەربىي داھىيغا مۇنداق باھا بەرگەن: «جەڭ مەيدانىدا ئۇ مەڭگۈ غەلىبە قازانغۇچىدۇر.»①

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 6 ـ توم، 226 ـ بەت.

ژىشكا ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ پروكوپ داھىيلىققا سايلاندى. 1426 ـ يىلى، ئۇ تابورچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئۇستىدىكى جەڭدە دۈشمەننىڭ 15 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا 1427 ـ يىلى تاخوۋدا دۈشمەنتىڭ يەنە 12 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى. چوڭ پروكوپ 72 مىڭ ئەسكەر (بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، 52 مىڭ پىيادە ئەسكەر بار ئىدى) گە باشچىلىق قىلىپ، بەش تارامغا بۆلۈنۈپ، ھەيۋەت بىلەن گېرمانىيەگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ساكسېن بىلەن باۋارىيە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندا، يەرلىك دېھقانلار بىلەن شەھەردىكى نامراتلارنىڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى، گېرمانىيەلىك فېئودالار سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە خۇسنىڭ تەلىماتى بىلەن دىن تارقىتىش ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يالغۇز پاپا ئوردىسىغا بويسۇنىدىغان ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلاندى.

بىراق، رىم پاپاسى باشچىلىقىدىكى ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى. ئۇلار يوشۇرۇنچە ۋەكىل ئەۋەتىپ كالىكس مەزھىپى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، 1433 ـ يىلى «باسېل شەرتنامىسى»نى تۈزۈپ، كالىكس مەزھىپى ئىگىلىۋالغان چېركاۋ مۈلۈكلىرىنى قايتۇرماسلىق، دەھرىيلەرمۇ ئىككى خىل مۇقەددەس غىزادىن بەھرىمەن بولۇشقا كېلىشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ كالىكس مەزھىپى مىللىي ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

1434 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە كىنەزلىرى كالىكس مەزھىپىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تابورچىلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ رىپاندا جەڭ قىلدى. كىچىك ئاقسۆڭەك چابىك باشچىلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر قوماندانلىققا بويسۇنماي، مۇھىم پەيتتە قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تېز ئۆزگىرىش بولۇپ، دۈشمەننىڭ

ئاتلىق ئەسكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. دېھقانلار قوشۇنىنىڭ داھىيسى چوڭ پروكوپ بىلەن كىچىك پروكوپ مەردلەرچە قۇربان بولدى، 18 مىڭ تابورچى ئەسكەرنىڭ 10 مىڭى جەڭدە قۇربان بولدى.

رىپان جېڭىدىكى مەغلۇبىيەت كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەمما بىر قىسىم تابورچىلار قوشۇنى يەنىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1437 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە كەلگەندە، چوڭ ئاقسۆڭەك زىنىيېك پۇتاچېكنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. بۇ بۈيۈك چېخ دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پەردىسى بولۇپ قالدى. ئەمما تابورچىلارنىڭ تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدە پارلاق نۇر چاچتى. ئۇلار ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ بەش قېتىملىق ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلىپ، چېخنى ئۇزۇنغىچە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇردى، چېخ مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى، چېخ مىللىتى مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوغدىدى، ئىدىيە جەھەتتە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىلاھىي ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرەتتى. شۇنداقلا تابورچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيەسى ئۇلارنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ياۋروپاغا تېز تارقىلىپ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قول بولۇشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە زور مەدەت بەردى. 16 ـ ئەسىردىكى گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى ۋە ياۋروپادىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىنقىلاب ئۇرۇقلىرىنى تېرىدى.

## 2. پولشا

پولشا دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى پولەكلەر غەربىي سلاۋيانلارنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار دەسلەپتە غەربتە

ئودېر دەرياسىدىن شەرقتىكى بوگ دەرياسى بىلەن ۋېيپۇش دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلارغىچە تارقالغان؛ شىمالدا بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىن جەنۇبتىكى كارپاتىيان تاغلىرىغىچە پولەكلەرنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

پولشا دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر قەدەر كېيىنرەك بولۇپ، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بارا ـ بارا بارلىققا كەلدى. تەرەققىي قىلغان قۇللۇق جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرمەستىنلا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن بىۋاسىتە دەسلەپكى فېئوداللىق دۆلەتكە ئۆتۈش مەركىزى دۆلەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقىلى پادىشاھ، كىنەزگە، خاس ئەسكەرلەر ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى. بۇنداق ئۆزگىرىشكە پولشانىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر تۈرتكە بولغانىدى، ئەينى چاغدا بۇ دۆلەتلەر فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئەسىرلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز مىللىتىنىمۇ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار يېڭىدىن گۈللەنگەن فېئوداللىق ھاكىمىيەتتىكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ تۈۋرۈكى ۋە باج مەنبەسى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ، پولشا دۆلىتىنىڭ بىۋاسىتە فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشىگە شارائىت يارىتىلدى. 966 ـ يىلىدىكى ئەرەب تارىخچىسى ئىبراھىم ئىبنى ياقۇبنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا پولشادا ئۇچ كاندوكلۇق تېرىقچىلىق تېخنىكىسى قوللىنىلغان، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئارپا، سۇلۇ، قارا بۇغداي، تېرىق، كەندىر ۋە زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەر بار ئىكەن. باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆكتاتلار ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن. دېھقانچىلىقتىن باشقا

چارۋىچىلىقمۇ دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. چارۋا ـ مال ۋە ئۆي قۇشلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىندى مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سالىدىغان، ئالماشتۇرۇش مەركىزى بولغان شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ۋولىن بىلەن كراكوۋ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا سودا ـ سانائەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بۈيۈك پولشا كىنەزلىكى شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىش ئاساسىدا قۇرۇلغانىدى. تارىخ سەھىپىسىگە نامى تۇنجى بولۇپ يېزىلغان پولشا كىنەزى مېسىزكو I (960 — 992) ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ 3000 خاس ئەسكىرى بار ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن 30 قەبىلە كىنەزلىكىنى بويسۇندۇرۇپ، قالايمىقان ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پىياست خاندانلىقى (960 — 1370)نى قۇردى. ئۇ يەنە پۇقرالىرىنى چېختىن رىم كاتولىك دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ، غەرب مەدەنىيىتى ۋە فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنىمۇ بىللە پولشاغا ئېلىپ كىرىپ، پولشانىڭ فېئوداللىشىش جەريانىنى تېزلەتتى. مېسىزكو ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پولشانىڭ تېررىتورىيەسى سىلىسىيە، مازوۋشې، پومورزېلار بىلەن ۋېسلالار ماكانلاشقان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مېسىزكونىڭ چوڭ ئوغلى باتۇر بولېسلاۋ I (992 — 1025) يەنە كراكوۋ رايونىنى قوشۇۋېلىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تاماملىدى. بۇ چاغدا خاس ئەسكەرلەرنىڭ سانى 20 مىڭغا يەتتى. ئۇ كوممۇنانىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ خاس ئەسكەرلىرى بىلەن دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ ـ موناستىرلار) كە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن فېئودالارنىڭ قورۇقلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ گىنېسېندا ئېپىسكوپ رايونى قۇردى. 1025 ـ يىلى رىم پاپاسى ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ئۇنى پولشانىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلدى.

**فېئودال تەپرىقچىلىك ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى** فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقى كۈچەيدى. ئۇلار كوممۇنانىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ھۆر دېھقانلارنى بېقىندى دېھقانلارغا ئايلاندۇردى. بەزى فېئودالLارنىڭ قورۇقلىرىنىڭ كۆلىمى 500 گېكتارغا يەتتى. فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى مۇقەررەر ھالدا سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلدى. 1138 ـ يىلى بولېسلاۋ III كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ بەش ئوغلى بۆلۈشۇۋالغاچقا، پولشادا سىلسىيە، مازوۋشې، چوڭ پولشا، ساندومىيېرز ۋە كراكوۋدىن ئىبارەت بەش مۇستەقىل كىنەزلىك بارلىققا كەلدى. ھەر بىر كىنەزلىك يەنە بىر قانچە رىتسارلىق زېمىنغا ئايرىلدى. دەسلەپتە ئۇلار كراكوۋ كىنەزىنىڭ ئەڭ ئالىي كېسىم قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر كىنەزلىك مۇستەقىل ئىدى.

فېئودال تەپرىقچىلىك پولشانى يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈچىدىن مەھرۇم قىلدى. بولېسلاۋ III ئۆلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گېرمانىيە فېئوداللىرى غەربىي پومېرانىيەنى بېسىۋالدى. 1226 ـ يىلى مازوۋشې كىنەزى كونراس خۇددى ئوغرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندەك ئىش قىلىپ، تيوتون رىتسارلار پولكىنى شىمالدىكى پرۇسسىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، نەتىجىدە تيوتون رىتسار پولكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پرۇسسىيەنى ئىشغال قىلىپ، پولشانىڭ بالتىق دېڭىزىغا چىقىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 1241 ـ يىلى باتوخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ، پولشانى كۆپ قېتىم تالان ـ تاراج قىلدى، نۇرغۇن شەھەر ـ يېزىلار خارابىلىككە ئايلاندى. پولشالىق ئاقسۆڭەكلەر يەنە گېرمانىيەلىك سودىگەرلەر

بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنى پولشاغا كۆچۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. يالغۇز سىلېسىيە رايونىدىلا گېرمانىيىلىك كۆچمەنلەرنىڭ سانى 150 — 180 مىڭغا يەتتى. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كراكوۋلۇق شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ 80% ىنى گېرمانىيەلىكلەر ئىگىلىگەنىدى. نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى ۋە سوت قىلىش ھوقۇقى نېمىسلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى، ئۇلار ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى، پولشا قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. مانا بۇلار پولشا مىللىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ يېتىلىشىگە ئېغىر توسالغۇ بولدى، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق ھاكىمىيەت كۈچلۈك تايانچقا ئىگە بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى.

**شەھەر - يېزىلاردىكى خەلقنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرىشى** فېئودال تەپرىقىچىلىك ۋە گېرمانىيە كۆچمەنلىرىنىڭ زومىگەرلىكى تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەبىر - زۇلمى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شەھەر - يېزىلاردىكى خەلقنىڭ قول قىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. سالنامىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1037 — 1039 - يىللىرى رىسگىسكىي رايونىدىكى دېھقانلار ئېغىر زۇلۇمغا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، ئۇلار شەمشەر ۋە تاش بىلەن ئېپىسكوپ ۋە فېئودال يەر ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرگەن. پادىشاھنىڭ ۋارىسى كازىمىر I ئالدىراپ - تېنەپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.

1148 - يىلى، پولشا دېھقانلىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كوممۇنانىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، يەنە زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، فېئوداللارنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى، نۇرغۇن دېھقانلار يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

دىنىي جەمئىيەت ئالىدىغان ئۆشرىمۇ دېھقانلارغا ئېغىر

زۇلۇم بولدى. 10 باغ زىرائەتنىڭ بىر بېغى دىنىي جەمئىيەتكە تاپشۇرۇلاتتى. كراكوۋ ئېپىسكوپ رايونىدا ئەتىيازدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەردىنمۇ ئۆشرە تاپشۇرۇلاتتى. پلوچ ئېپىسكوپ رايونىدا دېھقانلار ئاشلىقتىن تاپشۇرۇلىدىغان ئۆشرە ئورنىغا ئەتىۋارلىق بۇلغۇن تېرىسى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، كراكوۋنىڭ ئېپىسكوپى يەنە كان ۋە تۇز قۇدۇقلىرىدىنمۇ ئۆشرە يىغدى.

12 ـ ئەسىردىلا ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى رىم پاپاسىغا ئۇچ دىنار ۋە بىر كۇرە سۇلۇ ئۆشرە تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. كېيىن ھەددىدىن ئېشىپ، ھەر بىر دېھقان بىر دىنار ئۆشرە تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن. شۇڭا، 1309 ـ يىلى پولشانىڭ غەربىي رايونىدىكى دېھقانلار ۋالدو مەزھىپىدىكى بىدئەت تەرەپدارلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا شىددەتلىك زەربە بەردى، ئۆشرە تاپشۇرۇشقا قارشى تۇردى. «بىدئەتچىلەر»نى باستۇرۇش ئۇچۇن، رىم پاپاسى «دىن كېسىمخانىسى» قۇرۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. 1315 ـ يىلى نەچچە يۈز ۋالدو مەزھىپى مۇرىتى سىلىسىيە رايونىدا تىرىك كۆيدۈرۈلدى.

شەھەرلەردىكى كۈرەشمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولدى، گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرى پولشا شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلىۋالغان بولغاچقا، پولشانىڭ نۇرغۇن ئاپتونومىيەلىك شەھەرلىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ گېرمانىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىۋالغانىدى، تۇرلۇك ئالۋان ـ ياساقلار شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەرگە ئارتىپ قويۇلغانىدى. يالغۇز ھاراق تۇرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ بېجىلا دۆلەت باج كىرىمىنىڭ 16.6% ىنى ئىگىلەيتتى. شۇڭلاشقا، شەھەرلەردىكى نامراتلارنىڭ، جۈملىدىن ئىشلەمچى، شاگىرتلارنىڭ شەھەرلەردىكى ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرىشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. 1392 ـ يىلى كراكوۋ

شەھەرىدىكى بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەر بىلەن شاگىرتلار غوجايىنلىرى بىلەن شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىشلەشنى رەت قىلدى. بۇ پولشا تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن شەھەر دائىرىلىرى قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىش تاشلىغۇچىلارنى شەھەردىن مەجبۇرىي قوغلاپ چىقاردى.

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زالىملىقى ۋە يانچىلىق تۈزۈمنىڭ كۈچىيىشى گېرمانىيەلىك كۆچمەنلەر شەھەرلەردىكى سودا ـ سانائەت كەسىپلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، پولشا مىللىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپىنىڭ يېتىلىشىگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى، شۇڭلاشقا پولشادا ئۆتكەن پادىشاھلار چوڭ فېئوداللارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاساسلىق ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەرگە تاياندى، بۇ پولشانىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا پولشا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زالىملىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

پولشا پادىشاھى ۋوكېيتېك I (1305 ـــ 1333) ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەردىن تۈزۈلگەن قوراللىق كۈچكە تايىنىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى ۋە گېرمانىيەلىك شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇردى. ئۇ 1305 ـ يىلى پولشانىڭ پادىشاھى بولغاندا كراكۇۋنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى؛ 1320 ـ يىلى تاج كىيىپ، پۈتۈن كۈچىنى پولشانى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى كاسىمىر III (1333 ـــ 1370)مۇ ئۆمۈر بويى پولشانى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ مازوشې، چوڭ پولشا، كىچىك پولشالارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ يەنە لىتۋالىقلاردىن گارسىيە بىلەن ۋولىنىيەنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى تارتىۋالدى. ئۇ ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، فېئودالاردىن خوجىلىق زېمىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئەسكەر بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ

قىلدى. باي دېھقانلارمۇ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولدى. ئۇ گېرمانىيەلىك شەھەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى چەكلەپ، گېرمانىيەلىك كۆچمەنلەرنىڭ «ماگدېبۇرگ قانۇنى» [①] بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشىنى مەنئىي قىلماقچى بولدى. كاسىمىر Ⅲ مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1364 ـ يىلى كراكوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلىرىنى، ئاساسلىقى قانۇنشۇناسلارنى تەربىيەلىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى گېرمانىيەنىڭ بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بۇرۇن. بىراق پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈلۈكى ھېسابلىنىدىغان قۇدرەتلىك شەھەر ئاھالىلىرى سىنىپى بولمىسا مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھوقۇقنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايتتى.

1370 ـ يىلى كاسىمىر Ⅲ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا، پادىشاھلىق تەختى ئۇنىڭ تۇغقىنى ۋېنگرىيە ئانجۇ خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى لۇئى (1370 ــ 1382)غا ئۆتۈپ بېرىلدى، چەت ئەلدىن كەلگەن بۇ پادىشاھ قولىدىن كېلىشىچە ئاقسۆڭەكلەرگە خۇشامەت قىلدى. 1374 ـ يىلى ئۇ ئاقسۆڭەكلەرگە «كوشىس ئىمتىيازى»[②]نى بېرىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سۆيۈرغالغا ۋارىسلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى، پادىشاھنى سايلاش ھوقۇقى ۋە مەنسەپدار بولۇش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئومۇمەن، ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلگەن

① «ماگدېبۇرگ قانۇنى» ئەسلىدە گېرمانىيەدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ فېئودااللارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. گېرمانىيە كۆچمەنلىرى پولشادىمۇ بۇ قانۇننى ئاساس قىلىپ، پولشا شەھەرلىرىنى باشقۇرغان، يەنى شەھەرلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا سوت مەھكىمىسى قۇرۇش، باج يىغىش ھوقۇقى بولۇش، شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسى ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش قاتارلىقلار، شۇنداق بولغاچقا پولشا شەھەرلىرى پولشا پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى.

② ئوتتۇرا ئەسىردىكى پولشالىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۇنجى نىزامنامە، ئۇ كوشىسېدا ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «كوشىس ئىمتىيازى»، يەنە «كوشىس نىزامنامىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇ پولشانىڭ خەزىنە كىرىمىنى ئازايتىپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.

دېھقانلار ھەر بىر ئۆلۈشلۈك يەر ئۈچۈن ئىككى گىروش يەر بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن رىتسارلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەندىن باشقا، ئالۋان ـ سېلىق قاتارلىق بارلىق مەجبۇرىيەتلىرى كەچۈرۈم قىلىندى. 1382 ـ يىلى لۇئى ئۆلگەندىن كېيىن پادىشاھلىق ئورۇن بوش قالدى، ھەر قايسى فېئودال گۇرۇھلار تەخت تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشتى، 1384 ـ يىلىغا كەلگەندە لوئىسنىڭ قىزى يادۋىگا پولشانىڭ پادىشاھلىقىغا سايلاندى. 1385 ـ يىلى، پولشا بىلەن لىتۋا تېئوتون رىتسارلار پولكىغا بىرلىشىپ زەربە بەردى؛ 1386 ـ يىلى يادۋىگا لىتۋا كىنەزى ياگىللوغا ياتلىق بولدى، شۇنىڭ بىلەن لىتۋا، پولشالارنىڭ بىرلىشىشىگە ئاساس سېلىندى، ياگېللومۇ پولشانىڭ پادىشاھى بولۇپ قالدى.

تېئوتون رىتسارلار پولكىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش لىتۋا بىلەن پولشانىڭ بىرلىشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. 1410 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى گرونۋالد جېڭىدە لىتۋا، پولشا بىرلەشمە قوشۇنى تېئوتون رىتسارلار پولكىنى ھەل قىلغۇچ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. پولك كوماندىرى كۈنىنىگان جەڭدە ئۆلدى، بارلىق رىتسارلار پولكىنىڭ بايرىقى غالىبلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى. ياگېللو ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1433 ـ يىلى كراكوۋ ئالاھىدە ئىجازەتنامىسىنى ئېلان قىلىپ، «كوشىي ئىمتىيازى»نى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىپ، سوراق قىلماي تۇرۇپ ھەر قانداق ئاقسۆڭەكنى قاماشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى كاسىمىر IV (1445 — 1492) 1454 ـ يىلى يەنە «نيېسزاۋا نىزامنامىسى»[①]نى ئېلان قىلىپ، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ

① نيېسزاۋا — يەر نامى. پولشا پادىشاھى كاسىمىر IV تېئوتون رىتسارلار پولكى بىلەن جەڭ قىلغاندا، نيېسزاۋادا ئېلان قىلغان نىزامنامە. نىزامنامىدە چوڭ ئاقسۆ-ڭەكلەرنىڭ ھوقۇقى چەكلەنگەن ۋە ئاجىزلاشتۇرۇلغان، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرى كېڭەيتىلگەن، دېھقانلارنىڭ ئېزىلىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان، پولشادا «دەرد-جىلىك پادىشاھلىق ھاكىمىيەت» نىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان.

ئىمتىيازىنى ئېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلدى. نىزامنامىدە چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىر قانچە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشى مەنئى قىلىندى، كىچىك ئاقسۆڭەكلەر يەرلىك ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىدىغان ھەمدە يەرلىك ۋەكىللەر يىغىنى، يەنى ئاتالمىش «كىچىك پارلامېنت» كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى بەلگىلەندى. نىزامنامىدىكى ئەڭ مۇھىم قارار شۇكى، يەرلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، پادىشاھ ھەر قانداق يېڭى قانۇننى ئېلان قىلسا بولمايتتى، چەت ئەللەرگە قارىتا ئۇرۇش ئېلان قىلسا ۋە يېڭى باج ئالسا بولمايتتى. نىزامنامىدە يەنە قاچقۇن يانچىلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئەسلىدىكى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يانچىلارنى بىۋاسىتە سوراق قىلىش، «كىچىك پارلامېنت» نىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قوبۇل قىلىش ۋە يېڭى باج ـ سېلىق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەندى.

كاسىمىر Ⅳ رىتسارلار پولكىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دائىم يەرلىك كېڭەشتىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى، بەزىدە يەرلىك ۋەكىللەر كېڭەشكە ئۆزى بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلاتتى. 1466 ـ يىلى كاسىمىر Ⅳ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا رىتسارلار پولكىنى تورنىكۆيست سۈلھى شەرتنامىسىنى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. پولك كوماندىرى پولشا پادىشاھىغا سادىق بولىدىغانلىقىغا قەسەم بېرىدىغان بولدى ھەمدە چەت ئەللەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئەسلىدە رىتسارلار پولكىغا تەۋە بولغان گىرانزىگ بىلەن غەربىي پرۇسسىيە پولشانىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن پولشا بالتىق دېڭىزىغا چىقىش ئېغىزىنى قولغا كەلتۈردى.

ئەمما، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەر بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى. 1496 ـ يىلى ئۇلار يەنە پادىشاھ يوھان

ئالبېرت (1492 ــ 1501)نى «پېتروكوۋ نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. نىزامنامىدە كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ هاراقچىلىق كەسپىنى مونوپول قىلىش ۋە دېهقانچىلىق مەهسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش بىلەن چەت ئەل تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلىشتا باج كەچۈرۈم قىلىنىش ئىمتىيازىدىن بەهرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. كىچىك ئاقسۆڭەكلەر بوز يەرلەرنى خالىغىنىچە ئىگىلىۋالالايدىغان بولدى، قاچقۇن يانچىلارنى مۇددەتسىز قوغلاپ تۇتۇش هوقۇقىغا ئىگە بولدى. نىزامنامىدە يەنە شەهەر ئاهالىلىرى بىلەن دېهقانلارنىڭ يەر سېتىۋېلىشى مەنئىي قىلىندى. ئومۇمەن، يەر مۈلكى بار شەهەر ئاهالىلىرى بىلەن دېهقانلارنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە يەرلىرىنى سېتىۋېتىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى. ئالىي دەرىجىلىك روهانىيلىق ۋەزىپىسىنى كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ئۆستىگە ئالىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىشاه ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قېلىپ، ئەمەلىي هوقۇق ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

1573 ـ يىلى، ياگېللو خانىدانلىقى ئاخىرلاشتى، ئاقسۆڭەكلەر فرانسىيە شاهزادىسى هېنرىنى پولشانىڭ پادىشاهلىقىغا سايلىدى. ئۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا يەنە «هېنرى نىزامنامىسى» نى توقۇپ چىقىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. نىزامنامىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ئىجارىسىنى خالىغىنىچە ئۆستۈرسە، يانچىلارنى سوراق قىلسا ۋە يانچىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى بەلگىلىسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ نىزامنامىگە ئاساسەن، پادىشاه ۋارىسىنى بەلگىلىيەلمەيدىغان، پادىشاهنى ئاقسۆڭەكلەر سايلايدىغان بولدى. پادىشاهنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلهى قىلىش ۋە خەلق ئەسكىرى قوبۇل قىلىش هوقۇقى تارتىۋېلىندى. پولشانىڭ سىياسىي جەهەتتىكى ئالاهىدىلىكى شۇكى، گەرچە پارلامېنت يۇقىرى ۋە تۆۋەن پالاتاغا ئايرىلغان، قارىماققا

دەرىجىلىك پادىشاھلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پارلامېنتلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. پادىشاھ پەقەت ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان پارلامېنت يىغىنىنىڭ چاقىرغۇچىسى بولۇپ قالدى، خالاس. بارلىق مۇھىم تەدبىرلەر 16 نەپەر سىناتورنىڭ پادىشاھ ھۇزۇرىدىكى يىغىنىدا قارار قىلىنىدىغان، پادىشاھ ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەندە، ئاقسۆڭەكلەر كۆرسەتكەن ئۈچ نامزاتنىڭ ئىچىدىن بىرىنى بەلگىلەيدىغان بولدى.

بۇ نىزامنامە ئېلان قىلىنىپ تەچچە ئاي ئۆتمەيلا، ھېنرى پولشا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئالىقىنىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپ قالغانلىقىغا چىدىماي، قېرىندىشى چارلىز IX نىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن فىرانسىيەگە قېچىپ كەتتى (يەنى فىرانسىيە پادىشاھى ھېنرى III ). 1652 ـ يىلى پولشا پارلامېنتىدا «ئەركىن ئىنكار قىلىش ھوقۇقى» يۈرگۈزۈلدى. پارلامېنتنىڭ قارارى ھەر قانداق بىر ۋەكىل قارشى تۇرسا ماقۇللانمايدىغان بولدى. شۇڭا، غەربىي ياۋروپادا يانچىلىق تۈزۈمى كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چاغدا، پولشادا يانچىلىق تۈزۈمى كۈچىيىپ كەتتى. پۈتكۈل 16 ـ ئەسىردە، پولشا يانچىلىرىنىڭ ئالۋان ـ ياسىقى 32 ھەسسە كۆپەيدى. ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغانلىقتىن، پولشا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پولشانىڭ گدانزىگ ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىدىغان ئاشلىقى 10 مىڭ راست (بىر راست 80 خانىدقا تەڭ، راست ۋە خاندلار ھەجىم بىرلىكى) بولسا، 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 90 مىڭ راستقا، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 100 مىڭ راستقا يەتتى. 1650 ـ يىلى پوسنان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئوپالىنسكىي مۇنداق دېگەن: ئىلگىرى ھەر ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىشلەيدىغان يەرلەردە، ھازىر دېھقانلارنىڭ دەم ئالىدىغانغا بەزىدە بىر كۈنمۇ ۋاقتى چىقمايدۇ...

دېھقانلارنىڭ ئېزىلىش ئەھۋالىنى ھەر قانداق قىلىسىمۇ تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

**لۇبلىن پارلامېنتى ۋە لىتۋا بىلەن پولشانىڭ بىرلىشىشى** 1386 - يىلى لىتۋا بىلەن پولشا بىر مەزگىل بىرلىشىپ، تېئۇتون رىتسارلار پولكىنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلغانىدى. ئەمما پولشا ئاقسۆڭەكلىرى لىتۋانىڭ ئۇكرائىنا بىلەن بېلارۇسىيەدىكى زېمىنلىرىنى قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن، 1430 - يىلى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئەسكىرىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئىتتىپاق بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاررۇسىيە تېزلىكتە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1558 - يىلى چار پادىشاھ ئىۋان Ⅳ لىۋونىيەگە لەشكەر تارتتى ھەمدە ئەينى چاغدا لىتۋاغا تەۋە بىر قىسىم زېمىنلار (ئالايلۇق، پولوتسك قاتارلىق جايلار) نى بېسىۋالدى. چاررۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1569 - يىلى پولشا ئاقسۆڭەكلىرى لوبلىندا پارلامېنت يىغىنى چاقىرىپ، لىتۋا بىلەن پولشانىڭ بىرلەشكەنلىكىنى، ئورتاق پارلامېنت قۇرغانلىقىنى، بىر پادىشاھقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، بىرلىككە كەلگەن تاشقى سىياسەتنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئىچكى قىسىمدا يەنىلا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز مەمۇرىي ئورگىنى، قوشۇنى ۋە سوت مەھكىمىسى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پولشا ئاقسۆڭەكلىرى بۇ قېتىمقى بىرلەشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇكرائىنانى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. 1596 - يىلى برېستتا ئېچىلغان ئالىي دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ دىن يىغىنىدا، ئۇكرائىنا خەلقىنى پراۋوسلاۋىيە دىنىدىن ۋاز كېچىپ، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئارقىدىنلا يەنە رۇسىيەنىڭ ئىچكى توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. 1604 - ۋە 1608 - يىلى ئىككى قېتىم ساختا چار

پادىشاھ دىمىتىرىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، موسكۋاغا لەشكەر تارتتى، بىراق ھەر ئىككى قېتىمدا مەغلۇپ بولدى. 1648 ـ يىلى، ئۇكرائىنا بىلەن بېلارۇسسىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 1654 ـ يىلى خىمېلنىسكى پېرېياسلاۋدا ئۇكرائىنا خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، قۇرۇلتايدا ئۇكرائىنا بىلەن رۇسسىيەنىڭ بىرلىشىشى توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. شۇنىڭدىن كېيىن پولشا بىلەن رۇسسىيە يەنە ئۇزۇنغىچە (1654 — 1667) ئۇرۇش قىلىپ، پولشا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1667 ـ يىلىدىكى ئاندوروسوۋ سۈلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، پولشا بېسىۋالغان رۇسسىيە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى رۇسسىيەگە قايتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ پولشا ئاقسۆڭەكلەر جۇمھۇرىيىتى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلەندى.

# 4 ـ بۆلۈم رۇسسىيە

## 1. كىيېۋرۇس كىنەزلىكى

**ريورىك خانىدانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى** پراۋۇسلاۋىيانلار دەسلەپتە شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكلىرىگە كەڭ تارقالغان؛ ئۇلار غەربتە دنېستر دەرياسىدىن شەرقتىكى دون دەرياسى، ئوكا دەرياسى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە، جەنۇبتا قارا دېڭىز بويىدىكى رايونلارغىچە، شىمالدا لادوژسكويې كۆلى ئەتراپلىرىغىچە ماكانلاشقان. 9 ـ ئەسىردە پراۋۇسلاۋىيانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بارغانسېرى پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان بىر نەچچە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى ئىتتىپاقلار شەھەرنى مەركەز قىلىپ مۇداپىئەلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىمالدىكى نوۋگورود

www.uyghurkitap.com

بىلەن جەنۇبتىكى دنېپىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى كىيېۋ ئەڭ چوڭ ئىدى. بۇ چاغدا پراۋۇسلاۋىيانلار نورمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى.

شىمالىي ياۋروپادىكى نورمانلار 8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان ھەربىي دېموكراتىك تۈزۈم باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانىدى. نورمانلارنىڭ ھەربىي داھىيلىرى خاس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ سۇ يولىنى بويلاپ كەڭ دائىرىدە ھەربىي يۈرۈش قىلدى، نورمانلارنىڭ بۇ ھەربىي يۈرۈشلىرى دەسلەپتە قويۇق تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولسا، كېيىنچە ئۇلار بارا ـ بارا زېمىن ئىشغال قىلىشقا باشلاپ، ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. شەرقىي ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن نورمانلار ۋالاخىيەلىكلەر دەپ ئاتالدى، ئۇلار كېمىگە ئولتۇرۇپ فىنلاندىيە قولتۇقىدىكى ھەر قايسى دەريا ئېغىزىدىن ئېقىنىنى بويلاپ شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىچكى جايلىرىغا بېرىپ بۇلاڭچىلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ھەتتا ۋولگا دەرياسىنى بويلاپ كاسپىي دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرەتتى، دنېپىر دەرياسى ئارقىلىق قارا دېڭىزغا كىرىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە يېتىپ باراتتى. خۇددى نورمانلار غەربىي ياۋروپادىكى زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ دۆلەت قۇرغانغا ئوخشاش، ۋالاخىيەلىكلەرمۇ شەرقىي ياۋروپادا بۇلاڭچىلىق سودىسى قىلىشتىن ئىستېلا قىلغان رايونلىرىدا ماكانلىشىشقا ھەمدە ھاكىمىيەت قۇرۇشقا باشلىدى. بۇ پائالىيەت شەكىللىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان پراۋۇسلاۋىيانلارنىڭ دۆلىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

862 ـ يىلى ۋالاخىيەلىكلەرنىڭ ھەربىي ئاتامانى رىيۇرىك خاس ئەسكىرىي قوشۇنىغا باشلامچىلىق قىلىپ، نوۋگورود كىنەزلىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، نوۋگورود كىچىك كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى بولدى. جەنۇبتىكى كىيېۋدىمۇ ۋالا ـ

خىيەلىك ئاسكود بىلەن دىئېركىيېۋ ① كىنەزلىكىنى قۇردى. 879 ـ يىلى رىيۇرىك ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئىگور گۆدەك بولغاچقا، تۇغقىنى ئولېگ (880 ـ 912) نائىبلىق قىلدى. 882 ـ يىلى ئولېگ سۇ يولىنى بويلاپ جەنۇبقا بېرىپ، كىيېۋنى بويسۇندۇرۇپ، ئاسكود بىلەن دىئېرنى ئۆلتۈردى ھەمدە ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى نوۋگورودتىن كىيېۋغا يۆتكىدى. «ئولېگ كىيېۋدا كىنەز بولدى ھەمدە كىيېۋ شەھىرىنى رۇس شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى دەپ ئاتىدى».② شۇنىڭدىن كېيىن رىيۇرىك جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى تېز بىرلەشتى ھەمدە پراۋۇسلاۋىيانلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلە كىنەزلىكلىرى ۋە باشقا بەزى يات سلاۋىيان قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى. بۇنداق بىرلىشىش ۋە ئىستېلا قىلىشنىڭ نەتىجىسىدە پراۋۇسلاۋىيانلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان زېمىنى كەڭ دۆلەت بارلىققا كەلدى، روسىيە سالنامىچىلىرى بۇ دۆلەتنى «كىيېۋرۇس كىنەزلىكى» دەپ ئاتىدى. رىيۇرىك بەرپا قىلغان 1 ـ ئەۋلاد خاندانلىق ــ رىيۇرىك خاندانلىقى كېيىنچە قانداشلىق جەھەتتە پراۋۇسلاۋىيانلار بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سلاۋىيانلاشقان يەرلىك خاندانلىققا ئايلاندى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 600 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. رىيۇرىك

① سوۋېت ئالىمى ئا.ب رىباكوف «نورمانلارنىڭ مەنبەسى نەزەرىيەسى»گە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، 12 ـ ئەسىردىكى كىيېۋ سالنامىسىدە بايان قىلىنغان رىۋايەتتىكى پىرسو ـ ناژ كۆلىنى 6 ـ ئەسىردىكى كىيېۋنىڭ 1 ـ كىنەزى دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن كىيېۋرۇسنىڭ تارىخى 300 يىل ئالدىغا سۈرۈلدى. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رۇسلارنىڭ تارىخشۇناسى ئا.ئا شاھماتوف كۆيىل بىلەن ئولېگ بىر دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى، كۆيىل بىلەن ئاسكود ئوتتۇرىسىدا خاتىرىلەنگەن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىگەن. يەنە 1841 ـ يىلىدىكى رۇس سالنامىسىگە ئاساسلانغاندا، كۆيىل كېمە ھەيدىگۈچى ياكى ئوۋچى ئىكەن.

② ۋاڭ يۆ: «ئۆتمۈشتىكى مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى توغرىسىدا تەپسىر»، 52 ــ 53 ـ بەتلەر گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1994 ـ يىلى.

پادىشاھلىقى رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قۇللۇق ئېكسپلاتاتسىيە تېخى ئومۇملاشمىغان ئەھۋالدا، فېئوداللىق تۈزۈمنى بەرپا قىلىش پراۋۇسلاۋىيانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە پراۋۇسلاۋىيانلار ئومۇمىيۈزلۈك دېھقانچىلىق بىلەن، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى، لېكىن ئوۋچىلىق، ياۋا ھېۋىلەرنى تېرىش، بېلىقچىلىق قاتارلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. پراۋۇسلاۋىيانلار ماكانلاشقان رايونلاردىكى كۆل ۋە سازلىقلىق بەلباغلارنىڭ يەر يۈزىدىكى لاي قاتلىمى ئاستىدا ئاسان قازغىلى بولىدىغان تۆمۈر رۇدىسى كۆپ بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۆمۈردىن قورال ـ سايمانلارنى ياسىشىغا قولايلىق ئىدى. شىمالدىكى ئورمانلىق رايونىدىكى ئاھالىلەر پالتا بىلەن دەرەخ كېسىپ، جەنۇبتىكى ئوتلاق رايونىدىكى ئاھالىلەر ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئورغاق بىلەن ئورۇيتتى، ئاندىن كېيىن ئوت ـ چۆپ ۋە چاتقاللىقلارنى ئۆرتەپ، تۇپراقنى تىرنا بىلەن يۇمشىتىپ، تېرىلغۇ يەر ئاچاتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى قارا بۇغداي، بۇغداي، ئارپا ۋ سۇلۇ قاتارلىقلار ئىدى. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكى بىر نەچچە قوشنا چوڭ جەمەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان يېزا كوممۇناسى بولۇپ، ئۇ «ۋىلىق» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ ئەزالىرى «سمورىد» (يەنى ھۆر دېھقان) دەپ ئاتىلاتتى. تېرىلغۇ يەرلەر ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، ئورمانلىق، يايلاق، بىنام يەر قاتارلىقلارغا يەنىلا يېزا كوممۇناسى ئىگىدارلىق قىلاتتى. بۇ چاغدا

پراۋۇسلاۋىيانلارغا قوشنا دۆلەت ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدە فېئوداللىشىش جەريانى تېز تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. كىيېۋرۇس دۆلىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىدا ۋىزانتىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولۇپ، ۋىزانتىيەنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە ۋىزانتىيەدىن خىرىستىيان دىنى — پراۋۇسلاۋىيە دىنى تارقالغانىدى، بۇلار پراۋۇسلاۋىيەلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. كىيېۋرۇس دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پراۋوسلاۋىيانلار جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىشىش جەريانى باشلاندى.

كىيېۋرۇستىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەت سۇيۇرغاللىق مەۋجۇت بولمىغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ياكى سۇيۇرغاللىق پەقەت ئولپان تاپشۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ريۇرىك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا كىنەزنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى ئېپتىدائىيراق بولۇپ، ئاساسلىقى «سەييارە ئولپان يىغىش» ئارقىلىق خەلقتىن يۇڭلۇق تېرە، ھەسەل، ئاشلىق قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىۋالاتتى. كىنەز خاس ئەسكەرلىرىگە ئولپان تەقسىم قىلىش شەكلىدە ھەق بېرەتتى. 10 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە كىيېۋرۇسنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۆمۈر ساپاننىڭ ياخشىلىنىشى ئاساسىدا تېخىمۇ راۋاجلاندى. يېزا كوممۇناسىدىكى ھۆر دېھقانلارنىڭ باي - نامراتلىققا ئايرىلىشى تېزلەشتى، ئاز ساندىكى باي ئائىلىلەر ۋەيران بولغان دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋالدى، يەرسىز دېھقانلار بارا - بارا بېقىندى دېھقانلارغا ئايلاندى. زېمىندار، كىنەز ئاقسۆڭەكلەرمۇ يېزا كوممۇنالىرىنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، قورۇقلارنى سېلىپ، ھۆر دېھقانلارنى قۇل قىلىپ، ھەر خىل فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

912 - يىلى، ئولېگ ئۆلگەندىن كېيىن، ريۇرىكنىڭ ئوغلى

ئىگور (912 — 945) ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ 941 ـ، 944 ـ يىللىرى ۋىزانتىيەگە ھۇجۇم قىلىپ پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى. ئىگور كۆپ قېتىم دېرېۋلىئان قەبىلىسىدىن ئولپان ئالغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىگورنىڭ قەبرىسى ئۇزۇنغىچە دېرېۋلىئانلار رايونىدىكى ئىسكرىستان شەھىرىدە قالدى[1]. ئىگورنىڭ ئوغلى سۋىئاتوسلاۋ (962 — 972) ريۇرىكنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش «سودا» سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. ئۇ پېچېنەكلەرنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن روبىرو تۇتۇشتى. كېيىۋقا غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانىدا، دىنېپىر دەرياسى بويىغا يوشۇرۇنغان پېچېنەكلەرنىڭ قولىدا ئۆلدى، ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەنىدى[2].

سۋىئاتوسلاۋنىڭ ئوغلى ۋىلادىمىر (980 — 1015) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، داۋاملىق چەت ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىزانتىيە مەلىكىسى ئاننا بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلدى. 988 ـ يىلى، ۋىلادىمىر پراۋۇسلاۋىيە دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلاپ، كىيېۋنىڭ ئەمەلدار، پۇقرالىرىنى كوللېكتىپ چوقۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى ھەمدە باش ئېپىسكوپ رايونى قۇردى، چېركاۋ موناستىرلارنى ياساتتى، سلاۋىيان تىلىدا ئىبادەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. سلاۋىيانلارنىڭ ئەۋلىياسى سىرىل بىلەن مىدود سلاۋىيان تىلىغا تەرجىمە قىلغان «ئىنجىل» كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. ۋىلادىمىر يەنە نۇرغۇن يەرنى دىنىي جەمئىيەتكە ئىنئام قىلغاچقا، دىنىي جەمئىيەت پەيدىنپەي نۇرغۇن

① ۋاڭ يۈ: «ئۆتمۈشتىكى مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى توغرىسىدا تەپسىر»، 112 ـ بەت، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1994 ـ يىلى.

② ۋاڭ يۈ: «ئۆتمۈشتىكى مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى توغرىسىدا تەپسىر»، 141 ـ بەت، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1994 ـ يىلى.



www.uyghurkitap.com

يەر مۈلكىگە ئىگە بولدى. دىنىي جەمئىيەت، كىنەزلەر، ئاقسۆڭەكلەر تىل بىرىكتۈرۈپ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ھەدەپ قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، روھانىي ۋە دەھرىي فېئوداللارنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى بارلىققا كەلدى.

دانا ياروسلاۋ (1019 ــ 1054) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شەكىللىنىپ بولغان فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر قانۇن تۈرغۇزۇش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. «ياروسلاۋ قانۇنى» ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭدا فېئوداللار ئۆزىگە تەۋە خوجىلىق زېمىندىكى دېھقانلارغا قارىتا ئەدلىيەلىك كېسىم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ زېمىندار دېھقانلارنى ئۆلتۈرسە ئازراق تۆلەم تۆلىسىلا بولىدۇ؛ دېھقاننىڭ مىراسخورى بولمىسا، زېمىندار ئۇنىڭ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن سىرت، دىنىي جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلدى، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ئىلاھىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پېچېرسكىي موناستىرى ياسالدى.

فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كىيېۋرۇس كىنەزلىكى ئون نەچچە كىچىك فېئودال دۆلەتكە بۆلۈنۈپ، ئۆز ئارا قالايمىقان ئۇرۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىيېۋ، سمولېنسك، رىئازان، نوۋگورود، روستوۋ، سۇزدال قاتارلىقلار چوڭراق، روستوۋ، سۇزدال ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە، فېئودال تەرىقىچىلىكنى يولغا قويغان ھەر قايسى رۇس فېئودال دۆلەتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا موڭغۇللار، لىتۋانلار ۋە پولەكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى يات مىللەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. 1237 ـ يىلى باتۇخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنى رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن شەرقىي شىمالدىكى رىيازان، ۋىلادىمىر قاتارلىق شەھەرلىرىنى

ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا پوتكول شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋالدى، ئاندىن كېيىن جەنۇبقا بۇرۇلدى. 1240 ـ يىلى كىيېۋنى ئىشغال قىلدى. 1243 ـ يىلى باتۇخان ئوتتۇرا ياۋروپادىن ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قايتىپ كېلىپ ساراي شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقى (يەنە بىر نامى قىپچاق خانلىقى)نى قۇردى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايونى پوتكول شەرقىي شىمال رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شەرقىي شىمال رۇسىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئالتۇن ئوردا خانى رۇسىيە كىنەزلىرىنى بىر ـ بىرىنى بابلاشقا قۇتراتتىپ، ئاندىن ئۇلارنى پارچىلاپ باشقۇردى، ئۇلاردىن نام ـ ئاتاق ۋە يارلىقنى ئايرىم ـ ئايرىم قوبۇل قىلىشنى، ئولپان تاپشۇرۇشنى، ھەربىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىيېۋرۇس ئۇزۇل ـ كېسىل پارچىلاندى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپقان موسكۋا كىنەزلىكى ئىگىلىدى.

## 2. موسكۋا كىنەزلىكىدىن چاررۇسىيەگىچە

موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھوقۇق مەركەزلەشتۇرۇلگەن رۇسىيە دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى موسكۋا ئەسلىدە بىر خىلۋەت يېزا بولۇپ، كىنەز ۋىلادىمىرنىڭ روستوۋ ـ سۇزدال كىنەزلىكى تەۋەلىكىدىكى خوجىلىق زېمىنى ئىدى، 1147 ـ يىلى موسكۋا شەھىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۈيۈرغال يەرگە ئىگە رۇسىيە كىنەزلىكىگە ئايلاندى. ئەينى چاغدا موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ زېمىنى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئوكا ۋە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى مۇھىم سودا يولى بولغاچقا، موسكۋا كىنەزى ناھايىتى كۆپ باج كىرىمىگە ئىگە بولدى. موسكۋا شەرقىي شىمال رۇسىيەنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان

بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا نۇرغۇن كىچىك كىنەزلىكلەر بولغاچقا، گېرمانىيەلىكلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىۋاسىتە ھۇجۇمىغا ئاسانلىقچە ئۇچرىمايتتى، بۇ ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پايدىلىق ئىدى.

موسكۋا كىنەزلىكى موڭغۇللارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ روناق تاپتى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھەر قايسى رۇس كىنەزلىكلىرىدىكى كىنەزلەر ئىچىدىن بىر كىنەزنى تاللاپ، ئۇنىڭغا «ۋىلادىمىر ۋە پۈتكۈل رۇسىيەنىڭ باش كىنەزى» دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ۋاكالىتەن پۈتكۈل رۇسىيەدىن ئولپان يىغدۇراتتى، ئۇنىڭ بەدىلىگە مەزكۇر كىنەز ۋىلادىمىر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئۆزىنىڭ خوجىلىق زېمىنىغا قوشۇۋالسا بولاتتى. بىۋاسىتە مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن رۇس كىنەزلىرى بۇ ۋەزىپىنى تالىشاتتى.

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۋېر كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى مىخائىل يارۇسلاۋىچ موڭغۇللاردىن باش كىنەز ۋىلادىمىر دېگەن نامغا نائىل بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ۋەكالىتەن پۈتكۈل رۇسىيەدىن ئولپان يىغىشقا باشلىدى ھەمدە ۋىلادىمىر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارغا ئىگە بولدى.

موسكۋا كىنەزلىكى تارىخ سەھنىسىگە چىقىش بىلەنلا موڭغۇل ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ پارچىلاپ باشقۇرۇش تەلىپىگە ماسلاشتى. ئەينى يىللاردا موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئۆزبېكخان ئىدى. تۋېر كىنەزى مىخائىلنىڭ تەسىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزبېكخان رۇس كىنەزلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە موسكۋا كىنەزى يۇرى دانىلوۋىچ (1303 ـــ 1325)نى يېڭىباشتىن ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. دانىلوۋىچ موسكۋا كىنەزلىكى سىياسىتىنىڭ كەشپىياتچىسى. بۇنداق سىياسەت ماركسنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا: «خاننىڭ پەسكەش قورالى بولۇش ئارقىلىق خاننىڭ ھوقۇقىنى ئوغرىلاش، ئاندىن كېيىن شۇ

ئارقىلىق باشقا رىقابەتچى كىنەزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىغا تاقابىل تۇرۇش»① تىن ئىبارەت. يۇرى دانىلوۋىچ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزبېكخاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئەمرىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن خاننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى. ئۇ خانغا غالچا بولۇشقا رازى بولغاچقا، دەرھال سىياسىي دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان موڭغۇل قوشۇنىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىلەن تۋېر كىنەزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى توقۇنۇشتا خوتۇنى تۇتۇلۇپ قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. يۇرى مىخائىلنىڭ ئۈستىدىن خانغا شىكايەت قىلدى، خان مىخائىلغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. تۋېر كىنەزلىرى ئاخىر خاننىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا يۇرى تۋېر كىنەزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

يۇرىنىڭ ئىنىسى ئىۋان كارىدا② (1325 ــ 1341) ئىنتايىن قۇۋ، مەككار بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىتتىپاق تۈزۈپ، قوشنا كىنەزلىكلەرنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ موڭغۇل ھۆكۈمرانىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلىرىنى خان ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ توقاللىرىغا، يېقىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىغا پارا بەردى، ئالتۇن ئوردا خانىنىڭ ھۇزۇرىغا پات ـ پات بېرىپ تۇردى. 1327 ـ يىلى، ئۇ موڭغۇل قوشۇنىغا ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ تۋېر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى. كېيىنكى يىلى ئۇنىڭغا «ۋىلادىمىر ۋە پۈتكۈل رۇسىيەنىڭ باش كىنەزى» دېگەن ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىۋان «كىنەز» لىك نامىدىن پايدىلىنىپ تەپ تارتماستىن خەلقنىڭ يىلىكىنى شورىدى، قوشنا كىنەزلىكلەرنىڭ زېمىنلىرىنى قوشۇۋالدى، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئابرۇيىنى

① ماركس: «18 ـ ئەسىردىكى دىپلوماتىيە تارىخىنىڭ سىرى»، 68 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىلى.

② لەقىمى «كارىدا»، رۇسچە «پۇل قاپچۇقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، پۈتكۈل رۇسىيە پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ باش پوپى تۇرۇشلۇق ئورۇننى موسكۋاغا يۆتكەپ كېلىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ موسكۋا دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدىكى زېمىنلار ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، رۇسىيە دۆلىتىنىڭ چېگراسى شەكىللەندى.

ئىۋان كارىدانىڭ نەۋرىسى دىمىترىي ئىۋانوۋىچ (1359 — 1389) تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، موسكۋا كىنەزلىكى ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى. دىمىترىي تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، موسكۋا شەھىرى ئەتراپىدىكى ياغاچ تامنى تاش تامغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوشنا كىنەزلىكلەر بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. موسكۋا كىنەزلىكى تەدرىجىي كۈچەيگەن ۋاقىتتا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشتى. 1378 - يىلى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى ماماي ئەۋەتكەن تاتار شاھزادە - بەگلىرى لىتۋا ۋە ريازان كىنەزلىرى بىلەن بىرلىشىپ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلدى، دىمىترىي ئۇلارغا 150 مىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ ئۇدۇلدىن زەربە بەردى. 1380 - يىلى دون دەرياسى ۋادىسىدىكى كۇرىكوۋ دالاسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. دىمىترىي بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قازانغانلىقى ئۈچۈن «دونىسكىي»، مەنىسى «دون پادىشاھى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىگە كېلەلمىدى.

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە شەرقىي شىمالدىكى رۇسىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، ھەر قايسى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلاشتى. موسكۋا مۇھىم سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، قارا دېڭىز ۋە

ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلدى. ئىۋان III (1462 — 1505) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، 1462 — 1474 - يىللاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياروسلاۋ كىنەزلىكى بىلەن روستوۋ كىنەزلىكىنى بېسىۋالدى. 1471 — 1478 - يىللاردا نوۋگورود كىنەزلىكىنى يوقاتتى. ئىۋان III ھەر قايسى خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە خانلىق تەختىنى تالىشىش ئۇرۇشلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەجدادلىرى بېكىتكەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش فاڭچېنىغا داۋاملىق ئەمەل قىلدى ھەمدە ئۈزۈكسىز يېڭى چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويدى، دۈشمەنلىرىگە قىرىم خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ تاقابىل تۇردى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئولپان تاپشۇرۇشنى توختاتتى. 1480 - يىلى يازدا ئالتۇن ئوردا خانى ئەھمەد يەنە لىتۋا بىلەن بىرلىشىپ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلدى، بىراق موڭغۇل قوشۇنى ئوكا دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان ئۈگرا دەرياسىدا رۇس قوشۇنى بىلەن تىركىشىپ تۇرغاندا، لىتۋا قوشۇنى ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قوشۇنى قاتتىق سوغۇقتا ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ قالدى ھەم قىرىم خانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ جەڭ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەي ياردەمچىسىز قالغان ئەھۋالدا، 1480 - يىلى 11 - ئايدا ھالى خاراب بولۇپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ رۇسىيەگە بولغان 200 يىللىق (1240 — 1480) ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.

ئىۋان III شەرقىي شىمال رۇسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن رۇسىيە فېئوداللىق دۆلىتىنى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى. 1472 - يىلى ۋىزانتىيەنىڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى كونستانتىن XI (1449 — 1453)نىڭ جىيەن قىزى سوفىيە پالېئولوگغا ئۆيلىنىپ ئۇنى خانىشلىققا تەيىنلىدى. كېيىن يەنە ئىتالىيە، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، دىپلوماتىيە ۋاسىتىسى ئارقىلىق قەدىمكى رىم بىلەن ۋىزانتىيە



www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيەسىدىن كېيىنكى يېڭى ئىمپېرىيە قۇرۇش خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ ئۆزىنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋارىسى دەپ قاراپ، ۋىزانتىيە پادىشاھ جەمەتىنىڭ قوش باشلىق بۈركۈت گېربىنى ئۆزىنىڭ گېربى قىلدى، ئىلگىرىكى مۇستەقىل كىنەزلىكلەردىكى كىنەز ـ گىرافلارنىڭ دەرىجىسىنى مىراسلىق فېئودال يەر ئىگىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان مەسلىھەت بېرىش ئورگىنى «دۇما»نى تەشكىل قىلدى. موسكۋا «ئۈچىنچى رىم» دەپ ئاتالدى. موسكۋا كىنەزىنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ بولۇپ، تۆۋەندە پۈتۈن مەملىكەتنى باشقۇرىدىغان مەركىزىي ھوقۇقلۇق ئورگان قۇرۇلدى، يەرلىكنى باشقۇرۇشقا كىنەز باش ۋالىي ئەۋەتتى. باش ۋالىينىڭ ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلى، ھوقۇق دائىرىسى ۋە مائاشىغا دائىر بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. ئوتتۇرا ۋە كىچىك فېئوداللار ھەربىي قوشۇننىڭ ئاساسلىق كۈچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ۋە سېتىشقا بولمايتتى. ئىۋان Ⅲ خەلققە ۋەھشىيلەرچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 1497 ـ يىلى يېڭى قانۇن ئېلان قىلىپ، ئەرز قىلىش تەرتىپى بىلەن ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى، خوجايىنىنى ئۆلتۈرگەن، فېئوداللىق قانۇن ـ تۈزۈملەرگە قارشى تۇرغان كىشىلەرنى ئەڭ ئېغىر جازالاشنى بەلگىلىدى. يەنە دېھقانلارنىڭ كۆچۈش ئەركىنلىكىنى چەكلىدى، دېھقانلار پەقەت يۇرى بايرىمى (رۇس كالېندارى بويىچە 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە، پومېشچىكقا بارلىق ئىجارە ھەققىنى تولۇق تۆلەپ بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئاندىن كېتەلەيتتى. دېھقانلارنىڭ يانچىلىشىش جەريانى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

ئىۋان Ⅲ نىڭ ئوغلى ۋاسىلى Ⅲ (1505 ــ 1533) 1510 ـ يىلى ۋە 1522 ـ يىلى پىسكوۋ بىلەن ريازاننى موسكۋا كىنەزلىكىگە قوشۇۋالدى. 1514 ـ يىلى، قوشنىسى لىتۋا

بىسىۋالغان قەدىمكى شەھەر سمولېنسكنىمۇ رۇسىيەنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت شەكىللىنىشكە باشلىدى.

**چار پادىشاھ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى** ئىۋان IV (1533 — 1584) تەختكە ئولتۇرغان چاغدا ئارانلا ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئانىسى ئېلېنا گرېنسكايا نائىبلىق قىلدى. ئېلېنا ئىۋان IV نىڭ ئىككى تاغىسىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇردى، 1538 - يىلى ئۇ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلدى. ياش ئىۋان IV ئاقسۆڭەكلەر ھوقۇق تالىشىپ بىر - بىرىگە ئورا كولىشىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولغانىدى. 1547 - يىلى 1 - ئايدا ئىۋان IV بالاغەتكە يېتىپ تاج كىيىپ چار پادىشاھ① بولدى. ئىۋان IV ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغان يىلى موسكۋا ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلقنىڭ چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن باش ۋالىيلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگىنىگە بىر يىل بولغانىدى. ئىۋان IV بىر تەرەپتىن خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتتى.

ئىۋان IV 1550 — 1556 - يىللىرى ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، ھەربىي ئىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ باردى، 1550 - يىلى ئېلان قىلغان يېڭى قانۇنغا خىيانەتچىلەرنى جازالاش ماددىلىرىنى كىرگۈزدى، قانۇننى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر قايسى جايلاردا ئەدلىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى

① مەنىسى ئىمپېراتور، پادىشاھ دېگەنلىك بولۇپ، «چار» دېگەن سۆز قەدىمكى رىم ئىمپېراتورىنىڭ نامى كەيسار (Caesar) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

ئاجىزلاشتۇردى، ئوتتۇرا، كىچىك پومېشچىكلارنى ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە تەيىنلىدى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئوت قورالللار سەپلەنگەن پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن گۋاردىيە قۇرۇپ، زەمبىرەكچى ئەسكەرلەر تەشكىلىنى كۈچەيتتى. 1555 ـ يىلى، مەركەزدە سۈيۈرغاللىق زېمىن يامۇلى بىلەن ھەربىي يامۇل قۇردى. يەنە باش ۋالىيلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلىك ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەردىن تەيىنلەنگەن سوتچىلار ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. ئىككىنچى يىلى يەنە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، مەيلى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مىراسلىق خوجىلىق زېمىنى ياكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى بولسۇن، ھەر 150 دېسياتىنا (1.09 گېكتارغا تەڭ ــ تەرجىماندىن) يەر ئۈچۈن، تولۇق قوراللانغان بىر ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىش بەلگىلەندى. چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلدى.

يۇقىرىدىكى ئىسلاھات گەرچە پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىلكىدە يەنىلا نۇرغۇن خوجىلىق زېمىن بار ئىدى. 1565 ـ يىلى ئىۋان Ⅳ چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چار پادىشاھقا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىقتىسادىي بازىسىنى بىتچىت قىلىپ، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر تەلىپىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى «دۇما» باشقۇرىدىغان ئادەتتىكى رايون ۋە چار پادىشاھ بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ئالاھىدە رايوندىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىدى. ئومۇمەن، يېرى مۇنبەت، سودا تەرەققىي قىلغان، ھەربىي ئىشلاردا ئەھمىيەتكە

www.uyghurkitap.com

ئىگە يەرلەرنىڭ ھەممىسى چار پادىشاھنىڭ ئالاھىدە رايونى بولۇپ، ئۇلار چار پادىشاھنى قوللايدىغان ھەممە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئالاھىدە رايون ئىچىدىكى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مىراسلىق خوجىلىق زېمىنلىرى قايتۇرۇۋېلىنىپ، يىراقتىكى ئادەتتىكى رايونىنىڭ يەرلىرىگە ئالماشتۇرۇلدى. چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تاللاپ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئوردا قوشۇنى قۇردى. قەست قىلىش غەرىزىدە بولغان تۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. شۇڭا، ئىۋان IV (يەنى چاقماق ئىمپېراتور ئىۋان) «تېررورچى ئىۋان» دەپ ئاتالدى. يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەپرىقچى كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى ئېنىق بەلگىلىدى. ئىۋان IV قۇرغان ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت فېئوداللىق قالدۇق تەپرىقچى كۈچلەرنى چەكلەپ، رۇسىيە فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولدى. ئۇ يەنە تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلدى. 1550 ـ يىلى، 1552 ـ يىلى ئىككى قېتىم قازان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، قازان خانلىقىنى رۇسىيەگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، 1556 ـ يىلى يەنە ئاستىراخان خانلىقىنى قوشۇۋالدى، ۋولگا دەرياسىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىن ۋادىسى ۋە ئورال تېغىنىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنى بېسىۋېلىپ، تاتار، مارى، چۇۋاش، ئودمولت، باشقىرت، مولداۋىيان قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئاساسىدا رۇسىيە چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. لېنىن مۇنداق كۆرسەتكەن: رۇسىيە

«مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ پۈتكۈل تارىخى ھەر قايسى جايلار، رايونلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى ئۈزۈكسىز تالان ـ تاراج قىلىش تارىخىدۇر.»①

## 3. يانچىلىق تۈزۈمنىڭ كۆچىيىشى ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭى

**يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ كۆچىيىشى ۋە دېھقانلارنىڭ ئورنىنىڭ ناچارلىششى** ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن رۇسىيە فېئوداللىق دۆلىتى تامامەن يانچىلار، ھۆر دېھقانلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. 16 ـ ئەسىردىن بۇيان، رۇسىيەدە ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى، ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ۋە پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى يەنىلا ئىجارە ھەققىنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئىدى. ئۇدا بىر قانچە يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش، بولۇپمۇ لىۋونىيە ئۇرۇشى نۇرغۇن يەرنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1584 ـ 1585 ـ يىللىرى موسكۋا ئۆلكىسىدىكى قاقاس يەر% 84 كە يەتكەن. چار پادىشاھنىڭ ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىشى، ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېزىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇشى دېھقانلارنى كۈندىن ـ كۈنگە ناچار ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بېقىندى دېھقانلار (تەڭ بۆلۈشىدىغان ئىجارىكەش دېھقانلار، كېلىشىم تۈزىدىغان دېھقانلار قاتارلىقلار) كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. رۇسىيە دېھقانلىرى بېسىمغا چىدىماي تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ دون دەرياسى بىلەن ۋولگا دەرياسى ئەتراپىدىكى يايلاقلارغا قېچىپ كەتتى (ئەينى چاغدا بۇ جايلار چاررۇسىيەنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرمىگەنىدى). ھۆرلۈككە ئېرىشكەن دېھقانلار

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 16 ـتوم، 299 ـ بەت.

«كازاكلار»①دەپ ئاتالدى. كازاكلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە ھەربىي تەشكىلات قۇرۇپ، بەزىدە ئۆتكەن - كەچكەن سودىگەرلەرنى بۇلايتتى.

پومېشچىكلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى دېھقانلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە تۈرلۈك قانۇنلارنى تۈزدى. ئالايلۇق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئىۋان III دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلاردىن ئايرىلىش ۋاقتى ۋە شەرتى بېكىتىلگەن قانۇننى ئېلان قىلغانىدى. ئىۋان IV 1581 - يىلى ئاتالمىش «چەكلەنگەن يىل تۈزۈمى» نى يولغا قويۇپ، ئومۇمەن «چەكلەنگەن يىل» دەپ ئېلان قىلىنغان يىللاردا يۈرى بايرىمىدىمۇ دېھقانلارنىڭ كېتىشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بېكىتتى. 1592 - يىلىدىن 1593 - يىلىغىچە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، رويخەتكە ئېلىنغان ھامان دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلاردىن مەڭگۈ ئايرىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلار مۇقىم يانچىلارغا ئايلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى، ھەتتا ھۆر كىشى باشقىلار ئۈچۈن يېرىم يىلدىن ئارتۇق ئىشلىسە غوجايىنىنىڭ يانچىسىغا ئايلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. ئەينى زاماندا غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ يانچىلىق تۈزۈمى پارچىلىنىۋاتقانىدى، ئەمما رۇسىيەدە بولسا يانچىلىق تۈزۈم كۈچەيتىلدى.

1598 - يىلى چار پادىشاھ ئوردىسى: ئىۋان IV نىڭ توققۇز ياشلىق كەنجى ئوغلى دىمىترى ئوردىدا «قىلىچنى يەرگە تىك كىرگۈزۈش» ئويۇننى ئويناۋاتقاندا بىخەستەلىكتىن يارىلىنىپ ئۆلگەنلىكى جاكارلاندى. ريۇرىك خاندانلىقىنىڭ نەسلى قۇرۇدى، ئاقسۆڭەكلەر يىغىن ئېچىپ چار پادىشاھنىڭ شىرىم تۇغقىنى

① «كازاك» دېگەن سۆز تاتار تىلىدىن كەلگەن. ئۇ «ماكانسىز ھۆر كىشىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قېچىپ دون دەرياسى ئەتراپىدىكى چېگرا جايلارغا بېرىۋالغان دېھقانلارغا قارىتا ئېيتىلغانىدى.

چوڭ ئاقسۆڭەك بورس گودونوف[①] (1598 ـــ 1605) نى چار پادىشاھلىققا سايلىدى، بۇنىڭغا بەزى ئاقسۆڭەكلەر ئىنتايىن ھەسەت قىلدى. 1601 ـــ 1603 ـ يىللىرى رۇسىيەدە ئۇدا بىر نەچچە يىل قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، دېھقانلارنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقى قوزغالدى. بۇ چاغدا ئەل ئىچىدە، دىمىترىغا چوڭ ئاقسۆڭەك گودونوف قەست قىلىش غەرىزىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆلمىگەن، پولشاغا قېچىپ بېرىپ قۇرامىغا يەتكەن، دېگەن گەپ تارقالدى. پولشا پادىشاھى رۇسىيەنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئىۋان Ⅳ نىڭ كەنجى ئوغلى دىمىترى دەپ ئاتىۋالغان ئادەمنىڭ پولشا قوشۇنىنى باشلاپ، 1604 ـ يىلى كۈزدە رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى قوللىدى. ھەقىقىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر رۇسىيە دېھقانلىرى «ياخشى چار پادىشاھ» دېھقانلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك شارائىتىنى ئۆزگەرتىشنى قوللايدۇ، دېگەن خام خىيالدا بولغاچقا، يەنە كېلىپ قىسمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتكەچكە يالغان دىمىترىنى قوللىدى. 1605 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يالغان دىمىترى رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانلار بىلەن كازاكلارنىڭ كۈرەش قىلىپ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئۇدۇل موسكۋاغا بېسىپ كىردى. ئەمما، ئۇ موسكۋانى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى چار پادىشاھ دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، شۇ ھامان پولشا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى، كېيىنكى يىلى 5 ـ ئايدا موسكۋا خەلق قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. رۇسىيە ئاقسۆڭەكلىرى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، چوڭ ئاقسۆڭەك كىنەز شۇيسكى (1606 ـــ 1610)نى چار پادىشاھلىق تەختىگە

---

① بورس گودونوف چار پادىشاھ فيودور ئىۋانوۋىچ (1584 ـــ 1598 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، چار پادىشاھ ئىۋان Ⅳ نىڭ ئوغلى)نىڭ قېيىنئاغىسى ـــ تەرجىماندىن.

ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈرشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان قوزغىلاڭ قوشۇلۇپ كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئۇرۇشىغا ئايلانغانىدى.

**بولوتنىكوف قوزغىلىڭى** 1606 ـ يىلى يازدا رۇسىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولوتنىكوف رەھبەرلىكىدە قاچقۇن يانچىلار بىلەن كازاكلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بولوتنىكوف ئەسلىدە موسكۋالىق مەشھۇر ئاقسۆڭەك، كىنەز ترېئوتېۋسكىنىڭ يانچىسى بولۇپ، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۈركىيەگە قۇللۇققا سېتىۋېتىلگەنىدى، ئۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ پودفور شەھىرىدىن ئاتلىنىپ، چار پادىشاھ شۇيىسكىنىڭ قوشۇنىنى چېكىندۇردى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كالوگا جېڭىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىۋاستە موسكۋاغا يۈرۈش قىلدى. قوزغىلاڭچىلار فېئوداللاردىن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش، پومېشچىكلارنى يوقىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە دىمىترىنىڭ چار پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار موسكۋانى مۇھاسىرىگە ئالدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى زورىيىپ ئادەم سانى تەخمىنەن 100 مىڭغا يېتىپ①، چار پادىشاھنىڭ فېئودallıق ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق تەۋرىتىۋەتتى. لېكىن، موسكۋاغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە بىر قىسىم كىچىك ئاقسۆڭەكلەر سوقۇنۇپ كىرىۋالغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دېھقانلار قوشۇنى بىلەن چار پادىشاھ قوشۇنى موسكۋا

---

① موسكۋاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەر بار. بەزىلەر 60 مىڭ 100 ئادەم دەپ خاتىرىلىگەن؛ بەزىلەر 187 مىڭ ئادەم دېگەن. خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ي. ي. سىمىرنوف قاتارلىق كىشىلەر يازغان «17 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان رۇسىيە دېھقانلار ئۇرۇشى» ناملىق ئەسەرنىڭ 50 ـ بېتىگە قاراڭ.

شەھىرى ئەتراپىدا جەڭ قىلىۋاتقان ھالىقىلىق پەيتتە، كىچىك ئاقسۆڭەك باشكوف باشچىلىقىدىكى قوشۇن چار پادىشاھقا تەسلىم بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ كوترو كەنتىدە يەنە جەڭ قىلغاندا، چار پادىشاھ قوشۇنى يەنە غەلىبە قىلدى. بولوتنىكوف دېھقانلار قوشۇنىنى باشلاپ كالوگاغا چېكىندى. 1607 ـ يىلى باھاردا، چار پادىشاھ قوشۇنى ئىز قوغلاپ قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلدى. ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان مولداۋىيانلار، مارىلار بولوتنىكوفنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چار پادىشاھ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. كالوگادا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بولوتنىكوف قوشۇنى غەلىبىسېرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇلا شەھىرىنى ئىگىلەپ، ئىۋان گورچاكوف رەھبەرلىكىدىكى يەنە بىر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. 1607 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چار پادىشاھ زور قوشۇن توپلاپ تۇلا شەھىرىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالدى، دېھقانلار قوشۇنى ئۇزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمىگەن، ياردەمچى قوشۇندىن مەھرۇم قالغان ئەھۋالدا يەنە تۆت ئايغىچە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئاخىر چار پادىشاھ قوشۇنى توسما ياساپ شەھەرنى كەلكۈن سۈيى بىلەن باستۇرۇش ھەمدە ئېزىقتۇرۇپ تەسلىم قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللاندى، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. 1608 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گورچاكوف دارغا ئېسىلدى، 3 ـ ئايدا بولوتنىكوف ئەما قىلىنغاندىن كېيىن، سۇدا تۇنجۇقتۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ روشەن ھالدا فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، كۆلەم جەھەتتە ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتە بولسۇن، ئۇ روسىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئۆرۈشى ھېسابلىنىدۇ.

بولوتنىكوف دېھقانلار ئۆرۈشى مەزگىلىدە، پولشا فېئوداللىرى

پۈرسەت كەلدى دەپ قاراپ، يەنە بىر قېتىم يېڭى قورچاق، يەنى يالغان دىمىترىدىن پايدىلاندى ھەمدە ئۇنىڭ رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللىدى. 1608 ـ يىلى باھاردا، يالغان دىمىترى ئىككىنچى قېتىم پولەكلەر، لىتۋانلارنى ئاساس قىلغان زور قوشۇننى باشلاپ، رۇسىيەنىڭ پورخاۋ ئەتراپىدا ئىككى كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ، چار پادىشاھ شۇيىسكىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا موسكۋا ئەتراپىدىكى توخىنو يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يالغان دىمىترى ئىككىنچى قېتىم «توخىنودىكى چار پادىشاھ» دەپ ئاتالدى. رۇسىيەدىكى نۇرغۇن چوڭ ئاقسۆڭەكلەر توخىنو بىلەن موسكۋا ئارىسىدا كىمگە بېقىنىشنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولدى. چار پادىشاھ پولشاغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن شۋېتسىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. 1609 ـ يىلى كۈزدە، پولشا پادىشاھى ئۆزى زور قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. رۇسىيەنىڭ چوڭ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن پولشا پادىشاھى رۇسىيەلىك چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش، رۇسىيەلىك چوڭ ئاقسۆڭەكلەر پولشا شاھزادىسى ۋىلادىسلافنىڭ رۇسىيەنىڭ چار پادىشاھى بولۇشىنى قوللاش توغرۇلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1610 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، رۇسىيەنىڭ چوڭ ئاقسۆڭەكلىرى پولشا تاجاۋۇزچىلىرىغا موسكۋا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ۋەتىنىگە ئوچۇق ئاشكارا ئاسىيلىق قىلدى.

1612 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شەھەر ئاھالىسى مىنىن ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئاقسۆڭەك پوژارسكى باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى رۇسىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئاتلىنىپ، ئاخىر موسكۋانى پولشا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلدى. 1613 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رومانوف جەمەتىدىن چىققان چوڭ ئاقسۆڭەك مىخائىل چار پادىشاھ بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن رومانوف خانىدانلىقى

(1613 — 1917)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

**ستېپان رازىن قوزغىلىڭى** رومانوف خانىدانلىقى يانچىلىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقاردى، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەستىنلا نوۋگورود، قازان قاتارلىق رايونلاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە قاچقۇن يانچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش قەرەلىنىڭ 15 يىل ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. 1648 - يىلى، موسكۋا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقە خەلقى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى. ھۆكۈمرانلار قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، 1649 - يىلى يېڭى قانۇن («قانۇن قامۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېلان قىلىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قاچقۇن يانچىلارنى قەرەلسىز قوغلاپ تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، قايتۇرۇپ كېلىنگەن دېھقانلار ئائىلىسى ۋە بارلىق مال - مۈلكى بىلەن بىرلىكتە ئەسلىدىكى يانچىدارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن يانچىلىق تۈزۈم ئاخىرقى ھېسابتا قانۇن جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يانچىلار پومېشچىكلارنىڭ قۇرۇقلىرىغا مۇقىملاشتۇرۇلدى، پومېشچىكلار ئۇلارنى ئىختىيارىچە سېتىۋالالايدىغان ۋە سېتىۋېتەلەيدىغان، ئۆتۈنۈپ بېرەلەيدىغان بولدى. فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىكى روسىيەدە سىياسىي جەھەتتە، چار پادىشاھ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 1649 - يىلىدىكى قانۇندا، چار پادىشاھ مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. چار پادىشاھنىڭ ئىرادىسى قانۇن بولۇپ، بارلىق چوڭ - كىچىك ئاقسۆڭەكلەر چار پادىشاھ ئالدىدا ئۆزلىرىنى چاكار دەپ ئاتايتتى.

يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ فېئوداللارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى، 1667 — 1671 - يىللىرى، روسىيەنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدا ستېپان رازىن رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. رازىن دون دەرياسى رايونىدىكى كازاك

بولۇپ، ئۇنىڭ قىرىندىشىنى چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نەپرەتلىنەتتى. رازىن بوي ـ بەستى ئېگىز، كەمتەر، سەمىمىي، قەيسەر، باتۇر كىشى ئىدى. ئۇ 1652 ـ ۋە 1661 ـ يىللىرى رۇسىيە زېمىنىنى ئىككى قېتىم جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتكەن. ئۇ ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە تەجرىبىلىك بولۇپ، نەچچە خىل تىلدا سۆزلىيەلەيتتى، كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. 17 ـ ئەسىردە دون، ۋولگا دەريالىرى ۋادىلىرىغا قېچىپ كەلگەن دېھقانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. بىراق ئۇلارنىڭ چىقىش يولىنى تېپىشى بارغانسېرى قىيىنلاشتى. ئۇ چاغدا كازاكلار ئارىسىدا باي ـ نامراتلارغا بۆلۈنۈش پەيدا بولغانىدى. بايلار بىلەن كەمبەغەل كازاكلار ۋە يېڭى كەلگەن قاچقۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى. 1667 ـ يىلى باھار پەسلىدىن باشلاپ، ستېپان رازىن بىر توپ كەمبەغەل كازاكلارغا باشچىلىق قىلىپ، دون، ۋولگا دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. رازىن قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قاتناشقانلار ئىچىدە قاچقۇن يانچىلار، چاكارلار، كېمە سۆرىگۈچىلەر، سەرگەردانلار ۋە يەتكۈچە ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقى بار ئىدى. رازىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ رۇسىيەنىڭ مەركىزىي رايونىغا يۈرۈش قىلدى. 1670 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاستىراخاننى ئىگىلىدى، ۋولگا دەرياسى ئېقىنى بويىچە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ساراتوف بىلەن سامارا شەھىرىنى تارتىۋالدى. 9 ـ ئايدا سىمبىرىسك شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، باشقا ئىككى تارماق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىپ، موسكۋاغا قىستاپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى رۇسىيەنىڭ ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدىن ئوكا دەرياسىغىچە بولغان رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى

ئىگىلىدى. رازىن ئولجىلارنى، يىپەك رەخت، كىيىم - كېچەك ۋە ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى كۆپچىلىككە تەقسىم قىلىپ بەردى، خەلق ئۇنى ھىمايە قىلىپ «پەدەرىمىز» دەپ ئاتىدى.

يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، رازىن يول بويى مۇراجىئەتنامە تارقىتىپ، ئېزىلگۈچى خەلقنى قوزغىلىپ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن قان شورىغۇچى ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى، مۈلۈكلىرىنى ۋە چارۋىلىرىنى تارتىۋېلىشقا چاقىردى. ئەمما ئۇ چاقىرىقىدا ئاساسلىقى دېھقانلارنىڭ ئەڭ بىۋاستە ئەزگۈچىلىرى بولغان پومېشچىكلار، خوجىلىق زېمىن باشقۇرغۇچىلىرى، سودىگەرلەر، شەھەرلەردىكى يۇقىرى تەبىقە ۋە جازانىخورلارغا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغىنى بىلەن، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئوتتۇرىغا قويمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چار پادىشاھقا نىسبەتەن خام خىيالدا بولدى.

دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ تېزلىكتە تەرەققىي قىلىشى ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئىنتايىن ئالاقزادە قىلىۋەتتى، چار پادىشاھ موسكۋا ۋە باشقا ئۆلكىلەردىكى ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، رازىن قوزغىلىڭىنى بىرلىشىپ ئۇجۇقتۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. 1670 - يىلى 10 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن چار پادىشاھ قوشۇنى سىمبىرسىك ئەتراپىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، دون دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىندى. رازىن يېڭى قوشۇن توپلاش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالماقچى بولدى. 1671 - يىلى 4 - ئايدا يەرلىك باي كازاك رازىننى ساتقىنلىق قىلدى، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى موسكۋادا رازىنغا پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا يەنە بىر مەزگىل كۈرەش قىلدى.

بولوتنىكوف قوزغىلىڭى بىلەن ستېپان رازىن قوزغىلىڭى

www.uyghurkitap.com

فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇ ئىككى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى ئېنىق سىياسىي پروگراممىسىنىڭ يوقلۇقى ۋە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. غەربىي ياۋروپادىكىگە سېلىشتۇرغاندا رۇسىيەدىكى دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ دىنىي تۈسى قويۇق ئەمەس، ئەمما ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش، ئېزىلىشتىن ئىبارەت ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىر «ياخشى چار پادىشاھ»نىڭ بولۇشىنى خام خىيال قىلدى. شۇڭلاشقا، ئېنگېلس: رۇسىيە «دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئايرىم ئەمەلدارلارغىلا قارشى تۇردى، لېكىن چار پادىشاھنىڭ نامىدا خەلقنىڭ ئاتامانى بولۇۋېلىپ، تەختنى تارتىۋالماقچى بولغاندىن باشقا، ئەزەلدىن چار پادىشاھقا قارشىلىق كۆرسەتمىدى»[1] دېگەن.

## 4. چاررۇسىيەنىڭ دەسلەپكى زېمىن كېڭەيمىچىلىكى

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە دۆلىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقىي ياۋروپانىڭ بىر بۆلۈكى بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. 1533 ـ يىلى ئىۋان Ⅳ تەختكە ئولتۇرغاندا، رۇسىيەنىڭ چېگراسى غەربتە سمولېنسك بىلەن پسكوۋدىن، جەنۇبتا كىيېۋغا يېتىپ بارغان، شەرقتە قازان ئەتراپلىرىغا بارمىغانىدى، يەر مەيدانى تەخمىنەن 2 مىليون 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. 1547 ـ يىلى ئىۋان Ⅳ تاج كىيىپ «چار پادىشاھ» دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، ئىچكى سىياسىي ئىشلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، سىرتقا قارىتا

[1] ئېنگېلس: «قاچقۇنلارغا ئائىت ئەسەر»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 18 ـ توم، 621 ـ بەت.

كېڭەيمىچىلىك قىلدى، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزلىرىنى تالىشىپ، باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ «كۆزنەك» ئاچماقچى بولدى. 1610 — 1640 - يىللىرى روسىيەنىڭ چېگراسى جەنۇبقا قاراپ 450 كىلومېتىر سۈرۈلدى، شەرققە قاراپ 4500 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېڭەيدى.

ئىۋان IV زامانىدا سىرتقا كېڭىيىش غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەش، جەنۇبقا بېرىش ۋە شەرققە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

**لىۋونىيە ئۇرۇشى** ئىۋان IV كېڭىيىش نىشانىنى ئالدى بىلەن غەربكە قارىتىپ، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى رايونلارنى ئىستېلا قىلىپ، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى قولغا كىرگۈزدى.

بالتىق دېڭىزى رايونى شىمالىي ياۋروپادىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چار پادىشاھنى ئاتلانتىك ئوكيانغا ئاپىرىدىغان ھەممە يوللاردىن قىسقا يول ئىدى. ئىۋان IV بالتىق دېڭىزى سۈيىنىڭ سالمىقىنى ئالتۇن بىلەن ئۆلچەشكىمۇ ئەرزىيدۇ، دېگەن. چار پادىشاھ بالتىق دېڭىزىغا بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن قايتىش ئۈچۈن رىگا قولتۇقى بىلەن فىنلاندىيە قولتۇقىنىڭ دېڭىز ئەتراپىدىكى رايونلارنى، بولۇپمۇ لىۋونىيەنى ئىشغال قىلىشى كېرەك ئىدى. لىۋونىيە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاي بولۇپ، بالتىق دېڭىزىنى كونترول قىلماقچى بولغانلار ئالدى بىلەن لىۋونىيەنى ئىشغال قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ رايون 12 - ئەسىردىن باشلاپ گېرمان لىۋونىيە رىتسارلار پولكى (يەنە بىر نامى خەنجەرۋاز رىتسارلار پولكى) بىلەن تېئوتون رىتسارلار پولكىنىڭ قارىمىقىدىكى زېمىن بولۇپ، 16 - ئەسىرگە كەلگەندە كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى.

لىۋونىيە ئۇرۇشى 1558 - يىلى 1 - ئايدا باشلاندى، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. بىرىنچى باسقۇچتا ئىۋان IV لىۋونىيە رىتسارلار پولكى بىلەن لىتۋا

بىرلىشىپ رۇسىيەگە قارشى چىققانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇرۇش قوزغىدى، 40 مىڭ رۇس ئەسكىرى لىۋونىيە چېگراسىدىن ئۆتۈپ، فىنلاندىيە قولتۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئېستونىيەنىڭ مۇھىم پورت شەھىرى نارۋا بىلەن تارتۇ قاتارلىقلارنى ئىشغال قىلدى، رىگا باش ئېپىسكوپ رايونىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 1559 ـ يىلى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لىۋونىيە ئارام ئېلىش پۇرستىدىن پايدىلىنىپ، پولشا پادىشاھى قوشۇمچە لىتۋا باش كىنەزى سىگىسمۇند II بىلەن ئۇنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا پۈتۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش خەلقئارالىق خاراكتېرىگە ئىگە بولدى.

1560 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش پارتلىدى، رۇسىيە قوشۇنلىرى مارىنبۇرگنى ئىشغال قىلدى، 8 ـ ئايدا مۇھىم بازار ۋىلياندنى ئىشغال قىلىپ، رىتسارلار پولكىنى يوقاتتى. بۇ غەلىبە بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەھدىت سالدى، بىۋاستە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار پولشا، لىتۋا، شۋېتسىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر چاررۇسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى، تالاش ـ تارتىش ئۇرۇشى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدۇر.

1561 ـ يىلى ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى باشلاندى. بۇ چاغدا ياۋروپادىكى بىر نەچچە قۇدرەتلىك دۆلەت رۇسىيەنىڭ رەقىبىگە ئايلانغانىدى. ئالدى بىلەن، شۋېتسىيە لەشكەر تارتىپ ئېستونىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنى، جۈملىدىن تاللىننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لىۋونىيە يەنە پولشا، لىتۋالار بىلەن رىتسارلار پولكى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، غەربىي دۋىنا دەرياسىنىڭ شىمالىنى لىتۋاغا قوشۇۋېتىپ، غەربىي دۋىنا كىنەزلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش؛ غەربىي دۋىنا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا پولشا لىتۋانىڭ ۋاسسال ئېلى بولغان

كۇرلاند كىنەزلىكىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. لېكىن 1562 ـ يىلى، چارروسىيە لىتۋاغا ھۇجۇم قىلىپ، پايتەخت ۋىلنيۇسقا تەھدىت سالدى. 1579 ـ يىلى پولشا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ پىسكوۋنى مۇھاسىرىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۋېتسىيە شىمال تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1582 ـ يىلى روسىيە بىلەن پولشا 10 يىللىق ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى تۈزدى، ئىككىنچى يىلى شۋېتسىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ چېگراسى ئەسلىي ھالىتىدە ساقلاپ قېلىندى. لىۋونىيە ئۇرۇشى 25 يىل (1558 — 1583) داۋاملىشىپ، چارروسىيە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى قىسمەن زېمىندىن ئايرىلىپ قېلىپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

**روسىيە بىلەن ئۇكرائىنانىڭ بىرلىشىشى** 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇكرائىنا بىلەن بېلاروسىيە لىتۋا كىنەزلىكىگە تەۋە ئىدى. 1569 ـ يىلى پولشا ئاقسۆڭەكلىرى لوبلىندا ئېچىلغان پارلامېنت يىغىنىدا لىتۋا بىلەن پولشانىڭ بىرلەشكەنلىكىنى جاكارلىدى. بېلاروسىيە يەنىلا لىتۋاغا تەۋە بولدى، ئۇكرائىنانىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى پولشانىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. پولشا ھۆكۈمرانلىرى ئۇكرائىنا يېزا كوممۇنالىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، يانچىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە ئۇكرائىنلىقلارنى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى، بۇنداق مىللىي كەمسىتىش سىياسەتلىرى ئۇكرائىنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئۇكرائىنا خەلقى پولەك ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۈزۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1648 ـ يىلى ئۇكرائىنا خەلقى باي كازاك بوگدان خمېلنىسكى رەھبەرلىكىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ دىنېپىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردىن باشلىنىپ،

ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ئۇكرائىنانى قاپلىدى. 1648 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە پولشا قوشۇنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، قوماندانى ئەسىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا كىيېۋ شەھىرى قايتۇرۇۋېلىندى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، پولشا پادىشاھىنى ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىل مەمۇرىي رايون ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 1651 ـ يىلى پولشا ھۆكۈمرانلىرى زور قوشۇن توپلاپ ئۇكرائىنا خەلقىنى يەنە باستۇرۇشقا ئاتلاندى. خمېلنىسكى پولشاغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم قىرىم خانلىقىدىن ياردەم تىلىگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككى قېتىمدا قىرىم خانلىقى ساتقىنلىق قىلدى. پۆلەك ئاقسۆڭەكلەر قىرىم خانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كىيېۋنى يەنە بېسىۋالدى، ئۇكرائىناغا قارىتا كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇلاپ ـ تالاشنى يولغا قويدى، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئۇكرائىنلىقلارنى قىرىمغا قۇل قىلىشقا ئەۋەتىپ بەردى. خمېلنىسكى چار رۇسىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

1643 ـ يىلى چاررۇسىيە «ئۇكرائىنانى قوغداش ۋە قوللاش» نامىدا پولشاغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1654 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېچىلغان پېرېياسلاۋ يىغىنىدا، ئۇكرائىنانىڭ قىسمەن ئاقسۆڭەكلىرى ئۇكرائىنانىڭ رۇسىيەگە تەۋە بولۇشنى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى. 1667 ـ يىلى، چاررۇسىيە ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پولشا بىلەن 13 يېرىم يىللىق ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى (يەنى «ئاندرۇسوف ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى») تۈزدى. شەرتنامىدە بېلارۇسىيەنىڭ بىر قىسىم رايونى، سمولېنسكنىڭ ۋە دنېپىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئۇكرائىنانى چاررۇسىيەگە بۆلۈپ بېرىش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇكرائىنا قاتارلىق جايلار رۇسىيەگە قوشۇۋېتىلدى. ئۇكرائىنلىقلار بېلارۇسلار ۋە رۇسلار بىلەن بىرلىكتە چار

پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىدى.

**چارروسىيەنىڭ سىبىرىيەدىكى كېڭەيمىچىلىكى** چارروسىيەنىڭ سىبىرىيەگە قارىتا كېڭەيمىچىلىكى 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاندى. ئۇ ئەڭ بۇرۇن ۋولگا دەرياسى ۋادىسىنى يۇتۇۋېلىپ، روسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن چېگراداش بولغان قىرىم خانلىقى، نوغاي خانلىقى قاتارلىق بىر نەچچە تاتار خانلىقلىرىنى ئىستېلا قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى ۋە ئورال تېغىنىڭ غەربىدىكى بىپايان رايونلارنى كونترول قىلدى. ئىۋان IV ۋولگا دەرياسى ۋادىسىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، لىۋونىيە ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، داۋاملىق شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ، سىبىرىيەگە يۇرۇش قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. چارروسىيە سىبىرىيەنى قوشۇۋېلىشنى دەسلەپتە چوڭ پومېشچىك، قوشۇمچە تۇز سودىسى قىلىدىغان ستروگاننوف جەمەتىگە تاپشۇرغان، ئۇنىڭغا ياللانما قوشۇن تەشكىللەپ، سىبىرىيە زېمىنىنى دەريا بويلاپ ئاستا ـ ئاستا ئىشغال قىلىشقا ھوقۇق بەرگەنىدى. ئەينى چاغدا سىبىرىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۆۋەنرەك ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارروسىيە بىلەن رىقابەتلىشىدىغان كۈچلۈك قوشنا دۆلەت بولمىغاچقا، ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىكى تېز ئىلگىرىلىدى. 1555 ـ يىلى سىبىر خانلىقى (يەنى سىبىرىيە خانلىقى) چار پادىشاھقا ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1558 ـ يىلى ئىۋان IV كاما دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بىلەن تىسوۋ دەرياسى (كاما دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى) ۋادىسىدىن ئىبارەت روسىيەگە تەۋە بولمىغان زېمىننى ستروگاننوف جەمەتىگە «ئىنئام» قىلىپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر جايلاردا قورغان سېلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇش، يېرىنى كېڭەيتىش ۋە ئاھالىلەرنى باستۇرۇش جەھەتتە «تولۇق ھوقۇق» بەردى. 1574 ـ يىلى ئىۋان IV سىبىر خانلىقىغا لەشكەر تارتىپ، سىبىرىيەنىڭ مەركىزىي رايونىغا كىردى. 1579 ـ

يىلى ئاكا ـ ئۇكا ستروگاننوفلار يېرماك باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كازاكلارنى تەشكىللىدى. 1581 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېرماك 840 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەر (بۇنىڭ ئىچىدە 540 نەپەر كازاك بار ئىدى)نى يىغىپ، غەربىي سىبىرىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. سىبىرىيە خانلىقىنىڭ خانى كۈچۈمخان خەلق بىلەن بىرلىكتە رۇسىيەگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن سەككىز قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. پايتەخت ئىسكېر شەھىرى قولدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. يېرماك كېڭەيمىچىلىكتە «تۆھپە ياراتقان» لىقى ئۈچۈن، ئىۋان IV نىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئىۋان IV ئۇنىڭغا ئىككى قۇر ساۋۇت ـ دۇبۇلغا، بىر مېدال ۋە چار پادىشاھنىڭ سومكىسىنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنى «قەھرىمان» دەپ ماختىدى. 1583 ـ ۋە 1584 ـ يىللىرى، ئىۋان IV يېرماكقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم قوشۇن ئەۋەتتى. سىبىرىيە خەلقى پارتىزانلىق ئۇرۇشى تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، تاجاۋۇزچىلارغا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى، 1584 ـ يىلى كېچىلىك ھۇجۇمدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئەينى چاغدا رۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمەي قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەر قان بۇزۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا، يېرماكنىڭ ئاساسلىق كۈچى يوقىتىلدى. يېرماك كېمىگە سەكرەپ چۈشۈپ قاچماقچى بولغاندا، مۇدۇرۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئېرتىش دەرياسىغا چۆكۈپ ئۆلدى.

1586 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيە دەريا ئېقىنلىرىنى كونترول قىلىپ، قەدەمدە بىر ئىستىھكام قۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە سىبىرىيە خانلىقىغا ئىككى قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ تاجاۋۇز قىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن تۆمەن (1586 ـ يىلى)، توبولسك (1587 ـ يىلى) ۋە تارا قاتارلىق شەھەرلەرنى قۇرۇپ، ھەربىي بازا قىلدى. 1598 ـ يىلى كۈچۈمخان جەنۇبتىكى

ئوتلاقتا چىكىنىشكە مەجبۇر بولغاندا، دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سىبىرىيە خەلقى 17 يىل داۋاملاشتۇرغان چارروسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاخىر مەغلۇپ بولدى. چارروسىيە غەربىي سىبىرىيەنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك خەلقنى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. 1621 ـ يىلى نوۋگورود شەھىرىنىڭ ئالىي ماندىرىتى تخانخ پۇرىئانىنى توبولسكقا يۆتكەپ، سىبىرىيەنىڭ باش ئېپىسكوپلىقىغا تەيىنلىدى. روسىيە دىنىي جەمئىيىتى يېرماكنى «مىللىي قەھرىمان» دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا «مۇقەددەس» دېگەن ھۆرمەت نامنى ئاتا قىلدى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى توبولسك شەھىرىدە يېرماك ئۈچۈن 16 مېتىر ئېگىزلىكتە مەرمەردىن ياسالغان ئابىدە ئورناتتى.

چار پادىشاھ ئولپان ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە سىبىرىيەدە كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مويلۇق تېرىنى بولۇشىچە تالان ـ تاراج قىلدى، ئۇ روسىيە تاشقى سودىسىدىكى ئەڭ چوڭ تۈرگە ئايلاندى. 17 ـ ئەسىردە سىبىرىيەدىن بۇلاپ كېلىنگەن مويلۇق تېرىنىڭ قىممىتى ئەينى چاغدىكى چار پادىشاھ خەزىنىسى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. چار پادىشاھ سىبىرىيە خانلىقىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي سىبىرىيەدىكى كۆپ سانلىق ئاھالىلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۆز ئارا ئالاقىسىنىڭ ئازلىقىدىن پايدىلىنىپ، بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ داۋاملىق شەرققە تاجاۋۇز قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارروسىيە ھۆكۈمىتى يەنە ئاتالمىش «ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»، «دېڭىز ساياھەتچىسى» قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، «تەكشۈرۈش»، «ساياھەت قىلىش» قاتارلىق ناملاردا «جۇغراپىيەلىك بايقاشلار» نى ئېلىپ باردى، بارغانلا يېرىنى چارروسىيەنىڭ «تېررىتورىيەسى»گە كىرگۈزۈۋالدى.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چارروسىيەنىڭ بەزى «ئېكسپېدىتسىيە» ئەترەتلىرى ھەر قايسى دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ مېڭىپ، شەرقىي شىمالىي ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1601 ـ يىلى، كوندرات كۇروچكىن يېنىسېي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ يۇرۇپ دېڭىزغا كىرىپ، پياسىن دەرياسى ئېغىزى ئەتراپلىرىنى ئىشغال قىلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئۇ 40 نەپەر ھەمراھى بىلەن تۇرۇخانىسكىدىن يولغا چىقىپ، تۆۋەن تۇنگۇسكا دەرياسىنى ئايلاندى ھەمدە بۇرىيات يايلىقىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، يۇقىرى تۇنگۇسكا (ئانگارا) دەرياسىغا كەلدى، ئاندىن كېيىن يېنىسېي دەرياسى ئېغىزىدىن تۇرۇخانىسكىغا قايتىپ كەلدى.

1633 ـ يىلى ئىۋان لېبروف بىلەن ئىليا پىلفىلېق لېنا دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ يۇرۇپ شىمالىي مۇز ئوكيانىغا يېتىپ باردى، ئاندىن كېيىن دېڭىز ئارقىلىق يۇرۇپ يانا دەرياسى ئېغىزىغا يېتىپ باردى، ئۇلار 11 يىل ئىچىدە سىبىرىيەنىڭ غەربىدىكى خاتانگا دەرياسىدىن شەرقىدىكى كولىما دەرياسىغىچە، ھەر قايسى دەريالاردا تاكى سىبىرىيەنىڭ شىمالىدىكى دېڭىز قىرغىقىغىچە كېمە بىلەن يۇردى. 1644 ـ يىلى ئىسىي ئىگنا توۋچىيېۋ كولىما دەرياسى ئېغىزىدىن دېڭىز ئارقىلىق چاۋن قولتۇقىغا بېرىپ، كولىمادا قىشلايدىغان ئۇرۇن راسلىدى. كازاك سېميون دېيژنېۋ ۋە كارخانا غوجايىنى فىدوت پوپوف 1648 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە دېڭىز ئارقىلىق ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكى — چۇكوتسكىي يېرىم ئارىلىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز بوغۇزى (كېيىن بېرىن بوغۇزى دەپ ئاتالدى) دىن ئۆتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە ئاسىيادىكى مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن چارروسىيە ياكۇتسك قەلئەسى (1632 ـ يىلى)نى ياساپ ئاساسلىق تايانچ پونكىت قىلدى. 1581 ـ

يىلى يېرىماك تاجاۋۇز قىلغاندىن باشلاپ 60 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چاررۇسسىيە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئوخوتسك دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە (1639 ـ يىلى) يېتىپ بېرىپ، سىبىرىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى.

چاررۇسسىيەنىڭ كاۋكاز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى قوشۇۋېلىشى ئىۋان IV قازان خانلىقى، ئاستىراخان خانلىقىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، كاۋكازغا قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تېزلەتتى.

16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىران كاۋكازنى تالىشىپ كەسكىن جەڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ كاۋكازدىكى ئورۇنى يەرلىك خەلققە ئىغىر بالايىئاپەت بولدى. كاۋكاز خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇردى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چار پادىشاھ ئىۋان IV ئاستىراخان ئارقىلىق قارا دېڭىزغا بارىدىغان دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى ئارقىلىق كاۋكازغا قول تىقتى. 1557 ـ يىلى، چاررۇسسىيە شىمالىي كاۋكازنىڭ مەركىزى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن — سۇڭموك دەرياسى بىلەن تېرېك دەرياسى قوشۇلغان جايدا كازاك ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزدى، داللىيال تېغى ئۆتكىلىدىكى يول ئارقىلىق گرۇزىيەنى كۆزەتتى. 1560 ـ يىلى ئىۋان IV شىمالىي كاۋكازدىكى كاباداغا قاراشلىق كاخچى قەبىلىسىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىغا ياردەم بېرىش نامىدا، كابادارغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن چار پادىشاھنىڭ كاۋكازغا قارىتا 300 يىلغا سوزۇلغان كېڭەيمىچىلىك تارىخى باشلاندى.

ئىۋان IV دەۋرىدىلا چاررۇسسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغانىدى. 1573 ـ يىلى ئىۋان IV غەربىي سىبىرىيەنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن چېپىكوف

www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىپ، قازاق خانىنى چار پادىشاھقا ھەمكارلىشىپ سىبىرىيە خانلىقى (كۈچۈمخان)نى قىسماققا ئېلىشقا ئالداپ قىزىقتۇرماقچى بولغاندا، قازاق خانلىقىنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چارروسىيە سىبىرىيە خانلىقىنى يوقىتىپ، سىبىرىيەگە ئاھالە يۆتكىدى ھەمدە قازاقىستان چېگراسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تۆمەن، توبولسك ۋە تارا قاتارلىق قەلئەلەرنى سالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېگراسى قازاق يايلىقىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. 1595 ـ يىلى چار پادىشاھ يەنە ستېپانوف باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قازاق تېۋەككەل خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، «ئىختىيارىي بېقىنىش» قا مەجبۇرلاش ئۇيۇننى قايتا ئوينىدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، چار پادىشاھ ئۆز ئالدىغا قازاقلار روسىيەنىڭ «پۇقرالىرى» دېگەن ئالاھىدە پەرماننى تارقاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاتالمىش «تەۋەلىك» مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش كېتىپ كەتتى.

**چار روسىيەنىڭ جۇڭگونىڭ خېيلوڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا تاجاۋۇز قىلىشى** چارروسىيەنىڭ تەسىرى شەرقىي سىبىرىيەگە يېتىپ بارغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلار جۇڭگونىڭ ئىچكى دەرياسى خېيلوڭجياڭ ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، 1636 ـ يىلى روسىيە تاشقى ھىنگان تېغىنىڭ جەنۇبىدا خېيلوڭجياڭ دېگەن دەريانىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، چارروسىيەنىڭ يەرلىك تارىخىغا دائىر ھەر قانداق ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىدا مەزكۇر دەريا تىلغا ئېلىنمىغان. 1638 ـ يىلدىن 1642 ـ يىلىغىچە چارروسىيەلىك كازاك موسكۋىگىن، پىلفىلېيېف ۋە بەختىياروف قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېيلوڭجياڭ دەرياسىدا تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1643 ـ يىلى چارروسىيە جۇڭگودا

مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى ئالمىشىۋاتقان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياكۇتسكنىڭ قوماندانى گولوۋىن، كاتىپى پوياكوفنى قوشۇن باشلاپ خېيلۇڭجياڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى، مانا چار روسىيەنىڭ خېيلۇڭجياڭغا تۇنجى قېتىم قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشىدۇر.

پوياكوف 7 ـ ئايدا تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ، ياكۇتسكتىن ئاتلىنىپ، جۇڭگونىڭ جىڭچىلى دەرياسى ئەتراپىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1644 ـ يىلى چار پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ: «ئەگەر يېڭى زېمىنلاردا بەزىلەرنى بويسۇندۇرۇش تەس بولسا... ئۇ ھالدا ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بەزى يەرلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ» دېگەن. پوپاكوف ھەممىلا يەردە كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، خالىغىنىچە خورلاپ ئۆلتۈردى، ھەتتا ئادەم گۆشىنى يېدى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «كازاكلار 50 يات مىللەت ئادىمىنى يەۋەتكەن». خېيلۇڭجياڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۇلارنى «ئادەم يەيدىغان ئالۋاستىلار» دەپ ئاتىغان.

1649 ـــ 1650 ـ يىللىرى ۋە 1650 ـــ 1653 ـ يىللىرى چارروسىيە تۇز سودىگىرى، ئوغرى، بىردىنلا بېيىپ كەتكەن خاباروف باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇننى خېيلۇڭجياڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار 1650 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو داغۇرلىرى تۇرۇشلۇق ياكسا دېگەن جاينى بېسىۋالدى. خاباروف چار پادىشانىڭ «يىراقتا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى» بىلەن «بۇغدا خان» (يەنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى)غا تاپشۇرۇلىدىغان خەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ: ئەگەر چار پادىشاھقا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلساڭلار، قورال ئىشلىتىمىز، جۇڭگولۇق ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ بىرىنىمۇ قويماي «قىرىپ تاشلايمىز» دەپ جارسالدى. تاجاۋۇزچىلار ئايىغى يەتكەنلا يەردە قەلئە ـ قورغانلارنى

سالدۇردى، «ئولتۇراق رايونغا ئوت قويدى، ئاھالىلەرنى ئۆلتۈردى، ئەسىرلەرنى تۇتتى»①. 1651 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خاباروف داغۇرلارنىڭ ئىگۇدال شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بىر قېتىمدىلا جۇڭگولۇق 661 نەپەر ئەرنى ئۆلتۈردى، 243 نەپەر ئايال، 118 نەپەر بالىنى بۇلاپ كەتتى. نۇرغۇن قېرى ـ ئاجىز كىشىلەر ئوتقا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. 1652 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو ئارمىيەسى، خەلقى تۇنجى قېتىم بىرلىكتە چارروسىيەگە قارشى جەڭگە قاتناشتى، بۇ تارىختا ئۇزالا كەنتى ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. جۇڭگو ئارمىيەسى، خەلقى ئۇزۇكسىز كۈرەش قىلغانلىقتىن خاباروفنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى پەقەت خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ قىرغاقلىرىدىلا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرالىدى.

چارروسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ جوڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشتەك قانلىق زوراۋانلىقى ئېلىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ۋادىسىدىكى داغۇر، ئېۋىنكى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. جوڭگو ئارمىيەسى، خەلقى ۋەتەنىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ باردى، ئالايلۇق، 1654 ـ يىلىدىكى سۇڭخۇاجياڭ جېڭى، 1665 ـ يىلىدىكى خۇما دەرياسى ئېغىزى جېڭى، 1657 ـ يىلىدىكى شاڭجيەنۇۋخېي جېڭى قاتارلىقلار، بولۇپمۇ 1658 ـ يىلىدىكى سۇڭخۇاجياڭ ۋە كورخانجياڭ (مۇدەنجياڭ) دىن ئىبارەت ئىككى دەريا جېڭىدە باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى ستېپانوف ئۆلۈپ، جۇڭگو ئارمىيەسى، خەلقىنىڭ

① ئان. م پاتئىراتوۋا تۈزگەن «سوۋېت ئىتتىپاقى ئومۇمىي تارىخى»، 1 ـ توم، 254 ـ بەت، موسكۋا چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلار نەشرىياتى 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى. ئەسلىي كىتابتىكى تېما: «ئامۇ دەرياسى رايونىنى تالىشىش ئۇرۇ-شى»، ئاپتور «ئىلگىرى ئامۇ رايونىدىكى خەلقتىن باج ـ سېلىق يۈيۈمى ئالغۇچىلار جۇڭگولۇقلار...» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ مەزكۇر رايونىنىڭ چارروسىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

غەيرەت ـ شىجائىتى ئاشتى. شۇ يىلى بىر كازاك قوشۇنى ئېلىمىز چېگراسى ئىچىدە زور مۇزور نېلچىن قورغىنىنى سالدى ھەمدە ياكسا شەھىرىنى يەنە ئىشغال قىلىپ، ھەممىلا جايدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ رۇسىيە تەرەپ رەت قىلدى. 1660 ـ يىلىدىكى گۇفاتەن كەنتى جېڭى ۋە 1665 ـ يىلىدىكى باخەي جېڭى ئارقىلىق مۇستەملىكىچى قاراقچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، تاجاۋۇزچى قوشۇنلار قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ ياكوتسكقا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. 1685 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو ياكسا شەھىرىنى قايتۇرىۋالدى. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چېگرا سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە نائىلاج قوشۇلدى. جۇڭگو ـ رۇسىيە باراۋەر ئاساستا كېڭەشتى، 1689 ـ يىلى «نىبچۇ شەرتنامىسى» تۈزۈلدى. شەرتنامىدە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى بىلەن ئۇسسۇرى دەرياسى ۋادىسى، جۈملىدىن كۈيى ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب

# غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئوداللىق ئىمپېرىيەلەر

ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇس ـ قەبىلىلەر باش كۆتۈرۈپ چىقتى. پېرسىيە ئىمپېرىيەسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بۇ كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇس ـ قەبىلىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەرەب ئىمپېرىيەسى، سەلجۇق تۈرك دۆلىتى، ئىلىكخانىلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ۋە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. ئىران يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئارقىلىق 16 ـ ئەسىردە مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فېئودالىلىق ئىمپېرىيەلەر فېئودالىق جەمئىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قېلىش؛ ھەر قايسى دۆلەت فېئوداللىرى ئىسلام دىنىنى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى قىلىشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 1 ـ بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران

### 1. ئىراندىكى دەسلەپكى فېئودالىق جەمئىيەت

فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىش 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىدە

كۆتۈرۈلگەن مەزدەك قوزغىلىڭى روھانىي ۋە دەھرىي ئېسىلزادىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ، ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

مەزدەك قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەيقۇباد I نىڭ ئوغلى خۇسراۋ I (ۋىزانتىيەلىكلەر كوسلوئىس I دەپ ئاتىغان) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (531 ــ 579) دە، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.

ئالدى بىلەن يېڭى يەر تۈزۈمىنى يولغا قويدى. خۇسراۋ I مەزدەكچىلەر تارتىۋالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرىنى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش شەرتى ئاساسىدا ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ جەمەتى ئىگىدارلىقىدىكى يەر ۋە چوڭ زېمىندارلارنىڭ خۇسۇسىي يېرىدىن سىرت، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئىگىدارلىقىدىكى يەر بارلىققا كەلدى. يېزا كوممۇناسى ساقلاپ قېلىندى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭىدىن گۈللەنگەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە بېقىندى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باج ـ سېلىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن باج ۋە باج نورمىسىنى ئەمەلدارلار خالىغىنىچە بەلگىلەيتتى، بولۇپمۇ دانلىق زىرائەتلەر پىشقاندا، ئەمەلدار ئېلىشقا تېگىشلىك قىسمىنى ئېلىپ بولمىغۇچە ئورۇشقا بولمايتتى. خەلق ھەمىشە ھوسۇلنى يىغىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن زور زىيانغا ئۇچرايتتى. خۇسراۋ I بارلىق تېرىلغۇ يەرنى ئېنىقلاش، يەر بېجىنى يەرنىڭ كۆلىمى، تۇپراقنىڭ سۈپىتى، سۇغىرىش شارائىتى ۋە ھوسۇلنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن مۇقىملاشتۇرۇپ، بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئېلىش، باجغا ماددىي بۇيۇم ئەمەس، پۇل تاپشۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. بۇنىڭدىن سىرت، جان بېجىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، 20 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ سانىنى

ئېنىقلىندى. ئەمەلدارلار، روھانىيلار، ئەسكەرلەرنىڭ جان بېجى كەچۈرۈم قىلىندى، بىراق ئۇلار يەر بېجىنى تاپشۇرۇشنى شەرت ئىدى. باج ـ سېلىق ئىسلاھاتى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى بىلەن تېرىقچىلىق ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولدى ھەمدە ھۆكۈمەت باج كىرىمىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتتى.

خۇسراۋ يەنە ھەربىي ئىسلاھات ۋە مەمۇرىي ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئۇ دېھقانلارغا پىيادە ئەسكەرلەرنى تولۇقلاش ئالۋىنى سالدى ھەمدە ساۋۇتلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى قۇردى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، يۇمىلاق قالقان، شەمشەر، نەيزە، كامالەك قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتەتتى. ھەربىي ئىسلاھات ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلاپ، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتتى. خۇسراۋ I پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتنى تۆت رايونغا بۆلدى: بىرىنچىسى، غەربىي رايون، ئۇ مېسوپوتامىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى، يەنى ھازىرقى ئىراقتا تەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ ئىككىنچىسى، شەرقىي رايون، ئۇ خوراسان بىلەن كىرىماننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ ئۈچىنچىسى، شىمالىي رايون، ئۇ ئەرمىنىيە بىلەن ئەزەربەيجاننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ تۆتىنچىسى، جەنۇبىي رايون، ئۇ فارس بىلەن خۇجىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تۆت چوڭ رايوننىڭ ھەممىسىنى باش ۋالىيلار باشقۇرىدىغان، باش ۋالىيلار بىۋاسىتە پادىشاھ ئالدىدا مەسئۇل بولىدىغان بولغاچقا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى يەرلىكتە يولغا قويۇش ئاسانلاشتى.

يۇقىرىدىكى يەر تۈزۈمى ۋە باج ـ سېلىق ئىسلاھاتى، ھەربىي ئىسلاھات روشەن ھالدا فېئوداللىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىدە فېئوداللىق تۈزۈم ئورنىتىلدى.

**چەت ئەللەرگە قارشى ئۇرۇش ۋە ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇنقەرز**

بولۇشى 6 ـ ئەسىردە ساسانىيلار ئىمپېرىيەسى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن قارا دېڭىزدىكى سودا يولىنى تالىشىپ ئۇزۇنغىچە ئۇرۇش قىلدى.

540 ـ يىلى خۇسراۋ I ئۆزى قوشۇننى باشلاپ سۇرىيەنىڭ شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئانتىيوك شەھىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. يۇستىنىئان 6000 تەڭگە مۇھاپىزەتچى قىسمىنى ئانتىيوكقا ياردەمگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئىران قوشۇنىنىڭ هۇجۇمىنى توسۇيالمىدى، ئانتىيوك ئىران تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ئۇزۇل ـ كېسىل خانىۋەيران قىلىندى، ئاهالىلىرى تۇتقۇن قىلىنىپ ئىرانغا ئەۋەتىلدى.

541 ـ يىلى، خۇسراۋ I يەنە راچىكاغا هۇجۇم قىلىپ، پېترا قورۇلىنى ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى يىلى بېلسارىئوسنىڭ قوشۇنى ئىران قوشۇنلىرىنى ۋىزانتىيەنىڭ زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. 543 ـ يىلى ۋىزانتىيەنىڭ تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئىران تەۋەلىكىدىكى ئەرمىنىيەگە تاجاۋۇز قىلدى، ئىران تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قوشۇننى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

572 ـ يىلى ئىران يەمەنگە لەشكەر تارتىپ، ۋىزانتىيە قوللايدىغان ئېفىئوپىيە ئىشغالىيەتچىلىرىنى يەمەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، مەزكۇر زېمىننى تارتىۋېلىپ يەمەندىن ئەرەبىستاننىڭ غەربىي قىسمى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز ۋە سۇرىيەگە بارىدىغان مۇهىم سودا يولىنى كونترول قىلدى.

ئۇزاق داۋام قىلغان ئۇرۇش ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزىي هاكىمىيىتىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇردى. 589 ـ يىلى جەنۇبىي ئەزەربەيجاندا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ قوماندانى بەهرام ساۋېن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى، 590 ـ يىلى پادىشاھ هولمازىد IV (579 — 590)نى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى پادىشاھ بولدى. شاهزادە خۇسراۋ II (590 — 628)

ئەرمىنىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى ۋە ئىبىرىيە زېمىنىنىڭ يېرىمىنى بېرىش بەدىلىگە ۋىزانتىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، پادىشاھلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىران بىلەن ۋىزانتىيە 10 يىلدىن ئارتۇق تىنچ ئۆتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خۇسراۋ II ۋىزانتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلق چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىران ئىلگىرى ۋىزانتىيەگە بۆلۈپ بەرگەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى خۇسراۋ II ۋىزانتىيەگە قاراشلىق سىلىسىيە، ئانتىيوك، ئېدېسا، دەمەشق، ئېرۇسالېم ۋە مىسىرنى بېسىۋالدى.

622 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھېراكلىئۇس ئىران قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. 628 ـ يىلى ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى تەسفونغا قىستاپ كەلدى. بۇ چاغدا ساسانىيلار ئىمپېرىيەسى يەنە غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال چېگراسىدا ۋىزانتىيەنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ھەر قايسى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرمىسا بولمايتتى. پادىشاھ كەيقۇباد II ۋىزانتىيە بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىشغال قىلىنىۋالغان ۋىزانتىيە زېمىنىدىن ۋاز كەچتى، ئىران قوشۇنلىرى مىسىر، سۈرىيە ۋە ئەرمىنىيە قاتارلىق جايلاردىن چېكىنىپ چىقتى.

ساسانىيلار ئىمپېرىيەسى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئۇزۇنغىچە ئۇرۇش قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ زىيانغا ئۇچرىغان پەيتتە ئەرەب ئىمپېرىيەسى غەربىي ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 637 ـ يىلى ئەرەب قوشۇنى تەسفوننى ئىشغال قىلدى. 642 ـ يىلى نىھاۋان جېڭىدە ئىران پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئۆلدى ۋە يارىلاندى، پادىشاھ يەزدىگىرد III (632 ــ 651) ئوتتۇرا ئاسىياغا قاچتى، 651 ـ يىلى مەرۋى شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر تۈگمەندە

ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ساسانىيلار ئىمپېرىيەسى ھالاك بولدى.

## 2. ئىران خەلقىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى

7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىرانغا يات مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. باشتا ئەرەب دۆلىتى، كېيىن سەلجۇق تۈرك دۆلىتى، موڭغۇل ئىلىخان خانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئىران مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولغان 800 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئىران خەلقى يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇزاق كۈرەش قىلدى.

**ئەرەبلەر ۋە سەلجۇق تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى خەلق قوزغىلىڭى** 651 ـ يىلى ئەرەبلەر ئىراننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئىران خەلىپە دۆلىتىنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسىگە ئايلاندى. ئىران خەلقى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچرىدى، يالغۇز يەر بېجىغىلا ھوسۇلنىڭ ئىككىدىن بىر ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمى تاپشۇرۇلاتتى. دېھقانلار ئاممىسى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ۋەيران بولدى. ئېغىر باج ـ سېلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دېھقانلار بەس ـ بەستە چوڭ فېئوداللاردىن ھامىيلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن پاناھلىق تىلىدى. 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كوممۇنانىڭ ھۆر دېھقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى فېئوداللارنىڭ بېقىندى دېھقانلىرىغا ئايلىنىپ، ئىنتايىن ئازابلىق تۇرمۇش كەچۈردى.

ئىران خەلقى بىر قاتار كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلىپە باشچىلىقىدىكى ئەرەب فېئوداللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەبۇ مۇسلىم رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ ئۇمەۋىيلەر

www.uyghurkitap.com

خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىراننىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا كۆپ قېتىم خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەزەربەيجان ۋە غەربىي ئىران رايونىدا پارتلىغان بابەك قوزغىلىڭى توپتوغرا 21 يىل داۋاملىشىپ، ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى.

سەلجۇقلار غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مىلادىيە 1000 ـ يىلى ئەتراپىدا قەبىلە باشلىقى سەلجۇقنىڭ باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن پەيدىنپەي غەربكە كۆچتى، 1055 ـ يىلى باغدادنى ئىشغال قىلدى، 1071 ـ يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقتە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە بولغان غايەت زور فېئوداللىق ئىمپېرىيەنى قۇردى، ئىران يەنە بۇ ئىمپېرىيەنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى بولۇپ قالدى. سەلجۇق تۈركلىرى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى، ئىران خەلقى شىئە مەزھىپى بايرىقى ئاستىدا سەلجۇق ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلدى.

**ئىلىكخان خانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى خەلق قوزغىلىڭى** 1220 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئىران موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى. 1256 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇ ئىراننى ئىستېلا قىلدى. 1258 ـ يىلى ھىلاكۇ باغدادنى ئىشغال قىلىپ ئىلىكخان① خانلىقىنى قۇردى.

موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا خالىغىنىچە ئوت قويدى، قىرغىنچىلىق قىلدى، نۇرغۇن شەھەرلەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇردى، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ۋەيران قىلدى. ھىلاكۇ خانلىقى ئىرانغا

① «ئىلىكخان» ـ «ۋاسسال خان»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ نامنى موڭغۇل قاغانى ھىلاكۇغا ئىنئام قىلغان.

ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، كىشىنى چۆچۈتكۈدەك زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سالدى. بىر خىل باج ـ سېلىقنى بىر يىلدا نەچچە قېتىم ئالدى، باج سوممىسى تاپاۋەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. دېھقانلار باج تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ باشقا يۇرتلارغا قاچتى. ئىستېلا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىران خەلقى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەسىگە قارشى ئۇزۇكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئازادلىق كۈرشى جەريانىدا بىر مەزگىل مۇستەقىل سەربەدار دۆلىتى (1337 ــ 1381) نى قۇردى.

1337 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خۇراساندا كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار ھەربىي ئەمەلدار ئەبدۇن رازاقنىڭ رەھبەرلىكىدە باشتىن كەنتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار كەنتتە تۇرۇشلۇق موڭغۇل ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش قوراللىق كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. قوزغىلاڭچىلار مۇنداق دەپ قەسەم بەردى: «بىر توپ ياۋۇزلار خەلقىمىزنى ئەزمەكتە، ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. ئاللا پاناھ بولسا، بىز چوقۇم بۇ زالىملارنى يوقىتىمىز. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىساق، كاللىمىزنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا رازىمىزكى، ھەرگىز مۇستەبىتلەرنىڭ ئېزىشىگە قاراپ تۇرالمايمىز.» شۇڭا، قوزغىلاڭچىلار سەربەدار①لار دەپ ئاتالدى. كۈرەش قىلىش جەريانىدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېز كېڭەيدى، دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە شەھەردىكى نامراتلار بۇ قوشۇننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى شەكىللەندۈردى، چوڭ فېئوداللارنىڭ يېرىنى قوشۇۋېلىش تەھدىتىگە ئۇچرىغان كىچىك زېمىندارلارمۇ

① «سەربەدار»(sar – ba – dar) پارسچە سۆز بولۇپ، «كاللىسىنى دارغا ئېسىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ شوئارى قىلىپ، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن.

قوزغىلاڭغا قاتناشتى. شۇ يىلى قوزغىلاڭچىلار پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇراساننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەزى شەھەرلەرنى ئازاد قىلدى. سەبزاۋار شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ دۆلەت قۇردى. 1344 ـ يىلىغا كەلگەندە سەربەدار دۆلىتى تېررىتورىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 550 كىلومېتىرغا، كەڭلىكى تەخمىنەن 200 كىلومېتىرغا يەتتى.

1353 ـ يىلى ئىلىكخان توقا تېمور تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش نامىدا سەربەدارنىڭ سەردارلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، زىياپەتتە ئۇلارنى قولغا ئېلىش سۇيىقەستىنى تۈزدى، سەربەدارنىڭ سەردارلىرى ئالدىن قول سېلىپ كەيپى كۆتۈرۈلگەن ئىلىكخان ۋە قىسمەن موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلىكخان خانلىقى پارچىلىنىپ كەتتى، سەربەدار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيەسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

سەربەدار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىرانلىق كىچىك زېمىندارلار ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ ئىماملىرى ئىگىلىۋالغانىدى. دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كۈچى ناھايىتى زور بولغاچقا، ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچىلەرنىڭ تۇرلۇك چارە ـ تەدبىرلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئالايلۇق، دېھقانلار دۆلەتكە ھوسۇلنىڭ پەقەت ئوندىن ئۈچ قىسمىغا توغرا كېلىدىغان ماددىي بويۇم تاپشۇرغاندىن باشقا ھېچ نەرسە تاپشۇرمايتتى. ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچىلەر، ئەمەلدارلار ۋە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر قوي يۇڭى ياكى تۆگە يۇڭىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل كىيىم كىيەتتى؛ ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچىنىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى جامائەت تاماقى ئېتىلەتتى، خالىغان كىشى بېرىپ غىزالىناتتى. موڭغۇللارنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئازادلىق ھەرىكىتى تەرەققىي قىلىپ، دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە كۈندىلىك زۆرۈر ئىستېمال بويۇملىرىنى تەڭ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت



www.uyghurkitap.com

فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئايلاندى.

سەربەدارنىڭ ئەسكەرلىرى باتۇرلۇقى ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر. شائىر ئىبىن. ئى. ئەمىن ئۇلارنى مەدھىيىلەپ: «سەربەدارنىڭ يالمان ـ نەيزىسى ۋە ئۇرۇش كېيىمى ئالدىدا، ئىران زېمىنىدا چېدىر تىكىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بىرمۇ تۈرك چىقمايدۇ» دېگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرى سەربەدارنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ، شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەندتىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى گىلانغىچە يېتىپ باردى. سەربەدارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە فېئوداللارنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يېرىم ئەسىردەك داۋاملىشىپ، 1381 ـ يىلى تۆمۈر تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

تۆمۈر تۈركلەشكەن موڭغۇل ئاقسۆڭەك بولۇپ، 1370 ـ يىلى سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانىدى، كېيىن سەمەرقەندنى بازا قىلىپ ئۆزلۈكسىز سىرتقا كېڭەيدى. 1380 ـ يىلدىن 1393 ـ يىلغىچە تۆمۈر ئىراننىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. ئىران خەلقى تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قوزغىدى.

1441 ـ يىلى خۇجىستاندا كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارى شىئە مەزھىپى مۇرىتى سەئىد مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ مەھدىي (ئاللا تەرىپىدىن توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى) كېلىۋاتىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلدى ھەمدە ئۆزىنى مەھدىيدىن ئالدىن دېرەك بەرگۈچى، دەپ ئاتىدى. ئۇ دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە نامرات ئەرەب چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان 10 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا باشلامچىلىق قىلىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەنئەنىچى ئەربابلارنى ئۆلتۈردى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرىنى نۇرغۇن قېتىم تارمار قىلدى. قايتا ـ قايتا ئېلىشىش ئارقىلىق سەربەدارغا ئوخشايدىغان كىچىك دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قۇردى، بۇ دۆلەت 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

## 3. سافىيلار خانىدانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىران

سافىيلار خانىدانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي ئاساسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈزۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلەندى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارچىلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يەنىلا تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدە ئىدى؛ ئىراننىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئەزەربەيجان ئەتراپلىرى تۈركمەن كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر قۇرغان قارا قويۇنلۇ (قارا قوي) خانىدانلىقى (1378 ــ 1468) بىلەن ئاق قويۇنلۇ (ئاق قوي) خانىدانلىقى (1378 ــ 1502)دىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى خانىدانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئادابىل شەھىرىدىكى سافى جەمەتىمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىگە قاتناشتى. بۇ جەمەتنىڭ ئاساسچىسى سافى (1252 ـ 1334) 13 ـ ئەسىردە ئادابىلدا دىنىي ئۇيۇشما قۇرغان، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەزكۇر دىنىي ئۇيۇشمىنىڭ داھىيسى بولۇپ، شىئەلەر ئارىسىدا ئابرۇي قازانغانىدى. 1468 ـ يىلى، ئۇلار تۈرك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىدىن تەركىب تاپقان «قىزىل باشلىق»[1]لار دەپ ئاتالغان دىنىي قوغدىغۇچى قوراللىق

① «قىزىل باشلىق» پارىسچە «قىزىل ياغلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دىنىي قوغدىغۇچى قوراللىق قوشۇندىكى ھەممەيلەن بېشىغا 12 بۇرجەكلىك قىزىل ياغلىق چىگىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

كۈچلەرگە تايىنىپ، ئاق قويۇنلۇ خانىدانلىقى بىلەن بىرلىشىپ قارا قويۇنلۇ خانىدانلىقىنى يوقاتتى. 1494 ـ يىلى ئىسمائىل دىنىي ئۇيۇشمىنىڭ داھىيسى بولدى، 1499 ـ يىلى ئۇ قىزىل باشلىقلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ئاق قويۇنلۇ خانىدانلىقىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، 1501 ـ يىلى شىلۇر جېڭىدە ئاق قويۇنلۇ خانىدانلىقىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى مەغلۇپ قىلدى، 1502 ـ يىلى تەبرىزنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇنى پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنى شاھ قىلىپ تىكلەپ، سافىيلار خانىدانلىقىنى قۇردى. ئىسمائىل شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى كۈچلۈك دۈشمەنلىرى ـــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك خانلىقى بىلەن غەربتىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىراندىكى ئەنئەنىۋى تەسىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىئە مەزھىپىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلاپ، ئىدىيەنى شىئە مەزھىپى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن قەبىلىلەر بىلەن قارا قويۇنلۇ، ئاق قويۇنلۇدىن ئىبارەت ئىككى خانىدانلىقنىڭ ئامىىسىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا ئىسمائىل پۈتكۈل ئىران زېمىنىنى ئىستېلا قىلىشقا ھەمدە سىرتقا كېڭىيىشكە كۈچ چىقاردى، ئىراق، شەرق تەرەپتە ئۆزبېك خانلىقىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا، غەرب تەرەپتە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى 1514 ـ يىلى ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تەبرىزنى بىر مەھەل ئىشغال قىلدى. كېيىن ئىران بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئەرمىنىيە، كۇردىستان ۋە ئىران قاتارلىق جايلارنى تالىشىپ بىر ئۇزۇلۇپ، بىر داۋام قىلىپ بىر ئەسىر ئۇرۇش قىلدى.

**ئاباس I نىڭ ئىسلاھاتى** ئاباس I (1587 ـــ 1629) تەختتە ئولتۇرغاندا، ئىچكى جەھەتتە قىزىل باشلىق ئاقسۆڭەكلەر ئۆكتەملىك قىلىپ تەپرىقىچىلىك قىلىۋاتاتتى،

تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەر بىلەن غەرب مۇستەملىكىچى كۈچلىرى بېسىپ كىرىۋاتاتتى. دۆلەت كۈچىنى روناق تاپقۇزۇپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاببباس I بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.

(1) ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئىسلاھات. ئاببباس I نىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى ئىسلاھاتى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، قەبىلىلەر قوشۇنىنى ئازايتىش؛ ئىككىنچىسى، دائىملىق قوشۇن قۇرۇش. ئۇ قىزىلباش قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ ئەسكەر سانىنى 60 – 80 مىڭدىن 30 مىڭغا چۈشۈردى ھەمدە بەزى قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى ئىككى ياكى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا تۇرغۇزدى. ئۇ مۇنتىزىم دائىمىي قوشۇن قۇردى. 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، پادىشاھنىڭ 3000 كىشىلىك خاس ئەسكىرى گروزىن، چېركەس ۋە ئەرمەنلەردىن قوبۇل قىلىنغان ياشلاردىن تەركىب تاپتى؛ 500 زەمبىرەككە ئىگە 12 مىڭ كىشىلىك زەمبىرەكچى ئەسكەر تاغلىق رايونلاردىكى ياشلاردىن قوبۇل قىلىندى؛ 12 مىڭ كىشىلىك قارا مىلتىقلىق قوشۇن ئاساسەن ئىران دېھقانلىرىدىن تەشكىللەندى. مۇنتىزىم قوشۇننىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 37 مىڭ بولۇپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى مۇتلەق ئاڭلايتتى، ئۇلارنىڭ تەمىناتى خەزىنىدىن بېرىلەتتى. ئۇ قەبىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپلا قالماي، يەنە ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئىلغار قورال قارا مىلتىق ۋە زەمبىرەككە ئىگە قوشۇن ئىدى. ئاببباس I زامانىدا تەخمىنەن 120 مىڭ كىشىلىك ھەر خىل قوشۇن بولۇپ، مۇلازىملارنى قوشقاندا، ئومۇمىي ئادەم سانى 200 مىڭدىن 300 مىڭغىچە يېتەتتى.

(2) ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات. سافىيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە نۇرغۇن يەر تۈركمەن قەبىلىلىرى ئاقسۆڭەكلىرىگە سۆيۈرغال سۈپىتىدە ئىنئام

قىلىنغانىدى. بۇنداق ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان يەر ئىلىكخان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تۈركمەن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى بېقىش ۋە تەپرىقىچىلىك قىلىشىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىغا ئايلىنىپ، مەركەزنىڭ مالىيە كىرىمىگە مۇناسىپ ھالدا تەسىر يەتكۈزدى. ئاباس I ئەمەلدارلارنىڭ مائاش يېرى («تىئۇل») نى سۇيۇرغاللىق يەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. قەلەمدار ـ ئەمەلدارلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن مائاش يېرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايتتى. ئەمەلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن قايتۇرۇۋېلىناتتى ۋە بېرىلەتتى، مائاش يېرى ئالغانلارنىڭ پەقەت يەر بېجى ئېلىش ھوقۇقىلا بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاباس I ئىئانە قىلىش، سېتىۋېلىش ۋە مۇسادىرە قىلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن يەرنى پادىشاھ جەمەتىنىڭ يېرىگە ئايلاندۇردى. 1588 — 1606 ـ يىللىرى، ئىسفاھان، كاشان، كىرمان ۋە يەزدىنىڭ قىسمەن رايونلىرى، قازۋىن، قۇم، گىلان ۋە مازاندىراندىكى نۇرغۇن يەر تۈركمەن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن پادىشاھنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. بۇ يەرلەرنىڭ كىرىمى بىۋاستە پادىشاھقا تاپشۇرۇلۇپ، پادىشاھنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئاباس I بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇردى. سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى ئوڭشىدى ۋە يېڭىدىن ياسىدى، يەر بېجىنى تۆۋەنلەتتى، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇردى؛ گىلەمچىلىك كارخانىسى، يىپەك توقۇلمىلار كارخانىسى قۇرۇپ، مېتال ھۈنەر ـ سەنئەت مەكتىپى ئېچىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. خان جەمەتى ئۈستىخانىسىدىن 30 نەچچىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچىلار سانى تەخمىنەن 5000 نەپەر ئىدى، ئوتتۇرىچە ھەر بىر ئۈستىخانىغا 150 نەچچە نەپەردىن توغرا كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىرانلىق ئۈستىلاردىن باشقا، يەنە ئەرمىنىيەلىك ئىشچىلار ۋە ياۋروپالىق ئۈستىلار بار ئىدى.

ئاباس I يەنە 300 نەپەر جۇڭگولۇق فارفور بۇيۇملار ئۇستىسىنى ئائىلىسى بىلەن ئىرانغا كېلىپ ماكانلىشىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. خۇسۇسىي ئۇستىخانىلار كەسىپلەر بويىچە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇيۇشما باشلىقىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت كونترول قىلدى. كان ئېچىش، تۇز ئىشلەپچىقىرىش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قېزىش قاتارلىق مۇھىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارماقلىرىنى پادىشاھ جەمەتى مونوپول قىلدى. گىلەمچىلىك دۆلەت سانائىتى ئورنىغا كۆتۈرۈلدى. توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، كۆن ياكى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە ساپال ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى. سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يوللارنى ياساش، ئوڭشاشقا مەسئۇل ئەمەلدار تەيىنلەندى، ئوغرى ـ قاراقچىلار جازالاندى؛ مەخسۇس بازار باشقۇرىدىغان ئەمەلدار تەيىنلەندى، ئۈستى يېپىق بازار سېلىنىپ، بازارلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. تاشقى سودىدا مەشۇت ئاساسلىق تاۋار بولۇپ، ئۇ پادىشاھ جەمەتى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىپ، ياۋروپا، تۈركىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلدى. پايتەختتە دائىمىي تۇرۇشلۇق تۇرغۇن چەت ئەللىك سودىگەرلەر، جۈملىدىن ھىندىلار، جۇڭگولۇقلار، تۈركلەر، رۇسلار، ئىنگلىزلار، گوللاندلار، فىرانسۇزلار، ئىتالىيانلار ۋە ئىسپانلار بار ئىدى. ئاباس I زامانىدا تۇرغۇن پوچتا يوللىرى ياسالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن مازاندىرانغا بارىدىغان چوڭ يول بەك كەڭ ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 270 كىلومېتىرغا يېتەتتى، بۇ پوچتا يولىنىڭ ئىزىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

(3) مەمۇرىي جەھەتتىكى ئىسلاھات. ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاباس I مەركىزىي ۋە يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى.

مەركەزدە پادىشاھ بېكىتكەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن

ئىسلام دىنى ئىماملىرىدىن تەركىب تاپقان ئالىي كېڭەش تەسىس قىلىندى. ئالىي كېڭەش ئەزالىرى پادىشاھقا مۇتلەق بويسۇناتتى، ئوردىدىن كېتىشكە ياكى قوشۇمچە يەرلىك ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بولمايتتى. ئۇلار دۆلەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پادىشاھقا مەسلىھەت بېرەتتى. نائىب («ۋەكىل») لىق ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باش ۋەزىرنىڭ ئورنى ئۆستۈرۈلدى، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرنى، جۈملىدىن مالىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل قىلىندى. «پادىشاھ جەمەتى ئۈستىخانىسىنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدار» تەسىس قىلىندى، ئارقا ئوردا ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان ئىچكى دىۋان مەسئۇل بولدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىر باش قوماندان تەيىنلەندى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئەسلىدىكى قەبىلىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى ۋە يېڭى قۇرۇلغان مۇنتىزىم قوشۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ۋە قارا مىلتىقلىق قوشۇن قوماندانى بار ئىدى.

يەرلىكتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرىنى پادىشاھ يەرلىك چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن تاللاپ تەيىنلەيتتى، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولاتتى؛ پادىشاھ يەنە باش ۋالىينىڭ پائالىيىتىنى نازارەت قىلىدىغان ئورۇنباسار باش ۋالىي ئەۋەتەتتى، ئورۇنباسار باش ۋالىي باش ۋالىينىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولماستىن، بىۋاسىتە پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلاتتى. ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ شەھەر باشلىقلىرىنى پادىشاھ ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى، ئۇلار پەقەت پادىشاھقىلا مەسئۇل بولاتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ پادىشاھ ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى.

مەمۇرىي ئىسلاھات جەريانىدا، ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ ئابرۇي

www.uyghurkitap.com

قازانغان تۈركمەن ئاقسۆڭەكلىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىندى ۋە چەت ـ ياقا رايونلاردىكى بېقىندى دۆلەتلەر قوشۇۋېلىندى، شۇ ئارقىلىق تەپرىقىچى كۈچلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىلدى.

(4) دىن، دىپلوماتىيە، پايتەختنى كۆچۈرۈش جەھەتلەردىمۇ ئاببباس I زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

دىن جەھەتتە، ئاببباس I شىئە مەزھىپى ئىدىيەسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ، شىئە مەزھىپىگە زور كۈچ بىلەن يار ـ يۆلەك بولدى. بىراق، ئۇ دىندا كەڭ قوللۇق سىياسەتنى يولغا قويدى، چەت چېگرا رايونلاردىكى سۈننىي مەزھەپدىكىلەرگە كەڭ قورساقلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرمەنلەرنىڭ خىرىستىيان دىنىنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا، غەربىي ياۋروپالىق سودىگەرلەرنىڭ ئىراندا چېركاۋ ۋە موناستىرلارنى سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كاتولىك دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويدى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە قارشى تۇرۇشتا ئىتتىپاقداش تېپىش ۋە تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاببباس I دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى كۈچەيتتى، 1599 ـ يىلى ۋە 1608 ـ يىلى ياۋروپاغا ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچىلەر رۇسىيە، پولشا، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيەلەرگىچە باردى.

سافىيلار خانىدانلىقى قۇرۇلغاندا، تەبرىزنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئوسمان تۈركلىرى قوشۇنى نەچچە قېتىم تەبرىزنى ئىشغال قىلغانلىقتىن، پايتەخت 1548 ـ يىلى قازۋىنغا يۆتكەلگەنىدى. 1598 ـ يىلى ئاببباس I پايتەختنى ئىسفاھانغا يۆتكىدى. ئىسفاھان ئىراننىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان، تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتىشىدىغان سودا يوللىرى كېسىشكەن، يېرى مۇنبەت، سۇ مەنبەسى بىر قەدەر ياخشى جاي بولۇپ، ئىلگىرى بۇۋەيشلار بىلەن سەلجۇقلارنىڭ پايتەختى بولغان مەشھۇر تارىخىي شەھەر ئىدى. ئاببباس I پايتەختنى ئىسفاھانغا

يۆتكەشتە ھەربىي ئىشلارنى نەزەردە تۇتقانىدى: بۇ جاي بىر تەرەپتىن شەرقىي شىمالدىكى ئۆزبېكلەرگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا قولايلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە يىراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى؛ پورتۇگالار ئىگىلىۋالغان ھورموز ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، پېرسىيە قولتۇقىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىشكىمۇ پايدىلىق ئىدى.

بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئارقىلىق، سافىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئىران پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى كۈچەيدى، دۆلەت بىرلىككە كەلدى، ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلدى، ھەربىي كۈچ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. 1597 ـ يىلى ھېرات جېڭىدە ئاببا‌س I ئۆزبېك قوشۇنىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئىشغال قىلىنىۋېلىنغىنىغا 10 يىل بولغان ھېرات رايونى بىلەن خوراساننىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ قەندىھارنى تارتىۋالدى. 1603 ـ يىلى، ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، گرۇزىيە، ئەزەربەيجان، كۇردىستان، دىيابەكرى، موسۇل ۋە باغداد قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. 1622 ـ يىلى ئەنگلىيە ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا پورتۇگالار ئىشغال قىلىۋالغان ھورموز ئارىلىنى قايتۇرۇۋالدى. سافىيلار خانىدانلىقى دۆلىتىنىڭ كۈچى گۈللەپ ياشناپ، غەربىي ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. ئاببا‌س I مۇ مۇدھىيەلىنىپ ئىمپېراتور ئاببا‌س دەپ ئاتالدى.

**16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىراندا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭى** 16 ـ ئەسىردە مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىران دېھقانلىرى فېئوداللىق بېقىندى ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. پادىشاھلىق يەر (خاس)، مەسچىت يېرى (ۋەخپە)، سۇيۇرغاللىق يەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مائاش يېرى (تىئۇل) دە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئۆلۈشلۈك يەر ئىجارىسى

بويىچە، يەنى ھوسۇلنى يەر، سۇ، ئات ـ ئۇلاغ، ئۇرۇق، ئادەم كۈچىدىن ئىبارەت بەش ئۇلۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. چۈنكى كۆپ سانلىق دېھقانلار يۇقىرىدىكى شەرتلەرنىڭ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر شەرتىنى ھازىرلىغان بولغاچقا، ئادەتتە نامرات دېھقانلار ھوسۇلنىڭ بەشتىن بىرىگىلا ئېرىشەلەيتتى. بۇنىڭدىن سىرت، دېھقانلار يەنە دۆلەتكە ۋە فېئوداللارغا ھەر خىل باج ـ خىراجلارنى تاپشۇراتتى. ھەر خىل ئالۋان ـ ھاشارلارنى ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. دېھقانلار ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1571 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدە ۋابا كېسىلى تارقالدى، گىلاندا دېھقانلار بىلەن شەھەر نامراتلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى.

1573 ـ يىلى تەبرىزدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن شەھەر نامراتلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئاخۇنلارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ شەھەرنى ئىككى يىلغىچە ئىگىلىۋالدى.

1616 ـ يىلىدىن 1625 ـ يىلىغىچە ئەرمىنىيە ۋە ئەزەر ـ بەيجاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى ئىشان مېھرۇ بابا ئىدى. ئۇ، خەلقنى ساختا ۋە چىرىك ئىشان ـ موللىلارغا ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك ئىئانە قىلماسلىققا چاقىرىپ، ئىپتىدائىي خىرىستىيان دىنىدىكى باراۋەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. قوزغىلاڭ گانزاباھتىن ئېرىۋىنغا كېڭەيدى، ئېرىۋىن جېڭىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. مېھرۇ بابا غەربىي ئەرمىنىيەدە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى.

1629 ـ يىلى گىلان رايونىدا كۆلىمى تېخىمۇ زور بولغان قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭ يىپەكچىلىك مەركەزلەشكەن جاي لاخىجان بىلەن رەشتىنى مەركەز قىلغانىدى. سافىيلار خاندانلىقىنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرى يىپەكچى دېھقانلار

قوزغىلىڭنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە دېھقانلاردىن باشقا، يەنە قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە شەھەر نامراتلىرى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇ ـ جايلىرىنى ئىگىلەپ، مۈلۈكلىرىنى نامراتلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. رەشتتە قوزغىلاڭچىلار پادىشاھنىڭ ئىسكىلاتىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى مەشۇتلارنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇ مەشۇتلار باج ئېلىش نامىدا دېھقانلاردىن زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىنغانىدى. ئېنىق پروگراممىسى بولمىغانلىقى ۋە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن، پادىشاھ قوزغىلاڭنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارى ئادىل شاھنى ئىران پادىشاھى ئۆز قولى بىلەن ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا قاتتىق زەربە بەردى، شۇنىڭدىن باشلاپ سافىيلار خاندانلىقى بارا ـ بارا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

## 4. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران مەدەنىيىتى

ئىران خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى مول ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىران ئەدەبىيات، تارىخشۇناسلىق ۋە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆزىگە خاس ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

**ئەدەبىيات ۋە تارىخشۇناسلىق** ساسانىيلار زامانىدا، ئوردىدا سالنامىچى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پادىشاھلارغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردىن خاتىرە قالدۇرۇلاتتى، بۇ جۇڭگونىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەسكەرتمىسىگە ئوخشاپ قالاتتى. ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزدىگېرد تەختتە ئولتۇرغان دەۋر (632 ــ 637 ــ 651) دە، پەھلىۋى تىلى (ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى) دا «شاھنامە» ناملىق تارىخىي داستان

تۈزۈلدى. بۇ ئاغزاكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ساسانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر بايان قىلىنغان. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىدىكى ئىران تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ تارىخىي داستاننى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىبنى مۇكفا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى (957 ـــ 958) دا تۇسنىڭ باش ۋالىيسى ئابدۇرازاق لاربي تۆت نەپەر زارا ئاستېر دىنى مۇرىتىغا ئۇنى پارس تىلىدا يېزىپ چىقىشقا ئەمىر قىلغان، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى نۇسخىسى بىلەن پارسچە نەسرىي نۇسخىسى يوقالغان، پەقەت كېيىنكى ئەرەبچە ئەسەرلەردىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلگىلى بولىدۇ. بۇ تارىخىي داستاننىڭ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان ئىككى خىل نۇسخىسى، يەنى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان تارىخشۇناس تەبەرىي (839 ـــ 923)نىڭ ئەرەبچە نەسرىي نۇسخىسى «پەيغەمبەرلەر ۋە شاھلار يىلنامىسى» بىلەن 10 ـ ۋە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىرانلىق بۈيۈك شائىر فىردەۋسى (تەخمىنەن 940 ـــ 1020)نىڭ پارسچە داستانى «شاھنامە» ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئىككى كىتاب «شاھنامە» نى ئاساس قىلىپ يېزىلغان، ئۇنىڭدىن سىرت نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى قوبۇل قىلغان.

فىردەۋسى خۇراسان ئۆلكىسىدىكى تۇس شەھىرىنىڭ باراك رايونى (ھازىرقى ماشخاد شەھىرىنىڭ شىمالىي رايونى) دا تۇغۇلغان. ئۇ 994 ـ يىلى «شاھنامە»نىڭ دەسلەپكى قوليازمىسىنى يېزىپ تاماملاپ، مىلادىيە 1010 ـ يىلى ئاخىرقى نۇسخىسىنى پۈتكەن. «شاھنامە» 120 مىڭ مىسرا (ھازىر 100 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا ساقلىنىپ قالغان) لىق تارىخىي داستان. پۈتكۈل ئەسەردە شائىرنىڭ فېئوداللىق ئورتودوكس خانىدانلىق ئىدىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئاقسۆڭەك، چەۋەندازلار ئەخلاقى،

ئاقسۆڭەكلەردىن قەھرىمانلار چىقىدۇ، ئېسىل ئائىلىدىن قابىلىيەتلىك ئادەم چىقىدۇ دېگەندەك فېئوداللىق دەرىجە كۆز قارىشى تەرغىب قىلىنغان. ئەمما مەزكۇر ئەسەردە زوراۋانلىق ۋە ئىستىبداتلىق ئۆتكۈر تەنقىد قىلىنغان ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ياۋۇزلارچە تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇرۇلغان. فىردەۋسى قوزغىلاڭچى تۆمۈرچى گېۋكا ۋە پەشتامبىلىدىن ياسالغان بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقنى مۇستەبىت پادىشاھ — «يىلان شاھ»قا قارشى چىقىشقا چاقىرىدۇ، چۈنكى «يىلان شاھ» ئەل ئىچىگە جىنايەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، بالا - قازا ئېلىپ كەلگەن. ئۇ يەنە ئىران خەلق قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى مەزداكنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ كىتاب دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئۆمەر ھەييام (1048 — 1123) بۈيۈك شائىر، ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم. ئۇ «رۇبائىيلار» ناملىق ئەسىرىدە قىيامەتنى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىنكار قىلىپ، ساختىپەزلىكنى ئەيىبلىگەن. «رۇبائىيلار»نىڭ شېئىرىي شەكلى تۆت مىسرالىق بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالار قاپىيىداش كېلىدۇ، ئۈچىنچى مىسرا ئاساسەن قاپىيىداش ئەمەس، ئېلىمىزنىڭ جۆجۈي شېئىرىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولۇش بىلەن بىللە، ئاسترونومىيەدىمۇ تۆھپىسى زور. ئۇ 1079 - يىلى پارس كالېندارىنى ئۆزگەرتىپ، جالال كالېندارىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ كالېندار ھازىر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان گرېگورى كالېندارىدىنمۇ توغرا.

ئىلىخان خانلىقى دەۋرى (1256 — 1353) دە، ئىران تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئەڭ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، بەزى مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئەڭ دەسلەپتىكىسى جۇۋەينى (1226 — 1283) يازغان «تارىخى جاھان

كۇشاي» (دۇنيا ئىستېلاچىلىرى تارىخى) ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىك تارىخى چىڭگىز خاندىن باشلىنىپ، ھىلاكۇنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئاسمۇت قەلئەسىنى ئالغۇچە بولغان دەۋردىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا ئىبنى پەزلۇللا (قازانخان دەۋرىدە ياشىغان ئادەم) نىڭ «ۋاسسافنامە» دەپ شۆھرەت قازانغان «زېمىن بۆلۈنۈش ۋە دۇنيانىڭ سىلجىشى» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇللارنىڭ 1257 ـ يىلىدىن 1327 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخى، ئىران تارىخى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخى قوشۇمچە بايان قىلىنغان. قازانخاننىڭ باش ۋەزىرى راشىددىن (1247 — 1318) يازغان «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسەر تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ئۈچ جىلدلىق بۇ ئەسەر ئۇنىۋېرسال دۇنيا تارىخى بولۇپ، بىرىنچى جىلدتا، تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىگە دائىر رىۋايەتلەردىن تارتىپ چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى جىلدتا، ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، جۈملىدىن شەرقتىكى جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ، غەربتىكى فرانك بىلەن پاپا ئوردىسىنىڭ تارىخى ئومۇميۈزلۈك بايان قىلىنغان؛ ئۈچىنچى، جىلد ھەرقايسى جايلارنىڭ تەزكىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قوليازما نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلمىغان، بەلكىم زادىلا يېزىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. راشىددىن بۇ بۈيۈك ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، جۇڭگو توغرۇلۇق توختالغان قىسمىدا يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلانغان؛ غەربىي ياۋروپا تارىخى قىسمىدا، ئۇ ۋېنېتسىيەلىك سودىگەرلەر ئارقىلىق نۇرغۇن لاتىنچە قوليازمىلارنى تاپقان. ئۇ ھەرقايسى ئەللەر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىلىمى ۋە ئەمگەك مېۋىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى چوڭ، مەزمۇنى

مول بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئىراندا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئىراندا يەنە بەزى مەشھۇر شائىر ۋە ئاپتورلار ئۆتكەن. سەئىدى (تەخمىنەن 1203 ـــ 1293) 13 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئەدىب. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. ئۇ ئاسىيا، ئافرىقىدىكى مىسىر، ئېفىئوپىيە، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئىلىمىزنىڭ قەشقەر قاتارلىق رايونلارغا بارغان. سەئىدى ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر ـ داستانلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى نەسرىي ھېكايە توپلىمى «بوستان» ۋە «گۈلىستان» دۇر، «گۇلىستان» جەمئىي سەككىز جىلدلىق بولۇپ، ئاپتورنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر جىلد بىر قانچە نەسرىي ھېكايىدىن تەركىب تاپقان، ئارىسىغا شېئىر شەكلىدە بايان قىلىنغان ئىبرەتلىك سۆزلەر قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ مەركىزى ھېكايىنى بايان قىلىشتىكى مۇددىئاسى شەرھلەنگەن. ئۇ ئەسىرىگە خەلق فولكلورىنىڭ جەۋھەرلىرىنى كىرگۈزۈپ، 13 ـ ئەسىردىكى ئىران ۋە شەرق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ئىشان ـ موللىلارنىڭ ساختىپەزلىكىنى پاش قىلغان، ھەقىقەتكە، ئادالەتكە ۋە بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىزار بولۇۋاتقان خەلقنى مەدھىيىلىگەن. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىشنى تەرغىب قىلىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ماسلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ ئەسەر يالغۇز ئىران ئەدەبىياتىدىلا ئەتىۋارلىنىپ قالماستىن، يەنە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر مىراسلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شائىر ۋە ساتىرىك يازغۇچى زاكانىي (تەخمىنەن 1270 ـــ 1370) ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا

جەڭ ئېلان قىلغان. «ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىرىك ئادەت ـ يوسۇنلىرى ۋە پارازىتلىق تۇرمۇشىنى، ئىشان ـ موللىلارنىڭ ساختا تەلىماتلىرى بىلەن تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇقلۇقىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ئۇ كىنايە قىلىپ مۇنداق تەكىتلىگەن: «كاسىپ كەم بولسا بولمايدىغان ئادەمدۇر؛ سودىگەر بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ؛ يەھۇدىيلار ئېزىلگۈچىلەردۇر؛ ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ موللا ـ ئىشانلىرى، جەمئىيەتتىكى مەشھۇر شەخسلەر، قەلەندەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە جانلىقلاردۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىگرىس دەرياسىغا تاشلىۋېتىش كېرەك.»، ئۇنىڭ مەشھۇر مەسەل شېئىرىدا چاشقاننىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كۆرەڭلىشى بىلەن مۈشۈكنىڭ ئاچ كۆز، شەپقەتسىزلىكى ۋە ساختا مېھرىبانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ، مانا بۇ مېنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرۇپ كېتىدىغان «خاتىرە بۇيۇمۇم» دېگەن.

ئىراننىڭ 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردىكى ئەدەبىيات ساھەسىنى ئەڭ نامراتلاشقان دېيىشكە بولىدۇ. سافىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسەبىي ئىلاھىيەتشۇناسلارغا تايىنىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلغانلىقتىن، ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىگە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. ئىرانلىق شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى موغۇل ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ دېھلىغا كەتتى. ئىراندا قالغان شائىرلار پادىشاھنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىشان ـ موللىلارغىلا مەدھىيە ئوقۇدى. ئىشان ـ موللىلار خۇراپاتلىق، نادانلىق ئارقىلىق ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويدى.

**سەنئەت** ئىران گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ساسانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسى

گۈمبەزسىمان، ئەگمە ئىشىكلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئىمارەتلەرنى ھەر خىل سىزما نۇسخا ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ نۇسخىسىنى قاپارتما نەقىش چىقىرىپ بېزەش كەڭ قوللىنىلغانىدى. ئويمىچىلىق جەھەتتە ساسانىيلار خانىدانلىقىدا قىيا تاشلارغا قاپارتما نەقىشلەر ئارقىلىق پادىشاھلارنىڭ جەڭ قىلىۋاتقان، زەپەر قۇچقان، بۇيرۇق بېرىۋاتقان ۋە شىكار قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلغان خاتىرە ئابىدىسىدۇر. ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە، ئالايلۇق، ئىنچىكە مېتالچىلىق، گىلەمچىلىك، يىپەك توقۇلما قاتارلىقلاردا ساسانىيلار خانىدانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئىراندا رەسساملىق سەنئىتى ئىلىكخانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە يۈكسەك سەۋىيىگە يەتتى. جۇڭگونىڭ رەسساملىق سەنئىتى ئىراننىڭ رەسساملىق سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى؛ قەلەم ئىشلىتىش، رەڭ تاللاشتىن تارتىپ، شەيئىلەرنىڭ شەكلى (ئالايلۇق، تاغ - تاش، ئېقىن، بۇلۇت قاتارلىقلار) نى سۈرەتلەشكىچە جۇڭگوچە سىزىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە ئىراندا ئەزەلدىن بار بولغان بېزەش مايىللىقى بىلەن بىر لەشتۈرۈپ، شەرق، غەرب رەسساملىقى ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئىراننىڭ ئۆزىگە خاس رەسساملىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. بۇنداق رەسساملىق سەنئىتى ئاساسەن مەشھۇر ئەسەرلەر (ئالايلۇق، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «شاھنامە» ۋە «جامىئۇل تەۋارىخ») نىڭ قىستۇرما رەسىملىرىدە قوللىنىلدى، كىشىلەر بۇنداق رەسىملەرنى نەپىس رەسىملەر دەپ ئاتىدى. مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ قولىيازمىسىدا ھۆسنخەتكە ئەھمىيەت بېرىلەتتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتە جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېيىشكە بولىدۇ.

سافىيلار خانىدانلىقىنىڭ سەنئەت مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسلىق بىناكارلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھويلا - ئارامىلىرى

بىلەن مەسچىتلەر ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسىلاتتى. ئاببас I ئىمارەت سېلىشقا ئەڭ قىزىقاتتى. ئۇ ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن، ھىندىستان ۋە جۇڭگولاردىنمۇ بىناكارلىق ئۇستىلىرى، سەنئەتكار، كاسىپلارنى يىغىپ كېلىپ، پايتەخت ئىسفاھاننى بېزىگەندى. ئۇ ئىسفاھاننىڭ شەھەر مەركىزىدىكى پادىشاھ جەمەتى مەيدانى ئەتراپىدىكى پادىشاھ جەمەتى مەسچىتى، لۇتفۇللا مەسچىتى، ئەلى كاپۇر («چوڭ») ئوردىسى، قىرىق تۈۋرۈكلۈك قەسىر قاتارلىق كۆركەم، ھەشەمەتلىك بىنالارنى ئۆزى لايىھەلەپ سالدۇرغانىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ ، 70 ـ يىللىرىدا فىرانسۇز جون سېرداڭ ئىسفاھاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئىسفاھاننى تەرىپلەپ، بىنالىرى كۆپ ھەم چىرايلىق، «شەرقتىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر» دېيىشكە مۇناسىپ، دېگەن.

## 2 ـ بۆلۈم ئەرەب ئىمپېرىيەسى

### 1. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە مەدىنە ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئەرەب ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كۆلىمى 3 مىليون 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان ئەرەب يېرىم ئارىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىم ئارالدۇر. ئۇ بىر پارچە قۇرغاق ئېگىزلىك بولۇپ، كۆپ قىسمى قۇملۇق ۋە ئوتلاق، پەقەت ئازراقلا بوستانلىق دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كېلىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغلار دېڭىز شامىلىنى توسۇۋالغاچقا، ئىچكىرى جايلىرىنىڭ كىلىماتى ھەم قۇرغاق، ھەم ئىنتايىن ئىسسىق.

ئەرەب يېرىم ئارىلى — ئەرەبلەرنىڭ يۇرتى. 6 ـ ئەسىر بىلەن 7 ـ ئەسىر ئالماشقان ۋاقىتتا، يېرىم ئارالدىكى كۆپ سانلىق ئاھالىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، بەدەۋىيلەر (ئوتلاق چارۋىچىلىرى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. ئۇلار تۆگە ۋە ئات، قوي بېقىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرەتتى. بوستانلىقلاردىكى ئاز سانلىق دېھقانلار ئارپا، بۇغداي ۋە خورما ئۆستۈرەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئاز ساندىكى قول ھۈنەرۋەن ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر بار ئىدى. تۆگە بىلەن خورما ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. تۆگە چۆل كېمىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ گۆشى بىلەن سۈتىنى ئىستېمال قىلىشقا، تېرىسى بىلەن يۇڭىدىن كىيىم ـ كېچەك تىكىش ۋە چېدىر ياساشقا بولاتتى. خورما ئەرەبلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنى ئېزىپ قوتۇرماچ ئەتكىلى، يەنە تۆگىنىڭ يېمى قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تۆگە بىلەن خورما دەرىخى ئەرەب يېرىم ئارىلى مەنزىرىسىنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

يېرىم ئارالنىڭ غەربى بىلەن قىزىل دېڭىزغا پاراللېل كېلىدىغان، ھىجاز دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇزۇن، تار بەلباغ بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان بىر مۇھىم سودا يولى ئىدى. شەرقنىڭ تاۋارلىرى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق يەمەنگە يەتكۈزۈلەتتى، ئاندىن تۆگە كارۋىنىدا ھىجاز ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، ئاخىرىدا ياۋروپاغا ئاپىرىلاتتى. سودا كارۋىنىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەڭ چوڭ سودا كارۋىنىدا بىرەر ـ ئىككى مىڭ تۆگە بولاتتى. ئۇلار توشۇيدىغان بۇيۇملار ئىچىدە جۇڭگونىڭ يىپەكى، ئافرىقىنىڭ پىل چىشى ۋە ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى بار ئىدى. سودا كارۋانلىرىنىڭ سەپەردىكى بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مۇھاپىزەتچىلەر ياللانغان بولغاچقا، ئۇلار تىپىك قوراللىق سودا كارۋانلىرى ھېسابلىناتتى. سودا

www.uyghurkitap.com

يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە نۇرغۇن سودا نۇقتىلىرى ۋە شەھەر ـ بازارلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەككە بىلەن يەسرىپ ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

مەككە سودا يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇھىم شەھەر ئىدى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەككىدە تەخمىنەن 15 مىڭ ئاھالە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى، ئۇلار ئاساسلىق سودا ۋە مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنە ئاز سانلىق قول ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە سودىگەر ـ ساياھەتچىلەرنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان زەمزەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق؛ مەككە شەھىرىنىڭ مەركىزىدە كەئبە دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇقەددەس جاي بار ئىدى. ئەرەبلەر ئىپتىدائىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ، تەبىئىي نەرسىلەرگە ۋە بۇتلارغا چوقۇناتتى. كەئبىنىڭ ئىچىدە سەجدە قىلىش ئۈچۈن يامغۇر ئىلاھى، ئاي ئىلاھى، يۇلتۇز ئىلاھى، ئاللا ۋە نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ ئىلاھلىرى قويۇلغانىدى، يەنە ئاسماندىن چۈشكەن، مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىلىدىغان بىر قارا تاش بار ئىدى. ھەر يىلى قىش ۋە باھار پەسلىدە ئەرەبلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا ۋە ھېلىقى قارا تاشقا سەجدە قىلاتتى. قەدىمكى زاماندىكى دىن مەركەزلىرى كۆپىنچە سودا مەركەزلىرىمۇ ئىدى، سەجدە قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ماددىي بۇيۇملار ئالماشتۇرۇلاتتى. سەجدە قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىنى تەشكىللەيتتى ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلاتتى. ئاقساقاللار يىغىنىنىڭ يىغىن زالى كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

يەسرىپ مەككىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 300 مىل يىراقلىقتا بولۇپ، كىلىماتى ۋە تۇپراق سۈپىتى مەككىنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. ئۇ يەمەن بىلەن سۇرىيە ئارىسىدىكى چوڭ سودا يولىغا جايلاشقان بىر مۇنبەت بوستانلىق بولۇپ، بولۇپمۇ خورما

ئۆستۇرۇشكە باب كېلەتتى. بۇ يەرگە بەش قەبىلە ماكانلاشقان؛ قۇرەيز، نازور ۋە غەنۇغ قەبىلىلىرى يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇس ۋە خىيزىلجى قەبىلىلىرى ئىپتىدائىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق بىلەن، ئاز ساندىكىلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ جەنۇبتىكى دەپ ئاتىلىدىغان يەمەندە مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى قۇرۇلغانىدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۆلەت بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا، كەڭ ئەرەبلەر ئارىسىدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە سىنىپلار پەيدا بولدى. چارۋىچى قەبىلىلەر پارچىلىنىپ ياخشىراق ئوتلاق ۋە نۇرغۇن چارۋىغا ئىگە ئاقسۆڭەكلەر پەيدا بولدى. مۇھىم سودا يوللىرىدىكى شەھەر ـ بازارلاردا سودا ۋە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاقسۆڭەكلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن جەمەت ئىچىدىكى قەرزدارلارنى قۇل قىلىشقا باشلىدى. نامرات چارۋىچىلار بىلەن قۇللار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېزىشى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىغا ئوت قويۇۋېتەتتى. ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا قانداش تۇغقانلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىش ئومۇملاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا دائىم ئوتلاق ۋە سۇ مەنبەسىنى تالىشىش كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىن بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، بىرىم ئارالدا ئۇرۇش ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇراتتى. جەمئىيەت تىنچ ـ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى.

6 ـ ئەسىردە، ۋىزانتىيە بىلەن پېرسىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە جەنۇبقا بېرىپ ئەرەبلەرنىڭ سودا يولىنى كونترول قىلماقچى بولدى. 525 ـ يىلى ئېفىئوپىيە ۋىزانتىيەنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يەمەنگە تاجاۋۇز قىلدى. 572 ـ

يىلى ئىران لەشكەر تارتىپ ئېفىئوپىيەلىكلەرنى يەمەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغانلىقتىن، شەرقنىڭ تاۋارلىرى ياۋروپاغا پارس قولتۇقىدىن ئىككى دەريا ئارقىلىق توشۇلىدىغان بولدى. ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، سودا يولىنىڭ يۆتكىلىشى ھىجاز رايونىدىكى سودىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى، ئوتلاقلار قاقاسلىشىپ كەتتى. ئەسلىدىكى سودا كارۋىنى مۇھاپىزەتچىلىرى، تۆگىچىلەر ئىشسىز قالدى. شەھەر - يېزىلاردىكى سودا مەبلىغى جازانىخورلارنىڭ مەبلىغىگە ئايلاندى، جازانىخورلار يۇقىرى پايدا ئېلىش ئارقىلىق نامراتلارنى شىلىدى. ئۆسۈم نىسبىتى % 100 كە يەتتى، نۇرغۇن نامراتلار قەرز بولۇپ قالغاچقا قەرزدارلارغا، قۇللارغا ئايلاندى، نامراتلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆتكۈرلەشتى. ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش، سودا يولىنى تىزگىنلەپ، يېرىم ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى زېمىنلارنى تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن، بىر قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇشقا موھتاج ئىدى؛ ئادەتتىكى بەدەۋىيلەرمۇ قەبىلىلەرنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوتلاق ۋە مۇنبەت زېمىنغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەرەب دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى پىشىپ يېتىلگەنىدى. ئۇ ئىدېئولوگىيەدە بىر خۇدالىق دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئەكس ئەتتى.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى** ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئاۋۋال، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەنىف («ھەقىقىي ئىلاھقا چوقۇنۇش») دەپ ئاتالغان بىر خۇدالىق دىن پەيدا بولغانىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (570 — 632) مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىدە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا،

ئىلگىرى ـ كېيىن بوۋىسى بىلەن تاغىسى (دادىسىنىڭ ئاكىسى)نىڭ تەربىيەسىدە بولغان، ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا پادا باققان، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنگەن، سودا كارۋانلىرىدا مۇھاپىزەتچى بولغان، كېيىن مەككىدىكى باي تۇل خوتۇن خەدىچەنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە خەدىچەگە ئۆيلەنگەن. سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا سودا قىلىش ئۈچۈن بېرىش جەريانىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىيان دىنى بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئۇ يەھۇدىي دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىپتىدائىي دىنلار ھەمدە ھەنىف دىنىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاساسلىق ئىلاھى ئاللانى ئالەمدىكى بىردىنبىر خۇدا دەپ، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، پەيغەمبىرى دەپ ئاتاپ، ئىسلام دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «ئىسلام» دېگەن سۆز «ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر «مۇسۇلمانلار» دېيىلىدۇ. ئۇ «ئاللاغا ئېتىقاد قىلغۇچى، پەيغەمبەرگە بويسۇنغۇچى بەندىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتىلىدۇ. «قۇرئان» دېگەن سۆز «ئۈنلۈك ئوقۇش، يادا ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە «قۇرئان» دىكى سۆزلەر ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ ئاللا ئۆزىنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزگەن ۋەھىي ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر خىل سورۇنلاردا قىلغان سۆزلەرنىڭ توپلىمىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ سۆزلەرنىڭ پارچە ـ پۇرات قالدۇرۇلغان خاتىرىلىرى جەملىنىپ، 114 سۇرە، 6211 ئايەت قىلىنىپ جەملىنىپ كىتاب تۈزۈلگەن.

«قۇرئان كەرىم» گە ئاساسەن، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ قائىدىسى

www.uyghurkitap.com

دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، «قۇرئان كەرىم»گە، پەيغەمبەرلەرگە ۋە قىيامەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللا دېگەن سۆز ئەرەب ۋە سۈرىيە تىلىدا تەڭرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئادەتتە ئاللانى خۇدا دەپ ئاتايدۇ. «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى) دېگەن، بۇ ئايەت ئىسلام دىنىدىكى ھەممىدىن مۇھىم، ئەڭ زور ئەقىدە ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق قاتتىق بىر خۇدالىق دىنىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قىيامەتتە قىيامەت سورىقى ئارقىلىق ئومۇمەن، ھايات چېغىدا ئاللاغا ئىمان كەلتۈرگەن، قۇرئانغا ئەمەل قىلغان، پەيغەمبەرلەرگە بويسۇنغان كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا دوزاخقا تاشلىنىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

ئىسلام دىنىدىكى ئاساسىي مەجبۇرىيەتلەر مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشى شەرت بولغان بەش پەرز بولۇپ، بىرىنچى پەرز، ئىمان ئېيتىش، يەنى «لائىلەھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دەپ قەلبىدىكى ئېتىقادىنى ئېغىزدا ئىپادىلەش دېگەنلىك. ئىككىنچى پەرز، ناماز، ھەر كۈنى قىبلىگە قاراپ بەش قېتىم ناماز ئوقۇلىدۇ، ھەر جۈمە كۈنى پېشىن نامىزى مەسچىتتە كوللېكتىپ ئوقۇلىدۇ. ئۈچىنچى، پەرز، روزا، گۇناھىنى تىلەپ روزا تۇتۇش دېگەنلىك. ھەر يىلى ھىجرىيە 9 ـ ئايدا بىر ئاي روزا تۇتۇلىدۇ. تۆتىنچى پەرز، زاكات، ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مال ـ مۈلكىنىڭ تەخمىنەن 2.5%ى بويىچە زاكات بېرىپ، نامراتلارغا خەير ـ ئېھسان قىلاتتى؛ كېيىن ھۆكۈمەت ئالىدىغان باجغا ئۆزگەردى، ئۇنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. بەشىنچى پەرز، ھەج، تېنى ساغلام،

ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن مۇسۇلمانلار ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشى شەرت.

يۇقىرىدىكى بەش پەرزدىن باشقا، «غازات» قا قاتنىشىشمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر تۈرلۈك دىنىي مەجبۇرىيىتىدۇر. «غازات» دېگەنلىك، ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق يات دىندىكى مۇرتلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە غەيرىي ئىسلام رايونلىرىنى مۇسۇلمانلار رايونىغا ئۆزگەرتىش دېگەنلىكتۇر. غازات يولىدا قازا قىلغانلار «جەننەت»گە كىرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. غازاتقا قاتناشقان كىشىلەرگە ئولجا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. ئولجا ئۇرۇش جەريانىدا ئېرىشىلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، چارۋا، قۇل ۋە ئەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئولجا تەقسىم قىلىش پرىنسىپى مۇنداق: ئولجىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى «ئاللانىڭ ئۈلۈشى» سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارغا تەقسىم قىلىناتتى، بەشتىن تۆت قىسمى بىۋاسىتە جەڭگە قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىناتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر بەشتىن ئۈچ قىسمىغا، پىيادە ئەسكەرلەر بەشتىن بىر قىسمىغا ئېرىشەتتى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنىڭ قولىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قۇللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئېزىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، قۇللارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، قۇللارنى ئازاد قىلىشنى قوللاش تەشەببۇس قىلىنغان؛ خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداش، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىش شەرتى ئاساسىدا، جازانىخورلۇق چەكلەنگەن. تار ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر قەبىلە ـ

ئۇرۇق ئايرىماستىن قېرىنداشلاردەك ئۆتۈش تەلەپ قىلىنغان؛ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش بىلەن بىللە، تۇل خوتۇنلارنىڭ ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ياتلىق بولۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؛ قىساس ئېلىش جىنايەتچىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلەنگەن، خاتا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن تۆلەم بېرىش بەلگىلەنگەن، شۇنداق قىلىپ، قانداش تۇغقانلارنىڭ قىساس ئېلىش دائىرىسى تارايتىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىلغان.

610 ـ يىلى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشنى باشلىغان. ئۇ بىر خۇداغىلا ئېتىقاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، كۆپ خۇدالىق دىنغا ۋە بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغانلىقتىن، مەككە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن باي سودىگەرلەرنىڭ دىنىي ئىمتىيازى بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزگەن. ئۇمەۋىيە جەمەتىدىكى ئەبۇسۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككە ئاقسۆڭەكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا قارشى چىقتى، ھەتتا ئۇلارنى كۆپ قېتىم ئۇرۇپ ـ سوقتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى مۇرىتلىرى مەككىدىن ئايرىلىپ ئېفىئوپىيەگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. يەسرىبنىڭ ئاھالىلىرى مەككىلىك سودىگەر، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوللىدى، ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەسرىبكە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن نۇرغۇن مۇرىتلىرىنى يەسرىبكە كۆچۈردى. 622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاز سانلىق ئۇممەتلىرى مەككىدىن ئاتلاندى. مانا بۇ مەشھۇر «ھىجرەت» تۇر. كېيىن بۇ يىل ئىسلام كالېندارىنىڭ باشلانغان يىلى قىلىندى. يەسرىبمۇ مەدىنە («پەيغەمبەر شەھرى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالدى. مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى «مۇھاجىرلار» (كۆچۈپ

كەلگۈچىلەر) دەپ ئاتالدى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مەدىنە ئاھالىلىرى «ئەنسارىلار» (ياردەملەشكۈچىلەر) دەپ ئاتالدى.

**مەدىنە دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى** 622 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇردى. ئۇ «مۇھاجىرلار» بىلەن «ئەنسارىلار»دىن تەركىب تاپقان قورallıق قوشۇنغا تاياندى، «مۇھاجىرلار» مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. «ئەنسارىلار» ئىچىدىكى ئوس ۋە خېيىزىلجى قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئاساسلىق نوپۇس باشقۇرۇش، باج يىغىش قاتارلىق ئەمەللەرنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ دۆلەت ئىسلام دىنىنى ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىن قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ دۆلەتنىڭ ئالىي دىنىي داھىيسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئالىي سىياسىي، ئەدلىيە ۋە ھەربىي رەھبىرى ئىدى. بۇ دۆلەت ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدە قىلىنغان دۆلەت ئىدى. 624 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بېرىلىدىغان زاكاتنى قانۇن بويىچە تاپشۇرۇلىدىغان زاكاتقا ئۆزگەرتتى. 626 ـ يىلى غەيرىي ئىسلام مۇرىتلىرىدىن جان بېجى ئېلىش باشلاندى. خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن قانۇن تۈرغۈزۇلۇپ، دەررىلەش (40 ـــ 100 قېتىم)، پالاققا بېسىش (40 قېتىمدىن تۆۋەن)، قوغلاش (چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش)، قاماش (تۈرمىگە تاشلاش)، ئۆزۈپ تاشلاش (ئوڭ قول ياكى سول پۇتنى كېسىۋېتىش)، چالما ـ كېسەك قىلىش، كېسىش (بەدەننىڭ بىر قىسمىنى كېسىۋېتىش) قەتلى قىلىش (ئۆلۈم جازاسى بېرىش) قاتارلىق سەككىز خىل جازا بېكىتىلدى.

مەدىنە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەككە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يەھۇدىي قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 20 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭگە ئاتلاندى، ئۈممەتلىرىگە 50 قېتىمغا يېقىن جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەمر قىلدى. 627 ـ يىلى مەككىلىك ئاقسۆڭەك ئەبۇ سۇفيان يەتتە قەبىلە بىلەن بىرلىشىپ، تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىنى باشلاپ مەدىنەگە زور كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۈممەتلىرىگە شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ 20 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا خەندەك كولاتقۇزۇپ، خەندەككە سۇ قويۇۋەتتى، بۇ ئۇرۇش تارىختا خەندەك ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. ئەسىر ئېلىنغان 439 كىشى ئىچىدىكى 60 تىن ئارتۇق سەردار ئەسكەرلەرنىڭ قول قىلىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، 160 كىشى مەدىنىدە يەر تېرىپ باج تاپشۇرىدىغان بولدى، قالغان 200 دىن ئارتۇق ئادەم ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىندى.

628 ـ يىلىدىن باشلاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مەدىنە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككە ئاقسۆڭەكلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئىككى تەرەپ مۇرەسسەلەشتى. 630 ـ يىلىغا كەلگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 10 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ مەككىگە كىردى. مەككە ئاقسۆڭەكلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «پەيغەمبەر» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى، كەئبە بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)نى ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس بۇيۇم دەپ ئېتىراپ قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام داۋاملىق باشقا رايونلارنى ئىستىلا قىلىشقا باشلىدى. 632 ـ يىلى ئۇ ۋاپات بولغاندا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاساسەن بىرلىككە كېلىپ بولغانىدى.

## 2. ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى

ئەرەب دۆلىتىنىڭ تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى كېڭەيمىچىلىكى ۋە ئىچكى ئۇرۇش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ۋارىس بەلگىلىمىگەن، ۋارىسنى بەلگىلەش توغرىسىدىمۇ ۋەسىيەت



www.uyghurkitap.com

قالدۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۆرىشى قانات يايدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پەقەت بىزلا ۋارىس بولالايمىز دەپ قارىدى. ئۇزاق تالاش ــ تارتىش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدىن ۋارىس سايلاش پىرىنسىپىنى بېكىتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىناس دوستى ۋە قېيىنئاتىسى ئەبۇ بەكرىنى خەلىپىلىككە، يەنى پەيغەمبەرنىڭ ۋاكالەتچىلىكىگە سايلىدى.

1 ــ خەلىپە ئەبۇ بەكرى (632 ــ 634) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پۈتۈن ئارالدا چارۋىچىلارنىڭ دىنىي باج ــ خىراجغا قارشى تۇرۇش چوڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچىلار پايتەخت مەدىنەنى بىر مەھەل مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەبۇ بەكرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چارۋىچىلارغا ناھايىتى ئۆچمەنلىك قىلدى، ئۇ: «ئاللا نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار بىر ئوغلاقنى كەم بېرىدىغان بولسا، مەن ئۇلار بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىمەن!» دەپ جار سالدى. ئۇ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر (634 ــ 644) يېرىم ئارالنىڭ سىرتىدىكى رايونلارغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئەينى چاغدا شىمال تەرەپتىكى ئىككى چوڭ دۆلەت ــ ۋىزانتىيە بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغىچە ئۇرۇش توختىماي، ھەر ئىككى تەرەپ ھالسىزلانغانىدى، بۇ ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىستېلا قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 636 ــ يىلى ئۆمەر 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سۇرىيەنى ئىستېلا قىلىشقا ئەۋەتتى، ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان يامۇك دەرياسى بويىدا ۋىزانتىيەنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، دەمەشقنى ئىشغال قىلدى. 637 ــ يىلى، ئەرەب

www.uyghurkitap.com

قوشۇنى يېۋفرات دەرياسى بويىدىكى قادىسىيە دېگەن جايدا ئىراننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى بىتچىت قىلدى. شۇ يىلى ئىراننىڭ پايتەختى تەسفۇننى ئىشغال قىلدى. 640 ـ يىلى خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ئېرۇسالېمغا كىردى، 640 ـ يىلى پۈتكۈل پەلەستىن زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. 642 ـ يىلى نىھاۋان جېڭىدە ئەرەبلەر ئىران قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئىرانغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى يەنە ئالېكساندىرىيەنى ئىشغال قىلىپ، مىسىرنى ئىستېلا قىلدى.

644 ـ يىلى ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇمەۋىيىلەر جەمەتىنىڭ ئوسمان ئۈچىنچى خەلىپىلىككە سايلاندى (644 ــ 656). ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇلارغا نۇرغۇن يەر مۈلكى ۋە قۇل تەقسىم قىلىپ بەردى، ئەمما ئەرەب ئەسكەرلىرىگە مائاش بەرمەي، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. تۆۋەن تەبىقىدىكى ئەرەبلەر قوزغىلىپ، ئوسماننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى، باشقا ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى، بولۇپمۇ ئەلى خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تارتىشىش كۈرىشى قىلدى. ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا جەمەت نەۋرە ئىنىسى ھەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خەدىچەنىڭ بىردىنبىر قىزى فاتىمەنىڭ ئېرى ئىدى، ئۇ باشتىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى بولۇشنى تەلەپ قىلغانىدى.

656 ـ يىلى، ئوسمان مەدىنەدىكى ئۆيىدە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئەرەبلەر بىلەن مەدىنە ئاھالىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەلى تۆتىنچى خەلىپىلىككە سايلاندى (656 ـ 661)، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندى. ئەلى باشقا رەقىبلىرىنى يەڭگەندىن كېيىن، پايتەختىنى كۇفەگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى، سۈرىيەنىڭ باش

ۋالـىيسى ئۇمەۋىيە بىلەن كۆرەش قىلدى. مۇئاۋىيە ئەبۇ سۇفىيانىڭ ئوغلى، ئوسمانىڭ ئاتا جەمەت نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، ئەلىنى ئوسمانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن باھانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى. 657 ـ يىلى، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى سۈيفىيىن دەرياسى ۋادىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى، ئەلى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. بۇ چاغدا ئەلىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى: بىر قىسىم كىشىلەر ئۇمەۋىيە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەگە قوشۇلۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئۈستىدە ھەكەملەر سوتىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلۇپ، مۇرەسسەلىشىشكە ھازىرلىق كۆردى؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، داۋاملىق كۆرەش قىلىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئەلى ئالدىنقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. كېيىنكى كىشىلەر ئەلىدىن ئايرىلدى ھەمدە ئۆز ئادەملىرى ئىچىدىن بىر كىشىنى يېڭى خەلىپە قىلىپ سايلاپ، ئەلى بىلەن كۆرەش قىلدى، ئۇلار تارىختا خاۋارىجلار (تاشلاپ كەتكۈچىلەر) دەپ ئاتالدى؛ باشتىن ـ ئاخىر ئەلىگە سادىق بولۇپ كەلگەن كىشىلەر شىئەلەر (ئەگەشكۈچىلەر، مەسلەكداشلار) دەپ ئاتالدى.

خاۋارىجلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇمەۋىيلەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە ئەلىنى ھىمايە قىلغانىدى، ئەلى ئۇمەۋىيلەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن مۇرەسسەلەشمەكچى بولغاندا، ئۇلار ئەلىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولدى ھەمدە ئەلىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلاندى. ئۇلار تۆۋەن تەبىقە ئاممىسىنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى ئەكس قىلىپ، مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي تەڭ باراۋەر بولۇشنى، يەرگە مۇسۇلمانلار جامائىتى ئىگىدارلىق قىلىشنى؛ خەلىپەنى مۇرىتلار سايلاشنى، ئەگەر خەلىپىنىڭ سىياسىتى زور كۆپچىلىك

مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ھەر قانداق چاغدا مەنسىپىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى؛ ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان مەيلى ئۇ نېگىر قۇل بولغان تەقدىردىمۇ، تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىلا خەلىپىلىككە سايلاشقا بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوسمان بىلەن ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمايدىغان مۇسۇلمانلار ئامممىسىنى، گەرچە ئۇلار ئاياللار ۋە بالىلار بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىشە ئۆلتۈردى. مانا بۇ خاۋارىجلار ھەرىكىتىنىڭ ئاجىز بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى. ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ كۈرەش كەسكىن بولدى، كېيىن ئۇلار چوڭ ــ كىچىك 20 نەچچە مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى.

شىئەلەر ئەلى ۋە ئۇنىڭ فاتىمەدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى بولالايدۇ، ئالدىنقى ئۈچ خەلىپە قانۇنسىز، دەپ قارىدى. شىئەلەر ئىراق بىلەن ئىراندا روناق تاپتى.

ئالدى ــ كەينىدىن زەربە يېگەن ئەلى مەغلۇپ بولدى. 661 ــ يىلى بىر خاۋارىج ئۇنى ئۆلتۈردى. سۇرىيەنىڭ باش ۋالىيسى مۇئاۋىيە دەرھال خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ دەمەشقنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى ھەمدە خەلىپىلىك مەنسىپىنى ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان مەنسەپكە ئۆزگەرتىپ، ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقى (661 ــ 750) نى قۇردى.

**ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى** ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىران، ئىراقتىكى شىئەلەر بىلەن خاۋارىجلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغاندىن كېيىن، «ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلىش» شوئارى ئاستىدا داۋاملىق سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلدى.

698 ــ يىلى، ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش قاتارلىق شىمالىي ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى

ئىستىلا قىلدى. 714 - يىلى، غەربىي گوت پادىشاھلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىسپانىيەنى ئىشغال قىلدى. 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى قاتارلىق جايلار پۈتۈنلەي ئەرەبلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئېزىشىگە چىدىمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافغانىستاندىكى خانلىقلار بەس - بەستە جۇڭگو تاڭ سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى. 751 - يىلى، تالاس دەرياسى بويىدىكى ئەرەبلەر بىلەن بولغان جەڭدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەردارى گاۋ شيەنجى قوشۇنى مەغلۇپ بولدى، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافغانىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى.

8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەرەب ئىمپېرىيەسى ئاخىر يارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ چېگراسى شەرقتە ئاسىيادىكى پامىرغىچە يېتىپ بېرىپ جۇڭگو بىلەن چېگرالاندى، غەربتە ياۋروپادىكى ئىسپانىيەگە يېتىپ بېرىپ فرانك پادىشاھلىقى بىلەن قوشنا بولدى. جەنۇبتا شىمالىي ئافرىقىغا يېتىپ باردى، ئۇ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بۈيۈك ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەندى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابلىرىدا ئەرەب ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالغان.

ئەرەب ئىمپېرىيەسى مەدىنەدىكى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ئاساسىدا، شەرقنىڭ پادىشاھلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى قۇردى. خەلىفە ئىلگىرىكىدەكلا سىياسىي، ھەربىي، ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىبارەت ئەڭ چوڭ ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالدى. خەلىپىگە باش ۋەزىر ياردەملەشتى، تۆۋەندە ھەر قايسى دىۋاننىڭ ۋەزىرلىرى باج يىغىش، ھەربىي لاۋازىمەت قاتارلىق مەمۇرىي ئىشلارنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇردى. يەرلىك مەمۇرىيەتتە ۋىزانتىيە بىلەن ئىراننىڭ

تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، توققۇز ئۆلكىگە[1] ئايرىلدى. ئۆلكە باشلىقى باش ۋالىي (ئەمىر) دېيىلىپ، ئەسلىدە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇمۇ يەرلىك قازى ۋە دىنىي داھىي بولدى. قوشۇن نامامەن قۇرامىغا يەتكەن ئەرەبلەردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇرۇق، قەبىلە ئەسكىرى بىرلىك قىلىندى، ئەسلىدىكى قەبىلە باشلىقى قوماندان بولدى. ئەرەب تىلى قانۇندا بەلگىلەنگەن تىل بولۇپ، پېرسىيە ۋە ۋىزانتىيەنىڭ پۇللىرى ئورنىغا تىللا دىنار ۋە تەڭگە دەرھەم ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

خەلىققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى بولغان ئىسلام شەرىئىتىمۇ بارا ـ بارا شەكىللەندى. شەرىئەتنىڭ مەنبەسى ئىككى ئىدى: بىرسى، «قۇرئان كەرىم»؛ ئىككىنچىسى، «سۈننەت» (يول دېگەن مەنىدە). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى سۈننەت دېيىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن مۇھەددىسلىرى (ئىككىنچى ئەۋلاد ھەدىس رىۋايەتچىلىرى) ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى توپلاپ كىتاب قىلىپ، ئۇنى «ھەدىس» دەپ ئاتىدى. ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ، «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس» تىن جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ھەممىلا ئىشنىڭ جاۋابىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە نوپۇزلۇق ئىلاھىيەتشۇناس ۋە فىقھەشۇناسلارنىڭ بىردەك پىكرىگە تايىنىش (ئىجتىمائىي) ۋە سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش (قىياس)تىن ئىبارەت ئىككى قانۇن مەنبەسى بارلىققا كەلدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، ئومۇمەن سۈننەتنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن

[1] 1. سۇرىيە، پەلەستىن، 2. ئىراق، 3. خۇراسان، 4. ئەرمىنىيە، 5. ھىجاز رايونى، 6. كىرمان ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونى، 7. مىسىر، 8. شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىدىكى ئاراللار، 9. يەمەن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى.

ئوخشاش نوپۇزغا ئىگە ھەمدە تۆت چوڭ خەلىپە قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلار سۈننىيلەر دەپ ئاتالدى. بۇ مەزھەپ ئىسلام دىنىدىكى ئورتودوكس مەزھەپ ھېسابلىنىدۇ.

مەدىنە دەۋرىدىلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق رايونى فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ بولغانىدى. ئەينى چاغدا، گەرچە قۇللار مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئائىلىدە ئىشلەيتتى، ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنى يەر تېرىپ باج تاپشۇرىدىغان دېھقانغا ياكى مال باقىدىغان چارۋىچىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. 632 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەسىيەتنامىسىدە بېقىندى دېھقانلارغا تېرىلغۇ مەزگىلىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق، ئۇرۇقنى ئىسراپ قىلماسلىق، ئات ـ ئۇلاغلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق قاتارلىق خىلمۇ خىل تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنداق فېئوداللىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. ئەمما، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۆچمەن ئۇرۇقداش قەبىلىلەر خېلى ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئىستىلا قىلىنغان ئىران ۋە ۋىزانتىيە رايونىدىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر بۇ چاغدا تېخىمۇ راۋاجلاندى ۋە مۇستەھكەملەندى.

يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئەرەب فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى. قانۇندا: بارلىق يەر ـ زېمىن ئاللاقا تەۋە، ئۇنى پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاكالەتچىسى خەلىپىنىڭلا ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ساسانىيلار خاندانلىقى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىستىلا قىلىش جەريانىدا، ئىستىلا قىلىنغان دۆلەتلەردىكى يەر ۋە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە (دۆلەتكە) تەۋە بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى يەر بىلەن

دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ تۈرى ئوخشاشمايتتى: بىرىنچى، ئادەتتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەر، ئۇ «ساۋاب» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ يەر بېجى كىرىمى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل چىقىملىرىغا ئىشلىتىلەتتى؛ ئىككىنچى، خەلىپە ئىلكىدىكى سۇيۇرغاللىق يەر، ئۇ «خاس» ياكى «خاسە» دەپ ئاتىلاتتى، خەلىپىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ھېسابلىناتتى؛ ئۈچىنچى، دىنىي خاراكتېرلىك خوجىلىق زېمىن، ئۇ «ۋەخپە» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىلەتتى. بۇنداق يەرلەرنى سېتىشقا ۋە سېتىۋېلىشقا، رەنگە قويۇشقا ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايتتى؛ تۆتىنچى، «قاتىيە»، بۇ ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەلىپە دۆلەت ئىلكىدىكى يەردىن ئۆزىنىڭ تامغاچىلىرى بىلەن ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىگە ئىنئام قىلغان يەر بولۇپ، بۇنداق يەرنى قوبۇل قىلغۇچىلار پەقەت ئۆشرە تاپشۇراتتى، ئۇ يېرىم خۇسۇسىي مۈلۈك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرىدىن باشقا، يەنە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدا ئازراق شەخسىي يەر بولۇپ، ئۇ «مۈلۈك» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنى ئىختىيارىي سېتىش ـ سېتىۋېلىشقا، رەنگە قويۇشقا ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولاتتى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتكە ئۆشرە تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى.

يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى خەلىپە ۋەكىللىكىدىكى فېئوداللىق دۆلەت بىلەن ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاھالىلەر ئومۇمىيۈزلۈك دۆلەتنىڭ ياكى ئايرىم ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بېقىندىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر «ماۋلا» («قوغدىلىدىغان خەلق» ياكى «ھامىيلىق قىلىنىدىغانلار» دېگەن مەنىدە) دېيىلەتتى، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمىگەنلەر «دىم» («مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلار» ياكى

«بىقىندى خەلق» دېگەن مەنىدە) دېيىلەتتى. ماۋالار بىلەن دىملار يەر بېجىغا ماددىي بۇيۇم ياكى پۇل تاپشۇراتتى. يەر بېجى ئېغىر بولۇپ، ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىچە توغرا كېلەتتى. دىملارنىڭ ئەرلىرى يەنە پۇل بىلەن جان بېجى تاپشۇراتتى، دەسلەپتە ھەر بىر ئادەم بىر دىنار ياكى 13 دەرھەم تاپشۇراتتى، كېيىن ئىككى، ھەتتا تۆت دىنار تاپشۇرىدىغان بولدى. ئۆزۈكسىز كۆپىيىۋاتقان جان بېجىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دىملار بەستە ـ بەستە ئىسلام دىنىغا كىردى. 8 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئىسلام دىنىغا كىرگەن غەيرىي ئەرەبلەرمۇ بىر مەھەل جان بېجى تاپشۇرغانىدى. ئېغىر باج ـ سېلىق، باجگىرلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشى تۈپەيلىدىن دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغاچقا، چەت ئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. دېھقانلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 7 ـ ئەسىردىلا، خەلىپە غەيرىي مۇسۇلمان دېھقانلارنىڭ بويىنىغا ئادرېسى ۋە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج سوممىسى يېزىلغان قوغۇشۇن كارتا ئېسىشنى بەلگىلىگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، غەيرىي مۇسۇلمانلار يەنە ئالاھىدە بەلگىسى بار كىيىم كىيىشى، ئات مىنمەسلىكى، قورالسىز يۈرۈشى كېرەك ئىدى.

قۇللار جەمئىيەتتىكى ئەڭ تۆۋەن تەبىقە ھېسابلىناتتى. ئەرەبلەر ئۇزاق مەزگىللىك ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى جەريانىدا، قۇللارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بۇلىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئافرىقىنىڭ باش ۋالىيسى مۇسا ئىبنى نۇسەل شىمالىي ئافرىقىدا 300 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى خەلىپىگە سوۋغا قىلغان؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئىسپانىيەدىن بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنى 30 مىڭنى بولىغان. قۇتەيبە پەقەت سوغدى ئېلىدىنلا 100 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالغان. ئىسلام دىنى ئەمىر ـ مەرۇپىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنى قۇل قىلىشقا يول قويۇلمايتتى، يات دىن مۇرىتلىرىغا قارىتا بۇنداق

www.uyghurkitap.com

چەكلىمە يوق ئىدى. ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقى دەۋرىدە، قول سودىسى تازا روناق تاپقان بولۇپ، قۇللار ئىچىدە ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن نېگىر قۇللار، ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن ئاق تەنلىك قۇللار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن سېرىق تەنلىك قۇللار بار ئىدى. ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەردە سۇ ئىنشائاتى، كانچىلىق قاتارلىق ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. يەنە نۇرغۇن قول ئائىلىلەردە ئىشلەيتتى. ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللىرى كۆپىنچە مىڭدىن ئېشىپ كېتەتتى؛ ھەتتا ئادەتتىكى بىر ئەرەب ئەسكىرىنىڭمۇ بىردىن 10 غىچە قۇلى بار ئىدى. قۇللارمۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئەمما بۇنداق قۇللارنىڭ ئورنى بېقىندى دېھقانلارنىڭكىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇللار خوجايىنلىرىغا قەرەللىك ھالدا بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرىنى ياكى پۇل تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىختىيارىي تىجارەت قىلاتتى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، قۇللۇق تۈزۈم ئەرەب ئىمپېرىيەسىدە پەقەت كونا تۈزۈمنىڭ قالدۇقىلا بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرمايتتى.

ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقى خەلىپە ھىشام ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (724 ــ 745)دە تازا گۈللەندى، ئەمما زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ ئىپادىسىمۇ دەل مۇشۇ دەۋردە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. پادىشاھ جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ راھەت ـ پاراغەت، ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشىشى، خەلقنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە مۇستەبىتلەرچە ئېزىشى خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 728 ـ يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوغدىلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئۇلار پەرغانە رايونىدا كۈرەشنى 10 يىل داۋاملاشتۇردى. 740 ــ 742 ـ يىللىرى ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى خاۋارىجلار شىمالىي ئافرىقىدا بىربىرلار قوزغىلىڭىنى

كۆتۈردى، ئۆرۈش ئوتى مەغرىبنى قاپلىدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 300 مىڭغا يەتتى، ئۇلار باش ۋالىينى ئۆلتۈرۈپ، تانگىر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇمەۋىيىلەر هۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلمايدىغان شىئەلەر ئىران خەلقىنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىراننى ئۇمەۋىيىلەرگە قارشى تۇرىدىغان بازىغا ئايلاندۇردى. ھېسام دەۋرىدە ھۆسەيىننىڭ نەۋرىسى كۇفەدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 8 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا يەنە بىر يېڭى سىياسىي ئېقىم، يەنى ئىراقلىق چوڭ زېمىندار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ چەۋرىسى ئەبۇ ئابباس تەشكىللىگەن ئابباسىيلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئابباسىيلار خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولدى، ئۇلار شىئەلەرنىڭ ياردىمىدە كۈچىنى زورايتىپ، ئۇمەۋىيىلەرنىڭ ئاق بايرىقىغا قارشى قارا بايراقنى تىكلىدى.

747 ـ يىلى ئابباسىيلارنىڭ تەرغىباتچىسى، قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان ئىرانلىق ئەبۇمۇسلىم خۇراساندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھاشارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى ئۇمەۋىيىلەر خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بايرىقىغا «قۇرئان كەرىم»دىكى «قورال ئالغان كىشىنىڭ كۆرەش قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ، چۈنكى ئىلگىرى ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىنغان» دېگەن ئايەت يېزىلغانىدى. دېھقانلار، چارۋىچىلار، قۇللار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر قولىغا بەس ـ بەستە قورال ـ ياراغ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى، مەرۋى شەھىرى (ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مارى شەھىرى) ئەتراپىدىكى 60 كەنتتىكى نامرات دېھقانلار بىر كۈن ئىچىدە، بىرلا ۋاقىتتا سەپ تارتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭغا ئۇمەۋىيىلەر خانىدانلىقىدىن نارازى بولغان ئىرانلىق بەزى زېمىندارلارمۇ قاتناشتى. ئۇلار شۇ يىلى مەرۋى شەھىرىنى،

كېيىنكى يىلى نىشاپۇرنى ئىگىلىدى، 750 ـ يىلى خەلىپىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تارمار قىلىپ، دەمەشقنى ئىگىلەپ، ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بىراق خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسى ئەبۇ ئاببىاسنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئەلى جەمەتىدىكىلەرنى چەتكە قېقىپ، ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلاپ، ئاببىاسىيلار خانىدانلىقى (750 ــ 1258)نى قۇردى، جۇڭگو تارىخىدا ئۇ «شەرقىي ئەرەبلەر»① دەپ ئاتالدى.

ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتى ئەبۇ ئاببىاس ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇمەۋىيە جەمەتىدىكى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنى تامامەن دېگۈدەك قىرغىن قىلدى، پەقەت شاھزادە ئابدۇراھمانلا قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئىسپانىيەگە بېرىپ، كېيىنكى ئۇمەۋىيەلەر خانىدانلىقى (756 ــ 1031) نى قۇردى، 756 ـ يىلى مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ، كوردوۋانى پايىتەخت قىلىپ بېكىتتى، 929 ـ يىلى خەلىپىلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، ئىلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇ «غەربىي ئەرەبلەر»② دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسپانىيە ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ چىقتى.

ئىراقلىق ۋە ئىرانلىق فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئاببىاسىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرى ئىدى. ئىككىنچى خەلىپە مەنسۇر (754 ــ 775) تىگرىس دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدا يېڭى باغداد③ شەھىرىنى بىنا قىلىپ، 762 ـ يىلى پايىتەختنى

---

① خانىدانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىرانلىق يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن ھەمدە ئىراننىڭ ئادەت ـ يوسۇنىغا تەقلىد قىلىنىپ، قارا بايراق ۋە قارا يەكتەك ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇ يەنە «قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر» دەپ ئاتالغان.

② ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقى (661 – 750) بىلەن كېيىنكى ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقى ئاق بايراق ۋە ئاق يەكتەككە تېۋىنىدىغان بولغاچقا، جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «ئاق يەكتەكلىك ئەرەبلەر» دېيىلۇ ئاتالغان.

③ دۇ خۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ياخولو (ئەل كوفا) دەپ ئاتالغان.

شۇ يەرگە كۆچۈردى.

ئابباسىيلار خاندانلىقى ئىرانىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى قوللىنىپ، مەركىزىي مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. خەلىپە پىرسىيە پادىشاھىنى دوراپ بىر يۈرۈش چاكىنا ئوردا قائىدە ـ يوسۇنىنى بېكىتتى. ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلدى. ئۇلار ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرالايتتى، ھەتتا ئەمەلگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەلەيتتى. مەركىزىي بىيۇروكرات ئورگانلار تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. باج، ساقچى، ئۆتەڭ، ئەدلىيە قاتارلىق ۋەزىرلىكلەر قۇرۇلدى؛ پۈتۈن مەملىكەتنى 24 ئۆلكىگە بۆلۈش ئارقىلىق باش ۋالىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسى تارايتىلدى. ئۆتەڭ ۋەزىرى قوشۇمچە چارلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملار ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى ئاممىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئەمەلدارلار ئىچىدىكى يۈزلىنىشنى ھەر ۋاقىت مەركەزگە مەخپىي دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، غايەت زور ياللانما قوشۇن ۋە ئەرەب قەبىلىلىرى قوشۇنىدىن باشقا، خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەئمۇن (813 — 833) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يەنە تۈرك قۇللىرى (مەملۇكلەر) دىن تەركىب تاپقان ئوردا ياساۋۇللىرى قوشۇنى قۇرۇلدى.

بۇ چاغدا، ئىسلام دىنىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى سۈننىي ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، ئۇلار ئادەملەرنىڭ بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئاللا پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكەن، دەيدىغان تەقدىرچىلىك بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئەزەلدىن مەۋجۇت دەيدىغان تەلىماتنى تەرغىب قىلاتتى. 8 ـ ئەسىردە سۈننىي مەزھىپى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان مۇئتەزىلىلەر (دەرۋىش، زاھىت دېگەن مەنىدە) بارلىققا كەلدى.

ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى ئەركىن بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئاللا ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالايدۇ؛ «قۇرئان كەرىم» ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئەمەس، ئۇنى ئاللا ئاپىرىدە قىلغان، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق دىنىي ئەقىدە ئاببasيلار خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نىڭ رولىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى، خەلىپە ئۇنى قورال قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»دىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چەكلىگەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئۆكتىچىلەرگە زەربە بەردى. خەلىپە مەئمۇن ۋە ئۇنىڭ ئىككى ۋارىسى مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنى دۆلەت دىنى ئورنىغا دەسسەتتى ھەمدە بارلىق ئۆكتىچىلەرنى باستى. بىراق خەلىپە مۇتەۋەككىل دەۋرى (847 ـــ 861) دە سۈننىي مەزھىپى يەنە دۆلەت دىنى دەپ ئېتىراپ قىلىندى، مۇئتەزىلىلەر باستۇرۇلدى. بىراق، سۈننىي ئىلاھىيەتشۇناسلىرى مۇئتەزىلىلەر ئەقىدىلىرىنىڭ رولىغا سەل قارىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. 10 ـ ئەسىردە، ئاشارىي (873 ـــ 935) ئىككى مەزھەپنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭى ئورتودوكس ئىلاھىيەتشۇناسلىق تەلىماتى (كەلام) نى ئىجاد قىلدى. ئۇ: ئادەملەرنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى ئاللا پىشانىسىگە پۈتۈۋەتكەن، لېكىن ئادەملەر ھەرىكىتىنى تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك؛ «قۇرئان كەرىم» ئاپىرىدە قىلىنمىغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن ھەرپ، سىياھ ۋە ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرنىڭ ئىجادىيىتى، دەپ تەشەببۇس قىلدى. بۇ يېڭى ئەقىدە ئورتودوكسلارنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش رولىنى كۈچەيتتى.

ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى 100 يىلى، يەنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ



www.uyghurkitap.com

دەۋردە، ئەرەب ئىمپېرىيەسى قوزغىغان كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئازراق بولدى، خەلىپە ھاكىمىيىتى ئىمپېرىيەنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىر قەدەر ئەھمىيەت بەردى، خەلىپە مەھدىي (775 — 785) دېھقانلاردىن نورمىدىن سىرت باج ئېلىشنى چەكلىدى؛ خەلىپە مەئمۇن ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان يەر بېجىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نورمىسىنى ھوسۇلنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن بەشتىن ئىككى قىسمىغا ئۆزگەرتتى؛ 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، دېھقانلارنىڭ بويىنىغا كارتا ئېسىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

دېھقانلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىشى ئارقىسىدا، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. 9 -، 10 - ئەسىرلەردە، بەزى رايونلاردا سۇ تۈگمىنى بىلەن شامال تۈگمىنى يارغۇنچاقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. باغدادتا يۈزدەك سۇ تۈگمىنى ياسالدى. سۇ چىغىرىقى ۋە سۇ چىقارغۇنىڭ ئومۇملىشىشى تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلات مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. سۈرىيەنىڭ دەمەشق رايونى، مېسوپوتامىيەنىڭ جەنۇبى، پارس قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە ئامۇ، سىر دەريالىرى ۋادىسى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ تۆت چوڭ دانلىق زىرائەت ئامبىرى ئىدى. ئۇلار يېرى مۇنبەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى مول بولغاچقا، «زېمىندىكى جەننەت» دەپ ئاتالغان. دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. توقۇمىچىلىق، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، فارفورچىلىق، قەغەزچىلىك قاتارلىقلار ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. دەمەشقنىڭ سەتىنى، كۇفەنىڭ شايىسى، سۈرىيەنىڭ ئەينىكى، بۇخارانىڭ گىلىمى قاتارلىقلارنىڭ يىراق - يېقىنغا داڭقى بار ئىدى.

ئەرەب ئىمپېرىيەسىدە كۆلىمى چوڭ، ئاھالىسى كۆپ نۇرغۇن شەھەرلەر بار ئىدى. ئالايلۇق، باغداد، بەسرە، كۇفە، دەمەشىق، قاھىرە قاتارلىقلار. شەھەرلەردە ئاقسۆڭەكلەر، بىيۇروكراتلار ۋە موللىلاردىن باشقا، ئاساسلىق ئاھالە قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن سودىگەرلەر ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن قۇللارمۇ، ھۆر كىشىلەرمۇ شۇغۇللىناتتى. قۇللار ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرىدا ئىشلەيتتى، ھۆر كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان كىچىك ئۇستىخانىلىرى بار ئىدى. ئۇلار كەسىپلىرى بويىچە مەلۇم بىر مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنى دۆلەت ئەۋەتكەن ئەمەلدار نازارەت قىلاتتى. باغداد سىياسىي، دىنىي ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، ئەينى چاغدىكى خەلقئارالىق سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مىسىر، ھىندىستان ۋە جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەنماللار ئىچىدە خۇش پۇراق ماتېرىياللار، بوياق، يىپەك، فارفور بۇيۇملار، پىل چىشى، كىپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار ئىدى. باغداتتا يەنە مەخسۇس جۇڭگو ماللىرى سېتىلىدىغان بازار بار ئىدى. ئەرەب سودىگەرلىرى جانلانغان دېڭىز سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەدەمى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىنىڭ ھەممىلا يېرىگە يېتىپ بارغانىدى. جۇڭگونىڭ تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە گۇاڭجۇ، ياڭجۇ، چۈەنجۇ قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئەرەب سودىگەرلىرى بار ئىدى.

ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى خەلق قوزغىلىڭى ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئىمپېرىيەدىكى سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە دىنىي زىددىيەت ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ ئىدى. غايەت زور بىيۇروكرات ئورگان، ئادەم سانى كۆپ ھەربىي قوشۇن، پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئىسراپخورلۇقى، يەر بېجى ۋە جان بېجى

قاتارلىقلارنىڭ ئۆزۈكسىز كۆپىيىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەلىپە جەمەتىنىڭ بىر قېتىملىق زىياپىتىدە 150 دانە بېلىق تىلىدا بىر تەخسە قورۇما تەييارلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 1000 دەرھەم سەرپ قىلىنغانىكەن. كەڭ دېھقان، چارۋىچى، قول ھۈنەرۋەن ۋە قۇللارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلىپىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۈزۈنلۈقى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە دۇنيا تارىخىدا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ.

ئەڭ بۇرۇنقى بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ خۇراساندا يۈز بەرگەنىدى. ئابباسىيلار خانىدانلىقى خۇراسان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ قۇرۇلغان خانىدانلىق ئىدى. 755 ـ يىلى، ئىككىنچى ئەۋلاد خەلىپە مەنسۇر قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇسلىمنى ئۆلتۈردى. شۇ يىلى، زار ئاستېر (زورو ئاستېر) دىنى مۇرىتى سىنباد خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ نىشاپۇر رايونىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇسلىم ئۈچۈن قىساس ئالىمەن، دەپ جاكارلىدى. قوزغىلاڭ گەرچە 70 كۈن داۋام قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئىمپېرىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى.

سىنباد قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ كۈرەش قىلىش غەزەپ دولقۇنى تېخىمۇ قايناپ تاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى ماۋرائۇننەھردىكى ئاق يەكتەكلىك قوشۇن بىلەن ئىراننىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئەزەربەيجاندىكى قىزىل يەكتەكلىك قوشۇننىڭ قوزغىلىڭىدۇر. بۇ چوڭ قوزغىلاڭ ئىراندىكى مەزدەكچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

776 ـــ 783 ـ يىللىرى، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى

www.uyghurkitap.com

ئارىسىغا جايلاشقان ماۋرائۇننەھر رايونىدا سوغدى دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى يۈز بەردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى ھاشىم ئىبىن ھاجى مەرۋى شەھىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان رەخت ئاقارتىش ئىشچىسى بولۇپ، لەقىمى «مۇقەننە»① (مۇقەننە ئەرەبچە ياپىماق، يەنى نىقابلىق ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ئىدى. ھاجى ئەبۇ مۇسلىم قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، 15 يىل تۈرمىدە ياتقان. تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ يەنە ماۋرائۇننەھر رايونىغا بېرىپ قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇردى. ئۇ، ئەسلىدە مۇسلىم تەڭرىنىڭ نامايەندىسى ئىدى، ھازىر مەن تەڭرىنىڭ نامايەندىسى دېگەن. ئۇ خۇررەمىيە مەزھىپىنىڭ② ئەقىدىلىرىنى ئىدىيەۋى قورال قىلىپ، دۇنيادا ئىككى تۈپ مەنبە (يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق) نىڭ كۈرىشى مەۋجۇت، جەمئىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن مۇلۇك جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى كائىناتتىكى زۇلمەت بىلەن ياۋۇزلۇق پەيدا قىلغان دەپ، خەلقنى ئادالەتسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى پائال كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. يەر ـ زېمىننىڭ ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇشىنى يولغا قويۇشنى، جىسمانىي جەھەتتە بېقىنىشقا قارشى تۇرۇشنى، ئىجارە ھەققى، باج ۋە ھاشارغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ئاق يەكتەك كىيگەنلىكى ئۈچۈن «ئاق يەكتەكلىك قوشۇن» دەپ ئاتالدى. ھاشىم ماۋرائۇننەھرنىڭ چاش ئەتراپىدىكى سايرام قەلئەسىنى بازا قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر ـ بازار ۋە

① ھاشىم، مەن ئىلاھنىڭ نامايەندىسى، يۈزۈمدە مۇقەددەس نۇر بار، ئادەملەر قارىسا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدۇ دەپ، دائىم يۈزىگە جىيەكلىك يېشىل ياپقۇچ تاقىۋالاتتى.

② مەزدەك 529 ـ يىلى ساسانىيلار خانىدانلىقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ خۇتۇنى خۇررەمە ئىراننىڭ شىمالىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى داۋاملىق تارقاتقان، مۇرىتلىرى خۇررەمىيەلەر، يەنى خۇررەمەنىڭ مۇرىتلىرى دەپ ئاتالغان. ھاشىم بىلەن بابەك ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خۇررەمىيەلەرنىڭ ئاق يەكتەكلىكلەر ۋە قىزىل يەكتەكلىكلەر تارمىقىغا تەۋە.

قەلئە ـ قورغانلارنى ئىگىلەپ، سەمەرقەند شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. ئۇلار يەرلەرنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى بىلگەنچە تەقسىم قىلدى. تاغلىق رايونلاردىكى تۇرك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللايتتى، يەرلىك فېئودالللار ۋە ئۇلارنىڭ قورالىق كۈچلىرى بولسا ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنى قوللايتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەتتە يىل قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر خەلىپە تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

816 ـ يىلدىن 837 ـ يىلغىچە ئەزەربەيجاندا بابەك قوزغىلىڭى يۈز بەردى. بابەك ئۆششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، زېمىندارنىڭ پادىسىنى باققان، سودا كارۋىنىدا تۆگە يېتىلىگەن، كېيىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ خۇررەمىيەلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىدىيەۋى قورال قىلىپ، دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە قۇللارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن توپلاندى، ئۇلار بىردەك قىزىل رەڭنى بەلگە قىلغاچقا، «قىزىل يەكتەكلىك قوشۇن» دەپ ئاتالدى. بابەك يەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش، باج ـ سېلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوزغىلاڭچىلار خەلىپە قوشۇنلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، خەلىپىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنى ۋەيران قىلدى، باجگىرلارنى ئۆلتۈردى، يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، باج ـ سېلىقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 828 ـ يىلى، قوزغىلاڭچىلار پۈتكۈل ئەزەربەيجاننى ۋە ئىراننىڭ غەربىي قىسمىنى كونترول قىلدى. كېيىن قوزغىلاڭغا قاتناشقان فېئودالللارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 837 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، خۇررەمىيەلەرنىڭ ئاساسلىق قەلئەسى بازار ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىنىپ، بارلىق مۇرىتلار قىرغىن قىلىندى. بابەك قەلئە ئىشغال قىلىنىش ئالدىدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، بىر

www.uyghurkitap.com

فېئودالنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغانىدى، ئەمما ئۇ فېئودال ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلدى، 837 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بابەك سامارادا ئۆلتۈرۈلدى.

بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان خەلق قوزغىلىڭى خەلىپىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خەلىپە ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىمپېرىيەدە پارچىلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان ئىراقتا يەنە ئىككى قېتىم چوڭ قوزغىلاڭ پارتلاپ، چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان ئىمپېرىيەگە ھەل قىلغۇچ زەربە بەردى.

869 ـ يىلىدىن 883 ـ يىلىغىچە بەسرە رايونىدا نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ رايوندا نۇرغۇن نېگىر قۇل بولۇپ، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يالغۇز تۆۋەن مېسوپوتامىيەدىن ئىبارەت بىر ۋىلايەتتىلا 15 مىڭ نېگىر قۇل دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەردە ئىشلەيتتى. قۇللار ناھايىتى ئېغىر ئەمگەك قىلاتتى. ھەر كۈنى شورلۇق سازلىق بەلباغدا پاتقاق قېزىپ بوز يەر ئاچاتتى، ئەمما بىر نەچچە ئوچۇم ئارپا تالقىنى ۋە خورما بىلەن ئاچلىقىنى باساتتى، ئۇچىسىغا كىيگۈدەك يېپىنچىسى، شامال ـ يامغۇردىن دالدىلانغۇدەك ياتىدىغان يېرى يوق بولۇپ، ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 869 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ رايوندىكى بارلىق نېگىر قۇللار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى ئەرەب ئەلى ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ قۇللار ئارىسىدا دىيانەتسىز خەلىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ، ھەممە ئادەم باراۋەر، ئاق كۆڭۈل نېگىر قۇللارمۇ خەلىپە بولالايدۇ، دەپ تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ باردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ئەسكەرلىرى 200 مىڭغا يەتتى. ئۇلار دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خەلىپە قوشۇنلىرىنى كۆپ

قىتىم مەغلۇپ قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىر يىل ئەتراپىدىلا بەسرە شەھىرىنى ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى كونترول قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قۇللار ھۆرلۈككە ئېرىشتى. بىراق، ئۇلار قۇللۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، ھۆرلۈككە ئېرىشكەن قۇللارنىڭ ھەر بىرىگە يەنە 10 نەپەر يېڭى قۇل تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. قۇللارنىڭ داھىيسى مۇنبەت يەرگە ئېرىشىپ، يېڭى ئېكسپلاتاتورغا ئايلاندى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئىجارە ھەققى ۋە باج ـ سېلىق بىكار قىلىنمىدى. مۇھەممەد ئەرەب دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار ئۈمىدسىزلىنىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن ئايرىلدى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يېتىم قالدى. نەتىجىدە 14 يىل داۋاملاشقان نىگىر قۇللار قوزغىلىڭى خەلىپە تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ قۇللار ئەمگىكىنىڭ ئىراق ۋە ئىراننىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى رولىنى پەيدىنپەي تۆۋەنلىتىۋەتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، زېمىندارلار قۇللارنى يەرلىرىگە مۇقىملاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار فېئوداللارنىڭ بېقىندى دېھقانلىرىغا ئايلاندى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان قەرامىتە مەزھىپى قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ مەزھەپنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىجادچىسى ھەمدان قەرامىتەنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ شىئەلەر ئىچىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەڭ رادىكال بولغان تارماق مەزھىپىدۇر. ھەمدان ئىراقتا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئۇ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى مەزھەپنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە دىن تارقاتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ ئۆز مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق

www.uyghurkitap.com

قىلدى. 890 ـ يىلى، كۇفە ئەتراپىدا دېھقانلارغا رەھبەرلىك
قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بايرىقىدا: «بىز
ئاجىزلارنى قوللايمىز، ئۇلار زېمىنىمىزغا رەھبەرلىك ۋە ۋارىسلىق
قىلسۇن» دېگەن سۆزلەر چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىلغانىدى.
ئۇلارنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىككى دەريا
ۋادىسى، ئىراننىڭ غەربىدىكى خوجىستان، شىمالىي سۇرىيە ۋە
جەنۇبىي ئەرەبكىچە يېتىپ باردى. ھەر قايسى جايلاردىكى
دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، چارۋىچىلار بەس ـ بەستە
قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. 899 ـ يىلى
قوزغىلاڭچىلار قەرامىتەنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ئەبۇ سەئىد
ھەسەن جاننابىينىڭ رەھبەرلىكىدە پېرسىيە قولتۇقىنىڭ
غەربىي قىرغىقىدىكى بوستانلىقلارنى ئىگىلەپ دۆلەت قۇرۇپ،
ئەخسا (بۈگۈنكى خوفوق)نى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى، قەتىفنى
دېڭىز ئارمىيەسى بازىسى قىلدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن،
قەرامىتە مەزھىپى قوشۇنى نەچچە قېتىم ئىراققا يۈرۈش قىلدى،
شەرقتە خۇراسانغىچە، جەنۇبتا ئوممان بىلەن يەمەنگىچە باردى؛
931 ـ يىلى مەككىنى ئىگىلىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى
توغرىسىدا 9 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىرانلىق شائىر ناسىر ئىبنى
خۇسراۋ بەزى خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ
دۆلەتنى ئالتە نەپەر نائىب ۋە ئالتە نەپەر ياردەمچى بىرلىكتە
باشقۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ تىرىكچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان 30 مىڭ قۇلى بار. خەلق باج ـ سېلىق ۋە
ئۆشرە تاپشۇرمايدۇ. كەمبەغەللەر ياكى قەرزدارلار جامائەت
خەزىنىسىدىن قەرز ئېلىپ، ئەھۋالى ياخشىلانغاندا دىرىنى
قايتۇرىدۇ، ئۆسۈم تاپشۇرمايدۇ... ئەخسادا دۆلەت ئىلكىدىكى ئۇن
زاۋۇتلىرى بولۇپ، خەلقنى ئۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھېچقانداق
ھەق ئېلىنمايدۇ. ئۇن زاۋۇتىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئىشچىلارنىڭ
مائاشىنى دۆلەت چىقىم قىلىپ بېرىدۇ.» قەرامىتە
مەزھىپىدىكىلەرنىڭ نامراتلارغا پايدىلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى

يولغا قويغانلىقى ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇلار چوقۇم ئادەم ئادەمنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتقاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئومۇم ئىگىدارلىقىدىكى قۇللۇق تۈزۈمنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقى تېخىمۇ خاتا. بۇ دۆلەت 150 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، 1057 — 1058 - يىللىرى سەلجۇق تۈرك قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

**ئىمپېرىيەنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى** سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خەلق قوزغىلىڭى خەلىپە دۆلىتىنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتىۋەتتى. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خەلىپە دۆلىتىدە سىياسىي ۋە مالىيەدە بوھران كۆرۈلدى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ئاشكارىلاندى، يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ تەسىرى كېڭەيدى، ھەر قايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئەرەب قەبىلىلىرى قوشۇنلىرى مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى. خەلىپە تۈرك قۇللىرىنى مۇھاپىزەتچىلىككە قويۇشقا، قوشۇننى ئۇلار ئارقىلىق تولۇقلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن، تۈرك سەركەردىلىرىنىڭ ھوقۇقى كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئۇلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى، خەلىپە ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالدى. مالىيە جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنىمۇ بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، «ئىكتا تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغا بەلگىلىك كۆلەمدىكى يەرنىڭ يەر بېجىنى ئېلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ئىكتانىڭ كۆلىمى كىچىك بولغاندا بىر كەنت، چوڭ بولغاندا بىر نەچچە ناھىيە ياكى بىر ئۆلكىگىچە يەتتى. ئىكتانى

قوبۇل قىلغۇچىلار دەسلەپتە باج ئېلىش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، ئەمما مەركىزىي ھۆكۈمەت زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكتىن، ئۇلار يەر ئىگىلەش ھەمدە پۇقرالارنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋېلىش، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا كىرىشىپ، تەپرىقىچى فېئوداللارغا ئايلاندى، ئىكتا تۈزۈمى سىياسىي بۆلۈنۈشنىڭ يۈزلىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

9 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئەرەب ئىمپېرىيەسىدە پارچىلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. مىسىر، سۈرىيە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆرغۈن كىچىك خاندانلىقلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇلار نامدا خەلىپىنىڭ بېقىندىلىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىدى.

909 ـ يىلى، تۇنىس ئەتراپىدا باغداد خەلىپىلىكىدىن ئايرىلىپ چىققان يەنە بىر فېئودال دۆلەت ـــ فاتىمىيەلەر خاندانلىقى(909 ـــ 1171) قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، شىئە مەزھىپىنى ياقلىغۇچى فاتىمەنىڭ ئەۋلادى، دەپ ئاتىدى. بىر قاتار ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فاتىمىيەلەر خاندانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى مىسىر، شىمالىي ئافرىقا، سۈرىيە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇ «جەنۇبىي ئەرەبلەر»①دېيىلگەن. 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەمەلىيەتتە، ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلكىدە باغدادنى مەركەز قىلغان ئىككى دەريا ۋادىسىلا قالدى. 1055 ـ يىلى

---

① ئەسلىدە مەھدى شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن. 969 ـ يىلى مىسىرنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن پايتەختنى قاھىرەگە يۆتكىگەن. فاتىمە جەمەتى يېشىل رەڭگە ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا فاتىمىيەلەر خاندانلىقى «يېشىل يەكتەكلىك ئەرەبلەر» مۇ دېيىلگەن. بۇ خاندانلىقنى 1173 ـ يىلى باش ۋالىي سالاھىددىن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

باغداد سەلجۇق تۈركلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، خەلىپىنىڭ دىنىي يولباشچىلىق ئورنىلا قالدى، ئاببباسىيلار خانىدانلىقى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى، 1258 ـ يىلى، موڭغۇل قوشۇنى باغدادنى ئىشغال قىلىپ، خەلىپىنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيەسى هالاك بولدى.

## 3. ئەرەب مەدەنىيىتى

ئەرەب مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنى يېتەكچى ئىدىيە، ئەرەب تىلىنى ئىپادىلەش شەكلى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يەنە بىر نامى ئىسلام — ئەرەب مەدەنىيىتىدۇر. ئۇ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇشتەك مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنى ئەرەب ئىمپېرىيەسى زېمىنىدىكى هەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتتى. ئۇلار يۇنان، پېرسىيە، هىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، كومپاس، پورۇخ ياساش قاتارلىق تۆت چوڭ كەشپىياتى بىلەن هىندىستاننىڭ شېكەر قومۇشى، شال، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلىرى غەربكە تارقىلىپ، ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەردە قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئەرەبلەر ھىندىلارنىڭ رەقەم سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلدى

ھەمدە ئومۇملاشتۇردى. ئۇلار ھىندىلار كەشىپ قىلغان «0» بەلگىسى بىلەن ئونلۇق سىستېمىنى ئىشلەتتى ھەمدە بۇنداق ھىندى رەقەملىرىنى ياۋروپاغا تارقاتتى، شۇڭلاشقا، ئۇ ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتالدى. كېيىن ئەرەب رەقىمى چىگىش، مۇرەككەپ رىم رەقىمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئەرەب ماتېماتىكلىرى تىرىگونومېترىيەدىكى سىنۇس، كوسىنۇس ۋە تانگېنس قاتارلىق ئۇقۇملارنى تەبىر بېرىپ بېكىتتى. ئابباسىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدە خارەزىملىك ئالىم مۇھەممەد ئىبىن مۇسا (تەخمىنەن 780 ــ 847) ئالگېبرا بىلىملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ بىر مۇستەقىل پەنگە ئايلاندۇردى. 12 ـ ئەسىردە ئۇنىڭ ئالگېبرا ئىلمىناملىق كىتابى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە 15 ـ ئەسىرگىچە ئاساسلىق ماتېماتىكا ئوقۇشلۇقى قىلىندى. ئەرەبلەر يەنە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى. 10 ـ ئەسىردە ئۈچىنچى دەرىجىلىك، تۆتىنچى دەرىجىلىك ۋە بەشىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى تېپىش ئۇسۇلىنى بېكىتتى. ئۇلار يەنە ئانالىتىك گېئومېترىيەگە ئاساس سالدى، گېئومېترىك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنى يەشتى.

ئەرەبلەر ھىندىستان بىلەن مىسىرنىڭ ئاسترونومىيەسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەچچە 100 يىللىق كۆزىتىشى ۋە تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق، ئاسترونومىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ بىر يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزدى. ئەرەبلەر باغداد، دەمەشق، قاھىرە، كوردوۋا، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەردە رەسەتخانىلارنى سېلىپ، ئاسمان جىسىملىرىنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىردە ئەڭ يېڭى نازۇك ئەسۋابلارنى، ئالايلۇق، كوسموسفېرا (ئاسمان شارى گىلوبۇسى) گىلوبۇس، ئوبسېرۋاتور قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلدى.

9 ـ ئەسىردە، ئەرەب ئاسترونوملىرى يېۋفرات دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سىنزار تۈزلەڭلىكى بىلەن كۇفە تۈزلەڭلىكىدە ئەمەلىي ئۆلچەش ئارقىلىق، بىر مېرىدىيان سىزىقىنىڭ بىر گىرادۇستىكى ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ پەرقى ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇلار يەرنى شار شەكلىدە دەپ قاراپ، بىر مېرىدىيان سىزىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئاساسەن يەر شارىنىڭ ھەجمى بىلەن ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىققان.

10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاسترونوم ئەل باتانىي (تەخمىنەن 858 ـــ 929) 40 يىل كۆزىتىش ئارقىلىق يۇلتۇزلار جەدۋىلى («سابى ئىلمىي نۇجۇم كالېنداری» ـــ تەرجىماندىن)نى تۈزۈپ چىققان. ئۇ ئۆلچەپ چىققان يەر شارىنىڭ قۇياشتىن يىراق نۇقتىدىكى ھەرىكىتى كېيىنكى دەۋرلەردە ئەڭ يۇقىرى مۆساپە، دەپ ئاتالغان، ئۇ تەخمىنەن 70 يىلدا بىر گىرادۇسلۇق مۇساپىنى باسىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرى ياۋروپا ئاسترونومىيەسىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالغان. پولشالىق ئاسترونوم كوپېرنىك (1473 ـــ 1543) «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە ھەمىشە باتانىيىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچەشلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

ئەرەبلەر تېبابەتچىلىكتىمۇ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. تېۋىپلار دېزىنفېكسىيە قىلىشنى، ناركوز قىلىش دورىلىرىنى ئىشلىتىپ، ئادەمنى ھوشسىزلاندۇرۇشنى بىلەتتى، كېزىك، خولىرا، ۋابا ۋە كۆزگە ئاق چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىغان. ياۋروپالىق دورىگەرلەر ھازىرغىچە ئەرەب دورىگەرلىكىدە قوللىنىلغان نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى يەنىلا ئىشلىتىپ كەلمەكتە، ئالايلۇق، شىرنا (SuruP)، سودا (Soda ) قاتارلىق ئاتالغۇلار ئەرەبچە ئاتالغۇلاردۇر. ئەينى چاغدىكى مەشھۇر تېۋىپ ئىبنى سىنا (ئاۋىسېننا 980 ـــ 1037) نىڭ تېبابەتچىلىك ئېنسىكلوپېدىيەسى «ئەل قانۇن فىن تىب» («تېبابەتچىلىك

قانۇنى») ناملىق ئەسەرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ مېدىئاستىنىك پەردە (كۆندىلەڭ پاسىل توسۇلۇش ياللۇغى) ياللۇغى بىلەن كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى پەرقلەندۈرگەن ھەمدە ئۆپكە تۇبېركۇليوزىنىڭ يۇقۇمچانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. 12 ـ ئەسىردە بۇ ئەسەر لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا 17 ـ ئەسىرگىچە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلى ئىچىدە «ئەل قانۇن فىن تىب» لاتىنچە 15 قېتىم نەشر قىلىنغان. ئىبنى سىنا «تىبابەتچىلىك پىرى» دەپ ئاتالغان.

ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالىملىرى جۇغراپىيە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە مول مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

جۇغراپىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشى سودىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان. 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە «ئەل مەسالىكە ـ ئەل مەمالىك» («ھەر قايسى ئەللەردىكى يوللار») ناملىق ماۋزۇدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جىبال ئۆلكىسىنىڭ پوچتا نازارەتچىسى ئىبنى خۇرتادبىنىڭ ئەسىرى ئەڭ مەشھۇردۇر، مەزكۇر ئەسەر 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمپېرىيەدىكى سودا يوللىرى، ئېلىنىدىغان باج ۋە ئەينى چاغدىكى ئاسىيا، ياۋروپادىكى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يوللىرىدىكى قاتناش ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. 9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەرەبلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئەرەب سودىگەرلىرى شەرقتە جۇڭگوغىچە، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە، شىمالدا بالتىق دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا ئافرىقا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغىچە بارغانىدى. تەخمىنەن 916 ـ يىلى ئەبۇسەئىدنىڭ «سۇلايماننىڭ جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىكى ساياھىتى» ناملىق ئەسىرىدە، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىجەز ـ خۇلقى ۋە ئۆرپ ـ

ئادەتلىرى ئەينەن خاتىرىلەنگەن. 10 ـ ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان جۇغراپىيەگە ئائىت يەنە بىر نەچچە ئەسەر، يەنى ياقۇت (1179 ـــ 1229)نىڭ «مۇئجەم ئەل بولدان»، («يەر نامىلىرى لۇغىتى») ناملىق ئەسىرىگە ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە بىلىملىرى جەھەتتە قازانغان ئۇتۇقلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، سىسىلىيە پادىشاھلىقىدا ئەمەلدار بولغان ئىدرىس (ئەرەب) (1166 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلغان) نىڭ «سەييالارنىڭ شادلىقى» ناملىق دۇنيا جۇغراپىيەسىگە ئائىت ئەسىرىگە 71 پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپاغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن.

تەبەرى بىلەن مەسئۇد ئەڭ مۇھىم تارىخشۇناسلاردۇر. تەبەرى (838 ـــ 923) نىڭ بۈيۈك ئەسىرى «پەيغەمبەر ۋە پادىشاھلار يىلنامىسى»دا ئالەم يارىتىلغاندىن تارتىپ 915 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە، يەنى سالنامە ئۇسلۇبى بويىچە خاتىرىلەنگەن. مەسئۇد (956 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلغان) نىڭ «ئەرەب ھېرودوتى» دېگەن نامى بار، ئۇ «مۇرۇج ئەل زەھەب ۋە مادىن ئەل جەۋھەر» («ئالتۇن يايلاقلار ۋە ئۈنچە ـ مارجان كانلىرى»، ئادەتتە قىسقارتىلىپ «ئالتۇن يايلاق»مۇ دېيىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىدە سالنامە ئۇسلۇبىنى قوللانماستىن، ئالەم يارىتىلغاندىن تارتىپ 947 ـ يىلىغىچە بولغان خانىدانلىقلار، پادىشاھلار ۋە مىللەتلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلغان، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە تارىخ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە جۇغراپىيە، دىن، پەلسەپە، تەبىئىي پەن قاتارلىقلارغا چېتىلغان ئېنسىكلوپېدىيەدىن قېلىشمايدىغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەبلەر ئەدەبىيات ساھەسىدە، ئەڭ بۇرۇن شېئىر ـ قوشاقلاردا ئۇتۇق قازانغانىدى. قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ بەلگىلىك پەسىلدە شېئىر ـ قوشاق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئادىتى بار ئىدى. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى شېئىر ـ قوشاق

www.uyghurkitap.com

تاللانمىلىرى «مۇئەللەقەت» ياكى «يەتتە پارچە ئاسما شېئىر» دەپ ئاتىلاتتى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئوغۇز بازىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن شېئىر ـ قوشاق مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىققان يەتتە شائىرنىڭ ئەسىرىگە قارىتا ئېيتىلغانىكەن. بۇ شېئىرلار ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىپ مەككىدىكى كەئبىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇلغاچقا، «مۇئەللەقەت»، يەنى «ئاسما شېئىر» دەپ ئاتالغانىكەن.

بەدەۋىيلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى تەسۋىرلەنگەن، مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن، شەخسلەرنىڭ قەھرىمانلىقى مۇبالىغە قىلىنغان شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى ئېلىمىزنىڭ «نەزمىنامە» ۋە «چۇ نەزمىلىرى» دىن قېلىشمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەبۇل فەرەج (897 — 967) تۈزگەن 21 جىلدلىق «كىتابۇل ئەفانى» («شېئىرلار توپلىمى»)دا ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى دەۋرىدىن ئابباسىيلار خانىدانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇزىكا ئىشلەنگەن شېئىر ـ قوشاقلار كىرگۈزۈلگەن ھەمدە شائىرلار ۋە مۇزىكا ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە رەسمىي تارىختا كىرگۈزۈلمىگەن ۋەقەلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر ئەرەب شېئىر ـ قوشاق مەجمۇئەلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مىڭبىر كېچە» ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەردۇر. بۇ ھېكايىلەر توپلىمى 6 ـ ئەسىر پېرسىيە ئەدەبىياتىدىكى «مىڭ ھېكايە» نى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ھىندىستان، ئەرەب، مىسىر، يۇنان قاتارلىق جايلارنىڭ چۆچەك، رىۋايەت، ھېكايىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، قىستۇرما بايان ئۇسۇلى بويىچە قۇراشتۇرۇلۇپ كىتاب قىلىنغان. مول مەزمۇنلۇق بۇ بۈيۈك ئەسەر 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باغدادتا يېزىلىشقا باشلاپ، تەخمىنەن 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردا «مىڭبىر كېچە» دېگەن نامى بېكىتىلگەن. بۇ ئەسەردە ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ ئەرەب تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتىمىزدە بىر قانچە خىل تەرجىمە نۇسخىسى بار، ئەڭ بۇرۇن كىلاسسىك خەنزۇ تىلى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى «ئەرەب كېچىسى» دېگەن نامدا 1906 - يىلى نەشر قىلىنغان.

ئەرەبلەر بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ خېلى يۇقىرى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسچىت ئىمارەتلىرى كۆپىنچە چاسا ياكى ئۇزۇن ھويلىلىق، ئەتراپى ھەر خىل ئەگمە ئىشىكلىك، ئايۋانلىق قىلىپ ياسالغان. 691 - يىلى ئۇمەۋىيەلەر خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى مالىك (685 — 705) ئېرۇسالېمدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە «سەھرا مەسچىتى»نى سالدۇرغانىدى. بۇ سەككىز بۇرجەكلىك بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋرۈك ۋە ئەگمە ئىشىكلىرىنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ئورنىتىلغان ھەمدە رەڭگارەڭ مەرمەر تاشلار بىلەن ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتكەن سامەردا مەسچىتىنىڭ كۆپ قاناتلىق ئەگمە ئىشىكى بەكمۇ گەۋدىلىك. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەسىمى ۋە گېئومېتىرىك شەكىللەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيلەر ئەرەبلەرنىڭ رەسساملىق، نەققاشلىق سەنئىتىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3 - بۆلۈم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غەربكە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىلىخان خانلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بىر قۇدرەتلىك موڭغۇل دۆلىتى بارلىققا كەلدى. موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىجتىمائىي،

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق شارائىت هازىرلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ دۆلەت ئاسىيا، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئىستىلا قىلىنغان ئەللەر ۋە رايونلاردا ئېغىر بالايىئاپەت پەيدا قىلدى.

## 1. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غەربكە تاجاۋۇز قىلىشى

موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى ئېلىمىزنىڭ خېيلوڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان ئېرغۇنا دەرياسى ۋادىسىغا ئەسلىدە شىرۋى قەبىلىلىرى ماكانلاشقانىدى. 6 ـ ئەسىردە ئۇلار شەرقىي ۋېي، شىمالىي چى هاكىمىيەتلىرىگە قەرەللىك هالدا ئولپان تاپشۇراتتى. 7 ـ ئەسىردە، شىرۋى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى هېسابلىنىدىغان موغۇل شىرۋى قەبىلىسى غەربتىكى ئونان، قۇرۇلۇن، توغلاردىن ئىبارەت ئۈچ دەريانىڭ مەنبەسى بىلەن كېنتاي تېغىنىڭ شەرقىي ئەتراپلىرىغا كۆچتى، كېيىن ئۇلار راۋاجلىنىپ يايلاقتا دەۋران سۈرگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىگە ئايلاندى. 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى تۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز خانلىقلىرىدىن ئىبارەت يەرلىك هاكىمىيەتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت مەركىزىي هاكىمىيەت تەڭ كونترول قىلدى. 10 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قەبىلىلەر كۆپەيدى. موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن يەنە تاتار، ئوڭغۇت، مېركىت، ئويرات، كېرەي، نايمان قاتارلىق قەبىلىلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئۇلار تارقاق هالدا قىتان خانلىقى، جىن سۇلالىسى هاكىمىيەتلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشايتتى. 11 ـ ئەسىردە ئۇلار تاتار قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا قىتانلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى، هەتتا «تاتارلار» دېگەن نام بىر مەهەل موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالدى. چىڭگىزخان يايلاقنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، هەر

قايسى قەبىلىلەر موڭغۇللار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يايلاقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىلقا، كالا، قوي پادىلىرىنى باقاتتى، گۆش ـ قىمىزنى ئوزۇقلۇق قىلاتتى؛ ئاز سانلىق ئوۋچى قەبىلىلەر شىمالدىكى ئورمانلىق رايونىدا ياشايتتى، ئۇ «ئورمان پۇقرالىرى» دېيىلەتتى. خەنزۇلار، قىتانلار، جۇرجىتلار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزاق مەزگىل بېرىش ـ كېلىش قىلىش جەريانىدا، ئىلغار ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا موڭغۇللار ئارىسىغا تارقىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، موڭغۇل قول ھۈنەرۋەنچىلىكى چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقتى، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق مەخسۇس كەسىپكە ئايلاندى، موڭغۇللار تۆمۈردىن قورال ـ سايمانلارنى ياسىيالايدىغان بولدى. سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىدىكى ئوڭغۇتلار دېھقانچىلىق قىلىشنى بىلىدىغان، تېرىق ـ قوناق ئۆستۈرىدىغان بولدى. ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدىكى نايمانلار ئۇيغۇر يېزىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز قەبىلىسىنىڭ گەپ ـ سۆزىنى خاتىرىلەيدىغان بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. چارۋا بىلەن ئوتلاقلا ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش ئاساسىدىكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان كىگىز ئۆيلۈك كوللېكتىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش ئۇسۇلى («كۆرەن») نىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا بىر ئائىلە يەككە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش ئۇسۇلى ئىگىلىدى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ چارۋىچىلارنىڭ ئۆز چارۋىلىرى ۋە چېدىرى بار بولدى. خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇرۇقداشلار ئارىسىدا باي ـ نامراتلىققا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قەبىلە باشلىقى («خان») ۋە ئاز سانلىق ئاقسۆڭەك («نويان») لار نۇرغۇن چارۋا ۋە ئوتلاقلا ئىگە بولۇۋالدى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، مەخسۇس

جەڭ قىلىدىغان بىر توپ خاس ئەسكەر («نۆكەر») لەر توپلاندى. ئۇرۇقىنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى ئازراقلا چارۋىسى بار يەككە چارۋىچى («خارس») لارغا ئايلاندى، ئۇلار گەرچە نامدا يەنىلا ھۆر كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىگە ئولجىپان تاپشۇراتتى، ئەسكەر بولاتتى. ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ۋەيران بولغان ئۇرۇق ئەزالىرى قۇل («بوئۇل»)غا ئايلىنىپ، مالاي ۋە يىلقىچى بولاتتى. بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرمۇ ئىستېلا قىلغۇچى قەبىلىنىڭ ھەربىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئولپان تاپشۇراتتى. باي ـ نامراتلىق پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئوتلاق ۋە بايلىق تالىشىپ قىرغىنچىلىق قىلىش كۈرىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن خانىدانلىقىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە «ئەسكەر قىسقارتىش» سىياستى (قەرەللىك قىرغىنچىلىق قىلىش) موڭغۇل قەبىلىلىرىنى يۇرت ـ ماكانلىرىدا خاتىرجەم ياشىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىپ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش، جىن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش موڭغۇل خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپىگە ئايلاندى. بۇ ۋەزىپە چىڭگىزخاننىڭ رەھبەرلىكىدە ئورۇندالدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى تېمۇرچىن (1162 ـــ 1227)، بورجىگىن قىيات قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى يەسۇگەي موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، تېمۇرچىن سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى (1170 ـ يىلى) ئۇنى تاتارلار زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. گۆدەك چېغىدا ئاتىسىدىن ئايرىلغان، قەبىلىسى تاراپ كەتكەن تېمۇرچىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاندى، ئەمما ئۇ كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئونخاننىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، 18 يىل سورۇقچىلىق تارتىپ ۋە جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر 1189 ـ يىلى موڭغۇل



www.uyghurkitap.com

قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆنخان بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاتارلار بىلەن مىركىتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 1203 - يىلى ئەتىيازدا ئۆنخان تېمۇرچىنغا ھۇجۇم قىلدى، شۇ يىلى كۈزدە تېمۇرچىن ئۆنخاننى ئۆلتۈرۈپ، كېرەيلەرنى قوشۇۋالدى. 1204 - يىلى كۈزدە، كۈنخاننى ئۆلتۈرۈپ نايمانلارنى قوشۇۋالدى. 1206 - يىلى، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئونان دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ (قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كېڭەشش يىغىنى)، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن تېمۇرچىننى پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ قاغانلىقىغا سايلىدى ۋە ئۇنىڭغا چىڭگىزخان دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن جىن خاندانلىقىنىڭ شىمالىدا، شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە، غەربتە ئالتاي تاغلىرىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان كەڭ يايلاق رايوندا چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى موڭغۇل فېئوداللىق دۆلىتى قۇرۇلدى.

دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش جەھەتتە، چىڭگىزخان تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى:

(1) زېمىن ۋە ئاھالە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. «زېمىننى سۇيۇرغال قىلىش، مال - دۇنيادىن ئورتاق بەھرىلىنىش» پرىنسىپى بويىچە، چىڭگىزخان ھەر قايسى قەبىلىلەردىكى چارۋىچىلارنى 10 مىڭ تۈتۈن (تۇمەن)، مىڭ تۈتۈن (مىڭغان)، يۈز تۈتۈن (زۇئۇن) ۋە ئون تۈتۈن (ئاربەن - ئونبېشى) بويىچە، تۇغقانلىرى («ئالتۇن جەمەت») غا ۋە تۇغقان بولمىسىمۇ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېقىندىلار سۈپىتىدە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىللە بىلەن ھەق سۈپىتىدە مۇناسىپ «سۇيۇرغال» بەردى. تۇمەنبېگى بىلەن مىڭبېگىنى چىڭگىزخان بىۋاسىتە تەيىنلەيتتى، تۆت تۇمەنبېگى، 95 مىڭبېگى بار ئىدى. تۇمەنبېگىدىن ئونبېشىغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك نويانلار ۋەزىپىسى مىراس قالىدىغان چوڭ - كىچىك

فېئودالالار ئىدى. ئالتۇن جەمەت ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، يات نويانلار ئۇلارنىڭ بېقىندىلىرى ھېسابلىناتتى. سۇيۇرغاللىق تەۋەلىكىدىكى خەلق ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۇيۇرغاللىق ئىچىدە سۇيۇرغال ئىگىسى بەلگىلەپ بەرگەن يايلاقتا ئىشلىشى، ئىختىيارىي يۆتكەلمەسلىكى، ئادەتتە سۇيۇرغال ئىگىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشى، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى، ئۇرۇش بولغاندا قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ئۆزلىرى تەييارلاپ، نويانغا ئەگىشىپ جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك، 15 ياشتىن يۇقىرى، 70 ياشتىن تۆۋەن ئەرلەر ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ «ئاتقا مىنىپ جەڭگە ئاتلىنىشى، ئاتتىن چۈشۈپ چارۋا بېقىشى»① شەرت ئىدى. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش، ھەربىي ئىشلار، مەمۇرىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن زېمىن ۋە ئائىلە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئەسلىدىكى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر تەشكىلاتى بولماستىن، يايلاق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە فېئودالالىق تۈزۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) قاغاننىڭ خاس مۇھاپىزەتچى قوشۇنى (كىشىكتېن) نى كېڭەيتىپ قۇردى. چىڭگىزخان ھەر دەرىجىلىك نويان (ئاقسۆڭەك)لار ۋە ئاراتلار (ئاددىي خەلق) پەرزەنتلىرى ئىچىدىن قاۋۇل ئەزىمەتلەرنى تاللاپ، 10 مىڭ كىشىلىك خاس مۇھاپىزەتچى قوشۇن قۇردى. ئۇلار قاغاننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى خاس ئەسكەرلەر بولۇپ، ئادەتتە تۆت ئىسمېنا بويىچە نۆۋەت بىلەن مۇھاپىزەتچىلىك قىلاتتى، قاغان جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغاندا ئۇلار ئاساسلىق كۈچ سۈپىتىدە جەڭگە قاتنىشاتتى. خاس ئەسكەرلىك مىراس قالاتتى، ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئورنى سىرتتىكى مىڭبېگى نويانلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى.

(3) ياساق (جاساق ـ قانۇن) تۈزۈپ، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار سوراقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان زالىم ھەكەم

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 98 ـ جىلد، «ئەسكەرلەر تەزكىرىسى»، 1 ـ.

(زارگۇچى) لىك مەنسىپى تەسىس قىلىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ۋە ئىمتىيازىنى، ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى قوغدىدى.

(4) ئۇيغۇر تاتاتۇڭا (ئەسلىدە نايمانلارنىڭ مۆھۈردارى ئىدى)غا ئۇيغۇر يېزىقىدا موڭغۇل تىلىنى يېزىش، موڭغۇل يېزىقى ئىجاد قىلىشقا ئەمر قىلدى.

(5) شامان دىنىنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا بېك (شەيخ) تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل دىنلارغا كەڭ قوللۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش سىياسىتى يۈرگۈزدى.

(6) مەخسۇس ھەربىي ئىشلارنى ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇشقا، ھەربىي لاۋازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەشكە ۋە تامغا، ئۇۋچىلىق، ئات ۋە چارۋا قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى، موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى. بىراق، ھەربىي فېئودال كۈچلەرنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئاچ كۆزلۈكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى. 8 ـ ئەسىردە موڭغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى شەرقتە خۇاڭخەي دېڭىزىغىچە، غەربتە دوناي دەرياسىغىچە بولغان كەڭ ئاسىيا، ياۋروپا رايونىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، موڭغۇل خەلقى ۋە ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت ياغدۇردى.

موڭغۇللار ئاساسلىق ئىككى يۆنىلىش بويىچە ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلدى: بىرى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تاڭغۇت (1205 ــ 1227)، جىن سۇلالىسى (1211 ــ 1234)، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1231 ــ 1279) دىن ئىبارەت ئۈچ فېئودال لىق

ھاكىمىيەتنى يوقاتتى؛ يەنە بىرى، غەربكە ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى. بۇ چىڭگىزخاننىڭ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشى (1219 — 1225)، باتۇخاننىڭ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشى (1236 — 1242)، ھۇلاكۇنىڭ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشى (1253 — 1260) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**چىڭگىزخاننىڭ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشى** چىڭگىزخان باشتا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئاجىزراق تاڭغۇت ھاكىمىيىتىنى تاجاۋۇز قىلىش نىشانى قىلىپ تاللىدى، 1205 ـ، 1207 ـ، 1209 ـ يىللىرى ئۈچ قېتىم لەشكەر تارتىپ، تاڭغۇتلارنىڭ پادىشاھى نانۇنى سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما، چىڭگىزخان جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشتا ياپلاقتىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرگە ئۇزۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان جىن سۇلالىسىنى ئاساسلىق نىشان قىلدى. تاڭغۇتلار بېقىندى بولۇپ ئولپان تاپشۇرغاندىن كېيىن، 1211 ـ يىلى، دەرھال جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا قەسەم قىلدى، 1214 ـ يىلى جىن سۇلالىسى مەلىكىسىنى چىڭگىزخانغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياراشتى، پايتەختىنى نەنجىڭ (كەيفېڭ) گە كۆچۈردى؛ 1215 ـ يىلى، چىڭگىزخان جىن سۇلالىسىنىڭ جۇڭدۇ (بېيجىڭ) شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمالدىن ئىبارەت كەڭ زېمىننى كونترول قىلدى. چىڭگىزخان تاڭغۇت ۋە جىن سۇلالىسىگە قارشى 10 يىل جەڭ قىلىش جەريانىدا (1205 — 1215) نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن، چارۋا ـ ماللارنى بۇلاپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن ئاھالىنى، بولۇپمۇ كاسىپلارنى، جۇملىدىن قورال ـ ياراغ ئۇستىلىرىنى ئەسىر ئالدى، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇرۇختىن قورال ياساش تېخنىكىسىنى موڭغۇلىيەگە تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسلىدە پەقەت ئوتلاق ـ دالىدا ئۇرۇش قىلىدىغان موڭغۇل قوشۇنلىرى شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنى ۋە تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ تېخىمۇ

كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىش ئوبيېكتى موڭغۇللار بىلەن بىر ۋاقىتتا باش كۆتۈرگەن ھەمدە كېڭەيمىچىلىك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت خارەزىم ئىدى. خارەزىمشاھنىڭ ئەجدادى دەسلەپتە سەلجۇق ئىمپېرىيەسىدىكى خارەزىم شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، كېيىن باش ۋالىي بولغان، 1138 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنى شاھ دەپ ئېلان قىلغان. 1141 ـ يىلى قارا قىتانلارغا بېقىنىپ، ئولپان تاپشۇرغانىدى. كېيىن سەلجۇق ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىرتقا ئۇزۇكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلغانىدى. ئالاۋىدىن مۇھەممەد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1200 ـــ 1220) دە، شىمالدا سىر دەرياسى، ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا ھىندى دەرياسى، پېرسىيە قولتۇقىغىچە، شەرقتە پامىر تاغلىرىغىچە، غەربتە ئەزەربەيجان، كۇرد تاغلىق رايونى ۋە لورىستانغىچە بولغان بىپايان زېمىن خارەزىمنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. كونا پايتەختى خارەزىم (ئۈرگەنچ) بولۇپ، 1212 ـ يىلى يەنە ئىشغال قىلىنغان سەمەرقەندنى يېڭى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەنىدى. مۇھەممەد بەكلا قارانىيەت بولۇپ، ماۋرائۇننەھر، ئافغانىستان ۋە ئىراننى كونترول قىلىش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمىغانىدى، 1217 ـ يىلى، ئۇ باغدادقا لەشكەر تارتقاندا خەلىپىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكچى بولغان، جۇڭگونى ئىستېلا قىلىشنىمۇ خام خىيال قىلغان. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، موڭغۇللاردىن بۇرۇن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغان ۋە خاۋاتىرلەنگەنىدى. 1214 ـ يىلى ياكى 1215 ـ يىلى، ئۇ چىڭگىزخان تەرەپكە موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئادەم ئەۋەتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرى جاۋابەن زىيارەتتە بولۇپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش، سودا ئالاقىسى ئورنىتىش،

www.uyghurkitap.com

ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز چېگرالىرىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنا كېلىشىم ھاسىل قىلغانىدى. 1218 ـ يىلى ئەتىيازدا، چىڭگىزخان بىر سودا كارۋىنىنى ئوترارغا ئەۋەتتى. پۇل، مال ـ دۇنياغا تويماس خارەزىملىك مەنسەپدارلار 450 سودىگەرگە ئايغاقچىلىق جىنايىتىنى ئارتىپ، 449 نى ئۆلتۈردى (بىرسى قېچىپ قۇتۇلغان)، 500 تۆگىگە ئارتىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، يىپەك، بۇلغۇن تېرىسى، يىلپىز تېرىسى قاتارلىق ماللار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان يۈكلەرنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىندى. چىڭگىزخان ئۈچ ئادەمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرگەندە ئەلچى ئۆلتۈرۈلۈپ، بىللە كەلگەن ئىككى ئەمەلدارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى چۈشۈرۈلۈپ، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

1218 ـ يىلى، چىڭگىزخان قۇرۇلتاي چاقىرىپ، غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلدى، خارەزىمشاھقا ئۇرۇش ئېلان قىلىش نوتىسى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا مۇھەممەد يەنىلا ئىراق ئالدىنقى سېپىدە ئىدى، ئۇ ئۇرۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھەمەداندىن قايتتى، بۇخاراغا كەلگەندە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىن دۈشمەننىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى، مۇھەممەد مىركىتلەرنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان موڭغۇل قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تۇتۇلۇپ قالغىلى قىل قالدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەندىن قورقۇپ، موڭغۇل قوشۇنى بىلەن دالادا جەڭ قىلىش پايدىسىز، چوڭقۇر خەندەك، ئېگىز سېپىللارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ جەڭ قىلىش قولايلىق دەپ قاراپ، دۈشمەننىڭ خالىغىنىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا يول قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا ھۆكۈمران سىنىپلار قاتمۇ قات ئىچكى زىددىيەتكە پېتىپ قالغانىدى، خارەزىمشاھ قوشۇن توپلانسا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشىدىن قورقتى؛ شۇنىڭ بىلەن خارەزىمنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى رايونىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1219 ـ يىلى، چىڭگىزخان 150 ـ مىڭدىن 200 مىڭغىچە قوشۇننى ئۆزى باشلاپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، موڭغۇل قوشۇنلىرى خارەزىم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. چىڭگىزخان شۇ جايدا قوشۇننى تۆت تارامغا بۆلدى؛ بىر تارام قوشۇن شۇ يەردە قېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. بىر تارام قوشۇن سىر دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى، بىر تارام قوشۇن سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، ئۆزى تولۇي بىلەن بىرلىكتە ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ سىر دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل بۇخاراغا ئاتلىنىپ، دۈشمەننىڭ يېڭى ۋە كونا پايتەختلىرى ئارىسىدىكى قاتناشنى ۋە ھەر قايسى شەھەرلەردە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان قوشۇنلارغا ياردەم بەرگۈچى قوشۇنلارنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. غەربتە بۇخارانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن (1220 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا)، كەينىگە يېنىپ دۈشمەننىڭ كۆچى توپلانغان شەرقتىكى يېڭى پايتەخت سەمەرقەندنى (1220 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) ئالدى. خارەزىمنىڭ سىر دەرياسى مۇداپىئە سېپىنى بىر قېتىمدىلا بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيەسى مۇھەممەدنىڭ قوشۇنلارنى بۆلۈپ شەھەرلەرنى چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت تاكتىكىسىنى بىتچىت قىلدى. سىر دەرياسى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئارمىيە، خەلق جان تىكىپ جەڭ قىلىپ، خارەزىم شەھىرىنى بەش ئايدىن ئارتۇق قوغدىدى، ئاخىر تايانچىسىز قېلىپ ياردەمگە ئېرىشەلمەي موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بىر ـ بىرلەپ ئىشغال قىلىندى.

مۇھەممەد باشتا سەمەرقەندتە تۇرۇپ خەلقنىڭ سېپىللارنى رېمونت قىلىش، خەندەك ـ ئورەكلەرنى تازىلاش ـ قېزىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ سىر

www.uyghurkitap.com

دەرياسىدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دۈشمەنىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقۇپ («چەۋەندازلىرى قامچىسىنى تاشلىسا، دەريا توسۇلۇپ قالىدىكەن»)، سەمەرقەندتىن كېتىپ قالىدى. چىڭگىزخان سەمەرقەندنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال جەبە بىلەن سوبۇتاينىڭ ھەر بىرىگە 10 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ خارەزىمشاھقا قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. مۇھەممەد بەلخ، نىشاپور، قازۋىن، گىلان، مازاندىرانلار ئارقىلىق قاچتى، موڭغۇل قوشۇنلىرى توختىماي قوغلىدى، مۇھەممەد ئاخىر كاسپىي دېڭىزىدىكى بىر قاقاس ئارالغا قېچىپ بېرىپ ئۆلدى (1221 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى).

مۇھەممەد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى جالالىددىن كونا پايتەخت ئۈرگەنچكە بېرىپ تەختكە ئولتۇردى، لېكىن ئەلەمدارلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغاچقا، 1221 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 300 چەۋەنداز بىلەن ئۈرگەنچتىن ئاتلىنىپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، نىشاپۇر، ھېرات ئارقىلىق غەزنەگە يېتىپ كېلىپ، قوشۇنلارنى توپلاپ 60 — 70 مىڭ چەۋەندازغا يەتكۈزدى.

چىڭگىزخان جالالىددىنىنىڭ كېتىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، ئوغۇللىرى جوجى، چاغاتاي، ئوگىدايلارغا ئۈرگەنچكە شىمالدىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جالالىددىنىنى قوغلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. 1221 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئارمىيە، خەلق بىرلىشىپ ئۈرگەنچنى ئالتە ئايدىن ئارتۇق قولدىن بەرمەي چىڭ ساقلىدى، موڭغۇللار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ يەنە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز كوچا جېڭى قىلدى. تالقان شەھىرىدىكىلەرمۇ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى 7 ـ ئايدا پەسىيىشكە باشلىدى. جالالىددىن بارۋان (كابولنىڭ شىمالى) دا يەنە 30 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل

قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭگىزخان بۇ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، جەنۇبقا تېز يۈرۈش قىلىپ، جالالىددىننى ھىندى دەرياسى بويىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جالالىددىن ئېگىزلىكى نەچچە ئون گەز كېلىدىغان ئېگىز ياردىن ئېتى بىلەن ھىندى دەرياسىغا سەكرەپ، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى (ۋاقتى 1221 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە)، چىڭگىزخان دەريادىن ئۆتۈپ قوغلاشقا ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار جالالىددىننى تۇتالماي قايتىپ كەلدى.

1222 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چىڭگىزخان غەربىي يۈرتنى ئومۇمىيۈزلۈك تىنچىتىپ، ھەر قايسى جايلارنى باشقۇرۇشقا داروغاچ تەيىنلىدى. كۈزدە كەلگەن يولى بويىچە قايتتى. قىشتا سەمەرقەند تەۋەلىكىدە ئارام ئالدى. 1223 ـ يىلى شەرققە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى. 1225 ـ يىلى باھاردا قارا قۇرۇمدىكى ۋاقىتلىق ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى.

جەبە، سۇبۇتاي مۇھەممەدنى قوغلاپ كاسپىي دېڭىزىغىچە بېرىپ، مۇھەممەدنىڭ ئانىسى، خوتۇنىنى ئەسىر ئېلىپ، چىڭگىزخانغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن كېيىن ـ مازاندىراندىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، غەربىي ئىران، ئەزەربەيجان، گىروزىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ جايلارنى تالان ـ تاراج قىلدى. كېيىن چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىمالدىكى قىپچاق دالاسىغا يۈرۈش قىلدى، 1222 ـ يىلى دېلبان (كاسپىي دېڭىز ئۆتكىلى) ئارقىلىق كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىغا كىردى. 1223 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كاركا دەرياسى بويىدا قىپچاق ۋە رۇسىيەنىڭ بىرلەشمە قوشۇننى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بۇ موڭغۇل قوشۇنى دنېپېر دەرياسى ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىغىچە باردى، 1223 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن شەرققە ئاتلىنىپ، شەرققە قايتقان زور قوشۇن بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇچراشتى. سەپەر ئۈستىدە جەبە قازا قىلدى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش جەريانىدىكى جەڭ مەيدانلىرى مەۋرائۇننەھر، ئافغانىستان، غەربىي شىمالى ھىندىستان، شىمالىي ئىران، شىمالىي مېسوپوتامىيە، كاۋكاز رايونى ۋە جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىنى قاپلىدى. بۇ ئۇرۇش ئىنتايىن شەپقەتسىز بولدى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرلەردە قىرغىنچىلىق قىلىش سىياسىتى ئوترار، بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ، تالقان، ھېرات، مەرۋى، نىشاپۇر قاتارلىق قارشىلىق كۆرسەتكەن شەھەرلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى ياكى خارابىلىككە ئايلاندۇردى، شەھەر ئاھالىلىرىدىن كاسىپلار، ئاياللار، بوۋاقلاردىن باشقىلار ئۆلتۈرۈلدى، ياكى ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى، كەڭ بىگۇناھ خەلق بىر مەيدان تارىخىي بالايىئاپەتكە ئۇچرىدى.

چىڭگىزخان شەرققە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىمپېرىيە زېمىنىنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى؛ چوڭ ئوغلى جوجى ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربى، ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ۋە خارەزىمگە؛ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ئىلى دەرياسىنىڭ غەربى، سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنغا، ئۈچىنچى ئوغلى ئوگىداي موڭغۇلىيەنىڭ غەربى، شىنجاڭنىڭ شىمالى، ئېمىل دەرياسى ئەتراپىدىكى زېمىنغا؛ كەنجى ئوغلى تولۇي موڭغۇلىيەنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولدى.

1226 ـ يىلى، چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا يۈرۈش قىلدى. 1227 ـ يىلى يازدا، تاڭغۇتلار ئەل بولدى. 8 ـ ئايدا چىڭگىزخان سەپەر ئۈستىدە كېسەل بولۇپ ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تولۇي ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى. 1229 ـ يىلى قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئوگىداي قاغانلىققا سايلاندى (1229 — 1241).

باتۇخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئوگىداي تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىش، كېڭەيمىچىلىك

سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1231 ـ يىلى كورىيەنى ئىستېلا قىلدى. 1234 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ، جىن سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلدى. 1235 ـ يىلى چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا، شاھزادە باتۇخان باشچىلىقىدا غەربكە، يەنى ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى، سۇبۇتاي ئورۇنباسارلىققا تەيىنلەندى.

1241 ـ يىلى باھاردا، موڭغۇل قوشۇنى غەربكە ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ ئاتلاندى؛ بىر تارامدىكى قوشۇن بايدار (چاغاتاينىڭ ئوغلى) باشچىلىقىدا پولشاغا تاجاۋۇز قىلدى؛ يەنە بىر تارامدىكى قوشۇن باتۇخاننىڭ باشچىلىقىدا ۋېنگرىيەگە ھۇجۇم قىلدى.

بايدار قوشۇنى ۋىستۇلا دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1241 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پولشا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، پولشا پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى كراكوۋنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئودېر دەرياسىدىن ئۆتۈپ پولشانىڭ بېقىندىسى سىلېسىيەنىڭ مەركىزىي شەھىرى رېسلاۋغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لېيگنىتز ئەتراپىدا پولشا، گېرمانىيە ۋە تېئودون رىتسارلار پولكىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، سىلېسىيە كىنەزى ھېنرى II جەڭدە قۇربان بولدى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چېخقا تەۋە موراۋىيەگە كىرىپ، ھەدەپ ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئاۋستىرىيە چېگراسىغا يېتىپ باردى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كېچىسى ئارۇمۇسنى قوغداۋاتقان قوشۇن موڭغۇل بارگاھىغا ھۇجۇم قىلدى، بايدار جەڭدە قازا قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن موڭغۇل قوشۇنى ۋېنگرىيەگە جەنۇب تەرەپتىن كىرىپ، باتۇخاننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى.

1241 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، باتۇخان موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ۋېنگرىيەنىڭ كارپاتىيان تېغىدىكى مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ۋېنگرىيە پادىشاھى بېسىنىڭ 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تېزلىكتە تارمار قىلىپ،

پېست قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە موڭغۇل قوشۇنلىرى ئەسكەر ۋە ئاتلىرىنى ئارام ئالدۇرغاچ ۋېنگىرىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدى. 8 ـ ئايدا بىر موڭغۇل تارماق قوشۇنى ۋېيېنا ئەتراپىغا قىستاپ كەلدى. قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، دوناي دەرياسىنى مۇز تۇتتى، باتۇخان قادان (ئۇگىداينىڭ ئوغلى) نى ئەۋەتىپ، بېسنى ئادرىياتىك دېڭىزى بويىغىچە توختىماي قوغلىدى. بېس دېڭىز ئارىلىغا قېچىپ بېرىۋالدى، 1242 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قادان قوشۇنى پۈتۈن بىر ئاي ئارالنىڭ قارشى قىرغىقىدا تۇرۇپ قالدى. 1241 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇگىداي ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى 1242 ـ يىلى 2 ـ ئايدا باتۇخان قوشۇنىغا يېتىپ باردى، باتۇخان بۇيرۇقتا بىنائەن قوشۇننى قايتۇردى. قادان سېربىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيەلەر ئارقىلىق جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىغا يېتىپ كېلىپ، باتۇخاننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. باتۇخان ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ساراي شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى (قىپچاق خانلىقى 1242 — 1480) نى قۇردى.

باتۇخان غەربكە يۈرۈش قىلغان ئالتە يىل ئىچىدە شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا ئۇرۇش ئاپىتىگە دۇچار بولدى، رۇسىيە، پولشا، چېخ، ۋېنگىرىيەلەر تېخىمۇ ئېغىر ئاياغ ئاستى قىلىندى، بۇ غەربىي ياۋروپادا غايەت زور ۋەھىمە پەيدا قىلدى، گېرمانلار ئەھلىسەلىپ تەشكىللەشكە چاقىرىق قىلدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كېمىلەرنىڭ دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بېلىق تۇتۇشىنى چەكلىدى. ئەينى چاغدا ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتى مەۋجۇت بولغاچقا، گەرچە ئۇلار تاشقى دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئىچكى ئۇرۇش توختىمىغانىدى؛ گېرمانىيە پادىشاھى بىلەن رىم پاپاسىمۇ ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ۋېنگىرىيە قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىدى، مانا

بۇلار موڭغۇل تاجاۋۇزچىلارغا ئۇنۇملۇك زەربە بېرەلمىگەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ھۇلاگۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى** مۆڭكۈ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1251 — 1259)دە موڭغۇل ئىمپېرىيەسى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇبتا خۇەيخې دەرياسىغىچە، شەرقتە كورىيەگىچە، غەربتە رۇسىيەگىچە بولغان بىپايان زېمىننى قاغان بىۋاسىتە كونترول قىلاتتى. 1257 - يىلى، مۆڭكۈ رۇسىيەگە ئادەم ئەۋەتىپ نوپۇس تەكشۈرۈپ، نوپۇس روىخېتىنى تۈزۈپ، ئولپاننى بەلگىلىدى ھەمدە رۇسىيەنى باشقۇرۇشقا باسقاق (دارۇغاچ) تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالتۇن جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى نويانلارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ قاغاننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلاتتى، قاغان بىر تۇتاش يىراق يۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇراتتى.

مۆڭكۈ كەڭ كۆلەمدە كېڭەيمىچىلىك قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى، ئۇ ئىككىنچى ئىنىسى قۇبلاينى ئەسكەر باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا، ئۈچىنچى ئىنىسى ھۇلاگۇنى قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۆزى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. غەربكە يۈرۈش قىلغان ھۇلاگۇ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى يوقىتىش، باغداد خەلىپىلىكىنى مۇنقەرز قىلىش، مىسىرنى بويسۇندۇرۇشنى نىشان قىلدى.

1253 - يىلى، ھۇلاگۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى سەپەرگە ئاتلاندى، 1256 - يىلى يېڭى يىل كۈنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مازاندىران ۋە گىلان رايونلىرىدىكى شەھەر - قەلئەلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئالامۇتنى ئىشغال قىلدى. يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە 160 يىلدىن ئارتۇق ۋەھىمە

سالغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىمامىلار دۆلىتى ئاخىر مۇنقەرز بولدى. 1257 ـ يىلى ھىلاكۇ ھەمەدانغا يېتىپ بېرىپ، باغدادنى ئەل قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەندە، خەلىپە ئەل بولۇشنى رەت قىلدى. 1258 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، موڭغۇل قوشۇنى باغدادنى مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە ئۇنىڭغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باغداد شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلىپە مۇستەسىن يۇڭ ئەدىيالغا ئورىلىپ ئاتقا سۆرىتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. 500 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئابباسىيلار خانىدانلىقى مۇنقەرز بولدى. 1259 ـ يىلى ھىلاكۇ مىسىرنىڭ كونتروللۇقىدىكى سۈرىيەگە لەشكەر تارتتى. 1260 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھەلەب شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دەمەشق شەھىرى ئەل قىلىندى. 1260 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھىلاكۇ مىسىرغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، مۆڭكۈنىڭ سىچۇەن خېچۇ ئايمىقى دياۋيۇ شەھىرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىك شۇم خەۋىرى يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن قاھىرەنى ئەل قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، كېد بۇقانى سۈرىيەنى قوغداشقا قالدۇرۇپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرققە قايتتى. تائۇرسقا كەلگەندە قۇبلاينىڭ قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇننى مېڭىشتىن توختاتتى. 1260 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېد بۇقا قوشۇنى ئاينزاروتتا مىسىر قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، مىسىر سۈرىيەنى قايتۇرۇۋالدى، ھىلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ھىلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئاساسىدا ئىلىخان خانلىقى بارلىققا كەلدى. ئۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئوگداي خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى بىلەن بىرلىكتە تۆت چوڭ خانلىق دەپ ئاتالدى، ئۇلار نامدا قاغان نامىدىكى يۈەن سۇلالىسىگە ۋاسسال خانلىق، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، ئەمما مۆڭكۈ ئۆلگەندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل



www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيەسى مەۋجۇت بولماي قالدى. 1260 ـ يىلى قۇبلاي بىلەن كەنجى ئىنىسى ئارىق بۇقا ئوتتۇرىسىدا قاغانلىق تالىشىپ ئۇرۇش پارتلىدى. 1262 ـ يىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى بېركې ھىلاكۇ بىلەن كاۋكاز رايونىنى تالىشىپ قانلىق جەڭ قىلدى. 1264 ـ يىلى ئارىق بۇقا قۇبلايغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدە ئارىق بۇقانى قوللاپ كەلگەن قايدۇ (ئوگېداي جەمەتىگە تەۋە) يەنە ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 1268 ـ يىلى قايدۇ شەرققە قىلغان يۈرۈشىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جوجى جەمەتىلىك مۆڭكۈ تېمۇر، چاغاتاي جەمەتىلىك باراقلار بىلەن بىرلەشتى، 1269 ـ يىلى تالاستا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تولۇي جەمەتىگە قارشى رەسمىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، باراقنىڭ 1270 ـ يىلى غەربكە يۈرۈش قىلىپ خۇراساننى ئىشغال قىلىشىنى قوللىدى. 1301 ـ يىلى قايدۇ ئۆلدى، 1303 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى دوۋاخان يۈەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، 1305 ـ يىلى ئوگېداي خانلىقىنىڭ زېمىنى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇرۇش توختىدى. مۆڭكۈ ئۆلگەندىن كېيىن ئالتۇن جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش، ماجىرا يۈز بەرگەنلىكتىن، ئىسمى بار، ئەمەلدە يوق موڭغۇل ئىمپېرىيەسى قايتا بىرلىككە كەلگەن ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قاغان قۇبلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلدى، ياپونىيە، ۋېيتنام، بېرما، تايلاند (سەككىز يۈز كېلىن دۆلىتى) ياۋا (ھىندونېزىيە) غا تاجاۋۇز قىلدى؛ ئىلىخان كۆپ قېتىم سۇرىيەگە لەشكەر تارتتى؛ ئالتۇن ئوردا خانلىقى پولشاغا تاجاۋۇز قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئىستېلا قىلىش جەريانىدا قۇرۇلۇپ، ئىچكى ماجىرا تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈشكە قاراپ ماڭغان موڭغۇل ئىمپېرىيەسى يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى، زەربە بېرىشى ئارقىسىدا بارا ـ بارا زاۋاللىققا يۈزلەندى.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا رايونلىرىدا ئىنتايىن ئېغىر ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇ جايلاردىكى خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت بولدى. ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى، ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن قۇرۇلغان ئۆتەك قاتنىشى تۈزۈمى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇردى، بۇ سودا، ساياھەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا پايدا يەتكۈزدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى، توقۇلما بۇيۇملىرى، كالېندارى قاتارلىقلار جۇڭگوغا كىردى، جۇڭگونىڭ پورۇخ ياساش، قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى قاتارلىقلار غەربكە تارقالدى. بۇلار شۈبھىسىزكى دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

## 2. ئىلىكخان خانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى

**ئىلىكخان خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە قازانخاننىڭ ئىسلاھاتى** 1260 ـ يىلى ھىلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەخمىنەن 1263 ـ يىلى قاغان قۇبلاي ئۇنىڭغا «ئىلىكخان» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى. ئىلىكخان دېگەن سۆز «ۋاسسال خان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلىكخان خانلىقى رەسمىي قۇرۇلدى.

ئىلىكخان خانلىقى شەرقتە ئامۇ دەرياسىغىچە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، شىمالدا كاسپىي دېڭىزى، قارا دېڭىز، كاۋكازغىچە، جەنۇبتا پېرسىيە قولتۇقىغىچە بولغان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ دۆلەت ئىدى. بۈگۈنكى ئىران، ئىراق، جەنۇبىي كاۋكازدىكى ئەزەربەيجان، گىروزىيە، ئەرمېنىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەنىستان قاتارلىق جايلارغا ئىلىكخان بىۋاسىتە

ھۆكۈمـرانلىق قىلاتتى. ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى ھېرات پادىشاھلىقى ئىلىكخان خانلىقىنىڭ بېقىندى دۆلىتى ئىدى؛ كىچىك ئادرۇم سۇلتانلىقى نامدا بېقىندى دۆلەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىلىكخان ئەۋەتكەن ئەمەلدار باشقۇراتتى.

1265 ـ يىلى ھىلاكۇ ئۆلدى، خانلىق تەختىگە ئۇنىڭ ئەۋلادى ۋارىسلىق قىلدى، نامدا قاغاننىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشىش كېرەك ئىدى، لېكىن كۆپىنچە ئىبتىراپ قىلىش شەكلىدە ئوتتۇغا ئېرىلەتتى. دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقلىرىنى موڭغۇل ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر باشقۇراتتى، ئۇلار ھەر قايسى جايلارنىڭ ھاكىملىرى بولۇپ، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغانىدى؛ ئىرانلىق ئىماملار، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر خەت ـ ئالاقە، مالىيە، باج ئېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى، مەركەز ۋە يەرلىكتىكى موڭغۇل ھاكىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلىكخان شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ يىلىكىنى شورايتتى. 1265 ـ يىلىدىن 1295 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، موڭغۇل ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي، كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇشتىن ئىبارەت تاراج ـ تالان قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىران خەلقىگە غايەت زور بالا ـ قازا ئېلىپ كەلدى. ئىرانلىق تارىخشۇناس راشىددىن مۇنداق دېگەن: «ئەمەلدارلارنىڭ كۆز بويامچىلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى رەئىيەت (پۇقرا) نىڭ كۆپىنچىسى يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، چەت ـ يىراق جايلارغا بېرىپ ماكانلاشتى، شەھەر ۋە يېزىلار قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى... شەھەردە قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشىكلىرىنى تاش بىلەن ئېتىۋەتتى ياكى ئىشىكىدە تار يوچۇق قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە ئۆگزە ئارقىلىق كىرىپ ـ چىقىدىغان بولۇۋالدى، باجگىرلاردىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالدى. باجگىرلار ئەتراپتىكى رايونغا كەلگەندە، ھەرقايسى ئائىلىلەرنى بىلمىدىغان قايسىدۇر بىر

www.uyghurkitap.com

ئەبلەخنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە كىشىلەرنى ھەر قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن، ئورىلاردىن، باغلىرىدىن ۋە خارابىلىكلەردىن تېپىپ چىقاتتى. ئەگەر ئەرلىرىنى تاپالمىسا، خوتۇنلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، خۇددى قوي پادىلىرىنى ھەيدىگەندەك، ئۇلارنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ھەيدەپ باجگىر تۇرغان جايغا ئاپىراتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ئارغامچا بىلەن چېتىپ قوياتتى، ئۇلارنى قاتتىق ئۇراتتى. ئايالىلارنىڭ نالىسى ۋە ئاھ - زارى پەلەككە يەتتى.»① بۇنىڭدىن باشقا، سەپەرگە چىققان ئەمەلدارلار ۋە ئەلچىلەر پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ، ئۇلاردىن يېمەك - ئىچمەك، يەم - خەشەك، ساھىبجامال ۋە ھاراق - شاراب ئالاتتى، ئورۇن - كۆرپىلىرى، گىلەملىرى، ئۆي سايمانلىرى، ئۆيلىرى ۋە باغلىرىنى بۇزاتتى، خالىغان نەرسىلىرىنى بۇلاپ كېتەتتى. بۇنداق بالا - قازالاردىن ئادەتتىكى رەئىيەتلا ئەمەس، ئىرانلىق ئاقسۆڭەكلەرمۇ قۇتۇلالمايتتى. شۇڭلاشقا، ئىلىكخان خانلىقىدىكى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت ناھايىتى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. 1265 - يىلى فارىستا دارۇغاچ شىرىپىدىن قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شىراز شەھىرىگىچە باردى. 1291 - يىلى 5 - ئايدا لور كۆچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىسفاھاننى ئىگىلىدى. تاغلىق رايون ۋە ئورمانلىق بەلباغلاردا قاچقۇن دېھقان - چارۋىچىلار ۋە قۇللار توپلىشىپ موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىشلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى.

قازانخان (1295 — 1304) ئىلىكخان خانلىقىنىڭ مەشھۇر خانى، 1295 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۇ سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپ، ئىسمىنى مۇھەممەدكە ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە سۇلتان دەپ نام

① راشىددىن تۈزگەن، يۇ داجۈن تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ»، 3 - توم، 432 — 433 - بەتلەر، سودا باسمىخانىسى 1992 - يىلى.

بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇل ۋە ئىران ئاقسۆڭەكلىرى كۇنسېرى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە بىر دەكلىككە يۈزلەندى، ئىلىكخانىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولدى. قازانخان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە مۇنداق دېگەن: «مەن ئەرەب رەئىيىتىنى قوللاش تەرەپدارى ئەمەسمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش [بىزگە] پايدىلىق بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىشنى مەن ھەممىڭلاردىن قاتتىق قىلىمەن. بىز بىرلىكتە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىمىز. بىراق، ئەگەر سىلەر كېلەچەكتە تاغار [مەجبۇرىي ئېلىنىدىغان ھەربىيلەر ئوزۇق ـ تۈلۈكى] بىلەن ئاشلىقنى [ماڭا] ئىشىنىپ تەلەپ قىلساڭلار، مەن سىلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىمەن... ئۆز رەئىيىتىنى بوزەك قىلغۇچىلار قانداقمۇ ئالىيجاناب، باتۇر ھېسابلانسۇن؟ بۇنداق ئىشنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئارقىلىق بالا ـ قازادىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بىرەر ئىشقا كىرىشكەن تەقدىردىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ.»[①] ناچار ئىللەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن قازانخان ئىسلاھات ئېلىپ باردى.

(1) باج ـ سېلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. ئەسلىدە دۆلەتنىڭ باج ـ سېلىقنى ھەر قايسى ئايماقلارنىڭ ساتراپلىرى ھۆددىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار باج ـ سېلىقنى خالىغىنىچە قوشۇپ ئېلىپ، باج نورمىسىنى ئېلىشقا تېگىشلىك سانىدىن 10 ھەسسىدىن 20 ھەسسىگىچە ئاشۇرۇۋېتەتتى، پۇقرالار بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. قازانخان باجنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئەمەلدارلارنى يەر ۋە نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، باج نورمىسىنى بېكىتتى، باج رويخېتى تۈزۈپ، ئۇنى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ دەرۋازىسى ياكى مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىغا چاپلاپ ئېلان قىلىپ، باجنى كۆپ ئېلىش ۋە كەم تاپشۇرۇشنى چەكلىدى. يەر بېجى ھوسۇل يىغىش

① راشىددىن تۈزگەن، يۇ داجۈن تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ»، 3 ـ توم، 455 ــ 456 ـ بەتلەر، سودا باسمىخانىسى 1992 ـ يىلى.

پەسلى بويىچە ئەتىياز ۋە كۈزدە ئىككىگە بۆلۈپ تاپشۇرۇلىدىغان، باج نورمىسى تەخمىنەن ھوسۇلنىڭ ئۆتتىن بىر قىسمىدىن ئۈچتىن بىر قىسمىغىچە قىلىپ بېكىتىلدى، ئادەتتە ماددىي بۇيۇم ئېلىناتتى، چوڭ شەھەر ئەتراپىدىكىلەر پۇل تاپشۇراتتى. كۆچمەن چارۋىچىلار باجنى يىل بېشىدا بىر قېتىمدىلا تاپشۇراتتى. جان بېجى باھار پەسلىدە بىر قېتىم ئېلىناتتى. شەھەرلەردىكى سودا ـ سانائەت بېجى مال باھاسىنىڭ 10%ى بويىچە ئېلىناتتى.

(2) ئۆتەڭلەرنى تەرتىپكە سالدى. جىددىي ئالاقىلىشىش ئىشلىرى كۆپ بولۇش، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ، ئۇلارنى تەمىنات بېرىشكە مەجبۇرلاش، خالىغانچە بۇزۇش ـ چېچىش ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، قازانخان دۆلەت ۋە چېگرا رايونىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى تېز يەتكۈزۈشتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئۆتەڭلەرنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئالتۇن مۆھۈر بېسىلغان يول خېتى بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەر بىر ئۆتەڭدە ئىككى نەپەر پوچتىكەش بولۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرى مەخپىي پوتۇلگەندىن كېيىن، ئۇنى پوچتىكەشلەر يەتكۈزۈپ بېرەتتى. دۆلەت ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ۋە ئەمەلدارلارغا دۆلەت خەزىنىسىدىن خىراجەت بېرىلىپ، سەپەر ئۈستىدە تەمىنات ۋە ئات ئېلىش چەكلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى جايلاردا سارايلار سېلىنىپ ئۇلارنىڭ قونۇشىغا قولايلىق يارىتىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە قونۇشى چەكلەندى. ئەمەلدارلارنىڭ خالىغىنىچە چۈشكۈن قىلىشى چەكلىنىپ، دۆلەتنىڭ خىراجىتى تېجەلدى، جىددىي ئالاقىلىشىش ئىشلىرىدا پۇقرالارمۇ پاراكەندە بولمايدىغان بولدى.

(3) دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. موڭغۇللار غەربكە تاجاۋۇز قىلغاندىن باشلاپ، ئىران خەلقىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ، يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قاقاسلىققا ئايلاندى. كىشىلەرنى

بوز يەر ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۇچۇن قازانخان بەلگىلىمە تۈزدى؛ ئۇمۇمەن، دۆلەت ئىلكىدىكى بوز يەرلەر ئېچىلغاندىن كېيىن بوز يەر ئاچقۇچىنىڭ مەڭگۈلۈك يېرى بولۇپ قالىدى؛ سۇغىرىش شارائىتى ۋە بوز يەر ئېچىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن بوز يەرلەر ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدى، بىرىنچى يىلى بارلىق باج كەچۈرۈم قىلىندى. ئىككىنچى يىلى ئايرىم – ئايرىم ھالدا باجنىڭ ئۈچتىن بىر، ئىككىدىن بىر ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمى كەچۈرۈم قىلىندى. ئەگەر بوز يەر خوسۇسىي مۈلۈككە تەۋە بولسا، بوز يەر ئاچقۇچى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنىڭ يېرىمى زېمىندارغا، يېرىمى خەزىنىگە تاپشۇرۇلىدى. مەخسۇس بوز يەر بېرىش ۋە باج – سېلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «خالسات دىۋان» ئورگىنى تەسىس قىلىندى. قازانخان نامرات دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم باجنى ئاجرىتىپ، مەخسۇس ئۆي، ئۇرۇق ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېرىقچىلىقتا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ ئۆي، ئات، ئېشەكلىرىنى تارتىۋېلىشنى چەكلىدى.

(4) پۇل ۋە ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىلخانىلار خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر نەچچە دۆلەت بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن قۇيۇلغان پۇللىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ رەڭگىمۇ، ئېغىرلىقىمۇ ئوخشىمايتتى؛ ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشىمايتتى، بۇلار سودىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەنىدى. قازانخان كونا پۇللارنى يىغىۋېلىپ، يېڭى پۇل قۇيۇشقا بۇيرۇق قىلدى. يېڭى تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ مىسقال بولۇپ، ئۇستىدە «قۇرئان كەرىم» ئايىتى ۋە قازانخاننىڭ ئىسمى بار ئىدى؛ يېڭى تىللانىڭ ئېغىرلىقى 100 مىسقال بولۇپ، ئۇستىدە «قۇرئان كەرىم» ئايىتى، 12 ئىمامنىڭ ئىسمى ۋە

قازانخاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان ئىسمى بار ئىدى. مەملىكەت بويىچە تەبرىز ئۆلچىمىنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىش بەلگىلەندى، ھەر قايسى جايلارغا ئەمەلدار تەكشۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغانلىرى تامغا بېسىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىلدى. تامغا بېسىلمىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتكۈچىلەر جازالىنىپ جەرىمانە قويۇلدى ياكى ئۇلارنىڭ قولى كېسىلدى، يالغان تامغا ياسىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

(5) ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. موڭغۇللارنىڭ كونا ئادىتى بويىچە ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى بولمىغاننى ئاز دەپ، يەنە تېخى ھەر يىلى ئاقسۆڭەكلەرگە ئات، كالا، قوي، كىگىز، تېرە قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلاتتى. قازانخان خاس ئەسكەرلىرىگە تۆت، بەش يىل ئۈزۈك - تۈلۈك تارقاتقاندىمۇ ھەمىشە ۋاقتىدا تارقىتالماي، نۇرغۇن جېدەل - ماجىرا كېلىپ چىققانىدى. «پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇننى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش، ئۇلارنى بىردەك غەيرەت - شىجائەتكە كېلىپ ۋەتەننى باتۇرلۇق بىلەن قوغدايدىغان قىلىش»[①] ئۈچۈن، 1303 - يىلى قازانخان ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىككى، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئامۇ دەرياسىدىن باشلاپ مىسىرغىچە بولغان ھەر قايسى رايونلاردا قوشۇنلارغا سۇيۇرغاللىق زېمىن بەلگىلەپ بەردى ھەمدە ئۇنى تەقسىم قىلدى.

قازانخاننىڭ ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدە «خۇسۇسىي ئىگىدارلىقتىكى ياكى جامائەت ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگىنى ياكى قاقاسلىقتا ئايلىنىپ كەتكىنى بولسۇن، ھەممىسى ‹سۇيۇرغال› نامىدا... مىڭ بېگىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلەتتى»[②]. مىڭ بېگىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى يۈز بېشى، ئونبېشى ئارىسىدا قاتلاممۇ قاتلام سۇيۇرغال

---

① فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسان موڭغۇل تارىخى»، 2 - توم، 348 - بەت. جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1962 - يىلى.

② يۇقىرىقى كىتاب، 2 - توم، 348 - بەت.

قىلىناتتى. سوْيوْرغال قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى پارچە رويخەت تۈزۈلۈپ، بىر پارچىسى چوڭ دىۋان (مالىيە مەھكىمىسى)غا، يەنە بىر پارچىسى مىڭ بېگىگە ساقلاشقا تاپشۇرۇلاتتى. سوْيوْرغال يەرنى سېتىش ـ سېتىۋېلىشقا، ھەدىيە قىلىش ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايتتى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولاتتى. سوْيوْرغال يەر تەۋەسىدىكى دېھقانلار يېرىنى داۋاملىق تېرىيتتى، پەقەت خەزىنىگە تاپشۇرۇلىدىغان بارلىق باج ـ سېلىق ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنى ھەربىيلەرگە تاپشۇراتتى. سوْيوْرغال يەردىكى دېھقانلار سوْيوْرغال يەر بىلەن بىرلىكتە ھەربىيلەرگە بېرىۋېتىلمىگەچكە ھەربىيلەر ئۇلارنى خالىغىنىچە كۆچۈرسە بولمايتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، دىۋان بەلگىلەپ بەرگەن باج ـ سېلىقنى يىغىۋالسىلا بولاتتى؛ ھەربىيلەرنىڭمۇ باھانە كۆرسىتىپ باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن ئاھالىلەرنى ئېلىپ قېلىشىغا بولمايتتى، ئۇلارنى كەتكۈزۈۋېتىشى كېرەك ئىدى. سوْيوْرغالغا ئېرىشكەن ھەر بىر ئەسكەر دۆلەتكە 50 پاتمان دانلىق زىرائەت تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئادەم ئەۋەتىپ سوْيوْرغاللارنى تەكشۈرۈپ، تىرىشىپ تېرىقچىلىق قىلغانلارنى مۇكاپاتلايتتى، تېرىلغۇ يەرلەرنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغانلارنى جازالايتتى. ھەربىيلەر سوْيوْرغال يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەگەر پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالسا، باشقىلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالسا، نوپۇس رويخېتىنى تاپشۇرماي ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرسە، جەڭگە چىقىشنى رەت قىلسا ياكى باشقىلارنى ئۆز ئورنىغا جەڭگە چىقارسا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھېسابلىناتتى.

قازانخاننىڭ ھەربىي سوْيوْرغاللىق تۈزۈمى سەلجۇقىيلار دەۋرىدىكى مىراسلىق سوْيوْرغاللىق تۈزۈمىنى رەسمىي يوسۇندا قانۇنلاشتۇردى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ،

سۇيۇرغال زېمىن ئىگىلىرى سۇيۇرغال يەردىكى ئاھالىلەرگە قارىتا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن سۇيۇرغال زېمىنىنى خالىغىنىچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، سۇيۇرغال يەرلەر مىراسلىق خوجىلىق زېمىنلارغا ئايلاندى، ئۇنىڭ نامىمۇ «ئىكتا»دىن «سۇيۇرغال» غا ئۆزگەردى.

ئىلىكخان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىران رايونىنىڭ ئۇزۇنغىچە تەپرىقىچىلىك ھالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى، قازانخاننىڭ ئىسلاھاتى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ۋاقتىنچە مۇستەھكەملىدى، بىراق ئىلىكخان خانلىقىنى ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. 1335 ـ يىلىدىن 1378 ـ يىلىغىچە بولغان قىرىق نەچچە يىل ئىچىدە يەرلىك ۋالىيلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەككىز ئىلىكخاننى تىكلىدى، ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىپ قالايمىقان ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىك فېئوداللىق خاندانلىقلىرىنى قۇردى: جالالىيلار خاندانلىقى (1336 ــ 1411) 1340 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تېررىتورىيەسى ئىراق، ئەزەربەيجان، موسۇل ۋە دىيابەكرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ كېلىتىيلار خاندانلىقى (1245 ــ 1389)، 1342 ـ يىلى مۇستەقىل خاندانلىق بولغان، تېررىتورىيەسى ھېرات ۋە خۇراساننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، مۇزەففەرىيە خاندانلىقى (1313 ــ 1393)، 1353 ـ يىلى قۇرۇلغان، فارس، كىرمان ۋە كۇردىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، قاھىرەگە بېقىناتتى؛ سەربەدار دۆلىتى (1337 ــ 1381)، بۇ قوزغىلاڭچى دېھقانلار 1353 ـ يىلى قۇرغان ھاكىمىيەت بولۇپ، تېررىتورىيەسى خۇراساننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1380 ـ يىلىدىن كېيىن، ئىلىكخان خانلىقىنىڭ خارابىلىكىدە قۇرۇلغان ھەر قايسى كىچىك فېئودال خاندانلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆمۈرىيلەر تەرىپىدىن

مۇنقەرز قىلىندى.

**تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى** 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 1318 ـ يىلىدىن 1321 ـ يىلىغىچە چاغاتاي خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى: شەرقىي چاغاتاي خانلىقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئەتراپلىرىنى ئىگىلىدى، غەربىي چاغاتاي خانلىقى ماۋرەئۈننەھر رايونىنى ئىگىلىدى. تۆمۈر (1335 ـــ 1405) ماۋرەئۈننەھردىكى بىر تۈركلەشكەن موڭغۇل ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شايكا بولۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش جەريانىدا ئوڭ پۇتى زەخىملەنگەچكە، تۆمۈرلەڭ (پارسچە «ئاقساق تۆمۈر» دېگەن مەنىدە) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. تۆمۈر باتۇر، ئۇرۇشقاق بولۇپ، فېئودالالارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشى جەريانىدا كۈچىنى زورايتتى. 1370 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەمەرقەندتە خانلىق تەختىدە ئولتۇردى، 1338 ـ يىلى رەسمىي سۇلتان دەپ ئاتالدى.

تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىغا تايىنىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن قوشنا دۆلەتلەرگە قارىتا بىر قاتار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1370 ـــ 1380 ـ يىللىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا تۆت قېتىم يۈرۈش قىلىپ، خارەزىم پادىشاھلىقىنى مۇنقەرز قىلدى؛ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بەش قېتىم ھۇجۇم قىلدى، كېيىن 1389 ـــ 1390 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تۆمۈرگە بېقىندى. 1380 ـــ 1394 ـ يىللىرى ئىراندىكى ھەر قايسى كىچىك خانلىقلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئىران بىلەن ئافغانىستاننى ئىشغال قىلدى. 1389 ـــ 1395 ـ يىللىرى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئىككى

قىتىم ئۇرۇش قىلىپ ساراي شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. 1398 ـ يىلى شىمالىي ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، دېھلىدە قىرغىنچىلىق قىلدى. 1400 ـ يىلى مىسىر قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھەلەبنى ئىشغال قىلدى، دەمەشقنى تالان ـ تاراج قىلدى. 1402 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەنقەرەدىكى زور كۆلەملىك جەڭدە، تۆمۈر ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى بايازىد I ‏(1389 ــ 1402)نى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ، تۈركلەرنى ئاناتولىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. تۆمۈر يەنە جۇڭگونى ئىستېلا قىلىش خام خىيالدا بولۇپ، جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە 1405 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سىر دەرياسى بويىدىكى ئوترار شەھىرىدە قازا قىلدى، ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئىستېلاچىلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق تۆمۈرنىڭ ماۋەرەئۇننەھر خانلىقى① تەرەققىي قىلىپ، دېھلىدىن دەمەشققىچە، ئارال دېڭىزىدىن پېرسىيە قولتۇقىغىچە بولغان زېمىنغا ئىگە چوڭ ئىمپېرىيەگە ئايلاندى، سەمەرقەند ئىمپېرىيەنىڭ پايتەختىگە ئايلاندى.

تۆمۈر قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى غايەت زور بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلدى. ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، شىمالىي ھىندىستاندىن سۇرىيەگىچە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىغىچە تۆمۈر ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە مال ـ مۈلۈكلەر بۇلاندى، شەھەرلەر خانىۋەيران قىلىندى، كاسىپلار تۇتۇپ كېتىلدى، خەلق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى، ھەتتا جەسەتلەرنى تاغدەك دۆۋىلەپ، ئادەم بېشىدىن مۇنار ياساپ ۋەھشىيلىكتە چېكىگە يەتتى. سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بەزى تېرىلغۇ رايونلىرى قاقاسلىشىپ

---

① تۆمۈرنىڭ ئىستېلاسى كۆپىنچە يۇتۇۋېلىش بولماستىن، ھۇجۇم قىلىش بولغاچقا، بەزى رايونلارنى ناھايىتى تېزلا قولدىن بېرىپ قويغان. شۇڭا، ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيە «نامدا» ئىمپېرىيە دەپ ئاتالغان.

كەتتى.

تۆمۇر ئۆزىنى چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى ھېسابلاپ، ئاتاقتا داۋاملىق چىڭگىزخاننىڭ ياسىقى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىرانىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئىمپېرىيەدە ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى؛ سۇلتان ئىمپېرىيەنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى، ھەربىي قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى؛ ئىمپېرىيەنىڭ ۋەزىرى سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛ تۆرت ۋەزىرلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مالىيە ـ ئىقتىساد ۋە ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛ ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە ھەربىي، خەلق ئىشلىرى ۋە مالىيە باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئەمەلدارلار تەيىنلەنىدى؛ ھەرقايسى جايلارنى قاپلىغان سۇلتاننىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرى ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان پوچتا ئۆتەڭلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى سۇلتاننىڭ مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغانىدى.

پايتەخت سەمەرقەند پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. تۆمۈر بۇلاپ كەلگەن بايلىق ۋە تۇتۇپ كېلىنگەن ماھىر ئۇستىلاردىن پايدىلىنىپ ھەشەمەتلىك ئوردا ـ سارايلار، كاتتا مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ، سەمەرقەندنى ئىنتايىن كۆركەم تۈسكە كىرگۈزدى. بۇ يەرگە توپلانغان ئانگولالىق يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۇستىلىرى، دەمەشقلىق ھارۋا ۋە قورال ـ ياراغ ياساش ئۇستىلىرى، جۇڭگولۇق قارفورچىلىق ئۇستىلىرى ئىمپېرىيەنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. بۇ يەردە جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى، قارفور چىنە ـ قاچىلىرى، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرى، ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ يۇڭ ۋە تېرىلىرىنىڭ سودىسى بولاتتى، شۇڭا سەمەرقەند مۇھىم خەلقئارالىق سودا ئۆتەڭگە ئايلانغانىدى.

تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1405 —

www.uyghurkitap.com

1448) دە، سىياسىي مەركەز ھېراتقا يۆتكەلدى، سەمەرقەند يەنىلا ئىمپېرىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى.

تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىيات - سەنئەتكە قىزىقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىدى. سەمەرقەند بىلەن ھېراتتىكى ئوردىغا نۇرغۇن ئالىم، شائىر، رەسسام ۋە مۇزىكانتلار توپلانغانىدى. «مەدھىيەنامە»نىڭ ئاپتورى ھاپىز شىرازىي، پەيلاسوپ شائىر جامىي، جۇڭگوچە رەسىم سىزىش ئۇسۇلى بىلەن پىرسىيەنىڭ رەسساملىق سەنئىتىنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەن رەسسام بىھزاد قاتارلىقلار سۇلتانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى، ھەتتا «تۆمۈرىيلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشى»، «پارس ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى» دېگەنناملار بىلەن ئاتالدى.

تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ مىسىر، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىسى بولۇپ، 1403 - يىلى ئىسپانىيە كاستىلىيە پادىشاھى كراۋىيونى تەكلىپ بويىچە شەرققە ئەۋەتكەن، كراۋىيو دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، كراۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىنى يېزىپ، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ سەلتەنەتىنى دوكلات قىلغان. تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولۇپ، ئۆزئارا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر ئەۋەتىشكەن؛ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا تۆمۈر يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۈراگانى، ئۇنىڭ دۆلىتى سەمەرقەند خانلىقى دەپ ئاتالغان.

تۆمۈر ۋەسىيەتنامىسىدە پەرزەنتلىرىگە بىر پارچىدىن سۇيۇرغال زېمىن قالدۇرغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا شۇئان تەخت - ھوقۇق تالىشىپ قانلىق جەڭلەر يۈز بەردى، شۇڭا ئىمپېرىيە چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوسمان تۈركلىرى، جالالىيلار، تۈركمەنلەر قولدىن بېرىپ قويغان

زېمىنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، نەتىجىدە ئىمپېرىيەنىڭ غەربىي رايونى ئەرمىنىيە ۋە ئەزەربەيجاننىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولغان قارا قويۇنلۇ خانىدانلىقى (1378 ــ 1468)؛ دىياربەكرى ۋە ئەزەربەيجاننىڭ قالغان قىسمىغا ئىگە بولغان ئاق قويۇنلۇ خانىدانلىقى (1378 ــ 1502) دىن ئىبارەت ئىككى تۈركمەن خانىدانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلار پەقەت ماۋرەئۇننەھر، ئافغانىستان ۋە ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى بىلەنلا چەكلەندى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جوجىنىڭ ئوغلى شەيبانىخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزبېك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇلار 1500 ـ يىلى بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزبېك خانلىقىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ھالاك بولدى. تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى بابۇر پەرغانىنى بازا قىلىپ تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جەنۇبتا كابولنى ئىشغال قىلدى، كېيىن ھىندىستانغا كىرىپ موغۇل ئىمپېرىيەسى (1526 ــ 1857) نى قۇردى.

## 4 ـ بۆلۈم ئوسمان ئىمپېرىيەسى

**ئوسمان تۈركلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى** ئوسمان تۈركلىرى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە تۈركلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ غەربىي ئاسىياغا كۆچتى. بۇ تۈركلەر قەبىلە باشلىقى ئەلتوغرۇلنىڭ باشلامچىلىقىدا كىچىك ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سەلجۇق تۈركلىرى قۇرغان رۇم سۇلتانلىقىدىن پاناھلىق

تىلىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى رۇم سۇلتانى ئالائۇددىن چېگرا رايونىدىن ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پارچە يەرنى ئىلتوغرۇلغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. بۇ يەر كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدىكى سېگۈت دېگەن جايدا بولۇپ، ۋىزانتىيەنىڭ زېمىنى بىلەن چېگراداش ئىدى. ئىلتوغرۇل ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئوسمان I (1282 ــ 1326) ئاتىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى «ئەمىر» (Amir) دەپ ئاتىدى. ئوسمان I ئۈزۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، رۇم سۇلتانلىقى بۆلۈنۈپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلدى. 1326 ـ يىلى ئۇ ۋىزانتىيەنىڭ قولىدىن بۇرسا شەھىرىنى تارتىۋېلىپ، پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. كېيىن بۇ دۆلەت ئۇنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالدى. بۇ تۈركلەر ئوسمانلى تۈركلىرى دەپ ئاتالدى.

**14 ـ ئەسىردىكى تۈركىيەنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىكى** ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنە بىر قىسمى ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارغا ئايلانغانىدى. كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدە ياش ـ قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى جەڭچى بولاتتى، ئۇلاردىن تۈزۈلگەن يېنىك ئاتلىق قوشۇن ئىنتايىن چەبدەس بولۇپ، دۈشمەنلىرىگە ئاسانلا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرەلەيتتى. بۇنداق قەبىلىۋى قوشۇن ئۇرۇقداش قەبىلىلەر بويىچە تەشكىللەنگەنلىكى، پاترىئارخال ئۇرۇقداشلىق سىستېمىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ بىر قەدەر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە ئىدى. قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى يېڭى سۇيۇرغال يەرلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشاتتى. ئوسمان I نىڭ ئوغلى ئورخان (1326 ــ 1359) 1330 ـ يىلى ئەتراپىدا يېڭى قوشۇن

(ياساۋۇللار قوشۇنى)① قۇردى، بۇ مۇنتىزىم دائىمىي قوشۇن بولۇپ، ئەسكەرلىرى ئۆمۈرۋايەت ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشىگە يول قويۇلمايتتى، تەمىناتى يۇقىرى بولۇپ، ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ياخشى مەشىق قىلدۇرۇلغان، قوراللىرى خىل بولغانلىقتىن، تۈركلەرنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئوسمانلى تۈركلىرى يات دىنىي مۇرىتلارغا قارشى غازات ئۇرۇشى قىلىش بايرىقى ئاستىدا تاجاۋۇزچىلىق قىلدى، ئىسلام دىنىمۇ ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئوسمانلى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى باشتىلا تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى ھالسىزلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە قاراتتى. 1331 ـ يىلى نىتسىيە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا ۋىزانتىيەنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى بارلىق زېمىنلىرىنى يېسىۋالدى، ئۇرخان نامىنى «بېي» (贝伊 ـــ تۈركچە بەگنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئاقسۆڭەك ياكى شىرەم شاھزادىلەرنىڭ ھۆرمەت نامى ـــ مۇھەررىردىن)غا ئۆزگەرتتى. 1354 ـ يىلى داردانىل بوغۇزىنىڭ ياۋروپا قىرغىقى بويىدىكى گاربورىنى ئىشغال قىلىپ، 1358 ـ يىلى بۇ جايدا قەلئە ياساپ، شەرقىي جەنۇبى ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى.

ئۇرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇراد I (1359 ـــ 1389) رەسمىي سۇلتان دەپ ئاتىلىپ، داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، تراسىنىڭ شەرقىنى تامامەن ئىشغال قىلدى. 1362 ـ يىلى ئادرىئانولې (تۈركچە ئەدىرنە)نى ئىشغال قىلىپ 1367 ـ

① يېڭى قوشۇن دەسلەپ قۇرۇلغاندا ئادەم سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، تەخمىنەن 5000 ـــ 10.000 نەپەرگە يېتەتتى. 15 ـ ئەسىردە بالقان رايونىدىن ئالتە ـ يەتتە ياشلىق باللارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەشىق قىلدۇردى، ئۇلار قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن يېڭى قوشۇنغا سەپلەندى، يېڭى قوشۇننىڭ ئادەم سانى بارغانسېرى كۆپەيدى؛ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 40 مىڭغا، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 90 مىڭغا يەتتى.

www.uyghurkitap.com

يىلى پايتەختنى مەزكۇر شەھەرگە كۆچۈردى. 1371 ـ يىلى، تۈركىيە قوشۇنى مارىچا دەرياسى ئەتراپىدا سېربىيە، بۇلغارىيە، ۋالاخىيە ۋە ۋېنگرىيەنىڭ 60 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى، سېربىيە ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، 1389 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى كوسوۋو جېڭىدە تۈركىيەلىكلەر بالقاندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، سېربىيەنىڭ مېندىنىگرودىن باشقا بارلىق زېمىنىنى سۇلتانلىقنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى. بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەردىكى سىياسىي تەپرىقىچىلىك، ئىچكى ماجىرا ۋە ئۇلار بىلەن ژىنوۋا، ۋېنىتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تۈپەيلىدىن تۈركىيەنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئاسانلا غەلىبە قازاندى.

مۇراد I نىڭ ۋارىسى بايازىد (1389 ــ 1402) داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلدى، 1393 ـ يىلى بۇلغارىيە بىلەن ئالبانىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. بۇنىڭدىن ياۋروپا فېئوداللىرى ئىنتايىن ۋەھىمە يېدى. 1396 ـ يىلى ئۇلار ئوسمانلى تۈركلىرىگە قارىتا ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى قوزغىدى. بۇ قېتىملىق جازا يۈرۈشىگە ۋېنگرىيە، چېخ، پولشا، فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رىتسارلىرى قاتناشتى. بىرلەشمە قوشۇن سەردارلىرى ئارىسىدا پىكىر ـ ئىختىلاپى يۈز بېرىپ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشمىغانلىقتىن، نەتىجىدە دوناي دەرياسى بويىدىكى نىكو قەلئەسى جېڭىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، 10 مىڭغا يېقىن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئەسىر ئېلىندى، 300 ئاقسۆڭەك رىتسار نۇرغۇن ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن باشقا، قالغانلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بايازىد تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، بالقاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

**فېئوداللىق تۈزۈم ۋە خەلق قوزغىلىڭى** سەلجۇق تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تۈركلەردە فېئوداللىق تۈزۈم

ئورنىتىلغانىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە فېئوداللىق تۈزۈم داۋاملىق راۋاجلاندى. فېئودالىق يەر تۈزۈمىدە دۆلەت ئىلكىدىكى يەر ئاساس قىلىنغانىدى، دۆلەت ئىلكىدىكى يەردىن باشقا، يەنە سۇلتان جەمەتى ئىلكىدىكى يەر، مەسچىتلەر ئىلكىدىكى يەر، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەخسىي يېرى بار ئىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنىڭ بىر قىسمى قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارغا مائاش يېرى سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى، يەنە بىر قىسمى چەۋەنداز ئەمەلدارلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىدى. كىرىمى بەش چەۋەندازنى تولۇق قوراللاندۇرۇشقا يەتكۈدەك سۇيۇرغاللىق يەر ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى قىلىنىپ «تىمار» دەپ ئاتالدى، بەشتىن ئارتۇق چەۋەندازنى تولۇق قورالاندۇرۇشقا يېتىدىغان «زىئامەت» دەپ ئاتالدى. سۇيۇرغال ئىگىسى ئادەم سانى خوجىلىق زېمىن كىرىمىگە تەڭ بولغان چەۋەندازلارنى باشلاپ، سۇلتان بىلەن بىرلىكتە جەڭگە ئاتلىنىشى شەرت ئىدى. بۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھەربىي كۈچىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى ئىدى.

فېئودالارنىڭ يەرلىرىدە تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇشلۇك يەرلىرىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ، «رەيا» (ئۆي ھايۋانلىرى دېگەن مەنىدە) لار دېيىلەتتى، ئۇلار فېئودالارنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچقانداق يەرگە بارالمايتتى، فېئودالارنىڭ زېمىنىدىن قاچقان دېھقانلارنى 10 يىلغىچە ئىزدەش ھوقۇقى بار ئىدى①. دېھقانلارنىڭ فېئودالارغا تاپشۇرىدىغان ئىجارە ھەققىدە ماددىي بۇيۇم ئاساس قىلىناتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دېھقانلار ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تاپشۇراتتى. غەيرىي مۇسۇلمان دېھقانلار ھوسۇلنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە ئىجارە ھەققى تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە جان بېجى تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، تۈرك دېھقانلىرىنىڭ زېمىنىگە يەنە ھەر خىل

① 16 ـ ئەسىردىكى قانۇندا قاچقۇن رەيالارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋاقتى 15 يىلدىن 20 يىلغىچە ئۇزارتىلغان.

ئېغىر ئالۋان ـ ھاشار ۋە تۇرارجاي بېجى، نىكاھ بېجى قاتارلىق تۈرلۈك باج ـ سېلىقلار ئارتىلغانىدى.

ئوسمانلى تۈركلىرىدە قۇللارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىدى. قۇللارنىڭ بەزىلىرى دېھقانچىلىق قىلاتتى، بەزىلىرى كان قازاتتى، بەزىلىرى ئۇرۇش كېمىلىرىدە پالاقچىلىق قىلاتتى، لېكىن تۈرك جەمئىيىتىدە قۇللۇق تۈزۈم ئالدىنقى جەمئىيەتنىڭ سارقىندىلىرى بولۇپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر ـ لەشتۈرۈلگەن ھەربىي فېئوداللىق مۇستەبىت دۆلەت ئىدى. سۇلتاننىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ۋە غايەت زور قوشۇنى بار ئىدى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تۈركىيە دۆلىتى بارلىق شەرق دۆلەتلىرىگە ئوخشاش دۆلەت بىلەن دىنني جەمئىيەت، ھاكىمىيەت بىلەن دىن زىچ گىرەلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، (قۇرئان كەرىم) ھەم ئېتىقادنىڭ، ھەم قانۇننىڭ مەنبەسى.»①

15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە بىر مەھەل ئېغىر سىياسىي بوھران يۈز بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ چىققان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى 1339 ـ يىلى كىچىك ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلدى. 1402 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئەنقەرە ئەتراپىدىكى جەڭدە تۈركىيە قوشۇنلىرى تۆمۈر تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى، سۇلتان بايازىد ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلدى. ھەربىي جەھەتتىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى بوھرانىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. بايازىدنىڭ تۆت ئوغلى

① ماركس: «گىرېكلارنىڭ ئىسيانى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى، 10 ـ توم، 141 ـ بەت.

سۇلتانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۆزئۆزئارا قالايمىقان ئۇرۇش قىلدى. دېھقانلارنىڭ يۈكى ئۆزلۈكسىز ئېغىرلاشتى، كىچىك ئاسىيا بىلەن تراستا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ زور بولغىنى، سىماۋى بەدرىددىن رەھبەرلىك قىلغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭدۇر. قوزغىلاڭغا دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر قاتناشتى. ئۇلار بارلىق مال ـ مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، يەنى «ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، ھارۋا ۋە ئېتىز ـ ئېرىق» لارغا ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىشنى، بولۇپمۇ ئالدى بىلەن يەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار بىر دەك ئاددىي ـ ساددا كىيىنەتتى، ئاددىي غىزالىناتتى ھەمدە ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنى، يەھۇدىي دىنىنىڭ ئورنى باراۋەر، دەپ جاكارلىدى. ئۇلار گىرېك دېھقانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سۇلتان ئەۋەتكەن قوشۇنلارنى بىرلىكتە مەغلۇپ قىلدى. كۆرەش ئۈچ يىل (1415 ــ 1418) داۋاملاشتى، سۇلتان بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭنى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى توپلاپ پاجىئەلىك ھالدا باستۇردى.

**ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشى** تۈركىيە ھۆكۈمرانلىرى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، يەنە يېڭىباشتىن كېڭەيمىچىلىك قىلدى. تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى ئالدى بىلەن ۋىزانتىيەگە قاراتتى. 1430 ـ يىلى مۇراد II (1421 ــ 1451) تېسسالونىكانى ئىشغال قىلدى. ۋىزانتىيەنىڭ تېررىتورىيەسىدىن پەقەت كونستانتىنوپول ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى جايلارلا قالدى، تۈرك قوشۇنلىرى ھالاكەتكە يۈز تۇتقان ئىمپېرىيەنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەمما بۇ چاغدا ۋىزانتىيەنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا توختىمىغانىدى، تۈركىيە سۇلتانى تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە ئەجەللىك زەربە بەردى.

1453 ـ يىلى، سۇلتان مۇھەممەد II (1451 ـ 1481) 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن، 300 ئۇرۇش كېمىسى ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر زەمبىرەكلەر بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلدى. ۋىزانتىيەنىڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى كونستانتىن XI (1448 ـ 1453) كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 10 مىڭ ئادەمگىمۇ يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار چەت ئەل ياللانما قوشۇنلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىز ئىدى. پەقەت كونستانتىنوپولنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، ئۆتۈش بەك قىيىن، ئالتۇن تۇمشۇق تۆمۈر زەنجىرلەر بىلەن قامال قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنى دەماللىققا ئىشغال قىلىش قىيىن ئىدى. تۈركلەر كونستانتىنوپول شەھىرى ئىچىدىكى گالاتىيە رايونىنىڭ سودا ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، مەزكۇر رايوندىكى ژېنوۋالىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ماي سۈرتۈلگەن تاختايلاردىن پايدىلىنىپ، 70 تىن ئارتۇق كېمىنى گالاتىيە رايونىنىڭ كەينىدىكى قۇرۇقلۇقتىن سۆرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئالتۇن تۇمشۇقتىن ئايلىنىپ ئۆتتى، پورتتىكى سۇ يۈزىدە كېمە بىلەن لەيلىمە كۆۋرۈك ياساپ، شەھەرگە ئارقا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، ۋىزانتىيە قوشۇنى ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. تۈركلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 53 كۈن جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى مۇنقەرز بولدى.

تۈركىيەلىكلەر شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى ئۈچ كۈن قىرغىن قىلىش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا قويۇۋەتتى. ئەينى زاماندىكى تۈركىيەلىك تارىخشۇناسلارنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن جايلاردا جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكتىن يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، چېركاۋ ـ موناستىرلار، ئوردا سارايلىرى خىش ـ كاھىش پارچىلىرى بىلەن

تولغان، ئەتىۋارلىق نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى كۆلگە ئايلانغان، زور كۆپچىلىك ئاھالە ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قۇل قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كونستانتىنوپولنىڭ نامى ئىستانبۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، تۈركىيەنىڭ پايتەختى قىلىندى. ئەسلىدىكى مۇقەددەس سوفىيە چېركاۋى ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى — مەسچىتكە ئۆزگەرتىلىپ، ئائىيە سوفىيە دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

تۈركىيە كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلدى، مۇھەممەد II ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سېربىيە (1459 - يىلى)، بوسنىيە (1463 - يىلى)، خېرتسېگوۋىنا (1465 - يىلى)، ئالبانىيە (1479 - يىلى) نى ئىستېلا قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، تۈركىيە يەنە ۋالاخىيە، مولداۋىيەلەرگە قارىتا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، ژېنوۋانىڭ قارا دېڭىز رايونىدىكى مۇستەملىكىلىرى ۋە مۇھىم سودا شەھىرى كافانى ئىشغال قىلدى ھەمدە قىرىم خانلىقىنى بويسۇندۇردى.

16 - ئەسىردە، تۈركىيە يەنە شەرق بىلەن غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى. سۇلتان سەلىم I (1512 — 1520) 1514 - يىلى غازات نامىدا 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئىران پايتەختى تەبرىزنى ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە كاسىپلارنى بۇلاپ كەتتى. 1516 - يىلى مىسىر قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، سۈرىيە بىلەن پەلەستىننى ئىشغال قىلدى. 1517 - يىلى قاھىرەنى ئىشغال قىلىپ، مىسىرنى مۇنقەرز قىلدى ھەمدە ئەينى زاماندا مىسىرغا تەۋە ھىجاز ۋە مەككە، مەدىنە شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى.

سۇلتان سۇلايمان I (1520 — 1566) كۆپ قېتىم قوشۇننى باشلاپ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلدى. 1521 -، 1522 - يىللىرى بېلگراد (ئەينى چاغدا ۋېنگرىيەگە تەۋە ئىدى) بىلەن

رودىس ئارىلىنى بىسىۋالدى. 1526 ـ يىلىدىن 1543 ـ يىلىغىچە ۋېنگىرىيەگە بەش قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. 1526 ـ يىلى دوناي دەرياسى بويىدىكى موخاچتا ۋېنگىرىيە بىلەن چېخنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلدى ھەمدە بودا شەھىرىگە كىردى، ھەر قايسى جايلاردا ئوت قويۇش، قىرغىن قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1529 ـ يىلى يەنە قوشۇنىنى باشلاپ ۋېيىناغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇنى ئۇزۇنغىچە ئىشغال قىلالماي، ئائىلاج قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى.

1534 ـ يىلى سۇلايمان I ئىرانغا لەشكەر تارتىپ باغدادنى، ئىككى دەريا ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئەرمىنىيە بىلەن گرۇزىيەنىڭ قىسمەن رايونلىرىنى يۇتۇۋالدى. 1536 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە يەمەننى ئىستېلا قىلدى. شىمالىي ئافرىقىدا 1529 ـ يىلى ئالجىرىيەنى كونترول قىلدى؛ 1536 ـ يىلى تىرىپولىنى ئىشغال قىلدى؛ 1574 ـ يىلى تۇنىسنى ئىشغال قىلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە تېررىتورىيەسى بولغان ناھايىتى چوڭ ئىمپېرىيەگە ئايلاندى.

تۈركىيە تاجاۋۇز قىلغان دۆلەتلەردىكى خەلقنى بالايىئاپەتكە ئۇچراتتى، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئىنتايىن ۋەھشىي بولدى، ئىشغال قىلىنغان زېمىنلىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى، ھەر قايسى جايلاردا ئاھالىلەرنى قىرغىن قىلدى. 15 ـ ئەسىردە ياشىغان بۇلغارىيەلىك يازغۇچى ئىسىي سىۋتوگلېۋىز مۇنداق دەپ يازغان: «.... خىرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بەزىلىرى قۇل قىلىندى، قېلىپ قالغان كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئېتىز ـ ئېرىقلار قاقاسلىقتا ئايلاندى، مال ـ مۈلۈك تامامەن زىيانغا ئۇچرىدى، ئادەملەر ئۆلدى، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە مېۋە ـ چىۋىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى.» ئىستېلا قىلىنغان



www.uyghurkitap.com

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈزغۇنچىلىقتا ئۈچراپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى چېكىنىپ كەتتى. تۈركىيەنىڭ بالقان يېرىم ئارىلى بىلەن غەربىي ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپالىق سودىگەرلەردىن ھەر خىل ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى ئېلىشى، توختىماي داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋە دېڭىز قاراقچىلىقى ھەرىكەتلىرىمۇ ئوتتۇرا دېڭىز سودىسىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى. شۇڭلاشقا، غەربىي ياۋروپا بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ شەرققە بارىدىغان يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئىزدىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئوسمان ھەربىي فېئودالىق ئىمپېرىيەسى بالقان يېرىم ئارىلىغا يېقىن بولغان ۋېنگىرىيە بىلەن ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە تەھدىت ئېلىپ كەلگەچكە، بۇ دۆلەتلەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە قارشى تۈرۈش كۈرىشىنى قوزغاپ، خابسبۇرگ جەمەتى باشچىلىقىدىكى كۆپ مىللەتلىك ئاۋستىرىيە دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. تۈركىيەنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشى شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى.

**16 ـ ئەسىردىكى كىچىك ئاسىيا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى** سۇلتان ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا نۇرغۇن ھەربىي خىراجەتكە موھتاج بولدى. ئۇنىڭ خەلقتىن شىلىۋالىدىغان باج ـ سېلىقى بارغانسېرى كۆپەيدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، بىر يىلدا نەچچە قېتىم نورمىدىن سىرت باج ـ سېلىق ئېلىندى. ئىران بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلغاندا، زور قوشۇن كىچىك ئاسىياغا توپلىنىپ، ماددىي ئەشيالارنى قوشۇن تۇرغان جايدىن يۆتكەشكە توغرا كەلدى، شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشى خانىۋەيران بولدى.

www.uyghurkitap.com

تۈرك دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ۋە كىچىك ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيەگە قارشى ئۇزۇكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1511 ـــ 1512 ـ يىللىرى، شىئەلەرنىڭ پۈتكۈل كىچىك ئاسىيانى قاپلىغان خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارى شاكۇرۇ ئۆزىنى مەھدىي دەپ ئاتاپ، دىن تارقىتىش نامىدا دېھقانلارنى تۈرك سۇلتانىغا بويسۇنماسلىققا چاقىردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى سۋاس بىلەن كېساربدا سۇلتان قوشۇنىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان سەلىم I بۇ قوزغىلاڭنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1518 ـ يىلى، كىچىك ئاسىيادا نۇرئەلى رەھبەرلىكىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭدا قوزغىلاڭچىلار تۈرلۈك باج ـ سېلىق ۋە فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قاراھسار ۋە نىكسار رايونى قوزغىلاڭنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇ كېيىن ئاماسىيە ۋە توكاتا ئەتراپلىرىغا كېڭەيدى. سۇلتان قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا زور قوشۇن ئەۋەتتى، قوزغىلاڭچىلار ھەر قايسى جايلاردىكى يېزىلارغا تارقىلىپ داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. 1519 ـ يىلى يېڭى قوزغىلاڭ توكاتادا پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى جالال ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ نىشانى ئوخشاشلا فېئودالنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى ۋە تۈرلۈك باج ـ سېلىقلارغا قارشى تۇرۇش بولدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 20 مىڭ كىشىگە يەتتى. ئۇلار قاراھىسارنى ئىگىلىدى ھەمدە بىر مەھەل ئەنقەرەگە يۈرۈش قىلدى. سەلىم I زور قوشۇننى يۆتكەپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئاتلاندى. ئاقسايشىر ئەتراپىدىكى جەڭدە دېھقانلار قوشۇنى تارمار قىلىنىپ، جالال ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى.

16 ـ ئەسىردە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى سىنىپىي زىددىيەت

ۋە مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. تۈرك سۇلتانى بالقان يېرىم ئارىلى دۆلەتلىرىدىكى دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنى بايلىق شىلىۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئىستىلا قىلىنغان خىرىستىيان ئاھالىلىرىنىڭ ئوسمانىيلار دۆلىتىدە ھېچقانداق سىياسىي ھوقۇقى يوق ئىدى، ئۇلار بىر قاتار چېكىدىن ئاشقان قائىدە ـ يوسۇنلارغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى، ئالايلۇق، قورال ئېلىپ يۈرۈشكە، ئات مىنىشكە بولماسلىق، يۇزۇر كىيىنمەسلىك، كۆركەم ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سالماسلىق قاتارلىقلار. تۈرك ئىستىلاچىلىرى مۇشۇنداق قىلساق بويسۇندۇرۇلغان ئاھالىلەردە ئىتائەت قىلىش روھى يېتىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

بالقاندىكى ھەر مىللەت خەلقى تۈرك تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇزۇكسىز پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى: بۇلغارىيە بىلەن سېربىيەدە خەلق ئەسكەرلىرى ھەرىكەتتى، دالماتىيە قىرغاقلىرى بىلەن كرودىيەدە ئۇسكوك ھەرىكىتى، گىرېتسىيەدە كېلېفوت ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. پارتىزانلارنىڭ كۆلىمى بەزىدە ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىچىك كۆلەملىك پارتىزانلىق جەڭلىرىنى قىلىپلا قالماي، بەزىدە يەنە چوڭ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. 1595 ـ يىلى خەلق ئەسكەرلىرى بابا نوۋاكنىڭ رەھبەرلىكىدە سوفىيەگە ھۇجۇم قىلدى. 1596 ـ يىلى ئۇسكوك دالماتىيە قىرغىقىدىكى كوللىس شەھىرىنى بىر مەھەل ئىگىلىدى. 1596 ـ يىلىدىن 1597 ـ يىلىغىچە سېربىيەنىڭ جەنۇبىدا، خېرتسېگوۋىنا، چېرنوگورىيە ۋە ئالبانىيەلەردە قوزغىلاڭ پارتلىدى. گەرچە بۇ قوزغىلاڭلارنى تۈركىيە سۇلتانى ۋەھشىيلەرچە باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈركىيەگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى زادىلا توختاپ قالمىدى.

**ئوتتۇرا ئاسىردىكى تۈركىيە مەدەنىيىتى** تۈركىيە سۇلتانى ئىسلام دىنى سۇننىي مەزھىپىنىڭ ئىدىيەسىنى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى قىلدى، تۈركىيەنىڭ ئىلىم ـ پېنى، ئەدەبىياتى

ۋە سەنئىتى ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى.

13 ــ ئەسىردە، تۈركىيەدە ئەڭ بۇرۇنقى يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلدى. سۇلتان ۋەلەد (1226 ــــ 1312) تۈركىيە تىلىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ «سەلجۇق شېئىر ــ قوشاقلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى زور قىممەتكە ئىگە. يۇنۇس ئىمىل (13 ــ ئەسىردىن 14 ــ ئەسىرگىچە) تۈركىيە خەلق ناخشا ــ قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى، ئۇ سەھراغا خاس مەنزىرىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، تۈركىيە خەلق ئاغزاكى ناخشا ــ قوشاقلىرىنىڭ ئىجادىيەت شەكلىنى ياراتتى.

تۈركىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تۈرك تىلى ۋە ناخشا ــ قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنى ئىجاد قىلغۇچىلار ۋە دېكلاماتسىيە قىلغۇچىلار خەلق ئىچىدىكى ناخشىچىلار ــــ غەزەلخانلار، مەدداھلار ۋە سازەندىلەر ئىدى. خەلق ئىچىدە يەنە مەزمۇنى مول لەتىپە ۋە رىۋايەت ــ چۆچەكلەر بولۇپ، ئۇلار ھەم يۇمۇرلۇق، ھەم ئەقىل ــ پاراسەت بىلەن تولغان. بۇ خەلق رىۋايەتلىرى، مەسەللىرى تەمسىللىرى ۋە كۈيلىرى تۈركىيەنىڭ دەسلەپكى فېئوداللىق دەۋرىدىكى خەلق تۇرمۇشى، ئۆرپ ــ ئادەتلىرىنى روشەن ئۇقۇملار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

15 ــ ئەسىردىن 16 ــ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل تۈركىيە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. لىرىك شائىر نىجادىي (1460 ــــ 1509) ئەينى دەۋرنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. باھار، مۇھەببەت ۋە تىراگېدىيە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ئىدى. باقىي (1526 ــــ 1599) لىرىك شېئىرلارنى ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزگەن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ئىخچام بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «تۈركىيە لىرىك شېئىرلىرىنىڭ پىرى» دەپ مەدھىيەلەيدۇ.

17 ــ ئەسىردە، تۈركىيە ئەدەبىياتىدا ساتىرىك ئەسەرلەر تەرەققىي قىلدى. شائىر نەفى (1635 ــ يىلى ۋاپات بولغان)

«تەقدىرنىڭ ئوقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى چوڭقۇر پاش قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن.

فېئوداللىق دىنىي مەدەنىيەتنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى مەسچىت بىناكارلىقىنى زور تەرەققىياتقا ئىرىشتۈردى. تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى مەسچىت بىنالىرى ئالدى دەرۋازىسى چوڭ، تاش ئويمىلار بىلەن رەڭگارەڭ بېزەلگەن، ئۆگزىسى كونۇس شەكلىدە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. 14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە «بىرۇساچە» بىناكارلىق ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ ئۆگزىسى گۈمبەزسىمان، مۇنارلىرى ئېگىز بولمىغان ھەمدە ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان رەڭلىك ئىمال بىلەن بېزىلىش، «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەر ئويۇپ يېزىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرۇساچە بىناكارلىقتا بىرۇسا شەھىرىدىكى كۆك مەسچىت (15 ـ ئەسىردە ياسالغان) ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ كۆك ۋە كۆكۈچ ساپال كاھىشلار بىلەن بېزەلگەنلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

1453 ـ يىلى، تۈركىيە كونىستانتىنوپولنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مۇقەددەس سوفىيە چېركاۋىنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈركچە مەسچىتلەر بارلىققا كەلدى. بۇنداق مەسچىتلەرنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئوتتۇرىسى گۈمبەزسىمان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تۆت، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ گۈمبەزلەر بىلەن ئورالغان، بىنانىڭ تۆت ئەتراپى تۈتاش ئايلانغان دەھلىز بىلەن ئورالغان، يان تەرىپىدە يەنە ئېگىز ئۇچلۇق مۇنارلىرى بار. تۈركىيە سۇلتانلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەيۋىسىنى مەسچىت، ئوردا ـ قەسىر سېلىش ئارقىلىق كۆز ـ كۆز قىلغان، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بۇنداق بىنالارنىڭ كۆركەملىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان بىناكارلىق ئۇستىسى سىنان (1489 ــ 1578) نىڭ ئىجادىيىتى تۈركىيە بىناكارلىق سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ

يۇقىرى پەللىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇ سالغان بىنالار 300 دىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە 80 مەسچىت بار، ئىستانبۇلدىكى سۇلايمان مەسچىتى ئەڭ ھەشەمەتلىك بولۇپ، بۇ مەسچىت گۈمبىزىنىڭ دىيامېتىرى 31 مېتىر كېلىدۇ. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەينەك خىش ئىشلىتىلگەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەسىمىنى نەقىشلەش ۋە سىزىش، شۇنداقلا ئىمارەتلەرنى رەڭلىك ئەينەكلەر بىلەن ھەيۋەتلىك ـ كۆركەم بېزەش مەسچىت ۋە ئوردا بىنالىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

16 ـ ئەسىردە تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ئىسلام دىنى مەدرىسەلىرى، مۇزىيخانىلىرى، ئۈستى يېپىق بازارلار ۋە گۈمبەزسىمان مۇنچىلار سېلىنىدى. فونتانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

ئىسلام دىنىدا جانلىقلارنى سىزىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى تۈركىيە رەسساملىقى بىلەن ھەيكەلتىراشلىقنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى. بېزەكچىلىك سەنئىتى ۋە كىتاب مۇقاۋىلاش بېزەكچىلىكى كەڭ ئومۇملاشتى. ئەل ئىچىدىكى قول ھۈنەر ئۈستىلىرى نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلدى، ئالايلۇق، گىلەم (گېئومېتىرىك شەكىللەر گۈل نۇسخىسى قىلىنغان)، توقۇلما بۇيۇملار (زەر يىپ بىلەن توقۇلغان يىپەك توقۇلما)، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن ياسالغان بېزەكلەر، رەڭلىك ساپال قاچا ـ قۇچىلار قاتارلىقلار.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۈركىيەلىك تارىخشۇناس سائاد ئالاۋىددىن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن يازغان «تارىخنىڭ خان تاجى» ناملىق ئەسەردە، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئومۇمىي تارىخى بايان قىلىنغان. 17 ـ ئەسىردە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە كەيىئاتىپ چەلەبىي (1609 — 1657) نىڭ دۇنيا تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە پەلسەپىگە ئائىت ئەسەرلىرى ئەڭ مەشھۇر. ئۇنىڭ «جاھاننىما»، «چوڭ ئىشلار يىلنامە خاتىرىسى» ۋە «ھايۋانلار قامۇسى» ناملىق ئەسەرلىرى بار. بۇ لۇغەتكە جەمئىي

9512 ئاپتور كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرەب، تۈركىيە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى يازغۇچىلارنىڭ ماتېرىيالى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى بار، ئۇ ھازىرغىچە يەنىلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەتىۋارلىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بەشىنچى باب

# جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەت

جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى دۇنيا بويىچە قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە بىر قەدەر بالدۇر ئۆتكەن رايونلارنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى سۈغىرىشقا تايىنىدىغان دېھقانچىلىقنى ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارماق قىلغان ھىندىستاندا، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى يۈكسىلىۋاتقان دەۋردە، فېئوداللىق يەر دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىكى روھانىي ۋە دەھرىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى (سۇيۇرغاللىق ياكى ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى) بىلەن كوممۇنا دېھقانلىرىنىڭ ئۈلۈشلۈك يەر تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن قالغان شەھەرلەر داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ھەمدە نوپۇسى كۆپ، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، قول سانائەت، سودا ۋە تاشقى سودىسى گۈللەنگەن بەزى يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىندى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندىستان تارىخى روشەن ھالدىكى يەرلىك فېئودال خاندانلىق (4 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە) ۋە چەتتىن كەلگەن ئىسلام دىنى فېئودال خاندانلىقى (9 ـ ئەسىردىن باشلاپ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. كېيىنكىسىدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، سىياسىي تۈزۈم، سىنىپىي كۈرەش، ئىدىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلام دىنى قويۇق بولغان فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەندى.

ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىنىڭ تەرەققىياتى بەكمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. 15 ـ ئەسىردىن بۇرۇن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ياۋروپانىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ئىسكەنجىسى ۋە فېئوداللىق دۆلەت، ئاقسۆڭەك بىيۇروكرات ئەمەلدارلارنىڭ تىزگىنلىشى ۋە بېسىمى تۈپەيلىدىن تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكى ئاجىزراق، سودا كاپىتالىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولدى، شەھەر ئاھالىلىرى مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنمىدى. 16 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى ئاندا ـ ساندا تارقالدى ۋە تەرەققىياتىمۇ ئاستا بولدى. غەرب مۇستەملىكىچى كۈچلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ھىندىستان بارا ـ بارا كاپىتالىزمنى مۇستەقىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئېلىمىزنىڭ يېقىن قوشنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مىللەتلەر كۆپ، كان بايلىقلىرى مول، دۆلىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قويۇق بولغان. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، نىسپىي ئورتاقلىققا ئىگە؛ ئەمما شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر يەنە روشەن ھالدا كۆپ خىللىققا ئىگە، ئۇلارنىڭ پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، ئۇلار چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋال تېپىشى، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى تەكشى بولمىغان. ئۇزاق قەدىمكى زاماندا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا

دۆلەتلىرىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى باشتىن كەچۈرگەن ـ كەچۈرمىگەنلىكى ھەققىدە ھازىرغىچە ھۆكۈم چىقىرىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا بىۋاستە فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، دېگەن كۆز قاراش ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە، ئالايلۇق، ئاڭكور سۇلالىسى دەۋرىدىكى كامبودژا، ۋىلايەت، ناھىيە دەۋرى ۋە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ۋېيتنام، پاگان سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىرما، سۇكوتاي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تايلاند ۋە ماجاپاخىت سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھىندونېزىيەدە فېئوداللىق ھوقۇقنى بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاندى.

ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، كۆپ دۆلەتلەردە بۇددا دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قويۇق بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە 16 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن غەربىي ياۋروپادىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە.

# 1 ـ بۆلۈم ھىندىستان

## 1. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى

گۇپتا خاندانلىقى ۋە راجەپۇترا سىلادىتىيا دۆلىتى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ناھايىتى كۆپ كىچىك دۆلەتلەر قەد كۆتۈردى،



www.uyghurkitap.com

غەربىي شىمالىدا كۇشان ئىمپېرىيەسى بىلەن جەنۇبىدا ئاندھارا دۆلىتى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشىۋاتقان چاغدا، گانگې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ماگادا دۆلىتىدە ياشايدىغان گۇپتا ئىسىملىك بەگ 4 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، كانيا ـ كۇبجە شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، گۇپتا خاندانلىقىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. 320 ـ يىلى چاندرا گۇپتا I (322 — 335) تەختكە ئولتۇرغاندا، «ماخاراجا (چوڭ خان)» دەپ ئاتالدى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قوشنا بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، توخرىيلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى سامودرا گۇپتا (335 — 380) زېمىننى تېخىمۇ كېڭەيتتى، غەربتە ھىندى دەرياسىغىچە كېڭەيدى، شەرقتە گانگې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن بېنگال قولتۇقىغىچە بولغان زېمىنلارنى ئىستېلا قىلدى ھەمدە جەنۇبتا دېككان ئەتراپىنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن چاندرا گۇپتا II (ۋىكرەما ئادىتىيا، يەنى راجەپۇترا سالادىتىيا دەپمۇ ئاتالدى، 380 — 415)، يەنە غەربكە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ناربادا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، ھەتتا ئەرەب دېڭىزىغىچە باردى. بۇ چاغدا گۇپتا دۆلىتى تازا قۇدرەت تاپقانىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ھىندىستان بويىچە تېررىتورىيەسى پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى ئىمپېرىيەگە ئايلاندى.

گۇپتا ئىمپېرىيەسىدە ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھۆكۈمرانلار پاتالىپۇترانى پايتەخت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىر قانچە ئۆلكىگە بۆلۈپ، ئۆلكە ئاستىدا ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا باش ۋالىي ۋە ھاكىملارنى ئەۋەتتى، بۇ ئەمەلدارنىڭ مائاشى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن بېرىلەتتى. بىرلىككە كەلگەن گۇپتا فېئوداللىق ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى شىمالىي ھىندىستاننىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت

هازىرلاپ بەردى ھەمدە دۆلەتنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خېلى ئۈزۈنغىچە كاپالەتلىك قىلىنىپ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

راجەپۇترا سۇلالىسىدىن كېيىن گۇپتا ئىمپېرىيەسى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. فېئوداللارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى كوممۇنا دېھقانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك نامراتلاشتۇردى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ تاشقى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئېفتالىتلار (جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئاق ھۇنلار دېيىلىدۇ) ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەنجاپتىكى سەنگەلە شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئېفتالىتلار ئىمپېرىيەسىنى قۇردى، شىمالىي ھىندىستان ئۇنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالدى. ئېفتالىتلارنىڭ ھىندىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى بەك قىسقا. 528 ـ يىلى مارۋا بېگى يېشىدامان باشچىلىقىدىكى شىمالىي ھىندىستان بەگلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلدى. 567 ـ يىلى ئېفتالىتلار ئىمپېرىيەسى تۈركلەر بىلەن ئىران (ساسانىيلار خانىدانلىقى) تەرىپىدىن يوقىتىلدى. لېكىن، ئېفتالىتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ زەربىسىدە گۇپتا ئىمپېرىيەسى چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى، ئاخىرقى بىر قانچە پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەقەت گانگى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلار بىلەن چەكلەندى. 570 ـ يىلى گۇپتا خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.

بۇ چاغدا، ستانىسۋارا (بۈگۈنكى دېھلىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىكى ۋىچىرومادىتىيا دېگەن بەگنىڭ تەسىرى بارا ـ بارا كېڭىيىپ، ۋاردانا خانىدانلىقىنى قۇردى. 606 ـ يىلى ھارشا

ۋاردانا (خۇشخۇي) پادىشاھ بولۇپ، خۇرۇ ئادىتىيار سۇلالىسى (606 ــ 647) دەپ ئاتالدى. ئۇ 5000 ئۇرۇش پىلى، 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، 50 مىڭ پىيادە ئەسكەرلەرگە ئىگە بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە شىمالىي ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنە بىر فېئوداللىق ئىمپېرىيەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى گۇپتا ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى تېررىتورىيەسىگە ئاساسەن تەڭ كېلەتتى، پايتەختى كانياكۇبجەگە تەسىس قىلىندى.

راجەپۇترا سۇلالىسى ئىمپېرىيەسىنىڭ مەدەنىيىتى بىر مەزگىل تازا گۈللەندى، راخەپۇترا سۇلالىسى ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت ئەھلىلىرىنى مۇكاپاتلايتتى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئەمما بىرەھمەن دىنى راھىبلىرىغىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، شۇڭلاشقا شائىرلار، ئالىملار، راھىبلار بىر مەزگىل پايتەختكە توپلانغانىدى. راجەپۇترا سۇلالىسى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم «ئوچۇق يىغىن» (دىن يىغىنى) ئۆتكۈزەتتى، يىغىنغا شىمالىي ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بەگلەر ۋە بۇددا راھىبلىرى قاتنىشىپلا قالماي، بىرەھمەن دىنى راھىبلىرى ۋە باشقا ئاممىمۇ قاتنىشاتتى.

راجەپۇترا سۇلالىسى ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئۇچ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بارلىققا كەلگەنىدى. شىمالىي ھىندىستاندىكى نالاندا ئىبادەتخانىسى ھەر قايسى خانىدانلىقلار دەۋرىدە كېڭەيتىلىپ ياسالغانىدى. 671 ـ يىلى جۇڭگولۇق ئۇلۇغ راھىب يىجىڭ ھىندىستاننى زىيارەت قىلغاندا، مەزكۇر ئىبادەتخانىنىڭ سەككىز چوڭ ھويلىسى بولۇپ، راھىب كالام، ئىلىم ئەھلىلىرى 10 مىڭغا يېتەتتى. بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ ماھايانە، ھىنايانە قاتارلىق ھەر خىل ئېقىملىرى تەتقىق قىلىناتتى، ئۇ ھىندىستان ۋە پۈتۈن دۇنيا بۇددا دىنىنىڭ ئىلىم مەركىزى ئىدى. غەربىي ھىندىستاندىكى ۋاراكۇن ئىبادەتخانىسى، جەنۇبىي ھىندىستاندىكى پاناۋان پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزى

كانچىپۇرا نالانداغا ئوخشاشلا مەشھۇر ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئوجيان ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە تەتقىقات مەركىزى، تاكشىلا تېبابەتچىلىك تەتقىقاتى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

**فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ۋە يېزا كوممۇنالىرى** گۇپتا خانىدانلىقىدىن راجەپۇترە سۇلالىسى دۆلىتىگىچە بولغان ئۈچ يېرىم ئەسىر ھىندىستان جەمئىيىتىدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بارلىققا كېلىش، ئورنىتىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋر ھېسابلىنىدۇ. گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە قۇللۇق تۈزۈم پارچىلانغان بولۇپ، قۇللار ئاساسەن ئائىلىلەردە ھاشارغا ئىشلەيتتى. فاشيەننىڭ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «خانلىق يەردە تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار يەردىن ھوسۇل چىقىش ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلاتتى، خالىسا كېتەتتى، خالىسا تۇرۇپ قالاتتى» دەپ بايان قىلىنغان روشەنكى، بۇنداق ئەمگەكچىلەر ياكى ھۆر ئىجارىكەش دېھقانلار، ياكى يالالانمىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن غوجايىنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توختام مۇناسىۋىتىدۇر. گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى قانۇنلاردا غوجايىن بىلەن يالالانمىلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھۆر كىشىلەر ئىچىدىكى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىپ «تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار» ھوسۇلنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ؛ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان «تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار» ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. فاشيەن يەنە پادىشاھ، ئاقسۆڭەك، بۇتخانا ۋە باي ئائىلىلەردە ئاتالمىش «پۇقرا»لارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنى سوۋغات سۈپىتىدە قورۇق، كۆكتاتلىق، موزاي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە باشقىلارغا سوۋغا قىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇلار بەلكىم ھۆر ئىجارىكەش دېھقانلار ۋە يالالانمىلاردىن باشقا بېقىندى دېھقانلار بولۇشى مۇمكىن.

راجەپۇترا سىلدىتىيا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە فېئودالىق يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «پادىشاھلىق يەر تۆتكە ئايرىلىدۇ: بىرىنچىسى، دۆلەتنىڭ نەزىر - چىراغلارنى مول يېمەكلىكلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، فېئودال ۋەزىر - ۋۇزرالارغا بېرىلىدۇ ئۈچىنچىسى، دانا، ئوقۇمۇشلۇق، قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ئىنئام قىلىنىدۇ؛ تۆتىنچىسى، قۇتلۇق يەرلەر بولۇپ، ئىبادەتخانىلاردىكى راھىب - كاللامالارغا بېرىلىدۇ.»[①] بىرىنچى خىل يەر بىۋاستە پادىشاھنىڭ ئىلكىدە بولاتتى، قالغان ئۈچ خىل يەر «پۇقرالار» بىلەن بىرلىكتە ۋەزىر - ئەمىرلەرگە ياكى راھىبلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلەتتى. سۇيۇرغاللىق تۈزۈم راجەپۇترا سىلادىتىيا ئىمپېرىيەسىدە كەڭ يولغا قويۇلدى، بولۇپمۇ ئۇ بىيۇروكراتلار ئىچىدە ئومۇملاشتى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە: «ۋەزىر - ۋۇزرالار، نائىبلار، تۆرىلەر، ياندىشى ئامباللارنىڭ ئۇلۇشلۇك يېرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغال زېمىنى ھېسابلىناتتى» ② دېيىلگەن. سۇيۇرغال زېمىن ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلىنىدىغان مائاش يېرى ئىدى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ پادىشاھلىق ھاكىمىيەت زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە بۇنداق يەر مىراسلىق غوجىلىق زېمىنغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

ئەينى زاماندا سۇيۇرغاللىق تۈزۈم بارلىققا كەلگەندە، قەدىمكى يېزا كوممۇناسى تەشكىلاتى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بىراق، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بارغانسېرى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى تۈپەيلىدىن يېزا كوممۇناسىدىكى پاترىئارخاللىق (ئائىلە باشلىقلىق) تۈزۈمىدىكى چوڭ جەمەت

---

① ② شۇەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 2 - جىلد، «ھىندىستان ھەققىدە ئومۇمىي بايان. باج - سېلىق»، 41 - بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1977 - يىلى.

پارچىلىنىپ، پاترىئارخاللىق (ئاتىلىق هوقۇقى) تۈزۈمىدىكى يەككە ئائىلىلەرگە ئايلاندى، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ چوڭ جەمەت ئىگىلىكى پارچىلىنىپ، يەككە ئائىلىلەرنىڭ كىچىك كۆلەملىك ئىگىلىكىگە ئايلاندى. هەر بىر ئائىلىنىڭ مىراسلىق بىر پارچە ئۆلۈشلۈك يېرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى مۇستەقىل باشقۇراتتى هەمدە پادىشاهقا باج تاپشۇراتتى ۋە هەر خىل ئالۋان ـ هاشارلارنى ئۈستىگە ئالاتتى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئوتتۇرا ئەسىردىكى هىندىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مۇنداق بايان قىلىنغان: «باج ـ سېلىق ئېغىر ئەمەس، ئۇ تېجەشلىك ئىشلىتىلىدۇ، هەر كىم ئۆز ئالدىغا خاتىرجەم جاهاندارچىلىق قىلىدۇ، ئىجارىكەش دېهقانلار ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئالىدۇ. ئەگەر پادىشاهنىڭ يېرىنى تېرىسا، ئالتە خىل باجنىڭ بىرسى تېرىغۇچىغا قالدۇرۇلىدۇ.»①
گەرچە بۇ يەردە راجەپۇترا سالادىتىيا ئىمپېرىيەسى پەردازلانغان بولسىمۇ، لېكىن فېئوداللىق دۆلەتنىڭ كەڭ كوممۇنا ئەزالىرىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش مۇناسىۋىتىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، كوممۇنا ئەزالىرى فېئوداللارغا يەنە نورمىدىن تاشقىرى هەر خىل ئىجارە هەققى ۋە باجلارنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئالايلۇق، ئات ـ ئۇلاغ، رەخت توقۇش ماشىنىسى، جۇۋاز ئىشلەتسە ئىجارە هەققى تاپشۇرۇشى، ئۆي سالسا، توي قىلسا، ئۆيىدە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزسە باج تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. يەرلىك هاكىمىيەت ئورگانلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ هەر خىل چىقىملىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كوممۇنا ئەزالىرىدىن مال ـ مۈلۈك يىغاتتى.

يېزا كوممۇناسىنى باشقۇرىدىغان يېزا ئاقساقىلى ۋە پۈتۈكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادەتتە، برەهمەنلىك سالاهىيىتىگە

---

① شۈەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 2 ـ جىلد، «هىندىستان هەققىدە ئومۇمىي بايان، باج ـ سېلىق»، 41 ـ بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1977 ـ يىلى.

ئىگە ئائىلىدە تۇغۇلغان كىشىلەر ئۇستىگە ئالاتتى. ئۇلارغا يېزا كوممۇناسى مائاش بېرەتتى. ئۇلار كوممۇنا ئەزاسىلىق سالاھىيىتى بىلەن مىراسلىق بىر پارچە ئۇلۇشلۇك يەرگە ئىگە بولغاندىن سىرت، ۋەزىپىسىگە ئاساسەن يەنە تېخىمۇ چوڭراق مىراسلىق ئۇلۇشلۇك يەرگە ئىگە بولاتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار چوڭراق كۆلەمدە ئىگىلىك تىكلەپ، نامرات كوممۇنا ئەزالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، ھەتتا كىچىك فېئودال دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەتتى. 6 ـ ئەسىردە يېزا كوممۇناسىنىڭ ئاقساقىلى «تېھاكۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، كېيىن بۇ سۆز بىر خىل فېئوداللىق نامغا، يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك فېئوداللارنىڭ نامىغا ئايلاندى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، يېزا كوممۇناسىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، قۇللۇق تۈزۈمگە تەۋە بولغان يېزا كوممۇناسى فېئوداللىق خاراكتېرگە ئىگە يېزا كوممۇناسىغا ئۆزگەرگەندى.

ھىندىستاننىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت ئىقتىسادىدا دېھقانچىلىق ئاساس بولۇپ، سۇغىرىش سىستېمىسى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە غايەت زور رول ئوينايتتى، گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. بىر مۇنچە قانال، توما، توغان قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى. شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا شال، تېرىق، پۇرچاق، شېكەر قومۇشى قاتارلىقلار ھىندىستاننىڭ ئاساسلىق زىرائەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ بار ئىدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى تاۋارغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. دېككاننىڭ جەنۇبىدا بايقالغان 6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە

www.uyghurkitap.com

بولغان دەۋرگە مەنسۇپ ئۆيما يېزىقلاردا يېزا ـ بازارنىڭ بازىرىدا شال ۋە باشقا زىرائەتلەرنىڭ، يەنە پالما، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، شېكەر قومۇشى، شېكەر ۋە ياغ قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ھىمالايا تېغى ئېتەكلىرى ۋە جەنۇبىي پەنجاپ، سىند ئەتراپلىرىدا چارۋىچىلىقمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كالا، تۆگە، قوي ۋە ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار بېقىلاتتى.

ھەرقايسى جايلاردىكى فېئودال پادىشاھلىق ـ بەگلىكلەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى بىلەن دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر گۈللىنىشكە باشلىدى. ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەر گۇرۇھى (كاست)غا تەۋە شەھەر قول ھۈنەرۋەنلىرى كۆركەم پاختا توقۇلما، يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى، يۇڭ ئەدىيال، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت بېزەك بۇيۇملىرى، پىل چىشىدىن ۋە سىرلاپ ياسالغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، قورال ـ ياراغ قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىچىدە توقۇمىچىلىق ئەڭ تەرەققىي قىلغانىدى. توقۇمىچىلار ئاددىي توقۇش ماشىنىسى بىلەن ناھايىتى نېپىز پاختا رەختلەرنى توقۇيتتى، بۇنداق رەختتىن ئىشلەنگەن ئاياللار چۇمپەردىسىنى ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزگىلى بولاتتى. گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە، ھىندىستاننىڭ تاشقى سودىسىمۇ روناق تاپقان بولۇپ، ساسانىيلار خاندانلىقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى جانلانغانىدى. 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستاننىڭ باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودىسى بارغانسېرى كۆپەيدى، ئەرەب سودىگەرلىرى ھىندىستاننىڭ تاشقى سودىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

تائىپە تۈزۈمى ۋە ھىندى دىنى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى تائىپە (ۋارنا) تۈزۈمىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت

خاتىرىسى» دىكى راجەپۇترا سالادىتنىيا ئىمپېرىيەسىدىكى ھەر قايسى تائىپىلەرگە دائىر بايانلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەينى چاغدىكى تەبىقە قۇرۇلمىسى قەدىمكى زاماندىكىگە ئوخشمايتتى. برەھمەن ۋە كىشەترىيە تائىپىسىدىكىلەر گەرچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى تائىپە بولسىمۇ، بىراق ئۇلار قولدارلار بولماستىن، بەلكى سۇيۇرغال زېمىنغا ئىگە، ئىجارە ھەققى ۋە باج ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان فېئوداللار ئىدى. قەدىمكى زاماندىكى ۋايسىيا تائىپىسى ئەسلىدە يېزا كوممۇناسىنىڭ ئەزالىرى، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى شەكىللەنگەن دەۋرگە كەلگەندە، كوممۇنادىكى ھۆر دېھقانلار بېقىندى دېھقانلارغا ئايلانغان، قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، شۈەنزاڭ خاتىرىلىگەن ۋايسىيا تائىپىسى پەقەت «تىجارەت قىلىپ بارنى يوق، يوقنى بار قىلىدىغان، پايدا - مەنپەئەتنى دەپ يىراق - يېقىنغا قاترايدىغان» سودىگەرلەر، جۈملىدىن تىجارەتچىلەر، جازانىخورلار ۋە باي قول ھۈنەرۋەنچىلىك غوجايىنلىرى بولۇپ، دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. سۇدرە تائىپىسىگە كەلسەك، شۈەنزاڭ ئۇلارنى «ئېتىز - ئېرىقلارنى پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ كۆكەرتىپ، ھوسۇلنى تىرىشىپ يىغىۋالىدىغان» دېھقانلار، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى شەكىللىنىش جەريانىدا، ئەسلىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تەدرىجىي بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئوتتۇرا ئەسىردە يەرگىلا باغلىنىپ قالغان بېقىندى دېھقانلار شەكىللەنگەندى. جەمئىيەتتە يەنە بۇ تۆت خىل تائىپىدىكىلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ھەممىدىن قاتتىق ئېزىلىشكە ئۇچرايدىغان، تۆۋەن دەرىجىلىك ياكى پاسكىنا

ئىشلارنى قىلىدىغان ھەر خىل تائىپە كىشىلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلارنى «ھەر قايسىسى ئۆز قاياشلىرى بىلەن بىللە بولىدىغان، تەپسىلىي خاتىرىلەش قىيىن» كىشىلەر دېگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى «يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان كىشىلەر» دەپ قارىغان. فاشيەن جانچارا دەپ ئاتىلىدىغان «يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان كىشىلەر» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «(جانچارا)لار يامان ئادەملەرمۇ دېيىلىدۇ، ئۇلار باشقا تەبىقىدىكىلەردىن ئايرىم ياشايدۇ. ئەگەر ئۇلار شەھەرگە كىرسە تاك ـ تاك سوقۇپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ، باشقىلار رەنجىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ.» بۇنداق «يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان خارىجانلار» (قارا خەلق) قەدىمكى زامان بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى ھازىرقى زاماندىمۇ مەۋجۇت.

فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى دىنلارنى، ئاساسلىق برەھمەن دىنى بىلەن بۇددا دىنى بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى دىن ــ ھىندى دىنى بارلىققا كەلدى.

ھىندى دىنىدا ئۈچ ئاساسلىق ئىلاھقا چوقۇنىدۇ: برەھمە ــ ئاساسلىق دۇنيانىڭ يارىتىلىشىنى باشقۇرىدىغان ئىلاھ، ۋىشنۇ ــ ئاساسلىق دۇنيانىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدىغان ئىلاھ، سىۋا ــ ئاساسلىق دۇنياغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى باشقۇرىدىغان ئىلاھ. ھىندى دىنىدا تۈرلۈك دىنلاردىكى ئاساسلىق ئىلاھ ۋىشنۇ ياكى سىۋانىڭ نامايەندىسى، دەپ قارىلىدۇ، ھەتتا بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنىمۇ ۋىشنۇنىڭ بىر نامايەندىسى دەپ قارىلىدۇ.

ھىندى دىنى بۇددا دىنىنىڭ پەرھىزلىرى، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك دېگەن مەزمۇنىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى برەھمەن دىنى بىلەن بۇددا دىنىدىن قوبۇل قىلىنغان «دەرمە» (دارما) بىلەن كەرمە تەلىماتىدۇر. «دەرمە»

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيەت ئەندىزىسى دېگەنلىكتۇر، ھەر قانداق سالاھىيەتتىكى كىشى ئۆزىنىڭ «دەرمە» سى بويىچە ياشىشى لازىم، ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار مەڭگۈ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر ــ قانائەت قىلىپ ياشىشى كېرەك. ھىندى دىنىنىڭ كەرمە تەلىماتىدا، كىشىلەر ئەگەر پانىي ئالەمدە ئۆز سالاھىيىتى ئۈچۈن بېكىتىلگەن «دەرمە» بويىچە ياشىسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھى يۇقىرى دەرىجىلىك تائىپە سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا تۆۋەن دەرىجىلىك تائىپە سالاھىيىتىگە ئۆزگىرىدۇ، پانىي ئالەمدىكى باراۋەرسىزلىك ئىنسان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، دەپ تەرغىب قىلىنىدۇ. كىشىنى ئالدايدىغان بۇنداق قۇرۇق سەپسەتە ئەمگەكچى خەلقنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئات ــ ئېشەككە ئىتائەتچان بولۇپ، قائىدە ــ يوسۇندىن چىقماي ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ھىندى دىنىنى ھۆكۈمران سىنىپلار قوغدىدى ۋە قوللىدى، مىلادىيە 9 ــ ئەسىردىن كېيىن، ھىندى دىنى مەملىكەت بويىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىنغا ئايلاندى، بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈزلەندى.

**ھىندىستاننىڭ بۆلۈنۈشى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى** رەجەپۇترا سىلادىتىيا ئۆلگەندىن كېيىن، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى تۈپەيلىدىن تەسىرى كۈچەيگەن فېئوداللار بەس ــ بەستە كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يات مىللەت ياساۋۇللىرىدىن كېلىپ چىققانلار بولۇپ، ئۆزلىرىنى «راجىپۇتلار» (خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەر دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى. 8 ــ ئەسىردىن كېيىن راجىپۇتلار شىمالىي ھىندىستاندا بىر نەچچە فېئودال خاندانلىقنى قۇرغان بولۇپ، بۇ تارىختا راجىپۇتلار دەۋرى دەپ ئاتالدى. بۇنداق تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتى 7 ــ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن 12 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشتى، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلاشتى، يات مىللەتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەرەبلەر ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 711 ـ يىلى ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى مۇھەممەد ئىبىن قاسىم بەسرەدىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ھىندى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سىندقا ھۇجۇم قىلدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ھىندى خان ـ بەگلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ھىندىستاندىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئافغانىستاندا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەر قۇرغان غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 1001 ـ يىلىدىن باشلاپ، غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلدى، 26 يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 15 قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ھەر قېتىمدا شەھەر ـ يېزىلارنى ۋەيران قىلىپ، ئاھالىلەرنى تۇتۇپ كەتتى، مال ـ دۇنيالارنى بۇلاپ ـ تالىدى. 1019 ـ يىلى كانياكۇبجە شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئاساسەن تۈپتۈز قىلىۋەتتى. 1025 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقى بويىدىكى سومنات شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بايلىقى ئەڭ مول بولغان ۋىشنۇ ئىبادەتخانىسىنى تالان ـ تاراج قىلىپ قۇرۇقداپ قويدى، 50 مىڭغا يېقىن ئادەمنى قىرغىن قىلدى. يات مىللەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىشى شىمالىي ھىندىستاننى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، پەنجاپ بىر مەھەل غەزنەۋىيلەرنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋېلىندى، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن فېئوداللار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈركلەر بارا ـ بارا ئافغانلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. 1186 ـ يىلى، غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقى گور

خاندانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. گور خاندانلىقى ئافغانىستاننىڭ ھىراتتا باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، غەزنەۋىيلەر خاندانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن شىمالىي ھىندىستاندىكى دېھلىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى.

## 2. دېھلى سۇلتانلىقى

ھىندىستاندا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى 1206 ـ يىلى گور خاندانلىقىنىڭ باش ۋالىيسى، كېيىن چىقىشى قۇل بولغان تۈرك قۇتبىددىن ئايبېك ئۆزىنى سۇلتان قىلىپ تىكلەپ، دېھلىنى مەركەز قىلغان كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇ تارىختا قۇل خاندانلىقى (1206 — 1290) دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يۈز نەچچە يىلدا بەش خاندانلىق ئورۇن ئالماشتى، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى سۇلتان دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن تارىختا دېھلى سۇلتانلىقى (1206 — 1526) دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى ھۆكۈمرانلىرى تۈرك، ئافغانلار ئىدى. چەتتىن كەلگەن بۇ ئىسلام دىنى فېئوداللىرى دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەنسەپلىرىدە ئولتۇردى، يەرلىك ھىندى دىنى فېئوداللىرى چەتكە قېقىلىپ، پەقەت يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە باجگىرلىرىلا بولالىدى. دېھلى سۇلتانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق جايلاردىن ياللانما ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمرانلىق قورالى قىلدى.

دېھلى سۇلتانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، شىمالىي ھىندىستاننىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. سۇلتان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ مۈلكى دەپ قاراپ، ئۆزى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىدىغان يەر قالدۇرغاندىن سىرت، باشقا يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەربىي سۇيۇرغال سۈپىتىدە تۈرك ۋە ئافغان ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھىندىستانلىق ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلىپ

بەردى. بۇنداق ھەربىي سۇيۇرغاللىق «ئىكتا» دەپ ئاتالدى، دەسلەپتە سۇيۇرغاللىغا ئىگە بولغۇچىلار سۇيۇرغال يەرنىڭ ئىجارە ھەققى بىلەن بېجىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەھرىمەن بولاتتى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن سۇيۇرغال يەر سۇلتانغا قايتۇرۇلاتتى، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىكتا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مىراسلىق خوجىلىق زېمىنلىرىغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئىسلام دىنى ئاخۇنلىرىنىڭ مىراسلىق خوجىلىق زېمىنى («ئىنئام») ۋە مەسچىتلەرگە تەۋە يەرلەر («ۋەخپە») بار ئىدى. دۆلەت ئىچىدە بۇنداق يەرلەرنىڭ سالمىقى چوڭ ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇلارغا ئىگە بولغۇچىلارنىڭ ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. فېئوداللىق دۆلەت كوممۇنا ئەزالىرىدىن ماددىي بۇيۇملارنى ئىجارە ھەققى ۋە باجغا سۇندۇرۇپ ئالاتتى، بىنەم يەرلەردىن ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە ئىجارە ھەققى بىلەن باج ئېلىنسا، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى بار سۇلۇق يەرلەردىن ئېلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بىلەن باج ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېتەتتى. تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا ئىجارە ھەققى بىلەن باج پۇل بىلەن تۆلىنەتتى. دۆلەت ھەممىشە باجنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، دېھقانلاردىن باجنى كۆتۈرە ئالغۇچى ئارقىلىق ئالاتتى. دېھقانلار ئىجارە ھەققى بىلەن باجنى تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە ھەر خىل ئالۋان ـ ھاشارلارغا ھەقسىز ئىشلەيتتى ياكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ئالۋان ئورنىدا تاپشۇراتتى.

دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە سودا ـ سانائەت ۋە شەھەرلەرگە فېئوداللار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كىچىك ئۇستىخانىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرى ساتاتتى، دۆلەتكە باج تاپشۇراتتى، ئادەتتىكى تاۋارلاردىن مال باھاسىنىڭ 2.5% ى بويىچە باج ئېلىناتتى. ئۇنىڭغا باشقا

ئېلىنىدىغان باجلارنى قوشقاندا جەمئىي تاپشۇرۇلىدىغان باج مال باھاسىنىڭ 4/1 ىگە توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا نۇرغۇن قول ھۈنەرۋەنلەر مۇستەقىللىقىدىن مەجبۇرىي مەھرۇم بولۇپ ياكى فېئوداللاردىن پاناھلىق ئىزدەپ ئۇلارغا بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرىنى بېرەتتى، ياكى فېئوداللارنىڭ ئۇستىخانىلىرىدا ئىشلەيتتى. دۆلەتتە يەنە ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان سانائەت كارخانىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭدا قۇللار ئەمگەك قىلاتتى، مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئوردىنى تەمىنلەيتتى. بىر بابكارچىلىق كارخانىسىدا 4000 نەپەر قۇل ئىشلەيتتى. قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ئالايلۇق، يۇڭ ئەديىال، ئالتۇن ـ كۈمۈش بېزەك بۇيۇملىرى ۋە پاختا ـ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭلىق ئىدى. ئوتتۇراھال سودىگەرلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەر فېئوداللار باشقۇرىدىغان ماگىزىن، دۇكان، دەنلەرگە يۇقىرى ئىجارە ھەققى تۆلەپ شىلىۋېلىناتتى. چوڭ سودىگەرلەرنىڭ مەبلىغى يېتەرلىك، كۈچى ناھايىتى زور بولغاچقا ياكى باجنى كۆتۈرە ئالاتتى، ياكى جازانىخورلۇق قىلاتتى ۋە ياكى يەر سېتىۋېلىپ دېھقانلارنى ئېزەتتى. شەھەرلەر سودا ـ سانائەت مەركىزى، بەزىلىرى ھەتتا مەمۇرىي مەركەز ئىدى. پايتەخت دېھلىدا سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن سودا ـ سانائەتچىلەرنى جەلپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر كۈنسېرى گۈللەندى. باشقا شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە مەسچىت ـ ئىبادەتخانىلار، پورتلار، تۆت كوچىلار بولۇپ، ئۇلار سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن بارلىققا كەلگەنىدى. ھەر قايسى شەھەرلەردىكى سۇلتان تەيىنلىگەن شەھەر باشلىقى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار شەھەر ئاھالىلىرىدىن باج ـ سېلىق ئالاتتى، شىمالىي ھىندىستاندىكى ھەر قايسى شەھەرلەر ئارىسىدا سودا گۈللەنگەنىدى، بېنگال قولتۇقى ۋە ئەرەب دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى مۇھىم پورتلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو، غەربىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا دائىم خەلقئارالىق سودا بولۇپ تۇراتتى.

**خەلق قوزغىلىڭى ۋە دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ زاۋال تېپىشى** دېھلى سۇلتانلىقىدىكى تۈرك ۋە ئافغان ئاقسۆڭەكلىرى ھىندىستان ئەمگەكچى خەلقىگە قارىتا ۋەھشىيلەرچە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنى يولغا قويۇپلا قالماستىن، يەنە مىللىي زۇلۇم سېلىپ ھىندىستانلىقلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەردىن جىزيە (جان بېجى) ئالدى. قۇل خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھىندىستان خەلقى بىلەن يات مىللەت ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارا - بارا كەسكىنلەشتى. 13 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە موڭغۇللار ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ئۈچ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، دېھلىغا يېقىنلاشتى، دېھلى سۇلتانلىقى موڭغۇللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت كۈچىنى خورىتىۋەتتى. سۇلتان نەسىرىددىن مەھمۇد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھىندىستاندىكى ھەر قايسى كىچىك خانلىقلار ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى. 1266 - يىلى دېھلىغا يېقىن ئىككى دەريا ئارىسىدىكى يەر (يەنى گانگې دەرياسى بىلەن جۇمنا دەرياسى ئارىسىدىكى يەر) دە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، فېئوداللىققا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. قوزغىلاڭچىلار دېھلىغا قىستاپ كەلگەندە، سۇلتان بالباننىڭ ئافغان ياللانما قوشۇنى تەرىپىدىن ياۋۇزلارچە باستۇرۇلدى. قوزغىلاڭچىلار قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، زور قۇربانلارنى بەرگەن بولسىمۇ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

1290 - يىلى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كالجى خاندانلىقى قۇل خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، خەلقنى ئالدىنقى خاندانلىقتىنمۇ بەتتەر ئەزدى. سۇلتان ئالاۋىددىن ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەل بولۇش نىيىتى يوق دەپ

قاراپ، ھىندىستان خەلقىنى ئاچ - يالىڭاچ قويۇش، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھېچقانداق مال - مۈلۈك قالدۇرماسلىقتەك رەھىمسىزلەرچە ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىشقا ئۇرۇندى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرىدىن ئېلىنىدىغان جىزيە تاپاۋىتىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغا ئۆستۈرۈلدى، ئۆيۋاق، قوي - كالىلارنىڭ ھەممىسىدىن باج ئېلىندى. يەنە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى رايونلاردىن ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان يەر بېجى ئېلىش بەلگىلەندى. ئومۇمەن، سۇلتانغا سادىق بولمىغان ياكى سۇلتاننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. كالجى خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىتلىكى ھىندىستان خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1301 - يىلى دېھلى خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى خوجا موللا نامرات ئاللاۋىنى سۇلتان قىلىپ تىكلەپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى، تۈرمىلەرنى ئېچىپ، مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىپ، قورال تارقاتتى، پۇل ۋە مال - مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلدى، دېھلى سۇلتانى ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى، خوجا موللا جەڭدە قۇربان بولدى، ئاللاۋى ئۆلتۈرۈلدى. 1321 - يىلى قۇرۇلغان تۇغلۇق خاندانلىقى (1321 — 1414) تېخىمۇ قالايمىقان باج - سېلىق سالدى، دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن ۋەيران بولدى، بەزىلەر ئورمانلىقلارغا قېچىپ بېرىپ، قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتتى، 1326 - يىلىدىن 1327 - يىلىغىچە ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى رايونلاردا دېھقانلار يېڭىدىن يەنە زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭنى سۇلتاننىڭ ياللانما قوشۇنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى.

دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ شەھەرلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئۇششاق تىجارەتچىلەر باي سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە فېئودallıق دۆلەتنىڭ باج - سېلىقىغا

چىدىماي، ھەمىشە دىنىي مەزھەپلەر ھەرىكىتى شەكلىدە فېئوداللىققا قارشى كۈرەش قىلدى. شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقە خەلقى ئىچىدىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئەھلى سۈننەت (ئەسلىيەتچىلەر) كە قارشى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىدىيە ـ تەشەببۇسلىرى تارقالدى. 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە دېھلىدىكى شەھەر ئاھالىلىرى كۆپ قېتىم فېئوداللىققا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلدى، بۇ كۈرەشكە شىئەلەر پائال قاتناشتى. سەئىد خاندانلىقى (1414 ـــ 1451) دەۋرىدە ھەممىلا جايدا تەپرىقىچىلىك، ئۇرۇش يۈز بەردى، خاندانلىق پەقەت دېھلى بىلەن پەنجاپ ئەتراپلىرىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغان بولۇپ قالدى. 1419 ـ يىلى، پەنجاپ دېھقانلىرى سەلىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆلىمى ناھايىتى زور قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن فېئوداللارنىڭ قوشۇنى باتۇرلۇق بىلەن جاپالىق جەڭ قىلدى، سەلىن قۇربان بولدى، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. ھىندى دىنىدىمۇ ھەر خىل مەزھەپلەر بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېنارېسلىق كاسىپ كەبىر رەھبەرلىك قىلغان تەقۋادارچىلار (باقتىچىلار)نىڭ تەسىرى ھەممىدىن زور بولدى. كەبىر ھىندى دىنىنىڭ تائىپە ئىمتىيازى ۋە مۇرەككەپ مۇراسىمىغا قارشى تۇردى، ئۇ: «تەسۋى بولسا ياغاچ، ئىلاھ بولسا تاش»، «ۋايىسىيا بولسا قۇرۇق گەپ» دەپ، مەيلى قانداق دىندا بولسۇن، پەقەت بىرلا ئىلاھ بار، ھەر قانداق تائىپە كىشىلىرى ئىلاھقا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلسىلا باراۋەرلىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. كەبىر بېنارېستىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۇ شىمالىي ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىن تارقاتتى، 1518 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقە خەلق ئىچىدىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىدىن نۇرغۇن كىشى تەقۋادارچىلارنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندى.

دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خەلق ئاممىسىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۆزۈكسىز زەربىسىگە ئۇچرىدى، ھەر قايسى جايلاردىكى كىچىك خانلىقلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، تۆمۈر ھىندىستانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، دېھلى سۇلتانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. سەئىد خانىدانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن لودى خانىدانلىقى (1451 ــ 1526)نىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تېخىمۇ كىچىك بولۇپ، دېھلىدىكى يەرلىك بەگلىككە ئوخشايتتى، پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا كۈچى يەتمەيتتى. شىمالىي ھىندىستان بېنگال، مارۋا، گۇجرات، كەشمىر، لاچىپتانا قاتارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇ دۆلەتلەر ئۆزئارا قالايمىقان ئۇرۇش قىلدى. 1517 ـ يىلى لودى خانىدانلىقىدا ئىچكى توپىلاڭ يۈز بەردى، تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى بابۇر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ 1525 ـ يىلى ھىندىستانغا بېسىپ كىردى.

## 3. موغۇل ئىمپېرىيەسى

**يەر تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى** بابۇر (1482 ــ 1530) قارا مىلتىق ـ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان ئاز ساندىكى قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ، 1526 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دېھلىنىڭ شىمالىدىكى پەنىپەت دېگەن جايدا لودى خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىبراھىمنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، دېھلىنى ئىشغال قىلدى. كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا يەنە كانۇئادا ھىندىستانلىق بەگلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ئۇ شىمالىي ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇردى. بابۇر ھىندىستاننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن قۇرغان دۆلەت موغۇل ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتىلىپ، ئاتاقتا 1857 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

ھىندىستاننىڭ موغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى يەر

تۈزۈمىدە، گەرچە يېزا كوممۇناسى تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىرىش بولدى. موغۇللار ئىستېلا قىلغان ھىندىستان زېمىنىنى «خالىسە» دەپ ئاتايتتى، ئۇ دۆلەت بىۋاسىتە قاراشلىق زېمىن ياكى خەزىنە يېرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خالىسە پادىشاھقا بىۋاسىتە قاراشلىق فېئوداللىق خوجىلىق زېمىن، زاكىردارلارنىڭ مىراس قالدۇرۇلمايدىغان خوجىلىق زېمىنى ۋە زېمىندارلارنىڭ مىراسلىق زېمىنىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلدى.

پادىشاھقا بىۋاسىتە قاراشلىق فېئوداللىق خوجىلىق زېمىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تەخمىنەن سەككىزدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى، ئۇ دېھلى ئاگرا رايونىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم پادىشاھ جەمەتى، ئوردا ۋە ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىگە خىراجەت قىلىناتتى، ئىمپېرىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى ئاقسۆڭەكلەرگە جەڭدە كۆرسەتكەن تۆھپىسى بويىچە ھەربىي سۇيۇرغال سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنداق يەرلەر «زاكىر» دېيىلەتتى، ئۇنىڭغا ئېرىشكۈچىلەر «زاكىردار» دېيىلەتتى، ئۇلارغا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش شەرت قىلىنغانىدى. 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە زاكىر موغۇل زېمىنىغا ئىگىدارلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ قالدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زاكىرلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تەخمىنەن 70% ىنى ئىگىلەيتتى. ھىندىستاندا ئىمپېرىيە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان، لېكىن ئىمپېرىيەگە بويسۇنىدىغان يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ھىندى دىنىنىڭ بەگ، تۆرىلىرى، شۇنىڭدەك ئىمپېرىيە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلاردىكى باجنى كۆتۈرە ئالغان يەر ئىگىلىرى «زېمىندار»، يەنى «يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى» لار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە

قاراشلىق رايونلاردىكى دېھقانلاردىن ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققىنى يىغىۋېلىپلا قالماستىن، يەنە تېخى دېھقانلارنى قورۇقلىرىدا ئالۋانغا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلاتتى. زېمىندارلار ئۆزلىرىگە قاراشلىق رايونلاردا ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ قورallىق كۈچى بار ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىسلام دىنى ۋە ھىندى دىنى مەسچىت - ئىبادەتخانىلىرىنىڭمۇ مۇئەييەن مىقداردا ئۆزلىرىگە تەۋە يەرلىرى بولاتتى.

موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىي سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بىلەن فېئوداللىق يەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئىمپېرىيەنىڭ بارا - بارا زاۋاللىققا يۈزلىنىشى تۈپەيلىدىن، ھەربىي سۇيۇرغال زېمىنلارمۇ مىراسلىق خوجىلىق زېمىنلارغا ئۆزگەردى. 17 - ئەسىردىن كېيىن، مىراسلىق خوجىلىق زېمىن موغۇل ئىمپېرىيەسىدە يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىق شەكلىگە ئايلاندى.

ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان كەڭ دېھقانلار يەنىلا قەدىمكى يېزا كوممۇناسى تۈرمۇشىنى كەچۈرەتتى. دېھقانلار پەقەت مۇئەييەن مىقداردا كوممۇنا يېرىگە ئىگىدارلىق قىلاتتى، ئورمان، ئوتلاق، كۆل قاتارلىقلارغا بارلىق كوممۇنا ئەزالىرى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلاتتى. دېھقانلار كوممۇنا ئارقىلىق دۆلەتكە، سۇيۇرغال ئىگىسى ياكى باشقا بەگ - تۆرىلەرگە ھوسۇلنىڭ يېرىمى ياكى ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىجارە ھەققى سۈپىتىدە تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. بۇ يەردە ئىجارە ھەققى بىلەن باج بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئىجتىمائىي ئىقتىساد بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلاردا كوممۇنانىڭ يېرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە سېتىش - سېتىۋېلىش خېلىلا ئومۇملىشىپ قالغانىدى. بىر قىسىم دېھقانلار يەرلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئىجارىكەش دېھقان ياكى ياللانما دېھقانلارغا

ئايـلاندى؛ يەنە بىر قىسىم بايلار زېمىندار ۋە جازانىخورلارغا ئايـلاندى. بۇنداق بۆلۈنۈش ئەينى چاغدا ناھايىتى چەكلىنىك بولغاچقا، يېزا كوممۇناسىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغانىدى.

موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىقتىساد روناق تاپتى، سودا ـ سانائەت خېلى تەرەققىي قىلدى. دېھقانچىلىقتا تاۋار ئاشلىق كۆپەيدى، ئىندىگو كۆكى، شېكەر قومۇشى، كېۋەز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ كېڭەيدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارماقلىرىنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، تېخنىكىسى ئىلغارلاشتى، مەھسۇلاتىنىڭ تۈرى كۆپەيدى، پاختا توقۇلمىلار 30 خىل، يىپەك توقۇلمىلار 26 خىل، يۇڭ توقۇلمىلار 23 خىل، زەرباپ 19 خىلغا يەتتى، يەنە ھەرخىل رەڭلىك يۇڭ ئەديال، مۇرە يوپۇقى قاتارلىقلار بولۇپ، ياۋروپاغىچە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلاتتى. بەزى جايلاردا يېزا قول ھۈنەرۋەنلىرىمۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، شەھەرلەردە سودا گۈللەندى، نوپۇس كۆپەيدى، ئاگرا، دېھلى، ئالاھاباد، پاتنا، كالكۇت، مادراس قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇر شەھەرلەر ئىدى، ئاگرادىن فاتېپۇرغىچە 12 مىل بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ماگىزىن بىلەن تولغانىدى. كۆپلىگەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇراتتى، گانگې دەرياسى ئارقىلىق توشۇلغان نۇرغۇن مال بېنگال بىلەن پەنجاپ ئارىسىدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى، شىمالىي ھىندىستاندا بىرلىككە كەلگەن بازار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن سېتىلىدىغان تاۋارلار ئىچىدە بېزەك بۇيۇملىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىمۇ بار ئىدى، ئالايلۇق بۇغداي، گۈرۈچ، شېكەر قومۇشى قاتارلىقلار. شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن ۋە سودىگەرلەردىن باشقا، يەنە فېئوداللار ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنى، ھەمراھلىرى، غوجىدارلىرى، چاپارمەنلىرى بار ئىدى. بېنگال بىلەن گۇجرات تاشقى سودىسى ئەڭ تەرەققىي

قىلغان رايونلار بولۇپ، سودا كېمىلىرى شەرقتە جۇڭگوغىچە، غەربتە ئافرىقا ئارقىلىق ياۋروپاغىچە قاتنايتتى. ھىندىستانلىق نۇرغۇن سودىگەرلەر يىراق جەنۇبتىكى دېڭىز ياقىسىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئاستىراخاندا سودا پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئاساسىدا، سودا كاپىتالى تازا روناق تاپتى، 16 ـ ئەسىردە گۇجىراتلىق باي سودىگەر ۋىچاۋارا سۇراتتا باش ماگىزىن قۇرۇپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى قىلدى، ئاگرا، گوكۇمھا قاتارلىق جايلاردا شۆبە ماگىزىنلىرىنى قۇرۇپ، گۇجىرات بىلەن غەربىي جەنۇب دېڭىز قىرغىقىنىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى. سودا جازانىخورلۇق كاپىتالى يېزا ۋە شەھەرلەردە ئۇزۇكسىز چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارماقلىرىدىمۇ كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى ئۆسۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق شەكلى سېتىشنى كۆتۈرە ئېلىش بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھىندىستاندىكى بەزى رايونلاردا ئومۇملاشتى. سودىگەرلەر قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئالدىدىن زاكالەت پۇلى بېرەتتى، قول ھۈنەرۋەنلەر خام ئەشيا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلىگەن تەييار مەھسۇلاتنى سودىگەرلەر سېتىۋېلىپ ساتاتتى، بۇ سودا كاپىتالىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلەرنى تىزگىنلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سودىگەرلەر ھەمىشە مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋالغاچقا، نۇرغۇن قول ھۈنەرۋەنلەر نامراتلىشىپ ۋەيران بولۇپ، ياللانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلىناتتى. نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە ياللانما ئىشچىلار بار بولۇپ، شىرخان دەۋرىدە پاتنا پورتى ياسالغاندا ياللانما ئىشچىلار ئىشلىتىلگەنىدى.

بىراق، فېئودال خانىدانلىقنىڭ رەھىمسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىشى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. دېھقانلار

ناھايىتى ئېغىر يەر بېجىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە جان بېجى، تاۋار بېجى، بازار بېجى، بېلىق تۇتۇش بېجى، ھەج قىلىش بېجى قاتارلىق باجلارنى تاپشۇراتتى. يەنە ئالۋانغا ئىشلەيتتى، ئۆمۈر بويى يەرگە بېقىناتتى. قول ھۈنەرۋەنلەر تائىپە تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى، ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى ئۈستىگە ئالاتتى، سودىگەرلەر ئۆتكەل ـ ئۆتەڭلەردە قاقتى ـ سوقتى قىلىناتتى. ئىمپېرىيەدە يەر ئىجارىسىنى پۇل بىلەن تۆلەش يولغا قويۇلغان بولۇپ، جازانىخورلار مۇتتەھەملىشىپ كەتكەنىدى. ئىمپېرىيەدە يەنە باجنى كۆتۈرە ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى رايونلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان باجنى سودىگەرلەرگە كۆتۈرە بەردى، سودىگەرلەر باجنى ئالدىدىن بىر قېتىمدىلا تولۇق تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بېجىنى كۆتۈرۈپگە ئېلىۋالغان رايوندا قالايمىقان باج ئالدى، خالىغىنىچە قاقتى ـ سوقتى قىلدى، خەلقنىڭ بۇنداق ئازابقا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.

خەلق قوزغىلىڭى ۋە مەزھەپلەر ھەرىكىتى دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئىبارەت ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۆرىشى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ھەمىشە دىنىي مەزھەپلەر ھەرىكىتى بولۇپ ئىپادىلەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەقۋادارچىلار، مەھدىي مەزھىپى ۋە سىخ مەزھىپى (مۇرىت دېگەن مەنىدە) مەشھۇردۇر.

15 ـ ئەسىردە، تەقۋادارچىلار شىمالىي ھىندىستاننىڭ كەڭ زېمىنىدا تارقالدى، ئۇنىڭ ئەقىدىسى تەبىقىگە قاتتىق ئايرىيدىغان فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمى بىلەن سىنىپىي ئېزىشكە قارشى تۇرۇش بولۇپ، رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىدى. بۇ مەزھەپنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئارىسىدا گەرچە پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوخشاشلا تۆۋەندىكى تۆت پىرىنسىپنى تەشۋىق قىلاتتى: بىرىنچى، بارلىق ھىندىستانلىقلار، مەيلى ئۇلار ھىندى دىنى ياكى ئىسلام دىنى

مۆرىتى بولسۇن دىن جەھەتتە بىرلىشىشى لازىم. ئىككىنچى، ھىندىستانلىقلار ئىلاھ ئالدىدا بىر دەك باراۋەر. ئۈچىنچى، تائىپە تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش. تۆتىنچى، كىشىلەرگە تەبىقە ياكى تائىپە بويىچە قارىماستىن، بەلكى دۇرۇس ئادەم، ياكى ئەمەسلىكىگە قاراش. بۇلاردا شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقە ئاھالىلىرىنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. تەقۋادارچىلارنىڭ ئاممىۋى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ، 16 ـ ئەسىردە باش كۆتۈرۈپ چىققان مەھدىي مەزھىپى بىلەن سىخ مەزھىپى تەقۋادارچىلار ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانىدى.

مەھدىي مەزھىپى بىنايا شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ مەزھەپكە ئىمام ئەلى بىلەن ئابدۇللا نايازى رەھبەرلىك قىلغان. مۇخلىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمگەكچى خەلق ۋە سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئىدى. قورال‌لانغان مۇخلىسلار بىنايا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا جامائەت خەزىنىسى قۇرغان بولۇپ، خەزىنىگە ھەر بىر ئادەم كىرىمىنىڭ ئوندىن بىرىنى تاپشۇراتتى. ئۇلار، مەھدىي ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ھامان ئادالەت بىلەن تەرتىپ ئورنىتىلىدۇ، دەپ قارايتتى. 16 ـ ئەسىردە پەنجاپ قاتارلىق جايلاردا مەھدىي مەزھىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغانىدى، فېئوداللىق ھۆكۈمەت بۇ مەزھەپنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى، بىراق ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى يەنىلا ناھايىتى چوڭ ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر نەچچە رايوندا يۈز بەرگەن يەرلىك خەلق ھەرىكەتلىرىدە ھەممىشە مەھدىي ئېتىقادى بايراق قىلىندى.

سىخ مەزھىپى پەنجاپتا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنى سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ناناك ئىجاد قىلغان. سىخ مەزھىپى بىر خۇداغىلا ئېتىقاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ھىندى دىنىنىڭ مۇرەككەپ مۇراسىملىرى ۋە تائىپە تۈزۈمىگە قارشى تۇراتتى، سىخ مۇرىتلىرى خۇدا ئالدىدا بىر دەك باراۋەر دەپ

قارايتتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇرىتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك جاتىلار بىلەن خارىجانلار، ئالايلۇق، تازىلىق ئىشچىلىرى ۋە تېرىچىلەر ئىدى. بۇ مەزھەپ دىنىي ئۇيۇشما تەشكىللىگەن بولۇپ، باشلىقلىرى «گۇرۇ» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئىچىدە ھىندى دىنى مۇرىتلىرىمۇ، نامرات ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىمۇ بار ئىدى. 17 ـ ئەسىردە سىخ مەزھىپى مۇخلىسلىرى ئەمروزنى مەركەز قىلىپ، ھىمالايا تېغىدا قورغان ـ ئىستىھكاملارنى ياساپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار فېئوداللارغىلا قارشى تۇرۇپ قالماستىن، موغۇل ئىمپېرىيەسى بىلەنمۇ قارشىلاشتى، پەنجاپ فېئوداللىرىنىڭ كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى.

ئەكبەرنىڭ ئىسلاھاتى ئەكبەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1556 — 1605) دە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن موغۇل ئىمپېرىيەسىدە قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

بىرىنچى، ئەكبەر نۇرغۇن چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يەرلىك تەپرىقىچىلىكنى يوقاتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەتتە باش ۋەزىردىن باشقا تۆت ۋەزىرنى ئىشقا قويدى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم باج، مالىيە، ھەربىي ئىشلار، زاۋۇت ۋە ئامبار باشقۇرۇش، دىنىي ئۇيۇشمىلارنى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى. يەرلىكتە پۈتۈن مەملىكەتنى 15 ئۆلكىگە بۆلۈپ، باش ۋالىينى مەمۇرىي باشلىقلىققا ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان مالىيە، ھەربىي، ئەدلىيە ئىشلىرى قاتارلىقلارغا مەسئۇل ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى. بۇ ئۆلكىلەر مەركەزگە بىۋاسىتە قارايتتى. ئۆلكە يەنە ناھىيە ۋە رايونلارغا ئايرىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم مەمۇرىي ئورگانلار تەسىس قىلىندى.

ئىككىنچى، ئەكبەر بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىسلام دىنى بىلەن ھىندى دىنى، ياقا يۇرتلۇق ھۆكۈمرانلار بىلەن

ھىندىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشىدى. ئۇ تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق ھىندىستانلىق فېئوداللارغا مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزدى، ئۇلارنى يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئولتۇرغۇزدى. ئەكبەر تەختكە يېڭى ئولتۇرغاندا، سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئافغانىستاندىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەڭ چوڭ ھەربىي قوماندانلار (زاكىدار) ئىچىدە 39% ىلا ياقا يۇرتلۇقلار ئىدى، قالغانلىرىنىڭ 40% ى ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار، 20% ى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىدى. يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەيىنلەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئەكبەر يەنە ھەر قايسى دىنلارغا قارىتا كەڭ قوللۇق سىياسەتنى يولغا قويدى. 1564 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلاردىن جان بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. 1593 ـ يىلى يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلدۇرۇلغان ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ يەنە ھەر قايسى دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «مۇقەددەس دىن» بەرپا قىلىپ، ئۆزى ئىمام بولدى، شۇ ئارقىلىق ھەر قايسى دىنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زىددىيەتلەرنى تۈگەتمەكچى بولدى. بۇ ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئىسلام دىنى بىلەن ھىندى دىنى، ياقا يۇرتلۇقلار بىلەن يەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، ئىمپېرىيەنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مەدەنىيەتنىڭ سىڭىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەزى ئىجابىي روللارنى ئوينىدى.

ئۈچىنچى، ئەكبەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەم بىرلىكى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ

يەرلەرنى ئۆلچەپ چىقىش، ھوسۇلىغا ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىپ، ئۇنى ئىجارە ھەققى ئېلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش، دارامەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىجارە ھەققى قىلىپ بەلگىلەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باج يىغىش جەريانىدىكى ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، باجنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، باجنى مالىيە ئەمەلدارى مەسئۇل بولۇپ يىغىشقا ئۆزگەرتتى، گەرچە بۇ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشتا ئاساسلىقى ئىمپېرىيەنىڭ مالىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق بولدى.

تۆتىنچى، ئەكبەر يەنە ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى بەزى ناچار ئادەتلەر، ئالايلۇق، تۇل ئاياللارنى ھەم دەپنە قىلىش (كونا ئادەت بويىچە ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئېرى كۆيدۈرۈلگەن ئوتقا تاشلىنىپ، تىرىك كۆيدۈرۈلەتتى)، بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنى ئۆيلەش (ياتلىق قىلىش)، ئىلاھىي كېسىم قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئاياللارنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارمۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەكبەرنىڭ ئىسلاھاتى سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت، دىنىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت قاتارلىق چىگىش، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەقەت ۋاقىتلىق، قىسمەن دائىرىدىلا پەسەيتەلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ زىددىيەتلەر يەنە كەسكىنلىشىپ كەتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، موغۇل ئىمپېرىيەسى مانا مۇشۇنداق تۈگەتكىلى بولمايدىغان قاتمۇقات زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

**غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى** غەربىي ياۋروپالىق



www.uyghurkitap.com

سودىگەرلەر ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۇزۇندىن بۇيان ھىندىستاننىڭ بايلىقى، بولۇپمۇ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرىغا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈرگەندى. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچى قاراقچىلىرى شەرقتىكى بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەتكە ئارقا - ئارقىدىن بېسىپ كىرىپ، مۇستەملىكە قىلغان زېمىنلىرىنى تالان - تاراج قىلدى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە 1600 - يىلى شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. بۇ چاغدا موغۇل ئىمپېرىيەسى چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. 17 - ئەسىردىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەردى، ھۆكۈمرانلار قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى ھەدەپ قىرغىن قىلدى. كېلەڭسىز بيۇروكرات ئاپپاراتلار ۋە زور ھەربىي چىقىم دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىشقا يۈزلەندۈردى. چوڭ فېئوداللار ئوتتۇرىسىدا پات - پات تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى يۈز بېرىپ تۇردى. 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ماراتلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇپ كۈچىيىشى موغۇل ئىمپېرىيەسىگە قاتتىق زەربە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردىكى باش ۋالىيلار بەس - بەستە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، ئىمپېرىيە كۈندىن - كۈنگە پارچىلاندى، بۇ قوشنا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. 18 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىران ۋە ئافغانىستان فېئوداللىرى ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ھىندىستاننى ئىستېلا قىلىشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «چوڭ موغۇلنىڭ چەكسىز ھوقۇقىنى ئۇنىڭ باش

www.uyghurkitap.com

ۋالىيلىرى گۇمران قىلدى، باش ۋالىيلارنىڭ ھوقۇقىنى ماراتلار گۇمران قىلدى، ماراتلارنىڭ ھوقۇقىنى ئافغانلار گۇمران قىلدى؛ ھەممەيلەن مانا مۇشۇنداق قالايمىقان ئۇرۇش قىلىۋاتقان پەيتتە، بىرىتانىيەلىكلەر باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردى.»①

## 4. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندىستان مەدەنىيىتى

گۇپتا خاندانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى گۇپتا خاندانلىقى دەۋرىدە، ھىندىستان مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەندە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇزۇندىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەر، تەمسىللەر ۋە چۆچەك ـ رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ چاغدا كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «خەمسە» بىلەن «ھېكمەتلىك سۆزلەر» ناملىق كىتاب ئەڭ مەشھۇر. بۇ ئەسەرلەردە ھەمىشە پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزرا ۋە برەھمەن كاھىنلىرى قاتارلىقلارنىڭ ساختىپەزلىكى، ھاماقەتلىكى ۋە رەزىللىكى مەسخىرە ۋە پاش قىلىنىپ، ئاددىي خەلق باتۇر، زېرەك ۋە پەزىلەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئەينى چاغدىكى ھىندىلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرى ۋە دىراماتورگى كالىداسا ۋىكرا مادىتيا (چاندراگۇپتا Ⅱ — تەرجىماندىن) نىڭ ئوردىسىدىكى توققۇز گۆھەرنىڭ بىرى، دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن يەتتە قىسمى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ دىراممىسى ۋە نەزمىنامىسى بار. دىراما ئەسىرى «ساگۇندارو» قالتىس ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ تۇشاندا بىلەن مەلىكە ساگۇندارو ئوتتۇرىسىدىكى ھىجران ئازابى ۋە ۋىسال شادلىقىدىن ئىبارەت مۇھەببەت ھېكايىسى

① ماركس: «بىرىتانىيەلىكلەرنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 69 ـ بەت.

ئاساسىي تېما سۆيۈشتە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە لىرىك داستان «بۇلۇت ئەلچى» ئەڭ مەشھۇر. شائىر بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنغان ئىلاھ يەكشەنىڭ ئۇزاق ئايرىلىپ كەتكەن خوتۇنى ۋە يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، جانلىق يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن ئاۋات شەھەرلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھىندىستان ئەدەبىياتىدا يەنە پادىشاھلارنىڭ پائالىيەتلىرى تېما قىلىنغان «راجەپۇترە سىلدىتىيانىڭ ئەسلىمە كەسپى»، «ۋىكرا مادىتىيانىڭ ئەسلىمە كەسپى» قاتارلىق بەزى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتى گەرچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەھنە ئەسىرى «لاي غالتەك» ھەممىدىن گەۋدىلىكتۇر. ئۇنىڭدا چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ يۈقىرى پەللىسى ئەسەرنىڭ خاتىمىسى قىلىنغان. بىراق، ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇنداق پارلاق ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاز سانلىق ئېكسپلاتاتورلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، نۇرغۇن ئالىملار ۋە شائىرلار پادىشاھلارنىڭ ئوردىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھويلا - ئارامىلىرىدا ئولتۇراتتى، ئەسەرلىرىنى يەنە ئاۋامنىڭ چۈشىنىشى قىيىن بولغان سانسكرىت يېزىقىدا يازاتتى.

گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە، ھىندىستاننىڭ بىناكارلىقى ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. پايتەخت پاتالىپۇترادا نۇرغۇن كاتتا ئىبادەتخانىلار ۋە قەسىرلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىدى. فاشيەن ئۇ يەردە ساياھەت قىلغاندا: «شەھەردىكى پادىشاھنىڭ ئوردا - قەسىرلىرىنى جىن - ئالۋاستى ۋە ئىلاھلار ياسىغاندەك قىلاتتى، تاملىرى، راۋاق - پەشتاقلىرى تامامەن تاش بىلەن

قوپۇرۇلغان، رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى، بۇ ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس» دەپ قاراپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئاجانتا تاش كېمىرى ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئابات ئىشتاتىنىڭ قاقاسلىق ۋىندخىيە تاغ تىزمىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي 29 ئۆڭكۈر بار. تاش كېمىرنىڭ دەسلەپتىكىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرى، كۆپ قىسمى 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە قېزىلغان. تاش كېمىر قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، تاش كېمىردىكى راھىبلارنىڭ ئىبادەت سورۇنى ۋە يېتىپ ـ قوپىدىغان ھۇجرىلىرىنى قاپلىغان تام رەسىملىرى گارمونىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئوبرازلار جانلىق ئىپادىلەنگەن، رەڭگى يارقىن بولۇپ، ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققاندەك تۇراتتى. ئاجانتا تاش كېمىرى سەنئىتى ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى سەنئىتىدىكى بىر يارقىن گۈلدەستە، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ بىر خەزىنىسىدۇر.

گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ھىندىستاندا ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان. ھازىر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتقان ئەرەب رەقەملىرىنى ئەمەلىيەتتە، ھىندىستان خەلقى كەشىپ قىلغان. قەدىمكى زاماندا ھىندىلار بۇنداق رەقەملەرنى ھېسابلاشتا ئىشلەتكەن، ئۇ چاغدا تېخى خانە ئايرىش قائىدىسى يوق ئىدى، يوقلۇقنى ئىپادىلەيدىغان «0» بەلگىسىمۇ يوق ئىدى. «0» بەلگىسىنى ئىشلىتىش تەخمىنەن گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە باشلانغان، بىراق، ئەينى چاغدا ئۇ دۈگىلەك يېزىلماستىن، چېكىت بىلەن ئىپادىلەنگەن، بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن چېكىتتىن دۈگىلەككە ئۆزگىرىش تاماملانغان. بۇ ئون رەقەم ھىندىستاندىن ئەرەبىستانغا تارقالغان، ئەرەبلەر بۇ رەقەملەرگە ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن يەنە ياۋروپاغا تارقاتقان. ياۋروپالىقلار بۇ رەقەملەرنى ئەرەبلەر كەشىپ قىلغان دەپ، ئۇلارنى ئەرەب رەقىمى دەپ ئاتىغان. قەدىمكى دەۋردىكى

ھىندىستان ئاسترونومىيەسى گۇپتا ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى. ئاللو باتا (مىلادىيە 476 - يىلى تۇغۇلغان) ھىندىستاندا تۇنجى قېتىم يەرنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاسترونوم. ئۇ بۇ يۇملاق زېمىن ئۆز ئوقىنى بويلاپ ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى يەر شارىنىڭ سايىسى ئاينى توسۇۋالغانلىقتىن بولغان، دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلغان. بىراق، دەۋرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ توغرا تەلىماتلىرىنىڭ ئىلمىي دەلىلىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان.

راجەپۇترەسىلادىتىيا ئىمپېرىيەسى دەۋرى ھىندىستان ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك سانسكرىت ئەدەبىياتىدىن ئوتتۇرا ئەسىر خەلق دىيالېكتىكىسى ئەدەبىياتىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلىنىدۇ. پادىشاھ راجەپۇترە سىلادىتىيا كامالەتكە يەتكەن شائىر ۋە يازغۇچى ئىدى. ئۇ «ئاجۇنانىڭ خۇشاللىقى»، «مەرۋايىت چۇچا»، «سەددەرمە ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئۈچ سەھنە ئەسىرىنى يازغانىدى، ئۇ ئوردىغا باينا قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنى يىغىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**دېھلى سۇلتانلىقى ۋە موغۇل ئىمپېرىيەسى مەدەنىيىتى** دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنى ھىندىستانغا كەڭ تارقالدى، ھەر قايسى شەھەر - پورتلاردا سودا تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەتمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى، يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە چەتتىن كەلگەنلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولغاندىن كېيىن مەسچىت، مەقبەرىلەر سېلىندى، يېڭىدىن سېلىنغان ئىمارەتلەر گۈمبەزلىك، ئەگمە ئىشىكلىك، ئۈچلۈق مۇنارلىق، سارايلىرى ئازادە بولۇش گۈل - گىياھلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ۋە نەقىشلەپ بېزەشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ھىندىستاندىكى دەسلەپكى ئىسلام دىنى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ

ۋەكىلى قۇتبە مۇنارى ھازىرغىچە دېھلى ئەتراپىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە دىيالېكت ئەدەبىياتى گۈللەندى، سانسكرىت يېزىقى بارا - بارا ئىشلىتىلىشتىن قالدى. ھىندى تىلى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان پارس تىلى ئارىلىشىپ ئوردۇ تىلىغا ئايلاندى، ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يازغۇچى، ئوردا شائىرى ئەمىر خۇسراۋ (1253 – 1325) نۇرغۇن نەزم ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. شائىر نائىبسۇار مارات تىلى ئەدەبىياتىغا ئاساس سالدى. بېنگال فىلولوگى زېيىپېنىيا زۇلمەت ئىلاھى بىلەن ئىلارامانى مەدھىيىلەيدىغان مۇناجات يازدى. تېلۇگۇ ئەدەبىياتىدا «مەھاباراتا» داستانىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى بار بولۇپ، بۇ سانسكرىت يېزىقىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىشىغا پايدىلىق بولدى.

دېھلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە، پارسچە يېزىلغان نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى: مىنھاجىددىنىنىڭ «ناسىرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، شەمسىئولئىشراق ئەفىفنىڭ «پادىشاھ فىروز ھەققىدە خاتىرىلەر» ۋە يەھيابىن ئەھمەدنىڭ «پادىشاھ مۇبارەك ھەققىدە خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

موغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە دىيالېكت ئەدەبىياتى داۋاملىق گۈللەپ ياشنىدى. تۇسىر داس ھىندى تىلىدا ئۆزى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان «رامايانا» داستانىنى خەلق زوق بىلەن ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ تارقاتتى. سۇل داس غەربىي ھىندىستان تىلىدا «سۇل نەزمىلىرى دىۋانى» نى يازدى. نۇرغۇن لىرىك شائىرلار ئوردىنىڭ پارس تىلىنى قوللانماي، خەلق تىلى ئارقىلىق تەقۋادارچىلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش ئىدىيەسىنى تارقاتتى.

رەسساملىق ۋە بىناكارلىق سەنئىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارس

سەنئىتى بىلەن ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنئەنىسى ئۆزئارا بىرلىشىشتەك ئالاھىدىلىك شەكىللەندى. ھىندىستانچە رەسساملىق سەنئىتىدە پارسچە رەسساملىق ماھارىتى قوبۇل قىلىنىپ، ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك تۇرمۇش ئەھۋالاتى رەڭدار، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەسۋىرلەندى. مەقبەرىلەر ئىچىدە تاج ماھال مەقبەرىسى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاق مەرمەردىن ياسالغان، ئۇ مۇنار، قوشغۇراق مۇنارى، ساراي، باغ، كۆل قاتارلىق قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان، ئىچى - سىرتى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئومۇمىي لايىھەسى ئىنتايىن ماسلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭغا ھىندى، پارس ۋە تۈرك بىناكارلىق ئۇستىلىرى ۋە كاسىپلىرىنىڭ ماھارىتى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەم ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۈيۈك ئىجادىيەت كۈچىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، ھەم فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ راھەت - پاراغەتكە بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىخقا ئائىت ئەسەرلەردىن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تۈرك تىلىدا يېزىلغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى ئابدۇللا رەشىدخان پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە باداۋنىنىڭ «تارىختىن تاللانمىلار»، باچامۇددىنىنىڭ «ئەكبەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق پارسچە يېزىلغان ئەسەرلىرى بار، ئالدىنقى ئاپتور قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولغان، كېيىنكى ئاپتور مەدھىيەلەش پوزىتسىيەسىدە بولغان، ھەر ئىككى ئەسەردە ئەكبەر زامانىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

# 2 - بۆلۈم شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى دۆلەتلەر

## 1. كامبودژا

ۋۇنام پادىشاھلىقى دەۋرى كېخمېرلار كامبودژادىكى ئاساسلىق

مىللەت، جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇلار جىماۋ (猫志) دەپ ئاتالغان، بۇ كېخمېر نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. كېخمېرلار جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسىغا تەۋە قەدىمكى مىللەت، ئۇلار ئالاھازەل مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ۋۇنام پادىشاھلىقىنى قۇرغان. ئۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە خۇنە جەمەتى سۇلالىسى (مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)، ۋان جەمەتى سۇلالىسى (مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)، ۋارمان سۇلالىسى (مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە) دىن ئىبارەت ئۈچ سۇلالە ئۆتكەن. ۋۇنام پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرى بولۇپ، سۈيۈرغاللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان. مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە ۋان جەمەتى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ۋۇنام پادىشاھلىقى روناق تاپتى، ئۇ قوشنا دۆلەت زېمىنلىرىنى قوراللىق ئىستېلا قىلىپ، ئۆز تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى. «جىننامە» دە: «ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، دائىرىسى 10 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، شەھەرلەر، ئوردا ـ سارايلار بار» دېيىلگەن، ئۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونى بويىچە كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ھازىرقى پۇتكۇل كامبودژانى، ۋېيتنامنىڭ جەنۇبى، تايلاندنىڭ جەنۇبىدىن مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ۋۇنام پادىشاھلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ھەر قايسى پادىشاھلار دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، شالدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قاچا ـ قۇچىلارنى ياسىيالايتتى، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ سەۋىيەسى

ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. تاشقى سودا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ۋۇنام كېمىچىلىرىنىڭ كېمىلىرىگە يۈز ئادەم سىغاتتى، كېمە ھەمىشە ھىندىستان بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ - كېلەتتى. ۋۇنام پادىشاھلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سۇن چۈەن جۇيىڭ، كاڭ تەي قاتارلىق كىشىلەرنى ۋۇنامغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، جۇڭگو بىلەن ۋۇنام ۋە باشقا ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەن. ۋۇنام ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، جەنۇبىي ھىندىستان يېزىقى بىلەن يېڭى ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى (يەنى سېگا مىلادىيەسى، خىرىستىيان مىلادىيەسىدىن 78 يىل كېيىن)نى قوبۇل قىلغان. بىرەھمەن دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان؛ بۇددا دىنىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان، ۋۇناملىقلار «خەير - ساخاۋەت قىلىش» تەشەببۇس قىلىنىدىغان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

**جېنلا پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى** مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ۋۇنام پادىشاھلىقىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش توقۇنۇشى كۈچەيگەنلىكتىن، دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ۋۇنام پادىشاھلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى تېزلەتتى. 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋۇنامغا بېقىنغان تاغلىق دۆلەت جېنلا روناق تاپتى، ئۇ ۋۇنام ئاجىزلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىلادىيە 540 - يىلى ۋۇنامنى قوشۇۋېلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر، جېنلا دۆلىتى» دە: «قارادىۋان - ئىشىكئاغا لياڭ دا (مىلادىيە 535 — 546) ۋۇنام ھەمدە باشقا دۆلەتلەر بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (مىلادىيە 627 — 649)گە كەلگەندە، ۋۇنام مۇنقەرز بولدى.

ۋۇنامدىن جېنلاغىچە بولغان مەزگىلدە كېخمېرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىر يېڭى پەللىگە يەتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جېنلا دۆلىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. «سۇينامە. جېنلا ھەققىدە قىسسە» دە: پايتەخت «ئىشېرنادا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە بار»، «چوڭ شەھەرلەردىن جەمئىي 30 ى بار. ئۇلاردا مىڭلاپ ئائىلە بار، ھەربىر شەھەرنىڭ ۋالىيسى بار» دېيىلگەن. پادىشاھنىڭ بەش ۋەزىرى ۋە ياردەمچى ۋەزىرى بار ئىدى. مىڭدىن ئارتۇق ياساۋۇلى بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغانىدى. جېنلا دۆلىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ ھەربىي كۈچىمۇ ناھايىتى كۈچەيدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىمۇ قۇرۇلدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۆلەت ئىچىدە سىياسىي داۋالغۇش يۈز بېرىپ، ئاخىر جېنلا دۆلىتى پارچىلىنىپ كەتتى. «يېڭى تاڭنامە. جېنلا ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شېنلۇڭ يىلى (705 ـــ 707)دىن كېيىن جېنلا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن: شىمالىنىڭ يېرىمى تاغلىق رايون بولۇپ، قۇرۇقلۇق جېنلا دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ يەنە بىر نامى باندان بولۇپ، زېمىنى 700 چاقىرىم كېلەتتى. جەنۇبىي يېرىمى دېڭىزغا چېگرالىنىدىغان بولۇپ، سازلىقلار كۆپ بولغاچقا سۇلۇق جېنلا دەپ ئاتالغان. زېمىنى 800 چاقىرىم كېلەتتى. سۇلۇق جېنلا تەخمىنەن مىلادىيە 774 ـــ 787 ـ يىللىرى ياۋا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تەخمىنەن مىلادىيە 787 ـــ 802 ـ يىللىرى ياۋالىقلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى.

**ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ شانلىق دەۋرى** مىلادىيە 802 ـ يىلى ياۋا دېڭىز قاراقچىلىرى تۇتۇپ كەتكەن جېنلا شاھزادىسى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇلۇق جېنلانىڭ كونا ئەمەلدارلىرى ئۇنى ھىمايە قىلىپ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، جاياۋارمان Ⅱ (802 ـــ 869) دەپ ئاتىدى، ئۇ ئاخىر ياۋا



www.uyghurkitap.com

تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ كاۋلۇن تاغلىق رايونىدىكى خاخېندرا پارۋاتا شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتىپ، مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئاللاھازەل يەنە نەچچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قۇرۇلۇق جېنلا بىلەن سۇلۇق جېنلانى بىرلىككە كەلتۈردى. جاياۋارمان Ⅱ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھلار پايتەختنى كامبودژانىڭ سىيېمرېئاپ ئۆلكىسىنىڭ ئاڭكور رايونىدا قۇرغانلىقى ئۈچۈن، جاياۋارمان Ⅱ قۇرغان بۇ سۇلالە «ئاڭكور سۇلالىسى» دەپ ئاتالدى.

ئاڭكور سۇلالىسى (802 ـــ 1432) 600 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە): بۇ دەۋردە خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى دەرىجىگە ئايرىلىپ، خان جەمەتى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلدى، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش كۈچەيتىلدى. ئاڭكور رايونىدا سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، شالدىن يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە تاش ـ خىش قۇرۇلمىلىق بىناكارلىق ئۇسۇلى قوللىنىپ باكۇڭ بۇتخانىسى، پوسلو ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار سېلىندى. ئۇلار كېيىنكى كىلاسسىك بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ باشلىنىشىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ دەۋردە ئاڭكورنىڭ تېررىتورىيەسى ۋۇنام گۈللەنگەن دەۋردىكىگە ئوخشاش كېڭەيدى.

ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى (11 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە): بۇ دەۋردە ئاساسلىق بەش ئەۋلاد پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئاڭكور سۇلالىسى كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپتى. ئاڭكور شەھىرىنىڭ غەربىدە بالاي كۆلى قېزىلدى. بۇ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.2 كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئۇ سۇغىرىش سىستېمىسىنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

دەۋردىكى مەشھۇر پادىشاھى سورىياۋارمان II (1113 — 1150) 1128 ـ يىلى ۋېيتنام لى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋردىكى «بۈيۈك ۋېيتنام» غا لەشكەر تارتتى، كامپاپۇرا بەگلىكىنى بەش يىل (1145 — 1149) ئىشغال قىلدى، ئۇ تەسىرىنى غەرب بىلەن شەرققە كېڭەيتىپ، زېمىنىنى «يەتتە مىڭ چاقىرىم» غا يەتكۈزدى. ئۇ يەنە دۇنياغا مەشھۇر ئاڭكور ئۈڭكۈرى (ئىبادەتخانىسى) نى ياساشقا رىياسەتچىلىك قىلدى، بۇ «دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دىنىي ئىمارەت»، شۇنداقلا ئۇنىڭ قەبرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاڭكور ئۈڭكۈرى ئۇلىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4000 كىۋادرات مېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاز دېگەندە ئون نەچچە مۇھىم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئىمارەت ۋە باشقا يادىكارلىقلار بار. ئۇ 1112 ـ يىلى سېلىنىشقا باشلاپ، 1201 ـ يىلىغا كەلگەندە تولۇق پۈتكەن. مەركىزىي سارايىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 40 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا سەجدە قىلىپ ئولتۇرغان ئىلاھ ۋىشنۇنىڭ ئالتۇن ھەيكىلى بار. ھۆكۈمرانلار شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ، غايەت زور بۇتخانا قۇرۇلۇشلىرىغا مەستانە بولۇپ، دۆلەتنىڭ كۈچىنى خورىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كامپابۇرانىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، تەخمىنەن 1175 — 1181 ـ يىللىرى كامپابۇرا جېنلا دۆلىتىنى بەش يىل ئىشغال قىلدى.

ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى (12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە): «غالىبلارنىڭ سىمۋولى» دەپ تەرىپلەنگەن جاياۋارمان VII ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1181 — 1219)دە، ئاڭكور سۇلالىسى كامپابۇرا بەگلىكىگە 23 يىل (1203 — 1226) ھۆكۈمرانلىق قىلدى، زېمىنىنى كېڭەيتىپ، بىر مىسلىسىز قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقتى، تېررىتورىيەسى جېنلادىن باشقا، يەنە ھازىرقى تايلاند، لائوس ۋە بېرمىنىڭ بىر قىسمى، شۇنىڭدەك مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئىچكى ئىشلار جەھەتتە،

ئۇ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى، بۇ چاغدا پايتەختنىڭ يېقىن ئەتراپىغا شەرقىي كۆل، غەربىي كۆل ۋە شىمالىي كۆلدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سۇنئىي كۆل قازدۇردى، بۇ سۇنئىي كۆللەر دەريالار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، بىر مۇكەممەل سۇغىرىش تورىنى شەكىللەندۇردى. شالدىن يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدىغان بولدى. سودا ـ سانائەتمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، خەلق بېيىدى، دۆلەت كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن جاياۋارمان Ⅶ بىر پولاتتەك مۇستەھكەم پايتەخت قۇرماقچى بولدى، مانا بۇ ئاڭكورتوم («چوڭ پايتەخت» دېگەن مەنىدە) شەھىرىدۇر. ئاڭكورتوم شەھىرى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاملىرى قىزىل تاش بىلەن قوپۇرۇلغان؛ جەمئىي بەش قوۋۇقى بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سىرتىدا شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ خەندەك كولانغان؛ شەھەر ئىچىدە ئوردا، كەڭ كەتكەن يوللار ۋە نۇرغۇن مۇنار، بۇتخانا قاتارلىق ئىمارەتلەر بار. شەھەر مەركىزىدىكى بايوڭ ئىبادەتخانىسى ئاڭكور ئىبادەتخانىسىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭدىكى سەجدە قىلىۋاتقان شەپقەتكار بۇددساتۋانىڭ ھەيكىلى، جاياۋارمان Ⅶ نىڭ بۇددا دىنىنىڭ مۇرىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شانلىق «ئاڭكور مەدەنىيىتى» كامبودژا سىيېمرېئاپ ئۆلكىسىدىكى تەخمىنەن 45 كىۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتە يۈز نەچچىدىن كۆپ ھەر خىل ئىمارەتلەر سېلىنغان. ئاڭكور مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئىمارەتلەردىن ئاڭكورتوم شەھىرى، ئاڭكور ئۆڭكۈرى (ئىبادەتخانىسى) ۋە ئايال پادىشاھ بانداسىرى ئوردىسى قاتارلىقلار بار.

جاياۋارمان Ⅶ ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر پادىشاھى، ئۇ ئاڭكور سۇلالىسىنى گۈللەنگەن ـ قۇدرەت تاپقان دەۋرگە

ئېلىپ كىردى. بىراق، ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، ئىسراپخورلۇقى، ئۇدا بىر نەچچە يىل چەت ئەللەرگە لەشكەر تارتىشى ۋە پايتەخت، ئوردا، ئىبادەتخانىلارنى كەڭ كۆلەمدە ياسىتىشى تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ كۈچى خوراپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، خەلق نامراتلىشىپ، دۆلەت مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، شۇڭا، ئۇ 1219 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاڭكور سۇلالىسى تېزلا زاۋال تاپتى. 1238 ـ يىلى ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال بوسۇغىسى ھېسابلىنىدىغان سۇكۇتاي شەھىرىدە تايلار سۇكۇتاي خاندانلىقى (1238 — 1438) نى قۇردى؛ 1350 ـ يىلى تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولغان يەنە بىر تايلار دۆلىتى — ئايوتىيا سۇلالىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 1351 ـ يىلىدىن 1432 ـ يىلىغىچە ئاڭكور سۇلالىسىگە ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى، 1351 ـ يىلىدىن 1357 ـ يىلىغىچە ئاڭكور شەھىرىنى ئالتە يىل بېسىۋالدى؛ 1393 ـ يىلى ۋە 1431 ـ يىلى ئاڭكور شەھىرىنى ئىككى قېتىم ئىشغال قىلىپ، ئاڭكور پادىشاھى پونخېئاياتنى 1432 ـ يىلى ئاڭكور شەھىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى، 1434 ـ يىلى پايتەختنى جامۇدو («تۆت ئېغىز» دېگەن مەنىدە) غا، يەنى ھازىرقى پىنوم پېنغا كۆچۈردى. 9 ـ ئەسىردىن بويان بارلىققا كېلىپ گۈللەنگەن ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن يوقىلىشى ئاڭكور شەھىرىنىڭ تاشلىنىۋېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن جىنلا دۆلىتى كامبودژا دەپ ئاتالدى.

## 2. ۋيېتنام

**10 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋيېتنام** ۋيېتنام كۆپ مىللەتلىك

دۆلەت، ئۇنىڭدا جەمئىي 50 نەچچە مىللەت ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۆلەر ئاساسلىق مىللەت ھېسابلىنىدۇ. تەخمىنەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا خۇڭخې دەرياسىنىڭ دېلتا رايونىغا تارقالغان لويۆلەر يۆلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ فېئودال سۇلالىلىرى ھازىرقى ۋېيتنامنىڭ شىمالىي قىسمىدا ۋىلايەت ـ ناھىيە تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇ دەۋر تارىختا ۋېيتنامنىڭ «ۋىلايەت ـ ناھىيە دەۋرى» دەپ ئاتالدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 214 ـ يىلى چىن سۇلالىسى ۋېيتنامنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نەنخەي، گۇيلىن، شياڭجۈن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى، شياڭجۈن ۋېيتنامنىڭ شىمالىدا ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 207 ـ يىلى چىن سۇلالىسى نەنخەي ۋىلايىتىنىڭ نائىب بېگى جاۋتو تەپرىقچى ھاكىمىيەت «نەنيۆ دۆلىتى» نى قۇرۇپ، ۋېيتنامنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلەپ، كوچىن، كيوجېندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت تەسىس قىلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 111 ـ يىلى خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى نەنيۆ دۆلىتىنى تىنچلاندۇرۇپ، توققۇز ۋىلايەت تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كوچىن، كيوجېن، نىچناندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋېيتنامنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىدا ئىدى. چىن ۋە خەن سۇلالىرى ۋېيتنامغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ۋېيتنام ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن بىۋاسىتە فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتتى.

چىن ۋە خەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن ئۈچ پادىشاھلىق (220 ــ 265)، ئىككى جىن سۇلالىسى (266 ــ 420)، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر (420 ــ 589)، سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى (581 ــ 618 ۋە 618 ــ 907) دەۋرلىرىدىن بەش دەۋر، ئون دۆلەت دەۋرى (907 ــ 960) گىچە ۋېيتنام جۇڭگو فېئوداللىق سۇلالىلىرىنىڭ بىر ۋىلايىتى ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ

پادىشاھى شىيەندى زامانىدا، ۋېيتنامنىڭ نامى جياۋجۇغا ئۆزگەرتىلدى؛ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ دياۋلۇ تۇنجى يىلى (679 - يىلى) جياۋجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ نامى ئەننەن تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ۋېيتنامنىڭ ئەننەن دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن باشلاندى. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق سۇلالىلىرى ۋېيتنامغا 1100 يىلدىن ئارتۇق بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش يەرلىك خەلقنىڭ فېئوداللىق زۇلۇم، ئېكسپلاتاتسىيەگە قارشى تۇرۇش قوزغىلىڭى ۋە كۈرىشى يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ ۋېيتنامنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇردى، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈردى، جەمئىيىتىنى ئىلگىرىلەشتۈردى.

بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق دەۋرىدە، ئەينى چاغدىكى بۆلۈنۈش، تەپرىقىچىلىك، ئارقا - ئارقىدىن يەرلىك تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئەننەندىكى يەرلىك كۈچلەر يەرلىك تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، بارا - بارا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. مىلادىيە 939 - يىلى ئەننەندىكى زومىگەر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋۇ چۈەن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىدى، بۇ ۋېيتنام تارىخىدا «ئالدىنقى ۋۇ پادىشاھى» (939 — 944) دەپ ئاتالدى. ۋۇ چۈەن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرالماي، نامىنى تۇنجى پادىشاھقا ئۆزگەرتتى. شۇڭا بۇ ۋېيتنامنىڭ جۇڭگو فېئوداللىق سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ۋېيتنام مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان دۆلەت قۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى دەۋر دىڭ بۇلىڭ مىلادىيە 968 - يىلى قۇرغان «داجۈيۈ دۆلىتى» ۋېيتنام جۇڭگو

فېئوداللىق سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ قۇرۇلغان تۇنجى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. 944 ـ يىلى ۋۇ چۈەن كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھلار نەچچە قېتىم ئالماشتى، 963 ـ يىلى ۋۇ چاڭۋېن (كېيىنكى ۋۇ پادىشاھى) ئۆلگەندىن كېيىن، ئەننەندە مۇشتۇمزورلار (يەرلىك زومىگەرلەر) بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشتى، «ئون ئىككى ئايماقتا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى»، ھەر بىر يەرلىك زومىگەر مۇستەقىل بەگلىك بولدى، بۇ ۋېيتنام تارىخىدا «ئون ئىككى بەگلىك دەۋرى» دەپ ئاتالدى. ئۇدا بىر نەچچە يىل ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، بەگلەرنىڭ بىرى بولغان چېن لەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەردار دىڭ بۇلىڭ 965 ـ يىلى باشقا بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئەننەننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ «داشېڭ» دەپ ئاتىدى؛ 968 ـ يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىدى، ھۆرمەت نامى «داشېڭمىڭ پادىشاھ»، دۆلەت نامى «داجۇيۆ» دەپ ئاتالدى، خۇلۇي (نىڭپىڭ ئايمىقىدا)نى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. مانا بۇ ۋېيتنام تارىخىدىكى تۇنجى فېئودال سۇلالە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ چاغدا، جۇڭگودا دەل جاۋ كۇاڭيىن سۇڭ سۇلالىسىنى قۇرغانىدى، دىڭ بۇلىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. مىلادىيە 975 ـ يىلى، سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇ دىڭ بۇلىڭغا كوچىن ئىنانچىخانى دېگەن نامنى بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ۋېيتنام جۇڭگو فېئوداللىق سۇلالىلىرىنىڭ ۋاسسال ئېلىگە ئايلاندى، جوڭگو ـ ۋېيتنام مۇناسىۋىتى تارىخىمۇ مۇشۇنىڭدىن باشلاندى.

دىڭ بۇلىڭ قۇرغان داجۇيۆ دۆلىتىنىڭ ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈزدى، پەقەت 12 يىل ھوكۈمرانلىق يۈرگۈزدى (968 — 980) مەۋجۇت بولۇپ، مۇنقەرز بولدى، لى خۇەن لى (黎) سۇلالىسىنى قۇردى، بۇ ۋېيتنام تارىخىدا ئالدىنقى لى سۇلالىسى (980 — 1009) دەپ ئاتالدى. لى خۇەن

www.uyghurkitap.com

ئەيجۇ ئايمىقىلىق بولۇپ، دىڭ بۇلىڭنىڭ ھۆرمە
ئېرىشىپ ئەلەمدار بولغان، بارا ـ بارا «ئ
سانغۇنى»لىققا ئۆستۈرۈلگەن، كېيىن تەخ
«سېرىق تون كىيىپ» پادىشاھ بولغان، خۇالۇينى پايە
بېكىتكەن. سۇڭ سۇلالىسى جۇنخۇانىڭ 4 ـ يىلى (993 ـ ي
2 ـ ئايدا لى خۇەنگە كوچىن ئىنانچخان دېگەن نام بېرىلگەن.

سۇڭ سۇلالىسى جىڭدېنىڭ 2 ـ يىلى 3 ـ ئايدا (1005 ـ يىلى) لى خۇەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى تەخت تالاشتى، كېيىن ۋەزىرلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن سول قانات خاس مۇھاپىزەتچىلەر ساراي ساقچىلىرىنىڭ باش بۇيۇرغىسى لى گۇڭۇېن تەختنى تارتىۋېلىپ پادىشاھ بولۇپ، لى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، لى (李) خانىدانلىقىنى قۇردى. دىڭ بۇلىڭ داجۇيۆ دۆلىتىنى قۇرغاندىن تارتىپ، لى خۇەن لى سۇلالىسى قۇرغۇچە بولغان مەزگىل ۋېيتنامدا قۇرۇلغان مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولغان ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمىدى، ئۇلار پاراكەندىچىلىك ئىچىدە جەمئىي 41 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. لى ۋە چېن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ۋېيتنامنىڭ فېئودالىلىق ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىش ۋە راۋاجلىنىشقا قاراپ ماڭدى.

**مۇستەقىل فېئودالىق دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋرى** لى سۇلالىسى بىلەن چېن سۇلالىسى ۋېيتنام تارىخىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىككى فېئودال سۇلالە بولۇپ، جەمئىي تۆت ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، بۇ ۋېيتنام فېئودالىلىق دۆلىتى مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋردۇر. ۋېيتنام فېئودالىلىق دۆلىتى تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىگە تەقلىد قىلىپ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان فېئودالىلىق تۈزۈلمىنى ئورناتتى ھەمدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى.



ئەيجۇ ئايمىقلىق بولۇپ، دىڭ بۇلىڭنىڭ ھۆرمەت ـ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ ئەلەمدار بولغان، بارا ـ بارا «ئۇن ۋىلايىتىنىڭ سانغۇنى»لىققا ئۆستۈرۈلگەن، كېيىن تەختنى تارتىۋېلىپ «سېرىق تون كىيىپ» پادىشاھ بولغان، خۇالۇينى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن. سۇڭ سۇلالىسى جۇنخۇانىڭ 4 ـ يىلى (993 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا لى خۇەنگە كوچىن ئىنانچخان دېگەن نام بېرىلگەن.

سۇڭ سۇلالىسى جىڭدېنىڭ 2 ـ يىلى 3 ـ ئايدا (1005 ـ يىلى) لى خۇەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى تەخت تالاشتى، كېيىن ۋەزىرلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن سول قانات خاس مۇھاپىزەتچىلەر سارايى ساقچىلىرىنىڭ باش بۇيۇرغىسى لى گۇڭيۈن تەختنى تارتىۋېلىپ پادىشاھ بولۇپ، لى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، لى (李) خاندانلىقىنى قۇردى. دىڭ بۇلىڭ داجۇيۈ دۆلىتىنى قۇرغاندىن تارتىپ، لى خۇەن لى سۇلالىسى قۇرغۇچە بولغان مەزگىل ۋيېتنامدا قۇرۇلغان مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولغان ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمىدى، ئۇلار پاراكەندىچىلىك ئىچىدە جەمئىي 41 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. لى ۋە چېن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ۋيېتنامنىڭ فېئوداللىق ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىش ۋە راۋاجلىنىشقا قاراپ ماڭدى.

**مۇستەقىل فېئوداللىق دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋرى** لى سۇلالىسى بىلەن چېن سۇلالىسى ۋيېتنام تارىخىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىككى فېئودال سۇلالە بولۇپ، جەمئىي تۆت ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، بۇ ۋيېتنام فېئوداللىق دۆلىتى مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋردۇر. ۋيېتنام فېئوداللىق دۆلىتى تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىگە تەقلىد قىلىپ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان فېئوداللىق تۈزۈلمىنى ئورناتتى ھەمدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى.

ۋيېتنامدا لى سۇلالىسىنى قۇرغۇچى لى گۇڭيۈن بېيجياڭ گۇفا (هازىرقى خېشەنىنىڭ ئۆلكىسى دۇڭئەن ناھىيەسى) لىق بولۇپ، ۋيېتنام تارىخىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى مىنلاردىن ئىكەن، لى لۇڭتىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىل (1005 — 1009) دە ئۇ سول قانات خاس مۇھاپىزەتچىلەر ساراي ساقچىلىرىنىڭ باش بۇيرۇغىسى بولغانىكەن. 1009 - يىلى تەختنى تارتىۋېلىپ لى سۇلالىسى (1009 — 1225) نى قۇرۇپ، يىل نامىنى شۇنتيەن دەپ ئاتىغان. لى سۇلالىسىدە توققۇز ئەۋلاد جەمئىي 216 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. لى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ۋيېتنام ھەم «جۇڭگوچە» فېئوداللىق دۆلەت، ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە فېئوداللىق دۆلەت ئىدى.

لى گۇڭيۈن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، پايتەختنى نىڭپىڭ تاغلىق رايونىدىكى خۇالۇي شەھىرىدىن خۇڭخې دەرياسى دېلتىسىنىڭ مەركىزىدىكى دالو شەھىرىگە يۆتكەپ، شەھەر نامىنى شېڭلۇڭ (هازىرقى خانۇي) غا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى، بۇ شەھەر ۋيېتنام دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. لى سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھى لى رىزۇن (شېڭزۇڭ) 1054 - يىلى دۆلەت نامىنى «داجۇيۆ» دىن «دايۆ» گە ئۆزگەرتتى.

لى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ۋە مەنسەپ تۈزۈمى جۇڭگو فېئودال سۇلالىلىرىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئورنىتىلغانىدى. مەركىزىي ئورۇندا خان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، پادىشاھ دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەلەمدار - ئەلەمدارلار توققۇز دەرىجىگە ئايرىلغانىدى. لى سۇلالىسى دىڭ سۇلالىسى بېكىتكەن ئون ۋىلايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى 14 رايونغا بۆلدى. ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قانۇنچىلىقنى كۈچەيتتى، 1042 - يىلى ئۈچ جىلدلىق

«جىنايى ئىشلار قانۇنى» نى ئېلان قىلدى، بۇ ۋىيتنام تارىخىدىكى تۇنجى قانۇن كىتابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لى سۇلالىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەھكىمە ئەسكەرلىرى تۈزۈمى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا قوشۇنى ۋە باسقاق قوشۇنى تۈزۈمىگە ئاساسەن ئەسكىري تۈزۈم ئورنىتىپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

لى سۇلالىسى دەۋرىدە يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى، ئەمما يەرنى سېتىش ـ سېتىۋېلىش، گۆرۈگە قويۇش باشلانغانىدى. لى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا، بوز يەر ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. بىراق، «دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، سودىنى چەكلەش» سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودىنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. لى سۇلالىسى دەۋرىدە جەمئىيەتتە يەنە نۇرغۇن قۇل مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئائىلە قۇللىرى» ئىدى. مەدەنىيەت جەھەتتە، لى سۇلالىسى دەۋرىدە ۋىيتنامدا ئۆز مىللىتى ئورتاق ئىشلىتىدىغان يېزىق يوق ئىدى، خاتىرە قالدۇرۇش، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا خەنزۇچە خەتنى قوللىناتتى. كۇڭزىچىلارغا چوقۇناتتى، كۇڭزىغا ھۆرمەت قىلاتتى. پايتەخت شېڭلۇڭدا كۇڭزى ئىبادەتخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەمىشە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. لى سۇلالىسىدە 1075 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئېلىنىپ ئەمەلدارلار تاللاندى، بىراق ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى قېلىپلاشمىغانىدى. لى سۇلالىسى ۋىيتنامدا بۇددا دىنى كەڭ ئومۇملاشقان دەۋر بولۇپ، «پۇقرالىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى راھىب، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىدى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، لى سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 2 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى ھامىيلىق ـ ۋاسساللىق مۇناسىۋىتى بويىچە دەسلەپتە لى گۇڭۇيۈنغا كوچىن ئىنانچىمخانى دېگەن نامنى بەردى. كېيىن يەنە جەنۇبنى تىنچلاندۇرغۇچى خان دېگەن نامنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن جەنۇبتىكى ئاجىز پادىشاھلىق كامپاپۇرا (كامپاپۇرا شەھىرى) غا ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ (يەنى 1020 ـ، 1044 ـ ۋە 1069 ـ يىللىرى)، كامپاپۇرانى زېمىنىنى بۆلۈپ بېرىشكە، بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئارقىدىنلا لى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باھانە تېپىپ، 1075 ـ يىلى قىشتا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سۇڭ سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، چىنجۇ ئايمىقى (گۇاڭشى نىڭشەن)، يۇڭجۇ ئايمىقى (نەننىڭ)نى ئىشغال قىلىپ، نەچچە يۈز مىڭ ئاھالىنى قىرغىن قىلدى. بۇ ئۇرۇش بىر يېرىم يىل داۋاملاشتى، لى سۇلالىسى ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنى 1077 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىمالغا قايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

لى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھۆكۈمرانلار كۈندىن ـ كۈنگە چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەندى، 1225 ـ يىلى قىشتا چېن رىجىئۇڭ تەختنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن لى سۇلالىسى ھالاك بولۇپ، ۋيېتنامدا چېن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (1225 ـــ 1400) باشلاندى. لى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ چېن سۇلالىسىنى قۇرغان چېن رىجىئۇڭ توغرىسىدا ۋيېتنام تارىخىدا: «پادىشاھنىڭ ئەجدادلىرى مىنلاردىن، ئۇنىڭ تۆتىنچى بوۋىسى تيەنچاڭغا كېلىپ بېلىقچىلىق قىلغان» دېيىلگەن. ئەگەر ۋيېتنام لى سۇلالىسىنى «جوڭگوچە» ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت

www.uyghurkitap.com

دېسەك، ئۇ هالدا ۋېيتنام چېن سۇلالىسى مانا مۇشۇ ئاساستا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ۋېيتنام فېئوداللىق سۇلالىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشكە قەدەم قويدى.

چېن سۇلالىسى تەخت تالىشىپ ئىچكى نىزا يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «پادىشاھلىق تۈزۈم» نى يولغا قويدى، يەنى پادىشاھنىڭ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلاتتى، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتىسى شىمالىي ئوردىدا «شاھىنشاھ» بولۇپ تۇراتتى، بىراق دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى «پادىشاھ» قارار قىلاتتى. چېن سۇلالىسى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئارقىلىق ئەمەلدارلارنى تاللاش جەريانىدا، ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈردى. چېن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى كۇڭزىچىلارغا چوقۇنىدىغان بولغاچقا، دۆلەتلىك بىلىم يۇرتى قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇگۇڭ، كۇڭزى، مىڭزىلارغا ئاتاپ نەرىز - چىراغ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. يەنە دۆلەت تارىخى يېزىش يۇرتى قۇرۇلۇپ دۆلەت تارىخىنى يېزىش باشلانغانىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، چېن سۇلالىسى دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەهمىيەت بەردى، مەھكىمىسى، بوز يەر ئېچىش بېگى تەسىس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چېن سۇلالىسى دەۋرىدە يەر سودىسى ناهايىتى ئومۇملاشتى. چېن سۇلالىسى دەۋرىدە جەمئىيەتتە يەنە نۇرغۇن قۇل بار ئىدى. چېن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېيتنامنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ۋېيتناملىقلار ئارىسىدا «زىنەن» يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كەڭ ئومۇملاشتى. «زىنەن» دېگەن سۆز «نەنگو يېزىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ خەنزۇچە خەتكە تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلىنغان يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭدا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئاھاڭى، ئىدېئوگراممىسىنى بىر خەتنىڭ باشقا

مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆز ئورنىدا ئىشلىتىلىشى قاتارلىق فورمۇلىسىدىن پايدىلىنىپ ۋېيتنامالىقلارنىڭ تىلى ئىپادىلەنگەن. زىنەن يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋېيتناملىقلار مىللىي ئېڭىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

چېن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ھەربىي قوشۇن قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى ھەمدە «ئەسكەرلەر دېھقانچىلىق قىلىش» سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئەسكەرلەر نۆۋەت بويىچە يۇرتىغا قايتىپ تېرىقچىلىق قىلدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى 30 يىل ئىچىدە، چېن سۇلالىسى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئۈچ قېتىملىق جازا يۈرۈشى (1257 ـ، 1285 ـ، 1287 ـ، 1288 ـ يىللىرى)نى مەغلۇپ قىلىپ، دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىدى. دۆلەت كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چېن سۇلالىسى يەنە داۋاملىق كامپاپۇرا بىلەن لائوسقا تاجاۋۇز قىلدى.

چېن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھاكىمىيەت كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈزلەندى، پادىشاھنىڭ شىرەم تۇغقىنى لى جىماۋ ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، 1400 ـ يىلى چېن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، خۇ سۇلالىسى (1400 ـــ 1407)نى قۇردى، دۆلەت نامىنى دايۈ دەپ ئاتىدى. «دايۈ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار مەجمۇئەسى» دە: «جىماۋنىڭ تەخەللۇسى لىيۈەن، ئۇنىڭ بۇزرۇك بوۋىلىرىدىن خۇشىڭيى ئەسلىدە جېجياڭلىق بولۇپ، كېيىنكى خەن دەۋرىدە شۇشەن ئايمىقىغا كەلگەن» دېيىلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى خۇليەن چىڭخۇانىڭ ھۆدەيچىسى لى شۇيىنىڭ ئوغلى بولۇپ، فامىلىسىنى لى (黎)غا ئۆزگەرتكەن. لى جىماۋ تەختنى تارتىۋېلىپ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن فامىلىسىنى يەنە خۇغا ئۆزگەرتكەن. خۇجىماۋ تەختتە بىر يىل ئولتۇرمايلا، ئورنىنى ئوغلى خەنساڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى شاھەنشاھ بولۇپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ، ئەمەلىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتقان.

خۇ جىماۋ تەختىنى تارتىۋېلىپ پادىشاھ بولغاندا مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداخىلىسىگە دۇچ كەلدى، ئاخىر مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇ يۇڭلېنىڭ 4 ـ يىلى (1406 ـ يىلى) زور قوشۇننى خۇ جىماۋغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. يۇڭلېنىڭ 5 ـ يىلى (1407 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خۇ جىماۋ بىلەن خەنساڭنى ئەسىرگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن خۇ سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. مىڭ سۇلالىسى ۋېيتنامنى 13 يىل (1414 — 1427) ئىشغال قىلىپ، ئاخىر دۆلەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ قارشىلىقى ۋە ۋېيتنام خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شۈەندېنىڭ 2 ـ يىلى (1427 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا ۋېيتنامدىن چېكىنىپ دۆلىتىگە قايتتى.

**ۋېيتنام فېئوداللىق دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرى**

مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېكىنگەندىن كېيىن، ۋېيتنام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى — جىڭخۇالىق زېمىندار لى لى دۆلەت ئىچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 1428 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دۇڭجىڭ (يەنى شىڭلۇڭ، خانوي) دا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، دۆلەت نامىنى دايۆ، يىل نامىنى شۇنتيەن دەپ ئاتىدى. بۇ ۋېيتنام تارىخىدا كېيىنكى لى (黎) سۇلالىسى (1428 — 1789 ـ يىللار) دەپ ئاتالدى. ۋېيتنامنىڭ كېيىنكى لى سۇلالىسى دەۋرى ۋېيتنام فېئودالىق دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن تارىخىي باسقۇچى بولۇپ، ئۇ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ: ئالدىنقى دەۋردە كېيىنكى لى سۇلالىسى بىر مەھەل تازا گۈللەندى (1428 — 1527)، كېيىنكى دەۋردە بولسا بۆلۈنۈش، تەپرىقىچىلىك، قالايمىقان ئۇرۇش (1527 — 1789) يۈز بەردى. لى سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى دەۋرى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. لى شېڭزۇڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىل (1460 —

1497)ده گۆللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، «دۆلىتىنىڭ بايلىقى، قوشۇنىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىگە تەمەننا قويۇپ، تىرىسىگە سىغماي قالدى»، لى شىڭزۇڭنىڭ قوشۇنى مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 4 ـ يىلى (1468 ـ يىلى) جۇڭگو گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭشياڭ ناھىيەسىنى بېسىۋېلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي چېگراسىدا جىددىي ھالەت پەيدا قىلدى. لى شىڭزۇڭ جۇڭگوغا پاراكەندىچىلىك سېلىپلا قالماي، يەنە 1470 ـ يىلى كامپاپۇئاغا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۇنى ئىسمى بار، جىسمى يوق دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. لى شىڭزۇڭ 1479 ـ يىلى كۈزدە 180 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن لائۇسقا تاجاۋۇز قىلىپ، پايتەخت لوئاڭ پراباكنى بېسىۋېلىپ، «ئۇنىڭ بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، پۇقرالىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى»، لائۇسنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويۇپ، ئۇنى ۋېيتنانغا بېقىنىپ، ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. لى شىڭزۇڭنىڭ خۇڭدې يىللىرى (1470 ــ 1497) ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى، پەرمانلىرى توپلىنىپ، جۇڭگونىڭ سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ قانۇن ماددىلىرىدىن پايدىلىنىپ «خۇڭدې قانۇنى» تۈزۈلدى، ئۇ جىنايى ئىشلار جازا قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، ئەرز ـ شىكايەت قانۇنى، نىكاھ ۋە ئائىلە قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ۋېيتنام فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى مۇكەممەل قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لى سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، ھاكىمىيەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ، بىردەم بىرسىنى تەختكە چىقارسا، يەنە بىرەمدە ئۇنى تەختتىن چۈشۈرىدىغان ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. 1527 ـ يىلى ھوقۇقدار ۋەزىر مودېڭيۇڭ تەختنى تارتىۋېلىپ، يىل نامىنى مىڭدېغا ئۆزگەرتتى، يەنىلا شىڭلۇڭنى پايتەخت قىلىپ، ۋېيتنامنىڭ شىمالىدا مو جەمەتى سۇلالىسىنى (شىمالىي سۇلالە 1527 ــ 1592)نى قۇردى. مو جەمەتىگە قارشى

تۇرىدىغان لى سۇلالىسىنىڭ كونا قەلەمدار ـ ئەلەمدارلىرى رۇەن گەن باشچىلىقىدا فۇچۇن (شۇنخۇا) دە لى نىڭنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ (جەنۇبىي سۇلالە 1532 ــ 1592) مو جەمەتى بىلەن قارشىلاشتى. بۇ دەۋر ۋىيېتنام تارىخىدا «جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى» (1527 ــ 1592) دەپ ئاتالدى.

ۋىيېتنامنىڭ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان «شىمالىي سۇلالە» ــ مو جەمەتى ھاكىمىيىتى 1545 ـ يىلى ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان جېڭ جيەن قۇرغان «جەنۇبىي سۇلالە» بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇش قىلدى، 1592 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جېڭ جەمەتى قوشۇنى شېڭلۇڭنى ئىشغال قىلىپ، جەنۇب ۋە شىمالنىڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ «لى جەمەتى پادىشاھ بولغان، جېڭ جەمەتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان دەۋر» باشلاندى. لېكىن، بۇ چاغدا رۇەن گەننىڭ شۇنخۇانى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئوغلى رۇەن خۇاڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ جېڭ جەمەتى بىلەن قارشىلاشماقچى بولۇۋاتاتتى. كېيىن رۇەن ۋە جېڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ فېئوداللار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا 1627 ـ يىلى ئاخىر يېرىم ئەسىرگە سوزۇلغان ئۇرۇش پارتلاپ، ۋىيېتنام خەلقىگە تۈگىمەس بالايىئاپەت ياغدۇردى.

رۇەن جەمەتى فېئوداللار گۇرۇھى ئاساسلىق شۇنخۇا ـ گۇاڭنەننى بازا قىلىپ، يەرلىك تەپرىقىچى ھاكىمىيەت قۇردى، بۇ ۋىيېتنام تارىخىدا «گۇاڭنەن دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. رۇەن جەمەتى گۇرۇھى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جەنۇبقا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلدى، كامپاپۇئانىڭ قالدۇق زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋېلىپلا قالماستىن، يەنە كامبودژا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جەنۇبىي ۋىيېتنامنىڭ ئەينى چاغدا كامبودژاغا تەۋە زېمىنى (تۆۋەندە كامبودژا دېيىلىدۇ) نى پۈتۈنلەي ۋىيېتنامنىڭ

تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى. رۇەن جەمەتى گۇرۇھى بىلەن جىڭ جەمەتى گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇدا بىر نەچچە يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋېيتنام خەلقىنى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. شۇڭلاشقا، 18 - ئەسىردە ۋېيتنامنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان جايلاردا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قوزغىلاڭلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى شىشەن دېھقانلىرى قوزغىلىڭىدۇر. 1783 - يىلى جەنۇبتىكى رۇەن جەمەتى فېئوداللار گۇرۇھى شىشەن قوشۇنىنىڭ زەربىسىدە يەر بىلەن يەكسان بولدى. 1785 - يىلى شىشەن قوشۇنى سىئام (تايلاندنىڭ بۇرۇنقى نامى)نىڭ 20 مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى. 1786 - يىلى شىمالدىكى جىڭ جەمەتى فېئوداللار گۇرۇھىمۇ شىشەن قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، پۈتكۈل ۋېيتنامنى شىشەن قوشۇنى كونترول قىلدى. 1787 - يىلى 5 - ئايدا، شىشەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەردارلىرى رۇەن جەمەتىلىك ئۈچ ئاكا - ئۇكا ۋېيتنامنى بۆلۈپ ئىدارە قىلدى: رۇەن ۋېنيۆ پادىشاھ (پادىشاھ تەيدې) بولۇپ، گۇاڭنەندىن پىڭشۇنگىچە بولغان مەركىزىي رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. رۇەن ۋېنخۇي شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ بولۇپ، شۇنخۇانىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. رۇەن ۋېنلۇ شەرقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ بولۇپ، جەنۇبقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1788 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، رۇەن ۋېنخۇي پادىشاھ (پادىشاھ گۇاڭجۇڭ) بولۇپ، يىل نامىنى گۇاڭجۇڭ دەپ ئاتىدى.

شىشەن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكىلەر ھوقۇق تالىشىپ، ئۆز ئارا پۈت تېپىشىپ، شىشەن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇقسىز ئاجىزلاشقان ۋاقىتتا، پۈتۈنلەي چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن رۇەن جەمەتىنىڭ ۋەكىللىك ئەربابى رۇەن فۇيىڭ (كون رۇەن) قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق شىشەن ھاكىمىيىتى

(يېڭى رۇەن) نى يوقىتىپ، 1802 ـ يىلى ۋيېتنامدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر فېئوداللىق سۇلالە ــــ رۇەن سۇلالىسىنى قۇردى.

### 3. بىرما

بىرما كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، جەمئىي 40 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىرما، مون، شان، كخرېئوم، چىن، كاچىن، كاياخ، راگايىڭ قاتارلىق مىللەتلەر ئاساسلىق مىللەت ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىرمىدا بەزى كىچىك پادىشاھلىقلار بارلىققا كەلگەن: بىرمىنىڭ شىمالىدا شانلار قۇرغان شان دۆلىتى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. بىرمىنىڭ جەنۇبىدا مونلار لامىرۇ ئوك ۋە تاتۇن پادىشاھلىقلىرىنى قۇرغان، مونلار مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان قەدىمكى مىللەت ئۇنىڭ ئۆز يېزىقى ــــ مون يېزىقى بار، مونلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. بىرمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن جەنۇبىدا پيۇ دۆلىتى بولۇپ، مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە تەرەققىي قىلىپ، زېمىنى كەڭ، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغانىدى. پايتەختى پرومې (بىرمىچە «دۆلەتنىڭ پايتەختى» دېگەن مەنىدە) شەھىرىدە نەچچە ئون مىڭ ئائىلە بار ئىدى. پيۇ دۆلىتىنىڭ دېھقانچىلىقى بىلەن سودا ـ سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، «ئالتۇن بىلەن كۈمۈش پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يېرىم ئاي شەكلىدە بولۇپ، گاتو دېيىلىدۇ». مەدەنىيىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېزىقى ــــ پيۇ يېزىقى بار ئىدى. مىلادىيە 802 ـ يىلى پيۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئەلچى ئەنتونى سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلار بىلەن بۈيۈك تاڭ دۆلىتىگە ئەۋەتكەندە، ئۇلار قىزغىن قارشى ئېلىنغان. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ



www.uyghurkitap.com

كەيىندە بىرمىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ برەھمەن دىنى بىلەن بۇددا دىنى تارقالدى. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە پيۇ دۆلىتىلىكلەر ئاساسلىق بۇددا دىنىنىڭ ھىنەيانە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلدى، ئۇلار «بۇددا ئەقىدىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، يۈزدەك ئىبادەتخانا بار». مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پيۇلار بارا ـ بارا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، پاگان سۇلالىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

**پاگان سۇلالىسى** بىرما مىللىتى ـ خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ ـ بىرما تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ مىللەت، بىرما تارىخىدا ئېيتىلىشىچە، بىرمالار مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شانبان ئېگىزلىكىدىن بىرمىنىڭ تۈزلەڭلىك رايونىغا كېلىپ، ماندالاي دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىكى كيائۇكسىتقا ماكانلىشىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، شال تېرىقچىلىقىنى ئاساس قىلغان سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بىرمالار بىرمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تېرىقچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈزلەڭلىك رايونلارغا قاراپ ناھايىتى تېز كېڭەيگەن. 9 ـ ئەسىردە ئىراۋاددي دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغان. مىلادىيە 849 ـ يىلى پاگان شەھىرىنى بىنا قىلىپ، ئۇنى سىياسىي مەركەزگە ئايلاندۇرغان. 1044 ـ يىلى بىرمالارنىڭ سەردارى ئاناۋراتا پاگان سۇلالىسى (1044 ــ 1287)نى قۇرۇپ، بىرما تارىخىدا تۇنجى قېتىم پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى فېئوداللىق دۆلەتنى بەرپا قىلغان.

ئاناۋراتا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىل (1044 ــ 1077)دە، پاگان دۆلىتى روناق تاپتى ۋە كۈچەيدى. ئاناۋراتا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىلھام بەردى، سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ ھەربىي كۈچ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى، ئەنئەنىۋى پىيادە

ئەسكەر، پىللىق ئەسكەرلەرنى كۆچەيتكەندىن باشقا، يەنە ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىدىن ئىبارەت يېڭى ئەسكىرىي تۈرنى كۆپەيتتى. قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. ئاناۋراتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆۋەن بىرمىدىكى مونلارنىڭ تاتون پادىشاھلىقىنى ۋە ئاراكاننىڭ شىمالىي قىسمىنى بويسۇندۇردى، يۇقىرى بىرمىنىڭ شانىبان ئېگىزلىكىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە باشقا جايلاردىكى فېئوداللارنى ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىلدۇرۇپ، بىرمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ پاگان سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتتى. يۇقىرى بىرما، سابىق پيۇ دۆلىتىنىڭ زېمىنى، مونلار دۆلىتىدىكى تۆۋەن بىرما ۋە شىمالىدىكى ئاراكانغا ئىگە بولدى، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى مالاي يېرىم ئارىلى بىلەن سىئامنىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە يېتىپ باردى.

مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى پاگان سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىرما ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغانغا قەدەر، بىرمىدا يەرگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى يوق ئىدى. پادىشاھ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشتا مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى، ھەممىشە «سۇ ۋە يەرنىڭ ئىگىسى» دېگەن مەنىدىكى «يامىشىن» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى، بىرمىدا يېزا كوممۇنا تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ فېئوداللىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ھۆكۈمرانلىق شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يېزا كوممۇنالىرى فېئوداللىق دۆلەت ئالدىدا ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلاتتى. فېئوداللىق دۆلەت يېزا كوممۇناسى دېھقانلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. پادىشاھ يەنە نۇرغۇن يېزا كوممۇناسىنى «سۇيۇرغال» سۈپىتىدە خان جەمەتىدىكىلەرگە، ھەر دەرىجىلىك ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە بۇتخانىلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. پادىشاھ ئالىي

هۆكۈمران ئىدى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى مەركىزىي هاكىمىيەتنى تەشكىل قىلغانىدى. يەرلىك مەمۇرىي تەشكىلاتلار مەملىكەت بويىچە «مىۋ» نى بىرلىك قىلغان بىر مۇنچە مەمۇرىي ئورۇنلارغا بۆلۈنگەنىدى، «مىۋ» بىر شەھەر - بازار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا كوممۇنالىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوردا تەيىنلىگەن ئەمەلدار هۆكۈمرانلىق قىلاتتى. «مىۋ» نىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى «مىۋ ۋېن» دېيىلەتتى؛ شەھەر - بازارلارنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى «مىۋ - ۋۇ» دېيىلەتتى؛ يېزا كوممۇنالىرىنىڭ باشلىقى «مىۋيىتوۋك» دېيىلەتتى. دېمەك، پادىشاھ، پادىشاھ جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالار، مىۋۋېنلار، مىۋۋۇلار ۋە مىۋيىتوۋكلار مۇنارسىمان هۆكۈمرانلار سىنىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇنارنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كەڭ كوممۇنا ئەزالىرىغا هۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.

مىلادىيە 1077 - يىلى ئاناۋراتا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ساۋلۇ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى، پېگۇ رايونىدىكى مونلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش دولقۇنى قوزغالدى، 1083 - يىلى مونلار ساۋلۇنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلتۈردى، پاگان شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ چاغدا ئاناۋراتانىڭ پاراسەتلىك ۋە ئورۇش قىلىشقا ماھىر يەنە بىر ئوغلى كانزىتها كۈچ تەشكىللەپ مونلار قوشۇنىنى تارمار قىلدى، 1084 - يىلى ئۇ پاگاننىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھى بولدى، ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1084 — 1113) دە، بىرمالار بىلەن مونلارنىڭ يارىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

پاگان سۇلالىسىدە بۇددا دىنىنىڭ هىنەيانە مەزھىپى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتى، ھەممە يەردە بۇددا مۇنارلىرى ۋە ئىبادەتخانىلار سېلىندى، 1091 - يىلى سېلىنغان ئانانىدا ئىبادەتخانىسى ئاپپاق، ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولۇپ، مۇنارلىرى ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرىدۇ. 1113 - يىلى پاگان شەھىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

جەنۇبىغا سىلىنغان مايانزىت مۇنارىدا بىر ئايدە بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىغا پىۋ، مون، بىرما ۋە بالىق يېزىقلىرىدا پادىشاھ كانزىتھانىڭ ئىش ئىزلىرى يېزىلغان، ئۇ ھەم يوقىلىپ كەتكەن پىۋ يېزىقىنى تەتقىق قىلىشنى ئاچقۇچ بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەم پاگاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى ۋە باشقا ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پاگان سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان – تەرى سىڭگەن. پادىشاھلار بۇددا مۇنارى ۋە ئىبادەتخانىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ياسىتىپ دېھقانلارنى خالىغىنىچە ئىشقا سېلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دۆلەتنىڭ كۈچىنى خورىتىۋەتتى. «مۇنارلار پۈتكەندە، دۆلەت خارابىلىككە ئايلاندى» دېگەن بىر خەلق قوشىقىدا كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان نارازىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

1271 – يىلى ۋە 1273 – يىلى يۈەن شىزۇ قۇبلاي پاگانغا ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا رەت قىلىندى. 1277 – يىلى پاگان سۇلالىسى لەشكەر تارتىپ، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تەيپىڭ دەرياسى بويىدىكى گەنئى (گەنيا)غا ھۇجۇم قىلدى. يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىرما قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرگەندىن كېيىن، بىر مەھەل پاموكنى ئىشغال قىلدى. 1283 – يىلى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى يەنە بىر قېتىم بىرمىغا جازا يۈرۈشى قىلدى، بىرما ئارمىيەسى ۋە خەلقى ئاسۇنچائۇڭ رايونىدا باتۇرلۇق بىلەن تۇسۇپ زەربە بەرگەن بولسىمۇ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. پاگان قولدىن كەتتى، پادىشاھ تۆۋەن بىرمىغا قېچىپ كەتتى ۋە 1287 – يىلى ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن پاگان سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى.

پاگان سۇلالىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىرمىنىڭ شىمالىدىكى شانلار، جەنۇبىدىكى مونلار ۋە غەربىدىكى ئاراكانلار بەس – بەستە مۇستەقىل بولۇپ، كىچىك بەگلىكلەرنىڭ

بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتى شەكىللەندى، بۇ تارىختا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى (1287 — 1531) دەپ ئاتالدى. بىرمىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى شانلار قۇرغان نۇرغۇن كىچىك ئەللەر ئۆزئارا سوقۇشتى. 1364 - يىلى بىرمىنىڭ ئاۋا شەھىرىنى سىياسىي مەركەز قىلغان ئاۋا سۇلالىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 1287 - يىلى جەنۇبىي بىرمىدىكى مون ۋارىرۇ (1287 — 1296) پېگۇ سۇلالىسىنى① قۇردى، پېگۇ ئۇنىڭ سىياسىي مەركىزى بولدى. ۋارىرۇ راھىبلارغا ھىندىستاننىڭ «مانۇ قانۇنى» ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئاساسەن «ۋارىرۇ قانۇنى» نى تۈزگۈزدى، بۇ بىرمىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى قانۇن كىتابى ھېسابلىنىدۇ. ئاۋا سۇلالىسى بىلەن پېگۇ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى. 1386 - يىلى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، 40 يىل داۋاملاشتى، پرومې رايونى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولدى، يۇقىرى - تۆۋەن بىرما ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، تونگو سۇلالىسى بارا - بارا باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

**تونگو سۇلالىسى** تونگو بىرمىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سىتتاڭ دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ، ئەسلىدە پاگان سۇلالىسىنىڭ زېمىنى ئىدى. 1280 - يىلى بىرمىلار تونگودا بەگلىك قۇردى، دەسلەپتە ئاۋا سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدا بولدى، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، تونگو ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى، بىرمىلىقلار تونگوغا ئارقا - ئارقىدىن پاناھلىق

① پېگۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى مادۇبا شەھىرى بولۇپ، 1370 - يىلى پېگۇغا يۆتكەلگەن، شۇڭا ئۇزۇنغىچە پېگۇ سۇلالىسى دەپ ئاتالغان. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر پېگۇ سۇلالىسىنى ۋارىرۇ 1281 - يىلى مادۇبادا قۇرغان، دەپ قارايدۇ. سۇلالىنىڭ قۇرۇلغان يىلى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس.

ئىزدەپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئاھالىسى كۆپەيدى. دېھقانچىلىقى راۋاجلىنىپ، بەگلىك پەيدىنپەي كۈچەيدى.

1511 ـ يىلى پورتۇگالىيەلىكلەر بىرمىغا تاجاۋۇز قىلىپ، مادۇبا، تېناسسېرىم قاتارلىق جايلاردا سودا پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، قىزىل ياقۇت، پىل چىشى، سىر، موم، قوغۇشۇن، قەلەي، ساپال ۋە فارفور قاتارلىقلارنى تەڭسىز قىممەتكە ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە تونگو بىلەن پېگۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئارىلاشتى.

تونگو سۇلالىسىگە تابىن شۋېختى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1531 — 1550) بىرمىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ بىرمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىنى باشلىدى. 1535 ـ يىلى پېگۇغا ھۇجۇم قىلدى، مونلار قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارغا پورتۇگالىيەلىكلەر ياردەم قىلدى، ئۇرۇش بىرنەچچە يىل داۋام قىلدى. 1539 ـ يىلى پېگۇ شەھىرى ئىشغال قىلىندى، مونلار پرومېغا چېكىندى، 1542 ـ يىلى بىرما قوشۇنى پرومېغا ھۇجۇم قىلدى. ئاراكانلار ۋە يۇقىرى بىرمىدىكى شانلار قوشۇنى پېگۇ سۇلالىسىگە ياردەم قىلدى. بىرما قوشۇنى ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەننى يەڭدى، شانلار قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، بىرما قوشۇنى زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پېگۇ سۇلالىسى ئەل بولدى. تابىن شۋېختى مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن، مونلار رايونىدا يۇقىرى تەبىقىدىكى مونلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارغا «مېۋشا»، «ياشا» (ئاقسۆڭەكلىك نامى) دېگەن ئۇنۋانلارنى بەردى، ئوردىدا بىرما بىلەن مونلاردىن بولغان ۋەزىرلەرنىڭ نىسبىتى تەڭ نىسبەتتە بولدى. تابىن شۋېختى مون سەردارلىرىنى ئەۋەتىپ، پېگۇنىڭ ئاشلىق ئامبىرى مادۇبانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پايتەختنى پېگۇغا يۆتكەپ، مونلارنىڭ يوسۇنى بويىچە تاج كىيىپ، ئۆزىنى مونلارنىڭ پادىشاھى دەپ

ئاتـــدى. 1544 ـ يىلـى بىرما قـوشـۇنى ئاۋا، ســـپو، مانـمـو، موخنيـن، موڭ مـت، ياڭگۇي، موڭ ناي قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرلـەشمە قوشـۇنىنى بـىتچـىـت قىلـدى، ئـاندىن ئـــرراۋاددى دەرياسـىنىڭ شـىمالـىدىكى مـيـىنگيـانغا بىـرىپ، ئۇ يـەرنـى تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋالدى. 1546 ـ يىلى ئاراكان سۇلالىسىدە ئىچكى نىزا يۈز بەردى، تونگو سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاراكاننى ئىشغال قىلدى. تابىن شۋېختى ئۆلگەندە، بىرمىنىڭ ئوتتـۇرا ۋە جـەنۇبىـي قىسمى ئـاساسەن بىـرلىككە كېلـىپ بولغانىدى.

باييننا ئوڭ ھۆكـۈمرانلىـق قىلغـان دەۋر (1551 ـــ 1581) دە داۋاملىق ھالدا تەرەپ ـ تەرەپكە لەشكەر تارتتى. 1555 ـ يىلى ئاۋانى ئىشغال قىلدى، 1556 ـ يىلىدىن 1559 ـ يىلىغىچە شىمالىي بىرمىنىڭ شانباندىكى كىچىك بەگلىكلەرگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇچ قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ موخنيىن، موڭ كۇڭ، مـەنمۇ، موڭ مـىت، ساگا، مـۇئۇڭ پىئىپتلارنـى ئـەل قىلىپ، ئاخىر پۈتۈن بىرمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. تونگو سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسى يۇقىرى، تۆۋەن بىرما ۋە شانبان، شەرقتە سىئامنىڭ شىمالىدىكى چياڭ مايدىن غەربتە مانىـپۇر چېگراسىغىچە بولغان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

16 ـ ئەسىردە بىرمىنىڭ فېئودالـلىق تۈزۈمـى تېخىمـۇ راۋاجلاندى. پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر نۇرغۇن مـۇنبەت يـەرنى ئىگىلىۋالدى. مەركەز ۋە يەرلىكتىكى قەلـەمدار ـ ئەلەمـدارلار ۋە ئىبادەتخانىلارغا ھەدىيە قىلىنغان يەرلەر مىراسلىق سـۇيۇرغالغا ئايلاندى. بۇ يەرلەرنى مىراسخور ئىجارىكەش دېھقانلار تېرىيتتى. يېـزا كوممـۇنـالىرى تـەدرىجىي پـارچـىلانـدى، كـومـمۇنـانىـڭ باشلىقلىرىمۇ يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىـۋېلىـپ، شەخسىي مۈلكىگە ئايلانـدۇردى. سۇيۇرغال ئـىگىسى دېھقانـلاردىن ئىجـارە ھەققى ئورنىغا ماددىي بۇيۇم ئالاتتى ياكى ئۇلارنـى ئىشلـىتەتتى.

توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، ئىشلىرىدا ۋە ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە دېھقانلار سۇيۇرغال ئىگىلىرىگە ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى سوۋغا قىلاتتى. بايىننا ئۇڭ زامانىسىدا فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق يەنە كۈچەيتىلدى، ئۇ راھىبلار بىلەن ئەمەلدارلارغا «ۋىرۇ قانۇنلار توپلىمى» غا ئاساسەن «مەشھۇر قانۇنى» ۋە «توققۇز توملۇق قانۇن» دىن ئىبارەت ئىككى قانۇن كىتابىنى تۈزگۈزدى.

بايىن شۇنىڭدىن كېيىن، بايىننا ئۇڭ سىئام بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، دۆلەت كۈچىنى خورىتىۋەتتى، خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1564 ـ يىلى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىرما دېھقانلىرى پېگۇ ئەتراپىغا قامالغان شانلار ۋە سىئام ئەسىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پېگۇنى ئىگىلەپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. مايىننا ئۇڭ چىياڭ مايدىن قوشۇن يۆتكەپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، نەچچە مىڭ كىشىنى قولغا ئالدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ 70 نەپەر رەھبىرى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. 1584 ـ يىلى، سىئام بىرما قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە بىرمىنىڭ تاۋوي ۋە تخاندۇ، سالىن قاتارلىق جايلىرىنى بېسىۋالدى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىر تەرەپتىن بىرمىنى مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش كېمىلىرى بىلەن سىئامغا ياردەم قىلىپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئالدى. كېيىن پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىرمىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى قامال قىلىپ، تاشقى سودىسىنى كونترول قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تونگو سۇلالىسى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ۋە ئاقسۆڭەك ـ بەگلەرنىڭ تەپرىقىچىلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن پەيدىنپەي زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

1600 ـ يىلى پورتۇگالىيە بولدونى ئەۋەتىپ سىرىيامنى بېسىۋېلىپ، مۇستەملىكە تايانچ نۇقتىسى قۇردى. پورتۇگالىيە

ھەممىلا جايدا بۇددا مۇنارلىرىنى بۇزۇپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، بۇتلارغا ھەل بېرىلگەن ئالتۇنلارنى قىرىپ ئېلىۋالدى، ئىبادەتخانىلارنىڭ مىس پۇللىرىنى بۇلاپ ئاپىرىپ زەمبىرەك قۇيدى، ھەتتا بىرما خەلقىنى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى، بۇ قىلمىشلار خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا، تونگونىڭ ئەۋلادلىرى دۆلەت كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆزلەۋاتاتتى، باينىنا ئۈڭنىڭ ئوغلى نيائۇڭ يۇن (1600 ـــ 1605) يۇقىرى بىرمىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى، ئانابىرون (1605 ـــ 1628) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ تونگو دۆلىتىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، تۆۋەن بىرمىغا لەشكەر تارتىپ پرومې، تونگولارنى ئىشغال قىلدى. 1613 ـ يىلى ئانابرون ئەسكەر ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سىيرىيامنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۈچ ئاي قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق پورتۇگالىيە قوشۇنىنى بىتچىت قىلىپ، تارتقۇزۇپ قويغان زېمىننى قايتۇرۇۋالدى، بولدوغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا برون بىرمىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1627 ـ يىلى گوللاندىيە، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى قارا قولىنى بىرمىغا سوزدى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى بىرمىنىڭ تاشقى سودىسىنى تىزگىنلىۋالدى. ئەنگلىيە ئەلچى ئەۋەتىپ ئاۋادا تۇرۇش ھەمدە سودا ئىمتىيازى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ھەممىسى رەت قىلىندى.

1635 ـ يىلى، تونگو سۇلالىسى پايتەختىنى ئاۋاغا كۆچۈردى. 1752 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جەنۇبتىكى مونلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاۋانى ئىشغال قىلىپ بىرما پادىشاھىنى ئەسىرگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن تونگو سۇلالىسى ئاخىرلاشتى.

## 4. تايلاند

تايلاند زېمىنىدا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن دۆلەتنى مونلار

www.uyghurkitap.com

مائى نام دەرياسى ۋادىسىدا قۇرغان. تىلى جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسىغا تەۋە مونلار تايلاندنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىغا تارقالغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە مائى نام دەرياسى بويىدىكى ئويمانلىقتا مونلارنىڭ كىنلىن ۋە لامترو ئۇگدىن ئىبارەت ئىككى دۆلىتى بولغان. تايلاندنىڭ جەنۇبىي رايونى (جۇملىدىن تايلاندقا تەۋە بولغان مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمى)دا مونلار يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن دۇ ئېنسائوم پان پان، راڭيا ساۋا، خىتۇ قاتارلىق كىچىك پادىشاھلىقلارنى قۇرغان. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە، مائى نام دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا مونلارنىڭ دورۇ بېندى دۆلىتى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ناكون پاتومنى پايتەخت قىلدى، بۇ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا دېھقانچىلىق، سودا ناھايىتى تەرەققىي قىلغاندى، مونلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە ئالاقە ئورناتقانىدى. ئالاھازەل 11 ـ ئەسىردە بۇ دۆلەت جېنلا سۇلالىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنە مونلارنىڭ روخا دۆلىتى باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، بۇ دۆلەت جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە ئالاقە ئورناتقانىدى، كېيىن ئۇنى سوكۇتاي سۇلالىسى يۇتۇۋالدى.

**سۇكۇتاي سۇلالىسى** تايلار قەدىمكى «يۇز يۆ» سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. تايلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى جۇڭگو سىچۈەننىڭ شىمالى، جەنۇبىي شەنشى، ئالتاي تاغلىرىمۇ بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالى ۋە يۈننەننىڭ جەنۇبىدىكى جىلغىلىق، تۈزلەڭلىك بەلباغدۇر. تايلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان قەدىمكى شانلار ئەزەلدىن ئەنە شۇ جايلاردا ياشاپ كۆپەيگەن. مىلادىيە 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردە، تايلاندنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدا تايلار بەزى كىچىك

پادىشاھلىقلارنى قۇردى، ئالايلۇق، كېيىن خامنى مەركەز قىلغان يۇئناگا پادىشاھلىقى، پاياۋنى مەركەز قىلغان پاياۋ پادىشاھلىقى، ئوتتۇرا قىسىمدا تايلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان چالىيام پادىشاھلىقى قاتارلىقلار. ھازىرقى تايلاندنىڭ شەرقىي زېمىنى كامبودژا ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. باڭياڭدىكى تايلارنىڭ ئاتامانى كۇنباڭ كلاڭتاۋ ئاڭكور سۇلالىسى ئاجىزلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1238 ـ يىلى تاي خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سۇكۇتاي شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاڭكور سۇلالىسىنىڭ ۋالىيسىنى قوغلاپ چىقىرىپ، سۇكۇتاي سۇلالىسىنى قۇردى. مانا بۇ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا تىلغا ئېلىنغان سىئام دۆلىتىدۇر. كۇنباڭ كلاڭتاۋ سۇكۇتاي سۇلالىسىنى قۇرغۇچى پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭغا «سىرى ئىندرا» دېگەن ھۆرمەت نامى بېرىلگەن. سۇكۇتاي سۇلالىسى دەسلەپكى باسقۇچتىكى فېئودallıq خوجىلىق تۈزۈمدىكى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

1275 ـ يىلى سۇكۇتاي سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھى راماكامخېڭ (1275 — 1317) تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھەربىي كۈچىنى زورايتىپ، زېمىنىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتتى، ئۇ دۆلىتىنى پاراسەت بىلەن باشقۇرۇپ، ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. راما كامخېڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە 1283 ـ يىلى جېنلا يېزىقى ئۆزگەرتىلىپ، دەسلەپكى تاي يېزىقى كەشىپ قىلىندى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئىچكى ـ تاشقى سودا تەرەققىي قىلدى، ھىنەيانە مەزھىپى راۋاج تاپتى. راماكامخېڭ جۇڭگو بىلەن ئالتە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە ئالاقە ئورناتقان، لېكىن ئۆزى جۇڭگونى زىيارەت قىلمىغان. ئۇ جۇڭگودىن فارفور بۇيۇملار ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، جۇڭگونىڭ ساپال ۋە فارفورچىلىق تېخنىكىسىنى سىئامدا تارقاتتى. راماكامخېڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،

ئىچكى نىزا تۇختىماي داۋاملىشىپ، سۇكوتاي سۇلالىسى ئاھايىتى تېز زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئورنىنى ئايۇتىيە ئىگىلىدى.

**ئايۇتىيە سۇلالىسى** سۇكوتاي سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە، مائى نام دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئۇتخوڭنىڭ زېمىندارى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. 1350 ـ يىلى ئۇ سۇكوتايدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايۇتىيە (چوڭ شەھەر) نى پايتەخت قىلىپ، ئايۇتىيە سۇلالىسى (1350 ـــ 1767 ـ يىللار) نى قۇردى، بۇ سۇلالە جۇڭگو تارىخىدا سىئام دەپ ئاتالدى. ئۇتخوڭ خانىنىڭ نامى راماتىبودى I بولدى.

ئايۇتىيە سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ، سۇكوتاينى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق زېمىنىنى يۇتۇۋالدى؛ كامبودژا (جېنلا) بىلەن شىمالدىكى رانناتاي پادىشاھلىقىغا بىر نەچچە قېتىم لەشكەر تارتتى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئايۇتىيە سۇلالىسى ھازىرقى تايلاندنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى كونترول قىلدى، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى مالاي يېرىم ئارىلى ۋە بېرمىنىڭ تاۋوي، مادوبا، تېناسسېرىم قاتارلىق جايلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلىدىكى بىر قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى.

ئايۇتىيە سۇلالىسى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن مۇستەبىت فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مەركەز ئەتراپى ئىچىدىكى ئۆلكىلەر بىلەن مەركەز ئەتراپى سىرتىدىكى ئۆلكىلەرگە ئايرىدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى پادىشاھ تەيىنلەيتتى. باشقا بېقىندى دۆلەتلەر ئايۇتىيەگە ئولپان تاپشۇراتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەتتە مەمۇرىي ئىشلار، ئوردا ئىشلىرى، دېھقانچىلىق، مالىيە ۋەزىرلىكىدىن ئىبارەت تۆت ۋەزىرلىك بولۇپ، سۇكوتاي سۇلالىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغانىدى. راماتىبودى

ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدا، ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئوغرىلارنى جازالاش قانۇنى، ئاسىيلارنى جازالاش قانۇنى قاتارلىق بىر مۇنچە قانۇنلارنى ئېلان قىلدى، جىنايەتچىلەر ئېغىر جازاغا تارتىلدى.

15 ـ ئەسىردە پولونما دايلوگانا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1448 ـــ 1488) دە سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ باردى ۋە دەرىجىلىك يەر ھەدىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەمۇرىيەت بىلەن ھەربىي ئىشلارنى ئايرىۋەتتى. مەمۇرىي جەھەتتە، مەملىكەت بويىچە خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان مەمۇرىي ئىشلار ۋەزىرى تەسىس قىلدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتتە ئاھالىلەرنىڭ ئالۋان ـ ھاشار ئىشلىرىغا مەخسۇس مەسئۇل بولىدىغان ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكىنى تەسىس قىلدى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، مەملىكەت بويىچە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى تەسىس قىلدى. پادىشاھ دايلىلو گانا يولغا قويغان «دەرىجىلىك يەر ھەدىيە تۈزۈمى» بولسا «ساكدىنا تۈزۈمى» دەپ ئاتالدى. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ غوجايىنى ئىدى. پادىشاھ ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارغا ئۇنۋانىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئەمىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مائاش يېرى» ۋە مائاش يېرى يانچىلىرىنى ئىنئام قىلدى. «مائاش يېرى»نىڭ كۆلىمى 400 لەيدىن 50 مىڭ لەيگىچە① بولدى، يانچىلارغىمۇ تۆت دەرىجە بويىچە ئۇلۇشلۇق يەر بېرىلدى. ساكدىنا تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى فېئوداللىق يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق تۈزۈمى ئورنىتىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ تۈزۈم شۇنىڭدىن باشلاپ تۆت يۈز نەچچە يىل يولغا قويۇلدى.

---

① لەي تايلاندنىڭ يەر كۆلىمى بىرلىكى، بىرلەي 1600 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

15 ـ ئەسىردىن باشلاپ سىئامنىڭ ئىقتىسادى بارا ـ بارا گۈللەندى. سۇ ئىنشائاتلىرى ياسىلىپ، دېھقانچىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن گۈرۈچ، پاختا، شېكەر قومۇشى، مۇچ قاتارلىقلار بار ئىدى. فارفور، قەلەي قاچا ـ قۇچىلار، سىر، موم، كوكۇس هارىقى، بۇغا تېرىسى، پىل چىشى، كەركىدان مۈڭگۈزى، سالاجىت، ئېرەن دەرىخى يېغى قاتارلىق قول هۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى بار ئىدى. سودا روناق تېپىپ، چوڭ شەھەرلەر دۆلەت ئىچى مەھسۇلاتلىرى توپلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان سورۇنلارغا ئايلاندى، ئاھالىسى زىچلاشتى. سىئامدا پىراناكخون، باڭكوك، مېرگۈي، پاتتانى، روكخون قاتارلىق تاشقى سودا پورتى شەھەرلىرى بار بولۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىنىپ، مىس، سىماب، قىزىل رەخت، سىننابار، جۇڭگو يىپىكى، ئەرەب ئاققۇ ماۋقى، يۇڭ توقۇلما بويۇم قاتارلىقلار ئىمپورت قىلىناتتى، سىئام سودا كارۋانلىرىنىڭ چياڭ ماي، پېگۇ، ئاۋا، لوۋئاڭپرا باڭ، بېنگال، گۇجەرەت ۋە كورومانىدېر بىلەن سودا ئالاقىسى بار ئىدى. سىئامنىڭ سودا كېمىلىرى كوچىن، ياۋا، فىلىپپىن، جۇڭگو ۋە ياپونىيەلەرگە قاتنايتتى، تاشقى سودىنى پادىشاھ مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، تۆت چوڭ ئامباردا سېتىلىدىغان ماللىرى ساقلىناتتى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى سىئامغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 1518 ـ يىلى پورتۇگالىيە سىئامنى سودا كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، سىئامدا ئولتۇراقلىشىش ھەمدە پىراناكخون قاتارلىق جايلاردا سودا سارايلىرىنى سېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. پورتۇگالىيەلىكلەر سىئامدا زەمبىرەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىپ، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ساپان ياغىچى، پىل چىشى قاتارلىقلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سىئامدا يەرلىك زومىگەرلەر

كۆچىيىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرما تونگو سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىئامغا لەشكەر تارتتى، 1569 ـ يىلىدىن باشلاپ سىئامنى 15 يىل بېسىۋالدى. 1584 ـ يىلىغا كەلگەندە «قارا شاھزادە» دەپ ئاتالغان نارېسۇئېن بىرما قوشۇنلىرىنى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئايوتىيەنى قايتا مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈردى، يەنە بارا ـ بارا ئۇنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى پورتۇگالىيەنىڭ ئىزىنى بېسىپ سىئامغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. دەسلەپتە گوللاندىيەلىكلەر سىئام پادىشاھىنىڭ پورتۇگالىيەلىكلەرگە قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، گوللاندىيەلىكلەر پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ سىئامدىكى ئورنىنى ئىگىلىدى. 1612 ـ يىلى ئەنگلىيە پخراناكخون بىلەن پاتتانى شەھىرىدە سودا سارىيى سالدى. 1618 ـ يىلى گوللاندىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا سىئامدىكى مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئەتىنى تالىشىپ ئۇرۇش يۈز بەردى. 1644 ـ يىلى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى سىئام پادىشاھىدىن سىئامنىڭ تاشقى سودىسىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، سىئام رەت قىلغاندىن كېيىن، گوللاندىيە 1664 ـ يىلى ئۇرۇش كېمىلىرىنى ئەۋەتىپ مائى نام دەرياسى ئېغىزىنى قامال قىلدى. سىئام گوللاندىيە سىئامنىڭ ھايۋانات تېرىسى تاشقى سودىسىنى مونوپول قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، گوللاندىيەلىكلەر سىئامدا دېلو سادىر قىلسا سىئام ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى بولماسلىق، يەقەت گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا قوشۇلدى. بۇ سىئام مەجبۇرىي قول قويغان تۇنجى تەڭسىز شەرتنامىدۇر. 17 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن فرانسىيەنىڭ سىئامدىكى مۇستەملىكىچىلىك تەسىرى بارا ـ بارا كۈچەيدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئايوتىيە سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا ئىچكى نىزا كەسكىنلەشتى. دېھقانلار ئۈزۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈردى، يەرلىك كۈچلەر بەس ـ بەستە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بىرما ئائۇڭزېيا سۇلالىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىئامغا لەشكەر تارتتى، 1767 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئايوتىيەنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلدى، 417 ـ يىللىق تارىخقا ئىگە ئايوتىيە سۇلالىسى پۈتكۈل زېمىنى قان ھىدى بىلەن قاپلانغان ھالەتتە مۇنقەرز بولدى.

**تونبۇرى سۇلالىسى** ئايوتىيە سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بىرما سىئامنى بويسۇندۇرالمىدى. 1766 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىرما قوشۇنلىرى ئايوتىيەنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇمنى كۈچەيتىۋاتقان پەيتتە، سىئامنىڭ ياش سەردارى فراتاكسىن (يەنى جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ ئەۋلادى، خەنزۇچە ئىسمى جېڭ شىن) 500 سەكەردە ـ لەشكەرنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، سىئام قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايۇننى بازا قىلىپ كۈچ توپلىدى. 1767 ـ يىلى كۈزدە مائى نام دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تونبۇرى شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى بىرما ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىش مەركىزىگە ئايلاندۇردى. فراتاكسىن چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ بىرمىغا جازا يۈرۈشى قىلغان، بىرما پادىشاھى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى سىئامدىن چېكىندۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1768 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا سىئامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، بىرما تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ ئەۋلادى جېڭ شىن تونبۇرىدا تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مانا بۇ

سىئام تارىخىدىكى تونبۇرى سۇلالىسى (1768 ــ 1782) نى قۇرغان پادىشاھ جېك شىندۇر.
فرا تاكسىن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، «ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ»، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرماقتا يوق، ئەكسىچە ئۆزىدىن ئاجىز بولغان لائوس، مالاي سۇلتانلىقى ۋە كامبودژالارغا تاجاۋۇز قىلدى. 1775 ـ يىلى لائوسنىڭ لوۋئاڭپارا باڭ شەھىرى سىئامغا ئەل بولدى، 1778 ـ يىلى ۋېيىنتيان ئىشغال قىلىندى. 1776 ـ يىلى سىئام يەنە پاتتانى، كېداخ، كېلانتان ۋە ترېڭگانودىن ئىبارەت تۆت سۇلتانلىقنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.1780 ـ يىلى سىئام قوشۇنلىرى ياش سەردار چاۋفرا ياچاكرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلدى، كېيىن سىئام ئوردىسىدا توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكتىن، چافراياچاكرى قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۈپ دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى، ئۇ ۋەزىيەتنى ناھايىتى تېز مۇقىملاشتۇردى، پادىشاھ فراتاكسىننى ئۆلتۈردى. چاۋفراياچاكرى 1782 ـ يىلى باڭكوكتا سىئامنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، باڭكوك سۇلالىسى (چاكرى سۇلالىسىمۇ دېيىلىدۇ، 1782 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە) نى قۇردى، نامى راما I بولدى.

## 5. ھىندونېزىيە

ئارخېئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2500 ـ يىلىدىن 1500 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە موڭغۇل ئىرقىدىكى، تىلى مالاي ـ پولىنېزىيە تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان بىر مىللەت ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلى بىلەن جۇڭگونىڭ فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىن ھازىرقى ھىندونېزىيە تاقىم

ئاراللىرى (مالاي تاقىم ئاراللىرى) دىكى كەڭ رايونغا كەلگەن. ئادەتتە ئەڭ بالدۇر كەلگەنلىرى «ئىپتىدائىي مالايلار»، كېيىن كەلگەنلەر «يېڭى مالايلار» دەپ قارىلىدۇ. يېڭى مالايلار ئىپتىدائىي مالايلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە يەرلىك نىكلىتالار بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان مالاي قان سىستېمىسىدىكى مىللەتكە ئايلىنىپ، ھىندونېزىيەدىكى ئاساسلىق مىللەتنى شەكىللەندۇردى، ھازىر ئۇلار «ھىندونېزىيەلىكلەر» دېيىلىدۇ.

**قەدىمكى زاماندىكى پادىشاھلىق دۆلەت** مالاي قان سىستېمىسىدىكى مىللەت مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئاساسلىق ياۋا ئارىلى بىلەن سۇماتېرا ئارىلىدا دۆلەت قۇردى. شۇ جايدىن تېپىلغان ئابىدىلەر ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ياۋا ئارىلىدا ئاساسلىق ياۋادۋىپا دۆلىتى بولغان. ئۇ دۆلەت مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ھىندونېزىيەدىكى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان قەدىمكى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ، قەدىمكى رىم جۇغراپىيەشۇناسى پتولېمې مىلادىيە 150 ـ يىلى يېزىپ تارقاتقان «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» بىلەن ھىندىستان ئېپوسى «رامايەنە» دا بۇ دۆلەت تىلغا ئېلىنغان. ئالاھازەل مىلادىيە 414 ـ يىلى جۇڭگولۇق راھىب فاشيەن سىرى لانكادىن گۇاڭجۇغىچە بولغان ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە بۇ دۆلەتكە بارغان. «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن. تاروما دۆلىتى: يەردىن قېزىۋېلىنغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ئابىدىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي ياۋادىكى بۇ قەدىمكى پادىشاھلىق ئالاھازەل مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان، ئۇنىڭ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىقى بىلەن تاشقى سودىسى خېلى تەرەققىي قىلغان. «يېڭى تاڭنامە» دە 7 ـ ئەسىردىكى تاروما دۆلىتى خاتىرىلەنگەن. كېيىن تاروما سىرىۋىجايا دۆلىتىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلانغان. كالىنگا: مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە ياۋا ئارىلىدا قۇرۇلغان دۆلەت.

«تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، كالىنگا دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىكەن. ئۇ «ھەممىدىن باي دۆلەت» بولۇپ، شال كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، كارتىتا (بىر خىل ھايۋان — تەرجىماندىن)، ئالتۇن قاتارلىقلار كۆپ. 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كالىنگا سەيلېندرا دۆلىتىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلانغان. ياۋا (闍婆): يەنە ياۋا قۇرۇقلۇقى (闍婆洲)، ياۋا (社闍) مۇ دېيىلىدۇ، ئوتتۇرا ياۋاغا جايلاشقان، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا بېرىپ دەرمە تەھسىل قىلغۇچى مۆتىۋەر راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى»، «تاڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە بۇ دۆلەت تىلغا ئېلىنغان، ئۇ جۇڭگو بىلەن بىر نەچچە نۆۋەت ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە ئالاقە ئورناتقان. سۇڭ يۈشىنىڭ «ئاسايىش ئالەم خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا ياۋا «闍婆» ياۋا (爪哇) ئارىلىنىڭ خاس ئىسمىغا ئايلاندى.

سۇماترا ئارىلىدىكى ئاساسلىق قەدىمكى دۆلەت كاندارى دۆلىتىدۇر، «لياڭنامە» دە: «كاندارى دۆلىتى جەنۇبىي دېڭىز قۇرۇقلۇقىدا بولۇپ، ئۆرپ - ئادەتلىرى تيامپا (چامپاپۇرا)، ۋۇنامىلارنىڭكىگە سەل - پەل ئوخشايدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭ قەدىمكى ئورنى سۇماترادىكى پالېمباڭ ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سۇڭ پادىشاھى شياۋۇدى — ليۇ سۇڭ (454 — 464) ۋە لياڭ پادىشاھى ۋۇدى (502 — 549) دەۋرىدە كاندراي دۆلىتى جوڭگو بىلەن كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە ئالاقە ئورناتقان. مالايۇ دۆلىتى، مالايۇ قۇرۇقلۇقىمۇ دېيىلىدۇ، ئۇ ئالاھازەل مىلادىيە 6 -، 7 - ئەسىرلەردە سۇماترانىڭ جامبى ئەتراپلىرىدا قۇرۇلغان، پۇقرالىرى بۇددا دىنىنىڭ ھىنايەنە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. مالايۇ دۆلىتى بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى (644 - يىللار) جۇڭگوغا زىيارەت قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن، تاڭ راھىبى يى جىڭ شيەنخېڭنىڭ 2 - يىلى (671 - يىلى)

ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە مالايۇ دۆلىتىدە بىر مەھەل تۇرغان، ئالاھازەل مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنى سىرىۋىجايا دۆلىتى ئىستېلا قىلغان. بالېمباڭ دۆلىتى بالېمباڭدا كانداردىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بىر قەدىمكى دۆلەت. مىلادىيە 671 - يىلى 11 - ئايدا تاڭ راھىبى يى جىڭ بۇ دۆلەتكە بارغان. ئۇ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى سودىدا سودا كېمىلىرى توختايدىغان پورت ئىدى.

**ئارال ئىمپېرىيەسى: سىرىۋىجايا پادىشاھلىقى** سىرىۋىجايا سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، ئۇ «قۇتلۇق غەلىبە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دۆلەت شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا ۋۇنام سۇلالىسىدىن كېيىن قۇرۇلغان بىر كۈچلۈك دۆلەت. بىراق، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، مەزكۇر سۇلالىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى بىزگە ھازىرغىچە نامەلۇم. ئابىدىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سىرىۋىجايا 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇماتىرانىڭ جەنۇبىدىكى بالېمباڭ (چوڭ پورت)نى پايتەخت قىلغان، ئاھالىسى «بۇددا دىنىنىڭ ھىنايە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان، خەلقئارا سودا تەرەققىي قىلغان قۇدرەتلىك دۆلەت». 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئارال ئىمپېرىيەسىگە ئايلاندى، ئۇ پۈتكۈل سۇماتىرا ئارىلىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ تەسىرى شەرقتە ياۋا ئارىلى، كالىمانتان ئارىلىغىچە، شىمالدا مالاي يېرىم ئارىلىغىچە يېتىپ بېرىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى مالاككا بوغۇزىنى كونترول قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەرمە تەھسىل قىلغۇچى راھىبى يى جىڭ مىلادىيە 671 — 695 - يىللىرى سىرىۋىجايادا ئىككى قېتىم بىر مەھەل تۇرغان، ئۇنىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدىن ئەۋەتىلگەن ئىچكى دەرمە تەرغىباتى» ناملىق ئەسىرى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سىرىۋىجاياغا ئائىت قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۆلەت جۇڭگو بىلەن

نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە ئالاقە ئورناتقان.

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ھەمدە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە «سىرىۋىجايا» دەپ يېزىلغان، دۆلەت نامىنى بۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىشىنىڭ سەۋەبى تېخى ئېنىق ئەمەس. 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە سىرىۋىجايا جامبىنى مەركەز قىلغان كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. جاۋ رۇشى «ۋاسساللار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇنىڭ 15 بېقىندى دۆلىتى بار، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، 960 ـ يىلدىن 1178 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەمئىي 20 نەچچە قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ جۇڭگونى زىيارەت قىلغان، دېگەن. 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۆلەت كۈچى بارغانسېرى زەئىپلەشتى. ئالاھازەل 1393 ـ يىلى ياۋادىكى ماجاپاخىت سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى. سىرىۋىجايا بىلەن ياۋادىكى سەيلېندرا سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىلا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**سەيلېندرا پادىشاھلىقى** «سەيلېندرا» دېگەن سۆز «تاغ پادىشاھى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئۇ «تاغ پادىشاھلىقى» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئالاھازەل مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياۋا ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان، كۈچى بارغانسېرى زورايغان دۆلەتتۇر. ئۇ كامبودژادىكى ۋۇنام سۇلالىسىگە ئوخشاشلا «تاغ پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، بەزى ئالىملار بۇ «تاغ» جەمەتى ۋۇنامدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سەيلېندرانىڭ بىر شاھزادىسى دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، سىرىۋىجاياغا كەلگەن ھەمدە جىيەن نەۋرە سۈپىتىدە تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، شۇڭا سەيلېندرا سىرىۋىجايانىڭ بىر مۇھىم سۇلالىسى، دەپ قارايدۇ. سەيلېندرانىڭ مەنبەسى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ پىكرى ئوخشاش ئەمەس، ئەمما قانداقلا بولسۇن ياۋا ئارىلىدا بىر سەيلېندرا

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسى ئۆتكەن. ئۇ كۆپ قېتىم ئوتتۇرا جەنۇب يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغان، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كامبودژادىكى سۇلۇق جېنناني تىزگىنلەپ، پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، شاھزادىسىنى بۇلاپ كەتكەن. سەيلېندرالىقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ۋە بۇددا مۇنارلىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 850 ـ يىلى سېلىنىپ پۈتكەن بوروبۇدۇر («مىڭ بۇت تەكچىسى») مۇنارى ئەڭ مەشھۇر، بۇ مۇنار ئوتتۇرا ياۋادىكى يوگيا كارتانىڭ شىمالىغا 41 كىلومېتىر كېلىدىغان كالدۇ جىلغىسىدا بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە تۆت قەۋەتلىك چاسا سۇپا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سۇپىنىڭ ھەر بىر قەۋىتىدە بۇت ھەيكىلى ئورنىتىلغان كىچىك مۇناردىن 72 سى بار. ھەر بىر قەۋەتتىكى دەھلىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ مۇنار بار. بوروبۇدۇر مۇنارى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىمارەت بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

سەيلىندرا پادىشاھلىقى ئالاھازەل 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋادىن يوقالدى. ئەنگلىيەلىك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تارىخشۇناسى د. ج. ي. خول «شەرقىي جەنۇب ئاسىيا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «سەيلېندار سۇلالىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا دائىر ئېنىق تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل. تارىخقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشىمۇ تاسادىپىي بولغان.»

مادجا پاھىت پادىشاھلىقى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋا ئارىلىدا بىر يېڭى پادىشاھلىق ــ كادىرى پادىشاھلىقى بارلىققا كەلدى، ئۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ياۋا (阇婆) دەپ ئاتالدى، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كادىرى

پادىشاھلىقى غەربىي رايونىدىن باشقا پۈتكۈل ياۋا ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈردى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى سەۋەبىدىن مۇنقەرز بولۇپ، ئورنىنى سىنگا سارى پادىشاھلىقى ئىگىلىدى. سىنگا سارى پادىشاھلىقى (1222 ــ 1292) شەرقىي ياۋادىكى سىنگا سارى شەھىرىنى پايتەخت قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتالغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سىنگا سارى پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى زورىيىپ، سىرتقا قارىتا ئۆزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ مالايۇ، بالى ئارىلى ۋە ياۋا ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئالدى. سىنگا سارى پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ياۋاغا يۈرۈش قىلىشى (1292 ــ 1293) بىلەن، مادجاپاھىت پادىشاھلىقى باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

مىلادىيە 1292 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ياۋاغا لەشكەر تارتتى، دەل شۇ چاغدا سىنگاسارىنىڭ پادىشاھى كېرتاناگارا كادىرى پادىشاھ جەمەتى قالدۇقلىرىنىڭ توپىلىڭىدا ئۆلدى، ئۇنىڭ كۈيئوغلى رادىن ۋىجايا لەشكەر باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتتى ھەمدە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، 1293 ـ يىلى مادجا پاھىتنى پايتەخت قىلغان مادجا پاھىت پادىشاھلىقى (1293 ــ 1527) نى قۇردى. ھايام ۋۇرۇك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1350 ــ 1389) دە مادجا پاھىت سۇلالىسى ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋاڭ دايۈەن «ئاراللار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ دەۋردىكى گۈللىنىش ئەھۋالىنى جانلىق بايان قىلغان: يېمەك ـ ئىچمەك مولچىلىق، كىشىلەر چۈشۈپ قالغان نەرسە ـ كېرەكلەرگە نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ، «ئاسايىشلىق ياۋا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ بولۇشى بىكار گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، غەربتە سۇماترا ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم رايونى ۋە ناكونىنىڭ جەنۇبىدىكى مالاي يېرىم ئارىلى رايونىنى ئىگىلىگەن؛ شەرقتە بالى ئارىلىدىن تىمور

ئارىلىغىچە، سۇلاۋېسى ئارىلىنىڭ جەنۇبى، مولۇككا تاقىم ئاراللىرى ۋە باندا تاقىم ئاراللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدە ئىدى.

15 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، مادجا پاھىت دۆلىتى بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دېڭىز ئېكسپېدىتسىيەچىسى جېڭ خې شۈەندېنىڭ 7 ـ يىلى (1432 ـ يىلى) 7 ـ قېتىم غەربكە سەپەر قىلغاندا ياۋاغا بارغان، ئۇنىڭ ھەمراھى فېي شىن «يۇلتۇزلار ئارا ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ياۋا (爪哇) دۆلىتىنىڭ قەدىمكى نامى ياۋا (阇婆)…. يېرى كەڭ، ئادىمى زىچ، لەشكەرلىرى ناھايىتى خىل قوراللانغان. شەرقتىكى مۇھىم ۋاسسال ئەللەرنىڭ بىرى. ئۇ بىر باياشات دۆلەت بولۇپ، مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش … دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.» بىراق، جېڭ خې ياۋاغا كەلگەندە مادجا پاھىت دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ زاۋال تېپىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە: 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ھىندونېزىيەدە ئىسلام دىنىنىڭ روناق تېپىشى ۋە تارقىلىشى مادجا پاھىت دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى دىنىي ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ مادجا پاھىت فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر يىلى باشقا ئەللەرگە لەشكەر تارتىشى، خەلققە زورلۇق بىلەن ئالۋان ـ سېلىق سېلىشى كەڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ دۆلەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە قوزغىلاڭ ۋە ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەخت تالىشىشتىن ئىبارەت ئىچكى نىزا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مادجا پاھىت سۇلالىسى زۇلمەت ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ھىندونېزىيەلىك ئالىم سانۇس بانىنىڭ «ھىندونېزىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «مادجا پاھىتنىڭ قاچان مۇنقەرز بولغانلىقىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ، مۆلچەرلىشىمىزچە، ئالاھازەل 1500 ـ يىلى ئەتراپلىرىدا بولسا

كېرەك»، دەپ قارىلىدۇ.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دېڭىز ئىمپېرىيەسى مادجا پاھىت خارابىلىكىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قانچە پادىشاھلىقلار پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرى شەرقىي ياۋادىكى دېماك پادىشاھلىقى، غەربىي ياۋادىكى بانتېن پادىشاھلىقى، ئوتتۇرا ياۋادىكى ماتارام پادىشاھلىقى، سۇماتېرادىكى ئاتسېخ پادىشاھلىقى، مالاككا يېرىم ئارىلىدىكى مالاككا پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت.

**غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى** يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تالان ـ تاراج قىلىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1511 ـ يىلىدىن باشلاپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى مالاككانى ھىندونېزىيەگە تاجاۋۇز قىلىش بازىسى قىلىۋالدى. شۇ يىلى مولۇككا تاقىم ئاراللىرىدىكى ئامبون ئارىلىنى قوراللىق ئىشغال قىلدى، كېيىنكى يىلى بۇ يەردە سودا شىركىتى قۇرۇپ خۇش پۇراق ماتېرىياللار سودىسىنى كونترول قىلىۋالدى. 1522 ـ يىلى يەنە تېرناتىتا زەمبىرەك سۇپىسى ياسىدى ھەمدە خۇش پۇراق ماتېرىياللار سودىسىنى مۇستەقىل مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ھىندونېزىيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 1521 ـ يىلى ماگېللاننىڭ كېمە ئەترىتى مولۇككا تاقىم ئاراللىرىدىكى تىدورې ئارىلىغا باردى، ئارقىدىنلا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ يەردە سودا پونكىتى قۇردى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گوللاندىيە ھىندونېزىيەگە مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزچىلىقىنى باشلىدى. 1596 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گوتمان باشچىلىقىدىكى گوللاندىيە كېمە ئەترىتى بانتېن پورتىغا يېتىپ كەلدى. 1598 ـ يىلىدىن 1601 ـ يىلىغىچە گوللاندىيە يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 14 قېتىم يىراققا

سەپەر قىلىش ئەترىتى تەشكىللەپ ھىندونېزىيەگە ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى توشۇشتىن ئالغان ساپ پايدا نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا % 400 كە يەتتى. گوللاندىيە يەنە شەرق مۇستەملىكە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنى قۇردى. 1605 ـ يىلى گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى پورتۇگالىيەلىكلەردىن ئامبون ئارىلىنى تارتىۋالدى، يەنە ئۇزاق ئۆتمەي تىدورې ئارىلىنىمۇ ئىشغال قىلدى. 1608 ـ يىلى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ باندا ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. 1609 ـ يىلى گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى پېتىربوسنى ھىندونېزىيەدە تۇرۇشلۇق تۇنجى باش ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. 1619 ـ يىلى، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ياۋا ئارىلىدىكى جاكارتادا مۇستەملىكە رايونى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا باتاۋىيە دەپ نام قويدى، ئۇنى ھىندونېزىيەگە تاجاۋۇز قىلىش بازىسى قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن مادۇرا، سۇرا بايا ۋە غەربىي كالىمانتانلارنى ئىشغال قىلدى. گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى مولۇككا تاقىم ئاراللىرىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئۆزىگە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ھەتتا قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى قانلىق باستۇردى. 1621 ـ يىلى، باندا ئارىلىدىكى 15 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرغىن قىلىندى. ئامبون ئارىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى 150 مىڭدىن 50 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى ماتارام بىلەن بانتېننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.

ئالتىنچى باب

# شەرقىي ئاسىيادىكى فېئوداللىق دۆلەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم چاۋشيەن

### 1. سىللانىڭ ئاخىرقى دەۋرى

سىللانىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ پېكچى، كوگۇرىيۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى پېكچى، سىللا ۋە كوگۇرىيۇلار چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى رەقىبلەر بولۇپ، 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

پېكچى سىللا بىلەن كوگۇرىيۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇزۇكسىز ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، پايتەختىنى قايتا ـ قايتا كۆچۈردى، زېمىنى كۈندىن ـ كۈنگە تارىيىپ، دۆلەت كۈچى ئاجىزلىدى. جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بولغان كوگۇرىيۇ شۈەنتۇ، لياۋدۇڭ، جۇڭلياۋ، لېلاڭ، دەيفاڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ خان ـ گان دەرياسى ۋادىسىدا پېكچى ـ سىللالار بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، زېمىنىنى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيتتى، دۆلەت كۈچىنى زورايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئىستىكى بارا ـ بارا ئاشتى. شۇڭلاشقا سۇي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندى، ياڭدىلار كوگۇرىيۇغا كۆپ قېتىم جازا يۇرۇشى قىلدى.

642 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كوگۇرىيۇدا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، غەرب كاتتىلىرىدىن چۇەنگەي سۇۋېن

ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ، بىر نەچچە ۋەزىر قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق قەلەمدار ـ ئەلەمدارنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، رۇڭلىيۇ خان جىيەنئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جىيەنى زاڭنىى خانلىق تەختكە (يەنى باۋزاڭ خان) ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى «مولىجى»①لىق مەنسىپىگە ئولتۇردى. چۇەنگەي سۇۋېن سىياسەتنى تەگشەپ، پېكچى بىلەن بىرلىشىپ، سىللاغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلدى.

پېكچى، كوگۇريۇلار بىلەن قورااللىق ئېلىشىش جەريانىدا، سىللانىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي ئەمەلىي كۈچى زورايدى. پېكچى بىلەن كوگۇريۇ ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن شەندې خان (632 ـــ 647) دىپلوماتىيە پائالىيىتى بىلەن پائال شۇغۇللاندى. خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى جىن چۇنچيۇ (يەنى كېيىنكى تەيزۇڭ ۋۇلى خان، 654 ـــ 661)نى كوگۇريۇغا ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى؛ يەنە ياماتو سۇلالىسى ئوردىسىدىكى سىللاغا قارشى تۇرىدىغان كۈچلەرنى چەكلەش ئۈچۈن ياپونىيەگە ئەلچى ئەۋەتتى؛ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. جىن چۇنچيۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىچكى سىياسىي ئىشلارنى پائال تەرتىپكە سالدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوغۇللىرى جىن فامىن (يەنى كېيىنكى ۋېنۇۇخان، 661 ـــ 681) بىلەن جىن رېنۋېننى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ پېكچى، كوگۇريۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا تەييارلىق قىلدى.

660 ـ يىلى، سىللانىڭ خانى تەيزۇڭ ۋۇلې بىلەن ئوغلى

① «كونا تاڭنامە. كوگۇريۇ ھەققىدە قىسسە» دە: «مولىجى» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لەشكىرىي پىرقە دىۋان بېگى، قوشۇمچە ئىشىكئاغالىق ئەمىلىگە باراۋەر كېلىدۇ، دېيىلگەن.

جىن فامىن، ئالىي سانغۇن جىن يۈشىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 130 مىڭ كىشىلىك سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پېكچىگە ھۇجۇم قىلدى. پېكچى قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، يىزى خان ئەل بولدى. تاڭ سۇلالىسى پېكچىنىڭ كونا زېمىنىدا بەش تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. پېكچى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سابىق ۋەزىرى فۇ يۈفۇشىن جۇلىيۇ شەھىرىدە ماكانلاشتى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ ياپونىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، ياپونىيەدە تۇرغاقلىقتا تۇرغان پېكچى خانزادىسى فۇ يۈفېڭنى خان قىلىپ تىكلەپ، دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. 662 ـ يىلى، ياپونىيە ئابېنوخىرابۇ باشچىلىقىدا قوشۇنلىرىنى دېڭىزدىن ئۆتۈپ پېكچىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى پېكچىدا ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ، فۇ يۈفېڭ فۇشىننى قەتلى قىلدى. سىللانىڭ ۋېنۋۇ خانى جىن فامىن بىلەن ئالىي سانغۇن جىن يۈشىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن يەنە بىرلىشىپ پېكچىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۇم ـ گاڭ دەرياسى (قەدىمدە بەيجياڭ دەرياسى، بەيسۇنجياڭ دەرياسى دەپ ئاتالغان، يەنە بىر نامى جىفاپۇ) ئېغىزىدا ياپونىيەنىڭ سۇ لەشكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، تۆت يۈزدىن ئارتۇق كېمىسىنى ۋەيران قىلدى، ياپونىيە قوشۇنى چېكىنىپ ۋەتىنىگە قايتتى. فو يۈشىن كوگۇريۇغا قېچىپ كەتتى، پېكچىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

666 ـ يىلى، چۇەنگەي سۇۋېن ئۆلۈپ، پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ئىچكى نىزا يۈز بەردى. سىللانىڭ ۋېنۋۇ خانى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ كوگۇريۇغا ھۇجۇم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇڭ ۋە ۋۇ زېتيەن كوگۇريۇنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋېلىش ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، لياۋخەي رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، كوگۇريۇغا زور قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلدى. 667 - يىلى 1 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى كوگۇريۇغا بېسىپ كىرىپ، كېيىنكى يىلى 9 - ئايدا پىخنيياننى ئىشغال قىلدى، باۋزاڭ خان ئەل بولدى، كوگۇريۇ مۇنقەرز بولدى. تاڭ سۇلالىسى كوگۇريۇنىڭ كونا زېمىنىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پىخنياندىكى شەرقنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان توققۇز تۇتۇق مەھكىمىسى، 42 ئايماق ۋە يۈز ناھىيەگە ئايرىدى.

670 - يىلى، كوگۇريۇنىڭ كونا زېمىنىدا جيەن مۇسېن رەھبەرلىكىدە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچىلار كوگۇريۇ خان جەمەتىدىن بولغان ئەن شېڭنى خان قىلىپ تىكلىدى ھەمدە سىللادىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سىللانىڭ ۋېنۇۋ خانى ئۇلارنى قوللىدى ھەمدە ئەنشېڭنى سىللانىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا كوگۇريۇ خانى دېگەن نامنى بەردى. 670 - يىلىدىن 676 - يىلىغىچە سىللا بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەنلىكتىن، سىللا قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى ئەسلىدە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت يەرلىك ھاكىمىيىتى بولغان كوگۇريۇنىڭ داتۇڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلىرىنى تارتىۋالدى. 735 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن سىللا ھۆكۈمىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كىتاب ھەدىيە قىلىش ۋە تەكلىپنامە شەكلىدە ئۆز - ئارا ھۆججەت ئالماشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا پېيجياڭ (ھازىرقى داتۇڭ دەرياسى) دەرياسىنى چېگرا قىلىشنى بېكىتتى. داتۇڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ

شىمالىي يېرىم رايونى كېيىنچە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق ئاز سانلىق مىللەت يەرلىك ھاكىمىيىتى بولغان بوخەي دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى.

**فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى** پېكچېنىڭ كونا زېمىنىنى ۋە داتۇڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوگۇريۇنىڭ كونا زېمىنىنى قوشۇۋالغان سىللا ھۆكۈمىتى خېلى كۆپ زېمىننى كونترول قىلىپ، ئۇنى قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار ۋە تۆھپە ياراتقان ئەمەلدارلارغا ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ئىنئام قىلدى. 687 ـ يىلى شېنۇېن خان (681 ــ 692) قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار ئارىسىدا مائاش سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەنسىپىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بويىچە يەر ئىنئام قىلىپ، مائاشىنىڭ ئورنىنى تولۇقلىدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى بىر مەھەل توختىتىپ، ئىجارە يېرى ئىنئام قىلىشقا ئۆزگەرتتى. 757 ـ يىلى جىڭدې خان (742 ــ 765) يەنە مائاش سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئىلگىرىكى خانلارنىڭ قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارغا سۇيۇرغال ئىنئام قىلىشىنىڭ تۈزۈملەشتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تۈزۈم سىللارنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر يولغا قويۇلدى. بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ئىنئام قىلىنغان يەرنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، 693 ـ يىلى شياۋ جاۋ خان (692 ــ 702 ـ يىللار) بەيلى ئىبادەتخانىسىغا 10 مىڭ گېكتار يەر ئىنئام قىلغان بولۇپ بۇ يەرلەرنى تېرىغۇچى دۆلەت دېھقانلىرىدىن روھانىي ۋە دەھرىي فېئودالالار ئىجارە ھەققى ئالاتتى.

شېڭدې خان (702 ــ 737) دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 722 ـ يىلى «پۇقرالارغا نوپۇس ئېتىزى بېرىلدى. ھۆكۈمەت 15 ياشتىن ئاشقان ئەرلەرگە بەلگىلىك كۆلەمدە يەر تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە جان

سانىغا تەقسىم قىلىنغان يەرگە ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلىشقا، باقىمەند يەرگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولاتتى، بىراق سېتىش ـ سېتىۋېلىش چەكلەنگەنىدى. يەرگە ئىگە بولغان دېھقانلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرگە باغلىنىپ قېلىپ، دۆلەتنىڭ بېقىندى دېھقانلىرىغا ئايلاندى، ئۇلار دۆلەتكە يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشى، ئالۋان ـ ھاشار ۋە تارتۇق بۇيۇملىرىنى زىممىسىگە ئېلىشى شەرت ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاخىرقى مەزگىللەردە سىللادا يەر تۈزۈمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى جەھەتتە، فېئوداللىق يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مائاش سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بىلەن دۆلەت دېھقانلىرىنىڭ ئۈلۈشلۈك يەر تۈزۈمىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق شەكلى بولغان فېئوداللىق تۈزۈم ئورنىتىلدى. بۇ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدۇر.

مائاش سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بىلەن نوپۇس يېرى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئاساس سېلىندى. جىڭدې خان دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىنغان مەركىزىي مەمۇرىي ئورگانلار تەرتىپكە سېلىندى، يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈملەر ئىسلاھ قىلىندى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىدا ئۆلكىلىك باش ۋەزىر كېڭىشى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرخىل فۇنكسىيەلەرگە مەسئۇل بولىدىغان بىر نەچچە مەھكىمە ياكى ۋەزىرلىكلەر قۇرۇلدى، كۆپىنچە ئورگانلار ۋە مەنسەپلەرنىڭ نامى خەنزۇچە قوللىنىلدى. پۈتۈن مەملىكەت 117 ۋىلايەتكە ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا 293 ناھىيە قۇرۇلدى. شېنۋېن خان دەۋرىدىلا مۇھىم جايلاردا بەش «كىچىك ئايماق» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا ناھىيە بولمايتتى، ئۇنىڭغا يېزا ـ قىشلاقلار بىۋاستە

قارايتتى. كىچىك ئايماقنىڭ مەمۇرىي باشلىقى (ئەمەلدارى)
ئورنى يۇقىرى ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن تەيىنلىنەتتى. يەرگە دۆلەت
ئىگىدارلىق قىلىش ۋە دۆلەت دېھقانلىرىغا ئۈلۈشلۈك يەر بېرىش
تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇنداق
سىياسىي تۈزۈلمە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ
فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئۇستقۇرۇلما جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە كېيىنكى
مەزگىللىدىكى سىللانىڭ دەسلەپكى بىر ئەسىرگە يېقىن نىسپىي
مۇقىم ۋەزىيىتى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا
پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. كەڭ دېھقانلار جاپالىق
ئەمگەك قىلىپ شال ئېتىزلىرىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى،
زىرائەتلەرنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان
كېمىسازلىق، لاكلانغان ساپال بۇيۇملار، فارفور بۇيۇملار، قورال ـ
ياراغ قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى
راۋاجلاندى. يىپەك توقۇمىچىلىق، زەرگەرچىلىك قاتارلىق قول
ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.
ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى سودا پەيدىنپەي جانلاندى. پايتەخت
كيۇڭجۇ ئىچكى ـ تاشقى سودا مەركىزىگە ئايلاندى. سىللا بىلەن
جوڭگو، ياپونىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى
چاۋشيەننىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيدى.
9 ـ ئەسىردە چاۋشيەننىڭ غەربىي جەنۇب دېڭىزىدىكى مۇھىم ئارال
چىڭخەي بازىرى (بۈگۈنكى كورىيە دۆلىتىنىڭ چوللا نام ئۆلكىسى
كاڭجىن ۋىلايىتىدىكى ۋەنداۋ ئارىلى)نى قوغداشقا مەسئۇل
مەشھۇر سەردار گۇڭفۇ (خەنزۇچە ئىسمى جاڭ باۋگاۋ (张保皋)،
ياپونىيەنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا جاڭ باۋگاۋ (张保高)؟ ـ 846
دەپ يېزىلىدۇ) سىللانىڭ مەنسەپدار سودىگىرى بولۇپ، سىللا،
تاڭ سۇلالىسى ۋە ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز سودىسىدا
ئىنتايىن زور پايدىغا ئېرىشكەنىدى. گۇڭفۇنىڭ سىللا

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى سىياسىي كۈرەشكە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولۇپ، شىڭدې خان، شىڭاڭ خان، ۋېنئىي خان ۋە شېنۋۇ خان قاتارلىقلار خانلىق تەختىنى تالىشىپ مۇرەككەپ كۈرەش جەريانىدا، ئۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ شېنۋۇ خاننىڭ تەختنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەملەشكەنلىكتىن 2000 تۈتۈنلۈك سۇيۇرغالغا، دېگىز باسقاق سانغۇنى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 846 ـ يىلى، گۇڭفۇ ھەتتا ۋېنشىڭ خان (839 ـــ 857)نى ئاغدۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى، بىراق ئۇنى يەنچاڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

**سىللانىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى** فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ زېمىنىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، زېمىندارلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. ئاقسۆڭەكلەر، بيۇروكراتلار، ئىبادەتخانىلاردىكى فېئودال راھىبلار سۇيۇرغال زېمىننى خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ دېھقانلارنىڭ ئۈلۈشلۈك يەرلىرىنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق خۇسۇسىي قورۇقلىرىنى قۇردى ۋە كېڭەيتتى. يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران بولۇپ قېچىپ، ئاقسۆڭەك، بيۇروكراتلارنىڭ خۇسۇسىيلار بېقىندى دېھقانلىرى، قۇل دېدەكلىرى ياكى ئائىلە لەشكىرىگە ئايلىنىپ، ئەھۋالى كۈرۈنەرلىك ھالدا يامانلاشتى. فېئوداللىق يەرگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەك ـ بيۇروكراتلار شايكىسىنىڭ تەسىرى چوڭايدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، سىللا ھاكىمىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە چىرىكلەشتى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش قانلىق

كۆرىشى توختىماي يۈز بېرىپ، مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. دۆلەت دېھقانلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ھەر قايسى ئايماق ـ ۋىلايەتلەرنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان باج ـ سېلىقىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ، سىللا ھۆكۈمىتىنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالدى. شۇڭا ھۆكۈمەت دېھقانلارنى شىلىۋېلىشنى كۈچەيتتى. 889 ـ يىلى (ئايال پادىشاھ جىنشېڭنىڭ 3 ـ يىلى) سىللا ھۆكۈمىتى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە باج ـ سېلىقنى سۈيلەپ ئادەم ئەۋەتكەندە ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىققا ئۇچراپ، مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. يۈەنزۇڭ، ئەيىنۇلار قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، شافا ئايمىقى (بۈگۈنكى كيوڭسان بوك ئۆلكىسىدىكى سانجۇ) نى ئىگىلەپ، ئەمەلدار، زېمىندارلارنى ئۆلتۈردى. جۇجۇ (بۈگۈنكى گيېئوڭكى ئۆلكىسى جۇشەن)، بېيىۈەن (بۈگۈنكى كاڭبول ئۆلكىسى بول ئايمىقى)، ۋەنشەن ئايمىقى (بۈگۈنكى چوللا بوك ئۆلكىسىدىكى چوڭ ئايمىقى) قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلارمۇ بەس ـ بەستە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە لياڭجى رەھبەرلىكىدىكى بېيىۈەن قوزغىلىڭى دەبدەبىلىك بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار بېيىۈەن ئەتراپىدىكى ئون نەچچە ۋىلايەت ـ ناھىيەنى ئىگىلىدى. 896 ـ يىلى شىنەن رايونىدا يەنە قىزىل ئىشتانلىقلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ھەممىلا جايدا فېئودال كۈچلەرگە زەربە بەردى، شەرققە ھۇجۇم قوزغاپ پايتەخت كيوڭجۇ ئەتراپىدىكى مۇلياڭلىغىچە يېتىپ باردى. دېھقانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرى سىللا فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا زەربە بېرىپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ـ ئايماقلىرىنى تامامەن كونترول قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 897 ـ يىلى ئايال پادىشاھ جىنشېڭ تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا بەزى ئاقسۆڭەك، بيۇروكرات، ئەلەمدارلار دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى

www.uyghurkitap.com

ئالماشتۇرۇش سۇيىقەستىدە بولدى، چوڭ ـ كىچىك تەپرىقىچى مۇشتۇمزورلار ئوتتۇرىغا چىقتى، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كورىيە، كېيىنكى پېكچى ۋە سىللادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

كورىيە دۆلىتىنى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان راھىب گۇڭ يى قۇردى. 891 ـ يىلى گۇڭ يى جى شۇەن رەھبەرلىكىدىكى جۇجۇ ئايمىقىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىغا قاتناشتى، كېيىنكى يىلى لياڭ جى رەھبەرلىكىدىكى بېيىۋەن دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، لياڭ جىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى، لياڭ جى ئۇنىڭغا لۆجۇن ناھىيەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەسكەر ئايرىپ بەردى. گۇڭ يى تەسىرىنى زورايتقاندىن كېيىن، 897 ـ يىلى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، ئالدى بىلەن چېئولۋېئون (بۈگۈنكى كاڭبول ئۆلكىسىدىكى چېئولۋېئون) دا تۇردى، كېيىن سۇڭيۆ (بۈگۈنكى گىيېئوڭكى ئۆلكىسىدىكى كائىسوڭ) گە كۆچتى. 899 ـ يىلى لياڭ جى قوشۇنىنى باشلاپ گۇڭ يىغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ فېيناۋ شەھىرى ئەتراپىدا جەڭ قىلدى، لياڭ جى مەغلۇپ بولۇپ كېتىپ قالدى. 901 ـ يىلى گۇڭ يى كورىيە خانى دەپ ئاتالدى، 904 ـ يىلى دۆلەت نامىنى موجېن دەپ ئاتىدى، 911 ـ يىلى دۆلەت نامىنى تەيفېڭغا ئۆزگەرتتى، ئۇ شىمالدا پىخسىنيانغىچە، جەنۇبتا سانجۇغىچە بولغان زېمىنغا ئىگە بولدى. كېيىنكى پېكچى سۇلالىسىنى يەرلىك زومىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان غەربىي جەنۇب دېڭىزى رايونلۇق پىجىياڭ جېنشۇەن قۇردى. 892 ـ يىلى، جېنشۇەن شىنەنجۇ ناھىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋۇجېنجۇ (بۈگۈنكى چوللا ئۆلكىسىدىكى كۋاڭجۇ)دا تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلدى، 900 ـ يىلى ئۆزىنى كېيىنكى پېكچى سۇلالىسى خانى دەپ جاكارلاپ، ۋەنشەن ئايمىقىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى ۋە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى. جېنشۇەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىلىمىزنىڭ بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق زامانىسىدىكى ۋۇ، يۆ، كېيىنكى تاڭ قاتارلىقلار بىلەن دوستانە ئالاقىدە بولدى ھەمدە ياپونىيەگە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان سىللانىڭ دۆلەت كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئۇ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئىگىلىگىنىگە شۇكرى قىلىپ ياتتى.

## 2. كورىيە سۇلالىسى

كورىيە سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كېڭەيمىچىلىكى 918 ـ يىلى تەيفېڭ دۆلىتىنىڭ ئالىي سانغۇنى، چوڭ زېمىندار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋاڭ جيەن گوڭ يىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، دۆلەت نامىنى كورىيەگە ئۆزگەرتتى، كېيىنكى كائېسۇڭ (بوگوڭكى گېيئوڭكى ئۆلكىسىدىكى كائېسۇڭ) نى پايتەخت قىلىپ بېكىتىپ، ۋاڭ جەمەتىنىڭ كورىيە فېئوداللىق سۇلالىسىنى قۇردى. ۋاڭ جيەن كورىيەنىڭ تۇنجى خانى (918 ــ 943) ھېسابلىنىدۇ. ۋاڭ جيەن سىللا بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، كېيىنكى پېكچېغا قارىتا ھۇجۇم ـ مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى ھەمدە تەپرىقىچى مۇشتۇمزورلارنى تەدرىجىي يوقاتتى. 935 ـ يىلى سىللانىڭ خانى جىڭشۇن كورىيەگە ئەل بولدى. شۇ يىلى كېيىنكى پېكچېدا ئاتا ـ بالا جېنشۇەنلەر ئارىسىدا تەخت تالىشىپ ئىچكى نىزا يۈز بەردى، ۋاڭ جيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېيىنكى پېكچېغا ھۇجۇم قىلدى، 936 ـ يىلى كېيىنكى پېكچې مۇنقەرز بولدى، سىللانىڭ كونا زېمىنىنى كورىيە سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈردى.

كورىيە سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، 919 ــ 930 ـ يىللار ئارىلىقىدا بوخەي بەگلىكى ئاجىزلاشقان ۋە قىتانلار بىلەن بوخەيلەر ئوتتۇرىسىدا مىللىي زىددىيەت يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىللا بىلەن تاڭ سۇلالىسى

www.uyghurkitap.com

بېكىتكەن پېيجياڭ دەرياسى (داتوڭ دەرياسى) چېگراسىدىن ئۆتۈپ، غەربىي شىمالغا قاراپ كېڭەيدى. ئالدى بىلەن دەريانىڭ شىمالىغا ئاھالە كۆچۈردى، ئاندىن كېيىن لوڭگاڭ، شېنىيۇڭ ناھىيەلىرى، چېڭجۇ ئايمىقى، تاڭجىڭ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، چىڭچۇەن دەرياسى ۋادىسىدا تۇڭدى، شىڭدې، يۇڭچىڭ، ئەنشۈي، شىمالىنى تىنچلاندۇرغۇچى مەھكىمە قاتارلىق بازار ـ قەلئەلەرنى ياسىدى. قىتانلار بوخەيلەرنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، كورىيە يەنە بوخەينىڭ قالدۇق ئاھالىلىرى بولغان جۇرجىتلار بىلەن قىتانلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋالغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا يېڭىدىن گۈللەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ـ قىتانلارنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت يەرلىك ھاكىمىيىتى ـ بوخەي بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆز باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كورىيە سۇلالىسى جۇرجىتلار ماكانلاشقان رايونلارغا لەشكەر تارتىپ، قورغان ـ قەلئەلەرنى سېلىپ، يالۇجياڭ دەرياسى بويىغىچە يېتىپ كېلىپ، يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى، بۇ قىلمىش يەرلىك جۇرجىتلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. لياۋ سۇلالىسى جۇڭگو زېمىنىنى قوغداش، كورىيەنىڭ غەربىي شىمال تەرەپكە كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، 993 ـ يىلى دۇڭجىڭنىڭ باقاۋۇلى شياۋ سۇنىنىڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 800 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى كورىيەگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ھالبۇكى، جۇڭگودا لياۋ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا، لياۋ سۇلالىسى قوشۇنى دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندە، كورىيە بىلەن سۈلھى قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى نەچچە يۈز

چاقىرىم كېلىدىغان زېمىننى كورىيەگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. كورىيە يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ئەتراپلىرىدا ئەسلىدە لياۋ سۇلالىسىنىڭ دۆڭجىڭ ئۆلكىسى قارىمىقىدىكى يەرلەردە شىڭخۇا، تۇڭجۇ، لۇڭجۇ، تېجۇ، گوجۇ، گۇيجۇدىن ئىبارەت ئالتە بازار ۋە بەزى قورغان ـ قەلئەلەرنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى جۇڭگو ـ چاۋشيەن چېگراسىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن لياۋ سۇلالىسى يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئالتە ئايماقنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، 1010 ـ يىلى كورىيە بىلەن قايتا ئۇرۇش قىلدى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەقسىتىگە يېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كورىيە شەرقىي شىمال تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلدى، ئۇ جۇرجىتلار بىلەن قىتانلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، چاڭبەيشەن تېغىدا تۇرۇشلۇق جۇرجىت ئاقسۆڭەكلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇردى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇرجىتلار رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، مۇستەملىكىسىنى كېڭەيتتى. 1010 ـ يىلىدىن باشلاپ يالۇجياڭ دەرياسى ئېغىزىدىن چاۋشيەننىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىغىچە تۇتىشىدىغان ئاتالمىش «مىڭ چاقىرىملىق سېپىل» نى سوقتى، سېپىل بويىدا نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلارنى سالدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە جۇرجىتلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ۋە قوراللىق كۈچ بىلەن پىلە قۇرتىدەك يېيىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مىڭ چاقىرىملىق سېپىلنىڭ شىمالىغا قاراپ كېڭەيدى. 1107 ـ يىلى زورلۇق بىلەن شيەنجۇ، يىڭجۇ، شيۇڭجۇ، جىجۇ، فۇجۇ، گۇڭشيەنجېن، تۇڭتەيجېن، چۈكنىڭجېن، جېنياڭجېن قاتارلىق توققۇز بازارنى سالدى، شيەنجۇدا باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. يەرلىك جۇرجىتلار قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، خېلەندىيەندىكى

www.uyghurkitap.com

قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە كورىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن كورىيە توققۇز بازارنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

**تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى ۋە ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يېرى تۈزۈمى** تەيزۇ خان ۋاڭ جيەن يەرلىك تەپرىقىچى مۇشتۇمزورلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، كورىيە ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلىپ، يەر تۈزۈمى بىلەن ئىجارە ھەققى ۋە باج ـ سېلىق تۈزۈمىنى تەڭشەپ، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ پايدىلىق شارائىتىنى ھازىرلىدى.

940 ـ يىلى (تيەنشۇنىڭ 23 ـ يىلى) ۋاڭ جيەن دۆلەت ئىلكىدىكى بىر قىسىم يەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلغان، يەنى «ئوردىدىكى ئەمەلدار، ياساۋۇللارنىڭ ئەمەل دەرىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا پەزىلىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، تۆھپىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە ئۇلۇشلۇك تېرىلغۇ يەر» بەرگەنىدى. جىڭزۇڭ دەۋرى (976 ــ 981)گە كەلگەندە، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەر قايتىدىن كەڭ كۆلەمدە تەقسىم قىلىندى. 976 ـ يىلى «تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى» ئېلان قىلىندى. ھۆكۈمەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەر ۋە ئورمانلىقلارنى قايتىدىن رويخەتكە ئالدى، قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارنى كېيىنىش ـ ياسىنىشى بويىچە سەككىز تۈرگە ئايرىدى، ئەمەل دەرىجىسى بويىچە ئەمەس، پەزىلىتى بويىچە بىر نەچچە دەرىجىگە ئايرىدى، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان تېرىلغۇ يەر ۋە ئورمانلىق تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بىنەپشەرەڭ نىمچىدىن يۇقىرى بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىرلەرگە تېرىلغۇ يەر ۋە ئورمانلىقنىڭ ھەر

قايىسىدىن 110 جىڭ[1]، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك يوللۇق يېشىل ئىمچىدىن يۇقىرى ئونىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا تېرىلغۇ يەردىن 21 جىڭ، ئورمانلىقتىن 10 جىڭ بۆلۈپ بېرىلدى. بۇنداق پەزىلەت دەرىجىسى زىيادە مۇرەككەپ ۋە چىگىش بولغاچقا، موزۇڭ خان (998 ــ 1009) 998 ـ يىلى قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارنىڭ مەرتىۋىسىنى 18 دەرىجىگە ئايرىدى ھەمدە تېرىلغۇ يەر بىلەن ئورمانلىقنىڭ ئۆلچىمىنى تۆۋەنلەتتى. بىرىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەرگە 100 جىڭ تېرىلغۇ يەر، 70 جىڭ ئورمان بۆلۈپ بېرىلدى، مەرتىۋە بىر دەرىجە تۆۋەنلىسە، تېرىلغۇ يەر تەخمىنەن بەش جىڭدىن كېمەيتىلدى، ئون بەشىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەرگە 30 جىڭ تېرىلغۇ يەر، 10 جىڭ ئورمان بۆلۈپ بېرىلدى. مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئون سەككىزىنچى دەرىجىلىكلەرگە تېرىلغۇ يەردىن 20 جىڭ بۆلۈپ بېرىلىپ، ئورمان بېرىلمىدى.

كورىيە تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سىللا دەۋرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئاقسۆڭەك ـ بيۇروكراتلارنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ تۈزۈمدە سىللانىڭ مائاش سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىگە ئورمانىنى قوشقاندىن باشقا، يەنە تېرىلغۇ يەر بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى؛ ئىكار تەلەپلەر (يەرلىك

① جىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردىكى كورىيەدىكى شالىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى بويىچە ھېسابلىنىدىغان شاللىقنىڭ كۆلەم بىرلىكى. سىللا دەۋرىدىن باشلاپلا جىڭ، قۇ، شۇ، با تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، 10 با شال بىرشۇ، 10 شۇ بىر فۇ، 100 فۇ بىر جىڭ بولىدۇ. كورىيە سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ تۈزۈم داۋاملىق قوللىنىلغان. ۋېنزۇڭ خان زامانىسىدا 1069 ـ يىلىدىن باشلاپ، تېرىلغۇ يەر گەز تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئالتە سۇڭ بىر فۇڭغا، 10 فۇڭ بىر گەزگە، ئالتە گەز بىر بۇغا تەڭ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر جىڭدىن 10 جىڭغىچە بولغان تېرىلغۇ يەرنىڭ ئەمەلىي كۆلىمى بېكىتىلگەن؛ بىر جىڭ كىۋادرات تېرىلغۇ يەر 88 بۇغا، ئىككى جىڭ كىۋادرات تېرىلغۇ يەر 47 بۇغا، 10 جىڭ كىۋادرات تېرىلغۇ يەر 104 بۇ سەككىز فۇڭغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

تۆرىلەر) گە ئۆز يېنىغا تارتىش مەقسىتىدە تېرىلغۇ يەر بۆلۈپ بېرىلدى؛ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ئەسكەر مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تېرىلغۇ يەر بۆلۈپ بېرىلدى. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئەمەلدار بولسا، بىكار يۈرگەن ۋاقتىدا بېرىلگەن تېرىلغۇ يەر بىلەن ئورمانىنى قايتۇرۇۋېلىنىپ، ئەمەل مەرتىۋىسى بويىچە يېڭىدىن تېرىلغۇ يەر ۋە ئورمان بۆلۈپ بېرىلەتتى. ھۆكۈمەت ئەسكىرى 20 ياشتىن باشلاپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەندە تېرىلغۇ يەر بۆلۈپ بېرىلەتتى. 60 ياشتىن ئېشىپ ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەندە، تېرىلغۇ يەر قايتۇرۇۋېلىناتتى، ئەگەر پەرزەنتلىرى بولسا تېرىلغۇ يەر ۋە ئەسكەرلىككە ۋارىسلىق قىلاتتى، ئۇنداق بولمىسا ئەسكەرلىك سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشىكباقارلىققا قويۇلاتتى.

قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار، بىكار تەلەپلەر، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن تېرىلغۇ يەر ۋە ئورمان خۇسۇسىي تېرىلغۇ يەر دېيىلسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلىنىدىغان ۋەزىپە يېرى بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇلاتتى، ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايتتى. بىراق بۇ تېرىلغۇ يەر ـ ئورمانلارنى ئىگىدارلىق قىلغۇچى بىۋاسىتە ئىدارە قىلمايتتى ۋە باشقۇرمايتتى، ئۇ پەقەت يەر ئىجارىسىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئىجارە ھەققىنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش بەلگىلەيتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆھپىكارلارنىڭ تېرىلغۇ يەر ـ ئورمانلىقى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر ـ ئورمانلىقى بار ئىدى. ئالدىنقىسى تۆھپىكار ۋەزىرلەر، ساداقەتمەن تۆرىلەر ۋە بەشىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. بۇ تۇزۇم 977 ـ يىلى (جىڭزۇڭنىڭ 2 ـ يىلى) ۋە 1049 ـ يىلى (ۋېنزۇڭنىڭ 3 ـ يىلى) ئىلگىرى ـ كېيىن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق يەرگە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋارىسلىق قىلسا بولاتتى؛ كېيىنكىسى ئوردا ـ

ساراي، دىۋان، مەھكىمە، ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيە، ئۆتەڭ قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بۆلۈپ بېرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر - ئورمان بولۇپ، مەمۇرىي خىراجەتنى تولۇقلاش ئۈچۈن 983 - يىلى (چېڭزۇڭنىڭ 2 - يىلى) دىن باشلاپ يولغا قويۇلغانىدى.

كورىيە سۇلالىسى تېرىلغۇ يەر - ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى بارلىق يەرنى تەقسىم قىلىنىۋەتمىدى، ھۆكۈمەت بىۋاستە ئىجارە ھەققى ئالىدىغان خېلى كۆپ يەرنى ساقلاپ قالدى، ئۇ «ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يېرى» دېيىلىپ، «ئىنتائەتمەنلەر» (دۆلەت دېھقانلىرى) نىڭ تېرىشىغا تەقسىم قىلىنىپ، «جان سانى يېرى» سۈپىتىدە ھەر بىر كىشىگە بەش جېدىن بېرىلدى. 70 ياشتىن ئاشقاندا ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەنلەر، ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغىمۇ جان سانى يېرى تەقسىم قىلىنىپ، ھەر بىر كىشىگە سەككىز جېدىن بېرىلدى. ھۆكۈمەت «ئىنتائەتمەنلەر» دىن ئىجارە ھەققى ئالاتتى، 992 - يىلى يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك سۇلۇق ۋە بىنەم يەرلەردىن ئوخشاشلا دارامەتنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىجارە ھەققىگە تۇتۇپ قېلىش بەلگىلەندى.

كورىيە سۇلالىسى تېرىلغۇ يەر - ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈمەت يېرى تۈزۈمىدە سىللانىڭ مائاش سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى ۋە نوپۇس تېرىلغۇ يېرى تۈزۈمىدىن ئىبارەت يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى بىلەن دۆلەت دېھقانلىرىنىڭ ئۈلۈشلۈك يەر تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى، بۇ ناتۇرال ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى بېرىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىراجەتلىرىنى تولۇقلاش، قوشۇنلارنىڭ ئەسكەر مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈمدۇر.

**ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتى** كورىيە

سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، تەپرىقىچى كۈچلەرنىڭ يوقىتىلىشى، سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ پەسىيىشى، يەر تۈزۈمىنىڭ تەڭشىلىشى، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ قايتىدىن ئورنىتىلىشى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولدى. جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، كورىيە ھۆكۈمىتى باج - سېلىق، ئالۋان - ھاشارنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، خارلار (قارا خەلق)نى ئىتائەتمەنلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، جازانىخورلۇقنى چەكلەش قاتارلىق سىنىپىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىدىغان چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىم مەنبەسىنى ئېچىش، خەزىنىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يەنە بوز يەر ئاچقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى قوغداش، ئۇرۇق قەرز بېرىش، دېھقانلارنى پىلە بېقىشقا يېتەكلەش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرىدىغان بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، سۇلالىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان دېھقانچىلىقنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى.

كورىيە ھۆكۈمىتى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. كائېسوڭدا قورال - ياراغ نازارىتى، ھەرەم مەھكىمىسى، مېتاللچىلىق مەھكىمىسى، بوياقچىلىق باش مەھكىمىسى قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ياموۇل - مەھكىمىلەر قۇرۇلۇپ، نەچچە ئون خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنى باشقۇردى. خارلار دەپ قارالغان كاسىپلار ۋە ھەر قايسى جايلاردىن ھاشارغا ئېلىپ كېلىنگەن ئۇستىلار ياسىغان تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىدىن مەخسۇس خان جەمەتى ۋە ئاقسۆڭەكلەر بەھرىمەن بولاتتى. يىپەك توقۇلما، مىس، تۆمۈر، ساپال ۋە فارفور، قەلەم، سىياھ، قەغەز، سىياھدان، سىرلانغان بامبۇك قاچا - قۇچا قاتارلىق بۇيۇملارنى يەرلىك قول

ھۈنەرۋەنچىلىك تارماقلىرىدا ياكى ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا مەخسۇس كاسسىپلار ياسايتتى، ياكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلاتتى. ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى دائىملىق سېلىق ياكى باشقا سېلىقلار نامىدا دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

كورىيە سۇلالىسى زامانىدا سودىنى ئاساسلىق ھۆكۈمەت تىزگىنلىۋالغانىدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىجارە ھەققى ۋە باج ـ سېلىق شەكلىدە تۆرگۈم ـ تۆركۈملەپ كائىپسۇڭ ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى مەمۇرىي مەركەزلەرگە كەلتۈرۈلەتتى. 1208 ـ يىلى (شىزۇڭنىڭ 4 ـ يىلى)، كورىيە ھۆكۈمىتى كائىپسۇڭدا «چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەھلىز» ياساپ ھەر قايسى جايلاردىن يىغىۋېلىنغان تارتۇق بۇيۇملار سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنداق بۇيۇملار سودىسىنى ھۆكۈمەت تەرەپ ياكى ئالاھىدە ئىجازەتكە ئېرىشكەن سودىگەرلەر سۇڭ سۇلالىسى ۋە ياپونىيە بىلەن قىلاتتى. ھۆكۈمەت باشقۇرغان ياكى كونترول قىلغان بۇنداق ئىچكى ـ تاشقى سودا ئاساسلىقى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلاتتى. شەخسلەرنىڭ سودا پائالىيىتى چەكلىك ئىدى. كائىپسۇڭ ۋە باشقا بەزى چوڭ شەھەرلەردىكى بازارلاردا گۈرۈچ بىلەن رەختكە بەزى تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرى ئالماشتۇرۇلاتتى. ھەر قايسى يېزا ـ قىشلاقلار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغانلار بولسىمۇ، لېكىن شەخسلەرنىڭ سودا پائالىيەتلىرىنى ھۆكۈمەت قاتتىق كونترول قىلاتتى.

ئىچكى ـ تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوبوروت ۋاستىلىرىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلەتتى. 966 ـ يىلى (چېڭزۇڭنىڭ 15 ـ يىلى) كورىيەدە «تۆمۈر پۇل ئىشلىتىلىشكە باشلىدى». 1097 ـ يىلى (سۇزۇڭنىڭ 2 ـ يىلى) «پۇل قۇيۇشقا مەسئۇل ئەمەلدار بەلگىلەندى». 1101 ـ يىلى (سوزۇڭنىڭ 6 ـ

يىلى) پۇل قۇيۇش چۇرىنىڭ نازارەتچىلىكىدە بەلگە سېلىنغان، تەخمىنەن يۈز توپ رەختىنىڭ قىممىتىگە توغرا كېلىدىغان، پارچە - پۇرات كۈمۈشلەرنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر چېڭ ئېغىرلىقتىكى كۈمۈش لوڭقا قۇيۇلدى. كېيىنكى يىلى مىس پۇل قۇيۇلدى. «كورىيە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 78 - جىلد، يېمەكلىكلەر تەزكىرىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۈگۈن پۇل قۇيۇش باشلاندى. قۇيۇلغان مىس پۇلدىن 15 مىڭ تىزىق يىغىلىق سۇپىتىدە مەركىزىي پەرمان چىقىرىش مەھكىمىسى، ئەلەمدار - قەلەمدار ئاقسۆڭەكلەرگە ئايرىم - ئايرىم ئىنئام قىلىندى، پۇلدا «خەيدۇڭ تۇڭباۋ» (海东通宝)دېگەن خەت بار ئىدى. پۇل قۇيۇش باشلىنىشى بىلەنلا تېيىمياۋ ئىبادەتخانىسىغا ئۇقتۇرۇلدى.» 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كورىيەدە جۇڭگو يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇلىدىن يامبۇ، جۇڭتۇڭباۋ پۇللىرىغىچە ئوبوروت قىلىنغانىدى. ئەمما، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تازا تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، پۇل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشمۇ قىيىن بولدى. 1355 - يىلى (گوڭمىن خاننىڭ 4 - يىلى)، ئەمەلدارلار بىر قېتىم قانداق پۇلنى ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بەزىلەر كۈمۈش لوڭقا، مىس پۇللارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى ئىشلىتىشنى ئىنكار قىلىپ، تەڭگە (كۈمۈش پۇل) ئىشلىتىشنى، ھۆكۈمەت كۈمۈش ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردىكى ئاھالىلەرگە كۈمۈش قېزىشتا خىراج تاپشۇرۇش، ئۇلارنىڭ باج - سېلىق، ئالۋان - ھاشىرىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەخسلەرنىڭ قولىدىكى كۈمۈش ئەسۋابلارنى سېتىۋېلىپ، ھۆكۈمەت «ۋۇشېڭبۇ» (五升布) دېگەن خەت بېسىلغان تەڭگە قويۇپ، ئۇنى ئوبوروت ۋاسىتىسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ۋاڭ جەمەتىنىڭ كورىيە سۇلالىسى دەۋرىدە، فېئوداللىق دۆلەت قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىچكى - تاشقى سودا جەھەتتە قاتتىق كونترول قىلغانلىقتىن تاۋار

ئىشلەپچىقىرىش ۋە پۇل ئىگىلىكى تازا تەرەققىي قىلمىدى.

خان، ئاقسۆڭەك، قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار، مەرتىۋىلىك راھىب قاتارلىقلار فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى شەكىللەندۈردى. ئاقسۆڭەكلەر بىلەن قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار («ئىككى قاتار»[①] دېيىلىدۇ) سىياسىي ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولاتتى. دۆلەت دېھقانلىرى «ئىستائەتمەنلەر» دېيىلەتتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسلىق ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلاتتى. ئۇلار ھەمىشە ئېغىر شەكىلدىكى قارشى چىققانلىقى ۋە قەرزدار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خارلارغا ياكى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ مالاي ـ دېدەكلىرىگە ئايلىناتتى. خارلارنىڭ كۆپىنچىسى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق رايون «ماكان» ياكى «تارماق» دېيىلەتتى، ئۇنىڭ ئورنى ئادەتتە ناھىيە، يېزىلاردىن تۆۋەن تۇراتتى. كورىيە ھۆكۈمىتى بەزىدە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن خەلقنى پۈتۈن ناھىيە، پۈتۈن يېزا بويىچە خارلار دەرىجىسىگە، ناھىيە ۋە يېزىلارنى ماكان ياكى تارماق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتەتتى؛ بەزىدە خارلارنى ئىستائەتمەنلەر دەرىجىسىگە، ماكان ۋە تارماقنى ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلاتتى. كورىيە سۇلالىسى ئىككى قاتارنىڭ ئىمتىيازىنى قانۇن ـ پەرمانلار بىلەن قوغداپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن يۇقىرىسىغا ھېسابلىغاندا، سەككىز ئەۋلاد ئىچىدە بىرەرسى مالاي ياكى دېدەك بولغان كىشى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ قۇل دەپ قاراش، ئۇلارنىڭ ئەمەلدار بولۇشىغا يول قويماسلىقنى بەلگىلىگەنىدى. سانى ناھايىتى كۆپ بولغان خارلار بىلەن ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ مالاي ـ دېدەكلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

① ساراي كېڭىشى ئۆتكۈزگەندە مۇلكى ـ ئەمەلدارلار (قەلەمدارلار) شەرق تەرەپتە قاتار تۇرغاچقا، قەلەمدارلار قاتارى ياكى شەرقىي قاتار دېيىلەتتى؛ ئەلەمدارلار غەرب تەرەپتە قاتار تۇرغاچقا، ئەلەمدارلار قاتارى ياكى غەربىي قاتار دېيىلەتتى، بۇ قىسقارتىپ ئىككى قاتار دېيىلەتتى.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

هوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ هوقۇقنى مونوپول قىلىۋېلىشى ۋاڭ جەمەتى قۇرغان كورىيە دۆلىتى سىللانىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىپ، هوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. چېڭزۇڭ (982 — 997) دەۋرىدە، جىڭزۇڭ يولغا قويغان تېرىلغۇ يەر - ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى ئاساسىدا مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سالدى. مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگىنىدا ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكى ئاستىدا تۈرلۈك ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەمدە خانغا تەكلىپ ۋە مەسلىھەت بېرىدىغان ۋازارەت تەسىس قىلىندى؛ باش دىۋان ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇراتتى، ئۇنىڭ ئاستىدا مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى، نوپۇس پىرقىسى، شىغاۋۇل پىرقىسى، لەشكىرىي پىرقە، زىندان پىرقىسى ۋە تەمىرات پىرقىسىدىن ئىبارەت ئالتە پىرقە (كېيىنچە ئالتە باشقارما، ئالتە مەھكىمە دەپ ئاتالدى) تەسىس قىلىندى؛ ئۈچ مەھكىمە مالىيەنى باشقۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان تەپتىشبەگ مەھكىمىسى، ھۆججەت - ماتېرىياللارنى پۈتۈدىغان دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسى، مۇھىم ھەربىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەركىزىي مەھكىمە تەسىس قىلىندى. دۆلەتنىڭ بۇ ئاپپاراتلىرىنى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان — كورىيە سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سىللا دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر «خېبەي» («和白») يىغىنىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى — باسقاق بەگ مەھكىمىسى باشقۇراتتى، 1279 - يىلى (جۇڭلې خانىنىڭ 5 - يىلى) ئۇنىڭ نامى باش مۇھاكىمە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قەلەمدار - ئەمەلدارلاردىن



www.uyghurkitap.com

تەركىب تاپقان مەھكىمە بولۇپ، خاننىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى قاراپ چىقىشقا نائىبلىق قىلاتتى. يەرلىك مەمۇرىيەت بويىچە پۈتۈن مەملىكەت 10 ئۆلكە، ئۆلكىلەرگە قاراشلىق 128 ئايماق، 449 ناھىيەگە بۆلۈندى. يەنە پىخنىيان غەربىي پايتەخت، كيۆڭجۇ شەرقىي پايتەخت قىلىپ بېكىتىلىپ، ھەر قايسىسىدا باقاۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە مەھكىمە ئەسكىرىي تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يېشى 20 دىن ئاشقان، ئەسكەرلىككە يارايدىغان ئىتائەتمەنلەر ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىككى مۇنتىزىم قوشۇن، ئالتە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى، 45 باشلامچى قوشۇن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئادەم سانى تەخمىنەن 45 مىڭ ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىلىك يەرلىك دائىمىي قوشۇن بار ئىدى. ھەر قايسى مۇھىم جايلاردا ھېراۋۇل تەسىس قىلىنىپ ئەسكەر ۋە خەلققە چەك قويۇلدى. غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمالدىكى مۇھىم چېگرا بازارلىرىغا ئەمىر لەشكەر قويۇلدى.

كورىيە سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىككى قاتار ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر قەلەمدارلار بىلەن رەزىل ئەلەمدارلار ئارىسىدا يوشۇرۇن زىددىيەت بار ئىدى. چەت ئەللەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، سانغۇنلارنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئاخىر مۇلكىي ئەمەلدارلار بىلەن سانغۇنلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىشتىن ئىبارەت قانلىق كۈرەش يۈز بەردى. 1170 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، يىزۇڭ (1147 — 1170) مۇلكىي ئەمەلدارلارنى باشلاپ كائېسوڭ ئەتراپىدىكى پۇشىيەنيۇەنگە سەيلە ـ ساياھەت قىلغىلى بارغاندا، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بارغان سانغۇن جېڭ جۇڭفۇ، لى يىفاڭ قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، خانغا ھەمراھ بولۇپ بارغان بارلىق مۇلكىي ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى، پايتەختكە قايتقاندىن كېيىن مۇلكىي ئەمەلدارلارنى داۋاملىق قىرغىن قىلدى، يىزۇڭ خاننى تەختتىن چۈشۈردى ھەمدە ئۇنى كوجې

ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىپ، مىڭزۇڭ خان (1171 ــ 1197)نى تەختكە چىقاردى. بۇ ۋەقە تارىختا «گېڭگيەن توپىلىڭى» دەپ ئاتالدى. 1173 ـ يىلى شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئەمىر لەشكىرى جىن پۇداڭ جېڭ جۇڭفۇنى يوقىتىپ، مىڭزۇڭ خاننىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. جېڭ جۇڭفۇ قىساس ئالغاندا مۇلكىي ئەمەلدارلارنى يەنە بىر قېتىم قىرغىن قىلدى، بۇ ۋەقە تارىختا «گۇيسى توپىلىڭى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى قېتىملىق قانلىق ۋەقە بىرلەشتۈرۈلۈپ «گېڭ ــ گۇي توپىلىڭى» دېيىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەركەزدىن يەرلىككىچە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقنى مونوپول قىلىۋېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

ھەربىي ئەمەلدارلار ھوقۇقنى مونوپول قىلىۋالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، سانغونلار ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىشتىن ئىبارەت قانلىق ۋەقەلەر ئارقىمۇ ئارقا يۈز بېرىپ، سىياسىي ۋەزىيەت تۇراقسىزلىشىپ كەتتى. 1196 ـ يىلى (مىڭزۇڭنىڭ 26 ـ يىلى) سانغون سۇي جۇڭشەن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى سۇي جۇڭسۇي بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلاپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ كاتتىلىرىنى قەتلى قىلدى ھەمدە مەھكىمە ئەسكەرلىرىنىڭ سەردارلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئاكا ـ ئۇكا جىچۇن، لى جىراۋلارنى مەغلۇپ قىلدى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆكتىچىلەرنى تازىلاپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزدى. سۇي جۇڭشيەن ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى سۇي يۇ (يى)، سۇي يۈەن قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىڭزۇڭ، شېنزۇڭ (1198 ــ 1204)، شىزۇڭ (1205 ــ 1211) ۋە گاۋزۇڭ (1214 ــ 1259) قاتارلىق تۆت ئەۋلاد خاننى تەختتىن چۈشۈردى ۋە تەختكە چىقاردى، ھەر قايسى جايلاردىكى دېھقانلار، خارلار ۋە مالاي ـ چاكارلار قوزغىلىڭىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇپ، كورىيە سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى

سۇيۇرغال قورۇق غوجايىنلىرى ۋە يۇندىخورلار ئائىلىسىدىكى بالا ـ چاقىلاردىن تەشكىللەنگەن شەخسىي ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 60 يىل دەۋران سۈردى.

**كورىيە سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى خەلق قوزغىلىڭى** ھەربىي ئەمەلدارلار ھوقۇقنى مونوپول قىلىۋالغان چاغدا، ھاكىمىيەت چىرىكلىشىپ، سىياسىي ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى، خان جەمەتىدىكىلەر، ئىككى قاتار ئاقسۆڭەكلەر، يەرلىك مۇشتۇمزورلار ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى يەرلەرنى بەس ـ بەستە قوشۇۋېلىپ، ھەممىلا جايدا قورۇق سالدى. يەرگە خوجىسىلار ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى تېز راۋاجلاندى، يەرسىز دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن خارلارغا ۋە مالاي ـ چاكارلارغا ئايلاندى. تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يېرى تۈزۈمى ئومومىيۈزلۈك مەغلۇپ بولدى. ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يېرى ئازىيىپ، مالىيەدە قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەنلىكتىن، خەلققە زولۇق بىلەن ئالۋان ـ ياساق سالدى. 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېيېئوڭگى ئەتراپلىرىدا دېھقانلار ئېغىر ئالۋان ـ ھاشارغا چىدىماي ياقا ـ يۇرتلارغا قاچتى. ھۆكۈمەت قول ھۈنەرۋەنلەردىن ھەددىدىن زىيادە ئېغىر باج ئالغاچقا كاسىپلارمۇ بەس ـ بەستە ياقا يۇرتلارغا قاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدا بىر نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھايات كەچۈرۈشى قىيىنلىشىپ، ھەممىلا جايدا فېئودالىلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە چاۋشيەن تارىخىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قاتناشقان تەبىقىلەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، قوزغىلاڭ قاپلىغان رايونلارنىڭ كەڭلىكى، كۈرەش ئەھۋالىنىڭ كەسكىنلىكى جەھەتتە، چاۋشيەن تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

1176 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جەنۇبىتىكى كۇڭجۇ شەھىرى مىڭجى

www.uyghurkitap.com

ماكانىدىكى خارلار ۋاڭ يى، ۋاڭ سويىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كۆڭجۇنى ئىگىلىدى. ۋاڭ يى ئۆزىنى «ئاغ كېزەر ئەمىر لەشكەر» دەپ ئاتىدى. 3 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار كائىپىسۇڭدىن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن 3000 سىپەر ـ خىل ئەسكەرنى مەغلۇپ قىلدى. سامىنام رايونىدىكىلەر قوزغىلاڭغا بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشتى. سۈن چىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئەمىر لەشكەر دەپ ئاتاپ، كىيوسان ئۆلكىسىدىكى كاياسانىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، لى گۇاڭ كىيوگسان ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى مىروكساندا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مىڭزۇڭ خان بىلەن ئەلەمدارلار ھاكىمىيىتى كۆڭۈلنى ياساش سىياسىتىنى قوللىنىپ، مېڭخې ماكانىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، تروڭتھۋان ناھىيەسى دەپ نام بەردى ھەمدە ئامبال ۋە چېرىكچى تەيىنلىدى. ئەمما قوزغىلاڭچىلار يەنىلا كۆڭجۇدا تۇرۇپ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى. 9 ـ ئايدا كائىپىسۇڭدىن قوزغىلاڭچىلارنى ئەل قىلىشقا ھۆدەيچى ئەۋەتىلدى. 1177 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ۋاڭ يى، ۋاڭ سويىلار ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كائىپىسۇڭغا سۇلھى قىلىشقا باردى، بىراق ئۇلار يالىنىپ يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. 3 ـ ئايدا ۋاڭ يى، ۋاڭ سويىلار يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ رىۋجۇ، جىنجۇن، ئاسان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى، قوزغىلاڭچىلار چوگجۇنىڭ 55 ناھىيەسىنىڭ شۇيىدىن باشقا ھەممە ناھىيەسىنى ئىگىلىدى. بىراق، ۋەزىيەت قوزغىلاڭچىلارغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان ھالقىلىق پەيتتە، ۋاڭ يى يەنە بىر قېتىم كائىپىسۇڭدىكى قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، كائىپىسۇڭغا سۆھبەتلىشىشكە باردى. 7 ـ ئايدا ۋاڭ يى، ۋاڭ سويىلار قولغا ئېلىنىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پارچىلىنىپ كەتتى.

1177 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، غەربىي شىمال رايونىدا خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى، جىن دەن، ساۋجۇڭ، كاڭ چۈ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار غەربىي پايتەخت (پىخنىيان) نى

ئىگىلىدى. 7 ـ ئايدا غەربىي پايتەختتىكى قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت قوشۇنىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. 8 ـ ئايدا، ھەربىي ئەمەلدارلار ھاكىمىيىتى قوشۇنى غەربىي پايتەختكە ھۇجۇم قوزغىدى، جىن دەن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. 9 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار مىوخىياڭسانغا چېكىنىپ ئوتتۇرا سەپ قوشۇنى، تۇرشاۋۇل قوشۇن ۋە ھىماتچى قوشۇندىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇنغا بۆلۈنۈپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. ھەربىي ئەمەلدارلار ھاكىمىيىتى يەنە سەككىز سانغۇن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 10 ـ ئايدا ساۋجوڭ، 11 ـ ئايدا كاڭ چۇ ئەل بولدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مەغلۇپ بولدى.

1193 ـ يىلى، 7 ـ ئايدا جىن شامى ئامىمىغا باشلامچىلىق قىلىپ ئونمانسان (كىيوڭسان بۇك ئۆلكىسى چوڭدو ۋىلايىتى)دا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئايماق ـ ناھىيەلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ھەربىي ئەمەلدارلار ھاكىمىيىتى ئالىي سانغۇن چۇەن سۇنجى باشچىلىقىدىكى قوشۇننى قوزغىلاڭچىلارنى جازالاشقا ئەۋەتتى، چۇەن سۇنجىي ئارقىمۇئارقا ياچىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ھەربىي ئەمەلدارلار ھاكىمىيىتى ئالىي سانغۇن سۇي رىنىنى ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلىدى، ئۇ قوشۇننى ئوڭ ـ سول ئىككى تارامغا بۆلۈپ، ئونمانسانغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالداش ـ سېتىۋېلىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ قوزغىلاڭچىلارنى پارچىلىدى. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا جىن شامى ئالدام خالتىغا چۈشۈپ دۈشمەن قارارگاھىغا بارغاندا قەتلى قىلىندى، قوزغىلاڭچىلار غەزەپلىنىپ دۈشمەن سەركەردىسى شى لياڭجۇنى ئۆلتۈردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا شياۋشىن رەھبەرلىك قىلدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شۇ ئايدا كاڭنۇڭدا دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. 4 ـ ئايدا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مىسوڭنىڭ چوتا كەنتىدە يەنە بىر قېتىم

پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى، قولغا ئېلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 7000 دىن ئېشىپ كەتتى. 8 ـ ئايدا شياۋشىن دۈشمەن قارارگاھىغا لى چۈنىنى ئەۋەتىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 12 ـ ئايدا شياۋشىن قولغا ئېلىندى، ئۇنمانسان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى.

1193 ـ يىلى مالاي ۋەن جى قاتارلىق ئالتە كىشى دائىم سۈگيوساندا ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ مالاي ـ چاكارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆي جۇڭشيەننى ئۆلتۈرۈش، خارلار رويخېتىنى كۆيدۈرۈشنىڭ مەخپىي پىلانىنى تۈزدى، «ئۈچ خەن فامىلىلىك پەسكەشنى يوقىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، پۈتۈشكەن قەرەلدە پۈگيې ئىبادەتخانىسىغا يىغىلماقچى بولۇشتى، لېكىن خەن يۈجۇڭنىڭ مالىيى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن ۋەن جى قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئومۇمەن، زۆرۈر تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ئېنىق سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى، ھەر قايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزئارا ماسلاشمىغانلىقى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزى رەھبەرلىرىدە ھەمىشە تەۋرىنىش پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. ئەمما، قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ كۈرىشى كورىيە سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر زەربە بەردى، ئەڭ قالاق بولغان مالاي ـ چاكار، خارلار تۈزۈمىگىمۇ كۈچلۈك زەربە بەردى.

**موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە كورىيە سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى** كورىيە ھۆكۈمرانلىرى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇش جەريانىدا، دۆلەت كۈچىنى زور دەرىجىدە خورىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن يات مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرگەن موڭغۇل

ئىمپېرىيەسى كەڭ كۆلەملىك ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇ كورىيە بىلەن بىرلىشىپ قىتانلارغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، كورىيەنى ئولپان تاپشۇرۇشقا قىستىدى ھەمدە ئۇرۇش ئارقىلىق تەھدىت سالدى. كورىيە خەلقى پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ، تاجاۋۇزچىلارغا ۋە ئۇلارغا تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلىۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارلار ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇردى. 1225 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۈيجۈلۈق پىدائىي ئەسكەرلەر يالۇجياڭ دەرياسى بويىدا موڭغۇل ئەلچىلەرنى ئۆلتۈردى، موڭغۇل قاغانى بۇنى باھانە قىلىپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. 1231 ـ يىلى، موڭغۇل قاغانى ئۆگېداي سالتا باشچىلىقىدىكى قوشۇننى كورىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. سالتا قوشۇنى ئايماق ـ ناھىيەلەرنى تالان ـ تاراج قىلدى، كائېسۇڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كورىيە ئارمىيەسى ۋە خەلقى ھەر قايسى جايلاردا تاجاۋۇزچىلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. كۇجۇ خەلقى ئەمىر لەشكەر پياۋشىنىڭ قوماندانلىقىدا شەھەرنى تۆت ئاي قەتئىي قولدىن بېرىپ قويمىدى، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئالتە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، ھەتتا كۆپ يىل ھەربىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولغان بىر موڭغۇل سەردارىمۇ شەھەرنى قوغداۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولماي تۇرالمىغان. ئۇ: «جاھاندا شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرىنى كۆپ كۆرگەنىدىم، مۇشۇنداق ھۇجۇم قىلىسىمۇ ئاخىرغىچە ئەل بولمىغان شەھەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دېگەن. بىراق، ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان كورىيە ھۆكۈمرانلىرى تاجاۋۇزچىلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ياراشتى. موڭغۇل قوشۇنى چېكىنگەندە نۇرغۇن ئولپاننى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا، سۇي يۇ باشچىلىقىدىكى كورىيە ھۆكۈمىتى موڭغۇللاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، پايتەختنى كاڭخۇا ـ دۇغا يۆتكىدى. 1232 ـ يىلىدىن 1259 ـ يىلىغىچە موڭغۇل

www.uyghurkitap.com

قوشۇنلىرى يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كورىيەگە بەش قېتىم باستۇرۇپ كىردى. كورىيە خەلقى موڭغۇللارغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارغا يەنە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. 1232 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قوماندانى سالتا چويوڭئىن (بۈگۈنكى گيېئوڭگى ئۆلكىسىدىكى ريوڭئىن) دا ئوقيا ئوقى تېگىپ ئۆلدى، موڭغۇل قوشۇنى باش سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ رەسۋا بولۇپ قاچتى. چۇڭجۇ خەلقى موڭغۇل قوشۇنىغا كۆپ قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. مالاي ـ چاكارلار دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا ئاساسىي قوراللىق كۈچكە ئايلاندى. موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەل بولۇشقا قىزىقتۇردى. 1250 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنى كورىيەنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىنى ئىشغال قىلدى. كاڭخۇا ـ دونىڭ ماددىي ئەشيا تەمىناتى بوھرانغا ئۇچرىدى. كورىيە ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى نىزا يۈز بەردى. 1258 ـ يىلى سۈي جەمەتى ھاكىمىيىتىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىسى سۈي يى ئاغدۇرۇلدى. كورىيە موڭغۇللارغا تەسلىم بولۇپ، 1250 ـ يىلى پايتەخت كائېسۇڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. موڭغۇللار كائېسۇڭدا «جېڭدۇڭ مەمۇرىي ئۆلكىسى» تەسىس قىلىپ، كورىيەنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ، ئولپان ئېلىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا داۋۇغاچ ئەۋەتتى. يەنە كورىيە خانىنى موڭغۇل مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ، ئۇنى خانىشلىققا تەيىنلەشكە، شاھزادىسىنى خانبالىققا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىشكە، خان ئۆلگەندىن كېيىن تۇرغاق شاھزادە قايتىپ كېلىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. كورىيەنى ياپونىيەگە تاجاۋۇز قىلىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي قوبۇل قىلدى، كاسىپلار ھەربىي ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە كېمىلەرنى يىغىپ ياپونىيەگە ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. 14 ـ ئەسىردە، چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى يەنە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ

ئۆزۈكسىز تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى، سامىنامىنىڭ① دېگىنى بويىچە رايونلىرى «چۆلدەرەپ خارابىلىككە ئايلاندى».

كورىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە بارغانسېرى دەھشەتلىك بولدى، تېرىلغۇ يەرلەرنى قوشۇۋېلىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشىپ، خەلق نامراتلىشىپ، دۆلەت مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى. «كورىيە تارىخى. يېمەكلىك ماللار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، مىڭغۇزۇلار دەۋرىدىن باشلاپ، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق قىلىشى ۋە كورىيە موڭغۇللارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت مالىيەسىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، باج - سېلىقنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېلىنىشى، تېرىلغۇ يەرلەرنى تالىۋېلەرچە قوشۇۋېلىش، ئىقتىسادنىڭ خارابلىشىش مەنزىرىسى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن : «مۇناپىق ئەمەلدارلار خىراجەتنى خالىغىنىچە بۇزۇپ - چاچتى، ئاشلىق ئامبارلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى، دۆلەتنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باشقۇرۇپ بەربات قىلدى، يۈەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى قولىدىن كېلىشىچە قاقتى - سوقتى قىلدى، خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش، ھەدىيە - سوۋغات تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ھەرخىل قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ كىشىلەرنىڭ يىلىكىنى شورىدى. شۇنىڭ بىلەن نوپۇس كۈندىن - كۈنگە ئازايدى. دۆلەت ئاجىزلىشىپ كورىيەنىڭ ئىگىلىكى تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەندى. قېرىنداشلار ئارىسىدا پەردىشەپ قالمىدى، چوڭى چوڭچە، كىچىكى كىچىكچە بولماي قالدى. ئىنائەتمەنلەر بولسا پۈتۈنلەي چوڭ جەمەتلەرنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان بولدى، تېرىلغۇ يەر - ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇسۇسىي يەر تۈزۈمى ئىگىلىدى، ھوقۇقدارلار بىپايان يەر - زېمىن، تاغ - دەريالارنى ئىگىلىۋالدى، ئۇلار ئىجارە ھەققىنى بىر يىلدا بىر قېتىم ياكى

① «سامىنام» چۇڭچۇڭ نامبوك، چوللا نامبوك ۋە كيوڭسان نامبوك ئۆلكىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر نەچچە قېتىم ئالدى، ئەجدادلاردىن قالغان قانۇن ـ قائىدىلەر تامامەن بۇزۇلدى، دۆلەتمۇ مۇنقەرز بولدى.››

1356 ـ يىلى، كورىيە يۈەن سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال ئىككى تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىپ، يۈەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو يۈەن سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تەرەپتىكى شۇاڭچېڭ باش باغ مەھكىمىسىگە قاراشلىق جيۇتېلىڭ تېغىنىڭ شىمالى، شيەنجۇنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز ئايماق، بەش بازارنى ئىشغال قىلىۋالدى. مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كورىيە ئىگىلىۋالغان جيۇتېلىڭ تېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق كۆردى. 1388 ـ يىلى تېلىڭ تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ۋۇ دولى (بۈگۈنكى چاۋشيەننىڭ خامگيوڭ بۇك ئۆلكىسىدىكى خوئېريوڭ) دا سەنۋەن باسقاق بەگ مەھكىمىسى، تېلىڭ تېغىنىڭ غەربىدىكى كاڭگيې (بۈگۈنكى چاۋشيەننىڭ چاگاڭ ئۆلكىسىدىكى كاڭگيې) دا تېلىڭ باسقاق بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. كورىيە خانى شىن يۈ يىلەن ۋەزىر سۈي باۋ ئالىي سانغۇن ساۋ مىنشيۇ، لى چېڭگۈيلەرنى قوشۇننى باشلاپ جۇڭگونىڭ لياۋدۇڭ رايونىغا قارشىلىق كۆرسىتىش تەدبىرى سۈپىتىدە ئەۋەتتى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ لياۋدۇڭنى قوغداش ئۈچۈن، سەنۋەن باسقاق بەگ مەھكىمىسىنى لياۋنىڭدىكى كەييۈەنگە، تېلىڭ باسقاق بەگ مەھكىمىسىنى بۈگۈنكى لياۋنىڭدىكى تېلىڭغا چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن يالۇجياڭ دەرياسى بىلەن تۇمېنجياڭ دەرياسى جۇڭگو ـ چاۋشيەن دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى چېگرا دەرياغا ئايلاندى. شۇ يىلى لى چېڭگۈي يالۇجياڭدىكى ۋېيخۇا ئارىلىدىن كائېسۇڭغا قايتىپ كېلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، شىن يۈ خاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ۋەزىر سۈي باۋنى سۈرگۈن قىلىپ، شىن چاڭنى خانلىق تەختىگە چىقاردى. كېيىنكى يىلى يەنە شىن

چاڭنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، گۇڭ راڭنى خان قىلىپ تىكلەپ، ئۆزى ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1392 ـ يىلى گۇڭ راڭ خاننى يەنە تەختتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزى خانلىق تەختىدە ئولتۇردى، ئىككىنچى يىلى دۆلەت نامىنى چاۋشيەنگە ئۆزگەرتتى، 1394 ـ يىلى پايتەختنى سېئولغا كۆچۈردى، شۇنىڭ بىلەن چاۋشيەن تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر سۇلالە ـ لى سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

## 3. چاۋشيەن لى جەمەتى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى

**يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى** كورىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، تېرىلغۇ يەرلەرنى تەلۋېلەرچە قوشۇۋېلىش ۋە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەگە دۇچ كەلگەن ئىككى قاتار ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا يېڭىدىن كىچىك زېمىندار بيۇروكراتلار بارلىققا كېلىپ، قوشۇۋېلىشنى چەكلەش، تېرىلغۇ يەر تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ لى چېڭگۈينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتچىلىرىنى شەكىللەندۈردى. 1390 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، لى چېڭگۈي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كائېسۇڭ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي يەر خەتلىرىنى كۆيدۈرگۈزدى. كېيىنكى يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتا رويخەتكە ئالغاندا، ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يېرىنىڭ كۆلىمى 798 مىڭ جېيدىن ئارتۇق چىققان بولۇپ، ئۇ زېمىندارلار سىنىپى دائىرىسىدە قايتا تەقسىم قىلىندى، پايتەختتىكى ئەمەلدارلار 18 دەرىجىگە ئايرىلىپ، گېيېئوڭگى ئەتراپىدىن ئەمەل يېرى بېرىلدى، بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارغا 150 جې يەر بېرىلدى، مۇشۇ بويىچە تەدرىجىي كېمەيتىلىپ 18 ـ دەرىجىلىك ئەمەلدارغا 10 جې يەر

بېرىلدى. گېيئوڭگىدىن باشقا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى بېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەربىيلەر يېرى تەسىس قىلىندى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك زومىگەرلەر («بىكار تەلەپلەر») گە سالاھىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى، ئىلكىدىكى يېرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي ھەر بىرىگە بەش جىدىن 10 جىغىچە يەر بېرىلدى. يەنە تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئەمەل يېرى بار ئىدى. بۇ بىر نەچچە تۈرلۈك يەر خۇسۇسىي يەر ھېسابلىناتتى. ھەر قايسى مەھكىمە ـ ياملۇلاردا ھۆكۈمەت يېرى بار ئىدى. تەقسىم قىلىنمىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت كونترول قىلغانلىقتىن، ئۇ ھۆكۈمەتكە تەۋە يەر ھېسابلىناتتى. ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي يەرلەرنى دۆلەت دېھقانلىرى («ئىتائەتمەنلەر») ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. يەر ئىجارىسى سۇلۇق يەرنىڭ بىر جىسىغا 30 كۈرە گۈرۈچ، بىنەم يەرنىڭ بىر جىسىغا 30 كۈرە قارا ئاشلىق ئېلىش بېكىتىلدى. خانلىق قەبرىستانلىق، ئامبار يېرى، مەھكىمە يېرى، مەمۇرىي خىراجەت يېرى، تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنىڭ يېرىدىن باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن يەر بېجى ئېلىناتتى، سۇلۇق يەردىن بىر جىسىغا ئىككى كۈرە گۈرۈچ، بىنەم يەردىن بىر جىسىغا ئىككى كۈرە سېرىق پۇرچاق يەر بېجى ئېلىش بەلگىلەندى. مانا بۇ ئاتالمىش «ئەمەل يېرى» ئىدى.

لى سۇلالىسىنىڭ ئەمەل يېرى قانۇنى بىلەن كورىيە سۇلالىسىنىڭ تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمى فېئوداللىق يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمىدە يەرگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلمىشى بولاتتى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن يەر قايتۇرۇۋېلىناتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنىڭ يېرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولاتتى، يەرگە ئېرىشكۈچىلەردىن ئىجارە ھەققى، باج ئېلىنمايتتى. ئەمەل يېرى قانۇنىدا يەرگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېرىگە پەرزەنتلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇلغانىدى، جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ يېرى مۇسادىرە قىلىنمايتتى. دېمەك، زېمىندارلارنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقى تېرىلغۇ يەر ـ ئورمان، مەرتىۋە تۈزۈمىنىڭكىدىن چوڭ ئىدى، لېكىن دۆلەتكە ئىجارە هەققى، باج تاپشۇراتتى، لى سۇلالىسىدە يولغا قويۇلغان ئەمەل يېرى قانۇنى يەرلەرنى قوشۇۋېلىشنى ۋاقتىنچە چەكلەپ، فېئوداللىق دۆلەتنىڭ باج كىرىمى بىلەن ئەسكەر مەنبەسىنى كۆپەيتتى، شۇ ئارقىلىق هوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئودال مۇستەبىت هاكىمىيەت مۇستەهكەملەندى ۋە كۈچەيدى.

يەر مۇناسىۋىتىنىڭ قايتىدىن تەڭشىلىشى ئىچكى ۋەزىيەتنى نىسپىي مۇقىملاشتۇردى، شىمالىي چېگرانىڭ بىخەتەر بولۇشى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت هازىرلاپ بەردى. كورىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مەملىكەت بويىچە جەمئىي 790 نەچچە مىڭ جې تېرىلغۇ يەر ۋە بوز يەر بار ئىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 1 مىليون جېغا، نوپۇسى 180 مىڭ ئائىلىگە يەتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 600 مىڭ جېغا، نوپۇس 226 مىڭ ئائىلىگە يەتتى. دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلى تېخىمۇ ياخشىلاندى، كۈزلۈك ئاقتارما قىلىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، يېشىل ئوغۇت باستۇرۇش، ئوششاق تۇپلەرنى قويۇق تىكىش، كۆپ ئوتاش، كۆپ سۆرەم سېلىش قاتارلىق تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرى قوللىنىلدى، زىرائەتلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپەيدى، شۇدىگەرلەش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش دەسسىتىلدى، شالىنى بىۋاسىتە تېرىش مايسا كۆچۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى، كېيىنكى ئەتراپلىرىدا شالىنىڭ تۈرى 24 خىلغا يەتتى. سۇلۇق يەرلەردە بۇغداي بىلەن شالىنى ئارقىمۇئارقا تېرىش، بىنەم يەرلەردە بۇغداي بىلەن پۇرچاقنى ئارقىمۇئارقا

تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. شۇڭا، دېھقانچىلىقنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودىمۇ ئالدىنقى سۇلالىگە سېلىشتۇرغاندا تەرەققىي قىلدى. 1399 ـ يىلى (دىڭزۇڭنىڭ تۇنجى يىلى)، پايتەخت سىئولدىكى چوڭلۇ كوچىسى (ئۇنيوڭ كوچىسى)دا ھۆكۈمەتنىڭ سودا تەشكىلاتى ــ «كوچىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى رەستىلەر» قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ قىسقارتىلىپ «سودا دۇكانلىرى» دېيىلەتتى، چوڭ رەستە دەپمۇ ئاتىلاتتى. ھۆكۈمەت دۇكان سېلىپ سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بېرەتتى ھەمدە مۇئەييەن تۈردىكى تاۋارلارنى مونوپول قىلىپ سېتىش ئىمتىيازىنى بېرەتتى، سودىگەرلەر بەلگىلەنگەن باھا بويىچە ھۆكۈمەتنى ھەر خىل بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيتتى، تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايتتى. ھەر قايسى سودا دۇكانلىرى كەسىپداشلار تەشكىلاتىنى قۇرغان بولۇپ، بۇنداق تەشكىلات «دەھلىز كېلىشتۈرگۈچىسى» دېيىلەتتى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار تەشكىلاتقا كىرىش پۇلى تۆلەيتتى ھەمدە سېتىش سوممىسىنىڭ جامائەت جۇغلانمىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇراتتى، ئۇ «باج ئايرىش» دېيىلەتتى. ھۆكۈمەت رەستىلىرىدىن «دەھلىز بېجى» ئېلىناتتى. سودا دوكانلىرى تەشكىلاتى يەنە ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، «دۇكاننى قالايمىقانلاشتۇرغۇچىلار» نى قولغا ئېلىش، تاۋارلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، ھەتتا جازالاش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولاتتى. بۇنداق سودا دۇكانلىرى تۈزۈمى شەھەرلەردىكى سودىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنى باساتتى، بۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىدى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە قەرەللىك بازارلار تەدرىجىي كۆپەيدى. لى سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مېتالدىن ياسالغان «چاۋشيەن

تۆشباۋ» پۇلى بىلەن قەغەز پۇل تارقاتتى. لېكىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغانلىقتىن، ئادەتتە يەنىلا گۈرۈچ، پاختا رەخت ياكى كاناپ ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى.

**ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن مۇستەبىت فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ كۈچەيتىلىشى** 1400 ـ يىلى (دىڭزۇڭنىڭ 2 ـ يىلى)، لى جەمەتى قۇرغان چاۋشيەن دۆلىتى مەنسەپ ـ تۇتۇق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەركىزىي دۆلەت ئورگىنىدا روزاغالىق مەھكىمىسى، كېڭەش مەھكىمىسى، ئالتە مەھكىمە (ئالتە پىرقە) ۋە ئۈچ ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلدى. روزاغالىق مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقى چوڭراق بولۇپ، ھەتتا بەزىدە كېڭەش مەھكىمىسىدىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. كېڭەش مەھكىمىسى كورىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى باش مۇھاكىمە مەھكىمىسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدارلاردىن تەركىب تاپقانىدى، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىچىكلەپ كەتتى، تۇرلۇك ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى كورىيە سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتە مەھكىمە ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كېڭەش مەھكىمىسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا توغرا كەلدى. 1400 ـ يىلى، كورىيە سۇلالىسىدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى ئەسكەرلەر بىكار قىلىنىپ، قوشۇنلارنى دۆلەت كونترول قىلدى ھەمدە ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىۋېتىلدى، ئۈچ ھەربىي مەھكىمە ھەربىي ھوقۇققا ئىگە ئالىي ھەربىي مەمۇرىي ئورگان بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، 1467 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ بەش ياساۋۇل مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1461 ـ يىلى (شىزۇنىڭ 7 ـ يىلى)، شىزۇخان (1455 — 1468) ئالدىنقى سۇلالىلەردە بىرلىككە كەلگەن قانۇن يوقلۇقىنى

نەزەردە تۇتۇپ، سۇي خېنىڭ قاتارلىقلارغا «يۇرت سوراش قانۇنلىرى» نى تۈزۈپ چىقىشقا ئەمر قىلدى، 1469 ـ يىلى (رۇيزۇڭنىڭ 1 ـ يىلى) «يۇرت سوراش قانۇنلىرى» پۈتۈپ، 1471 ـ يىلى (چېڭزۇڭنىڭ 2 ـ يىلى) ئېلان قىلىنىپ، نەشردىن چىقتى، ئۇ جەمئىي ئالتە جىلد بولۇپ، مەنسەپ ـ تۇتۇق قانۇنى، نوپۇس قانۇنى، رەسىم ـ قائىدە قانۇنى، ھەربىي ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار جازا قانۇنى، تەمىرات قانۇنىدىن ئىبارەت ئالتە قانۇنغا بۆلۈنگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قانۇنلار بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىلدى. «يۇرت سوراش قانۇنلىرى» لى سۇلالىسىنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەركەز ۋە يەرلىكتىكى مەمۇرىي ئورگانلار، مالىيە، ھەربىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار، مائارىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە دائىر تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر بار ئىدى، بۇ قانۇن لى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى.

لى سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە دەرىجە پەرقى ناھايىتى قاتتىق ۋە مۇرەككەپ ئىدى. ئىككى قاتاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىمتىيازلىق تەبىقە ھېسابلىناتتى. ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان «ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر» بىلەن «كىچىك ئەمەلدارلار» دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكلەر ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر ئاساسەن تەرجىمانلىق، تېبابەتچىلىك، ئەدلىيە، مالىيە قاتارلىق ساھەلەردە ۋەزىپە ئۆتەيتتى. كىچىك ئەمەلدارلار مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ھەر قايسى يامۇل ـ مەھكىمىلەردە ۋەزىپە ئۆتەيتتى. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئىچىدىكى ئادەتتىكى ئاددىي خەلق ئىتائەتمەنلەر ياكى ئادەتتىكى ئادەملەر دېيىلەتتى، ئۆزى ياخشى، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن خارلار دەپ قارالغان تەبىقە ئۇلاردىن كېيىن تۇراتتى، گەرچە بۇ ئىككى دەرىجىلىكلەر ھۆر ئادەملەر سالاھىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىغا

يول قويۇلمايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا مالاي ـ چاكارلار تۇراتتى. ئـۇلار هۆكۈمەتنىڭ ۋە شەخسنىڭ دەپ ئىككىگە ئايرىلاتـتى، ئۇلارنىـڭ ئورنى يانچىلارنىڭكىگە يېقىنلىشاتتى. خارلار جەمئىيەتنىڭ ئـەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇراتتى.

لى سۇلالىسى خەلققە بولغان هۆكۈمرانلىقنى كـۈچەيتتـى. 1407 ـ يىلىدىن باشلاپ قوشنىلار كېپىللىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويـۇلدى، كېيـىن ئۇ بەش ئـائىلىنى چېتىپ باشقـۇرۇش ئـۇسۇلى دەپ ئاتـالدى. بۇ ئۇسـۇلدا بەش ئائـىلە بىـر «چېتـىق» بولۇپ، چېتىق بېشى تەيىنلىنەتتى؛ بەش چېتىق بىر ئـىن بولۇپ، ئىن بېشى (كەنت باشلىقى) تەيىنلىنەتتى؛ بىر قانچە ئىن بىر يۈز بولۇپ يۈز بېشى تەيىنلىنەتتى. يـۈز بېشى بىلەن ئـىن بېشىلىقا يەرلىكلەر، كۆپىنچە يەرلىك مۇشتـۇمـزورلار تەيىنلىنەتتى. قوشنىلار كېپىللىك قىلىش تۈزۈمى ئۇستىدە فېئودالىلىق دۆلەتـنىڭ هـەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئـورگانلىـرى تۇراتتى. 1413 ـ يىلىدىن باشلاپ يەنە نوپۇس تاختىسى قانۇنى يـولغا قـويـۇلدى. پۇقـرالار ئـۆزلىرىنـى نوپۇسقا ئالدۇرغـانـدا، هۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن يېشى 16 دىن 70 كىچە بولغان ئاهالىلەرگە هـۆكۈمەت تـامغىسى بېسىلغان، كـىملىككە ئوخشايدىغان نوپۇس تاختىسى تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئـادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نوپۇس تاختىسى ئادەتتىكى ياغاچلاردىن ياسىلاتتـى، ئۇنىڭغا شۇ كىشىنىڭ ئىسـىم ـ فامىلىسى، ئـادرېسى، چىـراي ـ قىياپىتى ۋە تەن تۈزۈلۈش ئـالاهىدىلىكى خاتىرىلىنەتتى، بـۇ ئـۇنىڭ مالاي ـ چاكار ياكى تـۆۋەن تەبىقىدىن ئىكەنلىكىنىڭ نىشانىسى هېسابلىناتتـى، بۇ قانۇنـنى يولغا قويۇشتـا نوپۇسنـى تىزگىنلەپ، فېئـوداللىق دۆلـەتنىڭ باج ـ سېلىق كىرىمى ۋە ئەسكەر مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئىككى قاتاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ نوپۇس تاختىسى پىل چىشى ياكى بوغا مۈڭگۈزىدىن ياسىلاتتى، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمىلى، ئورۇن ـ مەرتىۋىسىلا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ

ئۇلارنىڭ شەرىپى ۋە ئىمتىيازىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەچچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۈزۈل - كېسىل يولغا قويۇلۇپ باقمىدى.

15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككى قاتاردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر - زېمىنلارنى قوشۇۋېلىشىنىڭ تېزلىشىشى ئەمەل يېرى قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، خۇسۇسىي يەرلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. لى سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىككى قاتاردىكى ئاقسۆڭەكلەرگە داۋاملىق ھالدا مىراسلىق تۆھپە يېرى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. باشقا يەرلەر ئىنئام قىلىندى. 1466 - يىلى (شىزۇنىڭ 12 - يىلى) يەنە «مەنسەپ يېرى تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى، يەنى خىزمەت قىلىۋاتقان مەنسەپدارلارغا بەلگىلىك كۆلەمدە باج ئېلىنىدىغان يەر بۆلۈپ بېرىلدى. بىراق، قوشۇۋېلىش ۋەزىيىتى كۈچەيسە كۈچەيدىكى ھەرگىز يوقالمىدى. مەنسەپ يېرى تۈزۈمىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا بولمىدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ تۈزۈم بىكار قىلىندى. خان جەمەتىدىكىلەر ۋە ئىككى قاتاردىكى ئاقسۆڭەكلەر پۇقرالارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى، كەڭ دۆلەت دېھقانلىرى يەرلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئايرىلىپ قالدى ياكى شەخسلەرنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئالىدىغان دېھقانلارغا ئايلاندى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ مالاي - چاكارلىرى بولۇپ قالدى. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، مەملىكەت بويىچە مالاي - چاكارلارنىڭ سانى 260 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. دېھقانلار، خارلار، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ مالاي - چاكارلىرى ياكى تاغلارغا ۋە ئاراللارغا قېچىپ كەتتى، ياكى بىرلىكتە قوزغىلىپ ئىجارە ھەققى ۋە باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1467 - يىلى 5 - ئايدا خامگيوڭ ئۆلكىسىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دەبدەبىسى ئەڭ

زور بولدى، قوزغىلاڭچىلار نوپۇس تاختىسى قانۇنى ۋە ئەسكەر نورمىسىنى كۆپەيتىش، باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خىيانەتچى ـ پارىخور ئەمەلدارلارنى تازىلاش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇن كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى جازالىدى. بىراق، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا مۇشتۇمزورلار كۆز بويامچىلىق قىلىپ كىرىۋالغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسىي كۈچنى چېكىندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى، 8 ـ ئايغا كەلگەندە قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا، كىچىك كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەر قايسى جايلاردا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يۈز بېرىپ تۇردى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، لى سۇلالىسى ھاكىمىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە چىرىكلەشتى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا گۇرۇھۋازلىق توقۇنۇشى ئۈزۈكسىز يۈز بەردى. يەنشەن خان تەختتىكى مەزگىل (1495 ـــ 1505) دە، ئوردىدىكى ئىككى قاتار ئەمەلدارلىرى (كونا تۆھپىكارلار گۇرۇھى) خاننى كۆڭلى تەلىماتىنى كۆككە كۆتۈرىدىغان سىياسىي گۇرۇھ (ئوقۇمۇشلۇقلار گۇرۇھى)نى يوقىتىشقا قۇترىتىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۇرۇھۋازلىق كۈرىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوقۇمۇشلۇقلار گۇرۇھىنىڭ ئوردىدىكى كۈچى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، دۈشمەن گۇرۇھتىن بولۇشچە قىساس ئالدى، ئىچكى قىسمىدا يەنە ئۆزئارا پۈت تېپىشتى، شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بارغانسېرى قالايمىقانلاشتى، دۆلەت ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى، ھەربىي تەييارلىق ئۇزۇنغىچە تاشلىنىپ قالدى، ياپونىيەلىك چوڭ فېئودال تويوتومى ھېدىيوشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى قوزغىدى.

**رېنچېن ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى**[1] 16 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ياپونىيەدە ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى تاماملاندى. ياپونىيە ھۆكۈمرانى تويوتومى ھېدېيوشى چوڭ فېئوداللارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش ۋە كېڭىيىش تەلپىگە ماسلىشىپ، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا پائال تەييارلىق قىلدى ھەمدە چاۋشيەننى ۋاستە قىلىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولدى. ئۇرۇش ھارپىسىدا تويوتومى ھېدېيوشى چاۋشيەن خانىغا يازغان مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «مەن دۆلەتلىرى ئارقىلىق شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈپ ئۇدۇل بۈيۈك مىڭ دۆلىتىگە كىرىشنى، ئۇنىڭ يۇقىرالىرىنى تامامەن ئۆزۈمنىڭ يۇقىرالىرىغا ئايلاندۇرۇپ، خانلىق ھاكىمىيىتىنى ئەبەدىلئەبەد قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.»

1592 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ 160 مىڭ كىشىلىكتىن 170 مىڭ كىشىلىككىچە بولغان تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن پۇساندا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، چاۋشيەنگە كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە چاۋشيەن قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى پۇختا بولمىغاچقا ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھودۇقۇپ چېكىندى، دۈشمەن قوشۇنى چاۋشيەن زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، 20 كۈندە چاۋشيەننىڭ پايتەختى سېئولنى ئىشغال قىلدى ھەمدە قوشۇنلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تاجاۋۇز قىلىشقا ئاتلاندۇردى. ئىككى ئاي ئەتراپىدىلا ياپونىيە قوشۇنلىرى غەربىي شىمال تەرەپتە پيخنىياننى بېسىۋالدى، شەرقىي شىمال تەرەپتە خامگيوڭ ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى، جەنۇبتا گيېئوڭگى، چۇڭچۇڭ، كيوڭساڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ

[1] مۇچەل يىلى بويىچە 1592 ـ يىلى رېنچېن يىلى (ئەجدىھا يىلى) بولۇپ، چاۋشيەن تارىخشۇناسلىرى مۇشۇ يىلى باشلىنىپ، 1598 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىنى «رېنچېن ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى» دەپ ئاتىغان.

نۇرغۇن ئايماق ـ ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلدى. تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى قەدەمـمۇ قەدەم ئالغا بېسىپ، بىر يېرىم ئايدىلا خەنچېڭ (سېئۇل)غىچە كېلىپ، پىيوڭياڭنى ئىشغال قىلدى. ياپونلار ئىشغال قىلغان جايلاردا ئۆلتۈرۈش، تالان ـ تاراج قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغاچقا، چاۋشيەن خەلقىنىڭ غەزىپى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى.

دۆلەت ئېغىر خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلگەن ھالقىلىق پەيتتە، چاۋشيەن خەلقى ئىستىخىيەلىك ھالدا پىدائىيلار قوشۇنى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ھەممىلا جايدا دۈشمەنگە زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانغۇن لى شۈنچېن چاۋشيەننىڭ سۇ لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئەينى چاغدا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان «گۈيچۈەن» ناملىق ئۇرۇش كېمىسى بىلەن جانلىق، ھەرىكەتچان ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، شەرقىي جەنۇب دېڭىز رايونىدا دۈشمەن قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 7 ـ ئاينىڭ بىرىنچى دېكاسىغىچە لى شۈنچېننىڭ سۇ لەشكەرلىرى كوجې ئارىلى، ئوكپو، ئونگچون خاپو، ساچون، تاڭپو قاتارلىق جايلاردا، بولۇپمۇ خانسان ئارىلىدا ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەن فىلوتى بىلەن كۆپ قېتىم دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ 350 تىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋېتىپ، دۈشمەننىڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۈشمەن قوشۇنىنى شىمالغا ئىلگىرىلىيەلمەس قىلىپ قويدى، شىمالدىكى زېمىننى قوغداش بىللە، ئاشلىق بازىسى چوللا ئۆلكىسىنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنكى قايتۇرما ھۇجۇمغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

چاۋشيەن ھۆكۈمىتى ئەلچى ئەۋەتىپ مىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئەمەلىيەتتە جۇڭگونى قوغداش ئىكەنلىكى ناھايىتى ئايان بولغاچقا، 1592 ـ يىلى 7 ـ

www.uyghurkitap.com

ئايدا، ئالدى بىلەن 5000 ئەسكەر ئەۋەتىپ چاۋشيەنگە ياردەم قىلدى. يىل ئاخىرىدا يەنە لى رۇسۇڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 43 مىڭ ئەسكەرنى ياردەمگە ئەۋەتتى. چاۋشيەن ـ جۇڭگو قوشۇنلىرى بىرلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، 1593 ـ يىلىنىڭ بېشىدا پيخنيان شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى، دۈشمەن سانغۇنى كونشىگيو ناگا قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا قاچتى. چاۋشيەن ـ جۇڭگو قوشۇنلىرى غەلىبىسىبىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ ترانسپورت لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. دۈشمەن قوشۇنىدا ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ تەمىناتى قىيىنلاشتى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا دېكاسىدا، سېئولنى ئىشغال قىلغان دۈشمەن قوشۇنى جەنۇبقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدا مۇداپىئە سېپى قۇردى. چاۋشيەن زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قايتۇرۇۋېلىندى.

تاجاۋۇزچىلىق پىلانى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئارام ئېلىۋېلىش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۈلھى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىڭ سۇلالىسى سۆھبەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ياردەمچى قوشۇننىڭ كۆپ قىسمىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاۋشيەندىن قايتۇرۇپ كەلدى. تىنچلىق سۆھبىتى 1593 ـ يىلى كۈزدە باشلاندى، ياپونىيە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار يولسىز تەلەپلەرنى چاۋشيەن ـ جۇڭگو تەرەپ قاتتىق رەددىيە بېرىپ رەت قىلدى، سۆھبەت ئۈچ يىلغا سوزۇلۇپ ئاخىر بۇزۇلدى.

1597 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە يەنە 140 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ۋە نەچچە يۈز ئۇرۇش كېمىسى، نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە دېڭىز ئارمىيەسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق بويىچە تەڭ ئىلگىرىلەپ، چاۋشيەنگە يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. چاۋشيەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلار توقۇنۇشىدا لى شۇنچېنگە تۆھمەت قىلىنىپ ئەمەلدىن ئېلىۋېتىلگەنىدى، يېڭى ۋەزىپىگە

تەيىنلەنگەن سۇ لەشكەرلىرى قوماندانى چىرىكلەشكەن، قابىلىيەتسىز بولۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغاچقا، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى، 7 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشىدا، چاۋشيەن دېڭىز ئارمىيەسى تامامەن ھالاك بولدى. دۇشمەن قوشۇنى چاۋشيەن دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مۇھىم بازىسى خانسان ئارىلى بىلەن غەربىي جەنۇب رايونىنى ناھايىتى تېزلا ئىشغال قىلدى، چاۋشيەن يەنە بىر قېتىم ئېغىر مىللىي بوھرانغا دۇچ كەلدى، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئەۋەتكەن زور قوشۇن يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چاۋشيەن ئارمىيەسى ۋە خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ بىرىنچى دېكاسىدا قايتىدىن سۇ لەشكەرلىرىنىڭ چاۋۇش بېگىلىكىگە تەيىنلەنگەن لى شۇنچېن چاۋشيەن قوشۇنىنىڭ ئون نەچچە ئۇرۇش كېمىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، مىڭلياڭ دېڭىز بوغۇزىدا 300 نەچچە ئۇرۇش كېمىسىدىن تەركىب تاپقان ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، دۇشمەننىڭ يۈزدىن ئارتۇق كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋېتىش، 4000 دىن ئارتۇق دۇشمەننى يوقىتىشتىن ئىبارەت شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. 1598 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى يەنە چاۋشيەنگە ئۇرۇش قىلىشقا زور قوشۇن ئەۋەتتى. جۇڭگو ـ چاۋشيەن قوشۇنلىرى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئارقىمۇئارقا زەربە بېرىپ، ياپونىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى چاۋشيەننىڭ جەنۇبىدىكى تار دېڭىز بويى رايونىدا ئىسكەنجىگە ئالدى. 8 ـ ئايدا مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان تويوتومى ھېدىيوشى قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە كېسەل بولۇپ ئۆلدى، ئۇ ياپون قوشۇنلىرىنىڭ چاۋشيەندىن تېز چېكىنىپ چىقىشى توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرغان. 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا دېكاسىدا چاۋشيەن ـ جۇڭگو دېڭىز ئارمىيەسى رورياڭدا قېچىپ

كېتىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بەردى. لى شۇنچېن چاۋشيەن دېڭىز ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، چىن لىن رەھبەرلىكىدىكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ 200 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك ئۇرۇش كېمىسىنى چۆكتۈرۈپ، 150 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى لى شۇنچېن بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ پېشقەدەم سانغۇنى دېڭ زىلۇڭ رورياڭدىكى دېڭىز ئۇرۇشىدا ۋەتەن ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بولدى. چاۋشيەن خەلقى يەتتە يىل داۋاملاشقان رېنچېن ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

**17 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى چاۋشيەن** ياپون تاجاۋۇزچىلىرى چاۋشيەن زېمىنىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، چاۋشيەن خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت ياغدۇردى. رېنچېن ئۇرۇشىدىن كېيىن چاۋشيەندە مەملىكەت بويىچە ساقلىنىپ قالغان تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى بىر ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ يېرىگە توغرا كېلەتتى، نوپۇسى تېز ئازىيىپ ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى نوپۇسىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە چۈشۈپ قالدى. پايتەخت سېئولنىڭ ئاھالىسى ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى 890 مىڭ ئائىلىدىن كېمىيىپ 30 — 40 مىڭ ئائىلىگە چۈشۈپ قالدى. ئىقتىساد ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىپ، نوپۇس زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خەلق ئاممىسى تېخىمۇ ئېغىر فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچرىدى. نورمال فېئوداللىق ئىجارە ھەققى ۋە باجدىن باشقا، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھەربىي تەمىناتنى تولۇقلاش ئۈچۈن «ئۈچ خىل ماھىرلارغا ئاتاپ يىغىۋېلىنىدىغان ئاشلىق»①ئېلىنىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ خىل باج

① «ئۈچ خىل ماھىرلارغا ئاتاپ يىغىۋېلىنىدىغان ئاشلىق» رېنچېن ئۇرۇشى مەزگىلىدە توپچى، مەرگەن، قاتىللارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، دېھقانلاردىن ۋاقىتلىق ئېلىنغان قوشۇمچە باجنى كۆرسىتىدۇ.

بىكار قىلىنىماستىن، ئەكسىچە نورمال باجغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭدىن سىرت تۇرلۇك باج ـ سېلىقلارمۇ بار ئىدى. هۆكۇمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىق توقۇنۇشى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ، خەلق ھەسسىلەپ ئازاب ـ ئوقۇبەت چەكتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، لى سۇلالىسى هۆكۇمىتى ماكانسىز قالغان ئاھالىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇق قاتارلىقلارنى ئۇلارغا قەرز بېرىش، چەت ئەللەردىن تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ئىمپورت قىلىش، بوز يەر ئاچقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى. مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى 400 — 500 مىڭ جىڭدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە 1 مىليون 300 مىڭ جىڭغا يەتتى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت مانجۇلار شەرقىي شىمالدا باش كۆتۇرۇپ چىقتى. 1583 ـ يىلى جيەنجۇنىڭ باسقاق بېگى، جۇرجىتلارنىڭ داھىيسى نۇرخاچ ھەر قايسى جۇرجىت قەبىلىلىرىنى بارا ـ بارا بىرلىككە كەلتۇردى. 1616 ـ يىلى، نۇرخاچ خاتۇئالا (بۇگۇنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسى شىنبىنىڭ شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونى) دا كېيىنكى جىن يەرلىك ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1618 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى هۆكۇمىتى زور قوشۇن چىقىرىپ كېيىنكى جىنغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاۋشيەن بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەملىشىش توغرىسىدا ئالاقىلەشتى، نەتىجىدە كېيىنكى جىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 1625 ـ يىلى كېيىنكى جىن پايتەختىنى شېنياڭغا كۆچۇردى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىپ، پۇتۇن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا تەييارلىق كۆردى. كېيىنكى

www.uyghurkitap.com

جىنىنىڭ يېڭى خانى خۇاڭتەيجى ئارقا تەرىپىدىن ئەتىىرەشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1627 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ چاۋشيەننى مەغلۇپ قىلدى، چاۋشيەن تەسلىم بولدى، ئىككى تەرەپ سۆلھىلىشىپ «جياڭدۇ كېلىشىمى» نى تۈزدى، ئۇنىڭدا چاۋشيەن كېيىنكى جىن بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇشقا قاتتىق رىئايە قىلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. 1636 ـ يىلى خۇاڭتەيجى پادىشاھ بولۇپ، دۆلەت نامىنى چىڭغا ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلدى. كېيىنكى يىلى چاۋشيەن خانى يەنە بىر قېتىم تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارام بولۇشتىن ئىبارەت ھاقارەتلىك شەرتنى قوبۇل قىلدى. 1644 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەنخەيگۇەندىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنى تېزلا تارتىۋالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چاۋشيەن بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۇۋ، جېڭتۇڭ يىللىرىدىن بۇيانقى يالۇجياڭ، تۇمىنجياڭ دەريالىرىدىكى چېگرا داۋاملىق ساقلىنىپ قالدى.

## 4. ئوتتۇرا ئەسىردىكى چاشيەن مەدەنىيىتى

مەدەنىيەت ۋە مائارىپ چاۋشيەننىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى فېئودالىلىق تەرتىپىنى مۇستەھكەملەش، ئىدىيە جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كۇڭزى ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 682 ـ يىلى (شېنۇۋېن خانىنىڭ 2 ـ يىلى) سىللانىڭ پايتەختى كيوڭجۇدا دۆلەتلىك بىلىم يۇرتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئوركانىبەگلەر كوڭزىچىلارنىڭ كىلاسسىك

ئەسەرلىرىدىن دەرس سۆزلىدى. 788 ـ يىلى (يۈەنشېڭ خانىنىڭ 4 ـ يىلى) ئەمەلدارلارنى ئىمتىھان ئېلىپ تاللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئۇ «ئۈچ كىتابنى ئوقۇپ نام ئېلىش» دەپ ئاتالدى، ئىمتىھان ئاساسلىق كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن خەنزۇچە يېزىقىدىن ئېلىندى. سىللا ھۆكۈمىتى يەنە دائىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى جۇڭگوغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى، پەقەت 840 ـ يىلى (ۋېنشېڭ خانىنىڭ تۇنجى يىلى) بىر يىل ئىچىدە تاڭ سۇلالىسىدىن دۆلىتىگە قايتقان سىللالىق ئوقۇغۇچىلار 105 تىن كۆپ ئىدى. سىللالىق بەزى ئوقۇغۇچىلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ تەشرىپدار بولدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان سىللالىق كۇڭزىچى سۇي جىيۈەن جۇڭگودىكى چېغىدا يازغان 20 جىلدلىق «دارچىنزارلىقتىكى خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەر چاۋشيەننىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى ئەسەرلەر توپلىمى ھېسابلىنىدۇ. 930 ـ يىلى (تەيزۇ تيەنشۇنىڭ 13 ـ يىلى) كورىيەنىڭ غەربىي پايتەختى پىخنىياندا مەكتەپ قۇرۇلدى، ئۇركانبەگلەر دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىككى قاتاردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلىنىپ كۇڭزى تەلىماتى ئوقۇتۇلدى. 958 ـ يىلى (گۇاڭزۇڭنىڭ 9 ـ يىلى) تۇنجى قېتىم ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئېلىندى. 992 ـ يىلى (چېڭزۇڭنىڭ 11 ـ يىلى) پايتەخت كائېسۇڭدا ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان خانلىق بىلىم يۇرتى قۇرۇلدى. بۇ ئىش لى سۇلالىسىدىمۇ داۋاملاشتى. ھۆكۈمەت مەكتەپ باشقۇرۇپلا قالماستىن، مەشھۇر كۇڭزىچىلارمۇ بەس ـ بەستە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئاچتى، بەزى خۇسۇسىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. كۇڭزىچى تالىپلار مەكتەپلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا پىرقە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، سىياسىي كۈرەشلەرگە ئىشتىراك قىلدى. 17 ـ ئەسىردىن كېيىن، چاۋشيەندە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى

كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدىغان ھەقىقىي بىلىم تەرەپدارلىرى بارلىققا كەلدى.

چاۋشيەننىڭ تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلىرى سالنامە تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەردى. پېكچى، سىللا دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار تۈزگەن سالنامىلەر پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەنىدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كورىيە ھۆكۈمىتى ئۆلىمالارنى يىغىپ ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ تارىخىنى تۈزگۈزدى. ئەينى چاغدا كورىيە سۇلالىسى كوگۇريۇ سۇلالىسىنىڭ چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ پىخىنيانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قىسىم كونا زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى، شۇڭا سۇلالە تارىخىنى يازغاندا مەركىزىي سۇلالە تېررىتورىيەسىدە ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىللا، پېكچى، ھەتتا كوگۇريۇمۇ مەركىزىي سۇلالىنىڭ ئالدىدىكى سۇلالە دەپ قارالدى. شۇنىڭ بىلەن تۈزۈلگەن تارىخنامىگە «ئۈچ دۆلەت» دېگەن نام قويۇلۇپ، «خەيدۇڭدىكى ئۈچ دۆلەت تارىخى»، «كونا ئۈچ دۆلەت تارىخى» دېگەن تارىخنامىلەر تۈزۈلدى، بىراق تارقالمىدى، ئەمما ئۇلار «ئۈچ دۆلەت دەۋرى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. 1154 ـ يىلى جىن فۇشى «ئۈچ دۆلەت دەۋرى» گە ئائىت بۇرۇنقى كىتابلار ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ تارىخىغا ئائىت بايانلار ئاساسىدا، جەمئىي 50 جىلدلىق «ئۈچ دۆلەت تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بۇرۇنقى چاۋشيەن تارىخىغا ئائىت كىتاب ھېسابلىنىدۇ. 13 ـ ئەسىردە راھىب يى رەن يەنە «ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىشلىرى» ناملىق ئەسەرنى يازدى. لى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كورىيەنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى ئەمەلىي خاتىرىلەرگە ئاساسەن، 60 يىل ئىچىدە، 135 جىلدلىق «كورىيە تارىخى» ناملىق ئەسەر تۈزۈلدى. 1485 ـ يىلى، شۇ جۇجېڭ كورىيەنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئومۇمىي تارىخى بايان قىلىنغان، 57

جىلدلىق «شەرقىي ئەل ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» ناملىق ئەسەرنى يازدى. لى سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى خانلار ئالدىنقى سۇلالىلەرگە ئائىت ئوردا خاتىرىلىرىنى تۈزدۈرگەن بولۇپ، كېيىن 26 ئەۋلاد خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى جەملىنىپ، «لى سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» تۈزۈلدى.

دىن بۇددا نومى جۇڭگو ئارقىلىق چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا تارقالغاندىن كېيىن، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، سىللا، كورىيە، لى سۇلالىسى دەۋرلىرىدە نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى سېلىندى. بەزى بىلىملىك راھىبلار بۇددا تەلىماتىنى تەتقىق قىلدى، تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە باردى ھەمدە بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئالدىنقى سىللا دەۋرىدە بەزى راھىبلار تاڭ سۇلالىسىگە بارغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىيىبامۇ تاڭ سۇلالىسىگە بارغاندىن كېيىن، يەنە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ، پالما يوپۇرمىقىغا يېزىلغان نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرگەن، ئەمما ۋەتىنىگە قايتىش ئالدىدا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ھىندىستانغا بارغان راھىبلار ئىچىدە خۇي چاۋنىڭ نامى مەشھۇر. ئۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، جەنۇبىي دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان، بەش ئەنەتكەك بۇددا خارابىلىكىدە سەككىز يىل تاۋاپ قىلىپ تۇرغان. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىن غەربكە سەپەر قىلىپ ئىران، ئەرەبىستان، سۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان، ئاندىن كېيىن شەرققە قايتقان، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ئارقىلىق 722 ـ يىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن، كېيىن كېسەل بولۇپ ۋۇ تەيشەن تېغىدا ۋاپات بولغان. خۇي چاۋ خەنزۇچە بىلەن سانسكرىتچىغا پىششىق بولۇپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئۈچ جىلدلىق «بەش ئەنەتكەك دۆلىتىگە سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزۈن مەزگىللىك ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بايان قىلىنغان. مەزكۇر

ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ بىر قىسمى يوقىلىپ كەتكەن.

**پەن - تېخنىكا** مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى جۇڭگودىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا تارقالغاندىن كېيىن، كورىيە سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. كورىيە ھۆكۈمىتى كىتاب يىغىش، ساقلاش ئورگىنى سۈپىتىدە چىگيەن دىۋانى ۋە غەربىي پايتەخت كۇتۇپخانىسىنى قۇرغان. يەنە پۈتۈكچىلەر ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس، كۆچۈرمىچىلىك ئىشلىرى ۋە ھەر خىل كىتابلارنى نەشر قىلىشنى باشقۇرغان. 11 - ئەسىردە كورىيە ھۆكۈمىتى نۇرغۇن مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلىپ، 60 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئويما مەتبەئە ئارقىلىق 6000 جىلدتىن ئارتۇق بۇددا نومىنى باسقان، لېكىن 1232 - يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كورىيە ھۆكۈمىتى يەنە بۇددا نوملىرىنى قايتىدىن بېسىشقا تۇتۇش قىلغان، ئۇنىڭ ھەرپىنى ئويۇشقا جەمئىي 86 مىڭدىن ئارتۇق ياغاچ تاختا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى «80 مىڭ بۇددا نومى» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان، ئۇلار ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بۇددا نومىنىڭ نەشر قىلىنىشى كورىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ۋە باسما ئىشلىرىنىڭ كۆلىمىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. تەخمىنەن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاۋشيەن خەلقى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ مېتالدىن ياسالغان ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان.

چاۋشيەن ھەرپىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چاۋشيەن مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. چاۋشيەن دۆلەت قۇرۇلۇپ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئۇزۇنغىچە خەنزۇ يېزىقىنى قوللاندى. 7 - ئەسىردە، سىللالىق ئالىم شۆسۇڭ خەنزۇچە خەتلەر ئارقىلىق چاۋشيەن

تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ياردەمچى پېئىللارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، قوشۇمچە خەنزۇچە كىتابلارنى ئوقۇدى، بۇ «ئارىلاش ئوقۇش» ئۇسۇلى دەپ ئاتالدى. بىراق، بۇنداق يېزىقتا تىل بىلەن يېزىق بىر بولمىغاچقا، ئۇنى ئومۇملاشتۇرغىلى بولماي قالدى. لى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىزۇڭ (1419 ـــ 1450) ئوردىدا يېزىق جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ، جېڭ لىڭجى، چېڭ سەنۇۋېن، شېن شۇدەن قاتارلىق كىشىلەر «يېزىق» نى بېكىتىشكە چاقىرتىلدى. ئۇلار چاۋشيەن تىلىنىڭ تاۋۇشىنى تەتقىق قىلىپ، خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىدىن پايدىلىنىپ، 11 سوزۇق تاۋۇشلۇق ھەرپ بىلەن 17 ئۈزۈك تاۋۇشلۇق ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 28 ھەرپنى كەشىپ قىلدى، ئۇ 1443 ـ يىلى ئېلان قىلىپ ئىشلىتىلىپ «خەلقنى تەربىيەلەيدىغان ئۆلچەملىك تەلەپپۇز» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چاۋشيەننىڭ ئۆز مىللىي يېزىقى بار بولدى ھەمدە ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە.

ئوتتۇرا ئەسىردە چاۋشيەندە ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سىللانىڭ پايتەختى كيوڭجۇدا رەسەتخانا سېلىنغانىدى. 8 ـ ئەسىردە يەنە ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش ئەسۋابى ۋە ئاقما سۇ سائىتى ئىجاد قىلىنىدى ھەمدە مەخسۇس تەتقىقات ئورگىنى تەسىس قىلىنىدى. 12 ـ ئەسىردە قۇياش يۈزىدىكى قارا داغلارنى كۆزەتتى. 15 ـ ئەسىردە چاۋشيەنلىكلەر سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىت ھېسابلايدىغان ھەمدە ۋاقىت مەلۇم قىلىش قۇرۇلمىسى بولغان ئاقما سۇ سائىتىنى كەشىپ قىلىپ، ۋاقىتنى توغرا مەلۇم قىلالايدىغان بولدى. 1442 ـ يىلى، ئەڭ بۇرۇنقى يامغۇر ئۆلچىگۈچنى كەشىپ قىلدى، بۇ 1639 ـ يىلى ئىتالىيەلىك بېندىكېت كاستېل كەشىپ قىلغان يامغۇر ئۆلچىگۈچتىن ئالاھازەل 200 يىل بۇرۇن. ئەينى چاغدا چاۋشيەندە يەنە يامغۇر مىقدارىنى قەرەللىك مەلۇم قىلىش تۈزۈمى

ئورنىتىلغانىدى. جۇڭگو تېبابەتچىلىكى چاۋشيەنگە تارقالغاندىن كېيىن، چاۋشيەنلىك ئالىملار كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، تېبابەتچىلىككە ئائىت ناھايىتى كۆپ كىتابلارنى تۈزدى، 17 ــ ئەسىردە تۈزۈلگەن «شەرق تېبابەتچىلىكىنىڭ قىممەتلىك ئۆرنىكى» ناملىق ئەسەر چاۋشيەن تېبابەتچىلىكىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، جۇڭگو، ياپونىيە دۆلەتلىرىدىكى تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنىدى.

## 2 ـ بۆلۈم ياپونىيە

### 1. قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈش

**قۇللۇق تۈزۈم كىرىزىسى ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىخلىنىشى** 5 ــ ئەسىردىن 6 ــ ئەسىرگىچە ياپونىيە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا راۋاجلاندى، ئاساسلىقى تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى ئىلغارلاشتى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇملاشتى، تېرىقچىلىق رايونى كېڭەيدى. چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىن ياپونىيەگە تارقالغان تۆمۈر تاۋلاش، چويۇنچىلىق يېڭى تېخنىكىسى (كورىيەچە تۆمۈر تاۋلاش) ياپونىيەنىڭ ئەسلىدىكى تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى (ياپونچە تۆمۈر تاۋلاش) نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، ئەڭ ئالدى بىلەن ياپونىيەنىڭ غەربىي رايونىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ جوتۇ، ياغاچ گۈرجەكلەرگە تۆمۈر تىغ ئورنىتىلدى. ساماۋى پادىشاھ (تېنو) ئاشزى زامانى (532 ـــ 535) سىدا، ئاقسۆڭەك ئوكوئۇچى ئاتائى ئاجى خارى ھەر يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە تەۋەلىكىدىكى

ۋىلايەتلەردىن ساماۋى پادىشاھقا ئۆزلىرى دېھقانچىلىق سايمىنى (مېتىن) ئېلىپ يۈرىدىغان يەر تېرىغۇچىلار (مېتىنلىقلار) دىن 500 نى تەقدىم قىلاتتى، بۇ 6 ـ ئەسىردە تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشۈندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرىقچىلىق تۈزلەڭلىكلەردىلا ئېلىپ بېرىلىشتىن ئېدىرلىقلار ۋە تاغلار ئارىسىدىكى تۆپىلىكلەرگە كېڭەيدى. بىنەم يەر زىرائەتلىرى كانتو رايونىغا تارقالدى. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى كىچىك كۆلەملىك تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولۇپ قالدى.

بۇ چاغدا ئەسلىدە ئائىلىسى مەجبۇرىي تارقىتىلىپ، زورلۇق بىلەن كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنىدىغان تابىي (تېرىقچى قۇللار) بەس ـ بەستە ياقا يۇرتلارغا قېچىپ، ئىشلەمچىلەر تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا قارشىلىق كۆرسەتتى. 569 ـ يىلى ساماۋى پادىشاھ كىنبېي (540 — 571) يارلىقىدا: «يۇرتىدىن ئايرىلىپ، باج ـ سېلىقتىن قۇتۇلۇپ قېلىۋاتقان» تابېلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى تىلغا ئالغان، بۇ تابېلارنىڭ ئېكىنزارلىقلار، قورۇقلاردىن ياقا يۇرتلارغا تۈركۈملەپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ چاغدا تابې قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تابېلارنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ياقا يۇرتلارغا قېچىشى ياماتو ئوردىسىنى نائىلاج كىچىك كۆلەملىك تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئېكىنزارلىق، قورۇقلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى، يەنى ئائىلىسى تارقىتىلىپ مەجبۇرىي كوللېكتىپ ئىشقا سېلىنىدىغان تابېلار ئائىلىسى بويىچە يەر

تېرىپ، يەر ئىجارىسى تاپشۇرىدىغان «تاتو» (تېرىقچى تۇتۇن) لارغا ئايلاندۇرۇلدى، بۇنى 569 ـ يىلى چوڭ ئاقسۆڭەك سوگائو ئىنامى تاپلارنىڭ قېچىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا شىرائى ئېكىنزارلىقىغا ئەۋەتكەن ئىتسۇشى ئالدى بىلەن شۇ يەردە يولغا قويغانىدى. يەرگە بۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى بىلەن كىچىك كۆلەملىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە يەر ئىگىدارلىرى يەر تېرىغۇچىلاردىن ئىجارە ھەققى ئېلىشتىن ئىبارەت ئېكسپلاتاتسىيە شەكلى دەل قەدىمكى ياپونىيە قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولغان فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ بىخلىرى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئېكىنزارلىقلىرى، قورۇقلىرىدىن ئەل ئىچىدىكى يەرلەرگە كېڭەيگەنىدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، نۇرغۇن «تەسىر كۈچكە ئىگە كىشىلەر سۈلۈق يەر بىلەن بىنەم يەرلەر) نى بۆلۈشۈپ، خۇسۇسىي يېرىگە ئايلاندۇردى، پۇقرالارغا سېتىپ (ئىجارىگە بېرىپ)، ھەر يىلى ئۇنىڭ ھەققى (ئىجارىسى)نى يىغىۋالدى» («ياپونىيە كىتابلىرى»، 25 ـ جىلد).

**شاھزادە شوتوكۇنىڭ ئىسلاھاتى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى** قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بوھرانى ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر بىخلىرىنىڭ ئۆسۈشى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا زېمىن ۋە ھوقۇق تالىشىشنى كۈچەيتىۋەتتى، بۇ ئاساسلىق 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى چوڭ ئاقسۆڭەك سوگا جەمەتى بىلەن مونونوبې جەمەتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى پادىشاھلىق تەختىنى كونترول قىلىش ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ياكى بۇددا دىنىنى يەكلەش ئۈستىدە قانات يايدۇرۇلغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشتە ئىپادىلىنىپ، ئاخىر 587 ـ يىلىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەتىجىدە سوگائو ئۇماكو پادىشاھ جەمەتىدىكى شاھزادە ئۇمايادو بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرلىشىپ مونونوبېنى يوقىتىپ، سۇئىكونى ئايال ساماۋى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى، شاھزادە ئۇمايادو (شاھزادە شوتوكۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نائىبلىق قىلدى (593 — 621).

شاھزادە شوتوكۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش، ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ساماۋى پادىشاھنى مەركەز قىلغان ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئالدى بىلەن ياماتو ئوردىسىنىڭ دوكوكۇ قاتارلىق جايلاردىكى كېڭەيتىلگەن ئېكىنزارلىقلىرىدا شىرائى ئېكىنزارلىقىدا قوللىنىلغان تۈتۈننى بىرلىك قىلىپ ئىجارە ھەققى ۋە باج ئېلىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مەمۇرىي تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سالدى، ئاساسىي قاتلاملاردا تەچچە ئون تۈتۈننى باشقۇرىدىغان ئىناگى (مەھەللە باشلىقى) (سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەھەللە باشلىقىغا ئوخشاش) تەيىنلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە كوكوزو (国造) ئەمەلىنى تەسىس قىلدى، ئۇلار ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن تۈتۈن بويىچە تېرىقچىلىق قىلغۇچىلاردىن ئىجارە ھەققى ۋە باج يىغدى. 603 - يىلى «12 دەرىجىلىك مەنسەپ ئېلان قىلىنىپ، يېڭى ئەمەل - ئۇنۋان دەرىجىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مەنسەپ ئەمەلدارلار سالاھىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ بېرىلدى. لېكىن ۋارىسلىق قىلىشقا يول قويۇلمىدى. 604 - يىلى يەنە «17 - ماددىلىق ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىندى، دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ تۈپ پروگراممىسى بولغان بۇ ئاساسىي قانۇندا كۇڭزىچىلارنىڭ ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش كۈچەيتىلگەنىدى. ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، شاھزادە شوتوكۇ جۇڭگونىڭ فېئوداللىق قانۇن -

تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلىش ئىستىكىدە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالغان جۇڭگو ـ ياپونىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 607 ـ يىلى ئونو نوئىموكونى سۈي سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. 608 ـ يىلى يەنە ئۇنى ۋەتىنىگە قايتقان سۈي سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشقا ئەۋەتتى. «سۈينامە. ياپونىيە تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، ئونو نوئىموكو تۇنجى قېتىملىق ئەلچىلىك سەپىرىدە سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدىغا تاپشۇرغان دۆلەت خېتىدە: «قوياش كۆتۈرۈلىدىغان جايدىكى تەڭرىقۇتنىڭ قۇياش ئولتۇرىدىغان جايدىكى تەڭرىقۇتقا يازغان سالام خېتى» دېگەن جۈملە بار ئىكەن، ئىككىنچى قېتىملىق ئەلچىلىك سەپىرىگە چىققاندا ئېلىپ بارغان دۆلەت خېتى «شەرق ساماۋى پادىشاھى غەربنىڭ پادىشاھىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلانغانىكەن، بۇ ياپونىيەنىڭ دۆلەت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ساماۋى پادىشاھ (تېننو) دەپ ئاتالغانلىقىغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرىدۇر. ئونو نوئىموكو ئىككىنچى قېتىملىق ئەلچىلىك سەپىرىدە يەنە جۇڭگودا ئوقۇماقچى بولغان راھىبلار، ئوقۇغۇچىلارنى بىللە ئېلىپ ماڭغان، بەزى ياپونىيەلىك ئوقۇغۇچىلار جۇڭگودا ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن تايكا ئىسلاھاتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. شاھزادە شوتوكۇ ئىسلاھات ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىنى چەكلەپ، قۇللۇق تۈزۈمنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىخلىنىشىنى كېڭەيتىپ، تايكا ئىسلاھاتىغا ئاساس سالغۇچى بولۇپ قالدى.

بىراق، شاھزادە شوتوكۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى بىلەن قۇللۇق تۈزۈمگە كۈچلۈك زەربە بەرمىگەنلىكتىن ئىسلاھات ئۈزۈل ـ

كېسەل ئېلىپ بېرىلمىدى، سىنىپىي زىددىيەتلەر پەسىيىش ۋە بوھران يېنىكلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئاقسۆڭەك سدگا ئېزو، ئىرۇكا ئاتا ـ بالا ئوردىدا ئىستىبداتلىق دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ساماۋى پادىشاھلارنى خالىغىنىچە ئۆلتۈرۈپ ۋە تەختكە چىقىرىپ، قۇللۇق تۈزۈم بوھرانىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. «ياپونىيە كىتابلىرى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر قايسى جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەر «ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سوراپ، خالىغىنىچە ئىش قىلاتتى، يەنە ئەلنىڭ تاغ ـ دەريا، ئورمان ـ دالا، كۆل ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا توختىماي ئۇرۇش قىلاتتى»، شۇڭلاشقا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ يامانلاشتى، ئىجتىمائىي ئىقتىساد زاۋاللىققا يۈزلەندى، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ياقا يۇرتلارغا قېچىش ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەقەلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. «ياپونىيە كىتابلىرى» نىڭ 22 ـ جىلدىدا ساماۋى پادىشاھ سۇئىكونىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مالىمانچىلىق ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنغان: «شۇ يىلى 3 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە قارا يامغۇر ياغدى، ئالەمنى ئاچارچىلىق قاپلىدى، ياشانغانلار ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ يول بويىدا ئۆلۈپ قالدى، بوۋاقلار ئانىلىرىنىڭ سۈتىگە تەشنا بولۇپ، ئانىلىرى بىلەن بىللە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرىلىق ـ قاراقچىلىق ئەۋج ئالدى.» سوگا جەمەتىنىڭ مۇستەبىتلىكى خان جەمەتى ۋە كۆپ سانلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۆكتىچى ئاقسۆڭەكلەر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، پائال سىياسىي كۆرەش قىلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنى مەخپىي پىلانلىدى.

ئەينى چاغدا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى داۋاملىق يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۆكتىچى ئاقسۆڭەكلەر بولسا ئاساسلىقى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تەدرىجىي بارلىققا

كەلگەن، يېڭىدىن گۈللەنگەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. يېڭىدىن گۈللەنگەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى شىرائى ئېكىنزارلىقىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارغان سوگا نوئىنامې ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سوگا نوئوماكو بولۇپ، ئۇلار بىر تۈركۈم يېڭى ئەربابلارنى، جۈملىدىن تاڭ سۇلالىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن تاكاموكونو كۇرومارو، مىنامبۇچى نوشيوئان، سوبىنلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. مىناسوچى نوشيوئان يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىككى ئوقۇغۇچى — خان جەمەتىدىكى مۇھىم ئەرباب شاھزادە ناكانو ئوئېلوكوشى ۋە ئۇنىڭ سىرداش دوستى ناكاتومى نوكاتامارىنى تەربىيىلىدى، ئۇ ئىككىيلەن 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يېڭى گۈللەنگەن فېئودال ئاقسۆڭەك ئۆكتىچىلەرنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ئىدى.

**تايكا ئىسلاھاتى** 645 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يېڭىدىن گۈللەنگەن فېئوداللارنىڭ تەسىر كۈچكە ئىگە ۋەكىلى شاھزاد ناكانو ئوئې نوكوشى نەزىر ـ چىراغ بېگى ناكاتومى نوكاتامارى (كېيىن تۆھپىسىگە ئاساسەن فۇجىۋارا دېگەن فامىلە تەقدىم قىلىنغان) قاتارلىق كىشىلەر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئوردىدا سوگانو ئىرۇكانى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ دادىسى سوگانو ئېمىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن سوگانو جەمەتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى. شاھزادە ناكانوئوئېنوكوشى كوتوكۇنى تەختكە چىقىرىپ، ئۆزى شاھزادىلىك سالاھىيىتى بىلەن نائىب بولدى، ناكا تومى نوكاماتارىنى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە، تاكامۇ كونوكۇرومارۇ بىلەن سوبىن ساماۋى پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىدىغان ئوركانىبەگلىككە تەيىنلەندى، يىل نامىنى تايكا دەپ بېكىتىپ، پايتەختنى نانبا (ھازىرقى ئوسكا)غا يۆتكىدى. شۇ يىلى «نوپۇس تىزىملاش»، «تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېنىقلاش» توغرىسىدا پەرمان جاكارلاپ، شەخسلەرنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىشنى چەكلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق

كۆردى. 646 ـ يىلى (تايكانىڭ 2 ـ يىلى) يېڭى يىلدا كوتوكۇ «ئىسلاھات» يارلىقى جاكارلاپ، سوۋي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملىرى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ باردى، بۇ تارىختا «تايكا ئىسلاھاتى» دەپ ئاتالدى.

تايكا ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى: (1) يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىنزارلىقى، قورۇقى ۋە مالايلىرى بىكار قىلىندى، يەر ۋە مالايلار بىردەك دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، دۆلەت يېرى ۋە پۇقرالارغا ئايلاندۇرۇلدى، ئەمما ئوردىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار (شىنابېلار) نىڭ ھۆكۈمەت ياكى شەخسلەرنىڭ مالاي ـ چاكىرىلىق سالاھىيىتى ساقلاپ قېلىندى. «يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش قانۇنى» يولغا قويۇلدى؛ ھۆكۈمەت دۆلەت يېرى (دۆلەت ئىلكىدىكى يەر) نى بەلگىلىك كۆلەم بويىچە بۆلۈپ، ئالتە ياشتىن ئاشقان پۇقرالار (دۆلەت دېھقانلىرى)غا نوپۇس بويىچە يەر تەقسىم قىلدى. نوپۇس بويىچە تەقسىم قىلىنغان يەرنى ھەر بىر ئەرگە ئىككى داندىن①، ئاياللارغا ئەرلەرگە بېرىلگەن يەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا توغرا كېلىدىغان يەر بەردى. نوپۇس بويىچە تەقسىم قىلىنغان يەرنى ئۆمۈرۋايەت ئىشلىتىشكە بولاتتى، ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەتكە قايتۇرۇلاتتى. ھەر ئالتە يىلدا نوپۇسقا ئاساسەن ئېتىزلار تەڭشەپ بېرىلەتتى، بۇ يەر بېرىش يىلى دېيىلەتتى. يەرگە ئىگە بولغان دېھقانلار دۆلەتكە ئىجارە ھەققى تۆلىشى، ھاشارغا چىقىشى، سېلىق تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ھەر بىر دان يەردىن ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئىككى سوكو② ئىككى ۋاڭ ③ شال ئېلىناتتى؛ ھەر يىلى 10 كۈن ھاشارغا چىقىش بەلگىلەنگەنىدى.

① ئەينى چاغدا بىر دان 9.918 موغا توغرا كېلەتتى.
② ③ ياپونىيەنىڭ ئاشلىق ئۆلچىمى بىرلىكى – تەرجىماندىن.

www.uyghurkitap.com

ئادەتتە هاشارغا چىقىشىنىڭ ئورنىغا رەخت تاپشۇرسىمۇ بولاتتى، ھەر بىر ئائىلە بىر گەز ئىككى چى رەخت، بەش كۈرە گۈرۈچ بەرسە بولاتتى؛ سېلىقتا ھەر خىل يەرلىك مەھسۇلاتلار تاپشۇرۇلاتتى. شەخسلەرنىڭ مالاي - چاكارلىرىغىمۇ پۇقرالارغا بېرىلگەن يەرنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلەتتى، ئۇلارنى غوجايىنلىرى ئۆزلىرى ئۆزكۈزۈۋالاتتى. ھۆكۈمەت دۆلەت ئەمەلدارى ھېسابلىنىدىغان ئاقسۆڭەكلەرگە مەنسىپىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن سۇيۇرغاللىق تەمىناتى بېرەتتى، يەنى ئۇلار سۇيۇرغاللىق يېرىنى ئىجارىگە ئالغۇچى دېھقانلار تاپشۇرىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ يېرىمىنى تاپشۇراتتى. قالغان قىسمى پۇتۇنلەي ئەمەلدارلىق مائاشى قىلىناتتى، بۇنىڭدىن سىرت، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەرتلىك ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئۇنۋان يېرى، ئەمەل يېرى، تۆھپە يېرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆلىمى ۋە ئىگىدارلىق قىلىش يىل چەكلىمىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ تۆھپە يېرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولاتتى. (2) ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. مەركەزدە ئىككى ۋەزىرلىك، سەككىز ۋازارەت ۋە بىر مەھكىمە① تەسىس قىلىندى، جايلاردا كوكۇ (بەگلىك)، گۇڭ (ۋىلايەت)، رى (مەھەللە) تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنى كوكۇجى (بەگ) ۋە گۇڭجى (ئامبال) ۋە رىناگا (مەھەللە باشلىقى) ئايرىم - ئايرىم باشقۇردى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەربىي كونتروللۇق ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپ، ئەسكەر

---

① ئىككى ۋەزىرلىك نەزىر - چىراغ ۋەزىرلىكى بىلەن دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى بولغان مەمۇرىي ئىشلار ۋەزىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سەككىز ۋازارەت مەمۇ-رىي ئىشلار ۋەزىرلىكى ئاستىدىكى ئوڭ - سول ۋەزىرلىك قارىمىقىدىكى ناكاستۇ كاسا پىرقىسى؛ شىكى پىرقىسى، جىبۇ پىرقىسى، پۇقرالار ئىشلىرى پىرقىسى، لەشكىرىي پىرقە، زىندان پىرقىسى، ئوكۇرا پىرقىسى ۋە مىيا ئۈچى پىرقىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، مەركەزدە بەش باسقاقبەگ مەھكىمىسى[1] تەسىس قىلىندى، يەرلىكتىكى ھەر قايسى كوكۇلاردا ھەربىي قوشۇن تەسىس قىلىندى، كيۇشۇ باش ۋەزىر مەھكىمىسىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن 21 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەرلەر نۆۋەتلىشىپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىدى.

تايكا ئىسلاھاتىدا ئورنىتىلغان يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش («دۆلەت يېرى») تۈزۈمىدىكى ئاقسۆڭەك زېمىندارلار سۇيۇرغاللىق (مائاش سۇيۇرغالى، ئۇنۋان يېرى، ۋەزىپە يېرى) تۈزۈمى ۋە دۆلەت دېھقانلىرىنىڭ ئۈلۈشلۈك يەر تۈزۈمى (يەر بېرىش قانۇنى) چوڭ يەر مۇلۇكچىلىكى بىلەن يەككە ئىشلەپچىقىرىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت تۈزۈمى زېمىندارلار (پومېشچىكلار) سىنىپى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئوخو قانۇن - پەرمانلىرى» (701 - يىلى)، «يورو ئەمىر - پەرمانلىرى» (718 - يىلى) نى تۈزۈپ چىقىپ، يېڭى فېئوداللىق ئىقتىسادىي - سىياسىي تۈزۈمنى قانۇنلاشتۇردى، شۇڭلاشقا تايكا ئىسلاھاتى ياپونىيە تارىخىدا فېئوداللىق دەۋرنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ[2].

---

[1] بەش باسقاقبەگ مەھكىمىسى چېگرا مۇھاپىزەت مەھكىمىسى، ئوڭ - سول تۇرغاۋۇل مەھكىمىسى ۋە ئوڭ - سول ھەربىي مۇھاپىزەت مەھكىمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ياپونىيە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر بولۇپ، ئۇلار تايكا ئىسلاھاتى ياپونىيەدە قۇللۇق تۈزۈم موكەممەللەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ، 12 - ئەسىردە كاما كۇرا باكۇفۇلۇقى (شوگۇنلۇقى) قۇرۇلغاندا، ياپونىيە ئاندىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، دېيىشىدۇ.

## 2. نارا ۋە خېيئان دەۋرلىرىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى

نارا دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى تايكا ئىسلاھاتىدىن كېيىن ياپونىيەدە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە تەقلىد قىلىنىپ پايتەخت سېلىندى. 694 ـ يىلى ئاسكا (ھازىرقى نارا ناھىيەسى تەۋەلىكىدە) دا فوجىۋارا قۇرۇلدى. 14 يىلدىن كېيىن يەنە نارادا يېڭى پايتەخت سېلىنىپ ئۇنىڭغا خېجوكيو دەپ نام قويۇلدى، 710 ـ يىلى پايتەخت خېجوكيوغا كۆچۈرۈلدى، ياپونىيە تارىخىدىكى نارا دەۋرى (710 — 794) مۇشۇ چاغدىن باشلاندى. 794 ـ يىلى پايتەخت يەنە خېيئانكيو (ھازىرقى كيوتو)غا كۆچۈرۈلدى، بۇ جاي 1192 ـ يىلىغىچە پايتەخت بولدى، بۇ دەۋر تارىختا خېيئان دەۋرى دەپ ئاتالدى.

تايكا ئىسلاھاتىدا ئېكىنزارلىق، قورۇق تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن قالاق قۇللۇق تۈزۈم سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى، بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئورنىدا كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆزگىرىش بولدى. 646 ـ يىلىدىن 713 ـ يىلىغىچە بولغان 68 يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەر 12 قېتىم قەرەللىك بۆلۈپ بېرىلدى، نارا دەۋرى باشلانغان چاغدا، يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى ياپونىيەنىڭ كۆپىنچە رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانىدى، يەرگە ئېرىشكەن دېھقانلار ئەينى چاغدىكى ياپونىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70% ىدىن ئارتۇق بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. گەرچە ئۇلار يەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە، جىسمانىي جەھەتتە ۋە قانۇن جەھەتتە دۆلەتكە بېقىنىدىغان بېقىندى

دېھقانلار بولسىمۇ، لېكىن ئازغىنە بىر پارچە يەر (دۆلەت بەرگەن ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلىدىغان نوپۇس بويىچە تەقسىم قىلىنغان يەر ۋە شەخسىي ۋارىسلىق قىلىپ ئىگە بولغان بېغى) گە ۋە ئازراق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىغا ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى ۋە مۇستەقىل باشقۇرىدىغان شەخسىي ئىگىلىكى بار بولدى، شۇنداقلا ئۇلار مۇقىم ئىجارە ھەققى، سېلىق ۋە ھاشارنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مالايلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى.

نارا دەۋرىدە ياپونىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. ھۆكۈمرانلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەردى، ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ئۇتۇقلىرى «دېھقانلارنى پىلە بېقىشقا يېتەكلەش» تىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. كەڭ دېھقانلار تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ياخشىلىدى، بوز يەرلەرنى ئاچتى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياسىدى. جۇڭگودىن كىرگەن ئىلغار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى ھەممىلا جايغا تارقالدى، مېتىن، ساپان، ئورغاق قاتارلىق تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سۇ تۈگمىنى، پۈت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ۋە كالا قوشۇلىدىغان سۇ چىغرىقى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلدى؛ ئات ـ كالىلار بىلەن يەر ئاغدۇرۇش پەيدىنپەي ئومۇملاشتى. شالنى بىۋاسىتە تېرىش مايسا تىكىشكە ئۆزگەردى، ھوسۇل يىغقاندا باشقىنى قىرقىپ ئېلىش ئورغاق بىلەن ئورۇشقا ئۆزگەردى، مەھسۇلات مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ئاشتى. نارا دەۋرىدە نۇرغۇن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ياسالدى. پايتەخت ئەتراپىدىكى جايلاردا تۆت دەريا، 14 كۆل تىزگىنلىنىپ، 21 توسما ياسالدى، يەتتە ئۆستەڭ چېپىلدى. سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پايتەخت

ئەتراپى، ئومى، سېتوئۇچىنىڭ دېڭىز بويلىرى، شىمالىي كيۇشۇ قاتارلىق جايلاردا مۇناسىپ هالدا ئېتىزلار رەتلىنىپ، «بېيۇرى تۇزۇمى» يولغا قويۇلدى، يەنى 36 ماچى بىر رىغا، ئالتە رى بىر جىيۇغا تەڭ بولۇپ، جىيۇ ـ رى ئەتراپىدىكى ئېرىق، قىر، يوللار ئېتىزلارنىڭ پاسىلى قىلىندى، بۇ نارا دەۋرىدە ياپونىيەنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى هېسابلىنىدۇ. بىنەم يەرلەر، باغبارانچىلارمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. نارانىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئوردا هەر بىر دېھقاننىڭ ئىككى دان يەرگە قوشۇمچە بۇغداي تېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى هەمدە ئىجارە هەققىگە شال ئورنىدا تېرىق تاپشۇرۇشقا يول قويۇلدى. بىنەم يەرلەرگە تېرىق، بۇغدايدىن باشقا، كاناماش، قىزىل پۇرچاق، ئارپا، قاتارلىقلار تېرىلدى. نارانىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ پىلىچىلىكمۇ تەدرىجىي راۋاجلاندى.

نارا دەۋرىدە ياپونىيە دېھقانلىرى ئومۇميۈزلۈك قول هۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار سېلىق ـ هاشارغا تاپشۇرغان ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە هەر خىل توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، ساپال قاچا، ياغاچ ئەسۋاب، سىرلىق قاچا، تۆمۈر ئەسۋاب قاتارلىقلار بار ئىدى. هۆكۈمەت باشقۇرغان قول هۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ قول هۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق خان جەمەتى ئەزالىرى، هۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ئىستېمال قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىستېمالىدىن ئاشقانلىرى ئالماشتۇرۇش ساھەسىگە كىرەتتى. شۇڭا، نارا دەۋرىدىكى ياپونىيەدە ناتۇرال ئىگىلىك هۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكى تېخى تەرەققىي قىلمىغانىدى. 708 ـ يىلى (ۋادونىڭ تۇنجى يىلى) هۆكۈمەت تاڭ سۇلالىسىگە تەقلىد قىلىپ، «ۋادۇ كاينو» دەپ ئاتىلىدىغان مىس

ۋە كۈمۈش پۇللارنى قۇيغان بولۇپ، بىراق بۇ پۇللار كەڭ دائىرىدە ئوبوروت قىلىنمىغانىدى.

**يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى** نارا دەۋرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى قەدىمكى زاماندىكى قوۋملەر قۇللۇق تۈزۈمگە قارىغاندا ئىلغارلىق ھېسابلانسىمۇ، بېقىندى دېھقانلارنى بۇرۇنقى قوۋمگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ياخشىلانغان بولسىمۇ، بىراق فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بېقىندى دېھقانلارنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. فېئوداللىق دۆلەت ئالىدىغان يەر ئىجارىسى ھوسۇلنىڭ 3% ىنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ھەر بىر تۈتۈندىكى دېھقاننىڭ جان سانى يېرىدىن يىللىق ئېھتىياجلىق ئاشلىقنىڭ ئاران بەشتىن ئۈچ قىسمىلا ئىشلەپچىقىرىلاتتى. دېھقانلار شالنى گۈڭلۈك(ۋىلايەتلىك) ئاشلىق ئامبىرىغا يەتكۈزۈشى، كيوتو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 17 كوكۇنىڭ دېھقانلىرى يەنە بىر قىسىم شالنى ئاقلاپ، سېلىق ۋە ھاشارغا تاپشۇرىدىغان ماددىي بۇيۇملار بىلەن بىللە كيوتوغا ئاپىرىشى كېرەك ئىدى، بېرىش ـ كېلىش كىرا ھەققى ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكنى دېھقانلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالاتتى، قانۇندا ھاشار 10 كۈن دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا 40 كۈنگە ئۇزارتىلاتتى. كوكۇجى بىلەن گۈڭجى يەنە بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنى 60 كۈن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا سالسا بولاتتى. ئېغىر ئالۋان ـ ياساق دەستىدىن «ھاشارچىلار يۇرتلىرىغا قايتىش سەپىرىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان، جەسەتلىرى جىلغىلارغا تاشلىۋېتىلىدىغان» پاجىئەلىك مەنزىرىلەر كۆپ ئۇچرايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەر 40 يىل ئىچىدە ھەر ئۈچ ياكى تۆت يىلدا قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئۆزلىرى تەييارلاپ 60 كۈن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى (ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارنىڭ

هاشىرى بىكار قىلىناتتى). ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە نامرات دېھقانلارنىڭ شال ئۇرۇقى ئۆكسۈپ قالسا، يەرلىك هۆكۈمەت ۋە بايلار بۇ مەزگىلدە جازانىخورلۇق قىلاتتى. بۇ «قوزغىتىش» دېيىلەتتى، ئۆسۈم نىسبىتى 50% ـ 100% كە يېتەتتى. يەرلىك هۆكۈمەت يەنە قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش نامىدا دېھقانلاردىن مەجبۇرىي «خالىس ئاشلىق» يىغىۋالاتتى. خىلمۇخىل فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن بېقىندى دېھقانلار يەيدىغىنى يوق، يېرىم يالىڭاچ، نامراتلىق، كېسەللىك دەردىدىن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايتتى. 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر يامانوئۇئې نوئوكورا يازغان «كەمبەغەللىك غەزىلى»دە ئەينى چاغدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ نامراتلىق ۋە پاجىئەلىك تۇرمۇش مەنزىرىسى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن: «كۆتۈرۈلمەيدۇ تۈرخۇنلاردىن ئىس ـ تۈتەك، قاسقانلارنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلىغان. تاماق ئېتىش ئالالىقاچان ئۇنتۇلغان، يۈز ـ كۆزلەر دەردلىك ياش بىلەن يۇيۇلغان». «كەلدى رىناگا هاسىغا تايىنىپ، كىردى ئۆيگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، ئىجارىنى تاپشۇرغىن دەپ جارقىرار، يىل يىلغا ئۇلىشار مانا مۇشۇنداق !» بېقىندى دېھقانلار قاتتىق فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەس ـ بەستە ياقا يۇرتلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن نوپۇس رويخېتى ۋە يەر رويخېتى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

ئاقسۆڭەك بيۇروكراتلار بىلەن فېئوداللىق دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى يەر تالىشىش كۈرىشى ۋە خەلقنىڭ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. يەرگە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىدىغان يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش بىلەن بىللە، هۆكۈمەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇنۋان يېرى، ئەمەل يېرى، تۆھپە يېرى دېگەن ناملاردا يەرگە شەخسىيلەرنىڭ ئىگىدارلىق قىلىشىغا يول قويغانىدى. ئىبادەتخانا، تاۋاپگاھلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي يەرلىرى بار ئىدى. بۇ خۇسۇسىي يەرلەرنى

ئادەتتە، شەخسلەرنىڭ مالاي ـ چاكارلىرى تېرىيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىن باج ئېلىنمايتتى، يەرگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. كوكۇجى، گۇڭجى قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار يەرلەرنى قوشۇۋېلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەمىلىگە تايىنىپ ساختىپەزلىك قىلىپ، نوپۇس رويخېتى ۋە يەر رويخېتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ئىنئام تۈزۈمى بوشاپ كەتتى. تېرىلغۇ يەر ۋە كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت شەخسىي بوز يەر ئاچقانلارنى مۇكاپاتلىدى. 723 ـ يىلى «ئۈچ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى» تۈزۈلۈپ، بوز يەر ئاچقۇچىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد شۇ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشىغا، ئاندىن كېيىن يەرنى دۆلەتكە تاپشۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى؛ بوز يەر ئاچقۇچى ئۆزلەشكەن يەرگە ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارلىق قىلاتتى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن يەر دۆلەتكە تاپشۇرۇلاتتى. بىراق ئاقسۆڭەكلەر، ئىبادەتخانىلار ۋە تاۋاپگاھلار بۇنىڭغا رازى بولمىدى. 743 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئۈچ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، «ئېچىلغان بوز يەر مەڭگۈ خۇسۇسىي مۈلۈك بولۇش قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، «بۇنىڭدىن كېيىن (ئېچىلغان بوز يەرلەر) خۇسۇسىي مۈلۈك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، مەيلى ئۈچ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان يەر بولسۇن، ھەممە ۋاقىپ بولسۇنكى، ئۇنى دۆلەت مەڭگۈ ئۆتكۈزۈپ ئالمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. «شۇنىڭ بىلەن جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بوز يەر ئېچىشقا تۇتۇش قىلدى، تەسىرى كۈچلۈك ئائىلىلەر پۇقرالارنى مەجبۇرلىدى، نامرات پۇقرالارنىڭ بىكار ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمۇ قالمىدى». ئارقىدىنلا جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەر، ئالدى بىلەن كوكۇجىلار ھوقۇقىغا تايىنىپ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشنى باشلىدى، ئىبادەتخانا، تاۋاپگاھلارمۇ يەرلەرنى بەس ـ بەستە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يەرلەرنى قوشۇۋېلىش شامىلى

كۆچىيىپ، يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى تېز سۈرئەتتە يىمىرىلدى.

9 ـ ئەسىردە، يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنى قەرەلىدە يولغا قويۇش تەس بولۇپ، ھۆكۈمەت يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا مەجبۇر بولدى. 834 ـ يىلى، پايتەخت ئەتراپىدىكى جايلاردا يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش مۇددىتى 12 يىلغا ئۆزگەرتىلدى، 11 يىلدىن كېيىن، گەرچە يەرلەرنىڭ كۆلىمى تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىشكە بولماي قالدى، باشقا كوكۇلاردا يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش مۇددىتى 50 ـــ 60 يىلغا ئۇزارتىلدى ياكى يەر بۆلۈپ بېرىلمىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش پۈتۈنلەي توختىتىلدى.

**قورۇق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى** ياپونىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شەخسىي ئىگىدارلىقىدىكى فېئوداللىق چوڭ يەر مۈلكى قورۇق دېيىلىدۇ. ئۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ئۇ يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ كۈندىن ـ كۈنگە راۋاج تاپتى. دەسلەپتە قورۇقلار ئاساسلىقى مالاي ـ چاكارلار ياكى بېقىندى دېھقانلارنى مەجبۇرىي بوز يەر ئاچقۇزۇش ئارقىلىق پەيدا بولغانىدى. كېيىن قوشنا بېقىندى دېھقانلارنىڭ نوپۇس بويىچە تەقسىم قىلىنغان يېرىنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق بارا ـ بارا كېڭەيدى. ئەسلىدە دۆلەت ئىنئام قىلغان شەرتلىك ئىگىدارلىق قىلىنىدىغان يەرلەرمۇ قورۇقلارغا ئايلاندى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرى دېگۈدەك قورۇقلار بىلەن قاپلاندى.

كيوتودىكى ئاقسۆڭەكلەر، مۇشتۇمزورلار، دۆلەتمەنلەر تەبىقىسى ئاساسلىق قورۇق ئىگىلىرى ئىدى. ئۇلار قورۇق باشقۇرۇشقا «قورۇق باشقۇرغۇچى» ئەۋەتەتتى. دەسلەپتە قورۇقلار يەنىلا ھۆكۈمەتكە ئىجارە ھەققى، باج تاپشۇراتتى، ئەمما 9 ـ



www.uyghurkitap.com

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەسىرى كۈچلۈك ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىبادەتخانا فېئوداللىرى باج تاپشۇرماسلىق، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى قورۇققا كىرگۈزمەسلىك ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالدى. يەرلىك ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاقسۆڭەكلەر بۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قورۇقلىرىنى مەركەزدىكى ياكى ھەر قايسى جايلاردىكى نوپۇزلۇق ئاقسۆڭەكلەرگە «ھەدىيە» قىلىپ، ئۆزلىرى «قورۇق باشقۇرغۇچى» لارغا ئايلاندى. بۇنداق «ھەدىيە» نى قوبۇل قىلغۇچى قورۇق خوجايىنى «رىيوكې (غوجىدار)» دەپ ئاتالدى. رىيوكېلار يەنە «ھەدىيە» قىلىش ئارقىلىق تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان ئاقسۆڭەكلەر، يەنى ئاتالمىش «خونجو» (本所) لارغا بېقىندى. «ھەدىيە» قىلىش يەرلەرنى بارغانسېرى ئاز سانلىق نوپۇزلۇق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈردى ھەمدە قورۇق ئىگىدارلىرى ئارىسىدا قورۇق باشقۇرغۇچى، رىيوكې، خونجۇ قاتارلىق بىر نەچچە تەبىقىنى شەكىللەندۈردى.

قورۇقتىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر «ئىشلەمچىلەر»، «ھەدىيە قىلىنغۇچىلار»، «پۇقرالار» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ۋەيران بولغان بېقىندى دېھقانلار ئىدى. ئۇلار قورۇقنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ، ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى ئۈچۈن تاپشۇراتتى، بۇنىڭدىن سىرت، ھەر خىل ناملاردا كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تاپشۇراتتى. قورۇق غوجايىنىنىڭ بىۋاستە تەۋەلىكىدىكى يەردە ھەقسىز ئەمگەك قىلاتتى ۋە ھەر خىل پارچە - پۇرات ئىشلارنى ئۈستىگە ئالاتتى. قورۇق غوجايىنلىرىنىڭ بىۋاستە تەۋەلىكىدىكى خوجىلىق زېمىن دەسلەپتە تەخمىنەن پۈتۈن قورۇقنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى، كېيىن بارا - بارا ئازىيىپ ئوندىن بىرى، ئوتتۇزدىن بىرى، ھەتتا ئەللىكتىن بىرىگە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ياپونىيەنىڭ دەسلەپكى فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئالۋان

تۈزۈمىدىكى زېمىندارلار ئىگىلىكى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمىگەنىدى.

**نائىبلىق قىلغۇچى — كامپاكو سىياسىيسى ۋە سامۇرايلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى** قورۇق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كەڭ قورۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورىيىپ، ئاخىر چوڭ ئاقسۆڭەك فوجىۋارا جەمەتىدىكىلەر ھاكىمىيەتنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىدەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. فوجىۋارا جەمەتى خان جەمەتى بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى قۇدا بولۇپ ئۆتكەن. 858 - يىلى فۇجىۋارا ماكاتوشۋا توققۇز ياشلىق نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) ساماۋى پادىشاھ كىيوكاۋا ۋاكالىتەن «مۇۋەققەت باشقۇرغۇچى» بولغان، 866 - يىلى رەسمىي «نائىب» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئارقىدىنلا فوجىۋارا نويۇشى فۇساننىڭ ئوغلى كىكيو يەنە ساماۋى پادىشاھ يوزېغا نائىبلىق قىلغان. 887 - يىلى، ساماۋى پادىشاھ ئۇتا ھاكىمىيەتنى فۇجىۋارا كىكيوغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، «ھەر قانداق زۆرۈر ئىش ئالدى بىلەن كامپاكۇ (مەسلىھەتچى) فۇجىۋارا كىكيونىڭ «ئالدىدىن ئۆتسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە «كامپاكۇ» دېگەن نام بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، فۇجىۋارا جەمەتىدىكى ۋەكىللىك ئەربابلار كېيىنكى ئەۋلاد ساماۋى پادىشاھ گۆدەك چېغىدا ئۇنىڭغا نائىب بولۇش ئۈچۈن، جەمەتىدىكى قىزلارنى ساماۋى پادىشاھقا خانىش ياكى بانۇلۇققا تاللىدى. ساماۋى پادىشاھ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن نائىبلىق نامى كامپاكۇغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ تارىختا «نائىبلىق قىلغۇچى - كامپاكۇ سىياسىيسى» دەپ ئاتالدى. فۇجىۋارا جەمەتى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھوقۇقىغا تايىنىپ نۇرغۇن «ھەدىيە» قىلىنغان قورۇقلارنى قوبۇل قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ قورۇقلىرى

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى قاپلاپ، «جاھاندىكى يەر ـ زېمىنغا بىر جەمەت غوجايىنلىق قىلىش»تەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. خېيئان دەۋرىدە فۇجىۋارا جەمەتى ياپونىيەگە ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

فۇجىۋارا جەمەتىنىڭ نائىبلىق قىلغۇچى ـ كامپاكۇ سىياسىيسى چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىقتى، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ئېغىرلاشتى، خەلق نامراتلىشىپ ۋەيران بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا قاچتى، ھەممىلا جايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار كوكۇ يامۇلى، كوكۇ تارماق مەھكىمىسى، ھەتتا كيوتوغا دائىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇ چاغدا تايكا ئىسلاھاتى مەزگىلىدە قۇرۇلغان يەرلىك قوشۇنلار يەرنى قەرەللىك بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى مەغلۇپ بولغانلىقتىن تارقىتىۋېتىلگەنىدى. ھەر قايسى جايلاردىكى قوروق غوجايىنلىرى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، قوروقلىرىنى قوغداش، كۈچىنى تولۇقلاپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قوروق باشقۇرغۇچى ئارقىلىق قوراللىق قوشۇن تەشكىللىدى، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى، تەمىناتىنى قوروق غوجايىنى تەمىنلەيتتى ھەمدە ھامىيلىق قىلاتتى. مانا بۇ ياپونىيە تارىخىدىكى «سامۇراي» ۋە «سامۇرايلار گۇرۇھى» نىڭ كېلىپ چىقىشىدۇر. سامۇراي بىلەن ئاتامان ئوتتۇرىسىدا غوجايىنلىق ـ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان بولۇپ، تىنچلىق مەزگىلى ۋە ئۇرۇش بولغاندا بولسۇن، سامۇرايلار ئاتامانىغا مۇتلەق سادىق بولۇشى كېرەك ئىدى. سامۇرايلار گۇرۇھىنىڭ ئاتامانلىق ۋەزىپىسىنى بەزى يەرلىك قوروق غوجايىنلىرى ۋە كوكۇجىلار، مۇشتۇمزورلار ئۈستىگە ئالاتتى، يەنە بەزى ئاتامانلىق ۋەزىپىلىرىنى مەركىزىي ھاكىمىيەتتىكى تەسىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىگە ئالاتتى. 10 ـ ئەسىردە

يەرلىك سامۇرايلار گۇرۇھى ئىچىدە كانتو[①]دىكى خان جەمەتىدىن بولغان ئاقسۆڭەك گېنجى جەمەتى بىلەن كانسايدىكى خېيشى جەمەتىنىڭ ئەمەلىي كۈچى چوڭراق ئىدى. سامۇرايلار ياپونىيەدە فېئوداللىق تۈزۈم ئورنىتىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىدۇر.

11 ـ ئەسىردە، خان جەمەتى بىلەن نائىبلىق قىلغۇچى — كامپاكۇ ـ فوجىۋارا جەمەتى ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، ھەر ئىككى تەرەپ سامۇرايلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. خان جەمەتى فۇجىۋارا جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ساماۋى پادىشاھ شىراكاۋا دەۋرى (1073 — 1086) دە، خانىشنى فۇجىۋارا جەمەتىدىن تاللىمىدى. ساماۋى پادىشاھ شىراكاۋا 1086 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تەختنى ساماۋى پادىشاھ خورى كاۋاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى شاھىنشاھ بولۇپ، ئوردىدا مەھكىمە ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى ساماۋى پادىشاھلار ياشانغاندا، گۆدەك ۋەلىئەھدىلەرگە تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزلىرى شاھىنشاھ بولۇپ، مەھكىمە ۋازارىتىدە ئەمەلىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتتى، بۇ تارىختا «مەھكىمە ھاكىمىيىتى» دەپ ئاتالدى. نائىبلىق قىلغۇچى فۇجىۋارا جەمەتى مەھكىمە ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، كانتودىكى گېنجى جەمەتى سامۇرايلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى، مەھكىمە ھاكىمىيىتى تەرەپ كانسايدىكى خېيشى جەمەتى سامۇرايلىرىنىڭ كۈچىگە تاياندى، شۇنىڭ بىلەن سامۇرايلارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ھەمدە ئۇلار مەركىزىي

---

① كانتو خاكونىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى، يەنى ھازىرقى توكيو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ. كانساي بولسا سىزىكا، خۇۋا قاتارلىق كانىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى، يەنى ھازىرقى كيوتو، ئوساكا، كاندونى مەركەز قىلغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھاكىمىيەتنى تالىشىش سىياسىي كۈرىشىگە قاتناشتى. كانسايدىكى خېيشى جەمەتى خوگېن (1156 ـ يىلى)، خېجى (1159 ـ يىلى) لاردا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق ئىلىشىشتا غەلىبە قازاندى، شۇنىڭدىن كېيىن كانساي خې شى ساموراپلىرىنىڭ ئاتامانى تائىرا نوكىيو مورى مەركىزىي ھاكىمىيەتنى يىگىرمە نەچچە يىل كونترول قىلدى. تائىرانو كىيومورى فۇجىۋارا جەمەتىنى كۆچىنىڭ بارىچە پاناھىغا ئالدى، يەرلىك مۇشتۇمزورلارنى چەكلىدى، شۇڭا ئۇ ساموراپلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. كانتو ساموراپلىرىنىڭ ئاتامانى مىناموتونو يورى تومو پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆكتىچى ساموراپلارنى توپلاپ، خې شى جەمەتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئىسيان كۆتۈردى، 1183 ـ يىلى داننو ئۇرا (شىمو بوغۇزى) دېگىز ئۇرۇشىدا خې شى گۇرۇھىنىڭ قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزدى.

## 3. كاماكۇرا باكۇفۇلۇقى ۋە مۇروماچى باكۇفۇلۇقى

**كاماكۇرا باكۇفۇلۇقى** مىناموتو يۈرىچو جەمەتى خېيشى جەمەتى بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەدرىجىي قۇرۇپ چىقتى. 1180 ـ يىلى كاماكۇراغا ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي قول ئاستىدىكى ساموراپلار (خان جەمەتى ئائىلىسى)غا قوماندانلىق قىلىدىغان «ياساۋۇل مەھكىمىسى» تەسىس قىلدى. 1184 ـ يىلى خوجىلىق زېمىن ۋە ئولپان باشقۇرىدىغان، ئالاقە، مالىيە ۋە قارا ئىشچى قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغان «ئالاقە مەھكىمىسى» تەسىس قىلدى، 1191 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ نامى «مەمۇرىيەت مەھكىمىسى» گە ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي ئورگانغا ئايلاندۇرۇلدى. 1184 ـ يىلى يەنە ئەدلىيە ئاپپاراتى بولغان «سوت مەھكىمىسى» خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خوجىلىق زېمىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەرز ـ

شىكايەت دىلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ئاپپاراتلار باكۇفۇ (幕府 — بۇرۇن شوگۇنلۇق دەپ ئېلىنغان) دەپ ئاتالدى. 1185 ـ يىلى مىناموتونو يورىچو خېيشى جەمەتىنى مەغلۇپ قىلىپ كيوتودىكى ئوردىنى كونترول قىلدى، كاماكۇرادا قۇرۇلغان باكۇفۇ ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئايلاندى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ھەر قايسى كوكۇلارغا «قوغدىغۇچى» (ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىق) ئەۋەتىپ، كوكۇجىلارنىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەملەشتۈردى ھەمدە ھەر قايسى جايلاردىكى قورۇقلارغا باكۇفۇغا ۋەكالىتەن ئىجارە ھەققى، باج، «ھەربىي غەللە ـ پاراق» (ھەر بىر داندىن بەش كۈرە ئاشلىق ئېلىنىدۇ) يىغىشقا «جىتو» باشقۇرغۇچى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلدى. 1192 ـ يىلى مىناموتونو يورىچو كيوتو ئوردىسىنى ئۆزىگە «ياتلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان ئالىي شوگۇن (ئالىي سانغۇن)» دېگەن ئەڭ ئالىي نامنى بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، ئادەتتە بۇ يىل كاماكۇرا باكۇفۇلۇقى رەسمىي قۇرۇلغان يىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مېيجى يېڭىلىنىشقا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىغىچە بولغان 700 يىلغا يېقىن دەۋر ئىچىدە، ياپونىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كاماكۇرا، مۇروماچى ـ ئېدو (توكۇكاۋا) دىن ئىبارەت ئۈچ باكۇفۇلۇقتىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈردى. ساماۋى پادىشاھ ئوردىسىدىن باشقا ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان سامۇرايلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈم جەھەتتىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

كاماكۇرا باكۇفۇلۇقى ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان قورۇقلاردىن ئىبارەت ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ـ سامۇرايلار ئۇنىڭ سىنىپى ئاساسىدۇر، باكۇفۇغا بىۋاسىتە

قاراشلىق سامۇرايلار ــــ «خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەر» باكۇفۇنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم تايانچىسىدۇر. باكۇفۇ خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە قوغدىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆھپىسى بارلارغا مەنسەپ ۋە يەر بەردى. باكۇفۇدىكى مۇھىم مەنسەپلەرگە، شۇنىڭدەك ھەر قايسى كوكۇلاردىكى قوغدىغۇچىلىققا ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى قورۇقلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىقىغا خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەر تەيىنلەندى.

1199 ـ يىلى، مىناموتونو يۈرىچو ئۆلگەندىن كېيىن، باكۇفۇنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى ھۆكۈمرانلار ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىشتىن ئىبارەت قانلىق نىزالار داۋاملىق تۈردە يۈز بەردى، نەتىجىدە مىناموتونو يۈرىچونىڭ شىرەم تۇغقىنى كىتاجو باكۇفۇنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. كيوتو ئوردىسىنىڭ شاھىنشاھى گوتوبا 1221 ـ يىلى (جيوكيونىڭ 3 ـ يىلى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىتاجوغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى (تارىختا بۇ «جيوكيو توپىلىڭى» دەپ ئاتالغان)، ئەمما جازا يۈرۈشىگە قاتناشقانلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، تېزلا مەغلۇپ بولدى. كىتاجو باكۇفۇلۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1232 ـ يىلى (جيوئېينىڭ تۇنجى ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، سامۇرايلار قانۇنى بولغان 51 ماددىلىق «پادىشاھلىق قانۇنى» («جيوئې يىلىدىكى قانۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قانۇننىڭ كۆپىنچە ماددىلىرىدا قوغدىغۇچى، جىتو، قاتارلىق خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سالاھىيىتى، ھوقۇقى ۋە خوجىلىق زېمىنغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە دائىر بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق باكۇفۇلۇق بىلەن خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى غوجايىنلىق ـ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان.

www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر ۋە مۇروماچى باكۇفۇلۇقى 1274 - يىلى ۋە 1281 - يىلى موڭغۇللار ياپونىيەگە ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قىلدى، دېھقانلار بىلەن سامۇرايلار موڭغۇللارغا قارشى جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بارلىق خىراجىتى دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن خان جەمەتىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچىسى ۋەيران بولغاچقا، ئۇلارمۇ باكۇفۇلۇقتىن نارازى بولدى. بەزى جايلاردىكى چوڭ فېئوداللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ساماۋى پادىشاھ گودائى باكۇفۇلۇقىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ساماۋى پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. لېكىن «قايتىدىن روناق تېپىش» نىڭ ۋاقتى ئۇزۇنغا بارمىدى. 1336 - يىلى باكۇفۇلۇقنىڭ سابىق شۇگۇنى ئاشى گاگاتاكائۇچى كيوتونى ئىشغال قىلىپ، قايتىدىن باكۇفۇلۇق قۇردى، باكۇفۇلۇق كيوتو شەھىرىنىڭ مۇروماچى دېگەن يېرىدە بولغاچقا، «مۇروماچى باكۇفۇلۇقى» (1336 — 1573) دەپ ئاتالدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن ساماۋى پادىشاھ گودائى جەنۇبتىكى يوشىنو (تايۋا دېگەن يەردە) غا قېچىپ بېرىپ ئوردا قۇرۇپ، ئاشى گاگاتاكائۇچى كيوتودا تەختكە يۆلەپ چىقارغان ساماۋى پادىشاھ كوميو بىلەن قارشىلاشتى. ئىككى ئوردىنىڭ تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى ئەللىك نەچچە يىل داۋاملاشتى، بۇ تارىختا «جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى» (1336 — 1392) دەپ ئاتالدى. مۇروماچى باكۇفۇلۇقى 1392 - يىلى جەنۇبىي سۇلالىنى قوشۇۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. مۇروماچى باكۇفۇلۇقى كامىپاكۇرا باكۇفۇلۇقىدەك خان جەمەتى ئائىلىسىدىكىلەرگە تايانماستىن، بەلكى «قوغدىغۇچى دايمىيو» (تۆرە)لارغا تاياندى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېغىلىق جەريانىدا قوغدىغۇچى دايمىيولار نۇرغۇن فېئودال نۆكەرلىرى بولغان چوڭ

فېئوداللارغا ئايلانغان بولۇپ، بەزىلىرى ھەمىشە بىر نەچچە كوكۇغا رەھبەرلىك قىلاتتى.

كامپاكورا باكۇفۇلۇقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، كەڭ دېھقانلار تىرىشىپ ئەمگەك قىلغانلىقتىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەلدى. چوڭ قورۇقلۇقتىن كىرگەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى، ئالايلۇق، قويۇق تېرىش ئۇسۇلى، شال ۋە بۇغداينى ئىككى پەسىلدە ئۇدا تېرىش ياكى ئۈچ پەسىلدە تېرىش ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلدى. باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتى كۆپەيدى. ھەر قايسى جايلاردا چاي تېرىش، پىلە بېقىش باشلاندى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ئاشتى. 12 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە پايتەخت ئەتراپىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئېتىزلىقنىڭ ھەر دانىدىكى شالدىن بىردەن ئىككى ـ ئۈچ كۈرە ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى، جىتۇ (ئېتىز بېشى)، قورۇق باشقۇرغۇچىلار ھەممىشە ئېكسپلاتاتسىيە ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى تاۋار سۈپىتىدە ساتاتتى، شۇڭا نارا، كيوتو، كامپاكورا قاتارلىق سىياسىي مەركەزلەردىن باشقا، ئىبادەتخانا، تاۋاپگاھلار ۋە قاتناش تۈگۈنلىرى قاتارلىق جايلاردا بازارلار پەيدا بولدى، كەسپىي سودىگەرلەر توشۇش، ساقلاش، سېتىش، بېدىكچىلىك قىلىش قاتارلىق سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ جايلار بارا ـ بارا راۋاجلىنىپ سودا ـ سانائەت شەھەرلىرىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، چوڭ كۆللەر، دەريا ياقىسى ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى پورت ـ پىرىستانلار بار جايلاردىمۇ يېڭى شەھەرلەر پەيدا بولدى، ئالايلۇق، ئوئوتسو، خاكاتا، ئونومچى، ساكائى قاتارلىقلار. شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن سودىگەرلەر تۆۋەن تەبىقىدىن بولغاچقا، ئاقسۆڭەكلەر، سامۇرايلارنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە ئېزىشىگە ئۇچرايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى

(«زا») نى قۇرۇپ، ياساش ۋە سېتىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى. سودىگەرلەر يەنە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللاندى. جازانە تىجارەتخانا («ساكايا») لىرى ۋە گۆرۈخانا («دوسو») لارنى قۇردى.

15 - ئەسىردە، قوغدىغۇچى دايمىيولارنىڭ يەرلىك تەپرىقىچىلىك خاھىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، دېھقانلارنىڭ فېئودالىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، مۇروماچى باكۇفۇلۇقى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، چوڭ فېئوداللارنى كونترول قىلىش كۈچىنى يوقاتتى. 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى «ئونىن توپىلىڭى» (1467 — 1477) ياپونىيەنى 1573 - يىلى مۇروماچى باكۇفۇلۇقىنى ئودانو بۇناگا ئاغدۇرۇپ تاشلىغانغا قەدەر سوزۇلغان، تەپرىقىچى فېئوداللار يۈز نەچچە يىل قالايمىقان ئۇرۇشقان «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى» گە سۆرەپ كىردى.

**15 - ئەسىردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى** كامپاكۇرا دەۋرىدىن بۇيان دېھقانلار شوگۇنلار، سامۇرايلار، قوغدىغۇچىلار ۋە جىتۇلار قاتارلىق چوڭ - كىچىك فېئوداللارنىڭ قاتمۇ قات ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىدى، ئىجارە ۋە سېلىق ھوسۇلنىڭ تۆت ئۈلۈشىدىن بەش ئۈلۈشىگىچە يەتتى، بۇنىڭدىن سىرت، ھەر خىل ئېغىر باج - خىراجەت ۋە ئالۋان - ياساقلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى. تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللار دېھقانلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، سودىگەرلەر بىلەن جازانىخورلۇق كاپىتالىمۇ دېھقانلارنىڭ يىلىكىنى شورايتتى. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، پايتەخت ئەتراپىدىكى دېھقانلار يىللىق سېلىقنى تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش، نامايىش قىلىش، شىكايەت قىلىش ۋە كوللېكتىپ قېچىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تەشكىللىك كۈرەش قىلدى. 15 - ئەسىرگە كەلگەندە، دېھقانلارنىڭ فېئوداللارغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى تەرەققىي قىلىپ زور كۆلەملىك

قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئايلاندى، بۇ ياپونىيە تارىخىدا «توئىكۇي» ① دەپ ئاتالدى. 1428 ـ يىلىدىن 1499 ـ يىلىغىچە بولغان 70 نەچچە يىل ئىچىدە پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى 60 قېتىمغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كيوتو، نارا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئېخىمۇ كەسكىن بولدى.

1428 ـ يىلى كيوتو ئەتراپىدىكى ئومى كوكۇسىدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېز كيوتو، نارا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كوكۇلارنى قاپلىدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار قەرزنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، «ساكايا» ۋە «دوسو» لارغا ھۇجۇم قىلىپ، گۆرۈگە قويۇلغان بۇيۇملارنى تارتىۋالدى، تىلخەت ـ ھۆججەتلەرنى كۆيدۈردى. ياماتو كوكۇسىدا قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىر يوغان تاشقا تۆۋەندىكى قەسەمنامىنى ئويغان: «شيوچيونىڭ تۇنجى يىلى (1428 ـ يىلى) دىن كېيىن كوبېدىكى تۆت يۇرتتا قەرزدارلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا مەڭگۈ يول قويۇلمايدۇ». بۇ ئابىدە ھازىرغىچە نارا شەھىرىدىكى ياگيۇماچىدا ساقلانماقتا، ئۇ بۇ قېتىملىق زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئارزۇسىنىڭ يالدامىسىدۇر.

1429 ـ يىلى، خارىما كوكۇنىسىدا (بۇگۇنكى خيوگو ناھىيەسى تەۋەلىكىدە) دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئۇلار «كوكۇدا سامۇرايلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويماسلىق» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قوغدىغۇچى دايمىيۇنىڭ قوشۇنىنى بىر مەھەل مەغلۇپ قىلىپ، سامۇرايلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. 1432 ـ يىلى ياماتو، ئوئوسۇمى، ساتسۇما ۋە خيوكا قاتارلىق كوكۇلاردا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى. 1434 ـ يىلى ياماتو كوكۇسىدا ماھايەنە ئىبادەتخانىسىغا تەۋە 48 جايدىكى

① ياپونىيە تارىخىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى «توئىكوي» دەپ ئاتالغان.

www.uyghurkitap.com

دېھقانلار يەر ئىجارىسىنى كۆپەيتىشكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1441 ـ يىلى ئوئۇمى (بۈگۈنكى شىگا ناھىيەسى تەۋەلىكىدە)دا، كيوتو ئەتراپىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار ئىبادەتخانىلارنى ئىگىلىدى ھەمدە كيوتونى مۇھاسىرىگە ئالدى. 1469 ـ يىلى ياماشىرودىكى دايگو ئىبادەتخانىسى تەۋەلىكىدىكى دېھقانلار ئىجارە ھەققىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، راھىب ئەسكەرلەر بىلەن ئىككى ئاي جەڭ قىلدى. يىكوئىېن كوكۇسىدىكى دېھقانلار: «قوغدىغۇچى كېرەك ئەمەس، يىكوئىېننى دېھقانلارنىڭ كوكۇسىغا ئايلاندۇرايلى!» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1480 ـ يىلى كيوتو ئاممىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قەرزنى بىكار قىلىش، ئۆتكەللەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1485 ـ يىلى ياماشىرو كوكۇسىدىكى (بۈگۈنكى كيوتو ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە) ئىككى فېئودال گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا ئىچكى نىزا يۈز بەردى، ئۇلار كوكۇدىكى ئۆزلىرى كونترول قىلغان رايونلاردا يېڭى ئۆتكەللەرنى قۇرۇپ باج يىغدى، خەلقتىن مەجبۇرىي ھالدا ئىجارە ھەققى، ئالۋان ـ ياساق ئالدى، بۇلار خەلققە زور بالايىئاپەت بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا، كىچىك زېمىندارلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت سالدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئۇلار فېئوداللارنىڭ قوراللىق گۇرۇھلىرىنىڭ كوكۇ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشى ۋە ئۆتكەللەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىككى فېئودال گۇرۇھ قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن باماشىرو كوكۇسىدا تەسىرى كۈچلۈك بولغان 36 نەپەر (يەنە بىر ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا 38 نەپەر) ۋەكىل سايلاپ، ياماشىرو كوكۇسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىنى قۇرۇپ، ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. دېھقانلار كۈرىشىنىڭ غەلىبە مېۋىسى پۈتۈنلەي

تەسىر كۆچى بار بايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشتى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاپتونومىيەلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىزا پەيدا بولۇپ، بايلا بەس - بەستە تۆرىلەرگە تەسلىم بولدى. ياماشىرودىكى ئاپتونومىيەلىك ھاكىمىيەت سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن گۇمران بولدى.

ياماشىرو قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئىككىنشىۋ مەزھىپى (بۇددا دىنىنىڭ پاكلىق مەزھىپى) مۇرىتلىرى يادرولۇقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1487 - يىلى كاگا كوكۇسىدا (بۈگۈنكى ئىشكاۋا ناھىيەسى تەۋەلىكىدە) ئىككىنشىۋ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغۇچى دېھقانلار دايمىيۇ توگاشىما ساچىكانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتتى، 130 مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن مەغلۇپ بولغان دايمىيۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالدى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ كيوتو، ئوساكا ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيدى. شۇنىڭدى كېيىن ئىككىنشىۋ مەزھىپى مۇرىتلىرى كاگا كوكۇسىنى تەخمىنەن بىر ئەسىردەك كونترول قىلدى.

15 - ئەسىردىكى ياپونىيە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاپلىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، داۋاملاشقان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە قاتتىق زەربە بەردى، قوغدىغۇچى دايمىيۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى، بۇلار ياپونىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىشىگە پايدىلىق بولدى.

## 4. بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى

**شەھەرلەردە سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى** 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيەنىڭ يېزا ئىقتىسادى بىلەن شەھەر ئىقتىسادى كۆرۈنەرلىك ھالدا راۋاجلاندى، ئىلغار دېھقانچىلىق

www.uyghurkitap.com

سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرى مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتى، شالنىڭ سورتى يۈز خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چىلگە شالنىڭ 12 خىلغا، ئارا شال بىلەن كەنجى شالنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ 24 خىلغا يەتتى، بىرلىك مەھسۇلاتى نارا دەۋرىدىكىدىن 60% تىن بىر ھەسسىگىچە كۆپەيدى. نارا، كيوتو، كاماكۇرا قاتارلىق كونا شەھەرلەر داۋاملىق تەرەققىي قىلدى، يېڭى شەھەرلەر يامغۇردىن كېيىن ئۈنۈپ چىققان بامبۇك نوتىلىرىدەك تاقىم ئاراللىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قەد كۆتۈردى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كونا ـ يېڭى شەھەرلەر 290 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 1501 ـ يىلىدىن 1580 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلغانىدى. ئىچكى بازار شەكىللىنىشكە باشلىدى، ئىقتىساد گۈللەندى. كيوتونىڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، ساكائىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە سىرلىق قاچا ـ قۇچىلىرى، كاماكۇرانىڭ مېتال تاۋلاش، قۇيمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت بويىچە داڭلىق ئىدى. جۇڭگو، چاۋشيەن، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا بىلەن بولغان خەلقئارالىق سودا يەنىلا قويۇق ئىدى، يەنە پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغانىدى. ئاساسلىقى قورال ـ ياراغ، ساپال قاچا ـ قۇچىلىرى، سىرلىق قاچا ـ قۇچىلىرى، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، گۈڭگۈرت قاتارلىقلار ئېكسپورت قىلىناتتى. ئاساسلىقى مەشۈت، شايى، يىپەك، پاختا رەخت، خۇرۇم، بوياق ماتېرىياللىرى، قۇم شېكەر قاتارلىقلار ئىمپورت قىلىناتتى. كيوتو، ئوساكا، ساكائى، ناگاساكى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ سودىگەرلىرى ئاساسلىقى تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. غەربىي جەنۇبتىكى دايمىيۇ ئىچىدىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىچكى ـ تاشقى سودا ۋە تاۋار ـ پۇل ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى شەھەرلەر كۈچىيىشكە باشلىدى، ئۇلار دايمىيۇلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىدىن

پەيدىنپەي قۇتۇلۇپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى، نەتىجىدە ساكائى، ناگاساكى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئۆز قوشۇنى ۋە سوت مەھكىمىسى بار بولدى.

ئىچكى ـ تاشقى بازارلارنىڭ گۈللىنىشى قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى. ئەسلىدىكى «زا» دەپ ئاتىلىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك (قول سانائەت) تەشكىلاتلىرى كېڭەيگەن ئىچكى ـ تاشقى بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن تارقاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرى پەيدا بولدى، توپ ساتقۇچى سودىگەرلەر قول ھۈنەرۋەنلەرنى خام ئەشيا ـ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان، مەھسۇلات پۈتكەندىن كېيىن ئۇلارغا ئىش ھەققى بېرىدىغان بولدى. ياپونىيەلىكلەر بۇنداق يىغىچە ھۈنەرۋەنچىلىك تەشكىلى شەكلىنى «توئىيا»، يەنى توپ تارقىتىش سودىگەرلىرى ھۈنەرۋەنچىلىكى دەپ ئاتىدى. توپ تارقىتىش سودىگەرلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرىنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى، ئۆششاق قول ھۈنەرۋەنلەر بولسا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرىنىڭ غوجايىنلىرىغا بېقىنىدىغان ياللانما ئىشچىلارغا ئايلاندى. 16 ـ ئەسىردە ياپونىيەدە «توئىيا» تۈزۈمىدىكى سانائەت كەڭ ئومۇملىشىپ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. مەركەزلەشكەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرى 16 ـ ئەسىردە ياپونىيەدە يەنىلا ئايرىم ھادىسە ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، 17 ـ ئەسىردە سەل ـ پەل كۆپەيدى، تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەركەزلەشكەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرىدىن 33 ى بار بولۇپ، 18 ـ ئەسىردىمۇ ئاران 90 ئەتراپىغا يەتكەن. بۇلار ياپونىيەدە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىش كۆلىمى چوڭ ئەمەسلىكىنى، تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشى ۋە شەھەرلەردە سودا ـ سانائەتنىڭ گۈللىنىشى مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى

جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس يارىتىلدى

**ئودانو بۇناگا بىلەن تويۇتومى خىدېيوشىنىڭ ياپونىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى** 16 ـ ئەسىردە ياپونىيەنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈزۈشقاق كوكۇ دايمىيولىرى شەكىللەندۈرگەن بۆلۈنمە ھالەتتىن بىرلىككە كېلىشكە قاراپ ماڭدى. دايمىيولارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشلىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يوكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، ھەر قايسى جايلار ئارىسىدىكى تاۋار ئوبوروتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭلاشقا، دېھقانلار بىلەن سودىگەرلەر ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن چىقىش قىلغان ھالدا تەرەققىيچىلىكنى يوقىتىپ، بىرلىككە كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك ئۆتى ھەممىلا جايدا يېنىۋاتقان، يېڭىدىن گۈللەنگەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈرىشى ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋەزىيەتكە دۈچ كەلگەن فېئوداللار مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر قۇدرەتلىك مەركىزىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ، فېئوداللار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كۈچەيتىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوۋارى كوكۇسى (بۈگۈنكى ئايچى ناھىيەسىنىڭ ناگويا ئەتراپلىرى)نىڭ دايمىيوسى ئودانو بۇناگا (1534 ــ 1583) ئىقتىسادىي جەھەتتە سودىگەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، سامۇرايلاردىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن پىيادىلەر قوشۇنىغا تايىنىپ، پورتۇگالىيەدىن ئىمپورت قىلغان مىلتىق ـ زەمبىرەكلەرنى ئىشلىتىپ، 1558 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوشنا دايمىيولارنى مەغلۇپ قىلىپ ياپونىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. 1558 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ

كيوتونى ئىگىلىدى؛ 1573 ـ يىلى مۇروماچى باكۇفۇلۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. ئودانو بۇناگا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، كۆرۈنۈشتە ساماۋى پادىشاھقا ھۆرمەت قىلغان بولۇپ، شوگۇن نامىنى ئىشلىتىشتىن ساقلاندى.

ئودانو بۇناگا فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1574 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1580 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىككىشيۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەر قايسى جايلاردىكى دايمىيولار بىلەن داۋاملىق يەتتە يىل ئۇرۇش قىلدى. ياپونىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، ئۇ يەر كۆلىمىنى تەكشۈرۈپ، يىللىق باج ـ سېلىقنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش مەقسىتىدە «يەر تەكشۈرۈش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلدى، ئەمما بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم زومىگەرلەر ئىبادەتخانىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى يەرلىرىنى ئازايتتى ھەمدە قورۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتتى. ئودانو بوناگا يەنە سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئالايلۇق، پۇلنى بىرلىككە كەلتۈردى، كان ئاچقۇزدى، ئۆتكەللەرنى بىكار قىلدى، يوللارنى ياسىدى، سودىگەرلەرنىڭ «داكۇئىچى، راكۇزا (شەھەر، بازارلار ئارا)» ئەركىن ـ ئازادە سودا قىلىشىغا يول قويدى، ۋەھاكازالار. چەكلىمىگە بويسۇنمىغان ئاپتونومىيەلىك شەھەر ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ تەسىر كۈچىگىمۇ زەربە بەردى. ئودانو بۇناگا قول ئاستىدىكى ئاسىيلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 1582 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قورسىقىنى يېرىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ياپونىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تاماملىيالمىغان بولسىمۇ، 66 كوكۇ ئىچىدە 28 كوكۇنى كونترول قىلغانىدى.

ئودانو بۇناگانىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى تويوتومى خىدېيوشى

www.uyghurkitap.com

(1536 ــ 1598) ئۇنىڭ ياپونىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. تويوتومى خىدېيوشى ئۇ ساكانى بازا قىلىپ، نۇرغۇن جەڭ قىلدى، 1590 ـ يىلى يۈز يىل داۋاملاشقان بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بەردى ھەمدە 1593 ـ يىلى، ياپونىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم خوككايدونىڭ زېمىنىنى مەركىزىي ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ، ياپونىيەنى بىرلىككە كەلتۈردى.

تويۇتومى خىدېيوشى سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يەر تەكشۈرۈش سىياسەتلىرىنى داۋاملىق يولغا قويدى ھەمدە يەرلەرنى ئۆلچەش، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يەر ھېساباتى ئورنىتىش، توسما ـ دامبىلارنى ياساش، يېڭى ئېتىمىز ـ ئېرىقلارنى بەرپا قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ياخشىلاش، ئۆلچەم سىستېمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، فېئوداللار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئۇ دېھقانلارنىڭ قولىدىكى قورال ـ ياراغلارنى مۇسادىرە قىلىش، خەلقنىڭ قىلىچ ـ خەنجەر ئېسىپ يۈرۈشىنى قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ قورال ئېلىپ يۈرۈش ساموراي‌لارنىڭ ئىمتىيازىغا ئايلاندى. تويوتومى خىدېيوشى پائال تۈردە چەت ئەللەرگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ئۇ چاۋشيەننى كۆۋرۈك قىلىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش، ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش غەرىزىدە بولدى. 1592 ـ يىلى، ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، چاۋشيەننىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى بېسىۋالدى، چاۋشيەن ئارمىيەسى ۋە خەلقى جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەينى چاغدا جۇڭگو مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ چاۋشيەنگە ياردەم بەردى، چاۋشيەن ـ جوڭگو قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىكتە زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ياپونىيە قوشۇنلىرى ئارقىمۇئارقا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1598 ـ يىلى تويوتومى خىدېيوشى

چاۋشيەندىكى ھەربىي ھەرىكەتتىكى مەغلۇبىيىتىدىن ھەسرەت چېكىپ كېسەل بولۇپ ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانى بەربات بولدى.

**توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى** تويوتومى خىدېيوشى ئۆلگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئودانو بۇناگانىڭ يەنە بىر شوگۇنى توكوگاۋا ئېياسۇ (1542 ــ 1616)نىڭ قولىغا ئۆتتى. 1603 ـ يىلى توكوگاۋا ئېياسۇ ئېدو (بۈگۈنكى توكيو)دا «توكوگاۋا باكۇفۇلۇقى» (ئېدو باكۇفۇلۇقىمۇ دېيىلىدۇ)نى قۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (1603 ــ 1867) باشلاندى.

توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، باكۇفۇ ھۆكۈمرانلىقى تۈرلۈك يوللار بىلەن كۈچەيتىلىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش مۇستەھكەملەندى. توكوگاۋا ئېياسۇ قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆتتىن بىر قىسىم يېرىنى، يەنى (66 كوكۇنىڭ 47 سىگە جايلاشقان) ئېدو، ئوساكا، ناگاساكى ۋە باشقا سودا، قاتناش مەركەزلىرى، ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك جايلارنى باكۇفۇغا بىۋاسىتە قاراشلىق خوجىلىق زېمىن قىلىۋېلىپ، ئۇنى «باكۇفۇ زېمىنى» دەپ ئاتىدى. باكۇفۇ زېمىنىدىن باشقا 73.3% يەر «ۋاسساللار زېمىنى» سۈپىتىدە 260 نەچچە دايمىيونىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى ھەمدە ئۇلارغا ۋاسساللار زېمىنى (كوكۇلار زېمىنىمۇ دېيىلىدۇ) غا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بېرىلدى. ساماۋى پادىشاھ ۋە ئىبادەتخانا، تاۋاپگاھ قاتارلىقلار پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 1.3% ىگىلا ئىگە بولالىدى. شوگۇنلار بىلەن دايمىيولار ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق نۆكەرلەر ۋە قول ئاستىدىكى سامۇرايلارغا «سۇيۇرغال يەر» ياكى «مائاش يېرى» بۆلۈپ بەردى. باكۇفۇ دايمىيولارنىڭ تۇپلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1615 ـ يىلى «ھەربىي تۈتۈنلەر قانۇن ـ تۈزۈمى» (ھەربىي تۈتۈنلەرگە دائىر تۈرلۈك قانۇن ـ پەرمانلار)

www.uyghurkitap.com

نى ئېلان قىلىپ، دايمىيولاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان سامۇرايلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى بەلگىلەپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالىدى. «ھەربىي تۇتۇنلار قانۇن ــ تۈزۈمى» كېيىن بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، دايمىيولارغا دائىر تېخىمۇ تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىپ، توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا يەنە دايمىيولارنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئېدوغا كېلىپ شوگۇنغا سالام بېرىشى، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ئېدودا بارىمتاي بولۇپ تۇرۇشى بەلگىلەندى. مانا بۇ ئاتالمىش «سانتىو جىداي» تۈزۈمىدۇر.

باكۇفۇ ھۆكۈمرانلىرى دېھقانلارنى يىل بويى يېرىدىن ئايرىلمايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆچۈش، كەسپىنى ئۆزگەرتىش، يېرىنى سېتىش ۋە يەر سېتىۋېلىش قاتارلىق ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يېزىلاردا «بەش تۈتۈن بىر گۇرۇپپا» لىق زەنجىرسىمان كېپىللىك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ دېھقانلارنى نازارەت قىلدى. بۇ تۈزۈمدە بەش تۈتۈن بىر گۇرۇپپا قىلىندى، بىر تۈتۈن يىللىق باج ـ سېلىقنى تاپشۇرالمىسا، گۇرۇپپا بويىچە مەسئۇل قىلىندى. جىنايەتچىلەرنى يوشۇرسا پۈتۈن گۇرۇپپا بويىچە جىنايىتى سۈرۈشتۈرۈلدى. «بەش تۈتۈن بىر گۇرۇپپا»لىق تۈزۈم قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەرگىمۇ قوللىنىلدى.

توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىدا فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمى قاتتىق يولغا قويۇلدى. سامۇرايلار بىلەن «پۇقرالار» (دېھقانلار)، «چىيۇنىڭ»لار (قول ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر) ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تەبىقە پەرقى مەۋجۇت ئىدى. ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ سالاھىيىتى ئادەتتە ئۆزگەرمەيتتى، ئۆزئارا قۇدىلاشمايتتى، ھەتتا كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك، تۇرار جايىمۇ پەرقلىنەتتى. ئەڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى سامۇرايلار پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 10% ىنىلا ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار

ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار بىلەن 10% نى ئىگىلەيدىغان سودىگەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. يۇقىرىدىكى تەبىقىلەردىن باشقا، يەنە نارا دەۋرىدىن بۇيان ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان خارلار بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ئەڭ تۆۋەن تەبىقە ھېسابلىناتتى. توكوگاۋا باكۇفۇلۇقى سامۇرايلاردىن ئىبارەت تايانچىسىنى ئىدىيەۋى ئاڭ جەھەتتە تەربىيەلەش ئۈچۈن سامۇرايلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سادىق بولۇش، ئىنسابلىق بولۇش، قەيسەر بولۇشتىن ئىبارەت «بۇشىدو (سامۇراي روھى)» روھىنى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلدى. بۇشىدو باكۇفۇ ۋاسسال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سامۇرايلارنى ئۆزلىرىگە كەتمەن چېپىشقا زورلايدىغان بىر خىل مەنىۋى قورال ھېسابلىنىدۇ.

**شىمبارا قوزغىلىڭى ۋە «دۆلەتنى قامال قىلىش پەرمانى»** توكوگاۋا باكۇفۇلۇقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 260 نەچچە يىل ئىچىدە دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتى. 1637 - يىلى كيۇشۇنىڭ شىمبارا رايونىدىكى دېھقانلار كاتولىك دىنىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك دايمىيونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. باكۇفۇ 120 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قوزغىلاڭچىلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ئاماكۇ ساشىرو ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى شىمابارا شەھىرىنى بەش ئاي چىڭ ساقلىدى. ئاخىرىدا باكۇفۇ گوللاندىيە ئۇرۇش كېمىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، «پىدىن»، «دايلىپ» ناملىق ئۇرۇش كېمىلىرى شىمابارا شەھىرىنى دېڭىزدىن توپقا تۇتتى، شەھەر ئىچىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگىگەنلىكتىن مەغلۇپ بولدى.

توكوگاۋا باكۇفۇلۇقى سىرتقا قارىتا «دۆلەتنى قامال قىلىش سىياسىتى» نى قوللاندى. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا توكوگاۋا

باكۇفۇلۇقى چەت ئەل سودا كېمىلىرىنىڭ ياپونىيەگە كېلىشىنى قاتتىق چەكلىگەنىدى. شىمابارا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، دۆلەتنى قامال قىلىشنى تېخىمۇ تېزلەتتى. 1639 ـ يىلى باكۇفۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر «دۆلەتنى قامال قىلىش پەرمانى»نى جاكارلاپ، تاشقى سودىنى چەكلىدى، چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە مىسسىيونېرلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. پەقەت جۇڭگولۇق ۋە گوللاندىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ ناگاساكىدا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. كېيىن داۋالاش ۋە دورىگەرلىك تېخنىكىسى ۋە دېڭىز تىرانسپورتى تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلاردىن باشقا كىتابلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى پۈتۈنلەي چەكلىدى. باكۇفۇنىڭ دۆلەتنى قامال قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى، ياپونىيەدە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ باكۇفۇنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماي، يەنە شىمابارا قوزغىلىڭىدەك هادىسىنى پەيدا قىلىشىدىن قورقۇپ، كاتولىك دىنىنىڭ ياپونىيەدە تارقىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق قىلغاندا، تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزۈكسىز كۈچىيىپ كېتىۋاتقان سودىگەرلەرنى ۋە غەربىي جەنۇب رايونىدىكى دايمىيۇلارنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ چەكلىگىلى بولاتتى. باكۇفۇنىڭ دۆلەتنى قامال قىلىش سىياسىتى 200 يىلغا يېقىن ئىجرا قىلىندى. 1853 ـ يىلغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، دۆلەت دەرۋازىسىنى قايتا ئېچىۋەتتى. دۆلەتنى قامال قىلىش سىياسىتى ياپونىيەنىڭ ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزدى، كاپىتالىزم بىخلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى.

## 5. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياپونىيە مەدەنىيىتى

ياپون مىللىتى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق

قىلىش ئاساسىدا، يەنە جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت** نارا دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت، دىن، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، بىناكارلىق، ئۆيمىچىلىق، ھەتتا كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچا، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆگەندى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، ئاقسۆڭەكلەر ئادەتتە جۇڭگونىڭ ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى ئۇسلۇبتا خەنزۇچە شېئىر يازاتتى. 751 ـ يىلى ئومىنو مىخونى تۈزگەن «كائىفۇسۇ» ياپونىيەدە ساقلانغان ئەڭ قەدىمكى خەنزۇچە شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ماختانچاقلىق تەبىئىتى ۋە راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ياپونلار خەنزۇچە خەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلدى. ياپونلار خەنزۇچە خەتنى «مانا» دەيدۇ، 3 ـ ئەسىردە خەنزۇچە يېزىق ياپونىيەدە تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلار خەنزۇچە يېزىقنى قوللانغانىدى. 7 ـ ئەسىردىن كېيىن ياپونىيەدە خەنزۇ يېزىقىنىڭ فونېتىكىسى ۋە مەنىسىدىن پايدىلىنىپ ياپون تىلىنى يېزىقتا ئىپادىلەش ئۇسۇلى تەرەققىي قىلدى، خەنزۇچە يېزىقتىن پايدىلىنىلغان بۇنداق فونېتىكىلىق بەلگە يېزىقى «كانا» دەپ ئاتالدى. بۇنداق يېزىق بىلەن ياپون تىلىدا يېزىقچىلىق قىلغاندا ياپونلۇقلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتىنى خەنزۇچە يېزىققا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولاتتى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈزۈلگەن 20 جىلدلىق «مان يوكانا (سان ـ ساناقسىز يوپۇرماقلار توپلىمى)» ياپونچە يېزىلغان ئەڭ قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 4500 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر كىرگۈزۈلگەن، ئاپتورلارنىڭ كۆپىنچىسى خان جەمەتىدىكىلەر، ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار بولۇپ، دېھقان، ئەسكەر ئاپتورلارمۇ بار ئىدى. «مان يوگانا» دىكى شېئىرلاردا

ئەينى دەۋردىكى ياپونىيەدىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ مەدىنىيەسى ۋە تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شائىر يامانوئۇئې نوئوكۇرانىڭ «كەمبەغەللەرنىڭ غەزىلى» دە دۆلەت دېھقانلىرىنىڭ نامراتلىق تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى بايان قىلىنغان. «مان يوگانا» كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەندە ياپونلار ياپون تىلىنى بىر قەدەر مۇقىم بولغان خەنزۇچە خەت بەلگىلىرى بىلەن خاتىرىلەيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ كىتابنى «مان يوگانا (سان - ساناقسىز يوپۇرماقلار كاناسى)» دەپ ئاتىغان. بۇ ساپ ياپون تىلى فونېتىكىلىق بەلگە يېزىقىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ. 9 - ئەسىردە، ياپونلار فونېتىكىلىق بەلگە يېزىقى بولغان خەنزۇچە خەتلەرنىڭ يان بۆلەكلىرىدىن پايدىلىنىپ كاتاكانا شەكلىنى، يەنە ئۇنىڭ ئىلماپ يېزىلغان شەكلىدىن پايدىلىنىپ خىراگانا شەكلىنى ئىجاد قىلدى. 10 - ئەسىردە كانا يېزىقى تەدرىجىي ئومۇملىشىپ ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ۋاكا ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلار بارلىققا كەلدى. 905 - يىلى، ساماۋى پادىشاھ كىنوتسۇدا يوكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن «قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامان ۋاكا ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلار توپلىمى» (قىسقارتىلىپ «قەدىمكى ۋە ھازىرقى ۋاكا شېئىرلىرى توپلىمى» دېيىلىدۇ) تۈزۈلدى.

ۋاكا ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلار بارلىققا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «قىسسە» (نەسرىي ھېكايىلەر) ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلگىنى «تاكېتورى ھەققىدە قىسسە» بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە - چۆچەكلەر ئاساسىدا، يەنە جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ياپونىيە ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتى گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. فۇجىۋارا جەمەتىلىك موراساكى شىكىبۇ جەمئىي 54 توملۇق «گېنجى ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر قايسى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەك ئوغۇل -

قىزلارنىڭ مۇھەببىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ چىرىكلەشكەن تۇرمۇشى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى پاساھەتلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىسى ۋە مىجەز - خۇلقىنى تەسۋىرلەشتە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. 12 - ئەسىردە تۈزۈلگەن 31 جىلدلىق «بۈگۈنكى ۋە ئۆتمۈشتىكى قىسسەلەر توپلىمى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى «ھىندىستان»، «سىنىئان»، «سۇلالەم» دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ياپونىيەنىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن، مەزمۇنى مول، ئۇنىڭدا رەڭگارەڭ پېرسوناژلار بايان قىلىنغان بولۇپ، ياپونىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تەبىقىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئاقسۆڭەك ئايال يازغۇچى سېيشو ناگون يازغان «ماكۇرا كۇساكو»، ئىزۇمى شىكىبۇ يازغان «خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرلەردە ساپ، گۈزەل تىل ئۇسلۇبى بويىچە ئاقسۆڭەك ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوردا ئىچى - سىرتىنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئەسەر ياپونىيە تەسىرات ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

كاماكورا باكۇفۇلۇقى دەۋرىدە «خوگېن قىسسىسى» «خېشى قىسسىسى»، «خېيكا قىسسىسى»، «گېنجى - خېيشىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. ئۇلاردا ئاساسلىق ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ماتېرىياللىرى ئوردا ھېكايىلىرى ۋە سامۇرايلار تەبىقىلىرىگە ناھايىتى تونۇش بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچە سۆزلۈكلەر ئارىلىشىپ كەلگەن تىلى كېيىن ياپون تىلىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. مۇروماچى دەۋرىدە ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىرى تەرەققىي قىلىپ، «كىيوگېن (مەسخىرە)» دېيىلىدىغان كومېدىيە بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ شەكلى يېڭى بولۇپ، ئاممىباب تىل بىلەن شەھەر

ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بايان قىلىنىپ دايمىيولار، سامۇرايلار، راھىبلارنىڭ قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى ۋە دۆتلۈكلىرى مەسخىرە قىلىنىپ خەلقنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەنلىكتىن خەلقنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشكەن. يەنە بىر خىل يېڭى گۈللەنگەن ئەدەبىيات شەكلى «ئېيتىشىش» بولۇپ، بىر نەچچە، نەچچە ئون ئادەم بىر جايغا جەم بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ بېيىتىگە ئۇلاپ بېيىت ئېيتىش ئارقىلىق ئۈزۈكسىز بېيىت ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭدا «كىيوگېن» گە ئوخشاش باش رول ئالغۇچى، قوشۇمچە ناخشا ئېيتقۇچى، چالغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇ سامۇرايلار ۋە ئامما ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «ئىزوپ مەسەللىرى» نەشر قىلىنىپ، غەرب ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

نارا دەۋرىدە بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىناكارلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ۋە باشقا ھۈنەر ـ سەنئەتلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. خېيئان دەۋرىدە بۇددا دىنى سەنئىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلغاندىن باشقا، تاغ ـ دەريالار، شەخسلەر، ئۆرپ ـ ئادەتلەر تېما قىلىنغان رەسساملىق بارلىققا كەلدى. ياپونىيە رەسساملىقىدا «ياماتو رەسساملىقى» ئېقىمى تەرەپدارلىرى كۆپىنچە قىسسەلەردىكى ۋەقەلىكلەرنى تېما قىلىپ چاتما رەسىملەرنى سىزىپ، رەسىملەر توپلىمىغا ئايلاندۇرىدىغان بولغاچقا، بۇنداق چاتما رەسىملەر «رەسىملەر توپلىمى» دەپ ئاتالدى، ئۇلار يەنە چىملدىق ياكى يەلپۈگۈچلەرگىمۇ رەسىم سىزاتتى.

**مائارىپ ۋە تارىخشۇناسلىق** نارا دەۋرىدە ياپونىيە ھۆكۈمىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر مائارىپى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. مەركەزدە خانلىق بىلىم يۇرتى، يەرلىكتە كوكۇ بىلىم يۇرتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۆلىما، خەلپەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا نامشۇناسلىق، قانۇن، خەنزۇ ئەدەبىياتى، ھۆسنخەت، ئارىفمېتىكا قاتارلىقلارنى ئۆگىتەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، تەسىرى بار ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلار يەنە خۇسۇسىي بىلىم يۇرتلىرىنى ئاچتى.

نارا دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى تارىخىي كىتابلارنى تۈزۈشكە تۇتۇش قىلغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى دەۋرلەردىكى سۇلالىلەر بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇردى. 712 ـ يىلى، خئېدا نوئارې بايان قىلغان «پادىشاھلار خاتىرىسى» بىلەن «قەدىمكى پۈتۈكلەر» نى ئونويا سۇمارو خاتىرىلەپ رەتلىگەندىن كېيىن، مان يوگانا كانادىن پايدىلىنىپ ئۈچ جىلدلىق «قەدىمكى ۋەقەلەر خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقتى، بۇ ياپونىيەدە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 720 ـ يىلى تونېرى شىننو بىلەن ئونويا سۇمارو يەنە 30 جىلدلىق «ياپونىيە خاتىرىلىرى» نى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ھۆكۈمەت تەرەپ تۈزگەن رەسمىي تارىخىي كىتابلارغا تەقلىد قىلىنىپ، خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان ئەسەردۇر. 8 ـ ئەسىردە، ياپونىيەدە يەنە دەسلەپكى يەرلىك تەزكىرە بارلىققا كەلدى، ئۇ «ئۆرپ ـ ئادەتلەر خاتىرىسى» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭدا ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە پەقەت «ئىزۇمو ئۆرپ ـ ئادەتلىرى خاتىرىسى» مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، قالغانلىرى تولۇق ئەمەس. خېيئان دەۋرىدە ھۆكۈمەت تۈزگەن «ياپونىيە خاتىرىلىرىنىڭ داۋامى»، «ياپونىيە خاتىرىلىرىنىڭ ئاخىرى»، «ياپونىيە خاتىرىنىڭ داۋامى»، «موڭتوكۇ ئوردا خاتىرىسى» باكۇفۇدىكى «ئۈچ دەۋر ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «ياپونىيە خاتىرىلىرى» ناملىق تارىخىي كىتابلار بار بولۇپ، ئۇلار بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئالتە بەگلىك تارىخى» دېيىلىدۇ.

دىن 7 ـ ئەسىردىن بۇيان، ياپونىيەنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇردى. شاھزادە شوتوكۇ زامانىسىدا تۆت ماخارابە تەڭرىشاھ ئىبادەتخانىسى ۋە خۇرسىئۇبۇجى ئىبادەتخانىسى، خوكوجى ئىبادەتخانىسى سېلىندى. نارا دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگودا ئومۇملاشقان ھەر قايسى مەزھەپلىرى ياپونىيەدە تارقالدى. كېيىن كاۋا ئومى ئىجاد قىلغان شىنگون (دەرىنچىلىق مەزھىپى) مەزھىپى، مونارو ئىجاد قىلغان تېنداي مەزھىپى ئەڭ كەڭ تارقالدى. 741 ـ يىلى ساماۋى پادىشاھ ھەر قايسى كوكۇلاردا بىردىن كوكۇ ئىبادەتخانىسى سېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. 743 ـ يىلى نارادا سېلىنغان توداي جى ساڭرامى ۋە ئۇنىڭدىكى لو شەنەنىڭ 53 گەز ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن يالىتىلغان مىس ھەيكىلى ياپونىيەنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق سەنئىتى ۋە مېتال قۇيمىچىلىق ھۈنىرىنىڭ سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كامىپاكۇرا باكۇفۇلۇقى دەۋرىدە بۇددا دىنى يەنىلا فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالى ئىدى. دېھقانلار باكۇفۇنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي ئېزىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن بىللە، يەنە باقىي ئالەمگە ئۈمىد باغلايتتى. شۇڭلاشقا، ئەل ئىچىدە بەزى يېڭى مەزھەپلەر پەيدا بولدى. ئالايلۇق، ئامىدىزم (پاك ئالەم) مەزھىپى، ئىككىنشىيو (توغرا تېما) مەزھىپى، ماپۇنداررىكا (سەددەرمە پۇندەرىكە) مەزھىپى (نىچىرېن مەزھىپى) قاتارلىقلار. باكۇفۇدىكى بۇددا دىنىنىڭ بۇرۇنقى مەزھەپلىرى مۇرىتلىرىدىن ئىبادەتخانا، بۇت ھەيكىلى ياساشنى، يەر قاتارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى خەير ـ ئېھسان قىلىشنى، نوملارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كاماكۇرا باكۇفۇلۇقى دەۋرىدە يېڭىدىن گۈللەنگەن مەزھەپتىكىلەر ئېتىقاد قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىلگە ئېسىلىۋالمايدىغان، نوملارنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت



www.uyghurkitap.com

بەرمەيدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقە دەپ ئايرىمىچىلىق قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار دېھقانلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى مەزھەپ تەشەببۇسچىلىرى كونا مەزھەپچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاچقا، ھەمىشە دېھقانلار ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇرايلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ باكۇفۇ ۋە دايمىيولارغا قارشى تۇرۇپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 16 ـ ئەسىردە، تاشقى تىرانسپورت ۋە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي ياۋروپا مىسسىيونېرلىرى شەرققە كەلدى، كاتولىك دىنى ياپونىيەدە كەڭ ئومۇملىشىشقا باشلىدى، ياپونلۇق پوپ ـ موناخلار كۆپەيدى. ياپون تىلىدا دىن تارقىتىشقا دائىر نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىندى. توكوگاۋا باكۇفۇلۇقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەملىكەت بويىچە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى 750 مىڭ كىشىگە يەتتى. توكوگاۋا باكۇفۇلۇقى كاتولىك دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىسىز دەپ قاراپ، شىمابارا قوزغىلىڭىدىن كېيىن كاتولىك دىنىنى چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلدى.